دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ
ئومۇمىي پىلانىدىكى دەرسلىك

ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى

(سىناق نۇسخىسى)

# ئەدەبىيات

3- قىسىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى
(سىناق نۇسخىسى)

# ئەدەبىيات

3 - قىسىم

تۈزگۈچى : ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(C I P)数据

语文.第3册:试用本/阿布都克里木·热合曼编.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.9
中等师范学校教科书
ISBN 7-228-07516-1

Ⅰ.语... Ⅱ.阿... Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言)
— 少数民族语文课—中等学校:师范学校—教材
Ⅳ.G634.391

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第070974号

责任编辑:玛丽亚木·买买提明
责任校对:热娜·阿布力米提
阿尔孜古力·阿布都克里木

中等师范学校教科书(试用本)

# 语文(维吾尔文)

(全三册)

阿布都克里木·热合曼 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)
乌鲁木齐友谊图书发行有限公司发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
889×1194毫米 16开本 印张 23.25
2002年9月第1版 2002年9月 第1次印刷
印数:1—5,000

ISBN7-228-07516-1/G·2120 定价:29.50元

# تۈزگۈچىدىن

ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى (سىناق نۇسخا) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، مائارىپ مىنىستىرلىقى 1998 - يىلى تارقاتقان «ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ دەرس پىلانى (سىناق نۇسخا)»غا ۋە 1999 - يىلى تارقاتقان «ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى»غا ئاساسەن تۈزۈلدى. بۇ دەرسلىكنى تۆت يىللىق ۋە بەش يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ يىلىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

1. بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنى تۈزۈشتىكى ئاساسىي مەقسەت: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاساس ئاساسىدا، ئوقۇغۇچىلارغا يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى تېخىمۇ پۇختا ئۆگىتىش ۋە تىل - ئەدەبىيات مەشقى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش، ئاڭلاش، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ئەمەلىي مەشىق جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىش، ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە يارامىلىق تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولۇپ، يېتىشىپ چىقىشىغا پۇختا ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت.

2. بۇ بىر يۈرۈش ئۇنىۋېرسال دەرسلىك بولۇپ ئۇنىڭدا ئوقۇش مەشقى، يېزىش مەشقى، ئاڭلاش - سۆزلەش مەشقى ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ھالدا كۆزىتىش، ئەستە قالدۇرۇش، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر مەشىقلىرى ھەم ئۆز ئالدىغا تەرتىپلىك ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىر ئورگانىك مەشىقلەر سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى. تىل - ئەدەبىياتقا دائىر ئىقتىدار مەشىقلىرى تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي يېتەكلەش، بۇرما مىخسىمان يۇقىرى ئۆرلىتىش قانۇنىيىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

3. بۇ دەرسلىك ئۈچ قىسىم بولۇپ، جەمئىي 37 باسقۇچتىن تەركىب تاپقان. ھەربىر باسقۇچ ئۆگىنىش تەلىپى، ئاساسىي بىلىملەر، تېكىست، مەشىقتىن ئىبارەت تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۆگىنىش تەلىپىدە تىل - ئەدەبىيات بىلىملىرى، تىل - ئەدەبىيات ئىقتىدارى ۋە مۇناسىپ تەپەككۇر ئىقتىدارى قاتارلىق بىرنەچچە تەرەپتىن مەزكۇر باسقۇچتىكى ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان مۇھىم نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەربىر باسقۇچنىڭ ئۆگىنىش تەلىپى پۈتكۈل دەرسلىكنىڭ مەشىق يىپ ئۇچى؛ ئاساسىي بىلىم قىسمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەزكۇر باسقۇچتىكى تىل - ئەدەبىيات مەشىقلىرىنى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ تېكىست قىسمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات مەشىقلىرىنى ئىشلىتىشتە تايىنىدىغان ئاساسى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ھەم مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى

كۆتۈرىدىغان ئاساس ؛ مەشىق قىسمى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق ئىقتىدارىنى سىناشنىڭ ۋاستىسى . ھەربىر باسقۇچ بىر مەشىقلەر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشىغا قۇلايلىق يارىتىلدى .

4 . دەرسلىككە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان ماقالىلەر ، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە كلاسسىك ئەسەرلەردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان . ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان ماقالىلەر (بايان ماقالىسى ، مۇھاكىمە ماقالىسى ، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ۋە خەت ـ چەكلەر ) %40 نى ، ئەدەبىي ئەسەرلەر (بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ، جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەمدە كلاسسىك ئەسەرلەر ) %45 نى ، چەت ئەل ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەسەرلەر %15 نى ئىگىلىدى . ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان ماقالىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ژانىر ـ تۈرلەر بويىچە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى ، شۇنداقلا تارىخىي دەۋر تەرتىپىگىمۇ ئېتىبار بېرىلدى . پۈتۈن يۈرۈش كىتابقا تەخمىنەن 118 پارچە تېكىست تاللاپ كىرگۈزۈلدى ، ھەربىر باسقۇچقا ئىككىدىن تۆت پارچىگىچە تېكىست ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسمىي ئوقۇش ئۈچۈن ، بەزىلىرى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇش ئۈچۈن بېرىلدى . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئىدىيىۋى تەربىيىگە ۋە ئېستېتىك تەربىيىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تاللانغان تېكىستلەر مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ مول ، كۆپ خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى .

5 . مەشىقلەر دەرس مەشىقلىرى ۋە باسقۇچ مەشىقلىرىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، مەشىق تەلىپىگە ئاساسەن ، مىقدارى مۇۋاپىق ، قىيىنلىق دەرىجىسى مۇۋاپىق ، شەكلى ھەر خىل بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى ، مۇۋاپىق ھالدىكى تەكرارلىنىشقىمۇ يول قويۇلدى . ئوقۇش مەشىقىدە تىل ـ يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن قول سېلىندى ، تىل ـ يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش چۆرىدەلدى ؛ يېزىش ۋە ئاڭلاش ـ سۆزلەش مەشىقىدە ئۇسۇل جەھەتتە يېتەكلەشمۇ بولدى ، ئۈلگىمۇ كۆرسىتىلدى . مەشىقلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۇلارنى ئىمكانقەدەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل بىلىملىرى» گە ماسلاشتۇرۇشقا ، شۇنداقلا باشلانغۇچ مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق باغلاشقا ئەھمىيەت بېرىلدى .

6 . دەرسلىك بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان «ئوقۇش ئۈچۈن تاللانغان ئەسەرلەر» تۈزۈلدى ھەمدە مەزكۇر دەرسلىكنىڭ زۆرۈر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى . شۇڭا ، ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئىچىدە بەلگىلىك ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم . «ئوقۇش ئۈچۈن تاللانغان ئەسەرلەر»نى تۈزۈشتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نورمىسىنى ئاشۇرۇش ، ئۆزى ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسەت قىلىندى .

7 . دەرس سائىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ، ھەربىر باسقۇچ 8 سائەت ، رەسمىي ئوقۇش تېكىستىنىڭ بىر پارچىسى ئىككى سائەت ، قوشۇمچە ئوقۇشلۇقنىڭ ھەربىر تېكىستىگە بىر سائەت ، باسقۇچ كۆنۈكمىسى مەشىقى ئىككى سائەت پىلانلانسا بولىدۇ . ئالاھىدە ئەھۋالدا ئەركىن پىلانلاشقىمۇ بولىدۇ .

«ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ چارىسى ۋە ئۇسۇلى» ھەققىدىكى تېمىمىز تەتقىقات ئۈستىدە تۈرۈۋاتقان بولغاچقا ، يېڭىدىن تۈزۈلگەن بۇ بىر يۈرۈش «ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرى كونا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىدىن تېخى

تولۇق خالىي بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن . بولۇپمۇ ، نۆۋەتتىكى مائارىپ ساھەسى ئىمتىھان
مائارىپىدىن ساپا مائارىپىغا ئۆتۈش مەزگىلىدە تۇرغاچقا ، «ئەدەبىيات» دەرسىدە ساپا مائارىپد-
ىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوقۇتۇش نىشانىنى زادى قانداق بەلگىلەش ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ، قۇرۇل-
مىسى ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسىنى قانداق تاللاپ تەسىس قىلىش ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
پائالىيىتىنى قانداق تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاش تۇزۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىزنىڭ مۇلاھىزە
قىلىشىمىزغا ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە ۋە ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان نۇرغۇن
مەسىلىلەر مەۋجۇت . بىزنىڭ بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشىمىز مۇشۇ جەھەتتىكى بىر قېتىملىق
سىناق . مەقسىتىمىز بولسا «ئەدەبىيات» دەرسىنى قېلىپلاشتۇرۇش بولماستىن ، بەلكى
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ساپا مائارىپىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە دەرس ئۆتۈشى ئۈچۈن
پايدىلىق ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش . ئوقۇتۇش تەرتىپىنى قاتماللاشتۇرۇش بولماستىن ،
بەلكى ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز بۇ بىر يۈرۈش
«ئەدەبىيات» دەرسلىكى ئارقىلىق كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلار بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىيات
ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ۋە مۇھاكىمىسى ئېلگىرى سۈرۈشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا
تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشنى ھەمدە كەڭ كۆلەمدە پىكىر - تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ ،
كۆپچىلىك ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ، شۇنداقلا بىز تېخى ئورۇنداپ بولالمىغان ساپا
مائارىپ تەتقىقات تېمىسىنى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشنى ئۈمىد قىلىمىز .

ئۈرۈمچى دوستلۇق كىتاب تارقىتىش شىركىتى مائارىپ تەتقىقات مەركىزى

2002 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# ئىلاۋە

مەزكۇر دەرسلىك 2000 ـ يىلى دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ خەلق مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ «تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى» نىڭ 3 ـ قىسمىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلدى. تۈزۈش جەريانىدا ئىلگىرى تۈزۈلگەن مىللىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ۋە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ تىل ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىن مۇۋاپىق تۈردە پايدىلىنىپ، نۆۋەتتىكى ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلدى. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى مىللىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجى گەۋدىلەندۈرۈلدى. مۇمكىنقەدەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ھەربىر باسقۇچنىڭ ئاساسىي بىلىم ۋە باسقۇچ كۆنۈكمىلىرى بۇرۇنقى تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرگە قارىغاندا خېلى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى ۋە يېڭىلاندى. پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن، پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقى، پېداگوگىكا مەكتەپلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئوبيېكت قىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، دەرس مەزمۇنىنىڭ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر، سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي بولۇشىغا، پېداگوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. «سېلىشتۇرمىغىچە پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.» بۇ قېتىم تۈزۈلگەن مەزكۇر دەرسلىكنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى باھالاشتا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ھازىر ئىشلىتىۋاتقان ئەدەبىيات دەرسلىك قوللانمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئابدۇكېرىم راخمان

2002. 2. 15

# مۇندەرىجە

## 1 ـ باسقۇچ


ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى ...... 1

ئاساس بىلىم ...... 2

مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرى ...... 2

1 . پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى ...... ماۋ زېدۇڭ 7

2 . كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 21

3 . بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىدۇرمىز D ··· . ناپولېئون خىلل (ئامېرىكا) 29

▲4 . تۇنجى قەدەم ۋە مۇۋەپپەقىيەت ...... ئەخەت ھاشىم 30

باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى ...... 33


## 2 ـ باسقۇچ


ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى ...... 35

ئاساس بىلىم ...... 36

خۇلاسە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى ...... 36

5 . پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پراكتىكىسىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلدۇق؟ ...... ياۋ يىمىن 41

6 . «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز ...... ماۋ زېدۇڭ 46

▲7 . مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭگۈشتىرى ...... فۇ بىڭبىڭ 52

باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى ...... 55


## 3 ـ باسقۇچ


ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى ...... 56

ئاساس بىلىم ...... 57

جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... 57

8 . جۇدالىق زارى ...... چۇ يۈەن 73

9 . چۈشۈمدە تيەنمۇ تېغىنى سەيلە قىلىش قوشىقى ...... لى بەي 80

10 . كۆز شامىلىدا چۈۋۇلغان كەپەم ناخشىسى ...... دۇ فۇ 84

11 . ليەن پو ، لىن شاڭرۇ تەزكىرىلىرى ........ سىما چيەن 87
12 . لىن مەشقاۋۇلىنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلىكى ........ شى نەيئەن 95
13 . خەن يۇ نەسرلىرىدىن ئۆرنەكلەر (3 پارچە) ........ خەن يۇ 108
▲14 . مۇلەن ھەققىدە باللادا ........ خەلقنىڭ 116
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى ........ 120
15 . مەيپۇرۇش غوز قىزى (يېزىقچىلىق مەشقى ئۈچۈن) ........ شىن يەنىيەن 122

## 4 ـ باسقۇچ

ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى ........ 124
ئاساس بىلىم ........ 125
ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى ........ 125
16 . دونكىخوت ........ مىگېل دې سېرۋانتېس 135
17 . مەدھىيە ........ ھېنرىخ ھېينى 140
18 . ۋېنېتسىيە سودىگىرى ........ ۋىليام شېكسپېر 143
19 . «پارىس مەكتۇپلىرى» دىن پارچە ........ مونتېسكيۇ 155
20 . چائادايېفقا ........ ئا س پوشكىن 159
▲21 . كونا زامان پومېشچىكلىرى ........ ن ۋ گوگول 161
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى ........ 180
22 . شائىرنىڭ ئۆلۈمى (يېزىقچىلىق مەشقى ئۈچۈن) م پ لېرمونتوۋ ........ 181

## 5 ـ باسقۇچ

ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى ........ 185
ئاساس بىلىم ........ 186
مۇقام سەنئىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 186
23 . جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر ........ تۆمۈر داۋامەت 196
24 . مۇقام ........ تېيىپجان ئېلىيوف 205
▲25 . «راك» مۇقامىنىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىدىن ئارىيە ........ 209

## 6 ـ باسقۇچ

ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى ........ 212
ئاساس بىلىم ........ 213
ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 213
26 . ھەقىقىي قەلەم ........ گومورو 228
27 . ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ........ تېيىپجان ئېلىيوف 231

28 . مەن سېنى سېغىندىم ئانا سەھرايىم ........ ئوسمانجان ساۋۇت 235
▲29 . ئالتۇن كەش........ (خەلق چۆچىكى) 239
باسقۇچ كۆرسەتمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى ........ 250

## 7 - باسقۇچ

ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى........ 251
ئاساس بىلىم ........ 252
قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى........ 252
30 . «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن ئۆرنەكلەر (ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە
ئەقىلدىن ئىكەنلىكى بايانىدا) ........ يۈسۈپ خاس ھاجىپ 262
31 . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەدەبىي پارچىلاردىن ئۆرنەكلەر ........
........ مەھمۇد قەشقىرى 266
32 . «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن پارچىلار ........ ئەھمەد يۈكنەكى 277
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى........ 281

## 8 - باسقۇچ

ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى........ 283
ئاساس بىلىم ........ 284
XIII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ........ 284
33 . غەزەل ........ لۇتفى 297
34 . «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تىن پارچە ........ ئەلشىر ناۋائى 299
35 . «پەرھاد - شېرىن» ........ ئەلشىر ناۋائى 302
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى........ 317

## 9 - باسقۇچ

ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى........ 319
ئاساس بىلىم ........ 320
كىنو سەنئىتى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 320
36 . نەسىردىن ئەپەندى........ ۋاڭ يۇخۇ 329
37 . تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل ........ مۇھەممەت روزى يارقىن 341
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى ........ 358

# 1 - باسقۇچ

## *ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى*

بۇ باسقۇچتا مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تۈرى ، مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ۋە دەلىل - ئىسپاتى ھەمدە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەر كونكرېت مىساللارغا تەتبىقلىنىپ ئۆگىنىلىدۇ .

## *ئۆگىنىش تەلىپى*

1 . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى بىلىۋېلىش .

2 . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەر ۋە دەلىل - ئىسپاتقا نىسبەتەن ئاساسىي تەلىپىنى ئىگىلەش .

3 . مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە دائىم قوللىنىلىدىغان ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققا قاراپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ، ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا قاراپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ، مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ، نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ، ئوخشىتىش (تەمسىل ) ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ، تەتۈر ئىسپاتلاش ئۇسۇلى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىسپاتلاش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىش .

4 . بۇ باسقۇچ ئۈچۈن تاللانغان تېكىستلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن نۇقتىئىنەزەرلەرنى چۈشىنىۋېلىش .

5 . مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىش ۋە تۈزىتىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىش .

# ئاساس بىلىم

## 1 . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرى

مۇھاكىمە (مۇلاھىزە ) قىلىشنى ئاساسلىق ئىپادىلەش شەكلى قىلغان ماقالىلەر مۇھاكىمە ماقالىسى دېيىلىدۇ . مۇھاكىمە قىلىش ئاپتورنىڭ كۆزقارىشى (نۇقتىئىنەزەرى ) ۋە تەشەببۇسىنى بىۋاستە قائىدە ـ داۋلى سۆزلەش ئارقىلىق ئىپادىلەش دېمەكتۇر . بۇ جەھەتتىن ئۇ بايانىي ماقالىلەرگە ئوخشىمايدۇ . بايانىي (تەسۋىرلەش خاراكتېرىدىكى ) ماقالىلەرنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش شەكلى بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت بولسا ، مۇھاكىمە ماقالىسىدە مۇھاكىمە ، مۇلاھىزە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ ، ئاپتورنىڭ نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى ، نېمىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ، نېمىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىدەك تۈپ نۇقتىئىنەزەرى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . شۇنداقلا مۇھاكىمە ماقالىلىرى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ ؛ چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە مەلۇم شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ تونۇشتۇرۇشقا ئېتىبار بېرىلىدۇ . ئادەتتە ئاپتورنىڭ مۇلاھىزىسى ۋە تەشەببۇسى ئىپادىلەنمەيدۇ . چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنىڭ رولى نىشانلىغان تېمىنى كىتابخانلارغا ئېنىق بىلدۈرۈش . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ رولى بولسا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق كىتابخانلارنى قايىل قىلىشتىن ئىبارەت . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىل بولۇپ ، كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى ئوبزور (تەقرىز ) ، ئىلمىي ماقالە ۋە زاۋىن (فېلىيەتون ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . ئوبزور (تەقرىز ) ماقالىسى بىرەر ھادىسە ، ۋەقە ، مەسىلە ، جامائەت پىكرى ۋە كىتاب ـ ژۇرناللارغا قارىتا پىكىر بايان قىلىش بولۇپ ، ئۇ ئىش ـ ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئوبزور ، ئەدىبىي ئوبزورى ، كىتاب ـ ژۇرناللارغا باھا (كىتاب ـ ژۇرنال تەقرىزى ) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . ئوبزور خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنىڭ ئاپتورىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئوبزور شەخسنىڭ نامى بىلەن ياكى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ نامى بىلەن يېزىلىشى مۇمكىن . ئىلمىي ماقالە بولسا ، مەخسۇس تەتقىقات خادىملىرىنىڭ بەلگىلىك پەن ساھەسىدىكى مەلۇم كونكرېت مەسىلە ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنى ئاساس قىلىدىغان ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ . زاۋىن (فېلىيەتون ) بىر خىل ئەدەبىيات خاراكتېرىدىكى ماقالىدۇر . ئۇ يازغۇچىنىڭ كۆزقارىشى (نۇقتىئىنەزەرى ) ۋە خاھىشىنى ئوبرازلىق ، جانلىق ، كونكرېت ۋە ئېنىق ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ .

## 2 . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ۋە دەلىلى

ئادەتتە بىر قەدەر مۇكەممەل يېزىلغان مۇھاكىمە ماقالىسى نۇقتىئىنەزەر ، دەلىل (ئاساس ) ۋە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ . نۇقتىئىنەزەر — ئاپتورنىڭ چۈشەنچىسى ۋە تەشەببۇسى بولۇپ ، مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ . ئىسپات-

لاش جەريانىدا، نۇقتىئىنەزەر يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، دەلىل ۋە ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ئەنە شۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ھەرقانداق مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ بىر مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى بولىدۇ. ھەجمى چوڭ، مۇرەككەپرەك مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرىدىن باشقا تارماق نۇقتىئىنەزەرلىرىمۇ بولىدۇ. مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئاپتورنىڭ ماقالىدە بايان قىلغان ئاساسلىق كۆزقارىشى ۋە يېتەكچى تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ماقالىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىدۇر. تارماق نۇقتىئىنەزەر مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرگە نىسبەتەن تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان قوشۇمچە نۇقتىئىنەزەرنى كۆرسىتىدۇ. نۇقتىئىنەزەر توغرا، روشەن، چوڭقۇر ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى زۆرۈر.

توغرا بولۇش — ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

روشەن بولۇش — ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالە ئارقىلىق نېمىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى ۋە نېمىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەشنى، ھەرگىزمۇ مۇجمەل بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

چوڭقۇر بولۇش — كۆزقاراشنىڭ شەيئىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ۋە كۆپ قاتلاملىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرگە يېڭى ئىلھام بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش دېگىنىمىز، كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتا ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ھەل قىلىش جىددىي زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

دەلىل — نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس. دەلىل ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، پاكىتلىق دەلىل، يەنە بىرى نەزەرىيىۋى دەلىل. پاكىتلىق دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان تارىخىي پاكىتلار ۋە ئېنىق، توغرا بولغان سانلىق مەلۇماتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەزەرىيىۋى دەلىل — تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن يىمىرىلمەس قائىدە ـ داۋىلار، نوپۇزلۇق ئەرباپلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى، نۇقتىئىنەزەرگە مۇناسىۋەتلىك مېغىزلىق ئاكسىئوما، ئېنىقلىمىلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسپاتلاش — مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن تارماق نۇقتىئىنەزەر (پىكىر قاتلاملىرى)، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تارماق نۇقتىئىنەزەر بىلەن دەلىللەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقىلىق باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن پايدىلىنىپ نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئىسپاتلاش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققا قاراپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلى

بۇ خىل ئۇسۇلدا پاكىت، مىساللار ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن شۇ قائىدە ـ قانۇنلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈلىدۇ.

2. ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا قاراپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇل بەزىدە «نەزەرىيىۋى ئىسپات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئومۇملاشتۇرۇلغان قائىدە ياكى يەكۈنگە ئاساسەن، ئايرىم پاكىتلار ئىسپاتلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمىي دەلىللەر ئارقىلىق ئايرىم نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلىنىدۇ.

3 . مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى

بۇ ، نۇقتىئىنەزەرنى كونكرېت مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىدىغان ۋە ئىزاھلايدىغان بىر خىل ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيىۋى ئاساسنىڭ پاكىتى كونكرېت بولۇشمۇ ياكى بىرقەدەر ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇشمۇ مۇمكىن . شۇنداقلا ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلاندۇرۇلغان بولۇشمۇ ياكى سانلىق مەلۇماتقا ئوخشاش مەزمۇنلاردىن تەركىب تېپىشمۇ مۇمكىن .

4 . نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى

بۇ ، مەشھۇر تارىخي شەخسلەرنىڭ ، مۇتەپەككۇر ، ئالىملارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ، ھەرقايسى ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان قائىدە ـ قانۇنلار ، ئىسپاتلاش ئوبيېكتىغا ئالاقىدار بولغان رىۋايەت ، ماقال ـ تەمسىل ۋە ئىدىئوم قاتارلىقلار نەقىل كەلتۈرۈلۈپ دەلىل قىلىنىش ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلىنىدىغان ئۇسۇل . ئادەتتە مۇھاكىمىلىك ماقالىلەردە بۇ ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلىدۇ . ئەمما بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغاندا ، ئېلىنغان نەقىلنىڭ تولىمۇ كۆپ ، تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك ، نەقىللەرنىڭ دەلمۇدەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم .

5 . سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى

بۇ ، ئىككى خىل شەيئىنىڭ ئوخشاش بولغان ياكى ئوخشىمايدىغان يەرلىرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ . سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئۇقۇم ، ھۆكۈم ۋە خۇلاسىدىن ئىبارەت لوگىكىنىڭ ئۈچ ئاساسىي شەرتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك .

6 . تەتۈر ئىسپاتلاش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇل ئىككى خىل يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ ، بىر خىلى ، ئالدى بىلەن ئۆز نۇقتىئىنەزەرگە زىت بولغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنىڭ توغرىلىقىنى تەتۈر ئىسپاتلاپ چىقىش . يەنە بىر خىلى ، قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ، ئاۋۋال بۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆزئارا زىت بولغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، شۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تەتۈر ئىسپاتلاپ چىقىش . تەتۈر ئىسپاتلاشتىمۇ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىلىدۇ .

مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بەزىدە ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ، ھەتتا ماۋزۇسىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ، بەزىدە ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇمكىن . مەيلى قەيەردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ قوماندانى ، ھەرقايسى پىكىر قاتلاملىرى ، پىكىر تەرتىپلىرىدىكى دەلىللەر بولسا مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىيالى . ئىسپات بولسا ئەنە شۇ ماتېرىيال بىلەن «قوماندان» ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مەسىلىسىدۇر . ئۇلار ھامان ئۆزئارا گىرەلەشكەن ھالدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ .

## 3 . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ قۇرۇلمىسى

مۇھاكىمە ماقالىلىرىمۇ باشقا ئەسەرلەرگە ئوخشاش مۇقەددىمە ، ئاساسىي مەزمۇن (مۇھاكىمە ئاساسى) ۋە يېشىم (يەكۇن) دىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبتىن قۇرۇلىدۇ .

مۇقەددىمە بولسا ماقالىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ، پۈتۈن ماقالىدە ئىسپاتلىماقچى بولغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ . مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە مۇقەددىمە بىر خىل شەكىلدىلا يېزىلمايدۇ ؛ بەزى مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە ئالدى بىلەن مۇقەددىمە ئورنىدا مەزكۇر ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىنماقچى بولغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلسا ، يەنە بەزى مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە ئاپتورنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى ئۇسۇل ۋە چارىلىرى ياكى ئاساسىي پرىنسىپلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . مۇقەددىمە مەيلى قايسى خىل ئۇسۇلدا يېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ پۈتۈن ماقالىنى كونترول قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك .

ئاساسىي مەزمۇن (مۇھاكىمە مەزمۇنى) ماقالىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ ، بۇ قىسىمدا مۇقەددىمىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەر ياكى مەسىلىلەر دەلىللىنىدۇ ، مۇلاھىزە قىلىنىدۇ .

يېشىم بولسا ماقالىنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە مۇلاھىزە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان يەكۈندىن ئىبارەتتۇر . ماقالىنىڭ يېشىم قىسمىدا مۇلاھىزە قىلىنغان مەسىلىلەر ئاساسىدا يەنە بىر قەدەم چوڭقۇرلاپ مەزكۇر ماقالىدە ئىسپاتلاپ چىقىلغان نۇقتىئىنەزەرلەر تەرتىپكە سېلىنىدۇ ، بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى تېخىمۇ توغرا تونۇشى ۋە چۈشىنىشى ھەققىدىكى ئۈمىد ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ بۇ ئۈچ تەركىبىي قىسمى يەككە ھالدا مەۋجۇت بولماستىن ، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . مۇھاكىمە ماقالىسى دېگەن نېمە ؟ مۇھاكىمە ماقالىسى قانداق ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ ؟ بۇ ئامىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

2 . مۇھاكىمە ماقالىسىدە ئىسپاتلاشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار ؟

3 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار :

I مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىل بولۇپ ، كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى ________ ، ________ ۋە ________ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

II مۇھاكىمە ماقالىلىرى ________ ، ________ ۋە ________ دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن قۇرۇلىدۇ .

III نۇقتىئىنەزەر ________ ئاپتورنىڭ ________ ۋە ________ بولۇپ ، مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ________ ھېسابلىنىدۇ .

4 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ ، بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

«پەن ـ تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى . بۇ ماركسىزمنىڭ ئەزەلدىن بۇيانقى كۆزقارىشى . بۇنىڭدىن يۈزنەچچە يىل بۇرۇنلا ماركس : ماشىنا بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي پەننى ئاڭلىق تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، دېگەنىدى . شۇنىڭدەك ئۇ : ‹ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىلىم ـ پەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ› ، دەپ كۆرسەتكەنىدى . ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بارغانسېرى زىچلاشتۇردى . پەن ـ تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش

كۆچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى بارغانسېرى نامايان قىلماقتا».
(دېڭ شياۋپىڭ: مەملىكەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنىدىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز).

1) بۇ پارچىدىكى نۇقتىئىنەزەر قايسى؟
2) بۇ پارچىدىكى قايسى سۆزلەرنى نەزەرىيىۋى ئاساس دېيىشكە بولىدۇ؟
3) بۇ پارچىدىكى پاكىتنىڭ دەلىلى قايسى سۆزلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن؟
4) ئاپتور ئىسپاتلاشتا قانداق ئۇسۇلدىن پايدىلانغان؟
5. تۆۋەندە بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:
... «بىلىملىك بولاي دېسەڭ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىيەتكە قاتنىشىشىڭ كېرەك. نەشپۈتنىڭ تەمىنى بىلەي دېسەڭ، نەشپۈتنى ئاغزىڭغا سېلىپ يەپ بېقىشىڭ كېرەك. ئاتومنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە خاراكتېرىنى بىلەي دېسەك، فىزىكا ۋە خىمىيە تەجرىبىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاتومنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك. ئىنقىلابنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىنى بىلەي دېسەك، ئىنقىلابقا قاتنىشىشىڭ كېرەك. ھەقىقىي بىلىملەرنىڭ ھەممىسى بىۋاستە تەجرىبىدىن باشلىنىدۇ.»
1) بۇ پارچىدىكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر قايسى؟
2) قايسى جۈملە يېشىم (يەكۈن) گە تەئەللۇق؟
3) بۇ پارچىدا قانچە دەلىل (ئاساس) كۆرسىتىلگەن؟ ئۇلار قايسىلار؟

# 1 . پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى[1]

(1942 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)

ماۋ زېدۇڭ

ھېلى يولداش كەيفېڭ بۈگۈنكى مەجلىسنىڭ مەقسىتىنى سۆزلەپ ئۆتتى . مەن ئەمدى سۇبيېكتىۋىزم ۋە مەزھەپچىلىكنىڭ قانداق قىلىپ پارتىيە باگۇسىنى ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالى ياكى ئىپادە شەكلى قىلىۋالغانلىقى ھەققىدە سۆزلىمەكچىمەن . بىز سۇبيېكتىۋىزمغا ۋە مەزھەپچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ، ئەگەر ، پارتىيە باگۇسى ئۈستىدە ھېساب ـ كىتاب قىلىشۋەتمىسەك ، ئۇلار يەنە ئۆزىنى يوشۇرىدىغان ئورۇن تېپىپ ، يوشۇرۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئەگەر پارتىيە باگۇسىنىمۇ بىللە يوقاتساق ، ئۇ چاغدا سۇبيېكتىۋىزم ۋە مەزھەپچىلىكنى ئۆزۈل ـ كېسىل «مات» قىلغان بولىمىز ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى غەلىتە نەرسىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىلىپ ، «كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ـ ئۇر ـ ئۇرغا قاپتۇ» دېگەندەك بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، بۇ ئىككى غەلىتە نەرسىمۇ ئاسان يوقىلىدۇ .

بىر كىشى پارتىيە باگۇسىنى يېزىپ ، ئەگەر ئۆزىلا ئوقۇسىغۇ بۇنىڭ كارى چاغلىق ، ئەگەر ئۇنى ئىككىنچى كىشىگە ئوقۇتسا ، ئوقۇغۇچىنىڭ سانى بىر ھەسسە كۆپىيىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ كىشىگە يەتكۈزگەن زىيىنىمۇ ئاز بولمايدۇ . ئەگەر ئۇ تامغا چاپلانسا ، ياكى ماي باسمىدا بېسىلسا ، ياكى گېزىتكە بېسىلسا ، ياكى كىتاب بولۇپ چىقسا ، ئۇ چاغدا مەسىلە چوڭىيىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر يەتكۈزىدۇ . ھالبۇكى ، پارتىيە باگۇسىنى يازىدىغانلار ھامان نۇرغۇن كىشىلەر ئوقۇسۇن دەپ يازىدۇ . شۇڭلاشقا ئۇنى ئېچىپ تاشلىماي ، يوقاتماي بولمايدۇ .

پارتىيە باگۇسى شۇنداقلا چەت ئەل باگۇسىدۇر . بۇ چەت ئەل باگۇسىغا لۇشۈن بۇرۇنلا قارشى چىققانىدى[2] . بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە پارتىيە باگۇسى دەپ ئاتايمىز ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ، ئۇنىڭدا چەت ئەل پۇرىقىدىن باشقا بىرئاز يەرلىك پۇراقمۇ بار . بۇمۇ بىر ئىجادىيەت ھېسابلىنار ! كىم بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى بىرئازمۇ ئىجادىيىتى يوق دەيدىكەن ؟ مانا بىرى تۇرۇپتىغۇ ! (ئومۇمىي كۈلكە) .

پارتىيە باگۇسى پارتىيىمىزدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە ؛ بولۇپمۇ يەر ئىنقىلابى دەۋرىدە بەزى ۋاقىتتا ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى .

تارىختىن قارىغاندا ، پارتىيە باگۇسى 4 ـ ماي ھەرىكىتىگە نىسبەتەن بىر ئەكسىيەتچىلىك تۇر .

4 ـ ماي ھەرىكىتى دەۋرىدە بىر تۈركۈم يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ۋېنيەن ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرۇپ ، بەيخۇا ئەدەبىياتىنى تەشەببۇس قىلدى ، كونا دوگماتىزمغا قارشى تۇرۇپ ، پەن ۋە دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلدى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى توغرا ئىدى . ئۇ ۋاقىتتا بۇ ھەرىكەت جانلىق ، ئىلغار ، ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىدى . شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران

سىنىپلار ئوقۇغۇچىلارنى كۆك فۆزى داۋلىلىرى بىلەن تەربىيىلەيتتى ، كۆك فۆزىنىڭ بىر
نېمىلىرىنى دىنىي دوگما قىلىۋېلىپ ، خەلقنى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى ،
ماقالە يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ۋېنيەن ئەدەبىياتىنى قوللىناتتى . قىسقىسى ، ئۇ چاغدىكى
ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ ماقالىلىرى ۋە مائارىپى ، مەيلى مەزمۇن
ۋە شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ، باگۇ شەكلىدە ، دوگما شەكلىدە ئىدى . مانا بۇ — كونا
باگۇ ۋە كونا دوگمىدۇر . بۇنداق كونا باگۇ ، كونا دوگمىنىڭ سەت قىياپىتىنى خەلققە ئېچىپ
كۆرسىتىپ بېرىپ ، خەلقنى كونا باگۇغا ، كونا دوگمىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغانلىقى —
4 ـ ماي ھەرىكىتى دەۋرىنىڭ كۆرسەتكەن ئەڭ زور خىزمىتى . 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ
بۇنىڭغا باغلىق يەنە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتا كۆرسەتكەن زور خىزمىتىمۇ بار ؛ كونا
باگۇ ، كونا دوگمىغا قارشى بۇ كۆرەشمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن زور خىزمەتلىرىنىڭ بىرى .
ئەمما ، كېيىن چەت ئەل باگۇسى ، چەت ئەل دوگمىسى پەيدا بولدى . پارتىيىمىزدە ماركسىزمـ
غا خىلاپلىق قىلغان بەزى كىشىلەر بولسا ، بۇنداق چەت ئەل باگۇسى ، چەت ئەل دوگمىسىنى
راۋاجلاندۇرۇپ ، سۇبيېكتىپچىلىق ، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىغا ئايلاندۇردى . بۇلارـ
نىڭ ھەممىسى — يېڭى باگۇ ، يېڭى دوگمىدۇر . بۇنداق يېڭى باگۇ ، يېڭى دوگما كۆپلىگەن
يولداشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، بىزنى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزگەرتىش
خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يەنىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلماقتا .
مۇشۇنداق قارىغاندا ، «4 ـ ماي» دەۋرىدىكى جانلىق ، ئىلغار ، ئىنقىلابىي بولغان ، فېئودالـ
لىق كونا باگۇ ۋە كونا دوگمىغا قارشى بولغان ھەرىكەت كېيىن بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن
ئۇنىڭ قارشى تەرىپىگە راۋاجلاندۇرۇلدى ، شۇنىڭ بىلەن ، يېڭى باگۇ ، يېڭى دوگما كېلىپ
چىقتى . ئۇلار جانلىق نەرسە ئەمەس ، ئۆلۈك نەرسە ؛ ئالغا باسىدىغان نەرسە ئەمەس ، ئارقىغا
چېكىنىدىغان نەرسە ؛ ئىنقىلابىي نەرسە ئەمەس ، ئىنقىلابقا توسقۇن بولىدىغان نەرسىدۇر .
دېمەك ، چەت ئەل باگۇسى ياكى پارتىيە باگۇسى 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىگە
نىسبەتەن ئەكسىيەتچىلىكتۇر . لېكىن ، 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىدىمۇ كەمچىلىك بار .
شۇ ۋاقىتتىكى كۆپلىگەن رەھبىرىي كىشىلەردە تېخى ماركسىزملىق تەنقىدىي روھ يوق ئىدى ،
ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ئومۇمەن بۇرژۇئازىيە ئۇسۇلىدىن ، يەنى شەكىلۋازلىق ئۇسۇلىـ
دىن ئىبارەت ئىدى . ئۇلارنىڭ كونا باگۇغا ، كونا دوگمىغا قارشى تۇرۇپ ، پەن ۋە دېموكراتىـ
يىنى قۇۋۋەتلىشى ناھايىتى توغرا ئىدى . لېكىن ئۇلاردا ھازىرقى ئەھۋالغا ، تارىخقا ، چەت
ئەل نەرسىلىرىگە قارىتا تارىخىي كوممۇنىزملىق تەنقىدىي روھ يوق ئىدى ، يامان دېيىلگىنى
مۇتلەق يامان ، ھەممىسى يامان ؛ ياخشى دېيىلگىنى مۇتلەق ياخشى ، ھەممىسى ياخشى ئىدى .
مەسىلىگە مۇنداق شەكىلۋازلىق بىلەن قاراش ئۇسۇلى بۇ ھەرىكەتنىڭ كېيىنكى راۋاجلىنىشىغا
تەسىر يەتكۈزدى . 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىككى ئېقىمغا ئايرىلدى . بىر قىسىم
كىشىلەر 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئىلمىي ۋە دېموكراتىك روھىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەم ئۇنى
ماركسىزم ئاساسىدا ئۆزگەرتتى ، بۇلار — كوممۇنىستلارنىڭ ۋە پارتىيە سىرتىدىكى بىرقانچە
ماركسىزمچىلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىدۇر . ئىككىنچى بىر قىسىم كىشىلەر بولسا بۇرژۇئاـ
زىيە يولىغا چۈشتى . بۇ — شەكىلۋازلىقنىڭ ئوڭغا راۋاجلانغانلىقىدۇر . لېكىن كوممۇنىسـ
تىك پارتىيە ئىچىدىمۇ بىردەكلىك بولمىدى ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ئېغىش
يۈز بەردى ، ئۇلار ماركسىزمنى چىڭ تۇتالماي ، شەكىلۋازلىق خاتالىقىنى ئۆتكۈزدى ، بۇ —
كوممۇنىزم ، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىدۇر ، بۇ — شەكىلۋازلىقنىڭ «سول» غا
راۋاجلانغانلىقىدۇر . بۇنداق قارىغاندا ، پارتىيە باگۇسى تاسادىپىي نەرسە ئەمەس ، ئۇ بىر

تەرەپتىن، 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىغا نىسبەتەن ئەكسىيەتچىلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، 4 ـ ماي ھەرىكىتى پاسسىپ ئامىللىرىنىڭ ۋارىسى، داۋامى ياكى راۋاجىدۇر. بىزنىڭ بۇنى چۈشىنىشىمىز پايدىلىق. ئەگەر «4 ـ ماي» دەۋرىدە كونا باگۇ ۋە كونا دوگماتىزمغا قارشى تۇرۇش ئىنقىلابىي ھەم زۆرۈر بولغان بولسا، دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى باگۇ ۋە يېڭى دوگماتىزمنى ماركسىزم بىلەن تەنقىد قىلىشىمىزمۇ ئىنقىلابىي ھەم زۆرۈردۇر. ئەگەر «4 ـ ماي» دەۋرىدە كونا باگۇ ۋە كونا دوگماتىزمغا قارشى تۇرۇلمىغان بولسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىدىيىسى كونا باگۇ ۋە كونا دوگماتىزمنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولالمىغان بولاتتى، جۇڭگونىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىدىن ئۈمىد بولمىغان بولاتتى. بۇ خىزمەت 4 ـ ماي ھەرىكىتى دەۋرىدە تېخى يېڭىدىنلا باشلانغانىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى كونا باگۇ ۋە كونا دوگماتىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تېخى ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان يەنە بىر زور قۇرۇلۇش. ئەگەر بىز بۈگۈن يېڭى باگۇ ۋە يېڭى دوگماتىزمغا قارشى تۇرمىساق، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىدىيىسى ئىككىنچى بىر شەكىللىك ئاسارەتكە ئۇچرايدۇ. پارتىيىمىزدىكى بىر قىسىم (ئەلۋەتتە، پەقەت بىر قىسىملا) يولداشلار زەھەرلەنگەن پارتىيە باگۇسى ئوغىسى ۋە ئۆتكۈزگەن دوگماتىزملىق خاتالىقى تۈگىتىلمەيدىكەن، ئۇ چاغدا جانلىق ئىنقىلابىي روھنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ، ماركسىزمغا ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولۇشتەك يامان ئادەتنى يوقاتقىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي ماركسىزمنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتقىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ؛ كونا باگۇ ۋە كونا دوگمىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدىكى تەسىرىگە، شۇنىڭدەك چەت ئەل باگۇسى ۋە چەت ئەل دوگمىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرىگە قارشى كۈچلۈك كۆرەش ئېلىپ بارغىلىمۇ بولمايدۇ، بۇلارنى تولۇق يىمىرىپ تاشلاش مەقسىتىگە يەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

سۇبيېكتىپچىلىق، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەرسە ماركسىزمغا قارشى، ئۇلار پرولېتارىياتقا كېرەك ئەمەس، بەلكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا كېرەك. بۇ نەرسىلەر ــ ئۇششاق بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ پارتىيىمىز ئىچىدىكى ئىنكاسىدۇر. جۇڭگو ــ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە تەركىبى ناھايىتى كەڭ بىر مەملىكەت، پارتىيىمىز مۇشۇ كەڭ سىنىپنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىمىزمۇ مۇشۇ سىنىپتىن كېلىپ چىققان، ئۇلار، يا ئۇزۇن، يا قىسقا بولسۇن، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە قۇيرۇقلىرىنى پارتىيىگە سۆرەپ كىرمەي قالمايدۇ. ئەگەر ئۇششاق بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بىردەملىك قىزغىنلىقى ۋە بىر تەرەپلىمىلىكىگە چەكلىمە قويۇلمىسا، ئۆزگەرتىلمىسە سۇبيېكتىپچىلىق، مەزھەپچىلىك ناھايىتى ئاسانلا پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادە شەكلى ــ چەت ئەل باگۇسى ياكى پارتىيە باگۇسىدۇر.

بۇ نەرسىلەرنى يوقىتىش ۋە سۈپۈرۈپ تاشلاش خىزمىتىنى ئىشلەش ئاسان ئەمەس. بۇ خىزمەتنى ئۆز لايىقىدا ئىشلەش، يەنى داۋلىنى ياخشى چۈشەندۈرۈش لازىم. ئەگەر داۋلى ياخشى چۈشەندۈرۈلسە، دەل جايىدا چۈشەندۈرۈلسە نەتىجىلىك بولىدۇ. داۋلىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئۇسۇلى كېسەلگە قاتتىق تەسىر بېرىش، ئۇنىڭغا قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «سېنىڭ ئاغرىقىڭ بار!» دەپ ئۇنى چۆچۈتۈش، تەرلىتىش، ئاندىن ئۇنى ياخشى داۋالىتىشتىن ئىبارەت.

ئەمدى پارتىيە باگۇسىنىڭ يامان يېرى نەدە ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى. بىزمۇ

باگۇ ماقالىسىنىڭ ئۇسلۇبىغا[3] تەقلىد قىلىپ بىر «باگۇ» ياساپ، زەھەرگە زەھەر بىلەن ھۇجۇم قىلايلۇق، پارتىيە باگۇسىغا سەككىز چوڭ جىنايەت قويايلۇق.

پارتىيە باگۇسىنىڭ بىرىنچى جىنايىتى: باشتىن - ئاياغ قۇرۇق سۆز، بىمەنە سەپسەتە سېتىش. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز ئۇزۇن ماقالە يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەزمۇن يوق، بۇ خۇددى «ھۇرۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسى ھەم ئۇزۇن ھەم سېسىق» بولغىنىغا ئوخشاش. بۇنداق ئۇزۇن ھەم مەزمۇنسىز يېزىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ بۇنى پەقەت بىر تۇرلۇكلا چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇ بولىسمۇ ئامما زادى ئوقۇمىسۇن دېگەنلىكتۇر. ئۇزۇن ھەم مەزمۇنسىز بولغاچقا، ئامما كۆرۈپلا بېشىنى چايقايدۇ، قانداقمۇ ئۇنى ئاخىرغىچە ئوقۇشنى خالىسۇن؟ پەقەت نادان ئادەملەرنىلا ئەخمەق ئېتەلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يامان تەسىرلەرنى تارقىتىدۇ، يامان ئادەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، خالاس. بۇلتۇر 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى شۇنچە زور ئۇرۇش باشلىدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ستالىن 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نۇتۇق سۆزلىدى، بۇ نۇتۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەقەت «ئازادلىق» گېزىتىمىزنىڭ بىر باش ماقالىسىچىلىكلا بار. بىزنىڭ لويىلىرىمىز يازىدىغان بولسا قالتىس يازاتتى، ئاز دېگەندىمۇ بىر نەچچە ئون مىڭ خەتكە يەتكۈزگەن بولاتتى. ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى، بىز ماقالىنى قانداق قىلىپ قىسقىراق، مېغىزلىقراق يېزىشنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. يەنئەندە گەرچە ئۇرۇش بولۇۋاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن، قوشۇنلىرىمىز ھەر كۈنى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئارقا سەپمۇ خىزمەتلىرىمىز ئالدىراش دەۋاتىدۇ، ماقالە بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ئۇنى كىم ئوقۇيدۇ؟ بەزى يولداشلار ئالدىنقى سەپتىمۇ ئۇزۇن دوكلات يېزىشقا ئامراق. ئۇلار ئۇنى جاپا - مۇشەققەت بىلەن يېزىپ، بىزنى كۆرسۇن دەپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنى قانداقمۇ كۆرۈپ كەتكىلى بولسۇن؟ ئۇزۇن ھەم مەزمۇنسىز بولسا ياخشى ئەمەس ئىكەن، قىسقا ھەم مەزمۇنسىز بولسا ياخشىمۇ؟ بۇمۇ ياخشى ئەمەس. بىز بارلىق قۇرۇق سۆزلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىشىمىز لازىم. لېكىن ئاساسىي ۋە بىرىنچى ۋەزىپە — ھۇرۇن خوتۇننىڭ ھېلىقى ھەم ئۇزۇن، ھەم سېسىق پايتىمىسىنى دەرھال ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىشتۇر. ئېھتىمال، بەزى كىشىلەر: «كاپىتال» ناھايىتى ئۇزۇن ئەمەسمۇ، ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ دېيىشەر، بۇنىڭ يولى ئوڭاي، ئۇنى ئوقۇۋېرىش كېرەك. «قايسى تاغقا بارساڭ، شۇ تاغنىڭ ناخشىسىنى ئېيت» دېگەن ماقالە بار، يەنە «سەيگە قاراپ تاماق ئىچ، بويىغا قاراپ كىيىم پىچ» دېگەن ماقالمۇ بار. بىز ھەرقانداق ئىشنى ئەھۋالغا قاراپ قىلىشىمىز كېرەك. ماقالە ۋە نۇتۇقلاردىمۇ شۇنداق. بىزنىڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز — باشتىن - ئاياغ قۇرۇق سۆز، بىمەنە سەپسەتىلەر بىلەن تولغان باگۇ مۇقامى، بۇ — ھەرقانداق نەرسە قىسقا بولسا ياخشى دېگەنلىك ئەمەس. ئۇرۇش ۋاقتىدا ماقالىلەر، ئەلۋەتتە، قىسقا بولۇشى زۆرۈر، ئەمما مەزمۇنلۇق بولۇشى ئۇنىڭدىنمۇ زۆرۈر. ئەڭ كېرەكسىزى، ئەڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز — بىمەنە سەپسەتىلەر بىلەن تولغان ماقالىلەردۇر. نۇتۇقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، باشتىن - ئاياغ قۇرۇق سۆز، بىمەنە سەپسەتىلەر بىلەن تولغان نۇتۇقلار توختىتىلىشى لازىم.

پارتىيە باگۇسىنىڭ ئىككىنچى جىنايىتى: سىپايىگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىش. بەزى پارتىيە باگۇلىرى باشتىن - ئاياغ قۇرۇق سۆز بولۇپلا قالماي، بەلكى سىپايىگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە قەستەن ھەيۋە قىلىدۇ، بۇنىڭدا ناھايىتى يامان زەھەر يوشۇرۇنغان. باشتىن - ئاياغ قۇرۇق سۆز، بىمەنە سەپسەتە سېتىشنى گۆدەكلىك دېسىمۇ بولىدۇ، سىپايىگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىش بولسا گۆدەكلىكلا ئەمەس، ھەتتا-

كى مۇتتەھەملىكتۇر . لۇشۇن بۇنداق كىشىلەرنى تەنقىد قىلغانىدى ، ئۇ : «ھاقارەتلەش ، ھەيۋە قىلىش ھەرگىز كۇرەش قىلغانلىق ئەمەس»[4] دېگەنىدى . پەن ، مەيلى قانداق بىر ۋاقىتتا بولسۇن ، باشقىلارنىڭ تەنقىدىدىن قورقمايدۇ ، چۈنكى پەن — ھەقىقەتتۇر ، ئۇ ھەرگىز باشقىلارنىڭ رەددىيە بېرىشىدىن قورقمايدۇ . پارتىيە باگۇسى شەكلىدىكى ماقالە ۋە نۇتۇقلاردا ئىپادىلەنگەن سۇبيېكتىپچىلىق ۋە مەزھەپچىلىك بولسا ، باشقىلارنىڭ رەددىيە بېرىشىدىن ناھايىتى قورقىدۇ ، ئادەتتىن تاشقىرى يۈرەكسىز . شۇنىڭ ئۈچۈن سىپايىگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىشقا يۈلىنىدۇ ؛ مۇشۇ ھەيۋە بىلەن باشقىلارنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ ـ دە ، ئۆزۈم «غەلىبە بىلەن ئوردىغا قايتىمەن» دەپ ھېسابلايدۇ . بۇنداق سىپايىگەرچىلىك ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ ، بەلكى ھەقىقەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ . ھەقىقەت ئىگىسى سىپايىگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلمايدۇ ، پەقەت سەممىمىي سۆزلەيدۇ ۋە ئىشلەيدۇ . ئىلگىرى كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ ماقالە ۋە نۇتۇقلىرىدا كۆپىنچە مۇنداق ئىككى سۆز ئۇچرايتتى : بىرى — «شەپقەتسىز كۇرەش» ، بىرى — «رەھىمسىز زەربە» . بۇنداق ۋاستىنى دۈشمەنگە ياكى دۈشمەن ئىدىيىسىگە قارشى قوللىنىش پۈتۈنلەي زۆرۈر ، ئۆز يولداشلىرىمىزغا قارىتا قوللىنىش خاتا . «ۋ ك پ (ب) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» خاتىمىسىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا ئېيتىلغىنىدەك ، دۈشمەن ۋە دۈشمەن ئىدىيىلەر پارتىيە ئىچىگىمۇ كۆپىنچە سوقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، بۇنداق كىشىلەرگە شەپقەتسىز كۇرەش قىلىش ياكى رەھىمسىز زەربە بېرىش ۋاستىسىنى قوللىنىش لازىم ، چۈنكى ئۇنداق بۇزۇق كىشىلەر بۇ ۋاستىدىن پارتىيىگە قارشى پايدىلىنىۋاتىدۇ ، ئەگەر بىز يەنە ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغان بولساق ، ئۇ چاغدا دەل بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىمىز . لېكىن بۇنداق ۋاستىنى تاسادىپىي خاتالاشقان يولداشلارغا قارىتا قوللانغىلى بولمايدۇ ؛ بۇنداق يولداشلارغا تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم ، بۇ «ۋ ك پ (ب) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» خاتىمىسىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا ئېيتىلغان ئۇسۇلدۇر . ئىلگىرى يەنە شۇ يولداشلىرىمىزنىڭ بۇ يولداشلارغىمۇ ھەدەپ «شەپقەتسىز كۇرەش» ۋە «رەھىمسىز زەربە» نى قوللىنىشنى تەكىتلىشى ، بىر تەرەپتىن ، ئوبيېكتنى تەھلىل قىلمىغانلىق بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، سىپايىگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن ئىدى . مەيلى قانداق كىشىگە بولسۇن ، سىپايىگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇنداق ھەيۋە قىلىش تاكتىكىسى دۈشمەنگە قارىتىلسا قىلچە پايدا بەرمەيدۇ ، يولداشلارغا قارىتىلسا ، پەقەت زىيان يەتكۈزىدۇ . بۇنداق ھەيۋە قىلىش تاكتىكىسى — ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە لۇكچەك پرولېتارلار ئادەتلىنىپ قالغان ۋاستە ، پرولېتارىياتقا بۇنداق ۋاستە كېرەك ئەمەس . پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر ، ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالى پەقەت بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ جىددىي ، جەڭگىۋار ئىلمىي پوزىتسىيە . كوممۇنىستىك پارتىيە ھەيۋە قىلىشقا يۆلىنىپ جان باقمايدۇ ، بەلكى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ھەقىقىتىگە يۆلىنىپ جان باقىدۇ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە يۆلىنىپ جان باقىدۇ ، پەنگە يۆلىنىپ جان باقىدۇ . سىپايىگەرچىلىك قىلىپ شۆھرەت ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇش مەقسىتىگە يېتىشكە كەلسەك ، بۇ تېخىمۇ ئېپلاس نىيەت ، بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . قىسقىسى ، ھەرقانداق ئىدارە قارار قوبۇل قىلىش ، يوليورۇق چىقىرىشتا ، ھەرقانداق يولداش ماقالە يېزىش ، نۇتۇق سۆزلەشتە تامامەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ھەقىقىتىگە يۆلىنىشى ، يارامىلىق بولۇشقا يۆلىنىشى لازىم . پەقەت شۇلارغا يۆلەنگەندىلا ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ ، بۇنىڭدىن باشقىسى پايدىسىز .

پارتىيە باگۇسىنىڭ ئۈچىنچى جىنايىتى : نىشانسىز ئوق ئېتىش ، ئوبيېكتقا قارىماسلىق . بۇنىڭدىن باشقا ، بىرقانچە يىل ئىلگىرى يەنئەن شەھىرىنىڭ سېپىلىدا : «ئىشچى ، دېھقانلار بىرلىشىپ ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن بىر شوئارنى كۆرگەنىدىم . بۇ شوئارنىڭ مەنىسى يامان ئەمەس ، ئەمما ئۇنىڭدا «工人» دېگەن سۆزدىكى «工» خېتىنىڭ ئوتتۇرىدىكى سىزىقى تىك يېزىلماستىن ، ئىككى بۇرجەك چىقىرىلىپ «互» قىلىپ يېزىلغان ، «人» خېتىچۇ؟ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۈچ سىزىق قوشۇلۇپ «人» قىلىپ يېزىلغان . بۇنى يازغان يولداشنىڭ قەدىمكى زامان ئەدىبلىرىنىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىدە شەك - شۈبھە يوق ، ئەمما ئۇنىڭ بۇنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە يەنئەندەك يەرنىڭ سېپىلىغا يازغانلىقى سەل ئەجەبلىنەرلىك . ئېھتىمال ئۇ ، پۇقرالار ئوقۇيالمىسۇن دەپ قەسەم قىلغان بولسا كېرەك ، ئۇنداق بولمىسا بۇنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش تەس . كومپارتىيە ئەزالىرى ئەگەر ھەقىقەتەن تەشۋىق قىلماقچى بولسا ، ئوبيېكتنى كۆزدە تۇتۇشى ، ئۆزىنىڭ ماقالىسى ، نۇتقى ، سۆزى ، خېتىنى كىملەرنىڭ ئوقۇيدىغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشى لازىم ، ئۇنداق قىلمىغاندا ، ئۇنى ھېچكىم ئوقۇمىسۇن ، ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن ، دەپ نىيەت قىلغانلىق بولىدۇ . كۆپلىگەن كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ يازغان ۋە سۆزلىگەنلىرىنى باشقىلار ئوقۇغاندا ، ئاڭلىغاندا ئاسان چۈشىنىدۇ ، دەپ ئويلايدۇ ، ھەقىقەتتە بولسا ، ئەسلا ئۇنداق ئەمەس ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يازغان ۋە سۆزلىگەنلىرى پارتىيە باگۇسى تۇرسا ، باشقىلار ئۇنى قانداق چۈشەنسۇن؟ «كالىنىڭ قۇلىقىغا ساز چېلىش» دېگەن سۆزدە ئوبيېكتنى مەسخىرە قىلىش مەنىسى بار . ئەگەر بىز بۇ مەنىنى چىقىرىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوبيېكتقا ھۆرمەت قىلىش مەنىسىنى كىرگۈزسەك ، ئۇ چاغدا ساز چالغۇچىنى مەسخىرە قىلىش مەنىسىلا قالىدۇ . نېمە ئۈچۈن ئوبيېكتقا قارىماي قالايمىقان ساز چېلىۋېرىدۇ؟ ھالبۇكى ، ئۇ — پارتىيە باگۇسى ، ھەتتا قاغىنىڭ تاۋۇشى ، يەنە كېلىپ خەلق ئاممىسىغا قاراپ قاقىلدىغانلىقتۇر . ئوقيا ئاتقاندا نىشانغا ، ساز چالغاندا ئاڭلىغۇچىلارغا قاراش كېرەك ئىكەن ، ماقالە يازغاندا ، نۇتۇق سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارغا ، ئاڭلىغۇچىلارغا قارىمىسا بولامدۇ؟ بىز مەيلى كىم بىلەن دوست بولايلى ، ئەگەر بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىسەك ، بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمىزنى بىلمىسەك ، سىرداش دوست بولۇپ كېتەلەيمىزمۇ؟ تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر ئۆزىنىڭ تەشۋىقات ئوبيېكتىنى تەكشۈرمەي ، تەتقىق قىلماي ، تەھلىل قىلماي ، قالايمىقان سۆزلەۋەرسە زادى بولمايدۇ .

پارتىيە باگۇسىنىڭ تۆتىنچى جىنايىتى : تىلى تېتىقسىز بولۇش ، بىيېسەنگە[5] ئوخشاپ قېلىش . شاڭخەيلىكلەر كىچىك بىيېسەن دەپ ئاتايدىغان تىپلارمۇ بىزدىكى پارتىيە باگۇسىغا ئوخشاش ناھايىتى ئاۋاق ، ناھايىتى كۆرۈمسىز كېلىدۇ . ئەگەر بىرەر ماقالە ، بىرەر نۇتۇق ئۆرۈلۈپمۇ - چۆرۈلۈپمۇ بىرنەچچە ئاتالغۇدىن نېرى كېتەلمىسە ، «ئوقۇغۇچىلار تىلى» دىن ئىبارەت بولسا ، ئۇنىڭدا قىلچە جانلىق تىل بولمىسا ، ئۇ تىلى تېتىقسىز ، ئەپت - بەشىرىسى يىرگىنىشلىك بولۇپ ، بىيېسەنگە ئوخشاپ قالامدۇ؟ بىر كىشى يەتتە يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە ، ئون نەچچە يېشىدا ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ، يىگىرمە نەچچە يېشىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچراشمىغان بولسا ، ئۇنىڭ تىلغا باي بولماسلىقى ، تىلىنىڭ ناھايىتى ئاددىي بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . لېكىن بىز ئىنقىلابچىلارمىز ، ئامما ئۈچۈن ئىش قىلىدىغانلارمىز ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگەنمىسەك ، ئۇ چاغدا ئىشنى ياخشى قىلالمايمىز . ھازىر بىزدە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان بىرمۇنچە

يولداشلارمۇ تىل ئۆگەنمەيۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ تەشۋىقلىرى ناھايىتى تېتىقسىز ؛ ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ؛ ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس . تىلنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك ۋە ئۆگەنگەندىمۇ ناھايىتى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش كېرەك ؟ چۈنكى تىل ئوڭايلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ئەمگەك سەرپ قىلماي بولمايدۇ . بىرىنچى ، خەلق ئاممىسىدىن تىل ئۆگىنىش لازىم . خەلق تىلى سۆزگە باي ، جانلىق كېلىدۇ ، ئەمەلىي تۇرمۇشنى ئىپادىلەيدۇ . بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز تىلنى ياخشى ئۆگەنمىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يازغان ماقالىلىرىمىز ، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىمىزدا بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ جانلىق ، ھەقىقىي كۈچلۈك سۆزلەر يوق ، پەقەت قېتىپ قالغان بىرنەچچە تال سىڭىرلا بولۇپ ، ئۇلار خۇددى بېيىسەنگە ئوخشاش كۆرۈمسىز ، ئاۋاق كېلىدۇ ، ساغلام ئادەمگە ئوخشىمايدۇ . ئىككىنچى ، چەت ئەل تىللىرىدىن ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش كېرەك . بىز چەت ئەل تىللىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەيمىز ياكى قالايمىقان قوللانمايمىز ، چەت ئەل تىللىرىدىكى ياخشى نەرسىلەرنى ، ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىمىز . چۈنكى ، جۇڭگونىڭ ئەسلىدىن بار لۇغەت تەركىبى يېتىشمەيدۇ ، ھازىر بىزنىڭ لۇغەت تەركىبىمىزدە چەت ئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن سۆزلەر بار . مەسىلەن ، بۈگۈن ئېچىلغان كادىرلار (گەنبۇ ) يىغىنىنى ئالساق ، بۇنىڭدىكى «كادىر » دېگەن سۆز چەت ئەلدىن قوبۇل قىلىنغان . بىز يەنە چەت ئەللەرنىڭ يېڭىلىقلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىشىمىز ، ئۇلارنىڭ ئىلغار داۋلىلىرىنىلا قوبۇل قىلىپ قالماي ، بەلكى ئۇلارنىڭ يېڭى سۆزلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم . ئۈچىنچى ، بىز يەنە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تىلىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىمىز لازىم . بىز تىلنى تىرىشىپ ئۆگەنمىگەنلىكىمىزدىن ، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان جانلىق نەرسىلەردىن تولۇق ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنالمايۋاتىمىز . ئەلۋەتتە ، بىز ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان سۆز ۋە ئىبارىلەرنى قوللىنىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز ، بۇنىسى جەزمەن . لېكىن ، ياخشى ۋە ھېلىمۇ كېرەككە كېلىدىغان نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم . ھازىر پارتىيە باگوسى بىلەن قاتتىق زەھەرلەنگەن كىشىلەر خەلق تىلى ، چەت ئەل تىلى ۋە قەدىمكى كىشىلەر تىلىدىكى كېرەكلىك نەرسىلەرنى قاتتىق بېرىلىپ ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامما ئۇلارنىڭ قۇرۇق ، تېتىقسىز تەشۋىقىنى ئالقىشلىمايدۇ ، بىزگىمۇ مۇنداق ناكا ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تەشۋىقاتچىلار كېرەك ئەمەس . كىملەر تەشۋىقاتچىلار ؟ ئوقۇتقۇچىلار ، مۇخبىرلار ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىلا تەشۋىقاتچى بولۇپ قالماستىن ، بىزنىڭ بارلىق كادىرلىرىمىزمۇ تەشۋىقاتچىلاردۇر . مەسىلەن ، ھەربىي قوماندانلارنى ئالساق ، ئۇلار تاشقىرىغا خىتابنامە چىقارمىسىمۇ ، لېكىن جەڭچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ ، خەلق بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ ، بۇ تەشۋىقات بولماي نېمە ؟ بىر كىشى باشقىلارغا سۆز قىلىدىكەن ، ئۇ تەشۋىقات خىزمىتىنى قىلغان بولىدۇ . پەقەت ئۇ گاچا بولمىسىلا ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن يولداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تىل ئۆگەنمەي بولمايدۇ .

پارتىيە باگوسىنىڭ بەشىنچى جىنايىتى : ئا ، ب ، س ، د لارغا بۆلۈش ، جۇڭيى دورىخانىسى ئېچىش . جۇڭيى دورىخانىسىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار ، ئۇ يەردىكى دورا ئىشكاپلىرىدا نۇرغۇن كاتەك ـ كاتەك تارتمىلار بار ، ھەربىر تارتمىنىڭ ئۈستىگە دورىلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان ، داڭگۈي دەمسىز ، شۈدى دەمسىز ، دەيخۇاڭ دەمسىز ، ماڭشياۋ دەمسىز ، نېمە لازىم بولسا شۇ تېپىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلنى بىزنىڭ يولداشلىرىمىزمۇ ئۆگىنىۋالغان . ئۇلار ماقالە

يازسا ، نۇتۇق سۆزلىسە ، كىتاب يازسا ، دوكلات يازسا ، بىرىنچىدىن ، بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ، تۆتىنچىلەرگە ؛ ئىككىنچىدىن ، I ، II ، III ، IV لەرگە ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئا ب ، س ، د لارغا ؛ تۆتىنچىدىن ، ئا ) ، ب ) ، س ) ، د ) لارغا ئايرىيدۇ ، يەنە چوڭ A ، B ، C ، D ۋە كىچىك a ، b ، c ، d لارمۇ بار ؛ تېخى ئەرەبچە رەقەملەرمۇ بار ، مۇشۇنداق ناھايىتى جىق ! ھېلىمۇ ياخشى ، قەدىمكى كىشىلەر ۋە چەت ئەل كىشىلىرى بىزنىڭ جۇڭگىيى دورىخانى-سىنى ھېچ قىينالماي ئېچىشمىز ئۈچۈن ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئالامەتلەرنى ئىشلەپ قويغاندى-كەن . بىرپارچە ماقالە مۇشۇنداق ئالامەتلەر بىلەن تولسا ، ئۇنىڭدا مەسىلە قويۇلمىسا ، تەھلىل قىلىنمىسا ۋە ھەل قىلىنمىسا ، نېمىنى ياقلاپ ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمىسە ، ئۇنى دېسۇن ، بۇنى دېسۇن ، بەربىر ، جۇڭگىيى دورىخانىسى بولۇپ قالىدۇ ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھەقىقىي مەزمۇن بولمايدۇ . مەن ، ئا ، ب ، س د لارنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ ، دەۋاتقىنىم يوق ، مەسىلىگە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ناتوغرا ، دەۋاتىمەن . ھازىر كۆپلىگەن يولداشلار جۇڭگىيى دورىخانىسى ئېچىشتەك مۇشۇنداق ئۇسۇلدىن لەززەتلىنەمەكتە ، ھەقىقەتتە بۇ — بىر خىل ئەڭ تۆۋەن ، ئەڭ گۆدەكلەرچە ، ئەڭ چاكىنا ئۇسۇلدۇر . بۇنداق ئۇ-سۇل — شەكىلۋازلىق ئۇسۇلىدۇر ، شەيئىلەرنى ئىچكى باشلىنىشلىرىغا قاراپ خىللارغا بۆلمەي ، تاشقى ئالامەتلىرىگە قاراپ خىللارغا بۆلگەنلىكتۇر . شەيئىلەرنىڭ تاشقى ئالامەتلىرى-گىلا قاراپ ، ئۆزئارا ئىچكى باغلىنىشلىرى يوق بىر دۆۋە چۈشەنچىلەرنى قاتار تىزىپ ، بىر ماقالە ، بىر نۇتۇق ياكى بىر دوكلات قۇراشتۇرۇپ چىقىش ئۇسۇلىنى قوللانغۇچى چۈشەنچىلەر ئويۇنى ئوينىغان بولىدۇ ، باشقىلارنىمۇ مۇشۇنداق ئويۇننى ئويناشقا باشلاپ ، كىشىلەرنى مەسىلىگە باش قاتۇرماي ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى مۇھاكىمە قىلماي ، پەقەت ئا ، ب ، س ، د لاردىن ئىبارەت ھادىسىلەر تىزىمى بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ . مەسىلە دېگەن نېمە؟ مەسىلە — شەيئىلەرنىڭ زىددىيىتىدۇر . قەيەردە ھەل قىلىنمىغان زىددىيەت بولسا ، شۇ يەردە مەسىلە بولىدۇ . مەسىلە بولىدىكەن ، قانداق بولمىسۇن ، بىر تەرەپنى ياقلاپ ، ئىككىنچى تەرەپكە قارشى تۇرۇشۇڭ ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭ كېرەك . مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئالدى بىلەن مەسىلىنىڭ ، يەنى زىددىيەتنىڭ ئىككى ئاساسىي تەرىپىنى قىسقىچە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم ، شۇنداق قىلغاندىلا ، زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ ، بۇ — مەسىلە تېپىش جەريانىدۇر . قىسقىچە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن مەسىلە تاپقىلى ۋە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ ، لېكىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ . مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، يەنە سىستېمىلىق ، پۇختا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش كېرەك ، بۇ — تەھلىل قىلىش جەريانى-دۇر . مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىمۇ تەھلىل قىلىش لازىم ، ئۇنداق قىلمىساڭ ، بىر دۆۋە شەيئىلەرنىڭ مۇجمەل ۋە چىگىش ھادىسىلىرى ئالدىدا ، مەسىلىنىڭ ، يەنى زىددىيەتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن . بۇ يەردە ئېيتىلغان تەھلىل قىلىش جەريانى سىستېمىلىق ، پۇختا تەھلىل قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ . كۆپ چاغلاردا مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ، لېكىن ھەل قىلىنمايدۇ ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرى تېخى ئېچىپ تاشلانمىغان ، ئەنە شۇنداق سىستېمىلىق ، پۇختا تەھلىل قىلىش جەريانىدىن تېخى ئۆتكۈزۈلمىگەن ، شۇڭا مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى تېخى ئايدىڭلاشمىغان بولىدۇ ، ئومۇملاش-تۇرۇش خىزمىتىنى قىلغىلى بولمايدۇ ، مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلغىلىمۇ بولمايدۇ . بىر ماقالە ياكى بىر نۇتۇق ئەگەر مۇھىم بولسا ، يېتەكچىلىك خاراكتېرىدە بولسا ، ئۇنىڭدا بىرەر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ، ئارقىدىنلا تەھلىل قىلىشقا ، ئاندىن كېيىن ئومۇملاشتۇرۇشقا ،

مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ، ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ ، دېمەك ، بۇنىڭدا شەكىللىۋازلىق ئۇسۇلى كارغا كەلمەيدۇ . بۇنداق گۆدەكلەرچە ، تۆۋەن ، چاكىنا ، باش قاتۇرمايدىغان شەكىللىۋازلىق ئۇسۇل پارتىيىمىزدە كەڭ تارالغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئېچىپ تاشلاش لازىم ، شۇنداق قىلغاندىلا ، كۆپچىلىك ماركسىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشنى ، ئوتتۇرىغا قويۇشنى ، تەھلىل قىلىشنى ۋە ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ ، ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىز غەلىبە قازىنىدۇ .

پارتىيە باگوسىنىڭ ئالتىنچى جىنايىتى : مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ، ھەممىلا جايدا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈش . يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار ، بىر تەرەپتىن ، گۆدەكلىكتىن كېلىپ چىققان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىنمۇ كېلىپ چىققان . يۈز يۇيۇشنى مىسالغا ئالساق ، بىز ھەر كۈنى يۈزىمىزنى يۇيۇپ تۇرىمىز ، نۇرغۇن كىشىلەر بىر قېتىم يۇيۇش بىلەن قالمايدۇ ، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ، چالا قالدىمىكىن دەپ ئەينەككە قارايدۇ ، بىر قاتار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ (ئومۇمىي كۈلكە) . قاراڭلار ، بۇ نەقەدەر مەسئۇلىيەتچانلىق ! بىز ماقالە يازغاندا ، نۇتۇق سۆزلىگەندە ، ئەنە شۇ يۈز يۇغاندەك مەسئۇلىيەتچان بولساق يامان بولماس ئىدى . ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولمايدىغان نەرسىنى چىقارماسلىق كېرەك . بۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك — تە ! بىر كىشى تاسادىپىي بىر — ئىككى كۈن يۈزىنى يۇماي قالسا ، ئەلۋەتتە ، ياخشى بولمايدۇ ، يۇغاندىمۇ ، يۈزىنىڭ بىر — ئىككى يېرىدە كىر قالسا ، بۇمۇ چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ ، لېكىن بۇنىڭ ھېچقانداق زور خەۋپى يوق . ماقالە يېزىش ، نۇتۇق سۆزلەش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ ، ئۇ پەقەت كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر ، يولداشلىرىمىز ، ئەكسىچە ، بۇنىڭغا يۈزە قارايدۇ ، بۇ — مۇھىم ئىش بىلەن مۇھىم بولمىغان ئىشنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشتۇر . كۆپلىگەن كىشىلەر ، ماقالە يېزىشتا ، نۇتۇق سۆزلەشتە ئالدىن تەتقىق قىلمىسىمۇ ، ئالدىن تەييارلىق كۆرمىسىمۇ بولىدۇ ، دەپ ئويلايدۇ ؛ ماقالىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ، يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ ئەينەككە قارىغاندەك ، بىرقانچە قېتىم كۆرۈپ چىقماستىن ، كەلسە — كەلمىسە ئېلان قىلىۋېرىدۇ . نەتىجىدە كۆپىنچە «قەلەم تەۋرەتسە مىڭ سۆز يازىدۇ ، ئەمما ماۋزۇدىن 10 مىڭ يول يىراق كېتىدۇ» ، ئۆزى تالانت ئىگىسىدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، ھەممىلا جايدا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ . مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاجىز بولۇشتەك بۇنداق يامان ئادەتلەر تۈزىتىلىشى لازىم ، شۇ چاغدىلا ياخشى بولىدۇ .

يەتتىنچى جىنايىتى : پۈتۈن پارتىيىگە زەھەر تارقىتىش ، ئىنقىلابقا زىيان يەتكۈزۈش .

سەككىزىنچى جىنايىتى : كەڭ تارقىلىپ كېتىپ ، دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايىئاپەت يەتكۈزۈش . بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئۆز — ئۆزىدىنلا چۈشىنىشلىك ، كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق . دېمەك ، پارتىيە باگوسى ئىسلاھات قىلىنمىسا ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويۇپ بېرىلسە ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولىدۇ ، ناھايىتى يامان دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ . پارتىيە باگوسىنىڭ ئىچىگە سۇبيېكتىپچىلىق ، مەزھەپچىلىك زەھەرلىرى يوشۇرۇنغان ، بۇ زەھەرلەر تارقىلىپ كەتسە ، پارتىيىگە ، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ .

يۇقىرىدىكى سەككىز ماددا — بىزنىڭ پارتىيە باگوسىنى ئەيىبلەپ چىقارغان خىتابنامىمىزدۇر .

بۇ پارتىيە باگوسى شەكلى ئىنقىلابىي روھنى ئىپادىلەشكە ئوڭايلىق بەرمەيلا قالماي ،

بەلكى ئىنقىلابىي روھنى ناھايىتى ئاسان بوغۇپ قويىدۇ . ئىنقىلابىي روھنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، پارتىيە باگوسىنى چۆرۈپ تاشلاپ ، جانلىق ، يېڭى ، كۈچلۈك ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ئىستىلىنى قوللىنىش لازىم . بۇنداق ئەدەبىيات ئىستىلى خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى ، لېكىن تولۇقلانماي ، ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلانماي كەلدى . بىز چەت ئەل باگوسى ۋە پارتىيە باگوسىنى يىمىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن ، يېڭى ئەدەبىيات ئىستىلى تولۇقلىنالايدۇ ، ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنالايدۇ ، پارتىيىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمۇ ئالغا سىلجىيدۇ .

پارتىيە باگوسى ماقالە ۋە نۇتۇقلاردىلا بولۇپ قالماي ، مەجلىس ئېچىشتىمۇ بار . «1 . مەجلىس ئېچىش ، 2 . دوكلات قىلىش ، 3 . مۇزاكىرە قىلىش ، 4 . خۇلاسە چىقىرىش ، 5 . مەجلىس يېپىش» . ھەممە جايدا چوڭ ـ كىچىك مەجلىسلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ ئۆلۈك تەرتىپ قوللىنىلىدىغان بولسا ، بۇمۇ پارتىيە باگوسى بولمامدۇ ؟ مەجلىستە «دوكلات» قىلىنغاندا ، دوكلات كۆپىنچە «1 . خەلقئارا ئەھۋال ، 2 . ئىچكى ئەھۋال ، 3 . چېگرا رايون ئەھۋالى ، 4 . ئۆز ئورنىنىڭ ئەھۋالى» ئۈستىدە بارىدۇ ، مەجلىس كۆپىنچە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە داۋام قىلىدۇ ، سۆزى يوق كىشىلەرمۇ بىر قېتىم سۆزلەپ قويىدۇ ، سۆزلىمىسە كىشىلەر ئالدىدا خىجالەتتە قالغاندەك بولىدۇ . قىسقىسى ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىماسلىق ، قېتىپ قالغان كونا شەكىل ، كونا ئادەتلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشتەك ھادىسىلەرنى ئىسلاھات قىلىش لازىم ئەمەسمۇ ؟

ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەر مىللەتلەشتۈرۈش ، پەننىيلەشتۈرۈش ۋە ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ ، بۇ ناھايىتى ياخشى . لېكىن «لاشتۇرۇش» باشتىن ـ ئاياغقىچە ، ئىچىدىن ـ تېشىغىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېمەكتۇر ؛ بەزى كىشىلەر «ئازراق» مۇ ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ ، «لاشتۇرۇش» نى تەشەببۇس قىلىۋاتىدىغۇ ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يولداشلارنىڭ ئالدى بىلەن «ئازراق» ئىشلەپ ، ئاندىن «لاشتۇرۇش» قا ئۆتۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن ، ئۇنداق بولمىغاندا ، ئاۋۋالقىدەكلا دوگماتىزم ۋە پارتىيە باگوسىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ ، بۇ نەزەرى ئۈستۈن ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ ، ئارزۇسى چوڭ ، قابىلىيىتى تۆۋەن ، دېگەنلىك بولىدۇ ، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدۇ . مەسىلەن ، ئاغزىدا ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى سۆزلەپ ، ئەمەلدە ئاممىۋىلاشتۇرمايدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشى لازىم ، ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامما ئارىسىدىن بىرەر كىشى يولدا ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالسا : «ئەپەندى ، قېنى ماڭا بىر ئاممىۋىلاشتۇرۇپ كۆرسىتىڭا» ، دەپ مات قىلىپ قويىدۇ . ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى ئاغزىدا تەشەببۇس قىلىپلا قالماي ، بەلكى ئۇنى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان كىشى ھەقىقىي تۈردە پۇقرالاردىن ئۆگىنىشى كېرەك ، ئۇنداق بولمىغاندا ، «لاشتۇرۇش» نى ، بەرىبىر ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ . ئاممىۋىلاشتۇرۇش دەپ ھەر كۈنى ۋارقىراپ يۈرىدىغان بەزى كىشىلەر پۇقرالار تىلىدا ئىككى ئېغىز سۆزنىمۇ ئوخشىتىپ قىلالمايدۇ ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ پۇقرالاردىن ئۆگىنىشكە بەل باغلىمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ ، ھەقىقەتتە ، ئۇلارنىڭ غەرىزى يەنىلا ئاممىۋىلاشتۇرماسلىق .

بۈگۈن مەجلىستە «تەشۋىقات قوللانمىسى» ناملىق كىتابچە تارقىتىلدى ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت پارچە ماقالە بار ، مەن يولداشلارنىڭ بۇنى بىرقانچە قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن .

بىرىنچى ماقالە «ۋ ك پ (ب) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» دىن ئۈزۈندە قىلىپ ئېلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا لېنىننىڭ قانداق تەشۋىق قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ . لېنىننىڭ تەشۋىقات

ۋەرەقىلىرى يېزىش ئەھۋالى ئۈستىدە مۇنداق دېيىلىدۇ : «پېتېربۇرگ ‹ئىشچىلار سىنىپىنى
ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش ئىتتىپاقى › ، لېنىننىڭ يولباشچىلىقى بىلەن رۇسىيىدە بىرىنچى
بولۇپ سوتسىيالىزمنى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە باشلىدى . ئۈز گۇرۇپپىد-
لىرىغا قاتناشقۇچىلار ئارقىلىق كارخانىلاردىكى ئەھۋالدىن ياخشى خەۋەردار بولغان ‹كۈرەش
ئىتتىپاقى › ، بىرەر فابرىكىدا ئىش تاشلاش بولغان چاغدا ، دەررۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ،
سوتسىيالىستىك خىتابنامىلەر چىقىرىپ مەدەت بېرىپ تۇراتتى . بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدە
فابرىكا ئىگىلىرىنىڭ ئىشچىلارنى قىسىشلىرى پاش قىلىناتتى ، ئىشچىلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتلە-
رى ئۈچۈن قانداق كۈرەش ئېلىپ بېرىشلىرى كېرەك ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلەتتى ، ئىشچد-
لارنىڭ تەلەپلىرى يېزىلاتتى . تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدە كاپىتالىزمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەرەزلد-
رى ، ئىشچىلارنىڭ گادايلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقلىرى ، ئۇلارنىڭ 12 — 14
سائەتلىك ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر ئەمگەكلىرى ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقسىزلىقلىرىغا ئوخشاش
ھەقىقىي ئەھۋاللار قالدۇرۇلماي ئېچىپ تاشلىناتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بۇ تەشۋىقات
ۋەرەقىلىرىدە يەنە تېگىشلىك سىياسىي تەلەپلەرمۇ قويۇلاتتى » .

«ياخشى خەۋەردار بولغان » ـ ھە ! «قالدۇرۇلماي ئېچىپ تاشلانغان » ـ ھە !

«لېنىن 1894 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى بابۇشكىننىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئەنە شۇنداق
بىرىنچى تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ھەم پېتېربۇرگدىكى سېمەننىكوف زاۋۇتىنىڭ ئىش تاشلىغان
ئىشچىلىرىغا قارىتىلغان مۇراجىئەتنامىنى يېزىپ چىقتى » .

بىر تەشۋىقات ۋەرەقىسى يېزىش ئۈچۈن ئەھۋالدىن ياخشى خەۋىرى بار يولداشلار بىلەن
مەسلىھەتلىشىش كېرەك . لېنىن ئەنە شۇنداق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئاساسلىنىپ
ماقالە يازاتتى ۋە ئىشلەيتتى .

«مۇنداق ھەربىر تەشۋىقات ۋەرەقىسى ئىشچىلارنىڭ روھىنى ناھايىتى كۆتۈرەتتى . ئىش-
چىلار سوتسىيالىستلارنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى ، ئۇلارنى ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىنى
كۆردى » [6] .

بىز لېنىننى ياقلىغۇچىلارغۇ ؟ ئەگەر شۇنداق ئىكەنمىز ، لېنىننىڭ روھى بويىچە ئىشلد-
شىمىز لازىم . باشتىن ـ ئاياغ قۇرۇق سۆز ، بىمەنە سەپسەتە ساتماسلىقىمىز ؛ ئوبيېكتقا
قارىماي ، نىشانسىز ئوق ئاتماسلىقىمىز ؛ شۇنىڭدەك ئۆزىمىزنىڭكىنىلا راست قىلىپ ، قۇرۇق
گەپ ساتماسلىقىمىز ، بەلكى لېنىنغا ئوخشاش ئىشلىشىمىز لازىم .

ئىككىنچى ماقالە دىمىتروفنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا
قىلغان دوكلاتىدىن ئۈزۈندە قىلىپ ئېلىنغان . دىمىتروف نېمىلەرنى دېگەنىدى ؟ ئۇ مۇنداق
دېگەنىدى : «ئاممىغا كىتابتىكى فورمىلار بىلەن ئەمەس ، ئاممىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كۈرىشىۋات-
قان جەڭچىلەرنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم ، بۇ جەڭچىلەرنىڭ ھەربىر
سۆزى ، ھەربىر ئوي ـ پىكرى مىلىيونلىغان ئاممىنىڭ ئوي ـ پىكرى ۋە كەيپىياتىنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ » .

«ئەگەر بىز ئامما چۈشىنىدىغان سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالمىساق ، ئۇ چاغدا كەڭ ئامما
بىزنىڭ قارارلىرىمىزنى ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ . بىز ھەر دائىم ئاددىي ، كونكرېت ، ئاممىغا
تونۇش ۋە چۈشىنىشلىك ئوبرازلار بىلەن سۆزلەشكە تېخى ماھىر ئەمەسمىز . بىز تېخى
پىششىق يادلىۋالغان ئابستراكت فورمىلالارنى چۆرۈپ تاشلىيالمىدۇق . ئەمەلىيەتتە ، سىلەر
پەقەت بىزنىڭ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىمىز ، گېزىتلىرىمىز ، قارارلىرىمىز ۋە تېزىسلىرىمىزغا
قاراپ باقساڭلارلا ، شۇنى كۆرەلەيسىلەر : بۇ نەرسىلەر كۆپىنچە شۇنداق تىل بىلەن يېزىلغانكى

ۋە شۇنداق ئېغىر يېزىلغانكى ، بۇنى ئاددىي ئىشچىلارنىڭ چۈشىنىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا پارتىيىمىزدىكى كادىرلارنىڭمۇ چۈشىنىشى قىيىن» .

قانداق؟ بۇ ، بىزنىڭ كېسەللىرىمىزنىڭ دەل ئۆزىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس ، پارتىيە باگۇسى جۇڭگودا بار ، چەت ئەللەردىمۇ بار ئىكەن ، مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئومۇمىي كېسەل ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ . (كۈلكە) . لېكىن ، بىز يولداش دىمىتروفنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ كېسىلىمىزنى چاپسان ساقايتىۋالساق ياخشى بولاتتى .

«بىزنىڭ ھەربىرىمىز تۆۋەندىكى باشلانغۇچ قائىدىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز ، ئۇنى قانۇن قىلىۋېلىشىمىز ، بولشېۋىستىك قانۇن قىلىۋېلىشىمىز لازىم؛ بىرنەرسە يازغىنىڭدا ياكى نۇتۇق سۆزلىگىنىڭدە ھەر ۋاقىت ھەربىر ئاددىي ئىشچىنىڭ چۈشىنىشىنى ، چاقىرىقىڭغا ئىشىنىشىنى ۋە ساڭا ئەگىشىشكە بەل باغلىشىنى ئويلىشىڭ كېرەك . زادى كىم ئۈچۈن يازىدىغانلىقىڭنى ۋە كىمگە سۆز قىلىدىغانلىقىڭنى ئويلىشىڭ كېرەك»[7] .

بۇ — كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاغرىق داۋالاش ئۈچۈن بىزگە بەرگەن دورا قەغىزى ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشىمىز لازىم . بۇ — «قائىدە» - دە !

ئۈچىنچى ماقالە «لۇشۈن ئەسەرلىرى» دىن تاللىۋېلىنغان ، بۇ — لۇشۈننىڭ «بېيدۇ زاجىز»[8] ژۇرنىلىنىڭ ماقالىنى قانداق يېزىش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىگە جاۋابەن يازغان خېتى . ئۇ ، نېمىلەرنى كۆرسەتتى؟ ئۇ ماقالە يېزىشنىڭ جەمئىي سەككىز قائىدىسىنى كۆرسەتتى ، مەن ھازىر ئۇنىڭدىن بىرنەچچىسىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن .

بىرىنچىسى : «تۈرلۈك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، ئازغىنا كۆرۈش بىلەنلا يازماستىن ، كۆپ كۆرۈش» .

گەپ يېرىم - يارتا ئىشلار ئۈستىدە ئەمەس ، «تۈرلۈك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش» ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ . گەپ چالا - بۇلا كۆرۈش ئۈستىدە ئەمەس ، «كۆپ كۆرۈش» ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ . بىز قانداق قىلىۋاتىمىز؟ دەل ئۇنىڭ تەتۈرىچە ، ئازغىنا كۆرۈش بىلەنلا يېزىۋاتمايمىزمۇ؟

ئىككىنچىسى : «يازالمىغان چاغدا ، زورلىنىپ يازماسلىق» .

بىز قانداق قىلىۋاتىمىز؟ مېڭىمىزدە ھېچ نەرسە يوقلۇقى ئوپئوچۇق تۇرۇقلۇق ، ھەدەپ يېزىشقا زورلىنىۋاتمايمىزمۇ؟ تەكشۈرمەي ، تەتقىق قىلماي ، قەلەمنى ئېلىپلا «زورلىنىپ يېزىش» — مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسىدۇر .

تۆتىنچىسى : «يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم كۆرۈپ چىقىش ، بولسىمۇ بولىدىغان ، بولمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەر ، جۈملىلەر ، ئابزاسلارنى قىلچە ئايىماستىن چىقىرىپ تاشلاش لازىم . ھېكايە يېزىشقا بولىدىغان ماتېرىياللارنى قىسقارتىپ سۈشىي يېزىش كېرەككى ، سۈشىي يېزىلىدىغان ماتېرىياللارنى ھەرگىز ئۇزارتىپ ھېكايە يازماسلىق كېرەك» .

كۆڭ فۇزى «تەكرار پىكىر قىلىش»[9] نى تەشەببۇس قىلغان ، خەن يۈمۇ «ئىش - ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى پىكىر قىلىشتا»[10] دېگەن ، بۇلار — قەدىمكى زاماندىكى ئىشلاردۇر . ھازىرقى ئىشلار ، مەسىلىلەر ناھايىتى مۇرەككەپ ، بەزى ئىشلاردا ھەتتا 3 — 4 قېتىم ئويلاشمۇ ئازلىق قىلىدۇ . لۇشۈن «ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم كۆرۈپ چىقىش كېرەك» دەيدۇ ، كۆپ بولغاندىچۇ؟ بۇنى ئۇ ئېيتمىغان ، مېنىڭچە ، مۇھىم ماقالىلەرنى ئون

نەچچە قېتىم كۆرۈپ چىقىپ ، ئىخلاس بىلەن تۈزىتىپ ، ئاندىن ئېلان قىلىش كېرەك . ماقالە — ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسىدۇر ، شەيئىلەر بولسا چىگىش ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ ، ئۇلارنى تەكرار تەتقىق قىلىش لازىم ، شۇنداق قىلغاندىلا ، مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ ؛ بۇنىڭدا بىپەرۋالىق قىلىش — ماقالە يېزىشنىڭ باشلانغۇچ ساۋادىنىمۇ بىلمىگەنلىكتۇر .

ئالتىنچىسى : «ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان تەسۋىرىي سۆزلەرنى ياساپ چىقىماسلىق» .

بىز «ياساپ چىققان» نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتتى ، قىسقىسى ، ئۇلارنى «ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ» . جۈملىلەرنىڭ ئۇزۇنى 40 — 50 سۆزدىن تۈزۈلگەن ، ئۇ «ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان تەسۋىرىي سۆزلەر» بىلەن تولغان . لۇشۈننى ھىمايە قىلىمىز دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر — دەل لۇشۈنگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلاردۇر !

ئاخىرقى ماقالە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا قوبۇل قىلىنغان دوكلاتنىڭ تەشۋىقاتنى مىللىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا دېگەن قىسمى . 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى 1938 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەنىدى ، بىز ئۇ چاغدا : «جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا سۆزلەنگەن ماركسىزم ئابستراكت ، پۇچەك ماركسىزملا بولىدۇ» ، دېگەنىدۇق . بۇ ، ماركسىزم توغرىسىدا قۇرۇق سەپسەتە سېتىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك ؛ جۇڭگودا ياشىغۇچى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ماركسىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە باغلاپ تەتقىق قىلىشى كېرەك ، دېگەنلىكتۇر .

«چەت ئەل باگۇسى بىكار قىلىنىشى ، پۇچەك ، ئابستراكت مۇقاملار ئازراق ئېيتىلىشى ، دوگماتىزم دەم ئېلىشى ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يېڭى ، جانلىق ، جۇڭگو پۇقرالىرى ياقتۇرىدىغان جۇڭگو ئىستىلى ۋە جۇڭگو ئۇسلۇبى ئېلىشى كېرەك . ئىنتېرناتسىئوناللىق مەزمۇن بىلەن مىللىي شەكىلنى ئاجرىتىۋېتىش — ئىنتېرناتسىئونالىزمنى بىرئازمۇ چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى ، بىز بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك . بۇ مەسىلىدە ، بىزنىڭ قاتارىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەزىبىر ئېغىر خاتالىقلارنى ئەستايىدىل تۈگىتىشىمىز كېرەك» .

بۇ يەردە ، چەت ئەل باگۇسى بىكار قىلىنسۇن دېيىلىۋاتسا ، بەزى يولداشلار ئەمەلىيەتتە تېخى ئۇنى تەشەببۇس قىلماقتا . بۇ يەردە پۇچەك ، ئابستراكت مۇقاملار ئازراق ئېيتىلسۇن دېيىلىۋاتسا ، بەزى يولداشلار ئۇنى زورمۇزور كۆپرەك ئېيتماقتا . بۇ يەردە ، دوگماتىزملىق دەم ئالسۇن دېيىلىۋاتسا ، بەزى يولداشلار ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزماقتا . قىسقىسى ، كۆپلىگەن كىشىلەر 6 - ئومۇمىي يىغىن ماقۇللىغان دوكلاتنى ، گويا ئۇنىڭ بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتقاندەك ، قۇلىقىدا تۇتمايۋاتىدۇ .

مەركەز ھازىر پارتىيە باگۇسىنى ، دوگماتىزمنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى چوقۇم ئۇزۇل - كېسىل چۆرۈپ تاشلاشنى قارار قىلدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردە كۆپرەك سۆزلىدىم . يولداشلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنى مۇلاھىزە قىلىشىنى ، تەھلىل قىلىشىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھەركىمنىڭ ئۆز ئەھۋالىنىمۇ تەھلىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . ھەربىر كىشى ئۆزى ئۇستىدە ياخشىراق ئويلىشى ، شۇنىڭدەك ئۆزى ئويلاپ ئېنىقلىغان نەرسىلەرنى سىرداش دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئەتراپتىكى يولداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشى كېرەك .

# ئىزاھلار

① بۇ —— يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەن كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق .

② يېڭى ۋە كونا باگۇلارغا قارشى تۇرۇش —— لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئىزچىل روھى . لۇشۈن «ساختا ئەركىنلىك» دېگەن كىتابىدىكى «تەكتىگە يېتىش» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ : «باگۇ —— ئەسلىدە ھاماقەتلىكنىڭ مەھسۇلى . بىرىنچىدىن ، ئىمتىھان ئىشلىرىغا قارايدىغان ئەمەلدارلار ئاۋارىگەرچىلىكتىن قاچاتتى —— ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ مېڭىسى يېنچىپنمۇ ياغىچىدىن ياسالغان —— ئەۋلىيالارچە يېزىپ قالدۇرۇلغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ، ماقالىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشىدىكى ئۇيغۇنلۇقنى ، ماقالىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى بەلگىلىك ئۆلچەم بولمىغانلىقتىن پەرق ئېتىش تەس ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ماقالىنى بۇيرۇق بىلەن بەلگىلەنگەن ئەندىزىلەرگە مۇۋاپىق قىلىپ ، بوغۇملارغا بۆلۈپ يېزىشنى بەلگىلەيتتى ، ھەربىر ماقالىنى مۇشۇ ئەندىزە بىلەن ئۆلچەيتتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماقالىنىڭ قىممىتىنى بىر قاراشتىلا كۆرۈپ ئالالايتتى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرمۇ ئانچە كۈچ كەتمەيدۇ ، ئاۋارىچىلىك بولمايدۇ ، دەپ بىلىشەتتى . مۇنداق باگۇنىڭ يېڭىسىنىمۇ ، كونىسىنىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك» . چەت ئەل باگۇسى 4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن بەزى پۇچەك بۇرژۇئا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى راۋاجلاندۇرغان نەرسە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تارقىتىشى نەتىجىسىدە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت قوشۇنىدا ئۇزاقتىن بۇيان مەۋجۇت ئىدى . لۇشۈن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ماقالىلىرىدە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت قوشۇنىدىكى چەت ئەل باگۇسىغا قارشى تۇرغان ، ئۇ مۇنداق چەت ئەل باگۇسىنى تەنقىدلەپ : «باگۇنىڭ يېڭىسىنىمۇ ، كونىسىنىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك ، . . . مەسىلەن ، پەقەت ‹ھاقارەتلەش› ، ‹ھەيۋە قىلىش› ، ھەتتا ‹ھۆكۈم چىقىرىش› نىلا بىلىپ ، ھەر كۈنى پەيدا بولۇپ تۇرغان يېڭى پاكىتلار ، يېڭى ھادىسىلەرنى پەن ئېرىشكەن فورمىلالار بىلەن كونكرېت ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشنى خالىماي ، تەييار فورمىلالارنى كۆچۈرۈۋېلىپ ، ئۇلارنى ھەممە ئىشتا قالايمىقان قوللىنىۋەرسە بۇمۇ بىر تۈرلۈك باگۇ بولىدۇ» ، دېگەنىدى . («تەكتىگە يېتىش» كە قوشۇمچە قىلىنغان «جۇ شيۇشياغا جاۋاب خەت» كە قاراڭ) .

㊳ ③ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو ئىنقىلابى ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيە مەسىلىسى» نىڭ ئىزاھىغا قارالسۇن .

④ بۇ —— لۇشۈننىڭ «شالغۇت مۇقاملار» توپلىمىدىكى بىر ماقالىنىڭ ماۋزۇسى ، بۇ ماقالە 1932 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ ، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» نىڭ 5 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن .

⑤ شەھەردە توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي ، تىلەمچىلىك ياكى ئوغرىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان سەرگەردانلارنى شائخەيلىكلەر بىيسەن دەپ ئاتايدۇ ، ئۇلار ئادەتتە ناھايىتى ئۇرۇق كېلىدۇ .

⑥ «ۋ ك پ (ب) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» I باب 3 ـ بۆلۈمىگە قارالسۇن .

⑦ دىمىتروفنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا قىلغان خۇلاسە سۆزى —— «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپى ئۈچۈن كۈرەشەيلى» نىڭ Ⅵ قىسمى —— «پەقەت توغرا لۇشيەن بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ» غا قارالسۇن .

⑧ «بېيدۇ زاجىۋ» ژۇرنىلى —— جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 1931 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلغا قەدەر نەشر قىلىنغان ئايلىق ژۇرنال . «بېيدۇ زاجىۋ» ژۇرنىلىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب» «لۇشۈن ئەسەرلىرى» نىڭ 4 ـ تومىدىكى «ئالا كۆڭۈل» گە كىرگۈزۈلگەن .

⑨ «لۇنيۈ» دېگەن كىتابنىڭ «گۇڭيېچاڭ —— 5 ـ باب» قا قارالسۇن .

⑩ خەن يۈ —— مىلادىيە Ⅷ ئەسىردىن Ⅸ ئەسىرگىچە ياشىغان كىشى ، جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر يازغۇچىسى . ئۇ «ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە : «ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى پىكىر قىلىشتا ، بۇزۇلۇشى بىپەرۋالىق قىلىشتا» ، دېگەن .

# 2 . كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## مۇقەددىمە

ئىنسان — ئۇچۇر سۇبيېكتى ئىقتىدارىغا ئىگە ئىجتىمائىي هايۋان . ئۇ ئوزۇقلىنىش ۋە بىخەتەرلىك ئۇچۇرىغىلا ئەمەس ، يەنە زامان ، ماكان خاراكتېرلىك ، تامغىلىق ئۇچۇر ئىقتىدارىغا ئىگە .

كىتاب — يۈكسەك ئۇچۇر ۋە مۇقەددەس تامغىدىن ئىبارەت . ئىنسانىيەت يازما تارىخ ۋە كىتاب سەھىپىلىرىگە بىلىش ۋە ئىپادىلەش جەۋھەرلىرىنى يېزىق ئارقىلىق قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆز تۇرمۇشى ، ئالەم قاراشلىرى ۋە روھىيەت ئۆركەشلىرىنى قىيا تاشلارغا ، قونچاق ياكى تاش - سۆڭەك ، برونزا بۇيۇملىرىغا ، كاھىش قاچىلارغا ھەر خىل قىياپەتلىك ياكى سىمۋوللۇق رەسىم ۋە تامغا - بەلگىلەر بىلەن چېكىشكەن . ماقال - تەمسىل ، ئەپسانە ، رىۋايەت ، مەسەل ، چۆچەك ، ناخشا - قوشاق شەكلىدە ئەقىل دەستۇرلىرى تۈزۈشكەن . مانا بۇلار كىتاب شەكلىگە كىرمىگەن «كىتاب» تىن ئىبارەت .

ھازىرغىچە يېزىق شەكلىدىكى ئەڭ قەدىمكى كىتاب ئىككى دەريا — دەجلە ۋە فرات ئارىلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ مىلادىيىدىن 3 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى لايدىن بىنا ۋە قەسىرلەر ياسىغاندا لاي تاختىلارغا يېزىلغان «پايتەخت قورغۇچى گىلگامىش» داستانىدىن ئىبارەت . بۇ تۇنجى ئۇچلۇق تاياقچە - قەلەم بىلەن لاي تاختىلارغا يېزىلغان «كىتاب» تىن باشقا يەنە مىلادىيىدىن XVIII ئەسىر ئىلگىرى مىخ يېزىق بىلەن يېزىلغان «كىتاب» بابىل شاھى ھامۇرابىنىڭ 282 ماددىلىق قانۇن دەستۇرى ھېسابلىنىدۇ .

قەغەزنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغىچە تېرە ۋە مەخسۇس تەييارلانغان تاختا - تارىشلار كىتابچىلىقنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولغان . قەغەزنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى كىتابچىلىق تارىخىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ خانلىق سارايلاردا مەخسۇس مىرزاخانىلار قۇرۇلۇپ ، ئەسەرلەر قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلىدىغان بولدى . كېيىنچە ، ياغاچقا خەت ئويۇش ئارقىلىق كىتاب - رىسالىلەرنىڭ نۇسخىسىنى كۆپەيتىش ، ئارقىدىنلا تاش مەتبەئە كەشىپ قىلىندى . مىخ مەتبەئە ھازىرقى زامان كىتابچىلىقىنى رەسمىي نەشرىيات كىتابچىلىقىغا ئايلاندۇردى . كېيىنچە مىخ مەتبەئەچىلىك قوغۇشۇن تاياقچىلىرىغا ئاساسلىنىدىغان بولدى . بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق مەتبەئە تېخنىكىسى مەيدانغا كېلىپ كەڭ ئومۇملاشماقتا . مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى خۇددى كىنو ۋە تېلېۋىزوردەك جەمئىيەت نەشرىياتچىلىقى بىلەن ئائىلە نەشرىياتچىلىقى بىللە ساقلىنىدىغان يېڭى تۈزۈلمىنىڭ يېقىندىلا رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە . بۇ ، ئىنساننىڭ ئۇلۇغ ئۇچۇر ئىقتىدارىنىڭ دولقۇنسىمان تەسىر دائىرىسىنى زامان ۋە ماكان جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرگۈسى .

# ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى

كىتاب ــ كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ۋە ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ سەھىپىلەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت. كىتاب ئالدى بىلەن ئىنسان قەلبىدىكى كائىنات، ياخشى كۈتۈپخانا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كائىناتنىڭ جاھاننەما ئەينىكى بولۇپ، بۇ ئەينەكتە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن ھالقىغان دۇنياۋى ماھىيەتلەر جىلۋىلىنىدۇ. ئىنسان كىتاب ئارقىلىقلا پۈتكۈل تارىخنى قىياسەن باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر بېكون ئېيتقاندەك «كىتاب قىممەت باھا يۈكنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان كېمە». كىتاب بىزنى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنىڭ ئىزاھلىغۇچىسى، ۋارىسى قىلىدۇ. پۈتۈن ماددىي روزغارلار، بىنالار، بانكىلار، شەھەر ۋە مەملىكەتلەر، ھەتتا پۈتۈن - سۇرۇك مىللەتلەرمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ، پەقەت كىتاب يوقالمايدۇ، بىز كىتاب شاراپىتىدىن قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، خانىدانلىقلار قىسسىلىرىنى، پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت دۇردانىلىرىنى بىلەلەيمىز. ئىنسان ياراتقان مۆجىزىلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە مۆجىزە پەقەت كىتابتۇر. كىتاب ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆلمەس روھى. ئۇلۇغ تارىخىي سىمالارنىڭ ھەقىقەت يالقۇنلىرىنى تىرىكلىك دەرگاھىدا مەڭگۈ يېلىنجىتىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ئوچاق. ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا، دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ۋە تارىخ بىرلا خەزىنىگە ئىگە، ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ روھىيەت قەسىدىسى بولغان كىتابتىن ئىبارەت.

كىتاب ھەربىر شەخسنىڭ مەنىۋى فوندى ۋە ئۇنىڭ كامالەت گۇۋاھنامىسى. قەدىمكى رىم ناتىقى تىستىرون «كىتابسىز ئۆي - جانسىز تەن» دەپ توغرا ئېيتقان، كىتابسىز شەخس مەيلى ئۇ باي مىراسخور ياكى ئالتۇن خەزىنە ئىگىسى بولسۇن، ئۇ بەختسىز ۋە بەختسىزلىكىدىن خەۋەرسىز ناداندۇر. ئۇ يۈز يىل ياشىسىمۇ، مەدەنىيەت تارىخىدىن ساۋاتسىز ئۆمرىكۆتە بەندە ھېسابلىنىدۇ.

كىتاب ئۆز ئاشىقىغا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. نادانىنىڭ بىر ئەسىرلىك ئۆمرى بىلىملىك كىشىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىدىن كۆپ قىسقا ھېسابلىنىدۇ. كىتاب قەلبنى پاكلايدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانغا بېغىشلىغان نۇر - نۇسرىتىنى ھەرقانداق زىننەت بۇيۇملىرىمۇ پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇ قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ، روھىيەتنى بېيىتىپ، ئۆمۈرنى مەنىۋى بەخت ۋە يۈكسەك نەزەر بىلەن بېزەيدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ يۈزى، كۆزى ۋە سۆزىگە مۇقەددەسلىك نۇرى ئاتا قىلىدۇ. كىتاب ئاشنالىرى خۇددى ئالماستەك يارقىن بولسا، نادانلىق ئىجىللىرى بەئەينى گۆشىيىپ تۇرغان قارا تاشقا ئوخشايدۇ.

كىتاب ــ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى. لابولبى توغرا ئېيتىدۇ: «تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ھەربىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ». نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى پۇل تېجەش ئەمەس، بەلكى نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە بۇ يولدا كىتاب بىلەن ھەپىلىشىشتۇر. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەرنىڭ قەلب بايلىقى بىلەن قول ئىلكىدىكى بايلىق توغرا تاناسىپتۇر. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن ئەقىدىگە چاپلىشىۋالغان مىللەت گادايلىقتا ۋە ئۇنىڭ باش جىنايەتچىسى بولغان نادانلىقتا چىڭ ئەقىدە باغلىغان مىللەتتۇر. نادانلىقتا تارشى ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، بەخت يولى ئېچىلىدۇ، بۇ ئەپسانە ئەمەس، پولاتتەك ھەقىقەتتۇر. پۇل تاپقاندا

ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغاندەك گىلەم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر . تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئائىلىلەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇلار روناق تاپقانسېرى كىتاب سېتىۋالىدۇ . ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كىتاب مۇھىتىدا ئۆسىدۇ ، ئۆرلەيدۇ . قالاق ئەللەردىكى ئائىلىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ . ئۆيىنى ئەينەك تام ، رەڭدار گىلەم ۋە ئىشرەت جاھازلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك بولىدۇ . ئۇلار مەغرۇر ، تەنتەك ، پۇلپەز ، سۆلەتۋاز بولۇپ ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى تېزدىن چۈشكۈنلىشىدۇ . بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ !

كىتاب — لوقمان ھېكىم . كىتاب — رۇستەم پالۋان . كىتاب — بەخت قۇشى ئەنقا ، بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس ، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت !

## كىتاب دېڭىزى ۋە غەۋۋاسلىق ماھارىتى

دەۋرىمىزدە كىتاب شۇقەدەر كۆپەيدىكى ، ئۇنى رەقەم بىلەن ئىپادىلەشمۇ مۇشكۇل بولدى . ئەمما ، ھېلىمۇ كىتاب يۈزىگە چىقمىغان بوشلۇقلار ناھايىتى نۇرغۇن . دەرۋەقە ، «كىتابنى ئاچسىلا مەنپەئەت بېرىدۇ» ، ئەمما كىتاب دېڭىزىدا قانداق جاۋاھىرات يىغىدىغان غەۋۋاس بولۇش ، بۇ مۇھىم ماھارەت .

كىتابلارنى دېڭىز قىلىۋەتكەن نەرسە ، ئەسلى مەنبە ، ئاساسىي نەزەرىيە مۇتەپەككۇرانە مۇھاكىمە قىلغۇچى كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى بولماستىن ، بەلكى تارماقلاتما ، يەشمە ، ۋەقە بايان ، ئىچ پۇشقى ، قۇراشتۇرما كىتابلارنىڭ كىتاب بازىرىغا كەلكۈندەك كىرىپ كېلىشىدىن بولدى . بۇ ھال ھەربىر ئەقىل ئىگىسىدىن كىتاب پەرق ئېتىش ۋە كىتاب تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئېيتىش كېرەككى ، ھەقىقىي دانىشمەنلەر كىتابنى ھەممىدىن كۆپ كۆرگەن كىشىلەر بولۇشى ناتايىن ، ھەقىقىي ئالىملارمۇ ئەڭ نۇرغۇن كىتاب يازغان كىشىلەر بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس ، بۇ بىزگە خۇددى سۇغا تاشلانغان نەرسىلەرنىڭ چۆكۈشى ياكى لەيلىشى ماكان ۋە زامان جەھەتتە بىردەك بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ھەقىقەتنى ، يەنى كىتابلار بىرقانچە سىزىق ۋە قاتلام ، تۈر ۋە قىممەتكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ .

كىتاب ئوقۇغۇچى كىشى ئۈچۈن ئومۇمەن ۋەزىيەت ۋە سىياسەتكە ئائىت كىتاب ماتېرىياللاردىن تاشقىرى ، ئۈچ خىل كىتاب ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ :

بىرىنچى ، ئاساسىي بىلىم كىتابلىرى . بۇ خىل كىتابلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . ئۇ ، چوقۇم ئالىي مەلۇماتلىق سەۋىيىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شەرت ـ بالداق بولغان كىتابلار بىلەن مەلۇم ساھە بويىچە ئىزدىنىش ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لازىم بولغان كىتاب ماتېرىياللاردىن ئىبارەت .

ئىككىنچى ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتقۇچى كىتابلار . بۇ خۇددى ئاۋئاماتكىغا ياندىشىپ يۈرگەن پاراخوت ـ كېمىلەرگە ئوخشاش ئالاقىدار ئوبيېكتلاردىن بىلىم ۋە ئۈچۈر بېغىشلىغۇچى كىتابلار بولۇپ ، ئۇ ئاساسىي بىلىم كىتابلىرىنىڭ تاشقى پوستىنى تەشكىل قىلىدۇ .

ئۈچىنچى ، بەدىئىي لەززەت بېغىشلىغۇچى كىتابلار . بۇ خىل كىتابلارغا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت ئەسەر ياكى ئويۇن ـ كۆرگەزمىلەر ، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرنەك ، قوللانما ، مەسلىھەت بەرگۈچى كىتابلار كىرىدۇ .

مېنىڭچە ، كىتابلارنى تاللاپ كۆرۈش بىلەن ئۇدۇل كەلگىنىچە كۆرۈش ، قاتلام نۇقتا ،

چەمبەر تۈزۈلمىسىگە ئايرىپ كۆرۈش بىلەن خالىغانچە كۆرۈشنىڭ كىتاب كۆرگۈچىگە بولىدى۔
غان تەسىرى ، بولۇپمۇ نەچچە ئون يىلدا مۇنتىزىم ئوقۇتۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيە۔
لەپ چىقىشقا سىلىشتۇرغاندا ھاسىل قىلىدىغان ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ .

كىتاب كۆرۈش ئىغىر زېھنىي ئەمگەك ، شۇنىڭدەك يەنە كۆڭۈللۈك ساياھەت . ھەر خىل كىتابلارغا بولغان كىتاب كۆرۈش تەلىپى ۋە ئۇسۇلى بىردەك بولمايدۇ . بىر قۇر كۆرۈپ قويىدىغان ، مەلۇم باب ۋە سەھىپىلىرىنى تاللاپ كۆرىدىغان ، تەپسىلىي كۆرىدىغان ، تەكرار كۆرىدىغان كىتابلار بولىدۇ . بەزى كىتابلارنىڭ پەقەت مۇندەرىجىلىرىنى ۋاراقلاپلا ، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ قويۇپ قويۇلىدۇ . ئومۇمەن ، تەپسىلىي ۋە تەكرار كۆرۈلىدىغان كىتابلار ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ، قەلەم ـ خاتىرە ھازىرلىنىدۇ . ئۇنداق كىتابلارنىڭ بىرقانچىسىنى بىر يۈرۈش قىلىپ ، سىستېمىلىق كۆرگەن ياخشى . شەخسەن مەن بۇنداق كىتابلارنى رەڭدار قەلەم بىلەن خەت ، بەلگە ، سىزىق قويۇپ بويىغۇپتىشنى ياخشى كۆرىمەن . ئۇنىڭدىن بىلىم ، ئىلھام ۋە كۆچمە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىمەن . بۇ خۇددى يالقۇن۔دىن ئوت تۇتاشتۇرغاندەك بىر ئىش ، بۇ خىل كىتابلاردا چۈشىنىشلىك بولمىغان ئاتالغۇ ، مۇھاكىمە ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئۇچرىشى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال ، بۇ ، كىتاب كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىدە يوق يېڭى بىلىمگە دۇچ كېلىشى بولۇپ ، بۇنداق ئەھۋالدا لۇغەت ـ قوللانمىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ بىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم . سەن ھەمىشە ئامىباب ، گېزىت سەۋىيىسىدىكى چۈشىنىشلىك ماتېرىياللارنى ياخشى كۆرسەڭ ، مەڭگۈ ئۆز ئىزىڭغا سەكرەپ قېلىۋېرىسەن . مېنىڭچە ، تۇگمەنگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغان ياخشى ئەھۋال ئەمەس ، لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولغىنىڭدا ھۇرۇنلۇق بىلەن كايىماي ، يېڭى بىر بالداق كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغاندەك روھلان !

مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بىر زىيالىي ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش ئالدىدا «ئېھتىمال مېنىڭ خاتا بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قاراشتا بولۇشنىڭ پايدىسى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ . ئەكسى ھالدا ئوقۇغاندا ئۇ كىتابتىن ھېچ نەرسە يۇقماسلىقى ، ھەتتا «بۇ ئەرزىمەس ئەسەر ئىكەن» دېگەن قاراش تۇغۇلۇشى مۇمكىن .

## كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى

كىتاب ئوقۇش مەقسەت ئەمەس ، ۋاسىتە . بارلىق تەلىم ـ تەربىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىگە ئوخشاشلا كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەتمۇ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۇ۔رۇشتىن ئىبارەت . تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تۈزەش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىق بىر ھالقىسى .

شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى ، كىتاب ئوقۇشتىن مەقسەت نوقۇل ئالىم بولۇش ئەمەس . مۇھىمى ھەقىقىي ئادەم بولۇش بولۇپ ، بۇنى ئومۇمىي خەلققە كۆتۈرۈپ ئېيتقاندا ، پۈتۈن مىللەتنىڭ بىلىملىك ، روھىي دۇنياسى باي يېڭى ئەۋلادلىرىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبا۔رەت . بۇ ، شەخسنىڭ كىتاب ئوقۇشى ، ئائىلىلەرنىڭ كىتاب زاپىسىغا ئىگە بولۇشى ، مەكتەپ۔لەرنىڭ كىتاب تەربىيىسى ۋە نەشرىياتلارنىڭ كىتاب چىقىرىشى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپنىڭ ئورتاق مەقسەت ۋە غايىدە پائال ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ .

بىز «يېڭى يىپەك يولى» ئېچىلىش ئالامەتلىرى بىلەن تولغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز . ئۆسمۈرلەر ، ياشلار ، ياشانغانلار ، ئەرلەر ، ئاياللار كىتاب ئوقۇشى ، كىتاب ئۇستىدە پاراڭلى۔

شىشى ، ھەممە ئائىلىلەردە كىتاب ئىشكاپلىرى ، كىتاب ئۆيلىرى بەرپا قىلىنىشى ، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياخشى كىتاب مۇھىتى يارىتىلىشى ۋە بۇ خىل زۆرۈرىيەت چوڭقۇر ھېس قىلىنىشى لازىم . ئۆيگە كىتابنىڭ كىرىشى زىبۇزىننەت ۋە پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ كىرىشىدىن ئاۋۋال ۋە ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇلىدىكەن ، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى بەخت بىزگە تەبەسسۇم قىلىشقا باشلايدۇ . بىزدە نادان ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئەمەس ، مەدەنىيەتلىك ھالەتتىكى باياشات- لىق بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان كەيپىيات تۇرغۇزۇلغىنى ياخشى . بىلىش كېرەككى ، مەدەند- يەتسىز ئائىلىلەرگە چۈشكەن ئەنقا (بەخت قۇشى) نىڭ سايىسى بىردەملىكلا !

نەشرىياتچىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە كامالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە غايەت مۇھىم «مەنىۋى رىزىق دەرگاھى» ! گېزىت - ژۇرنال ، نەشرىيات تەھرىرلىرى مىللىي مەدەنىيەت بىناكارلىقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئۆتەيدىغان ئىنژېنېرلىرى . ئۇلار خۇددى دىن قىسسىلىرىدە سۆزلەنگەن مالائىكىلەردەك يىراقنى كۆرەرلىككە ، تەخىرسىز ۋاقىت قارىشىغا ۋە مۇقەددەس پاكلىققا ، دانىشمەنلەردەك خەلققە ، ئەقىلگە ، بىلىمگە ، ھەقىقەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتكە ، بىناكارلاردەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تاللاش ، ئورۇنلاشتۇرۇش ، نۇرلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ، گېئولوگلاردەك جاپا چېكىپ بايلىق ئىزدەپ تېپىش روھىغا ئىگە بولىدىكەن ، خەلقىمىزنىڭ «مەنىۋى رىزىق دەرگاھى» پىداكار تۆھپىكار سارىيىغا ئايلىنىدۇ .

نەشرىياتچىلىق خەلق تارىخىدا مىڭ يىللار مەدھىيىلىنىدىغان ياكى ھەسرەتلىنىدىغان ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ئادەتتىكى فېرما ياكى سودا شىركىتى ئەمەس . خەلقىمىز تارىخىدا خەتتاتلار بىرقانچە ئابىدە ۋە تۇرپان تېكىستلىرىنى يېزىپ قالدۇرمىغان ، يۈزلىگەن دىۋانلارنى كۆچۈرۈپ قالدۇرمىغان بولسا ، بىز قايسى يۈلتۈزلار بىلەن مەدەنىيەت ئاسمىنىمىز- نى يورۇتقان بولاتتۇق ! ؟

نەشر - ئەفكار ئىستراتېگىيىلىك بىناكارلىق . ئۇ ئۇل ، ئاساس ، نۇقتا ، دائىرە ، ئىچ- كى - سىرتقى چەمبەرنى پەرقلىق ھەم ئەتراپلىق پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ . نەشر - ئەفكار مىللىي مەدەنىيەتكە تارىخىي خاراكتېرلىك قان ئىشلەپ چىقارغۇچى ئورگان .

## خاتىمە

بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش مەدەنىيەت ، مائارىپ ، كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلىم - پەننىڭ ئەرزىمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ . ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر . بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ، ئىقتىسادىي ۋە كىتابىي بايلىقتا زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ . باھار ئۆزى شامال ئەمەس ، ئەمما باھار شامال بىلەن كېلىدۇ . يېڭى شەيئىلەر تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ دەبدەبىسى ۋە چاڭ - توزانلىرى تەرىپىدىن روشەن كۆرۈنمەيدۇ . ھازىرقى بىر مەزگىللىك روھىي ھودۇقۇشمۇ شۇنداق .

كىتاب — ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقىي بىردىنبىر ئەلئېھرام ئۇ ھەممىنى ، پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىگە جۈغلىغان . كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس ! بۇنىڭدىن خەۋەرسىزلىك كىشىلىك دۇنياسىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس !

## ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

ئاتاقلىق پروفېسسور ، ئالىم ، شائىر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1934 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ مەشھەد يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1952 - يىلىدىن تارتىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان . بىرگە قابىل كۆپكە قادىر بۇ ئىجتىھاتلىق ئالىم 1948 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلغان شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەندىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان شېئىر - رۇبائىيلارنى ، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك داستانلارنى يېزىپ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ . ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات ، مەدەنىيەت ، سەنئەت ، پەلسەپە ، تارىخ ، مۇزىكا ، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئەتراپلىق تەتقىق ئېلىپ بېرىپ ، « ‹ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى› نىڭ تېزىسلىرى» ، «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، « ‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى» ، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى» ، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋە 120 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان . ئالىمنىڭ بۇ ئەسەرلىرى يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىگە ، بىلىش قىممىتى ، ئىلمىي قىممەت ، ماتېرىياللىق قىممىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

ئالىمنىڭ مەزكۇر دەرسلىككە تاللانغان «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ ماقالىسى «مۇقەددىمە» ، «ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى» ، «كىتاب دېڭىزى ۋە غەۋۋاسلىق ماھارىتى» ، «كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى» ۋە «خاتىمە» دىن ئىبارەت بەش چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن . بۇ بۆلەكلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزئارا زىچ باغلانغان بولۇپ ، كىتابنىڭ ھەققەتەن «ئىنسانىيەت خەزىنىسى» ئىكەنلىكىدەك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ . بۇ مۇھاكىمىلىك ماقالە نۇرغۇن دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق بىزگە «كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس» لىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

### باسقۇچ كۆنۈكمىسى

1 . ماقالىنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدا «كىتاب ــ يۈكسەك ئۇچۇر ۋە مۇقەددەس تامغىدىن ئىبارەت» دېگەن بىر جۈملە بار . سىلەر بۇ جۈملىدە نېمە مەنە بارلىقىنى يېشىپ بېرىڭلار .

2 . ماقالىنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدىكى مەزمۇنلاردىن مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولدىڭىز ؟

3 . «كىتاب قىممەت باھا يۈكنى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان كېمە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى كىم ئېيتقان ؟

4 . ئاپتور نېمە ئۈچۈن كىتابنى «ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى» دەيدۇ ، تەرەققىي قىلغان ئەللەر بىلەن قالاق ئەللەردىكى ئائىلە بېزىلىشىنى قانداق سۆزلەردىن پايدىلىنىپ سېلىشتۇرىدۇ ؟ سىز بۇ سېلىشتۇرمىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز ؟ سىز كىتابنى سۆيەمسىز ؟ ئائىلىڭىزدە قانداق كىتابلار بار ؟

5 . ئاپتور بىلىم جۇغلاشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن ؟ سىز كىتابنى قانداق ئوقۇيسىز ؟

6 . ئەسەردىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر قايسى ؟ تارماق نۇقتىئىنەزەرچۇ ؟ ئەسەردە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر قانداق ئۇسۇلدا ، قانداق ئاساسلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىلگەن ؟

7 . ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ، بايان قىلىش ئۇسۇلى ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتلەردە قانداق ئۆزگىچىلىكلىرى بار ؟

8 . ماقالىدا مۇقەددىمە ، ئاساسىي مەزمۇن ، خاتىمە ، بايان ، تەسۋىر ، مۇھاكىمە ، چۈشەندۈرۈش ۋە كۈچلۈك لىرىكا كىرىشتۈرۈلۈپ ، كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ، تەرەققىياتى ۋە رولى ناھايىتى جانلىق بايان قىلىنغان ، شۇنداقلا ئاساسىي كۆز قاراش كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىلگەن . ماقالىنى بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق ئۆزگىچىلىكى بار ؟

9 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنىۋېلىڭ ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز چۈشەنچىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ ، مىساللار بىلەن كېڭەيتىپ سۆزلەڭ .

«ياخشى كۈتۈپخانا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كائىناتنىڭ جاھاننامە ئەينىكى بولۇپ ، بۇ ئەينەكتە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن ھالقىغان دۇنياۋى ماھىيەتلەر جىلۋىلىنىدۇ» . «ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا ، دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى» . «كىتاب ھەربىر شەخسنىڭ مەنىۋى فوندى ۋە ئۇنىڭ كامالەت گۇۋاھنامىسى» . «كىتابسىز ئۆي ــ جانسىز تەن» . «كىتاب مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى» . «كىتاب ــ لوقمان ھېكىم ، كىتاب ــ رۇستەم پالۋان ، كىتاب ــ بەخت قۇشى ئەنقا ، بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس ، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت !» «كىتاب ــ ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقىي بىردىنبىر ئەلھەرام . ئۇ ھەممىنى ، پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان . كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس .»

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . ماقالىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ ، مۇقەددىمە ، ئاساسىي قىسىم ۋە يېشىم (خاتىمە ) دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكنى ئايرىڭلار ھەمدە بۇ ئۈچ بۆلەك ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۆزلەپ بېرىڭلار

2 . ماقالىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا قانداق قۇرۇلۇش شەكلى (كومپوزىتسىيە ) قوللىنىلغان ؟

3 . ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان پارتىيە باگۇسىنىڭ سەككىز تۈرلۈك جىنايىتى ئىچىدىكى

ئاخىرقى ئىككى تۈرى پارتىيە خىزمىتىگە ئېغىر خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى نۇقتىسىدىن سۆزلەنگەن ، سىلەر ئالدىنقى ئالتە ماددىسىنىڭ ھەربىرى قايسى تەرەپتىن سۆزلەنگەنلىكىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرىڭلار .

4 . ماقالىدىكى بەزى دەلىل ـ ئاساسلار ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەن . سىلەر تۆۋەندىكى دەلىللەرنىڭ قانداق نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 ) ستالىننىڭ سۆزى

2 ) «كاپىتال»

3 ) يەنئەن شەھىرىنىڭ سېپىلىدىكى شوئار .

4 ) يۇز يۇغاندىن كېيىن ئەينەككە قاراش .

5 . ماقالىدە ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ، ماقال ـ تەمسىل ، ئىدىئوم قاتارلىق بەزى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر مۇۋاپىق ھالدا قوللىنىلغان . سىلەر بۇ ۋاستىلەرنىڭ ھەر بىرىگە مىسال ئېلىپ ، ئۇ ئارقىلىق نېمە مەسىلە ئىسپاتلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار .

6 . بۇ ، 60 يىل ئىلگىرى يېزىلغان ماقالە بولسىمۇ ، لېكىن ، بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە . سىلەر بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى يېزىقچىلىق ئىستىلى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ يېزىقچىلىق مەشقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ياخشى يېزىقچىلىق ئىستىلىنى تىكلەشتە نېمە مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

## 3 . بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىدۇرمىز

### D . ناپولېئون خېلل (ئامېرىكا)

نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيانىڭ ئۆزگىچە تەڭسىز مۇئامىلىدە بولغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تەڭرىدىن ، پېشانىسىدىن ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن كۆرىدۇ . ھەتتا تېخى ئىرسىيەتتىن ئىزدەيدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك .

بىز شۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم : بىزنىڭ نامرات ياكى كەمبەغەل بولۇشىمىزدا تەڭرى سەۋەبكار ئەمەس ، بەلكى ئۆزىمىز سەۋەبكار . ئۆزىمىزنىڭ خاراكتېرى ، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئۆزىمىزنىڭ قىزغىنلىقى تەقدىرىمىزنى ، كېلەچەكىمىزنى بەلگىلەيدۇ . ھەرقانداق ئىشقا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشسەكلا ئۇلۇغۋار مەقسەتكە يېتەلەيمىز ۋە بۇيۇكلۈككە قاراپ يول ئالالايمىز ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز .

مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى ، ھەر كىمنىڭ تەقدىرى شۇ كىشىنىڭ ئۆز قولىدا بولىدۇ : بىزنىڭ باي ياكى كەمبەغەل بولۇشىمىزنى تەڭرى بېكىتكەن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىمىز بېكىتكەن . بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىدۇرمىز .

( «شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

سەھىپىسى كىچىككىنە بۇ مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ماقالىدە ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر سەرلەۋھە (ماۋزۇ) دىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر تۆۋەندىكى ئۈچ ئابزاستا ئۈچ پىكىر قاتلىمى ، پىكىر تەرىپى (تارماق نۇقتىئىنەزەر) بويىچە دەلىللەنگەن .

1 . سىلەر بۇ پارچىدىكى ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ پىكىر قاتلىمىنى ئايرىپ چىقىڭلار .

2 . ھەربىر ئابزاستا بىرقانچە ھۆكۈم بېرىلىپ ، بىر خۇلاسە چىقىرىلغان . سىلەر ئۇلارنى لوگىكىدىكى ھۆكۈم ، خۇلاسە شەكلىگە كىرگۈزۈپ ، قايتىدىن فورمۇلالاشتۇرۇپ يېزىپ چىقىڭلار .

## 4. تۇنجى قەدەم ۋە مۇۋەپپەقىيەت

### ئەخەت ھاشىم

بىر تۇغقىنىمنىڭ ئىككى بالىسى ئىككى، ئۈچ يىل ئىلگىرى ئالىي مەكتەپنى ئارقا - ئارقىدىن پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققانىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىككى بالىنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسى، ئىپادىسى ئوخشاش بولماي قالدى. قىزىق يېرى، مەكتەپتە باشتىن - ئاياغ ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن، ئاتا - ئانىسى «ئىستىقبالى بار، قولىدىن خېلى ئىش كېلىدۇ» دەپ قارىغان بالىنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى ئورۇنغا يۆتكىلىپ بولدى. ھېلىغىچە مۇقىم بىر كەسىپنىڭ بېشىنى تۇتالمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە مەكتەپتە ئادەتتىكىچە ئوقۇغان، بىرەر قېتىممۇ مۇكاپاتلىنىپ باقمىغان، ئاتا - ئانىسى «بۇ بالا خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن قانچىلىك ئىشلەپ كېتەر» دەپ ئەنسىرىگەن بالا خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئىگىلىشىمچە ئۇ ئىدارىدە ئۇدا «خىزمەت ئىلغارى» بولۇپ باھالىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. كەسپىي جەھەتتىكى نەتىجىسىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا «خېلى ئىقتىدارلىق يىگىت ئىكەن» دېگەن گەپلەرمۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۇ ئىدارىدە كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، غوللۇق ئادەمنىڭ بىرىكەن. مەن بۇ ئىككى بالىنىڭ خىزمەت ئورنى، شارائىتى، ئىدىيە ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تاپقاندەك بولدۇم.

نېمە ئۈچۈن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان، قابىلىيەتلىك بەزى ياشلار خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن مەكتەپتىكىدەك بولالماي قالىدۇ، ھەتتا بارغانسېرى چېكىنىپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ ئەكسىچە مەكتەپتە ئانچە كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمىگەن، ئادەتتىكىچە ئوقۇغان بەزى ياشلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، باشقىلار پەرەز قىلغاندىكىدىنمۇ ئارتۇق نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل. لېكىن كېسىپ ئېيتالايمىزكى، بەزى ياشلارنىڭ مەكتەپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا - باشقا ئىككى دۇنيا ئىكەنلىكىگە قارىتا تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، جەمئىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەسلىكى، ئالدىنئالا تەييارلىقىنىڭ بولماسلىقى، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۇنجى قەدەمنى توغرا باسالمىغانلىقى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى. بىزگە مەلۇم، ياخشى ئوقۇغان، بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن قابىلىيەتلىك ياشلار مەكتەپتە دائىم ماختىلىپ، تەقدىرلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى ساۋاقداشلار ئەمەس، ھەتتا ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ، ئەتىۋارلايدۇ. نەتىجىدە بۇنداق بىر قىسىم ياشلاردا ناھايىتى ئاسانلا مەغرۇرلىنىش، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قېلىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ناچار خاھىش ئۇلار خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بىر مەزگىل داۋاملىشىپ «مەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان، قابىلىيىتىم بار، بۇنچىلىك خىزمەتنى ئەلۋەتتە ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيمەن، ئۇزۇنغا بارماي خىزمەتداشلىرىممۇ مېنى ۋاي دەيدۇ» دېگەندەك خام خىياللاردا بولىدۇ. ئەپسۇسكى «ئۆيدىكى پىلان بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، جەمئىـ

يەت ۋە خىزمەت ئورنى مەكتەپكە ئوخشىمايدىغان بولغاچقا ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ تېخى يېڭىلا خىزمەتكە چىققاچقا ئۇنىڭ قابىلىيىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى، مىجەز - خۇلقى ۋە ئىدىيە ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلمەيدۇ. شۇڭا، خىزمەتداشلىرى ھە دېگەندىلا ئۇنى ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىدارە دېگەندە ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر مۇنچە ۋەزىپىسى بولىدۇ. ھەر كىم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ناۋادا بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن بىرەر ئىشنى سورىسىڭىز خىزمەتداشلىرىڭىز ئەلۋەتتە چۈشەندۇرۇپ قويىدۇ. سورىمىسىڭىز ھېچكىمنىڭ سىز بىلەن كارى بولمايدۇ. مەكتەپتىكى ئەھۋال ھەرگىز بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، ساۋاقداشلىرىڭىزلا ئەمەس، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىڭىزمۇ دەرس بەرگەندىن سىرت يەنە كۆپ چاغلاردا سىز بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرىدۇ. بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى سىز قانائەتلەنگۈچە سۆزلەپ، چۈشەندۇرۇپ قويىدۇ. مەكتەپتە ماتېرىياللارمۇ تولۇق، شارائىتمۇ ياخشى بولغاچقا كۆپ نەرسىلەرنى باشقىلاردىن سورىماي ئۆزىڭىزمۇ ھەل قىلىپ كېتەۋېرىسىز. ئاغرىپ - تارتىپ قالسىڭىز ساۋاقداشلىرىڭىز، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىز ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ كېتىشىدۇ، لېكىن ئىدارىدە ئەھۋال بۇنداق بولمايدۇ. خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ ئائىلىسىدە ھەر خىل ئىشلىرى بار، سىز بىلەن يېقىن تونۇشۇپ سىردىشىپ كەتمىگەن، شۇڭا ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىزگە يېقىنلىشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك، يەنە بىر نەرسە رەھبەرلىكمۇ ھە دېگەندىلا سىزگە ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان، ئۆز ئالدىڭىزغا مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلارنى بېرىۋەتمەيلا، مەلۇم مەزگىل سىزنى يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا سېلىپ سىنايدۇ. بىلسىڭىز بۇ دەل خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن، ئىدارىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشسۇن، دەپ رەھبەرلىك سىزگە بەرگەن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت. لېكىن، ياشلار بۇنى توغرا چۈشەنمەي: «مەكتەپتە خېلى ئەتىۋارلىق ئىدىم، بۇ يەردىكىلەر مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا سېلىۋاتىدۇ، كارامەتىمنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بەرمەيۋاتىدۇ» دەپ ئاغرىنىدۇ ۋە ھەر خىل بولمىغۇر خىياللاردا بولۇپ مەيۈسلەنگىلى تۇرىدۇ. سىزدە مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ئوخشىمايدۇ، خىزمەتكە يېڭىدىن كىرىشكەن چاغلاردا ئەھۋال ئەلۋەتتە مۇشۇنداق بولىدۇ، بۇنىڭدىن ھەيران قالماسلىقىم لازىم دەيدىغان توغرا قاراش، تەييارلىق بولماي تۇنجى قەدەمنى خاتا بېسىپ قويسىڭىز، گويا رەھبەرلىك، خىزمەتداشلىرىڭىز قەستەن سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى كۆرمەيۋاتقاندەك، سىزنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك، ھەتتا چەتكە قېقىۋاتقاندەك بىر خىل خاتا تونۇشقا كېلىپ قالىسىز - دە، بۇ يەردىن زېرىكىسىز، مەكتەپتىكى قىزغىنلىق، جۇشقۇنلۇق، ئاكتىپچانلىقىڭىز بارا - بارا سۇسلىشىپ تەشەببۇسكار بولۇپ باشقىلار بىلەن سىرداشمايدىغان، مۇڭداشمايدىغان، ئىلاجى بار باشقىلاردىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىسىز. نەتىجىدە خىزمەتداشلىرىڭىز ئارىسىدا: «بۇ بالا خىزمەتتە ئانچە خاتىرجەم ئەمەستەك قىلىدۇ، بىر ئىشنى بۇيرۇسىڭىز قىلىدىكەن، بولمىسا ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ قىلمايدىكەن، يوغانچىكەن» دەيدىغان قاراشلار پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئاخىر خىزمەتتىن زېرىكىپ گويا باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتسىڭىزلا ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدىغاندەك، يۆتكىلىپ كېتىش، كەسىپ ئالماشتۇرۇش تەلىپىنى قويغىلى تۇرىسىز، شۇنداق ئىدىيە ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاستا - ئاستا چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى سەزمەيلا قالىسىز.

تۇغقىنىمنىڭ ھېلىقى بالىسى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن دەل ئاشۇنداق پوزىتسىيىدە، ئوي - خىياللاردا بولغان ھەم ئاشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنىڭ

ئەكسىچە خىزمەتتە نەتىجە قازانغان بالا مەكتەپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە ، خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن ئىشنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى تاللاپ يۈرمەي ، ئىدارىدىكى پېشقەدەم تەجرىبىلىك يولداشلارنى ئۇستاز تۇتۇپ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىردىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ ، سۇغا كىرگەن بېلىقتەك ئۇلار ئارىسىغا تېزلا سىڭىشىپ كەتكەن . تازىلىق ، ئەمگەك ، ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ياش بولغاندىكىن مەن قىلاي دەپ تالىشىپ قىلغان ، تەشكىل - ئىنتىزام ، ئىش تۈزۈملىرىدە ئاڭلىق بولۇپ ، ئاما ئارىسىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان . خىزمەتداشلىرى ئۆز ئارا پاراڭلار-دا : «بۇ بالا ناھايىتى تىرىشچان ئىكەن ، قىلچە كىبىرى يوقكەن ، جاپادىن قورقمايدىكەن ، قولىدىن ئىش كېلىدىكەن ، كەلگۈسىدە چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىققۇدەك» دېيىشىدى-كەن .

دېمەك ، بۇلار قارىماققا كىچىك ئىشلاردەك قىلغىنى بىلەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ جەمئى-يەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ياكى يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان ياشلار چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ، ھەممىمىزگە مەلۇم ، ئىسلاھات جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر ياش ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ، نەتىجىسىنىڭ زور بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . ۋەھالەنكى بىر ئادەمنىڭ ئىستىقباللىق ، نەتىجىسىنىڭ زور بولۇشىنى ئۇنىڭ خىزمەت قىلى-ۋاتقان ئورنىنىڭ ، ئىشلەۋاتقان كەسپىنىڭ قانداقلىقى بەلگىلىمەيدۇ . بەلكى ، زىممىسىگە ئالغان ئىشنى قىزغىن سۆيگەن - سۆيمىگەنلىكى ، قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن - ئىشلىمىگەنلىكى ۋە قانداق مەقسەت ، پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئىشلەۋاتقانلىقى بەلگىلەيدۇ . جەمئىيەتتە نۇرغۇن كەسىپ ۋە بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىش تەقسىماتى بولىدۇ . بەزى كەسىپلەر ئاددىيراق بولۇپ ، كۆزگە دەماللىققا كۆرۈنۈپ كەتمەيدۇ ھەم جاپالىق بولىدۇ . بەزى كەسىپلەر بولسا ناھايىتى مۇرەككەپ ، نامى ئۇلۇغ ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنىدىغان ، جاپاسى ئازراق ، پاكىزرەك بولىدۇ . مەيلى قانداق بولسۇن بۇ كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى مۇھىم ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ . خەلق ئۈچۈن ، مىللەت ئۈچۈن ، كەلگۈسى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىمەن دەيدىغان ئادەم باشقىلار ئانچە كۆزگە ئىلمايدىغان ، ناھايىتى ئاددىي ئىشلاردىمۇ ئاجايىپ زور تۆھ-پە - نەتىجىلەرنى يارىتىپ ، يۇرت - جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەت ، ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەيدىغان ، راھەت - پاراغەتنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچى ئادەملەر ھەرقانچە ياخشى ئورۇندا ، ھەرقانچە ياخشى كەسىپ ئىشلەۋاتقىنى بىلەنمۇ بەربىر نەتىجە قازىنالمايدۇ . ھەرقانداق ئادەم بىر ئىشنى قىلىشتا جەمئىيەتكە ، خىزمەتداشلىرىغا ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا تايىنىدۇ . ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە قالمايدۇ . شۇڭا بىزدە ئالدى بىلەن توغرا تونۇش ، ئېنىق نىشان ، ئومۇمىيلىق قارىشى بولۇشى لازىم . شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرىشنى بىلىشى-مىز ، مېنىڭ قابىلىيىتىم زادى قانچىلىك ، مەن ھەممىدە كامالەتكە يېتىپ كەتتىممۇ ، جەمئىيەت مەندىن قانداق ئىشلەشنى ، نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ، خەلقنىڭ ئېھتىياجى نېمە ؟ دېگەنلەرنى ئويلىشىمىز لازىم . مۇشۇنداق ئويلىغاندا ، مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندا ھەرقان-داق خىزمەت ئورنىدا ئۆز كارامىتىمىزنى كۆرسىتەلەيمىز .

ئارىمىزدا شۇنداقمۇ ياشلار باركى ، ئۇلار پەقەت «كاتتا» ئىشلارنى قىلىشنى ، دەرھال نام چىقىرىشنىلا ئويلايدۇ . ئادەتتىكى ئىشلارنى بولسا ئىستىقبالى يوق ، كۆزگە كۆرۈنگىلى بولمايدۇ ، دەپ ئانچە ياراتمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق كاتتا ئىشلارنىڭ ئاددىي كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ - دە ، ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ . شۇنى بىلىش

كېرەككى ، كەسىپ دېگەننىڭ ياخشى ، يامىنى بولمايدۇ . پەقەت ، مۇرەككەپرەكى ۋە ئاددىيراقى ، ئېغىرراقى ۋە يېنىكرەكى بولىدۇ . تىرىشچان ئادەم مەيلى قانداق كەسىپتە بولمىسۇن ئۆز ئىستىقبالىنى تاپالايدۇ ، تۆھپە يارىتالايدۇ . تۇنجى قەدەم هاياتلىق بىناسىنىڭ ئۇلىغا ئوخشايدۇ . شۇڭا ، تۇنجى قەدەمنى چوقۇم پۇختا ۋە توغرا بېسىش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن ، سىزدە ئالىيجاناب ئۇلۇغۋار غايە بولۇشى كېرەك . ئۆزىڭىزنى ۋە كۆز ئالدىڭىزدىكى بىردەملىك مەنپەئەتنىلا ئويلىماي ، نەزەرىڭىزنى يىراققا تاشلاڭ ! ئىككىنچىدىن ، مەكتەپتە ئالغان بىلىملىرىڭىز بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي ، خىزمەتكە چىققان تۇنجى كۈندىن باشلاپ ۋاقىتنى ئېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ، نەزەرىيە ۋە كەسىپي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىڭ ! گۈزەل ئىستىقبالىڭىزنى يارىتىش ، نەتىجە قازىنىش يولىدا بىلىم دېڭىزىغا ، پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز يۈرۈش قىلىڭ ! ئۈچىنچىدىن ، كەمتەر ، ئاددىي - ساددا ئىستىلنى تۇرغۇزۇپ ، ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان هالدا ئەمگەك قىلىڭ ، ئىجاد قىلىڭ ، يېڭىلىق يارىتىڭ ، جاپا - مۇشەققەتتىن زادىلا قاچماڭ ! مۇشۇنداق قىلغاندىلا تۇنجى قەدەمنى توغرا باسالايسىز هەم كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيسىز .

## باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست ئەخەت هاشىم 1934 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان . ئۇ 1957 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «نامەلۇم كىشى» ناملىق هېكايىسى بىلەن پروزىچىلىق ساهەسىگە كىرىپ كەلگەن . ئەخەت هاشىم پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن ، ئەدەبىياتىمىزدا نىسبەتەن ئاجىز هالقا بولۇپ كەلگەن مەسەلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «بۆدۈنە بىلەن سېغىزخان» ، «باهار مايسىلىرى» ، «ياۋا سادىق» ، «يالغانچى بىلەن گۇپپاڭچى» ، «مەسەللەر» قاتارلىق مەسەل ۋە هېكايىلەر توپلاملىرى بار .

ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست ئەخەت هاشىم هازىر پېنسىيىدە بولسىمۇ ، يەنە داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە .

ئاپتورنىڭ چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك بۇ مۇهاكىمە ماقالىسىدە تۇنجى قەدەم بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇهاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ ، تۇنجى قەدەمنىڭ ئۇنۇملۇك بېسىلىش - بېسىلماسلىقى ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى ، مۇهىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن .

ماقالىدە ئاپتور ئاۋۋال ئەمەلىي ئەهۋاللارنى مىسال قىلىپ ، ئاندىن مۇشۇ مىسال ئاساسىدا مۇلاهىزە قىلىشنى باشلىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۆز مۇلاهىزە ، مۇهاكىمىلىرى ئۈچۈن ئوبدان بىر شارائىت هازىرلىغان . ماقالىدىكى ئەمەلىي ماتېرىياللار ھەقىقىي هەم قىزىقارلىق بولۇپ ، زور ئىسپاتلاش كۈچىگە ئىگە بولغان . شۇ ئارقىلىق روشەن بىر سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەت هاسىل قىلغان .

## كۆنۈكمە ۋە يېزىقچىلىق مەشىقى

1 . سىلەر بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭلار ؟

2 . ماقالىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا قانداق سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ؟

3 . ماقالىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئۈچ سەۋەب تىلغا ئېلىنغان ، ئۇلار قايسى ؟ بۇ سەۋەبلەرنى ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى دېيىشكە بولامدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

4 . ماقالىنىڭ تارماق نۇقتىئىنەزەرلىرى قايسى ؟

5 . ماقالىنىڭ خاتىمە قىسمىدا قانداق تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ؟

6 . بۇ باسقۇچتا ئۆگەنگەن بىلىملەر ئاساسىدا ماۋزۇنى ئۆزىڭىز بەلگىلەپ بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىپ كېلىڭ .

تەلەپ :

(1 ) سىز يازماقچى بولغان ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرىنى ئاساس قىلسۇن .

(2 ) ماقالە 3 ـ 4 بەتتىن ئاشمىسۇن .

△ كىتاب ــ غايەت زور كۈچ . (لېنىن )

△ كىتاب ياشلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئايرىلماس ھەمراھى ۋە ئۇستازىدۇر (.گوركىي )

△ كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر . (بېلىنسكى )

△ بىلىم نوقۇل تەجرىبىدىنلا كەلمەيدۇ ، بەلكى ئەقلىي ئىجادىيەت بىلەن كۆزىتىلگەن پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرۈلىدۇ . (ئېينشتېين )

△ بىلىملىك ئۇزار ، بىلىمسىز تۇزار (ئۇيغۇر خەلق ماقالى )

△ بىلىملىك ــ نۇر ، بىلىمسىز ــ خور (ئۇيغۇر خەلق ماقالى )

# 2 ـ باسقۇچ

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

خۇلاسە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېزىقچىلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر . بۇ باسقۇچ ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان . بىرى ، خۇلاسە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ، خۇلاسە يېزىشقا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەر ؛ يەنە بىرى ، تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلاردىن ئىبارەت .

## ئۆگىنىش تەلىپى

1 . خۇلاسە بىلەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ تەبىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلىۋېلىش .

2 . خۇلاسە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىش

3 . بۇ باسقۇچتا تاللانغان تېكىستلەرنى ئۈلگە قىلىپ ، ھەر خىل تېمىدىكى خۇلاسە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى يېزىشنى ئۆگىنىش .

# ئاساس بىلىم

*خۇلاسە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى*

## 1 . خۇلاسە

خۇلاسە ـــ كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچ ياكى مەلۇم بىر مەزگىلدىكى پائالىيەتلەر جەريانىدا ھېس قىلغان تەسىرات ۋە تەجرىبىلىرىنى تەھلىل قىلىپ رەتلەپ، ئۇنىڭدىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. خۇلاسىدە قىلىنغان ياكى قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنىپ، تىپىك تەجرىبىلەر يەكۈنلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار ھەمدە ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى تېپىپ چىقىلىدۇ، تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلىنىدۇ ۋە ئىجابىي تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

خۇلاسە خىزمەت ۋە ئۆگىنىشنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ئۇسۇل. ياخشى يېزىلغان خۇلاسە كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە، تەپەككۇرنى قاناتلاندۇرۇپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدۇ. خۇلاسە ئۆزىنىڭ مەزمۇت خاراكتېرىگە قاراپ خىزمەت خۇلاسىسى، ئۆگىنىش خۇلاسىسى، ئىدىيىۋى خۇلاسە ۋە ئەمگەك خۇلاسىسى قاتارلىقلارغا، شەكىل جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك خۇلاسە ۋە مەخسۇس تېمىلىق خۇلاسە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇلغان خۇلاسە خىزمەت ياكى ئەھۋاللارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كۆپ تەرەپ ۋە كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەخسۇسلاشقان ياكى مەخسۇس تېمىلىق خۇلاسە بولسا، پەقەت مەلۇم بىر تەرەپ ياكى مەلۇم بىر كونكرېت مەسىلە ئۈستىدە خۇلاسە قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. خۇلاسە يەنە دائىرە ـ كۆلەم جەھەتتىن ئىدارە، مەكتەپ خۇلاسىسى، گۇرۇپپا، سىنىپ خۇلاسىسى ۋە شەخسلەر خۇلاسىسى قاتارلىقلارغا، ۋاقىت جەھەتتىن يىللىق خۇلاسە، پەسىللىك (مەۋسۇملۇق) خۇلاسە، ئايلىق خۇلاسە، باسقۇچلۇق خۇلاسە، كۈنلۈك خۇلاسە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

خۇلاسىدە مۇقىم بەلگىلەنگەن تۇراقلىق شەكىل يوق. شۇنداقتىمۇ ئادەتتىكى خۇلاسىنىڭ بېشىغا خۇلاسىنىڭ نامى يېزىلىدۇ. ئومۇملاشقان خۇلاسە بىلەن مەخسۇسلاشقان خۇلاسىنىڭ شەكلى ئومۇمەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىمۇ باشلىنىش، ئاساسىي گەۋدە ۋە ئاخىرلىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ بولىدۇ؛ باشلىنىشتا ئاساسىي ئەھۋال قىسقا تونۇشتۇرۇلىدۇ، ئاساسىي گەۋدىدە نەتىجە ۋە كەمچىلىكلەر يېزىلىدۇ، ئاخىرقى بۆلەكتە مەۋجۇت مەسىلىلەرگە ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانى يېزىلىدۇ. بۇ ئاساسەن يەكۈن ھېسابلىنىدۇ. تەجرىبە تونۇشتۇرۇلغان مەخسۇس تېمىدىكى خۇلاسىلەرگە ئادەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر يېزىلمايدۇ.

خۇلاسە يېزىشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى ، توغرا يېتەكچى ئىدىيە بولۇش لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىگە ئاساسلىنىش ھەمدە ئۇنى يازماقچى بولغان كونكرېت خۇلاسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش لازىم . بۇ خۇلاسىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر . ئۇنىڭدىن قالسا بۇرۇن تۈزۈپ چىقىلغان پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش لازىم . پىلاننىڭ ئورۇندىلىش ـ ئورۇندالماسلىق سەۋەبلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە تېپىپ چىقىش لازىم .

ئىككىنچى ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش . خۇلاسە ئەمەلىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئومۇملاشتۇرۇشى . ئۇنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ ، شەيئىلەرنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى چۈشىنىش ۋە قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق ، ماھىيەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش لازىم . شۇنداق قىلىنغاندىلا ، خۇلاسە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولۇپ ، يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدۇ .

ئۈچىنچى ، تىپىك ماتېرىياللارنى تاللاپ ، كۆزقاراش بىلەن ئەمەلىي ماتېرىيال ئاساسىدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى بىرلەشتۈرۈش لازىم . بۇ يەردە ئېيتىلغان تىپىك ماتېرىيال خاسلىق ئالاھىدىلىكى ئەڭ روشەن ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان پاكىتلارغا قارىتىلغان .

تۆتىنچى ، تەرتىپلىرى ئېنىق ۋە رەتلىك ، سۆز ـ جۈملىلىرى توغرا ۋە مەنتىقىلىق ، ئابزاس ، بۆلەكلىرى ئۆزئارا باغلانغان ، مەزمۇنى ئوچۇق بولۇشى لازىم . بۇ ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن خۇلاسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى لايىھىلەپ ، خۇلاسە ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان نىشاننى ئېنىق بەلگىلەش ، تىلنىڭ جانلىق ، ئاممىباب بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ، لوگىكىلىق ھۆكۈمگە تايىنىپ يەكۈن چىقىرىشقا ماھىر بولۇش لازىم .

بەشىنچى ، خۇلاسىنىڭ ماتېرىياللىرى جەھەتتە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئاممىۋى يولدا مېڭىش كېرەك . شەخسىي خۇلاسىدىن باشقا تۈردىكى خۇلاسىلەرنىڭ ئوبيېكتى كەڭ ئامما بولغاچقا ، شۇ خىلدىكى خۇلاسە يېزىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇلارنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەڭ ئاممىنى تولۇق پىكىر بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈرۈش زۆرۈر . شۇنداق قىلغاندا خۇلاسە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولالايدۇ .

ئالتىنچى ، تارىخ بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . چۈنكى ، رېئال ھاياتتا ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تارىخىي ئەمەلىيەتنى تەتقىق قىلىش ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئومۇملۇققا ئىگە ماھىيەتلىك نەرسىلەر ھامان خاسلىققا ئىگە كونكرېت شەيئىلەر ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ ، خاسلىق بولمىسا ئورتاقلىقمۇ بولمايدۇ . شۇڭا ، خۇلاسىدە ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم .

يەتتىنچى ، خۇلاسە يازغاندا مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلاشقا ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشقا ، ماتېرىيالنىڭ راست ـ يالغىنىنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش لازىم .

خۇلاسىنىڭ تۈزۈلۈشى

خۇلاسىمۇ باشقا تۈردىكى ماقالىلەرگە ئوخشاش مۇقەددىمە ، تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

خۇلاسىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا كۆپىنچە خىزمەت شارائىتى ، يېتەكچى ئىدىيە ، پىلان تەلىپى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلىدۇ .

تېكست قىسمىدا ئاساسلىقى نەتىجە ، تەجرىبە ياكى ساقلانغان مەسىلىلەر ھەققىي تۇردە ئەتراپلىق ، نەزەرىيىمۇ ، ئەمەلىيەتمۇ بولغان ھالدا يېزىلىدۇ . خاتىمە پۈتۈن تېكستنىڭ يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ ، تىرىشىش نىشانى ياكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ .

## 2 . تەكشۈرۈش دوكلاتى

تەكشۈرۈش دوكلاتى — ئىجتىمائىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر-نىڭ قانۇنىيىتىنى شەرھلەپ بېرىدىغان ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان يازما دوكلات شەكلى بولۇپ ، ئۇ تۈر جەھەتتىن پوبلىستىك ئەسەرلەرگە تەئەللۇق . بەزى تەكشۈ-رۈش دوكلاتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئىگىلىشى ، تەتقىق قىلىشى ، سىياسەت بەلگىلىشى ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە يېزىلىدۇ . بەزىلىرى ئىلغار تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىش ياكى جەمئىيەتكە مەسىلىلەرنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈن يېزىلىدۇ . تەكشۈرۈش دوكلاتى شەكىل جەھەتتىن خۇلاسىگە ئوخشاپراق كەتسىمۇ ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن خۇلا-سىدىن كەڭ ھەم مۇكەممەلرەك بولىدۇ . تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلگەن يېڭى تەجرىبىلەر ۋە يېڭى مەسىلىلەر چوڭقۇر تەكشۈرۈ-لۈپ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنىدۇ ، خىزمەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلىنىدۇ . بۇ ئارقىلىق تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى تېپىپ چىقىلىدۇ ، يۈنىلىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلىپ ھەرىكەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ .

تەكشۈرۈش دوكلاتى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ .

بىرىنچى ، ئەھۋال ئىنكاس قىلىنىدۇ . بۇ رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ ئەھۋال ئىگىلەپ ، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ، سىياسەت بەلگىلىشىنىڭ ئاساسى . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا تەكشۈرۈشنىڭ ۋاقتى ، ئورنى ، مەزمۇنى ۋە ئوبيېكتى ئېنىق سۆزلىنىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەكشۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى بىرقانچە مەسىلىگە ياكى بىرقانچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىنكاس قىلىنىدۇ .

ئىككىنچى ، مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىدۇ . بۇ خىل خاراكتېردىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى-نىڭ مۇھاكىمىلىك خاراكتېرى بايان خاراكتېرىگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدۇ . بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنىدۇ ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئىگىلىنىپ ، توغرا خۇلاسە چىقىرىلىدۇ ، تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىدۇ .

تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئادەتتە مۇقەددىمە ، ئاساسىي گەۋدە ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ . مۇقەددىمىدە تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلىدۇ . بەزى تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بولسا تەكشۈرۈشنىڭ ۋاقتى ، ئورۇن - دائىرىسى ، ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتى قاتارلىقلار بايان قىلىنىپ ، تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتى ھەققىدە كىتابخانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ . بەزىلىرىدە بولسا تەكشۈ-رۈشنىڭ جەريانى تاپشۇرۇلىدۇ .

ئاساسىي گەۋدىدە تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى كۆرسىتىلىدۇ . تەكشۈ-رۈش دوكلاتى نىشانلىغان مۇھىم مەسىلىلەر مانا شۇ قىسىمدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەڭ دائىرىلىك تەھلىل قىلىنىدۇ .

خاتىمە قىسمىدا ، يەكۈن چىقىرىلىدۇ .

تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

بىرىنچى ، ئەستايىدىللىق بىلەن سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ ، ماتېرىيال-لارنى كەڭ ۋە تەپسىلىي ئىگىلەش كېرەك . تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، تەپسىلىي ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى .

ئىككىنچى ، توغرا پوزىتسىيە ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ئىستىلى بولۇش لازىم . توغرا پوزىتسىيە مەسىلىلەرگە ئىلمىي ۋە ئوبيېكتىپ قاراشنى ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇق-تىئىنەزەر بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ . ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ئىستىلى ماتېرىياللارنىڭ چىن ۋە ھەقىقىي بولۇشىنى ، دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ دەلمۇ دەللىكىنى كۆرسىتىدۇ .

ئۈچىنچى ، قايتا - قايتا تەتقىق قىلىپ ، قانۇنىيەتلىك ۋە ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇش . ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئىگىلەش تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا ، ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ خىزمەتلەردىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت . بۇ مەقسەتكە پەقەت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە چوڭقۇر ئانالىز قىلىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ .

تۆتىنچى ، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆزقاراش بىلەن ماتېرىيالنىڭ بىرلىككە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . كۆزقاراش ماتېرىيالغا قوماندانلىق قىلىشى كېرەك ، ئەمما كۆزقاراش ھەر-گىز سۇبيېكتىپ چۈشەنچە ئاساسىدا ئەمەس ، بەلكى كونكرېت ماتېرىيالنى تەھلىل قىلىش داۋامىدا تەبىئىي شەكىللىنىپ چىقىدۇ . ماتېرىيال بولسا ئۆز نۆۋىتىدە كۆزقاراشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ . تەكشۈرۈش دوكلاتىدا سېلىشتۇرما ماتېرىياللاردىن كۆپلەپ پايدىلىنىشمۇ كۆزقاراشنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ .

بەشىنچى ، تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ تىلى جانلىق ، ئۆتكۈر ۋە مەنتىقىلىق بولۇش لازىم . شۇنىڭ بىلەن بىللە تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاممىباب ، ئىخچام يېزىلىشى ، روشەن قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى ، قۇرۇق گەپ سېتىلماسلىقى لازىم .

خۇلاسە بىلەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ئاساسىي پەرقلىرى

1 ) ئىشلىتىلىدىغان شەخس تىلى ئوخشىمايدۇ . تەكشۈرۈش دوكلاتى ئادەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان ياكى ئىدارىنىڭ نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ يېزىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇ ئاساسەن ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلىدۇ ؛ خۇلاسە مەلۇم ئىدارە ياكى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدە يېزىلغاچقا ، بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلىدۇ .

2 ) يېزىلىش مەقسىتى ۋە رولى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ . تەكشۈرۈش دوكلاتى كۆپىنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كەڭ ئاممىنىڭ پايدا - زىيان مەنپەئەتى بىلەن ئالاقىدار بولغان مەسىلىلەر ۋە ئاممىنىڭ جىددىي تەلىپىنى ئىنكاس قىلىپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورگاننىڭ سىيا-سەت بەلگىلىشى ۋە تەدبىر قوللىنىشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ ياكى جەمئىيەتكە توغرا ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى تەشۋىق قىلىش ، ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىش ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىش ، ناچار ئىستىللارنى توسۇش ، كەڭ جامائەت پىكرى قوزغاشقا يېتەك-چىلىك قىلىشتا رول ئويناش مەقسىتىدە يېزىلىدۇ . خۇلاسە بولسا مۇئەييەن ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ھەققىدە ، دوكلات قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ ، ئۇنى خىزمەت خۇلاسىسى دېيىش مۇمكىن .

3 ) ماقالىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ سالمىقى ۋە دەرىجىسى جەھەتتە

پەرقلىنىدۇ . خۇلاسە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ھەر ئىككىسىدە بەلگىلىك دەرىجىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ . لېكىن ، خىزمەت خۇلاسىسى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن ، خۇلاسىدە مۇھاكىمىنىڭ سالمىقى ئازراق ، ئەمەلىي ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنىڭ بايانى كۆپرەك بولىدۇ . ئەكسىچە ، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇھاكىمىنىڭ سالمىقى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . خۇلاسە دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى قانداق ؟ ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار .

2 . تەكشۈرۈش دوكلاتى دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قايسى ؟

3 . خۇلاسە بىلەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ ؟

4 . تۆۋەندىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇڭلار .

1 ) خۇلاسە ئۆزىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن ________ ، ________ ، ________ ۋە ________ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .

2 ) خۇلاسە شەكىل جەھەتتىن ________ ۋە ________ دېگەن تۈرلەرگە ، ۋاقىت جەھەتتىن ________ ، ________ ، ________ ۋە ________ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .

3 ) خۇلاسە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى قۇرۇلۇش جەھەتتىن ________ ، ________ ۋە ________ دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ .

5 . بېرىلگەن تاللاش (تۆۋەندىكى ئۈچ ئۇقۇمنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرى توغرا . توغرىسىنى تېپىپ ، ئاخىرىدىكى ( ) ئىچىگە ئۇنىڭ ھەرپلىك بەلگىسىنى يېزىڭلار .

1 ) خۇلاسىدە

A . قىلىنغان ياكى قىلىنىۋاتقان خىزمەتلەر تەسۋىرلىنىدۇ . ( )

B . كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېپىكلەشتۈرۈلىدۇ . ( )

C . قىلىنغان ياكى قىلىنىۋاتقان ئىشلار خۇلاسىلىنىپ ، تېپىك تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىدۇ . ( )

2 . تەكشۈرۈش دوكلاتىدا

A . مۇھاكىمە ئاساس قىلىنىدۇ . ( )

B . كۆزقاراش بىلەن ماتېرىيالنىڭ بىرلىكى ئاساس قىلىنىدۇ . ( )

C . بايان ئاساس قىلىنىدۇ . ( )

3 . خۇلاسە بىلەن تەكشۈرۈش دوكلاتى

A . ئىشلىتىلىدىغان شەخس تىلى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ ( )

B . بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ . ( )

C . ماقالىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلەكلىرى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ . ( )

# 5. پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پراكتىكىسىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلدۇق①

ياۋ يىمىن

مائارىپ پراكتىكىسى — پېداگوگىكا مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ داۋامى. پراكتىكا بازىسى رولىنىڭ ياخشى - يامان جارى قىلدۇرۇلۇشى يېڭى ئوقۇتقۇچىلار سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك.

1980 - يىلدىن بۇيان، مەكتىپىمىز ھەر يىلى شاڭخەي ئەنتىڭ پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتىپىمىزدە پراكتىكا قىلىشقا قوبۇل قىلىپ، پراكتىكانتلارنىڭ سىياسى، كەسپىي ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

1. ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، كەسپىي ئىدىيىنى مۇستەھكەملىدۇق.

پراكتىكانتلارنىڭ جەمئىيەت، ئائىلە قاتارلىق كۆپ تەرەپنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە بولغان كۆز قارىشىدا ئوخشىماسلىقلار بار ئىدى، شۇڭا پراكتىكانتلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش پراكتىكا قىلغۇزۇۋاتقان مەكتەپنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. ھەر نۆۋەت پراكتىكانتلار تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئۇلار بىلەن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىجتىھات بىلەن مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تەسىراتىنى سۆزلەپ بېرىشكە، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشتەك ئىدىيىسىنى ئالماشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. مەكتىپىمىزنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ مائارىپ خىزمىتى ئورنىدا خىزمەت قىلىپ نەتىجە قازانغان ۋە تۆھپە قوشقان ئوقۇغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلاردا شەرەپ ھېس قىلىش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتتۇق.

2. تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، پراكتىكانتلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق.

پراكتىكا بازىسىنىڭ رولى ئاساسەن پراكتىكانتلار ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدىغان ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەمدە ئۇلارغا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە بىز زور كۈچ سەرپ قىلىپ، نۇقتىلىق تۈردە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتۇق:

1) تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، پراكتىكا يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتتۇق.

تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن ئالدىراش خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنداق بولسىمۇ

---

① «پېداگوگىكا مەكتەپلىرى مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى.

يېڭى بىر ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلار قوشۇننى تەربىيىلەش ئۈچۈن پراكتىكىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى يەنىلا چوقۇم ئۇلارنىڭ زىممىسىگە چۈشۈشى كېرەك. پراكتىكانتلار مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بىر ھەپتە پراكتىكىدا كۆرۈشنى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆلگىلىك دەرس ئۆتۈپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردۇق، دەرس ئۆتۈشتىن ئاۋۋال، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى پراكتىكانتلار بىلەن بىرلىكتە دەرس تەييارلىدى ۋە دەرس تەييارلاش ئۇسۇلىنى كونكرېت تونۇشتۇردى. دەرستىن كېيىن دەرس پىلانىنى لايىھىلەش، تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇش، دەرس ۋاقتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاسى، ئوقۇتۇش ۋاقتىدىكى ئۆتۈقلار ۋە سەۋەنلىكلەر ھەمدە ئۇنى تۈزىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى؛ يەنە پراكتىكانتلاردىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئۆتكەن ئۆلگىلىك دەرسكە قارىتا پىكىر بېرىشنى، ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلدى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى پراكتىكانتلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچى پراكتىكانتلارنىڭ دەرسنى ياخشى تەييارلىشىغا، جۈملىدىن ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ئوبدان تاللىشى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تەھلىل قىلىشى، ئوقۇتۇش مەقسىتى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلىشى، ئوقۇتۇش تەرتىپىنى تەشكىللىشى، دەرس پىلانىنى ئوبدان يېزىشى قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچى پراكتىكانتلارنىڭ سىناق تەرىقىسىدە دەرس ئۆتۈشىگە يېتەكچىلىك قىلدى، دەرستىن كېيىن پراكتىكانتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ياخشىلاش ھەققىدە كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا مۇشۇنداق بىر قوللۇق يېتەكچىلىك قىلغاچقا، بۇنىڭ پراكتىكانتلارغا ياردىمى ناھايىتى زور بولدى.

3) پراكتىكا قىلىپ ئۆتۈلگەن دەرسنى باھالاشنى چىڭ تۇتۇپ، پراكتىكانتلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بەردۇق.

پراكتىكانتلار يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىدە دەرس پىلانىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ پىلاندىن پايدىلىنىپ دەرسنى قانداق قىلىپ ياخشى ئۆتۈشى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئاساسىي ماھارەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، پراكتىكانتلارنىڭ دەرسنى ئاڭلاش، دەرسنى باھالاش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردۇق ھەمدە ئۇنى پراكتىكىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا قىلدۇق.

پراكتىكانتلار دەرس ئۆتكەندە، كۆپىنچىسى «دەرس پىلانى» دا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش كويىدىلا بولۇپ، سۆزلەرنى قانداق جانلىق ئىشلىتىش، ئوقۇغۇچىلار جاۋابىنىڭ مەزمۇنىغا قانداق ھۆكۈم قىلىش، ئوقۇتۇلىدىغان ئۇقۇملارنى قانداق قىلىپ ئېنىق سۆزلەش، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى قانداق مەشىق قىلدۇرۇش، دوسكىنى قانداق لايىھىلەش، شۇنداقلا ئوقۇتۇش پوزىتسىيىسى، ئوقۇتۇش تىلى، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. دەرسنى باھالىغان چاغدا، ئالدى بىلەن پراكتىكانتنىڭ ئۆزىگە تەسىراتىنى سۆزلىتىپ، سېلىشتۇرما قىلغۇزدۇق. ئاندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىرى قايتىدىن ئۆلگىلىك يېتەكچىلىك قىلدى. ئاۋۋال نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئاندىن يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ داۋاملىق تىرىشىشى ئۈچۈن ئىلھام بەردۇق. دەرسنى بۇنداق باھالاش پائالىيىتى بىلەن پراكتىكانتلار دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ھالقىدا زور بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، شۇڭا بۇ ئۇسۇل ئۇلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

4) پراكتىكانتلارنىڭ دوكلات دەرسنى ياخشى تەشكىللىدۇق.

پراكتىكا ئاخىرلىشىش باسقۇچىدا ، ھەربىر پراكتىكانتتىن بىر سائەتلىك دوكلات دەرسى
ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدۇق . دەرس ئاڭلايدىغان ئوبيېكتلار بارلىق پراكتىكانتلار ، ئالاقىدار
يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىدى . بىز پراكتىكانتلاردىن دوكلات دەرسى
ئۆتكەن چاغدا ئادەتتىكى دەرس ئۆتكەن ۋاقىتلاردا سادىر قىلغان بەزىبىر ئاساسىي كەمچىلىكلە-
-رىنى تۈگىتىپ ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى
تەلەپ قىلدۇق ، بۇنىڭدا تىلنى باللار تىلى قىلىش مەسىلىسى ، سورىغان سوئاللارنىڭ
رىغبەتلەندۈرۈش خاراكتېرىدە بولۇش مەسىلىسى ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە دەۋر
ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى ، ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپلىكلىكى ۋە قېلىپلاشقان بولۇش مەسىلىسى ،
دوسكا خېتىنىڭ رەتلىك ۋە قېلىپلاشقان بولۇش مەسىلىسى ، بېرىلگەن تاپشۇرۇقنىڭ مەقسەت-
لىك بولۇش ۋە ئويغۇن بولۇش مەسىلىسى قاتارلىقلار بار . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز
يەنە پراكتىكانتلارنى دوكلات دەرسىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇشقا يېتەكلىدۇق ، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ ، ھەربىر دەرس پىلانىنى قايتا ـ قايتا
قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆزگەرتتى . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، بۇ دوكلات
دەرسلىرىنى خېلىلا نەتىجىلىك ئۆتتى .

5 ) پراكتىكانتلارنى مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى پائالىيەتلىرىگە
قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق .

مەكتىپىمىز تەجرىبە خاراكتېرىدىكى مەكتەپ بولۇپ ، ھەربىر مەۋسۇمدا نۇرغۇنلىغان
ئۆلكە ، شەھەرلەردىكى مائارىپ ساھەسىدىكى رەھبەرلەر بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتىپىمىز-
گە كېلىپ دەرس ئاڭلىشىنى كۈتۈۋالاتتۇق ، ناھىيىمىز بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان دەرس ئاڭلاش
پائالىيەتلىرى بولسا تېخىمۇ كۆپ ئۆتكۈزۈلەتتى . ئومۇمەن ، بۇ دەرسلەرنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر
يۇقىرى بولۇپ ، ئىمكانقەدەر پراكتىكانتلارنى تەشكىللەپ دەرس ئاڭلىتاتتۇق ، مۇشۇنداق
قىلغاندا ، پراكتىكانتلارنىڭ ئۆگىنىش پۇرسىتى كۆپرەك بولاتتى ، نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭىيەت-
تى . بۇنىڭدىن باشقا ، ھەر چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن بولىدىغان ئوقۇتۇش تەتقىقاتى
پائالىيىتىگە ئۇلارنىڭمۇ قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدۇق . ئۇلار پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار بىلەن
بىرلىكتە ئالاقىدار مائارىپ ژۇرناللىرىنى ئوقۇدى ، دەرسلىكنى تەھلىل قىلدى ، ئوقۇتۇش
ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەندى . قىسقىسى ، بۇ كەڭ دائىرىدىكى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى پائالىيەتلىرى
جەريانىدا ئۇلار تېخىمۇ نۇرغۇن دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىۋالدى .

6 ) پراكتىكانتلارنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك
قىلدۇق .

سىنىپ مۇدىرى خىزمىتىنى پراكتىكا قىلىش جەريانىدا ، بىز ھەربىر پراكتىكانتتىن
بىر قېتىملىق ئاساسىي تېمىلىق ئوتتۇرا ئەترەت پائالىيىتى (ياكى سىنىپ يىغىنى ) ئۆتكۈ-
زۈشنى تەلەپ قىلدۇق . ئوتتۇرا ئەترەت تەربىيىچىسىنىڭ ياردىمىدە پراكتىكانتلار مەكتەپ
سىياسىي ـ ئىدىيە تەربىيىسىنىڭ تەلىپى ۋە شۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى
ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ، پائالىيەت ئاساسىي تېمىسىنى ، شەكلىنى بېكىتىپ ، پىئونېرلارنىڭ
پائالىيەتنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ، ئالايلى ، ماتېرىيال توپلاش ، سىرت بىلەن ئالاقىلى-
شىش ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلاش قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچى-
لىك قىلدى . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول ، شەكلى خىلمۇخىل
بولۇپ ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ، ئۈنۈمىمۇ
ناھايىتى ياخشى بولدى .

7 ) دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، تەشكىللىي ئىنتىزامچانلىقنى يېتىلدۈردۇق .

پراكتىكانتلارنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى يۇقىرىلىرىمۇ ، تۆۋەنلىرىمۇ بار ، قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىرى ئوخشاش بولمايلا قالماستىن ، جەمئىيەت ، ئائىلە مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە ھەربىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىمۇ ئوخشاش ئەمەس ، ئىپادىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى . بەزىلىرىنىڭ قابىلىيىتى يۇقىرىراق بولسا ، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنرەك ؛ بەزىلىرى كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنسە ، بەزىلىرى ھاكاۋۇر ئىدى ، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنەتتى ؛ بەزىلىرى ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلسا ، بەزىلىرى خېلىلا چېچىلاڭغۇ ئىدى . يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق .

بىرىنچىدىن ، ھەرئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتۇق . يىغىندا ھەربىر ئادەمدىن ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئىدىيىسى ، خىزمىتى ، تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالنى سۆزلەشنى ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق ، كەمچىلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدۇق . پراكتىكانتلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ، خىزمەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرى بىلەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولاتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ياردەم قىلىپ ھەل قىلىپ بەردۇق . ئىككىنچىدىن ، دائىمىي تۇردە يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئالاقە باغلاپ ، پراكتىكانتلارنىڭ ئىدىيە ، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، ئىلغارلىرىنى بايقىغان ھامان تەقدىرلەپ ، كۆپچىلىك ئۆگىنىدىغان ئۈلگە قىلدۇق ؛ مەسىلىلەرنى بايقىغان ھامان ئۇلارنى تېپىپ ئايرىم سۆھبەتلىشىپ ، ئۇلارنىڭ تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بەردۇق . ئۈچىنچىدىن ، بىز دائىم سىنىپ - يىللىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، ئۇلارنىڭ پراكتىكانتلارنىڭ تەلىم - تەربىيەسىگە ۋە ئوقۇتۇشىغا بولغان پىكىرلىرىنى سەممىيلىك بىلەن ئاڭلىدۇق ، مۇۋاپىق شەكىللەر ئارقىلىق پراكتىكانتلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردۇق .

توققۇز يىلدىن بۇيان ، مەكتىپىمىزدە پراكتىكا قىلغان پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلىرى ناھىيىمىزنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە تارقىلىپ كەتتى . ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا ، ئۇلار مەيلى سىياسىي ساپا ياكى كەسپىي ئىقتىدار جەھەتتە بولسۇن ، خېلىلا كۈچلۈك ئىكەن ، بەزىلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ قاپتۇ . بۇ يولداشلار : «پېداگوگىكا مەكتىپى بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى ، پراكتىكا قىلغان مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە رەھبەرلەر بولسا بىزنىڭ مائارىپ خىزمىتى ئورنىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇنجى قەدەمنى بېسىشىمىزغا ياردەم بەردى !» دېيىشمەكتە .

## مۇھاكىمە ۋە كۈنۈكمە

1 . بۇ ، پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پراكتىكىسىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىنىدىغانلىقى يېزىلغان بىر تەجرىبە خۇلاسىسى . ئالدى بىلەن مائارىپ پراكتىكىسىغا بولغان تونۇش يېزىلىپ ، ئاندىن پراكتىكىغا يېتەكچىلىك قىلىنىدىغان ئوبيېكت ، ئاساسىي خىزمەت ۋە نەتىجىلەر يېزىلغان . تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋې-

ـلىڭلار .

2 . بۇ تېكىستتە ، ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ، يەنى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسى ؛ ئاندىن تەلىم ــ تەربىيىگە ۋە ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئاساسىي مەزمۇنلار ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىش خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكى يېزىلغان . مۇشۇ مەزمۇنلار يېزىلغان قىسىم خۇلاسىنىڭ قايسى قىسمى ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ قانداق يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ؟

3 . بۇ تېكىستتە خاتىمە بارمۇ ، يوق ؟ چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەڭلار .

4 . خۇلاسە يازغاندا ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىيال بولۇش بىلەن بىرلىكتە ، يەنە خۇلاسە يازغۇچىنىڭ ماتېرىيالغا بولغان سۇبيېكتىپ تونۇشىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ ، قايسى سۆز ــ جۈملىلەر ۋە ئابزاسلاردا ئاپتورنىڭ كۆزقارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ، بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ماتېريال بىلەن قانداق قىلىپ بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

5 . مەزكۇر خۇلاسىنىڭ تېكىست قىسمى (ئاساسىي گەۋدىسى ) دا ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى ئۈچ چوڭ نۇقتا ، يەتتە تارماققا ئايرىپ خۇلاسە قىلىنغان . سىلەر بۇ مۇھىم نۇقتا ۋە تارماقلارنى سخېملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىڭلار .

6 . مائارىپ پراكتىكىسى (ئوقۇتۇش پراكتىكىسى ) پېداگوگىكا مەكتەپلىرى مائارىپىنىڭ داۋامى ۋە ئاساسى ، ساپا مائارىپىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىدىن بىرى . شۇڭلاشقا ، مائارىپ پراكتىكىسىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ، پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا مائارىپ پراكتىكىسىنى ياخشى تەشكىللەش مەزكۇر خۇلاسىنىڭ ئاساسىي روھى ھېسابلىنىدۇ .

(1 ) سىلەر بۇ تېكىستنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ، مائارىپ پراكتىكىسى ھەققىدە قانداق يېڭى تونۇشلارغا ئىگە بولدۇڭلار ؟

(2 ) بۇنىڭدىن كېيىنكى مائارىپ پراكتىكىسى ھەققىدە قانداق يېڭى تەكلىپ پىكىرلەرىڭلار بار ؟

# 6 . «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز

(1941 ـ يىلى 3 ـ ، 4 ـ ئاي )

ماۋ زېدۇڭ

## كىرىش سۆز

(1941 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى )

هازىر پارتىيىنىڭ يېزا سىياستى — ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكىدەك يەر ئىنقىلابى سىياستى ئەمەس ، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپلىك سىياسەتتۇر . پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1940 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى يولىيورۇقلىرىنى[1] ئىجرا قىلىشى ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان 7 ـ قۇرۇلتاينىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشى لازىم . بۇ ماتېرىيال يولداشلارنىڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بېسىلدى . هازىر نۇرغۇن يولداشلىرىمىزدا ئىشقا ئۈزە قاراش ، ئەھۋالنى تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشماسلىق ئىستىللىرى تېخىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە ، ئۇلار ھەتتا تۆۋەننىڭ ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ، شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق ، يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتىدۇ ، بۇ — ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال . جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەققىدە ھەقىقىي ، كونكرېت چۈشەنچە بولماي تۇرۇپ ، ھەقىقىي ياخشى رەھبەرلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

ئەھۋالنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى — جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش ، جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ جانلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت . يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، پىلانلىق تۈردە بىرنەچچە شەھەر ۋە بىرنەچچە يېزىنى تۇتۇپ ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى ، يەنى سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، بىرنەچچە قېتىم پۇختا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش — ئەھۋالنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇلىدۇر . پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەڭ ئاساسىي بىلىمگە ئىگە بولالايمىز .

بۇنىڭ ئۈچۈن ، بىرىنچىدىن گىدىيىپ ئاسمانغىلا قارىۋالماي ، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش كېرەك . تۆۋەنگە نەزەر سېلىش ھەۋىسى ۋە نىيىتى بولماي تۇرۇپ ، جۇڭگودىكى ئىشلارنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۆمۈرۋايەت مۇمكىن ئەمەس .

ئىككىنچىدىن ، تەكشۈرۈش مەجلىسى ئېچىش كېرەك . ھاڭۋېقىپ يۈرۈش ، مىش ـ مىش گەپلەرگە قۇلاق سېلىش بىلەن ھەرگىز تولۇق بىلىم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ . مېنىڭ تەكشۈرۈش مەجلىسى ئېچىش ئۇسۇلى بىلەن توپلىغان ماتېرىياللىرىمدىن خۇنەنگە ۋە جىڭگاڭ-

شەنگە دائىر بولغانلىرى يوقىلىپ كەتتى . بۇ يەردە بېسىلغىنى ئاساسەن «شىڭگو ناھىيىسىنى
تەكشۈرۈش» ، «چاڭگاڭ يېزىسىنى تەكشۈرۈش» ۋە «سەيشى يېزىسىنى تەكشۈرۈش» تىن
ئىبارەت . تەكشۈرۈش مەجلىسى ئېچىش ئەڭ ئاددىي ۋە ئاسان ، شۇنىڭدەك ئەڭ ھەقىقىي ۋە
ئىشەنچلىك ئۇسۇلدۇر ، مەن بۇ ئۇسۇلدىن ناھايىتى كۆپ نەپ ئالدىم ، بۇ ــ ھەرقانداق
ئالىي مەكتەپتىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغان مەكتەپ . مۇنداق مەجلىسكە قاتناشقۇچىلار ھەقىقەتەن
تەجرىبىلىك بولغان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار ياكى پۇقرالار بولۇشى لازىم .
مەن خۇنەندە بەش ناھىيىنى ۋە جىڭگاڭشەندە ئىككى ناھىيىنى تەكشۈرگەندە ، شۇ ناھىيىلەرنىڭ
ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەسئۇل كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم ؛ شۈنۈۋ ناھىيىسىنى تەكشۈرگەندە ،
بىر قىسىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار ، بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار ، بىر
كەمبەغەل شيۇسەي ، سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ بىر سۇنغان خۇيجاڭى ، شەنگەن يامۇلدا غەل-
لە - پاراقچى بولغان ، كېيىن ئىشسىز قالغان بىر كىچىك ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشتۈم . ئۇلار
تېخى ماڭا مەن ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى بەردى . خۇنەننىڭ خېڭشەن ناھىيىسىدە
تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمدا ، شۇ ناھىيىدىكى بىر كىچىك گۇندىپاي مېنى جۇڭگو تۇرمىلى-
رىنىڭ ئومۇمىي چىرىك ئەھۋالىدىن بىرىنچى قېتىم خەۋەردار قىلدى . شىڭگو ناھىيىسىنى
ۋە چاڭگاڭ ، سەيشى يېزىلىرىنى تەكشۈرگەندە ، يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان
يولداشلار ۋە ئاددىي دېھقانلار بىلەن كۆرۈشتۈم . بۇ كادىرلار ، دېھقانلار ، شيۇسەي ، گۇندى-
پاي ، سودىگەر ۋە غەللە - پاراقچى ئەمەلدار مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىم بولدى ، ماڭا
ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ شاگىرتى ھېسابلاپ ، ئۇلاردىن ھۆرمەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ۋە
ئۇلارغا يولداشلارچە مۇناسىۋەتتە بولۇشقا توغرا كەلدى ، ئۇنداق قىلمىسام ، ئۇلار ماڭا پىسەنت
قىلمىغان بولاتتى ، بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرمىگەن ، سۆزلىگەندىمۇ تولۇق سۆزلەپ بەرمى-
گەن بولاتتى . ھەر قېتىمقى تەكشۈرۈش مەجلىسىدە كۆپ ئادەم بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق ،
4 ــ 5 ياكى 7 ــ 8 كىشى بولسىلا كۇپايە . مەجلىسكە ۋاقىت بېرىلىشى ، تەكشۈرۈش
تېزىسى بولۇشى لازىم ، تەكشۈرگۈچى يەنە ئۆز ئاغزى بىلەن سوراپ ، ئۆز قولى بىلەن
يېزىۋېلىشى ۋە مەجلىسكە قاتناشقانلار بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشى لازىم . شۇڭا ، تو-
لۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بولمىسا ، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش نىيىتى بولمىسا ، بىلىم ئېلىش
تەشنالىقى بولمىسا ، سېسىق كىبىرىنى تاشلاپ شاگىرت بولۇشنى خالاش روھى بولمىسا ،
بۇ ئىشنى چوقۇم قىلغىلى بولمايدۇ ، قىلغاندىمۇ چوقۇم ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ . چۈشىنىش
لازىمكى ، ئامما ھەقىقىي قەھرىمان ، بىز بولساق كۆپىنچە تازا گۆدەكلەرمىز ، بۇ نۇقتىنى
چۈشەنمەي تۇرۇپ باشلانغۇچ بىلىمگىمۇ ئىگە بولغىلى بولمايدۇ .

مەن تەكرار ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، بۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى نەشر قىلىشتىن ئاساسىي
مەقسەت ــ يولداشلارنىڭ بۇ كونكرېت ماتېرىيالنى ۋە ئۇنىڭدىكى خۇلاسىلەرنى يادلىۋېلىشىنى
تەلەپ قىلىش ئەمەس ، بەلكى تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى قانداق چۈشىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسى-
تىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، جۇڭگونىڭ گۆدەك بۇرژۇئازىيىسى ياۋروپا ،
ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ بۇرژۇئازىيىسى تەييارلىۋالغىنىدەك ، بىز ئۈچۈن جەمئى-
يەت ئەھۋالى توغرىسىدا مۇكەممەلرەك ، ھەتتا ئەڭ ئاددىي ماتېرىيالنىمۇ تەييارلاپ بېرىشكە
ئۇلگۈرەلمىدى ۋە ھېچقاچان تەييارلاپ بېرەلمەيتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش خىزمى-
تىنى ئۆزىمىز ئىشلىمەي بولمايدۇ . ئالاھىدە ئېيتقاندا ، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر
ئۆزگىرىپ تۇرغان ئەھۋالنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرۇشى لازىم ، بۇنىڭدا ھەرقانداق ئەلنىڭ
كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ باشقىلارنىڭ تەييارلاپ بېرىشىگە يۆلەنسە بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈ-

چۇن بارلىق ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم . نەزەرىيىنىلا بىلىپ ، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن بۇنداق تەكشۈرۈش خىزمىتى بولۇپمۇ زۆرۈر ، مۇنداق قىلمايدىكەن ، ئۇلار نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرەلمەيدۇ . «تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش هوقۇقى يوق» دېگەن سۆزۈمنى بەزىلەر «تار تەجرىبىچىلىك» دەپ زاڭلىق قىلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن مەن بۇ سۆزۈمگە هازىرمۇ پۇشايمان قىلمايمەن ؛ پۇشايمان قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش هوقۇقى بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدە هېلىمۇ چىڭ تۇرىمەن . نۇرغۇن كىشىلەر «هارۋىدىن چۈشە - چۈشمەيلا» ۋالاقلاپ سۆزلەپ كېتىدۇ ، پىكىر بېرىدۇ ، بۇنى تەنقىدلەيدۇ ، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ ، هالبۇكى ، بۇنداق ئادەملەردىن ئونى بولسا ، ئونى مەغلۇپ بولىدۇ . بۇنداق سۆز ياكى تەنقىدلەر پۇختا تەكشۈرمەي تۇرۇپ قىلىنغاچقا ، نادانلارچە بىلجىرلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . پارتىيىمىزنىڭ «چىنچەي داچېن» [2] لاردىن تارتقان زىيانلىرى سان - ساناقسىز . هالبۇكى ، بۇنداق «چىنچەي داچېن» لار تولۇپ يېتىپتۇ ، هەممە جايدا دېگۈدەكلا بار . ستالىن توغرا ئېيتىدۇ : «نەزەرىيە ئەگەر ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشمىسە ، ئوبيېكتىسىز نەزەرىيە بولۇپ قالىدۇ» [3] . ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ توغرا : «ئەمەلىيەت ئەگەر ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى قىبلىنەما قىلمىسا ، قارىغۇلارچە ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ» . قارىغۇ ، ئىستىقبالسىز ، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئەمەلىيەتچىلەردىن باشقىلارنى «تار تەجرىبىچى» لەر دېگىلى بولمايدۇ .

مەن جۇڭگو ئىشلىرى ۋە خەلقئارا ئىشلارنى پۇختا تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى هازىرمۇ چوڭقۇر هېس قىلىۋاتىمەن ، بۇ — مېنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى ۋە خەلقئارا ئىشلارنى هېلىمۇ يېرىم - يارتا بىلىدىغانلىقىمدىن ئىبارەت ئەمەلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، هېچقاچان مەن هەممىنى بىلىپ بولدۇم ، پەقەت باشقىلار بىلمەيدۇ ، دەۋاتقىنىم يوق . پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئاممىدىن ئۆگىنىش ، داۋاملىق شاگىرت بولۇش — مېنىڭ ئارزۇيۇم .

## ئاخىرقى سۆز

(1941 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)

ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىنىڭ تەجرىبىلىرى — هازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئەڭ ئوبدان ۋە ئەڭ مۇناسىپ تەجرىبىلەردۇر . لېكىن بۇ ، تاكتىكىلىق لۇشيەن تەرەپنى ئەمەس ، بەلكى قانداق قىلىپ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئاممىنى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش تەرەپنى كۆرسىتىدۇ . پارتىيىنىڭ هازىرقى تاكتىكىلىق لۇشيەنى ئۆتمۈشتىكىدىن پرىنسىپ جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ . ئۆتمۈشتە پومېشچىكلارغا ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇش ئىدى ؛ هازىر بولسا ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قارشى چىقمايدىغان بارلىق پومېشچىكلار ۋە بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىش بولدى . ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ، بىزگە قوراللىق هۇجۇم قىلغان ئەكسىيەتچى هۆكۈمەت ۋە ئەكسىيەتچى پارتىيە بىلەن بىزنىڭ هاكىمىيىتىمىزنىڭ قول ئاستىدىكى كاپىتالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بارلىق ئىجتىمائىي

تەبقىلەرگە نىسبەتەن پەرقلىق سىياسەت قوللىنىلمىدى ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئەكسى-
يەتچى پارتىيە ئىچىدىكى ھەر خىل گۇرۇھلارغا نىسبەتەنمۇ پەرقلىق سىياسەت قوللىنىلمىدى ،
بۇنداق قىلىشمۇ توغرا ئەمەس ئىدى . شۇ چاغدا دېھقانلاردىن ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيە-
سىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن باشقا بارلىق ئىجتىمائىي تەركىبلەرگە نىسبەتەن «ھەممىدىلا
كۈرەش قىلىش» دېگەن سىياسەت ئىجرا قىلىنىدى ، بۇ سىياسەت ، شۈبھىسىزكى ، خاتا ئىدى .
يەر سىياسىتى جەھەتتە ، ئۇن يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە
قوللىنىلغان توغرا سىياسەتنى ، يەنى پومېشچىكلارنىڭ ماكانسىز بولۇپ قېلىپ ياكى تاغقا
چىقىپ باسمىچى بولۇۋېلىپ ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇلارغى-
مۇ دېھقانلارغا ئوخشاش بىر ئۈلۈش يەر تەقسىم قىلىپ بېرىپ ، ئۇلارنى تېرىقچىلىق بىلەن
شۇغۇللاندۇرۇش سىياسىتىنى ئىنكار قىلغانلىقمۇ خاتا ئىدى[4] . ھازىر پارتىيىنىڭ سىياسى-
تى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى لازىم ، «ھەممىدىلا كۈرەش قىلىپ ، بىرلىشىشنى ئىنكار
قىلىش» ئەمەس ، شۇنىڭدەك «ھەممىدىلا بىرلىشىپ ، كۈرەش قىلىشنى ئىنكار قىلىش»
(1927 ـ يىلدىكى چېن دۇشيۇچىلىقتەك) مۇ ئەمەس ، بەلكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى
تۇرىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي تەبقىلەر بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇلار بىلەن بىرلىك سەپ تۈزۈش-
تىن ، لېكىن يەنە ئۇلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش ۋە كوممۇنىستىك
پارتىيىگە ، خەلققە قارشى تۇرۇشتەك تۇراقسىزلىق ۋە ئەكسىيەتچىلىك تەرىپىنىڭ دەرىجىسىگە
قاراپ ، ئۇلار بىلەن تۈرلۈك شەكىللەردە كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم .
ھازىرقى سىياسىتىمىز — «بىرلىشىش» بىلەن «كۈرەش قىلىش» بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى
تەرەپلىمىلىك سىياسەت . ئەمگەك سىياسىتى جەھەتتىكىسى — ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش مەئى-
شىتىنى مۇۋاپىق ياخشىلايدىغان ۋە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ توغرا راۋاجلىنىشىغا توسقۇن-
لۇق قىلمايدىغان ئىككى تەرەپلىمىلىك سىياسەت . يەر سىياسىتى جەھەتتىكىسى — پومېش-
چىكلاردىن ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەم دېھقانلارنىڭ قىسمەن
ئىجارە ۋە ئۆسۈم تاپشۇرۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئىككى تەرەپلىمىلىك سىياسەت . سىياسىي
ھوقۇق جەھەتتىكىسى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بارلىق پومېشچىكلار ۋە
كاپىتالىستلارنى ئىشچى ـ دېھقانلارغا ئوخشاش جىسمانىي ھوقۇق ، سىياسىي ھوقۇق ۋە
مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدىغان ، ئەمما يەنە ئۇلارنىڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغان
ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئىككى تەرەپلىمىلىك سىياسەت . دۆلەت
ئىگىلىكى ۋە كوپېراتىپ ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇشى لازىم ، لېكىن ھازىرقى يېزا تايانچ
بازىلىرىدا ئاساسىي ئىقتىسادىي تەركىب تېخى دۆلەت ئىگىلىكى ئەمەس ، بەلكى خۇسۇسىيلار
ئىگىلىكى بولماقتا ۋە ئەركىن كاپىتالىستىك ئىگىلىككە راۋاجلىنىش پۇرسىتى بېرىلمەكتە ،
بۇنىڭدىن مەقسەت — ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە يېرىم فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشتىن
ئىبارەت . بۇ — ھازىرقى جۇڭگودا ئەڭ ئىنقىلابىي سىياسەت ، بۇ سىياسەتنىڭ ئەمەلگە
قويۇلۇشىغا قارشى چىقىش ۋە توسقۇنلۇق قىلىش ، شۈبھىسىزكى ، خاتا . كوممۇنىستىك
پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كوممۇنىستىك پاكلىقىنى جىددىي ۋە قەتئىي ساقلاش ، جەمئىيەت ئىقتى-
سادىدىكى پايدىلىق كاپىتالىستىك تەركىبنى قوغداش ۋە ئۇنى بىرەر مۇۋاپىق تەرەققىياتقا ئىگە
قىلىش — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش دەۋرىدە
قايسىبىرى كەم بولسا بولمايدىغان ۋەزىپىمىزدۇر . بۇ دەۋردە بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ
بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن چىرىكلەشتۈرۈلۈشى ، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا كاپىتالىستىك ئىدى-
يىلەر تۇغۇلۇشى مۇمكىن ، بىز پارتىيە ئىچىدىكى بۇنداق چىرىك ئىدىيىلەرگە قارشى كۈرەش

قىلىشىمىز لازىم ؛ ئەمما پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىستىك ئىدىيىلەرگە قارشى كۈرەشنى خاتا ھالدا جەمئىيەت ئىقتىسادى تەرىپىگە بۇراپ ، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تەركىبكە قارشى تۇرماسلىقىمىز لازىم . بىز بۇ چېگرىنى ئېنىق ئايرىتىۋېلىشىمىز كېرەك . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇرەككەپ شارائىتتا ئىشلەۋاتىدۇ ، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىر ئۆزىنى ماركسىزم سېلۇپىسىنى بىلىدىغان جەڭچىلەردىن قىلىپ چېنىقتۇرۇشى لازىم ، مەسىلىگە بىر تەرەپلىمە ، ئاددىي قاراش بىلەن ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس .

## ئىزاھلار

① مەركەزنىڭ 1940 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى يولىيورۇقى شۇ ۋاقىتتا چىقىرىلغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتى توغرىسىدىكى قارارى» نى كۆرسىتىدۇ . مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1940 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى يولىيورۇقى مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2 - تومىدىكى «سىياسەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ .

② چىنچەي داچىن — رېۋىززور .

③ ستالىن : «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا» نىڭ Ⅲ قىسمىدىن ئېلىنغان .

④ بۇ يەردە ئېيتىلغان ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى 1927 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1928 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلنى ، يەنى كىشىلەر ئادەتتە ئاتاپ كەلگەن جىڭگاڭشەن مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ ؛ ئوتتۇرا مەزگىلى 1929 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1931 - يىلىنىڭ كۈزىگىچە بولغان مەزگىلنى ، يەنى مەركىزىي قىزىل ئىنقىلابى بازا قۇرۇلغاندىن تارتىپ «قورشاپ يوقىتىش» قا قارشى ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياغلاشقانغا قەدەر بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ ؛ ئاخىرقى مەزگىلى 1931 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلنى ، يەنى «قورشاپ يوقىتىش» قا قارشى ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندىن تارتىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇنيى شەھىرىدە سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئۆتكۈزگەنگىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ . 1935 - يىلى 1 - ئايدىكى زۇنيى يىغىنى 1931 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە پارتىيە ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان «سول» چىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنىگە خاتىمە بېرىپ ، پارتىيىنى توغرا لۇشيەنگە قايتۇردى . مۇشۇ تومغا قوشۇمچە قىلىنغان «بىرقانچە تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» نىڭ Ⅲ قىسمىغا قارالسۇن .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

(1) « ‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش › كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز » نامىلىق بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» نامىلىق كىتابنى نەشر قىلىشنىڭ ۋە تارقىتىشنىڭ مەقسىتى ئىككى تەرەپتىن تونۇشتۇرۇلغان : ① ۋەزىيەت ، سىياسەت ئۆزگەرگەنلىكتىن يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان كادىرلارنىڭ خىزمەتلەر داۋامىدا ئۇچرىغان يېڭى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشى ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى ، بۇنىڭدىن قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىپ خىزمەتلەرگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە مەزكۇر كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ② رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتەۋاتقان نۇرغۇن يولداشلارنىڭ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز بولۇش ، ئىشتا بىپەرۋالىق قىلىش ، ئەھۋالنى تولۇق چۈشەنمەسلىك ، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەسلىك ، سۇبيېكتىپىزملىق ئىستىلىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە بۇ كىتاب تارقىتىلغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان .

(2) ماقالىدە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل شەرھلەنگەن ، بۇ جەھەتتىكى مەۋجۇت مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن .

(3) ماقالىدە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپ خىل شەرھلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بولۇپمۇ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق سەلبىي كۆزقاراش بىلەن ئىجابىي كۆزقاراش بىرلەشتۇرۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىنىپ، پەرق ۋە نەتىجە روشەن كۆرسىتىلگەن. سىلەر مەزكۇر تەكشۈرۈش دوكلاتىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، تۆۋەندىكى كۆنۈكمىلەرنى ئىشلەڭلار.

1. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش›، كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدا «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» نى يېزىشتىكى مەقسەت قايسى ئابزاستا قانداق تونۇشتۇرۇلغان؟

2. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە جانلىق تىللار بىلەن قانداق شەرھلەنگەن؟

3. تېكىستتە قانداق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ خاتا كۆزقاراشلار ۋە پوزىتسىيەلەرگە رەددىيە بېرىشنى ئىجابىي جەھەتتىن شەرھلەش بىلەن قانداق بىرلەشتۈرۈلگەن؟

4. ماقالىنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا نەقىل قىلىنغان «نەزەرىيە ئەگەر ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشمىسە، ئوبيېكتسىز نەزەرىيە بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ھۆكۈم بىلەن «ئەمەلىيەت ئەگەر ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى قىبلىنەما قىلمىسا، قارىغۇلارچە ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ» دېگەن كۆزقاراش ئوتتۇرىسىدا قانداق، دىئالېكتىك مۇناسىۋەت بار؟ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەڭلار.

5. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا 1941 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېزىلغان. سىلەر بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدۇڭلار؟ ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراشلارنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

6. يولداش ماۋ زېدۇڭ قانداق كىشىلەرنى «تار تەجرىبىچى» لەر دېگەن؟

7. ماقالە ئىچىدىكى ھۆكۈم خاراكتېرلىك نەزەرىيىۋى ئۇقۇملارنى تاللاپ چىقىڭلار.

# ▲7 . مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى①

## ــ شائخەي 1 ـ پېداگوگىكا مەكتىپى ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات

نۇرغۇنلىغان شائخەيلىكلەر قولىغا «جىيباۋ» ماركىلىق كۋارتس سائىتىنى تاقىۋالغان بولۇپ ، بۇ سائەتنىڭ پاسونى يېڭىچە ، مېڭىشى توغرا . بۇ سائەتنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى بىر زاۋۇتتا ــ شائخەي ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتىدا ئىشلەپ چىقىرىلغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز ، ئەتىمالىم . بۇ زاۋۇت شائخەي شەھەرلىك 1 ـ پېداگوگىكا مەكتىپى باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇت بولۇپ ، 1988 ـ يىل دېكابىردا قۇرۇلغان ، زاۋۇت ئۆيىنىڭ كۆلىمى ئاران 80 كۋادرات مېتىر ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئاران 30 ئادەم ، مەكتەپ بۇ زاۋۇتقا 100 مىڭ يۈەنلا پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن . ئىلگىرى نام ـ ئاتىقىمۇ چىقمىغان بۇ كىچىك زاۋۇت ئۈچ يىللىق جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، پايدىسىنى 1 مىليون يۈەندىنمۇ ئاشۇرۇپ ، سائەتچىلىك كەسپى رىقابىتىدە مۆجىزىلەرچە مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇپ قالدى . مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى بۇ كارخانىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتتى ، ئۇلارنىڭ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالىشىنىڭ سىرى نەدە ؟

### 1 . ئوخشاشلىق ئىچىدىن ئوخشىماسلىقلارنى تېپىش

نۆۋەتتە ، سائەتچىلىك كەسپىدە رىقابەت كەسكىن بولماقتا ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى دېمىسەكمۇ ، «جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى» چوڭ ـ كىچىك كارخانىلارمۇ ، ماھىدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئۇلار كۈچلۈك مالىيە كۈچىگە تايىنىپ ، ئېلان قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بازارلارنى كەڭ ئاچماقتا . 1985 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە ، ئېلىمىزدە يىلىغا 40 مىليون ئەتراپىدا قول سائىتى ئىشلەپ چىقىرىلىپ بازارلار تويۇنۇش ھالىتىگە يەتكەن ، تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن ، نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار شۇ سەۋەبتىن قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانىدى . ھالبۇكى ، كىچىككىنە ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتى خەلقئارا بازارنىڭ يۈزلىنىشىنى چىڭ تۇتۇپ ، خەلقئارادا مودا بولۇۋاتقان كۋارتس سائەتنى ئىشلەپ چىقاردى . بۇنداق سائەتنىڭ مېڭىشى توغرا بولۇپ ، كۈنلۈك خاتالىق پەرقى 0.5 سېكۇنتلا بولاتتى ھەمدە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ ، پاسونى يېڭى ئىدى . ئەنئەنىۋى مېخانىك سائەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا روشەن ئارتۇقچىلىقلىرى بار ئىدى . نۆۋەتتە كۋارتس سائەتلەرنىڭ خەلقئارادا بازارنى ئىگىلەش

① «پېداگوگىكا مەكتەپلىرى مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن ئېلىندى .
△ بەلگىسى دەرستىن سىرت مەشىق ئۈچۈن بېرىلگەن تېكىستنى كۆرسىتىدۇ .

مىقدارى 80% كە يەتكەن ، ئەمما جۇڭگودا ئاران 10% بولماقتا . ئاساسىي سەۋەب كىشىلەر. نىڭ بۇ خىل يېڭى شەيئىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رېمونتچىلىق كەسپى يېتىشەلمەيدۇ ، شۇڭا خېرىدار خاتىرجەم بولالمايدۇ ، ئەلۋەتتە زاۋۇت رەھبەرلىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاۋۋال ، ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ، بۇنداق كۆزقاراشنى تۇرغۇزمىغاندا ، قانداقمۇ سائەتنىڭ سېتىلىش يولى بولسۇن ؟ دەپ قارىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتى پۈتۈن شەھەر بويىچە تۇنجى «كۋارتىس سائەتلەرنى رېمونت قىلىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى» تەسىس قىلىپ ، مەملىكەت مىقياسىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى ، مەخسۇس خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتكۈزدى ھەمدە شەھەردە رېمونتچىلىق پونكىتى تەسىس قىلدى . بۇ ئىشلار «جىيباۋ» ماركىلىق كۋارتىس سائەتنىڭ داڭقىنى چىقىرىپلا قالماستىن ، سېتىلىش يوللىرىنىمۇ تاپتى ، خېرىدارلار سائەتنى سېتىۋالغاندىن كېيىن رېمونت قىلدۇرۇشتىن غەم يېمەيدىغان بولدى . ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا ئوخشاش بولمىغان يولدا مېڭىش ، يۈرەكلىك ھالدا سىناپ بېقىش ۋە پائال تۈردە يېڭىلىق يارىتىش ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى بىر چوڭ سىردۇر .

## 2 . تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ھەرقايسى كارخانىلار ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داغدۇ. غا بىلەن ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، لېكىن ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ ، ئىشتىن ئادەم جىق بولۇش ، چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش ، ھەتتا ئاز ئىشلەپ كۆپ ھەق ئېلىش ، كۆپ ئىشلەپ ئاز ھەق ئېلىشتەك غەلىتە ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ، بۇ ئىش ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن بولۇشى ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ كەمچىل بولۇشى. نى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، كارخانىنى ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە قىلدى . ئۇلارنىڭ زاۋۇتتىكى خادىملار ماھىر ، چەبدەس بولۇپ ، «ئورۇننى ئىگىلەپ يېتىپ ئىش قىلماسلىق» مەسىلىسى ھەل قىلىندى . ئۇلاردا بىر زاۋۇت باشلىقى ، بىر مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بار . مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى مەمۇرىي خىزمەتلەردىن باشقا ، قوشۇمچە مالىيە ، ئىشلەپچىقىرىش ، سۈپەت قاتارلىق كۆپ خىل خىزمەتلەرنى ئۆتەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلما ئاز ھەم ئاددىي بولۇپ ، بىر خىل يېڭى مەھسۇلاتنى بىر ھەپتە ئىچىدىلا بازارغا سالغىلى بولىدۇ ، بۇ ئىش ئۈنۈمنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى . كىمكى «كۆز بوياش» ئارزۇسىدا بۇ زاۋۇتقا خىزمەتكە كىرسە ، ئۇنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىشىغا مۇمكىن بولمىدى . زاۋۇتتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەڭ تەقسىماتچىلىق ھادىسىلىرى يوق ئىدى ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مۇكاپات پۇلى 40 يۈەندىن يۈز نەچچە يۈەنگىچە بولۇپ ، ئوخشاش ئەمەس ئىدى ، بۇ نېمىنى ئۆلچەم قىلىدۇ ؟ ئەلۋەتتە ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش ، ئەمگىكىگە يارىشا ھەق ئېلىشنى ئۆلچەم قىلىدۇ . ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - يار ، ئاغىنىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ، بوشاڭلىق ، چېچىلاڭغۇلۇق قىلسا ، زاۋۇت باشلىقى ئوخشاشلا يۈز - خاتىر قىلماستىن «يولغا سېلىپ قويۇش» بۇيرۇقى چۈشۈرەتتى . زاۋۇت رايونىغا قەدەم قويسىڭىز ، بىكارچىلارنى ، ئۇياقتىن بۇياققا قاتراپ يۈرگەنلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى . پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر

رەھبەرلىكنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇشى بىلەن قەدەمنى بىردەك ئېلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا باساتتى. ئىسلاھات ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كارخانىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن شەخسلەر مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكىنى تونۇتتى ۋە ھېس قىلدۇردى. زاۋۇت باشلىقىمۇ، بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ ئوخشاشلا زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرۇشنى ئويلىغاچقا، «ھەممەيلەننىڭ ئويلىغىنى ئوخشاش بولۇش، كۈچنى بىر يەرگە سەرپ قىلىش» ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 3. ئۇچۇرلارغا ئەھمىيەت بېرىش

نۆۋەتتىكى دۇنيادا ئۇچۇرلار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مىڭ خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. خەلقئارا ئېقىمغا زىچ ئەگەشمەكچى بولىدىكەنمىز، چوقۇم بازارلارنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتى بۇ نۇقتىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، كىشىلەرنىڭ سائەتنىڭ پاسونىغا بولغان تەلىپىنى ئىگىلىدى. ئۇنى دۇنيا بازارلىرىدىكى ئۇچۇرلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى ـ ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدىلا پاسوننى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، 40 ـــ 50 خىلغا يەتكۈزدى.

ئۇلار سۈپەت جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. ئىشلىتىلىش ئىقتىدارى ياخشى بولغان ياپونىيىنىڭ شىتىچېڭ ماركىلىق قول سائىتىنىڭ ئۆزىكىنىڭ باھاسى ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ يېرىمى ئەتراپىدا ئەرزان ئىدى. بازارلارنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، خېرىدارلار ئارىسىدا ياخشى ئىناۋەت تىكلىنىپ، كەسىپ يولى ئېچىلدى ۋە كېڭەيتىلدى، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، مانا بۇ ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى يەنە بىر چوڭ ئەڭگۈشتەردۇر.

مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىنىڭ كۈنسېرى گۈللەپ ياشنىشى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلدى. مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇت ياخشى باشقۇرۇلغانلىقتىن، مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش مەبلىغى ئاشتى، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى، شۇ قاتاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاشتى، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆز تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قارىغاندا، مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان رول ئوينايدىكەن.

شاڭخەي 1 ـ پېداگوگىكا مەكتىپى باشقۇرۇشىدىكى ماگنولىيە گۈلى سائەت زاۋۇتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەۋر دولقۇنىدا مەڭگۈ ئېچىلىپ تۇرىدىغان ماگنولىيە گۈلىدەك مائارىپ گۈلبېغىغا خۇش پۇراقلار چېچىشىنى تىلەيمىز.

(شاڭخەي 1 ـ پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى فۇ بىڭبىڭ)

## باشقۇچ كۈنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

يۇقىرىدا دەرستىن سىرت مەشىق ئۇچۇن بېرىلگەن «مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭگۈشتىرى» دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوقۇپ تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە مەشىق ئىشلەڭلار.

1) بۇ قايسى خىلدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا كىرىدۇ؟ پۈتۈن تېكىستتىكى باش نۇقتىئىنەزەر نېمە؟

2) ماقالە قانچە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان؟ ھەر بىر بۆلەكتىكى ئاپتورنىڭ كۆزقارىشى ئىپادىلەنگەن جۈملە ۋە ئابزاسلارنى تېپىپ چىقىڭلار.

3) يېزىقچىلىق تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ بېرىڭلار. بۇنىڭدا ئۆزىڭىز ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ دەپ قارىغان بىر ـ ئىككى نۇقتىنى تاللاپ سۆزلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سۆزلىگەندە ئەمەلىي پاكىت (ماتېرىيال) بىلەن كۆزقاراشنىڭ بىردەك بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

2. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تېكىستلەردىن ئۈلگە ئېلىپ، تۆت ـ بەش بەت ئەتراپىدا بىر پارچە خۇلاسە ياكى تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ كېلىڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆگىنىشتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەڭلار ياكى ئۆگىنىشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ يازساڭلارمۇ ياكى بىرەر قېتىملىق پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تەرەپلىرىنى خۇلاسىلەپ يازساڭلارمۇ بولىدۇ؛ ياكى ئۆزۈڭلار خالىغان تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىگىلىگەن تىپىك ماتېرىياللار ئاساسىدا بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقساڭلارمۇ بولىدۇ. بۇ ماقالىلەر ئىچىدىن ئۈلگىلىرىنى تاللاپ، «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ مائارىپى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا ياكى گېزىتلەردە ئېلان قىلىشقا تىرىشىڭلار.

# 3 ـ باسقۇچ[①]

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى دۆلەت بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان جۇڭگو ئەدەبىياتىمۇ يىراق قەدىمكى زاماندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تەخمىنەن 3 مىڭ يىلدىن ئارتۇق يازما ئەدەبىيات تارىخىغا ئىگە.

بۇ باسقۇچتا «4 ـ ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن ئىلگىرىكى جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قىسقىچە بايان قىلىنغان، يەنى ھەربىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇ دەۋردىكى ئاساسلىق ئەدەبىي ژانىرلار، شۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان داڭلىق ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئاشۇ دەۋرلەرگە تەئەللۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

## ئۆگىنىش تەلىپى

1. بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ھەربىر دەۋر ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئۇتۇقلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش.

2. جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋېلىش.

3. بۇ باسقۇچتا ئۆگىنىش ئۈچۈن تاللانغان ئۈلگىلىك ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەپ، جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىۋېلىش.

---

① بۇ باسقۇچنى تۈزۈشتە يولداش ماخمۇت نىزام تۈزگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات (3 ـ قىسىم) دىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى.

# ئاساس بىلىم

## جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر ئەدەبىياتى

چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋر دېگەندە، يىراق قەدىمكى زاماندىن چىن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق مەزگىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەت دەۋرى، شيا سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XXI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىرگىچە)، شاڭ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىغىچە)، جۇ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلىغىچە) دەۋرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋرلەر جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىرىنچى باسقۇچ، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى «ئايال ئىلاھ نۇۋانىڭ ئاسماننى يامىشى»، «گۇن بىلەن يۇنىڭ تاشقىن سۇنى تىزگىنلىشى»، «خۇ يىنىڭ قۇياشنى ئېتىشى»، «جىڭ ۋېينىڭ دېڭىزنى تىندۇرۇشى»، «كۇا فۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى»، «خۇاڭ دىنىڭ چى يۇنى ئۆلتۈرۈشى» قاتارلىق ئالەمنىڭ ۋە ئادەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ھەمدە «كامالەك قوشىقى»، «يىجى ئۇرۇقىنىڭ نەزىر ـ چىراغ قوشىقى» قاتارلىق خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت.

جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ــ «نەزمىنامە» مەيدانغا كەلدى. بۇ توپلامغا جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 500 يىللىق تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 305 پارچە شېئىر ـ قوشاق كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە خەلق قوشاقلىرى، ھەر خىل مۇراسىملاردا ئوقۇلىدىغان نەزىر ـ چىراغ قەسىدىلىرى ۋە مۇراسىم ناخشىلىرى، داستان، باللادىلار، مۇھەببەت قوشاقلىرى، لىرىك شېئىرلار ۋە ھەجۋىي شېئىرلار بار. بۇ شېئىر ـ قوشاقلار ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشىنى ۋە مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئاممىباب تىل ۋە ئۇسلۇب بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. «نەزمىنامە» ئۆزىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى رەڭدارلىقى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، شۇنداقلا ئۇ ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي ئىكەنلىكىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئېلىمىزنى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

نەسر (بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەر) جەھەتتە، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «قەدىمنامە» ناملىق قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلەر توپلىمى مەيدانغا كەلدى.

ئۇنىڭدىكى بۇ ھۆججەت خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ھەقىقىي مەنىدىكى نەسرنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

چۇنچيۇ (ئەمىنىيە) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن جەنگو (يېغىلىق) دەۋرىنىڭ ئاخىرغىچە بولغان 300 يىلغا يېقىن تارىخىي مەزگىلدە نەسر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن نەسرلەر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) تارىخىي نەسرىي ئەسەرلەر، (2) ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى. تارىخىي ئەسەرلەرگە «ئەمىنىيە»، «زو چيۇمىڭ تەپسىرى»، «بەگلىكلەر خاتىرىلىرى»، «جەنگۇ تەدبىرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر كىرىدۇ.

«ئەمىنىيە» لو بەگلىكىنىڭ تارىخىنى ئاساس قىلغان تارىخىي نەسرىي ئەسەر بولۇپ، بۇنى كۇڭزى تۈزۈپ چىققان. كىتابتا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 722 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 481 - يىلغىچە بولغان چۇ بەگلىكى، لۇ بەگلىكى ۋە باشقا بەگلىكلەرنىڭ چوڭ - چوڭ تارىخىي ۋەقەلىرى ئىنتايىن ئىخچام خاتىرىلەنگەن.

«زو چيۇمىڭ تەپسىرى» كۇڭزىچىلار ئېقىمىنىڭ كلاسسىك ئەسىرى ھەمدە چىن سۇلالى-سىدىن بۇرۇنقى ئېلىمىز تارىخىنى تۇنجى قېتىم تەپسىلىي خاتىرىلىگەن تارىخىي نەسرىي ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى زو چيۇمىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى «ئەمىنىيە» نىڭ تۈزۈلۈشىگە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان.

«بەگلىكلەر خاتىرىلىرى» بولسا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 440 - يىلغىچە بولغان جۇ سۇلالىسى ۋە ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ تارىخىنى ئاي-رىم - ئايرىم خاتىرىلىگەن تارىخىي نەسرىي ئەسەردۇر. «جەنگۇ تەدبىرلىرى» نىڭ ئاپتورى ئېنىق ئەمەس ھەمدە بۇ ئەسەر بىرلا ئادەم تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ تاماملانغان ئەمەس. كىتابتا غەربىي جۇ ۋە شەرقىي جۇ سۇلالىسى ھەمدە چىن، چې، چۇ، جاۋ، ۋېي، خەن، يەن، سوڭ، جۇڭسەن قاتارلىق 12 بەگلىكنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 460 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 220 - يىلغىچە بولغان 240 يىللىق تارىخىي ۋەقەلىرى خاتىرىلەنگەن.

«ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ نەسرلىرى» گە كۇڭزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق ئەسىرى، مېڭزىنىڭ «مېڭزى» ناملىق ئەسىرى، جۇاڭزىنىڭ «جۇاڭزى» ناملىق ئەسىرى، شۈنزىنىڭ «شۈنزى» ناملىق ئەسىرى، خەن فېينىڭ «خەن فېيزى» ناملىق ئەسىرى ۋەكىل-لىك قىلىدۇ. «مۇھاكىمە ۋە بايان» نى كۇڭزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرى كۇڭزىنى سېغىنىش ۋە ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن كۇڭزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئەسلەپ ھەمدە ئۇنى خاتىرىلەپ كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىققان ۋە بۇ كىتابنى دەرسلىك قىلىپ قوللانغان. كۇڭزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 551 - يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 479 - يىلى ۋاپات بولغان.) ئۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋە كۇڭزى تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى. كۇڭزىنىڭ ئەسلى ئىسمى چيۇ، تەخەللۇ-سى جۇڭنى، لو بەگلىكىنىڭ چۇيى (ھازىر شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چۇفۇ ناھىيىسى) دېگەن جايىدا تۇغۇلغان.

«مېڭزى» ناملىق كىتاب كۇڭزىچىلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى مېڭزى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىرلىكتە يېزىپ چىققان. مېڭزى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 370 - يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 289 - يىللار ئەتراپىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى كې، تەخەللۇسى زىيۇ بولۇپ، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زوشيەن ناھىيىسىدىن. ئۇ كۇڭزىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، كۇڭزىغا شاگىرت بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەلىم

ئالغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، مائارىپچى ۋە پەيلاسوپتۇر.

«جۇاڭزى» دېگەن بۇ كىتابتا 53 پارچە ئەسەر بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى 33 پارچە، ئۇنىڭ يەتتە پارچىسىنى جۇاڭزى ئۆزى يازغان، قالغانلىرىنى جۇاڭزىنىڭ شاگىرتلىرى يازغان. جۇاڭزى (جەنگو) يېغىلىق دەۋرىدىكى تەرىقەتچىلەر ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 360 - يىللار ئۆپچۆرىسىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 280 - يىللار ئەتراپىدا ۋاپات بولغان.

«شۈنزى» — يېغىلىق (جەنگو) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى كۇڭزىچىلار ئېقىمىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى. بۇ توپلامدا جەمئىي 32 پارچە ئەسەر خاتىرىلەنگەن. ئەسەردە پەلسەپە، سىياسەت، ئىقتىساد، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق پەنلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

شۈنزى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 300 — ؟ 230 ؟ — يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان بولۇپ، ئىسمى كۇاڭ، تەخەللۇسى چىڭ. ئۇ يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كۇڭزىچىلار ئېقىمىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى. يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ نەزەرىيە- چىسى، مائارىپچى ۋە ئەدىب، مۇتەپەككۇر.

«خەن فېيزى» جەمئىي 55 پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خەن فېيزى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەردە شۈنزىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان.

ئومۇمەن يۇقىرىقى ئەسەرلەر ھەم تارىخىي ھەم ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بەدىئىي قۇرۇلما ۋە تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅳ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، يەنى جەنگو دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە جەنۇبتىكى چۇ بەگلىكىدە بىر خىل يېڭى شەكىلدىكى شېئىر — «چۇ نەزمىلىرى» بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ رومانتىزمچى شائىر چۇ يۈەن مەيدانغا چىقتى.

چۇ يۈەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 340 - يىلى زىگو ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 277 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىسمى پىڭ، تەخەللۇسى لىڭجۈن بولۇپ، چۇ يۈەننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «جۇدالىق زارى»، «توققۇز نەزم»، «توققۇز سەھىپە»، «تەڭرىگە سوئال» قاتارلىق 25 پارچە ئەسىرى بار.

شائىرلار بۇ ئەسەرلىرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ گاللۋاڭ بېگى ۋە خۇشامەتچى ئەمەلدارلىرىغا قارشى قەتئىيلىك بىلەن كۈرەش قىلىشتەك روھى ۋە ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشتەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. چۇ يۈەن ئەسەرلىرىنىڭ رومانتىك تۈسى قويۇق بو- لۇپ، تەسەۋۋۇرغا باي، ئۇلاردا كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

## 2. چىن - خەن سۇلالىلىرى دەۋرى ئەدەبىياتى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلى چىن شىخۇاڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ چىن سۇلالىسىنى قۇردى. چىن سۇلالىسى ئاران 15 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى زاۋال تاپتى. بۇ دەۋردە ئەلدە خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق بولمىغاچقا، ۋەزىر لى سىنىڭ بەزى مەدھىيە خاراكتېرلىك نەسرلىرى بىلەن «مېھمانلارنى قوغلاش بۇيرۇقى توغرىسىدا تەكلىپنامە» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلمىدى.

چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى لىيۇباڭ يىغىشتۇرۇپ ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلى مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ خەن سۇلالىسىنى قۇردى . بۇ تارىختا غەربىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى . مىلادىيە 23 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى لۈلىنلىقلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىدە زاۋال تاپتى . مىلادىيە 25 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى خان جەمەتلىرىدىن لىيۇ شيۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، خەن سۇلالىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى . بۇ سۇلالە تارىختا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى . بۇ سۇلالە مىلادىيە 220 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈردى .

خەن سۇلالىسى ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتتە «يۆ فۇ قوشاقلىرى» ، (مۇزىكا مەھكە-مىسى خەلق قوشاقلىرى) ، ئەدىبلەرنىڭ بەشلىك شېئىرلىرى بىلەن نەسر جەھەتتە مۇھاكىمە-لىك نەسرلەر ، تەسۋىرىي نەسرلەر ۋە تارىخىي تەزكىرە ئەدەبىياتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن خەن ۋۇدى دەۋرىدە خانلىق ئوردىسىدا مۇزىكىنى باشقۇرىدىغان ئورگان «مۇزىكا مەھكىمىسى» قۇرۇلۇپ ، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ۋە مۇزىكىغا سېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى . نەتىجىدە بۇ «مەھكىمە» خەلق ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنى توپلىدى . بۇ قوشاقلار «يۆ فۇ قوشاقلىرى» دەپ ئاتالدى . ئەنە شۇ «مۇزىكا مەھكىمىسى» گە توپلانغان قوشاقلار ئىچىدە «شەرقىي قوۋۇق قوشىقى» ، «بىتاب ئايال قوشىقى» ، «يېتىم قوشىقى» ، «ئون بەش ياشتا ئەسكەرلىككە باردىم» قاتارلىق داڭلىق قوشاقلار ، «تاۋۇسلار ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» ناملىق مەشھۇر خەلق داستانلىرى بار .

«يۆ فۇ قوشاقلىرى» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ، ئەدىبلەر بۇ قوشاقلارنىڭ ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى . بەشلىك ئۇسلۇبىدىكى ئەدىبلەرنىڭ شېئىرلىرىغا شىن يەنئىيەننىڭ «مەيپۇرۇش غوز قىزى» دېگەن شېئىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ .

نەسر جەھەتتە ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلەر ، قائىدە سۆزلىنىدىغان لىرىك نەسرلەر ۋە خاتىرە خاراكتېرلىك نەسرلەر مەيدانغا كەلدى . بۇنىڭدا ئاساسلىقى سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلەر بولۇپ ، جيا يىنىڭ «چىن سۇلالىسىنىڭ سەۋەن-لىكلىرى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى ، چاۋ تسونىڭ «ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا تەكلىپنا-مە» ، خۇەن كۇەننىڭ «تۇز تۆمۈر ھەققىدە» ، ۋاڭ چۇڭنىڭ «مىزان توغرىسىدا» قاتارلىق سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە .

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە نەسرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ھەم شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتى-گە ئىگە بولغان تەسۋىرىي نەزم دەپ ئاتىلىدىغان نەسرنىڭ يېڭى بىر خىل شەكلى مەيدانغا كەلدى . بۇنىڭغا جيا يىنىڭ «چۇ يۇەنگە تەزىيە» ، «بايقۇش ھەققىدە نەزم» ناملىق ئەسەرلە-رى ، مېي چېڭنىڭ «يەتتە ئىش ئارقىلىق روھلاندۇرۇش» ناملىق ئەسىرى ، سىما شاڭرۇنىڭ «زىشۇ ئەپەندى ھەققىدە تەسۋىرىي نەسرىي نەزم» ، «شاڭلىن چاھار بېغى ھەققىدە تەسۋىرىي نەسرى نەزم» قاتارلىق ئەسەرلىرى ، بەن جاۋنىڭ «شايى يۇيۇش ھەققىدە تەسۋىرىي نەزم» ناملىق ئەسىرى ، جاڭ خېڭنىڭ «غەربىي پايتەخت نەزمى» ، «شەرقىي پايتەخت نەزمى» دېگەن ئەسەرلىرى ، سەي يۇڭنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرى ، جاۋ يىنىڭ «زامان ۋە ئۇنىڭ ئىللەتلىرى توغرىسىدا ئەيىبنامە» ناملىق ئەسىرى مىسال بولالايدۇ .

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە تارىخىي تەزكىرە ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېڭى ئەدەبىي شەكىل مەيدانغا كەلدى . بۇنىڭ ۋەكىلى سىما چيەن ۋە بەن گۇ ھېسابلىنىدۇ .

سىما چيەن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 145 — 87 يىللار) نىڭ تەخەللۇسى زىچاڭ بولۇپ ، شاياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچېڭ ناھىيىسى) دېگەن جايدا تۇغۇلغان . سىما

چىيەن 20 يېشىدىن باشلاپ ئىلىمىزنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ ، خەلق ئارىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . بۇ ئارقىلىق تارىخ ۋە باشقا ساھەلەرگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى توپلاپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى چىن ، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي كالېندارنى قەمەرىيە كالېندارىغا ئۆزگەرتىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن ، تارىخىي تەزكىرە ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخنامە» نى يېزىشقا باشلىدى . «تارىخنامە» كۈچلۈك خەلقچىللىققا ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ ، سىما چىيەن بۇ ئەسىرىدە نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرگە تەزكىرە تەرجىمىھال تۇرغۇزۇپ ، تۇنجى بولۇپ جۇڭگونىڭ تەزكىرە ئەدەبىياتىغا يول ئېچىپ بەردى .

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەن گۇ سىما چىيەننىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ «خەننامە» ناملىق ئەسەرنى يازدى . بۇ ئىككى ئەسەر ئىلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ، تارىخ ئىلمىدا دەۋر بۆلگۈچ نامايەندە . بولۇپمۇ «تارىخنامە» سىما چىيەننىڭ ئىلىمىز خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا تۆھپىسىدۇر . ئۇ خۋاڭدى زامانىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 3 مىڭ يىللىق سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى تارىخىي ۋە ئەدەبىي ھالدا بايان قىلغان بۈيۈك قامۇستۇر .

## 3 . ۋېي ، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ئەدەبىياتى

خەن سۇلالىسى سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى تۈپەيلىدىن زاۋال تاپقاندىن كېيىن ، جۇڭگو جەمئىيىتى ۋېي ، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى . 369 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دەۋر سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى نەتىجىسىدە ، جەمئىيەت تۇراقسىز ھالەتتە ئۆتتى . بۇنداق تىنچسىز ھالەت تاكى مىلادىيە 581 - يىلى سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغىچە داۋام قىلدى .

بۇ دەۋردە ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تۈرى بولغان شېئىر ۋە نەسىردىن باشقا ، يەنە ھېكايە ژانىرى بارلىققا كېلىپ چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى ، شۇنداقلا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مەيدانغا كېلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى .

شېئىرىيەت جەھەتتە ، بۇ دەۋردە ئەنئەنىۋى بەشلىك شېئىرلار ئاساسىدا يەتتىلىك (بىر مىسراسى يەتتە خەتلىك) شېئىرلار مەيدانغا كەلدى .

بۇ دەۋر شېئىرىيىتىگە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئېقىمغا تەۋە شائىرلار ۋەكىللىك قىلىدۇ .

(1) «جيەنئەن ئەدەبىياتى» ئېقىمى ، يەنى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى خەن شيەندىنىڭ جيەنئەن يىللىرىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 196 - يىلى) دىن كېيىن باشلانغان شېئىرىيەت «جيەنئەن ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان . بۇ دەۋردە ساۋ فامىلىلىك ئۈچ ئاتا - بالا (ساۋساۋ ، ساۋفېي ، ساۋجى) ۋە «جيەنئەن دەۋرىنىڭ يەتتە ئوغلانى» دەپ ئاتالغان ۋاڭ سەن ، كوڭ رۇڭ ، ليۇ جىن ، چىن لىن ، شۈگەن ، رۇەن يۇ ، يىڭ چاڭ ۋە سەي يەن (سەي ۋېنجى) قاتارلىق مۇھىم شائىرلار مەيدانغا كەلدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋساۋنىڭ «خاۋلى قوشىقى» ، ساۋ فېينىڭ «دەۋەنگې قوشىقى» ، ساۋجىنىڭ «ئاق بوزئات ھەققىدە شېئىر» ، ۋاڭ سەننىڭ «يەتتە قايغۇ شېئىرى» ، سەي يەن (سەي ۋېنجى) نىڭ بەشلىك

بويچە يېزىلغان «ھەسرەتنامە» ناملىق شېئىرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

(2) ۋېي سۇلالىسى بىلەن جىن سۇلالىسى ئارىلىقىدىكى جېڭشى دەۋرىدە رۇەن جى بىلەن جى كاڭ ۋەكىللىك قىلغان «بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە دانىش» دەپ ئاتالغان شائىرلار مەيدانغا كەلدى. رۇەن جىنىڭ «تەسىراتنامە» ماۋزۇسى ئاستىدا يېزىلغان 82 پارچە شېئىرى، جى كاڭنىڭ «غەزەپلىرىم» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرى بار.

شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە داڭلىق شائىر تاۋ يۈەنمىڭ (427 — 365) مەيدانغا كەلدى. تاۋ يۈەنمىڭنىڭ 120 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «باغلىق هويلىغا قايتىش»، «شاراب ئىچكەندە» قاتارلىق شېئىرلىرى ئالاھىدە مەشھۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن زۇلمەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئىپلاس رېئاللىقىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىق ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاددىي پۇقرالارغا بولغان ھېسداشلىق ئىپادىلەنگەن. تاۋيۈەنمىڭنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزگە خاس ئۇسلۇبقا ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە. بولۇپمۇ يېزىلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە قىلىش تاۋيۈەنمىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇ بايان، لىرىكا ۋە مۇھاكىمىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

(3) جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شېي لىڭيۈەن ۋە شېي تياۋ ۋەكىللىكىدىكى «مەنزىرە شېئىرلىرى» شائىرلىرى مەيدانغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئېسىل مەنزىرە شېئىرلىرىنى يازدى. شۇڭا بۇ دەۋر مەنزىرە شېئىرلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شېئىرىيەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە بولمىدى. پەقەت، يوشىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە شېئىرلىرى بۇ دەۋر شېئىرىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە «يېڭى مۇزىكا مەھكىمىسى خەلق قوشاقلىرى» ھەرىكىتى قانات يېيىپ، خەلق تۇرمۇشى ۋە خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان «تېلى قوشىقى»، «مولەن ھەققىدە باللادا»، «لۇڭتۇ ناخشىسى» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. شىمالىي سۇلالىلەر بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كۆپچىلىكى ئەينى دەۋردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان. شۇڭا بۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ ھال «مۇزىكا مەھكىمىسى قوشاقلىرى» دا ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەت يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل خاراكتېرگە ئىگە بولغان.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى بىلەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ھېكايە ئىجادىيىتى تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ دەۋردىكى ھېكايىلەرنىڭ سانى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، ھېكايىچىلىق بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندى. بۇ دەۋر ھېكايىلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى غارايىباتلار ھېكايىلىرى، يەنى جىن ـ ئالۋاستىلار، ھەر خىل ئىلاھلار توغرىسىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەر؛ يەنە بىرى سەرگۈزەشتىلەر ھېكايىلىرى، يەنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەردىن ئىبارەت. ئالدىنقىسىغا گەن باۋنىڭ «ئەۋلىيا ئىزدەش قىسسىلىرى» ناملىق توپلىمىدىكى ھېكايىلەر، كېيىنكىسىگە ليۇ يىڭچىڭنىڭ «زامانىمىزنىڭ يېڭى ھېكايەتلىرى» ناملىق توپلىمىدىكى ھېكايىلەر ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ دەۋردە يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بارلىققا كېلىپ تېز تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭغا ساۋ پېينىڭ «ئۇلگىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر توغرىسىدا» ناملىق

ئەسىرى ، لۇ جىنىڭ «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى ، لىيۇ شيېنىڭ «ئەدەبىي ماھارەت» ناملىق ئەسىرى ، جۇڭ رۇڭنىڭ «شېئىرلارنى باھالاش» ناملىق ئەسىرى مىسال بولالايدۇ .

لىيۇ شيېنىڭ «ئەدەبىي ماھارەت» ناملىق ئەسىرى 50 باب بولۇپ ، ئومۇمىي بايان ، ژانىرلار ، ئىجادىيەت ، ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىق تۆت قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . لىيۇ شيې (466 ــ 520 ) ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت مەزكۇر ئەسىرى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مېتودولوگىيىسىنى تۇرغۇزۇپ بەردى . بۇ ئەسەردىكى نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلار كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى .

## 4 . سۈي ۋە تاڭ سۇلالىسى ئەدەبىياتى

پادىشاھ سۈي ياڭدى (ياڭ جيەن ) مىلادىيە 581 ـ يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن بۇيانقى پارچىلىنىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ سۈي سۇلالىسىنى قۇردى . بۇ سۇلالە مىلادىيە 618 ـ يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىدە زاۋال تاپتى . شۇنداق قىلىپ سۈي سۇلالىسى پەقەت 38 يىل ھۆكۈم سۈرەلىدى .

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىرىيەت ساھەسىدە بەزى يېڭىلىقلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن كۆرۈنەرلىك تېمىلارنى قولغا كەلتۈرەلمىدى . سۈي سۇلالىسى شېئىرىيىتىدە ئاز ـ تولا نەتىجە بار دېيىلسە ، ئۇنىڭغا شۆ داۋخېڭنىڭ «يۇچاڭ قوشىقى» ناملىق داستانى ۋە «تۇن ـ كېچە قوشىقى» ناملىق شېئىرى بىلەن لۇ سىداۋنىڭ «ئەسكەرلىككە بېرىش قوشىقى» ناملىق شېئىرلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن .

مىلادىيە 618 ـ يىلى لى يۈەن بىلەن لى شىمىندىن ئىبارەت ئاتا ـ بالا سۈي سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك سۇلالە ــ تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى . تاڭ سۇلالىسى مىلادىيە 907 ـ يىلىغىچە جەمئىي 289 يىل ھۆكۈم سۈردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، بەش سۇلالە دەۋرى باشلاندى . بۇ سۇلالىلەر ئالمىشىپ تۇرغان پاراكەندىچىلىك دەۋر بولدى . 50 يىل داۋام قىلغان بۇ دەۋردە بىرقانچە كىچىك سۇلالىلەر ھۆكۈم سۈردى .

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئىنتايىن پارلاق ۋە غايەت زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلگەن «ئالتۇن دەۋر» ھېسابلىنىدۇ . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىرىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ ، شەكىل جەھەتتە مۇكەممەللەشتى ، ژانىر جەھەتتە بېيىدى ، مەزمۇن جەھەتتە كەڭلىككە ئىگە بولدى . تاڭ سۇلالىسى دەۋر سۈرگەن 300 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مىراس قالدۇرغان شېئىرلىرى 50 مىڭ پارچىغا يېقىن بولۇپ ، بۇ شېئىرلار ئۆزىدىن بۇرۇنقى 2 مىڭ يىلغا يېقىن تارىخ ئىچىدە بارلىققا كەلگەن شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ، خاس ئۇسلۇب ياراتقان داڭلىق شائىرلاردىن 50 ــ 60 نەپىرى بار . ئۇلارنىڭ ئىچىدە لى بەي ، دۇفۇ ، بەي جۈيىدەك جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا زور شۆھرەت قازانغان ئالەمشۇمۇل نوپۇسقا ئىگە شائىرلار بار .

ئۇلۇغ ، رومانتىك شائىر لى بەينىڭ «چۈشۈمدە تيەنمۇ تېغىنى سەيلە قىلىش قوشىقى» ، «مۇشكۇلدۇر سىچۈەن يولى» ، «يوللار مۇشكۇل» قاتارلىق مەشھۇر رومانتىزملىق شېئىرلىرى ، دۇ فۇنىڭ «پايتەخت فېڭشيەن ناھىيىسىگە بارغۇچە ئويلىغانلىرىم» ناملىق داڭلىق رېئالىزملىق داستانى بىلەن «ئۈچ ئامبال» ، «كۈز شامىلىدا چۈۋۈلگەن كەپەم

قوشىقى » ، «چياڭسۇن كەنتى توغرىسىدا ئۈچ پارچە شېئىر » قاتارلىق مەشھۇر رېئالىزملىق شېئىرلىرى ؛ بەي جۈيىنىڭ «چىنجوڭ قوشىقى » ، «كۆمۈر ساتقۇچى بوۋاي » قاتارلىق مەشھۇر رېئالىزملىق شېئىرلىرى ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرلار ھېسابلىنىدۇ . تاڭ سۇلالە-سى شېئىرىيىتىنىڭ بۇ ئۈچ بۈيۈك پېشۋاسىدىن باشقا يەنە چېن زىئاڭ ، مىڭ خاۋرەن ، ۋاڭ ۋېي ، گاۋ شى ، سېن شېن ، خەن يۈ ، مىڭ جياۋ ، لى خې ، دۇ فۇ ، لى شاڭيىن قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان ۋە گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شائىرلار بار . چېن زىئاڭ يۇقىرىقى ئۈچ داڭدار ئەدىبتىن كېيىن نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە يېڭىلاش روھىنى روشەن ئىپادىلىگەن ئىسلاھاتچى شائىردۇر . ئۇ ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «قومۇش پۇتۇكلەرگە كىرىش سۆز » دە شېئىرىيەتنى يېڭىلاش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان . مىڭ خاۋرەن بىلەن ۋاڭ ۋېيلار ئۆز شېئىرلى-رىدا تاغ ـ دەريا ، يېزا ـ قىشلاق مەنزىرىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى . ئومۇمەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى چىنلىق ۋە يۇقىرى بەدىئىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈردى .

نەسر جەھەتتە ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە «قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى نەسرچى-لىك ھەرىكىتى » قانات يايدى . بۇ ھەرىكەتكە خەن يۈ بىلەن ليۇ زۇڭيۈەن رەھبەرلىك قىلدى . بۇ ھەرىكەت نەتىجىسىدە نەسر ئىجادىيىتىدە زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى . خەن يۈنىڭ «ئۇستاز توغرىسىدا » ، «تۆھمەتخورلۇق توغرىسىدا » ، «بىلىم ئېلىش توغرىسىدا » قاتارلىق مەشھۇر نەسرلىرى بىلەن ليۇ زۇڭيۈەننىڭ «ئۈچ ئىبرەت » ، «ئۆسمۈر ئوۋچى تەزكىرى-سى » ، «سۇيۇرغاللىق تۇزۇمى توغرىسىدا » قاتارلىق نەسرلىرى ئەنە شۇ «قەدىمكى ئۇسلۇبتى-كى نەسرچىلىك ھەرىكىتى » گە ۋەكىللىك قىلىدىغان داڭلىق نەسرلەر ھېسابلىنىدۇ .

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھېكايە ئىجادىيىتىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ، «چۈەنچى ھېكايىلىرى » دەپ ئاتالغان يېڭى بىر خىل ئۇسلۇبتىكى ھېكايىلەر مەيدانغا كەلدى . جاڭ فاڭنىڭ «خۇ شياۋيو قىسسىسى » ، يۈەن جېننىڭ «يىڭيىڭ قىسسىسى » ، بەي شىڭجيەننىڭ «لى ۋا قىسسىسى » ، لى چاۋۋېينىڭ «ليۇ يى قىسسىسى » ، لى گوڭزۇنىڭ «نەنكې ۋالىيسى قىسسىسى » ، دۇ گۇاڭتىڭنىڭ «چاڭگا ساقاللىق ئەزىمەت قىسسىسى » ، چېن خۇڭنىڭ «تۇگىمەس ھەسرەت قىسسىسى » قاتارلىق ھېكايىلەر بۇ دەۋر ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپە-قىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ .

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە «بيەنۋېن » (مەدداھلار قىسسىسى ) دەپ ئاتالغان ۋائىز-لىق ـ غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . بۇ مەدداھلارنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ ، قويۇق دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە . ئۇنىڭدا ھەم ھەر خىل قىسسىلەرنى سۆزلەش (ۋائىزلىق ) ، ھەم ناخشا ئېيتىش (غەزەلخانلىق ) ئۆزئارا گىرەلەشكەن بولۇپ ، ئاممىۋىلىق ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالدى .

## 5 . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى

مىلادىيە 960 ـ يىلى جاۋ كۇاڭيىن (پادىشاھ سۇڭ تەيزۇ ) بەش سۇلالە دەۋرىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن پاراكەندىچىلىك ۋە تارقاقلىقىغا خاتىمە بېرىپ ، مەملىكەتنى بىرلىككە

كەلتۈرۈپ ، سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى . بۇ تارىختا شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەپ ئاتالدى . شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە شىمالدا لياۋ خانلىقى (قىتان خانلىقى) ، جىن خانلىقى ھۆكۈم سۈردى . مىلادىيە 1126 ـ يىلى شىمالدىكى جىن خانلىقىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى يىمىرىلدى ، بىر يىلدىن كېيىن ، يەنى مىلادىيە 1127 ـ يىلى جاۋ گۇ (سۇ گاۋزۇڭ) خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭچيۇ دېگەن جايىدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ ، سۇڭ سۇلالىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى . بۇ تارىختا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەپ ئاتالدى . مىلادىيە 1279 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى (چىڭگىزخان) قوشۇنىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى يوقالدى . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى ئەنە شۇ سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن 300 نەچچە يىل جەريانىدىكى ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ .

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىدا نەزم ، نەسر ، شېئىر ، خۇابېن ھېكايىلىرى ئاساسلىق ژانىرلار بولدى . خۇابېن ھېكايىلىرى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ھېكايە شەكلى ھېسابلىنىدۇ . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى نەزم ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ ، نەزم ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى سوشى مەيدانغا كەلدى . سوشى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كۆپ خىل ماھارەتلىك مەشھۇر ئەدىب سۈپىتىدە ، تاڭ ، سۇڭ دەۋرىدىكى سەككىز چوڭ نەزمچىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ نۇرغۇنلىغان ئېسىل نەزملەرنى يېزىپ نەزم ئىجادىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى . ئۇنىڭ «نيەننۇجياۋ . قىزىل ياردا قەدىمكىلەرنى ئەسلەش» ، «جياڭچېڭزى . مېيجۇدا شىكارغا چىقىش» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە نەزملىرىدە ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ھەيۋەتلىكلىكىنى يېزىپ ، ۋەتەننى سۆيۈش ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن ، سوشى نەزمدىن باشقا شېئىرىيەت ۋە نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىمۇ يۇكسەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەدىبتۇر .

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەزم ئىجادىيىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى . خېلى نۇرغۇن ئەدىبلەر نەزم ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ ساھەدە ، ئالاھىدە ئۇتۇق قازانغان شائىرە لى چىڭجاۋ بولۇپ ، ئۇ «رو مېڭلىڭ» ، «يۈسامەن» قاتارلىق نەزملىرى بىلەن مەشھۇردۇر . ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لو يۇ بىلەن شىن چىجى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە داڭلىق نەزمچىلەر بولۇپ ، ليۇ ۋىڭنىڭ «سېپىلگە چىقىش» ، «سۇبھى پەريادى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ، شىن چىجىنىڭ «مەنجاڭخۇڭ» ، «يۈڭيۇلې» ، «شۈيلۇڭيىن» قاتارلىق نەزملىرى بار . بۇ نەزملەر رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ ، يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە . نەسر جەھەتتە سۇڭ سۇلالىسى نەسر ئىجادىيىتى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قەدىمكى نەسرلەر ھەرىكىتى» نىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا نەسر جەھەتتىكى يېڭىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى ، بۇ دەۋردە ئۇۋياڭ شيۇ ، ۋاڭ ئەنشى ، سۇ شۈن ، سو شى ، سوجى ، زېڭ گۇڭ قاتارلىق داڭلىق نەسرچىلەر مەيدانغا كەلدى . بولۇپمۇ ئۇۋياڭ شيۇنىڭ نەسر ئىجادىيىتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ ، ئۇ 500 پارچىدىن ئارتۇق نەسر يازدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە «گاۋ سۇشاۋىرغا يېزىلغان مەكتۇپ» ، «لوڭگاڭ يادنامىسى» ، «مەست بوۋاي شىپىڭى خاتىرىسى» قاتارلىق نەسرلەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە .

شېئىرىيەت ساھەسىدە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋاڭ يۈچېڭ ، لىن بو ، سو شۇنچىن ، مېي ياۋچىن ، ۋاڭ ئەنشى ، خۇاڭ تىڭجيەن قاتارلىق شائىرلار ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېن يۈيى ، ياڭ ۋەنلى ، فەن چېڭدا ، لۇيۇ قاتارلىق شائىرلار مەيدانغا

كەلدى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ زور بولغىنى لۇ يۇ بولۇپ ، ئۇنىڭ «ئالتۇن نەقىشلىك قىلىچ قوشىقى» ، «غەزەپلىرىم ئىزھارى» ، «ئوغلۇمغا ۋەسىيەت» قاتارلىق داڭ-لىق شېئىرلىرى بار .

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىدا ھېكايە ئىجادىيىتىدە بىر قېتىملىق زور ئۆزگىرىش بولدى . يەنى بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىق ئۇسلۇبى بولغان چۆچەك ھېكايىلىرى ئىجادىيە-تى ئاساسىدا ھېكايىنىڭ يېڭى بىر شەكلى بولغان خۇابېن ھېكايىلىرى مەيدانغا كېلىپ ، چۆچەك ھېكايىلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى . خۇابېن ھېكايىلىرى مەدداھلار ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ . ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خۇابېن ھېكايىلىرىدىن «قاشتېشىدىن ياسالغان بۇدساتۋا ھەيكىلى قىسسىسى» ، «ئاغزى ئىتتىك لى سۈيلىيەن قىسسىسى» ، «سۇي نىڭنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشى» قاتارلىق ئېسىل ھېكايىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن . كېيىنچە خۇابېن ھېكايىلىرى تەرەققىي قىلىپ خۇابېن قىسسىلىرى مەيدانغا كەلدى . بۇ جەھەتتىكى داڭلىق ئەسەرلەردىن «‹يېڭى بەش سۇلالىلەر تارىخى› ھەققىدە قىسسە» ، «بۈيۈك سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنخې يىللىرىدىكى ۋەقەلەر» ، «‹ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى› ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلار بار .

## 6 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى

مىلادىيە 1206 - يىلى شىمالدا ياشايدىغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى قۇرۇلتاي ئېچىپ ، تېمۇرچىننى بۈيۈك خان قىلىپ كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭغا چىڭگىزخان دەپ نام بەردى . چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئوگداي ۋارىسلىق قىلدى . ئوگدايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى قوبلاي ۋارىسلىق قىلدى . مىلادىيە 1271 - يىلى قوبلاي خان دۆلەت نامىنى يۈەن قىلىپ بېكىتتى . شۇنىڭ بىلەن يۈەن سۇلالىسى بارلىققا كەلدى . يۈەن سۇلالىسى مىلادىيە 1276 - يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ ، بارلىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەرنى تارمار قىلىپ ، 1279 - يىلى مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى . يۈەن سۇلالىسى 1368 - يىلغىچە جەمئىي بىر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ھۆكۈم سۈردى .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئۇتۇقى دراما ئىجادىيىتىگە مەركەزلەشتە-دۇ . يۈەن سۇلالىسى دراملىرى مۇزىكا ، ناخشا ، ئۇسسۇل ۋە سۆز (تېكىست) ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئەلنەغمە شەكلىگە ئىگە بولۇپ ، تۈزۈلۈش شەكلى ئادەتتە قېلىپلاشقان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دراما كۆپ ھاللاردا تۆت پەردىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ھەربىر پەردىسىدە بىر خىل ئاھاڭدىن تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش مۇزىكا قوللىنىلىدۇ . بۇ دراملار ھازىرقى ئوپېرا شەكلىدە بولۇپ ، مۇزىكىلىق نەزمە بىلەن پېرسوناژلارنىڭ سۆزىدىن تەركىب تاپقان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دراما ئىجادىيىتىگە مەشھۇر دراماتورگ گۈەن خەنچىڭنىڭ «دو ئېنىڭ ناھەق جازالىنىشى» ، «كېپىنەك چۈشەش» ، «قىلىچ ئېسىپ زىياپەتكە يالغۇز بېرىش» قاتارلىق مەشھۇر دراملىرى ، ۋاڭ سىفۇنىڭ «غەربىي ھۇجرا مۇھەببەت قىسسىلە-رى» ، ما جىيۈەننىڭ «خەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى كۈز» قاتارلىق دراملىرى ۋەكىل بولالايدۇ .

گۈەن خەنچىڭنىڭ «دو ئېنىڭ ناھەق جازالىنىشى» ناملىق درامىسى ئېلىمىزنىڭ دراما ئىجادىيىتى تارىخىدىكى تراگېدىيىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ، ئۇ بىر مۇقەددىمە ۋە تۆت پەردىدىن

تۈزۈلگەن . بۇ درامىدا فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ قاتمۇقات زۇلۇمغا ئۇچرىغان ، زالىملار ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمىگەن قەيسەر ئايال دو ئېنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان . گۇەن خەنچىڭ هاياتىدا جەمئىي 67 پارچە دراما يازغانلىقى مەلۇم . يۈەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە درامىلار خارابىلىششقا يۈزلىنىپ ، جەنۇبتا «جەنۇب ئوپېرالىرى» دەپ ئاتالغان يەنە بىر خىل دراما شەكلى مەيدانغا كەلدى . گاۋ مىڭنىڭ «بەربات قىسسىسى» ، شى خۇيىنىڭ «ئايغا تېۋىنىش شىپىڭى» ، كې دەنچيۇنىڭ «تېۋىلغا چاچ قىسقۇچ قىسسىسى» قاتارلىق ئوپېرالىرى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىر ۋە نەسر ئىجادىيىتى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات بولمىدى . بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل يېزىقىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرى مەيدانغا كەلدى . مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئەسەرلىرى هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدىبلىرىنىڭ سانى 200 دىن ، ئەسەرلىرىنىڭ سانى 4 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر داڭلىقلىرىدىن جورجانلاردىن كېلىپ چىققان دراماتورگ لى جىففۇ ، قىتان شائىرى يوللىغ چۇساي ، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ئاتاقلىق شائىر گۇەن يۈنشى ، ما زۇچاڭ ، نا شىن ، سەيدۇللا ، گاۋ كېگوڭ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ .

## 7 . مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى

مىلادىيە 1368 ـ يىلى جۇ يۈەنجاڭ يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى . مىلادىيە 1644 ـ يىلى 277 يىل هۆكۈم سۈرگەن مىڭ سۇلالىسى لى زىچىڭ باشچىلىقىدىكى زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە شىمالدىن مانجۇ خانلىقىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن زاۋال تاپتى .

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھېكايە ، رومان ئىجادىيىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى . خۇددى تاڭ سۇلالىسى شېئىرىيىتى جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ تەرىپلەنگىنىگە ئوخشاش ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رومانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىمۇ جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» دېيىشكە مۇناسىپ . بۇ دەۋردە لوگۇەنجۇڭ ۋە ئۇنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»ناملىق رومانى ، شى نەيئەننىڭ «سۇ بويىدا» ناملىق رومانى ، ۋۇ چېڭئېننىڭ «غەربكە ساياھەت قىسسىلىرى» ناملىق رومانى ، لەنلىڭ شياۋشياۋشېڭنىڭ «چىنپىڭمېي نەزملىك قىسسىلىرى» ناملىق رومانى مەيدانغا كەلدى ، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» جۇڭگو رومانچىلىقىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى ئاچقان رومان بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى جۇڭگو رومانچىلىقى ساھەسىدە ئەڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن تارىخىي روماندۇر . ئۇنىڭدا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭىدىن (مىلادىيە 184 ـ يىلى) غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە (مىلادىيە 280 ـ يىلى) بولغان 100 يىللىق تارىخ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . روماندا 400 دىن ئارتۇق پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ ، ئۇلار ھەم تىپىكلىككە ھەم خاسلىققا ئىگە . «سۇ بويىدا» رومانى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» بىلەن بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر رومان بولۇپ ، ئۇنىڭدا دېھقانلار قوزغىلىڭى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن . روماندا شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇڭ جياڭ باشچىلىقىدىكى 36 باتۇرنىڭ لياڭشەن تېغىنى بازا قىلىپ

ئېلىپ بارغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن .

«غەربكە ساياھەت» رومانى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەيدانغا كەلدى . بۇ روماندا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانە رىۋايەتلەر ئارقىلىق غايىۋى قەھرىمان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ شانلىق ئوبرازى يارىتىلغان . ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تاڭ راھىبى تاڭ سېڭنىڭ 17 يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ، يۇزلىگەن ئەل ـ يۇرتتىن ئۆتۈپ ، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ھىندىستانغا بېرىپ ، 657 پارچە بۇددا نومىنى ئەكەلگەنلىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ۋەقە ئىدى . ئاپتور مول تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ، بۇ رېئال تارىخىي ۋەقەنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا ، مۇشۇ ھەقتىكى خەلق ئارىسىغا تارقالغان ۋە مەدداھلار ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇلغان ئەپسانە رىۋايەت ۋە قىسسەلەرنى يۇغۇرۇپ ، 100 باب ، 830 مىڭ خەتلىك بۇ رومانىنى يېزىپ چىققان .

يۇقىرىقى داڭلىق رومانلاردىن تاشقىرى ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە ھەر خىل تېمىدى-كى نۇرغۇنلىغان رومانلار مەيدانغا كەلدى . مەسىلەن ، تارىخىي قىسسە خاراكتېرلىك رومانلار-دىن فېڭ مېڭلۇڭنىڭ «يېڭى بەگلىكلەر قىسسىلىرى» ناملىق رومانى ، قەھرىمانلىق قىسسى-لىرىدىن نامىسىز ئاپتورنىڭ «ياڭ ئائىلىسى قىسسىلىرى» ناملىق رومانى ، جىن ـ ئالۋاستى توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى رومانلاردىن شۇ چۇڭلىنىنىڭ «ئەۋلىيا بەلگىلەش قىسسىلىرى» ناملىق رومانى قاتارلىقلار .

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان ھېكايىلەر ئاممىباب ئەدەبىي تىلدىكى ھېكايە ۋە قەدىمكى ئەدەبىي تىلدىكى ھېكايە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . فېڭ مېڭلۇڭنىڭ «ئۈچ ھېكمەت» ناملىق توپلىمىدىكى ھېكايىلەر ئاممىباب ئەدەبىي تىلدىكى ھېكايىلەر تۈرگە مەن-سۇپ ، چۇ يۇنىڭ «قىيما پانۇس يېڭى قىسسىلىرى» بىلەن لى جېنىنىڭ «قىيما پانۇس كېيىنكى قىسسىلىرى» ناملىق توپلاملىرىغا كىرگەن ھېكايىلەر قەدىمكى ئەدەبىي تىلدىكى ھېكايىلەر تۈرگە مەنسۇپتۇر .

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دراما ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسەن چۇەنجى ئوپېرا-لىرىدا كۆرۈلىدۇ ، چۇەنجى ئوپېرالىرى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر خىل يېڭى دراما شەكلى ھېسابلىنىدۇ . چۇەنجى ئوپېرالىرى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئوپېرالىرى-نىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇلۇغ دراماتورگ تاڭ شەنزۇڭ-نىڭ «مودەنگۈل شىپىڭى» ، لياڭ چېنيۇنىڭ «مەشۇت يۇيۇش قىسسىسى» ناملىق ئوپېرال-رى ۋەكىللىك قىلىدۇ .

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىر بىلەن نەسر ئىجادىيىتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلى-رى گەۋدىلىك بولمىدى . ئەمما بۇ دەۋردە ھەر خىل شېئىرىيەت ۋە پروزا ئېقىملىرى مەيدانغا كەلدى . مەسىلەن ، ياڭ شىچى ، ياڭ رۇڭ ، ياڭ بۇ ۋەكىللىك قىلغان «تەيگې شېئىرىيەت ئېقىمى» ، لى دۇڭياڭ ۋەكىللىك قىلغان «چالىڭ شېئىرىيەت ئېقىمى» ، ۋاڭ شىنجۇڭ ، تاڭ شۇەنجى ۋەكىللىك قىلغان «تاڭ ، سۇڭ سۇلالىلىرى پروزا ئېقىمى» ، يۈەن زوڭداۋ قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلغان «گوڭئەن شېئىرىيەت ئېقىمى» ، جوڭ شىن ۋەكىللىك قىلغان «جىڭلىڭ شېئىرىيەت ئېقىمى» قاتارلىقلار .

## 8 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى

چىڭ سۇلالىسى 1644 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە جەمئىي 267 يىل دەۋر سۈردى .

چىڭ سۇلالىسى ئەدەبىياتىدا ھېكايە ـ رومان ئىجادىيىتى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدى . بۇ سۇلالىنىڭ «لىياۋجەي رىۋايەتلىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەدەبىي تىلدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . بۇ توپلامدىكى ھېكايىلەردە ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر ، جىن ـ ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىنىڭ چىرىكلىكى ، فېئودال ھۆكۈمرانـلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىنىپ ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرىشى ھەمدە ئەركىن مۇھەببەتكە تەلپۈنۈشى قاتارلىقلار مەدھىيىلەندى . «لىياۋ جەي رىۋايەتلىرى» جەمئىي 16 جىلد ، 431 پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە نۇرغۇن رومانلار بارلىققا كەلدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋۇ جىڭزىنىڭ «رايىش مولللارنىڭ غەيرىي رەسمىي تارىخى» ناملىق رومانى بىلەن ساۋ شۆچىنـنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ناملىق رومانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە داڭلىق رومانلار ھېسابلىنىدۇ .

«رايىش مولللارنىڭ غەيرىي رەسمىي تارىخى» ھەجۋىي رومان بولۇپ ، ئۇنىڭدا فېئودالـلىق ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىنىدۇ ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەردە فېئوداللىق جەمئىيەتكە كۈچلۈك نەپرەت ئويغىتىدۇ . بۇ روماندا دەسلەپكى قەدەمدە بەلگىلىك دەرىجىدە دېموكراتىك خاھىش ئالغا سۈرۈلگەن .

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەيدانغا كەلگەن داڭلىق رېئالىستىك رومان بولۇپ ، 120 باب ، بىر مىليون خەتتىن تەركىب تاپقان . بۇ روماندا جانلىق پېرسوناژ ئوبرازلىرى ئارقىلىق جيا باۋيۈ بىلەن لىن دەييۈنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيەـسى يۈكسەك ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەندى . بۇ مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئارقىلىق جۇڭگو فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ خارابلىششى ۋە گۇمران بولۇشىدەك تارىخىي قانۇنىيەت چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلدى . بۇ رومان شۇنىڭ ئۈچۈن رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ .

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دراما ئىجادىيىتى يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دراملىرى ئاساسىدا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لى يۈنىڭ «پاكلىق ۋە ساداقەتمەنلىك شەجەرىسى» ، خۇڭ شېڭنىڭ «چاڭشېن سارىيى» ، كۇڭ شاڭرېننىڭ «شاپتۇل گۈللۈك يەلپۈگۈچ» قاتارلىق دراملىرى مەيدانغا كەلدى . «شاپتۇل گۈللۈك يەلپۈگۈچ» ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن داڭلىق تراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ .

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىرىيەت يەنە قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىدى . بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن شېئىرلارنىڭ سانى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولدى . چىڭ سۇلالىسى شېئىر ئىجادىيىتىدە نۇرغۇنلىغان ئېقىملار مەيدانغا كەلدى . مەسىلەن ، گۇ يەنۋۇ ، ۋاڭ فۇجى ، چۈ داجۈن قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى «ۋەتـەنپەرۋەرلىك شېئىرىيەت ئېقىـمى» ، ۋۇ ۋېي ۋەكىللىكىدىكى «سۇڭ سۇلالىسى شېئىرلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ئېقىمى» ، ۋاڭ شىجېن ۋەكىللىكىدىكى «سېھرىي قاپىيىچىلەر شېئىرىيەت ئېقىمى» ، شېن دېچيەن ۋەكىللىكىدىكى «بەدىئىي خىسلەت شېئىرىيەت ئېقىمى» ، ۋېن فاڭگاڭ ۋەكىللىكىدىكى «ئاـلىقان سىزىقلىرى شېئىرىيەت ئېقىمى» قاتارلىق ئېقىملار بەس ـ بەس بىلەن خارابلىششقا يۈزلەنگەن قەدىمكى زامان شېئىر ئىجادىيىتىدە قايتا گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى .

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەزم ئىجادىيىتىمۇ تەرەققىي قىلدى . سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى نەزمىلەردىن ئېشىپ كەتتى .

نەسر ئىجادىيىتى جەھەتتە، قەدىمكى شەكىلدىكى نەسرلەر بىلەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋردىكى جۇپلۇك نەسرلەر تەرەققىي قىلىپ، خېلى داڭلىق نەسرچىلەر مەيدانغا كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گۇ يەنۋۇ، خۇاڭ زۇڭشى، ۋاڭ فۇجى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئىپادىلىگەن سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلەر ۋە پەلسەپىۋى نەسرلەرنى يازدى. بۇلاردىن تاشقىرى فاڭ باۋ، ليۇ داۋكۇي، ياۋنەي ۋەكىللىكىدىكى تۇڭچېڭ نەسر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ قەدىمكى شەكىلدىكى نەسرلىرى چىڭ سۇلالىسى نەسر ئىجادىيىتى مۇنبىرىدىكى ئاساسىي ئېقىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېقىم تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. جۇپلۇك نەسرچىلەر ئېقىمىدا چېن ۋېيسوڭ، ۋۇ چىلار داڭق چىقىرىپ، چوڭ نەسرچىلەر دەپ ئاتالدى.

خۇلاسە قىلغاندا، چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدىن باشلاپ، تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بولغان 3 مىڭ يىللىق تارىخ جەريانىدا جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈزۈلمەس دولقۇندەك بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى ۋە بۈيۈك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نەمۇنىسى سۈپىتىدە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئېسىل ئەنئەنىلەر جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە پارلاق يول ئېچىپ بەردى. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ پارلاق ئەدەبىيات مىراسلىرىدىن پەخىرلىنىمىز ۋە ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىمىز.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر كونكرېت ئېيتقاندا قايسى دەۋرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

2 . جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى قانچە چوڭ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

3 . جۇڭگو قەدىمكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن «ئالتۇن دەۋرى» قايسى؟ بۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچ ئۇلۇغ شائىر قايسىلار؟

4 . جۇڭگو قەدىمكى زامان ھېكايە، رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى قايسى؟ بۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچ بۈيۈك يازغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق رومانى قايسىلار؟

5 . جۇڭگو قەدىمكى زامان دراما ئىجادىيىتىدە ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دراماتورگ قايسى؟ ئۇنىڭ قانداق درامىسى بار؟

6 . تۆۋەندىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇڭلار.

1 ) ئېلىمىزنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «نەزمىنامە» گە ________ نىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ________ نىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ________ تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ________ پارچە شېئىر قوشاق كىرگۈزۈلگەن.

2 ) چۇ يۈەن ________ زىگو ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ________ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن ________ ، ________ ، ________ ۋە ________ قاتارلىق 25 پارچە ئەسىرى بار.

3 ) جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك سۇلالە ________ بولۇپ ، ئۇ ________ قۇرۇلۇپ ، ________ يىلى زاۋال تاپتى .

4 ) خەن يۇ ________ دەۋرىدىكى «قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى نەسرچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ________ ، ________ ، ________ قاتارلىق مەشھۇر نەسرلىرى بار .

5 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئۇتۇقى ________ ئىجادىيىتىدە گەۋدىلىنىدۇ . ئۇنىڭغا مەشھۇر دراماتورگ ________ نىڭ ________ ، ________ ، ________ قاتارلىق دراملىرى مىسال بولالايدۇ .

6 ) ________ جۇڭگو رومانچىلىقىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى ئاچقان رومان بولۇپ ، ئۇنىڭدا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ________ قوزغىلىڭىدىن غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە بولغان ________ تارىخ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

7 ) چىڭ سۇلالىسى ________ يىلىدىن ________ يىلىغىچە جەمئىي ________ يىل ھۆكۈم سۈردى .

8 ) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رومان ئىجادىيىتىگە ۋۇ جىڭزىنىڭ ________ بىلەن ________ نىڭ ________ ناملىق رومانى ۋەكىللىك قىلىدۇ .

7 . بىرىنى تاللاش (تۆۋەندىكى ئۈچ خىل جاۋابنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرى توغرا . توغرىسىنى تېپىپ ، ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە ئۇنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى يېزىڭلار )

1 ) «زو چيۇمىڭ تەپسىرى» ناملىق تارىخىي نەسرىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى

A . كۇڭزى ( )

B . زو چيۇمىڭ ( )

C . مېڭزى ( )

2 ) چىن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى

A . ليۇ باڭ ( )

B . لى زىچىڭ

C . چىن شىخۇاڭ ( )

3 ) «مۇزىكا مەھكىمىسى خەلق قوشاقلىرى» (يۆفۇ قوشاقلىرى) ئەڭ بۇرۇن

A . خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ( )

B . مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ( )

C . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ( )

4 ) «تارىخنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى

A . بەن گو ( )

B . كۇڭزى ( )

C . سىما چيەن ( )

5 ) جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ تىپىك رومانتىك شائىر

A . تاۋ يۈەنمىڭ ( )

B . لى بەي ( )

C . دۇ فۇ ( )

8 . ھۆكۈم قىلىش (توغرىسىغا «✓» بەلگىسىنى ، خاتاسىغا «×» بەلگىسىنى قويۇڭلار .

1 ) «چۈشۈمدە تيەنمۇ تېغىنى سەيلە قىلىش قوشىقى» نى بەي جۈيى يازغان (   )

2 ) «جۇدالىق زارى» — «مۇزىكا مەھكىمىسى قوشاقلىرى» ئىچىدىكى داڭلىق خەلق قوشىقىدۇر . (   )

3 ) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى سىما چيەن بىلەن بەنگۇ ھېسابلىنىدۇ . (   )

4 ) «مولەن ھەققىدە باللادا» ناملىق ئەسەر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن . (   )

5 ) ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت «ئەدەبىي ماھارەت» ناملىق ئەسەرنى ليۇ شيې يازغان (   )

6 ) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇابېن ھېكايىلىرى» دەپ ئاتالغان يېڭى بىر خىل ئۇسلۇب- تىكى ھېكايىلەر مەيدانغا كەلدى (   )

7 ) گۇەن يۈنشى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ، مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرىدۇر (   )

8 ) شى نەيئەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن «غەربكە ساياھەت» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورىدۇر (   )

9 ) «سۇ بويىدا» ناملىق روماندا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان (   )

10 ) «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» روماندا جيا باۋيۇ بىلەن لىن دەييۇنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى تەسۋىرلەنگەن (   )

9 . قىسقىچە جاۋاب بېرىش

1 ) «يۆفۇ قوشاقلىرى» —

2 ) چۇەنجى ھېكايىلىرى —

3 ) نەزم —

4 ) «جيەنئەن ئەدەبىياتى ئېقىمى»

5 ) «خۇابېن ھېكايىلىرى» —

10 . جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن قانداق تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇڭلار ؟

# 8 . جۇدالىق زارى[1]

## (داستاندىن پارچە)

## چۇ يۈەن

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

چۇ يۈەننىڭ ئەسلىي ئىسمى پىڭ بولۇپ ، فامىلىسى بىلەن قوشۇپ ئاتالغاندا ، چۇ پىڭ دەپ ئاتىلىدۇ . يۈەن بولسا ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى ، فامىلىسى بىلەن قوشۇپ ئاتالغاندا چۇ يۈەن دەپ ئاتىلىدۇ . چۇ يۈەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 340 - يىلى جەنگو (يېغىلىق) دەۋرىدىكى چۇ بەگلىكىدە دۇنياغا كەلگەن ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 278 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . چۇ يۈەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «چۇ نەزمىلىرى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ توپلامدا شائىرنىڭ «جۇدالىق زارى» «توققۇز ناخشا» ، «تەڭرىگە سوئاللار» ، «توققۇز نەزم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . «جۇدالىق زارى» ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئەسەر جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن چوڭ ھەجىملىك لىرىك داستان بولۇپ ، مەيلى ئىدىيىۋىلىك ، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن ، يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئۆلمەس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ .

شائىر بۇ داستاننى چۇ بەگلىكى بېگى چۇ چىڭشياڭۋاڭ دەۋرىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا سۈرگۈن قىلىنىپ ، يىراقتا سۈرگۈنلۈكتە روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا قاتتىق ئېچىنىش ، چەكسىز ئەلەم ، ئاچچىق ھەسرەت ۋە كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت ئىچىدە يېزىپ چىققان . داستاندا ناھايىتى مول مەزمۇن ۋە مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن . ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، داستاندا شائىرنىڭ ئۇلۇغۋار سىياسىي غايىسى تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلغان . سىياسىي كۈرەشتە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ چەككەن ئەلەم - ھەسرەتلىرى ، كۆڭلىدىكى نارازىلىقى ۋە غەزەپلىرى بايان قىلىنغان ، رېئاللىقتىكى زۇلمەت تەنقىد قىلىنغان ھەمدە تەسەۋۋۇردىكى غايىۋى دۇنيا تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ، ئۆز غايىسىگە بولغان ئاكتىپ تەلپۈنۈشى ۋە ئەكسىيەتچىل چىرىك كۈچلەرگە بولغان قىلچە مۇرەسسە قىلمايدىغان قەيسەر ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن .

داستاندا ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان . بولۇپمۇ ئوخشىتىش ، تەمسىل ۋە تەقلىد قىلىش ، سىمۋول قاتارلىق ئۇسۇللار كۆپ قوللىنىلغان . داستاندا شامال ، بۇلۇت ، گۈلدۈرماما ، چاقماق ، توز ، سۇمۇرغ ، ئەجدىھا ، يىلانلاردىن تارتىپ تۈرلۈك دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھلارغىچە ھەممىسى شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا ھەرىكەتكە

---

① بۇ تېكىست چۇ يۈەننىڭ «چۇ نەزمىلىرى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شۇ ناملىق داستاندىن ئېلىندى .

كەلگەن ۋە ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان . داستان فانتازىيىلىك خىيال ۋە تەسەۋۋۇرغا باي ھەمدە جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ ، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن ئىجابىي رومانتىزملىق مۇنەۋۋەر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ .

ئەسەردىن تاللىۋېلىنغان بۇ تېكىست بۈتۈن ئەسەرنى تەشكىل قىلغان ئۈچ چوڭ بۆلەكنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ . بۇ بۆلەكتە ، ئالدى بىلەن ، شائىر سالماق ۋە ئەركىن لىرىكىلىق قەلەم ، تەنتەنىلىك ۋە ئىپتىخارلىق پوزىتسىيە بىلەن ، ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە ۋەتەن يولىدا ئۆزىنى بېغىشلاشتەك قىزغىنلىقىنى ئىزھار قىلغان ؛ ئاندىن غەزەپلىك ھېسسىيات بىلەن ، تىغ ئۇچىنى چۇ بەگلىكىنىڭ ھاماقەت بېگى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارىتىپ ، ئۇلارنىڭ قابىل ـ ئىستىپداتلىق ، ئاقىل ۋە دانا ئادەملەرگە ھەسەتخورلۇق بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان ھەمدە دۆلەتنى خارابلاشتۇرۇۋەتكەن جىنايەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ؛ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ دانىشمەنلەرنى ئۈلگە قىلىپ ، ئاشۇ رەزىل ۋە چاكىنىلار بىلەن ھەرگىز بىر ئېقىندا بولغانمايدىغانلىقىنى ، قەبىھ كۈچلەر ئالدىدا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا بايان قىلغان .

شائىر بۇ تېكىستتە ھاماقەت بەگ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان رېئاللىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن خارابلىشىپ زاۋال تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ تېمىلارنى تاللاپ ئىشلەتكەن . شائىر بۇنى كونكرېت ماتېرىياللار بىلەن ئىپادىلەشتە ، تارىخىي رىۋايەتلەردىن پايدىلانغان ، تارىخنى ئىبرەت ئەينىكى قىلىش ، تارىخ ئارقىلىق ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەشتەك سىمۋول ئۇسۇلىنى قوللانغان . غايىنى ئىزھار قىلىش ۋە پەزىلەتنى ئىپادىلەشتە گۈل ـ گىياھلاردىن پايدىلىنىپ ئىشارەت قىلىشتەك ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان . قەيسەر ئىرادە ۋە پرىنسىپاللىق روھنى ئىپادىلىگەندە ، جانلىق تەمسىللەرنى تاللاپ قوللانغان . مانا بۇلار شېئىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچى بىلەن تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغان .

پادىشاھ گاۋ ياڭدىن[1]ئىزدەڭلار پېقىرنىڭ ئەسلىنى ،
ھەممە بۈيۈك دەيدۇ بۇزرۇكۋار ئاتامنىڭ ئىسمىنى .
مۆچىلىمنى سورىساڭلار ، مۆچىلىم يولۋاس مېنىڭ ،
ھەم تۇغۇلدۇم خاسىيەتلىك ئايدا ، ھەم شۇنداق كۈنى .

خاسىيەتلىك كۈندە مەن بولغاچقا دۇنياغا بىنا ،
مەن ئۈچۈن مەرھۇم ئاتام بىر ياخشى نام تاپتى شۇڭا .
شۇ سەۋەبتىن چوڭ ئېتىمنى قويدى جېڭزى دەپ مېنىڭ ،

[1] گاۋ ياڭ — قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھ جۇەن شۈنىڭ يەنە بىر ئىسمى . جۇەن شۇ خۇاڭدىنىڭ ئوغلى چاڭيىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پۇياڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا ياشىغانىدى . «تارىخىي خاتىرىلەر . چۇ بېگى خاندانى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان شيۇڭ يىغا جۇ سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن جۇ چېڭۋاڭ دەۋرىدە چۇ دېگەن جاي سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنىكەن . شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ چۇنچيۇ دەۋرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى چۇ ۋۇۋاڭ شيۇڭ توڭنىڭ ئوغلى شيۇڭ شياغا چۇ دېگەن جاي سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىن «چۇ» دېگەن بۇ يەر نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىۋالغانىدى . شۇڭا چۇ يۈەن پادىشاھ گاۋ ياڭنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادى (بوۋىسى) دەپ قارايدۇ .

ھەمدە لىڭجۇن دەپ يەنە بىر نام ـ لەقەم بەردى ماڭا① .

گەرچە تولغان بولسىمۇ كۆركەم پەزىلەتكە ئىچىم ،
بېزىدىم سىرتىمنىمۇ ھەر خىل گۈزەل زىننەت بېرىپ .
تاللاپ ئۈزدۈم لەيلىنى ، چوغلۇقنىمۇ ، رەيھاننىمۇ ،
ھەممىنى يىپقا تىزىپ ئاستىم گويا زۇننار قىلىپ .

بۇ ھاياتلىق يولىدا مەن تاشلىدىم ئىلدام قەدەم ،
مېنى يىللار تاشلىۋېتەرمۇ دېگەن تەشۋىشتىمەن .
شۇڭا ئۈزسەم ئەتىگەندە تاغدا مۇلەن گۈلىنى ،
ھەمدە ئۈزدۈم سۇ بويىدا سۇ گۈلىنى كەچتەمەن .

كېزىدۇ ئالتۇن قۇياش بىرلە كۈمۈش ئاي توختىماي ،
ئۆتىدۇ كۆكلەم بىلەن كۈز ئۈزئارا نۆۋەت ئېلىپ .
مەن غازاڭ پەسلىنى ئويلىغاندا ، قورققۇم كېلىدۇ ،
سولمىغىيدى دىلبىرىم بىۋاق قىرو پەسلى كېلىپ .

سەن تېخى ياپياش تۇرۇپ ، نېچۈن ئۆزۈڭنى بۇلغىدىڭ ،
نە ئۈچۈن ياناماق بۇ يولدىن كەلمىدى ماقۇل ساڭا ؟
ئەمدى مەن تۇلپارغا مىندىم ، چاپتۇرۇپ ماڭماقچىمەن ،
سەن بۇيان كەل ، مەن مېڭىپ ئالدىڭدا باشلاي يول ساڭا .

ئىلگىرى ئۆتكەندى ئۈچ خان② ، ئۇلار پازىل ئىدى ،
خۇش تەبىئەتلەر يېنىدا كۆپ ئىدى ، سەر خىل ئىدى .
قىلمىغان سەد بەرگى ھەم چۇغلۇقنىلا گۈلچەمبىرەك ،
بەلكى ئەنبەر ھەمدە دالچىن گۈللىرى كامىل ئىدى .

ياۋ بىلەن شۇن③ ئىككىسى بەكمۇ ئۇلۇغ ، پاك خان ئىدى ،
ھەممە ئىشتا ھەق ـ ئادالەت ، توغرا يول تۇتقانىدى .

---

① چۇ يۈەننىڭ ئىسمى پىڭ ، لەقىمى يۈەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن باشقا جېڭزى ، لىڭجۇن دېگەن ئىسىملىرىمۇ بار ئىدى .

② ئۈچ خان — شيا سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادشاھى يۈ ، شاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادشاھى تاڭ ، جۇ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادشاھى جۇ ۋېنۋاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

③ ياۋ بىلەن شۇن — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، ياۋ — دىكونىڭ ئوغلى ، تاۋتاڭ قەبىلىسىدىن (ئادەتتە تاڭ ياۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، پىڭياڭ (سەنشىدىكى لىنفېن) نى پايتەخت قىلغان ؛ شۇن — جۇەن شۇنىڭ ئەۋلادى ، يۈيۈ قەبىلىسىدىن (ئادەتتە يۈشۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، ئۇنىڭغا خانلىق تەختىنى ياۋ ئۆتۈنۈپ بەرگەن (ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قەبىلە باشلىقى تەختىنى ئۆز ئوغلىغا ئەمەس ، بەلكى ئاقىللارغا ئۆتۈنۈپ بېرەتتى . بۇ تۈزۈم تەخت ئۆتۈنۈپ بېرىش تۈزۈمى دەپ ئاتىلاتتى) . شۇن كېيىن ھاكىمىيەتنى شيا يۈگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن . يۈدىن باشلاپ تەختىنى ئۆز ئەۋلادلىرى (ئوغلى) غا بېرىدىغان بولغان . ياۋ بىلەن شۇن تارىختا دانىشمەن پادشاھلار دەپ ماختىلىپ كەلگەن ئىككى پادشاھ .

جيې بلەن جۇ[1] ئىككىسى بەك ئاينىغان خانلار بولۇپ ،
ئىزدەپ ئاسانلىق ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغاندى .

ئۇ جانابلار شۇنچە پەسكەش ، جان بېقىشنىڭ كويىدا ،
يوللىرى زۇلمەت ئۇلارنىڭ ھەممە بەك تار شۇنچىلىك .
مەن ئۆزۈمنى بىر پالاكەت باسمىغىيدى دەپ ئەمەس ،
قورقىمەن خان تەختىگە كەلگەيمۇ دەپ پېشكەلچىلىك .

مەن تالاي يۇردۇم ئېرىنمەي ئالدى ـ كەينىڭدە چېپىپ ،
مەقسىتىم ئۆتكەنكى پاك خانلار كەبى باسساق قەدەم .
سەن بۇ قەلبىمنىڭ ساڭا سادىقلىقىنى بىلمىدىڭ ،
بەلكى تۆھمەتكە ئىشەندىڭ ، ماڭا قىلدىڭ دەرد ـ ئەلەم .

كېلىدۇ دەيتتىم ماڭا بەك تۇز كۆڭۈللۈكتىن بالا ،
شۇندىمۇ تاقەت قىلىپ ، ھەرگىز ئۇنىڭدىن كەچمىدىم .
مەن ئۈچۈن شاھىت ـ گۇۋاھدۇر ئەنە شۇ توققۇز پەلەك ،
پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە ھەرقاچان سادىق ئىدىم .

ئىلگىرى سەن ماڭا شۇنچە ۋەدىلەر بەرگەنىدىڭ ،
ئەجەبا ، ئاخىر كېلىپ يۈز ئۆرۈدۈڭ ، لەۋزىڭ قېنى ؟
مەن بۇگۈن سەندىن جۇدا بولغانغا چەكمەيمەن ئازاب ،
بەلكى تۇترۇقسىزلىقىڭ بەكمۇ ئېچىندۇردى مېنى .

تېرىدىم رەيھاننى مەن توققۇز ئېتىزنىڭ بەرىگە ،
تېرىدىم سەد بەرگىنى يۈز مو ئېتىزغا تولدۇرۇپ .
بىر ئېتىزغا خۇش پۇراق لىۋىيى ، سېرىق رەيھانىمۇ ،
تېرىدىم خۇشبۇي ئاسارۇن ، لەيلىنى ئارىلاشتۇرۇپ .

ئارزۇ قىلدىم بەرگى ياپراقلار باراقسان بولسا دەپ ،
ھەم ئۈمىد قىلدىم تېرىپ ئالماقنى پەيت كەلگەن ھامان .
مەن ئۆزۈم نابۇت بولۇپ كەتسەممۇ ھېچ ۋەقەسى يوق ،
ئاشۇ خۇشبۇي گۈل ـ گىياھ بولسا غازاڭ ، بۇ دەرد يامان .

ئۇ جانابلار ئەيش ـ ئىشرەت قوغلىشىپ بەس ـ بەس بىلەن ،
مەنپەئەت ئالدىدا ئاچ كۆز ، نەپسى تويمايدۇ پەقەت .
ئۆزىگە ياخشى ئۆزى ، لېكىن گۇمانخور ئۆزگىدىن ،

---

① جيې بلەن جۇ — جيې شيا سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زالىم پادىشاھى (يەنى پادىشاھ لۇكۇي ) ، جۇ شيا سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زالىم پادىشاھى (يەنى پادىشاھ شىن ) بولۇپ ، ھەر ئىككىسى ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ ۋە زالىملىق قىلىپ ، دۆلەتنى ھالاك قىلغانىدى .

شۇم غەرەز بار كۆڭلىدە ، قىلماي تۇرالمايدۇ ھەسەت .

مەنپەئەت ، مەنسەپ دېسە ، بەكمۇ پالاقلايدۇ ئۇلار ،
مەن بىراق خالىي بۇ خىل پەسكەش ھەۋەسلەردىن تامام .
تەشۋىشىم شۇكى مېنىڭ : كەلمەكتە ئاستا قېرىلىق ،
ئالدىرىمايمەن بۇ جاھاندا قالدۇرۇشقا ياخشى نام .

ئىچمەن شەبنەم باھاردا مەن مۇلەننىڭ بەرگىدىن ،
كۇزدە جۇخارنىڭ سولاشقان بەرگىنى يەيمەن ھامان .
خىسلىتىم كۆركەم ۋە ساغلام بولسىلا بولدى ماڭا ،
نېمە بوپتۇ رەڭگىرويىم بولسا سېرىق زەپىران .

ئىنچىكە يىلتىزدا ئاق رەيھاننى ئوراپ باغلىدىم ،
خۇش پۇاقلىق ئاغىچا گۇللەرنى قوشۇپ قويدۇم ئاڭا .
ھەمدە دالچىن نوتىسىغا باغلىدىم سەد بەرگىنى ،
خۇش پۇراقلىق چىگە گۇللەرنى قوشۇپ قويدۇم يەنە .

ئۇلگە ئالدىم مەن بۇرۇن ئۆتكەن پەزىلەت ئەھلىدىن ،
بۇ سىياقىم كۆرگۇسىز دۇنياپەرەسلەر ئالدىدا .
بۇ زاماننىڭ رەسمىگە گەرچە خىلاپلىق بولسىمۇ ،
مەن كامالەت ئىگىسى پېڭ شيەنگە① قىلدىم ئىقتىدا .

ئاھ ئۇرۇپ ، پەرياد چېكىپ ، ياشلار تۆكۇپ زار يىغلىدىم ،
ئەزدى باغرىمنى خالايىقنىڭ ئېغىر كۇلپەت غېمى .
مەن تۇزەيمەن بېزىنىشنى ياقتۇرۇپ گۇلچەمبىرەك ،
ئەتىگەندە تۇزگىنىمنى بۇزدى خەقلەر ئاخشىمى .

گەر ئۇلار سەد بەرگى گۇلچەمبەرنى ۋەيران قىلسىمۇ ،
يەنە گۇلچەمبەر قۇراشتۇرماقتا باردۇ رەيھىنىم .
چۇنكى شۇنداق ئىش قىلىشقا بەكمۇ خۇشتارمەن ئۆزۇم ،
ئاشۇ خۇشتارلىقتا مىڭ ئۆلسەممۇ يوقتۇر ئارمىنىم .

ئالىي ھەزرەت ، مەن سېنىڭ تاپسىزلىقىڭدىن رەنجىدىم ،
سەن پەقەتلا بىلمىدىڭغۇ مەن پېقىرنىڭ قەلبىنى .
ھۆسنى - چېھرىمنى كېنىزەكلەر كۆرەلمەي ، رەشك ئېتىپ ،
مېنى پاسىق ئىشقۋاز دەپ راست ئىشەندۇردى سېنى .

① پېڭ شيەن — يىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دانىشمەن ۋەزىر بولۇپ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، پادىشاھقا بەرگەن تەكلىپى ئاقمىغانلىقتىن ، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۇۋالغان .

پەس ـ پۇچەكلەر ئىقتىدارى ساختىپەزلىكتۇر ھامان ،
ئىش بۇزۇشتۇر بىلگىنى ، يوقتۇر نىزامنىڭ ھاجىتى .
قىڭغىر ئىشقا شۇنچە خۇشتار ، كارى يوق مىزان بىلەن ،
ياخشىچاق بولماق ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان ئادىتى .

قايغۇلۇقمەن ، كۆڭلى بىئارام غېرىب ـ بىچارىمەن ،
تارتىمەن يەككە ـ يېگانە بۇ زاماننىڭ جەبرىنى .
رازىمەن ئۆلسەممۇ ، سەرسان بولسىمۇ روھىم مېنىڭ ،
دورىمايمەن پەس ـ پۇچەكلەرنىڭ شۇ ئىتتەك ئۆمرىنى .

نەدە شۇڭقار بىر بولۇپ ئۇچقاندى قۇزغۇن بىلەن ،
تا ئەزەلدىن نەدە مۇنداق نامۇۋاپىق پەدە بار ؟
نەدە دۇگىلەك بىرلە چاسا ئوخشىسۇن بىر ـ بىرىگە ،
تۈز بىلەن قىڭغىر چىقىشقان نەدە بولغان ، نەدەر بار ؟

ئۆتىمەن دەردنى يۇتۇپ ، ھەردەم ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ ،
نومۇسۇم غالىب ، ئاھانەتلەر يېڭەلمەيدۇ بۇنى .
پاك نىيەتتە ، توغرا دەسسەپ ئۆتسە ئادەم ، نېمە غەم ؟
بىلدى ئەۋزەل بالدۇر ئۆتكەن بارچە دانالار بۇنى .

مەن پۇشايمان ئەيلىدىم ماڭمايدىغان يولغا مېڭىپ ،
بىر ھازا ماڭغاچ تېڭىرقاپ ، توختىدىم ياناماق بولۇپ .
مەن ئۆزۈمنى توختىتىپ يولدىن پۇتۇنلەي ئازغىچە ،
خەيرىيەت ، ماڭدىم بۇيان ھارۋامنى ئارتقا ياندۇرۇپ .

چىقىرىپ ئاتنى قويۇپ بەردىم ـ دە ، رەيھانزار ئارا ،
ئۇ چىمەنزارلىق ئېدىردىن تاپتى ئارام ، ياخشى جاي .
يەنە ئالدىمغا مېڭىۋەرسەم يولۇققاي بىر بالا ،
ۋاقتىدا يۇرتۇمغا قايتىپ ، كونا ئەڭلىمنى تاپاي .

مەن نېلۇپەرنىڭ يېشىل ياپرىقىدىن تىكتىم چاپان ،
ھەم ئۇنىڭ ھال رەڭ گۈلى بولدى چىرايلىق كۆڭلىكىم .
باشقىلار مەيلى مېنىڭ قەدرىمگە يەتسۇن ـ يەتمىسۇن ،
خىسلىتىم كۆركەم ، مۇئەتتەر① بولسا ، شۇدۇر ئىستىكىم .

باشتىكى تەلپەك تۇماقنى قىرلىۋالدىم مەن ئېگىز ،
مەن ئۇزۇن قىلدىم ئېسىپ ئالغان بېزەك زۇننارىنى .

---

① مۇئەتتەر — يېقىملىق ھىد ، خۇشبۇي .

گۈلنى گەر ئەخلەت دېسە دەۋەرمىسۇنمۇ باشقىلار ،
تەنلەر سەتلەشتۈرۈلمەس خىسلىتىم گۈلزارىنى .

مەن نەزەر سالدىم يىراققا شۇنداق ئارتقا قايرىلىپ ،
تۆت تەرەپنى تەلتۆكۈس چىقماقچى بولدۇم ئايلىنىپ .
مەن ئېسىپ يۈرگەن بېزەك گۈلچەمبىرەكلەر شۇنچە ئۆز ،
گۈل ھىدى بارغاي يىراقلارغا گۈپۈلدەپ تارىلىپ .

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بار ياراتقان ئادىتى ،
ماڭا ئادەت بېزىنىش ھەمدە ئۆزۈمنى پاك تۇتۇش .
پارە ـ پارە قىلسىمۇ بولمايمەن ھەرگىز ئۆزگىچە ،
مېنى ئۆزگەرتەلمىگەي ھەرقانچە تەھدىت ـ قورقۇتۇش .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ ، يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىش ئاساسىدا تېكىست مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭلار .

2 . تېكىستتىكى ھەربىر كۇپلېت مەزمۇنىنى ئوبدان چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن ، چۈشەنچەڭلار ئاساسىدا قىسقىچە تېزىس تۈزۈپ چىقىڭلار ۋە شۇ تېزىس بويىچە قىسقىچە تەھلىل ماقالىسى يېزىپ چىقىڭلار .

3 . بۇ تېكىستتىكى ئوخشىتىش ، تەمسىل ۋە سىمۋول ئۇسۇللىرىدىن مىساللار كۆرسىتىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەڭلار .

4 . ئاپتور تېكىستتە قانداق تارىخىي رىۋايەتلەردىن پايدىلانغان ؟ ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

5 . نېمە ئۈچۈن بۇ داستاننى ئەجايىب رومانتىزملىق مۇنەۋۋەر ئەسەر دەيمىز ؟ ئۇنىڭدىكى رومانتىزملىق روھ قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ ؟

# 9 . چۇشۇمدە تيەنمۇ تېغىنى سەيلە قىلىش قوشىقى①

## خوشلىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن

## لى بەي (تاڭ سۇلالىسى)

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

لى بەي مىلادىيە 701 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ ، مىلادىيە 762 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . لى بەينىڭ «لى تەيبەي ئەسەرلىرى» دېگەن ئەسەرلەر توپلىمى بار . بۇ توپلامدىكى «چۇشۇمدە تيەنمۇ تېغىنى سەيلە قىلىش قوشىقى» ، «مۇشكۇلدۇر سىچۇەن يولى» ، «قېنى ، كۆتۈرەيلى قەدەھنى» ، «يوللار مۇشكۇل» ، «سەھەرلەپ بەيدى شەھىرىدىن يولغا چىقتىم» ، «لۇشەن شارقىراتمىسىغا قاراپ» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ . لى بەي ئىجادىيىتى تاڭ سۇلالىسى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتتگە ۋەكىللىك قىلىدۇ .

لى بەي جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتىنىڭ قايناق ۋە جۇشقۇنلۇقى ، تەسەۋۋۇرىنىڭ موللىقى ، مۇبالىغە ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . «چۇشۇمدە تيەنمۇ تېغىنى سەيلە قىلىش قوشىقى» دا ، ئالدى بىلەن ، ئاجايىپ مۇبالىغە ئارقىلىق ، تيەنمۇ تېغىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن ؛ ئاندىن ئىنتايىن مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق چۈشىدە كۆرگەن ئاجايىپ سېھىرلىك ۋە سىرلىق مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن ؛ ئاخىرىدا شائىرنىڭ دېمەكچى بولغان ئوي ـ پىكرى ئىزھار قىلىنغان . شائىر بۇ شېئىردا چۈشىدە كۆرگەن مەنزىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى چەتكە قېقىلىشىدىن پەيدا بولغان كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ۋە ھوقۇقدارلار بىلەن مۇرەسسە قىلمايدىغان پوزىتسىيىسىنى ، شۇنداقلا ئەركىنلىككە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن .

دېڭىز كەزگەن ئەزىمەتلەر سۆزلەر يىڭجۇدىن②ھېكايەت ،
تۇمانۇ ـ دولقۇنلار ئارا كۆرۈپ بولماس ئۇنى پەقەت .

---

① بۇ شېئىر شائىرنىڭ «لى تەيبەي ئەسەرلىرى» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىدىن ئېلىنىپ تەرجىمە قىلىندى . تيەنمۇ تېغى — ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنچاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە . رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، بۇ تاغدا تيەنمۇ دېگەن ئەۋلىيا بولۇپ ، بۇ تاغقا چىققانلار ئەۋلىيا تيەنمۇنىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازىنى ئاڭلايدىكەنمىش ، شۇڭا بۇ تاغ تيەنمۇ تېغى دەپ ئاتالغانىكەن .

② يىڭجۇ — قەدىمكى رىۋايەتلەردە دۇڭخەي (شەرقىي دېڭىز) دىكى پەرىزاتلار ، ئەۋلىيالار ياشايدىغان ئۇچ تاغنىڭ بىرى .

يۈ ئېلى①پۇقرالىرى دەر تىلغا ئېلىپ شۇ تيەنمۇنى ،
شەپەقلەر نۇرلانسا ئەگەر بولار كۆرۈپ شۇ دەم ئۇنى .

كۆكنى بويلاپ تيەنمۇ تېغى تۇرار ھەيۋەتلىك ئۇ ئەرشتە ،
ھەيۋىتى باسار بەش تاغنى② ، چىچېڭ تېغى③قالار پەستە .

قارىساڭ تيەنتەي تېغىغا④قىرىق سەككىز مىڭ گەز ھەيۋەت ،
مۇكچىيىپ تيەنمۇ ئالدىدا تۇرار بىچارە قىياپەت .

ئاڭلاپ مەن بۇ ھېكايەتنى چۈشىدىم يۈ ئېلىن بىر كۈن ،
ئۆتتۇم مەن جىڭخۇ كۆلىدىن⑤پەرۋاز قىلىپ ئايدىڭ بىر تۈن .

ئەينەكتەك كۆلدە تولۇن ئاي ئەكس ئەتتۇردى سايەمنى ،
شەنشى دەرياسىغىچە⑥ئۇزىتىپ قويدى ھەم مېنى .

شيې ئاقساقال⑦تۇرغان ماكان تۇرۇپتۇ شۇنداق ھېلىھەم ،
دولقۇنلايتتى سۇزۇك سۇلار ، چىرقىرار مايمۇنلار شۇ دەم .

شيې ئاقساقالچە ياغاچ كەش⑧كىيىپ پۇتۇمغا شۇئان .
ئاسمان قەرىگە سوزۇلغان تاغ يولىغا بولدۇم راۋان .

يېرىم يولغا بېرىپ كۆردۇم دېڭىزدىن چىققان قۇياشنى ،
ئاسمان خورىزى⑨ئاۋازى ياڭرىدى چۈلغاپ تاغۇ تاشنى .

تۇتاش كەتكەن قات ـ قات تاغلار ، ئەگرى ـ توقاي ئىدى تاغ يولى ،

---

① يۈ ئېلى — قەدىمكى يۈ بەگلىكى زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ .

② بەش تاغ — جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يۈ تاغلىرى دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق بەش تاغنى كۆرسىتە-
دۇ .

③ چىچېڭ تېغى — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تيەنتەي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغنىڭ نامى .

④ تيەنتەي تېغى — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تيەنتەي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغنىڭ نامى .

⑤ جىڭخۇ كۆلى — جيەنخۇ كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كۆلنىڭ نامى .

⑥ شەنشى دەرياسى — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر دەريانىڭ نامى .

⑦ شيې ئاقساقال — جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە سۇڭ پادىشاھلىقىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق مەنزىرە شائىرى شيې لىڭيۈننى كۆرسىتىدۇ . ئۇ تاغلارغا چىقىپ سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ ، تيەنمۇ تېغىغا سەيلىگە چىققاندا ، شەنشى دېگەن جايدا قونغان .

⑧ شيې ئاقساقالچە ياغاچ كەش — بۇ ئەسلى شيې لىڭيۈن ياغاچ كەشى دەپ ئاتىلىدۇ . ئېيتىلىشلارچە ، بۇ شيې لىڭيۈن تاغقا چىقىشقا لايىقلاشتۇرۇپ لايىھىلەنگەن ئالاھىدە ياغاچ كەش بولۇپ ، ئۇنىڭ تاپىنىدا قوزۇقسىمان چىشلىرى بار ئىكەن . تاغقا چىققاندا ئالدى تەرىپىدىكى چىشلىرى ، تاغدىن چۈشكەندە كەينى تەرىپىدىكى چىشلىرى ئېلىپ تاشلىنىدىكەن .

⑨ ئاسمان خورىزى — قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە ، بۇ كەڭ زېمىننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تاۋدۇ تېغى دېگەن بىر تاغ بولۇپ ، تاغدا تاۋدۇ دەپ ئاتىلىدىغان يوغان بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن . تاۋدۇ دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئۈچ مىڭ چاقىرىم سوزۇلغان بولۇپ ، دەرەختە ئاسمان خورىزى بار ئىكەن . قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ نۇرى دەرەخكە چۈشكەندە ، ئاسمان خورىزى چىللايدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن ، يەر يۈزىدىكى بارلىق خورازلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىللايدىكەن .

باستى بىردىن قاراڭغۇلۇق قىلغاندا مەپتۇن تاغ گۈلى .

ياڭراپ ئېيىق ھۆركىرىشى ، ئەجدىھا نەرىسىمۇ ھەم ،
سىلكىنىپ چايقالدى ئورمان ، تىترىدى چوققىلار شۇ دەم .

تۇرۇلۇپ قارا بۇلۇتلار ، يامغۇر يېغىش بولدى ئايان ،
چايقىلىپ زۇمرەت سۇلارمۇ ، ئۆرلىدى ھەم قويۇق تۇمان .

چېقىلدى چاقماق يالتىراپ ، ياڭرىدى دەھشەت گۈلدۈرماما ،
كۆكۈم - تالقان قىلماقچىدەك قىيالارنى شۇندا گويا .

پەرىزاتلار ئۆڭكۈرىنىڭ تاش ئىشىكى شۇنچە ھەيۋەت ،
ئېچىلىپ كەتتى بىردىنلا شۇنداق قاراسلاپ بەغايەت .

بىپاياندۇر كەڭ ئاسمىنى ، ئۇنىڭ ھېچبىر چەك - چېتى يوق ،
ئالتۇن - كۈمۈش شۇ راۋاقا①ئاي ھەم قۇياش سىپەر يورۇق .

ھەسەن - ھۆسەن كىيىم كىيىپ ، شامالنى ئات قىلىپ يەنە ،
يۇقىرىدىن كېلەر چۈشۈپ پەرىزاتلار شۇ دەم جەۋلانە .

چېلىپ يولۋاسلار دۇمباقنى ، سۇمۇرغلار ھارۋا تارتاتتى ،
پەرىزاتلار توپ - توپ بولۇپ ئۇندا مىغىلداپ باراتتى .

توساتتىن كەتتىم ئويغىنىپ بېسىپ مېنى بىردىن دەھشەت ،
تۇرۇپ تاپقاچ ھوشۇمنى مەن بىر ئۇھ تارتىپ چەكتىم ھەسرەت .

ئويغىنىپ كۆردۈم پەقەت تۇراتتى يېنىمدا ياستۇق ،
كۆرۈنگەن سىرلىق مەنزىرە ئەمدى كۆز ئوڭۇمدا يوق .

دۇنيادىكى شادلىقلارمۇ كېتەر شۇنداق ئالداپ قويۇپ ،
تا قەدىمدىن قانچە ئىشلار ئېقىن سۇدەك كەتتى ئۆتۈپ .

ئايرىلىپ كەتكۈم يوق سىلەردىن ، كىم بىلسۇن قايتارىم قاچان ؟
ئاق بۇغا②يۇرسۇن ئوتلاقتا ، سەيلىدە كېرەك ئۇ ھامان .

كۈتمەيمەن بېلىمنى پۈكۈپ مەنسەپدار - نوپۇزلۇقنى مەن ،

① ئالتۇن - كۈمۈش راۋاق — ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان قەسىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ پەرىزاتلار ياشايدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ .
② رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، ئەۋلىيالار ياكى تەركىدۇنياچىلار كۆپىنچە ئاق بۇغا مىنىپ يۈرەر ئىمىش .

ئېچىلغاي قانداق بۇ كۆڭلۇم كۆرسەم بۇنداق خورلۇقنى مەن !

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . بۇ شېئىرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ھېسسىياتلىق قىلىپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار .

2 . بۇ شېئىرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئالدى بىلەن ، رېئاللىقتىن چۈش دۇنياسىغا ، ئاندىن چۈش دۇنياسىدىن رېئاللىققا ئۆتۈلىدۇ . بۇ ئىككى قېتىملىق ئۆتۈش ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى باغلايدىغان ئۆتكۈنچى مىسرالار بار . رېئاللىقتىن چۈش دۇنياسىغا ئۆتۈشتە بىر ئۆتكۈنچى مىسرا ئىشلىتىلىدۇ ، چۈش دۇنياسىدىن يەنە رېئاللىققا ئۆتۈشتە تۆت ئۆتكۈنچى مىسرا ئىشلىتىلىدۇ . قايسى مىسرالار ئۆتكۈنچى مىسرالار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار .

3 . شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە چۈش دۇنياسى يېزىلغان بولۇپ ، بۇ بۆلەك شېئىرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ . بۇ بۆلەكنى قانچە قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ ؟ ھەرقايسى قاتلامنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

4 . بۇ شېئىردا ئەجدىھا ، سۇمۇرغ ، ھەسەن ـ ھۈسەن ، كىيىم ، شامال ئات ، پەرىزات ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، راۋاق قاتارلىق تەسۋۋۇردىكى شەيئىلەر تەسۋىرلىنىدۇ . ئاپتور نېمە ئۈچۈن بۇ شەيئىلەرنى شېئىرغا كىرگۈزۈپ يازغان ؟

5 . شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى پۈتۈن شېئىرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ . بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن مەنسەپدار ـ نوپۇزلۇقلارنى مەنسىتمەسلىكتەك ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن چۈش مەنزىرىسى تەسۋىرىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟

6 . لى بەيىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

# 10 . كۆز شاملىدا چۇۋۇلغان كەپەم ناخشىسى[1]

## دۇ فۇ

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

دۇ فۇ جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر رېئالىزمچى شائىر بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 712 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، مىلادىيە 770 ـ يىلىغىچە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. دۇ فۇنىڭ «ھۇنەر ـ كەسىپ مەھكىمىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى دۇفۇنىڭ ئەسەرلىرى» دېگەن ئەسەرلەر توپلىمى بار. دۇ فۇنىڭ «پايتەختتىن فېڭشيەن ناھىيىسىگە بارغۇچە ئويلىغانلىرىم» (داستان)، «كۆز شاملىدا چۇۋۇلغان كەپەم ناخشىسى»، «ئۈچ ئامبال»، «ئۈچ خوشلىشىش»، «جەڭ ھارۋىسى قوشىقى»، «گۈزەللەر قوشىقى» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بار. دۇ فۇ ئىجادىيىتى تاڭ سۇلالىسى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دۇ فۇ تاڭ سۇلالىسى گۈللىنىشتىن خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن دەۋردە ياشاپ، جەمئىيەتنىڭ بارغانچە خارابلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالى، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك، رېئال تۇرمۇشتىكى زۇلمەت ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ چېكىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى بىلەن بېشىدىن كەچۈرگەن كۈلپەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا ئۇ، بىر شائىر سۈپىتىدە ئۆز بۇرچىنى سەگەكلىك بىلەن ھېس قىلىپ، رېئاللىققا يۈزلەنگەن ۋە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرغۇن رېئالىزملىق ئېسىل شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ھۆكۈمرانلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتنى بىرقەدەر چوڭقۇر پاش قىلغان. نامرات خەلقنىڭ چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى بىلەن ئېغىر تۇرمۇش ئەھۋالىنى يېزىپ، ئۇلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرگەن.

دۇ فۇ ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ (ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن) توپىلىڭىدا چاڭئەن شەھىرىدە قامىلىپ قالغان. ئۇ يەردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، كۆپ سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىر چېڭدۇ شەھىرى ئەتراپىغا بېرىپ، خۇەنخۇاشى سۈيى بويىغا كەپە ياساپ ئولتۇرغان. بۇ چاغدا توپىلاڭ تېخى تىنچىمىغان بولۇپ، جەمئىيەتتە يەنىلا پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. شائىر مۇشۇ جايدا 761 ـ يىلى «كۆز شاملىدا چۇۋۇلغان كەپەم ناخشىسى» دېگەن بۇ داڭلىق شېئىرىنى يازغان. شېئىردا تىلغا ئېلىنغان «كەپە» شائىرنىڭ خۇەنخۇاشى سۈيى بويىغا ياسىغان كەپىسىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر بۇ شېئىردا، ھەم ئۆزىنىڭ رېئال كەچۈرمىشىنى يازغان، ھەم ئۆز ئارزۇ ـ ئىستىكى بىلەن غايىسىنى يازغان. پۈتۈن شېئىرنى تۆت بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى

① بۇ تېكىست «تەپسىلىي ئىزاھلىق دۇ شاۋلىڭ ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىنىپ تەرجىمە قىلىندى. شاۋلىڭ — دۇ فۇنىڭ تەخەللۇسى. دۇفۇ شېئىرلىرىدا ئۆزىنى «شاۋلىڭلىق سەھرايى» دەپ ئاتىغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى دۇ شاۋلىڭ دەپمۇ ئاتىغاندى.

بۆلەكتە بوراننىڭ كەپىنىڭ ئۈستىدىكى پاخالنى ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكى؛ ئىككىنچى بۆلەكتە پاخالنى بەڭۋاش باللارنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكى؛ ئۈچىنچى بۆلەكتە كۆز يامغۇرىنىڭ كەپىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، تۈن بويى ئۇخلىماي تارتقان جاپا ۋە ئارامسىزلىقى؛ تۆتىنچى بۆلەكتە شائىرنىڭ غايىسى يېزىلغان. شائىر بۇ شېئىردا ئۆز ئەھۋالىنى يازغان ۋە ئۆز ئەھۋالىدىن باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاشقا ئۆتۈپ، رومانتىك تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر-لىك روھىنى ئىپادىلىگەن.

شېئىردا ئىش ـ ۋەقەنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنغان، شۇنداقلا لىرىكمۇ ئىزهار قىلىنغان. شېئىردا ئىش ـ ۋەقە جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئېنىق بايان قىلىنغان، ئۇنىڭ تىلى ئاددىي ـ ساددا، چۈشىنىشلىك بولۇپ، دۇفۇ شېئىرلىرىنىڭ تىلى خەلق تىلىغا يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇھاكىمە مۇھىم نۇقتى-نى گەۋدىلەندۈرۈپ، شېئىرغا جان كىرگۈزۈش رولىنى ئوينىغان. بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا، ئاپتورنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى چۈشىنىۋېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

ئاۋغۇست ئېيى كەچ كۈزدە گۈركىرەپ چىقتى بوران،
ئېلىپ ماڭدى ئۆگزىدىن پاخاللارنى ئۇ شۇئان.

چۈشتى ئۇچۇپ پاخاللار دەريانىڭ ئۇ قېتىغا،
بەزىلىرى ئىلىندى بېرىپ دەرەخ شېخىغا.

بەزىلىرى پەس ئۇچۇپ، پىرقىراپ موللاق ئېتىپ،
چوڭقۇر كۆلچەك بويىغا چۈشتى يەرگە چېچىلىپ.

تۆۋەن كەنت باللىرى بوزەك قىلدى قېرى دەپ،
قاراقچىلىق قىلىشتى ئالدىمدا ھېچ تارتماي تەپ.

قۇچاقلاپ پاخاللارنى بامبۇكزارغا قېچىشتى،
ۋارقىراپ ئاغزىم قۇرۇپ، تىل تاڭلايغا يېپىشتى.

قانچە قىلساممۇ ئاخىر توختىتالمىدىم پەقەت،
ھاسام تۇتۇپ قايتتىم مەن يول بويى چېكىپ ھەسرەت.

سەل تۇرۇپ بوران توختاپ، بۇلۇت باستى ئاسماننى،
كۈز ئاسمىنى تۇتۇلۇپ، زۇلمەت باستى جاھاننى.

ئىسسىتماس كونا يوتقان مۇز كەبى تەنگە تېگىپ،
ئەركە ئوغلۇم چۈشەكەپ يىرتتى كىرلىكنى تېپىپ.

تامچە ئېقىپ ئۆگزىدىن قالمىدى ھېچ قۇرۇق جاي،
شورغىلاپ ئاققان تامچە چۈشەر ھامان توختىماي.

ئەلنى ئەنسىزلىك باسقاچ[1] ئۇخلىيالمىدۇق خاتىرجەم ،
ئەمدى سۇغا چىلىشىپ تاڭ ئاتقۇزماق بولدى غەم !

قۇرۇلسا بىر كۈن كېلىپ مىليون ئېغىزلىق ساراي ،
مەزلۇملار قۇرسا بەزمە يىغىلىپ شۇندا ، ئايهاي !

قەھرلىك بوران چىقىپ ، ياغسىمۇ سەل - يامغۇر ھەم
تۇرار ئەسلا قوزغالماي تاغدەك ھەيۋەت مۇستەھكەم .

ئېخ ، كېلەرمۇ بىر كۈنى شۇنداق ئۆي بولار زامان ،
توڭلاپ ئۆلسەممۇ شۇنداق بولماس ئىدى ھېچ ئارمان !

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . يۇقىرىدىكى كۆرسەتمىدە شېئىرنىڭ تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدىغانلىقى ئېيتىلىش بىلەن بىللە ، ھەربىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنى يەكۈنلەپ كۆرسىتىلگەن . سىلەر شۇ بويىچە ، شېئىرنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ، تۆت بۆلەكنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار ھەمدە شېئىر مەزمۇنىنى ئاشۇ بۆلەكلەر بويىچە ياخشى چۈشىنىۋېلىڭلار .

2 . شېئىردا كەيپىنىڭ ئۈستىدىكى پاخالنى شامال ئۇچۇرۇپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاپىرىپ تاشلىغانلىقى ، باللارنىڭ ئۇلارنى قۇچاقلىشىپ بامبۇكزارغا كىرىپ كەتكەنلىكى ، ئەركە ئوغلىنىڭ چۈشەكەپ ئۇخلىغانلىقى نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق تەپسىلىي يېزىلىدۇ ؟

3 . شېئىرنىڭ تۆتىنچى بۆلىكى ، يەنى خاتىمە قىسمىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن باشقىلارنى ئويلايدۇ ۋە باشقىلار ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ خاتىرجەم بولسا ، ئۆزى توڭلاپ ئۆلسىمۇ ، ھېچ ئارمىنى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ ، شائىرنىڭ قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ ؟

4 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار :

1 ) شائىر بۇ شېئىردا ＿＿＿＿ ئارقىلىق ＿＿＿＿ روھىنى ئىپادىلىگەن .

2 ) شېئىردا ＿＿＿＿ ئاساس قىلىنغان ، شۇنداقلا ＿＿＿＿ ئىزھار قىلىنغان .

3 ) شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى ＿＿＿＿ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، شېئىرغا ＿＿＿＿ رولىنى ئوينىغان .

4 ) دۇفۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى قانداق ؟

5 ) مەزكۇر شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن تۈپ ئىدىيە قايسى ؟ بۇ ئىدىيە قانداق ئىپادىلەنگەن ؟

---

① بۇ يەردە ئەن لۇشەن — شى سىمىڭ (ئۆڭلۇك - سۆيگۈن ) توپىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بۇ چاغدا توپىلاڭ تېخى تىنچىتىلمىغان بولۇپ ، خەلق يەنىلا خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتاتتى .

# 11 . لىەن پو ، لىن شياڭرۇ تەزكىرىلىرى①

## (تەزكىرىدىن پارچە)

## سىما چيەن (خەن سۇلالىسى)

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

سىما چيەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە ئەدىب . ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 145 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن ، ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق . تەتقىقاتچىلار ئۇنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 87 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ، دەپ تەخمىن قىلىدۇ . سىما چيەن خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن خەن ۋۇدى دەۋرىدە خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئوردا مۇئەررىخى بولغان . «تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن تاشقىرى ، سىما چيەننىڭ يەنە نەسرلىرى ۋە تەسۋىرىي نەسرىي نەزملىرىمۇ بار .

«تارىخىي خاتىرىلەر» تارىخىي تەزكىرە ــ تەرجىمھال ئەدەبىياتىغا كىرىدىغان گىگانت ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا رىۋايەتلەردىكى پادىشاھ خۇاڭدى دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن خەن ۋۇدى (ليۇ چې) نىڭ تەيچۇ يىللىرىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101ـ يىلى) غىچە بولغان 3 مىڭ يىللىق تارىخ بايان قىلىنغان . ئۇ ، خان ـ پادىشاھلار نەسەبنامىسى ، بەگلەر تەزكىرىسى ، تارىخىي شەخسلەر تەزكىرە ـ تەرجىمھالى ، نامە ، يىلنامىدىن ئىبارەت بەش بۆلەك ، جەمئىي 130 جىلد (پارچە) دىن تەركىب تاپىدۇ .

«لىەن پو ، لىن شياڭرۇ تەزكىرىلىرى» چاتما تەرجىمھال (قوشما تەرجىمھال) ھېسابلىنىدۇ . چاتما تەرجىمھالدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەخسنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ . شەخسلەر ئۇچۇن چاتما تەرجىمھال يېزىشنىڭ سەۋەبى ئاشۇ ئىككى ياكى بىرنەچچە شەخستە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق سەرگۈزەشتە بولغانلىقىدىندۇر . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بىر تەرجىمھالدا بايان قىلىنىدۇ . بۇنداق قىلغاندا ، ھەم ئىخچاملاپ سەھىپىنى ئازايتقىلى ، ھەم شەخسلەرنىڭ ئوخشاش بىر ۋەقە جەريانىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغىلى ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگىلى بولىدۇ .

«لىەن پو ، لىن شياڭرۇ تەزكىرىلىرى» دە جەنگو (يېغىلىق) دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى بولغان لىەن پو ، لىن شياڭرۇ ، جاۋشې ، لى مۇنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان . دەرسلىككە تاللاپ ئېلىنغان بۇ پارچىدا نۇقتىلىق تۈردە لىن شياڭرۇ تەسۋىرلەنگەن ، شۇنداقلا يەنە لىەن پونىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىمۇ لايىقىدا بايان قىلىنغان .

---

① بۇ تېكىست سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى «لىەن پو ، لىن شياڭرۇ تەزكىرىلىرى» دىن ئېلىندى .

بۇ تېكىستتە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي پاكىتلار چىنلىق بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆپ خىل ئەدەبىي ۋاستىلەر قوللىنىلىپ، شەخسلەرنىڭ خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى جانلىق يارىتىلغان. شۇڭا بۇ ئوبرازلار كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. «قىممەتلىك قاشتېشىنى جاۋ بەگلىكىگە ساق قايتۇرۇپ كېلىش»، «يالىڭاچ دۈمبىسىدە تىكەنلىك چىۋىقلارنى يۈدۈپ كېلىپ ئەپۇ سوراش» دېگەن ئىدىئوملارمۇ تەرجىمىھالدىكى تارىخىي ۋەقەلەردىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىدىئوملار ھازىرمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، بۇ تېكىست ماتېرىياللارنى تەشكىللەش، قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. تېكىستنى ئۆگەنگەندە، بۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى چۈشىنىۋېلىش لازىم.

لىيەن پو جاۋ بەگلىكىنىڭ قابىل سەركەردىسى ئىدى. جاۋ خۇي ۋېڭۋاڭنىڭ 16 - يىلى[1] لىيەن پو جاۋ بەگلىكى ئەسەرلىرىگە سەركەردە بولۇپ، چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا چى بەگلىكى ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ، ياڭجىن شەھىرىنى[2] ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، بەگ تەرىپىدىن شاڭچىڭ[3] ئەمەلىگە تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ لىيەن پو ئۆزىنىڭ جەسۇرلۇقى بىلەن ھەرقايسى بەگلىكلەرگە تونۇلدى.

لىن شياڭرۇ جاۋ بەگلىكىدىن بولۇپ، جاۋ بەگلىكى ئوردا مەھرەم بېگى[4] مياۋ شيەننىڭ دائىمىي كۈتۈلگۈچى مېھمىنى ئىدى[5].

جاۋخۇي ۋېڭۋاڭ دەۋرىدە جاۋ بەگلىكى چۇ بەگلىكىنىڭ خېشى قاشتېشى دەپ ئاتالغان بىر پارچە قىممەتلىك قاشتېشىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. چىن بەگلىكىنىڭ بېگى چىن جاۋۋاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەلچى ئارقىلىق جاۋ بەگلىكى بېگىگە خەت ئەۋەتىپ، 15 شەھەرنى بېرىپ ئاشۇ قاشتېشىنى ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاۋ بەگلىكى بېگى چوڭ سەركەردە لىيەن پو ۋە باشقا ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى؛ ئۇ قاشتېشىنى بېرەي دېسە، چىن بەگلىكىنىڭ شەھەرلىرىنى ئالالماي ئالدىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى؛ بەرمەي دېسە، چىن بەگلىكىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىشىدىن غەم قىلاتتى. ئۇ بۇنىڭغا تېخى بىرەر چارە تاپالمىغانىدى. چىن بەگلىكىگە بېرىپ جاۋاب قايتۇرغۇدەك بىرەرسىمۇ چىقمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا ئوردا مەھرەم بېگى مياۋ شيەن:

— مېنىڭ ئۆيۈمدىكى مېھمىنىم لىن شياڭرۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشكە بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئىشقا يارايدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدى جاۋ بېگى.

— ئۆتمۈشتە مەن خاتالىشىپ، يوشۇرۇنچە يەن بەگلىكىگە قېچىپ كەتمەكچى بولغىنىم-

---

① جاۋخۇي ۋېڭۋاڭنىڭ 16 - يىلى — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 283 - يىلى. جاۋخۇي ۋېڭۋاڭ جەنگو (يېغىلىق) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى.

② ياڭجىن شەھىرى — قەدىمكى شەھەر نامى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈنچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

③ شاڭچىڭ — جەنگو دەۋرىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل نامى.

④ ئوردا مەھرەم بېگى — ئوردا ھەرەمخانىسىدىكى ئەمەلدارلار (مەھرەملەر) نىڭ باشلىقى.

⑤ دائىمىي كۈتۈلگۈچى مېھمان — جەنگو دەۋرىدىكى چوڭ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تۆرىلەر ھەمىشە ئائىلىسىدە بىر قىسىم ئادەملەرنى بىكار تاماق بېرىپ باقاتتى. بۇلار ئاساسەن ئىختىساسلىق ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن، كېرەك بولغاندا ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايتتى ۋە ئۇلارنى بەزى ئىشلارغا سالاتتى. بۇلار دائىمىي كۈتۈلگۈچى مېھمان دەپ ئاتىلاتتى.

دا ، مەزكۇر مېھمىنىم لىن شياڭرۇ ئالدىمنى توسۇپ ، ماڭا : «يەن بەگلىكى بېگىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز » دېدى . مەن ئۇنىڭغا : «بەگ جانابلىرى بىلەن بىللە مەملىكەتنىڭ چېگرىسىدا يەن بەگلىكى بېگى بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇ كىشى باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ : ‹سىز بىلەن دوست بولۇشنى ئىستەيمەن › دېگەندى ، شۇڭلاشقا ئىشىنىپ ئۇ جايغا بارىمەن » دېدىم . لىن شياڭرۇ شۇندا ماڭا : «جاۋ بەگلىكى ھازىر كۈچلۈك دۆلەت . يەن بەگلىكى بولسا ئاجىز دۆلەت ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز جاۋ بەگلىكى بېگىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى . يەن بەگلىكى بېگى شۇڭا سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالىغاندى . ھازىر سىز جاۋ بەگلىكىدىن يەن بەگلىكىگە قېچىپ بارسىڭىز ، يەن بەگلىكى جاۋ بەگلىكىدىن قورقۇپ ، سىزنى ئۇ جايدا تۇرغۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . ئەكسىچە ، باغلاپ جاۋ بەگلىكىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ . بۇنىڭدىن كۆرە بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، كىيىملىرىڭىزنى يېشىۋېتىپ ، پالتا ئاستىغا يېتىپ تۇرۇپ ، توۋا قىلىپ كەچۈرۈم سورىسىڭىز ، سىزنى كەچۈرەرمىكىن » دەپ مەسلىھەت بەرگەندى . مەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلغانىدىم ، بەگ جانابلىرى گۇناھىمنى كەچۈرگەنىدىڭىز . شۇڭا مەن ئۇنى جاسارەتلىك ھەم پاراسەتلىك ئادەم ، چىن بەگلىكىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشكە بولىدۇ ، دەپ قارايمەن ، — دېدى ئۇ .

شۇنىڭ بىلەن ، بەگ لىن شياڭرۇنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇنىڭدىن :

— چىن بەگلىكى بېگى 15 شەھەر بەدىلىگە ئىلكىمدىكى قاشتېشىنى ئالماقچى ئىكەن ، بەرسەك بولامدۇ- يوق ؟ — دەپ سورىدى .

— چىن بەگلىكى كۈچلۈك ، جاۋ بەگلىكى بولسا ئاجىزدۇر . ماقۇل دېمەي ئىلاج يوق ، — دېدى لىن شياڭرۇ .

— ئەگەر قىممەتلىك قاشتېشىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، بېرىدىغان 15 شەھەرنى بەرمىسە ، ئۇنداقتا قانداق قىلغۇلۇق ؟ — دېدى بەگ .

— چىن بەگلىكى 15 شەھەر بەدىلىگە قىممەتلىك قاشتېشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرغاندا ، جاۋ بەگلىكى بۇنىڭغا ماقۇل بولمىسا ، جاۋ بەگلىكى يولسىزلىق قىلغان بولىدۇ ؛ جاۋ بەگلىكى قىممەتلىك قاشتېشىنى بەرگەن ھالەتتە ، چىن بەگلىكى شەھەرلەرنى بەرمىسە ، چىن بەگلىكى يولسىزلىق قىلغان بولىدۇ . بۇ ئىككى چارىنى سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا ، قىممەتلىك قاشتېشىنى بېرىپ ، يولسىزلىق قىلىپ قويىدىغان مەسئۇلىيەتنى چىن بەگلىكى ئۈستىگە ئىتتىرىپ قويساق بولارمىكىن ، — دېدى لىن شياڭرۇ .

— كىمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتسەك بولاركىن ؟ — دېدى بەگ .

— ئەگەر بەگ جانابلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئادىمى بولمىسا ، مەن قىممەتلىك قاشتېشىنى ئېلىپ ، ئەلچىلىككە بېرىشنى خالايمەن . چىن بەگلىكى شەھەرلەرنى جاۋ بەگلىكىگە بەرسە ، قىممەتلىك قاشتېشىنى چىن بەگلىكىگە بېرىپ كېلىمەن ؛ ئەگەر شەھەرلەرنى بەرمىسە ، قىممەتلىك قاشتېشىنى ساق قايتۇرۇپ كېلىمەن ، دەپ ۋەدە بېرىمەن ، — دېدى لىن شياڭرۇ . شۇنىڭ بىلەن ، جاۋ بەگلىكى بېگى لىن شياڭرۇغا قىممەتلىك قاشتېشىنى بېرىپ ، ئۇنى غەربتىكى چىن بەگلىكىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى .

چىن بەگلىكى بېگى جاڭتەي سارىيىدا① لىن شياڭرۇنى قوبۇل قىلدى . لىن شياڭرۇ قىممەتلىك قاشتېشىنى ئېلىپ ، ئۇنى چىن بەگلىكى بېگىگە تەقدىم قىلدى . چىن بەگلىكى بېگى ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئۇنى كېنىزەكلەر بىلەن ئەتراپتىدىكى ئوردا ئەھلىلىرىنىڭ

① جاڭتەي سارىيى — چىن بەگلىكى ئوردىسىدىكى ساراي نامى . ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ كوچىڭ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا .

قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆرۈشكە بەردى . ئەتراپىدىكى ئوردا ئەھلىلىرىنىڭ ھەممىسى «بېگىمىز ياشىسۇن !» دېيىشتى . چىن بەگلىكى بېگىنىڭ شەھەرلەرنى جاۋ بەگلىكىگە بېرىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان لىن شياڭرۇ ئالدىغىراق سۇرۇلۇپ :

— بۇ قاشتېشىنىڭ بىرئاز نۇقسانى بار ، مالال كەلمىسە ، بەگ جانابلىرىغا كۆرسىتىپ قويسام دەيمەن ، — دېدى . بەگ قاشتېشىنى لىن شياڭرۇغا بەردى . لىن شياڭرۇ قاشتېشىنى قولىغا ئېلىپ ، ئارقىغا چېكىنىپ ، بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ ، قاتتىق غەزەپ بىلەن :

— بەگ جانابلىرى ، بۇ قاشتېشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەلچى ئارقىلىق جاۋ بەگلىكى بېگىگە خەت ئەۋەتكەن ئىكەنسىز ، جاۋ بەگلىكى بېگى خېتىڭىزنى ئېلىپ ، دەرھال ۋەزىرلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت سالدى . شۇندا ھەممىسى : «چىن بەگلىكىنىڭ نەپسى يامان ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ ، بىر ئېغىز قۇرۇق گەپ بىلەنلا قىممەتلىك قاشتېشىنى ئېلىۋالماقچى . شەھەرلەرنى بەلكىم بەرمەسلىكى مۇمكىن» دېيىشىپ ، قاشتېشىنى چىن بەگلىكىگە بەرمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى . مەن ، ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ ئۆزئارا مۇئامىلە قىلىشقاندا بىر ـ بىرىنى ئالدىمايدۇ ، چىن بەگلىكى بىر چوڭ دۆلەت تۇرۇپ شۇنداق قىلارمۇ ؟ بىر دانە قاشتېشىنى دەپ قۇدرەتلىك چىن بەگلىكىدىكىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويساق ، ياخشى بولماس ، دېدىم . شۇنىڭ بىلەن ، جاۋ بەگلىكى بېگى بەش كۈن پەرھىز تۇتۇپ ، قاشتېشىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ ، ئوردا سارىيىدا تەزىم قىلىش مۇراسىمىنى بەجا كەلتۈرۈپ ، ئاندىن دۆلەت خېتى بىلەن مېنى يولغا سالدى . نېمىشقا مۇنداق قىلىدۇ ؟ بۇ قۇدرەتلىك چىن بەگلىكىنىڭ سەلتەنىتىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قىلىنغان ئىشتۇر . ئەمدىلىكتە مەن قىممەتلىك قاشتېشىنى ئېلىپ كەلدىم ، مېنى ئادەتتىكى سارايدا قوبۇل قىلىپ ، ناھايىتىمۇ ئەدەپسىزلىك قىلدىڭىز . قىممەتلىك قاشتېشىنى قولغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنى كېنىزەكلەرنىڭ قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشكە بېرىپ ، بۇنىڭ بىلەن مېنى مازاق قىلدىڭىز . قارىسام بەگ جانابلىرىنىڭ جاۋ بەگلىكىگە شەھەرلەرنى بېرىدىغان ئويى يوقتەك تۇرىدۇ ، شۇڭا بۇ قىممەتلىك قاشتېشىنى قايتا قولۇمغا ئېلىۋالدىم . ئەگەر مېنى زورلايدىغان بولسىڭىز ، بېشىم قاشتېشى بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ تۈۋرۈككە ئۇرۇلۇپ پارە ـ پارە بولغۇسىدۇر ! — دېدى چىن بەگلىكى بېگىگە .

لىن شياڭرۇ قاشتېشىنى تۇتقان ھالدا تۈۋرۈككە قارىدى ـ دە ، ئۇنى تۈۋرۈككە ئۇرماقچى بولدى . چىن بەگلىكى بېگى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قاشتېشىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، دەرھال ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ ، قەتئىيلىك بىلەن ، لىن شياڭرۇدىن قاشتېشىنى چېقىۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندى . ئاندىن مەخسۇس ئەمەلدارغا چىن بەگلىكى خەرىتىسىنى ئەكەلدۈرۈپ ، ئۇنىڭغا قارىغان ھالدا ، قايسى جايدىن قايسى جايغىچە بولغان 15 شەھەرنىڭ جاۋ بەگلىكىگە بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى .

لىن شياڭرۇ چىن بەگلىكى بېگىنىڭ پەقەت يالغاندىنلا جاۋ بەگلىكىگە شەھەرلەرنى بېرىمەن دەپ ئالداۋاتقانلىقىنى ، ئەمەلىيەتتە بەرمەيدىغانلىقىنى بايقاپ ، چىن بەگلىكى بېگىگە :

— بۇ ، خېشى قاشتېشى جاھان ئەھلى ئېتىراپ قىلغان گۆھەردۇر . جاۋ بەگلىكى بېگى ماجىرا تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، جانابلىرىغا تەقدىم قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى . جاۋ بەگلىكى بېگى بۇ قاشتېشىنى ئەۋەتىدىغان چاغدا بەش كۈن پەرھىز تۇتقانىدى . ئەمدى جانابلىرىمۇ بەش كۈن پەرھىز تۇتۇپ ، ئاندىن توققۇز مۇراسىم ئەمەلدارلىرىنىڭ باشچىلىقىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ، مېنى ئوردا سارىيىغا تەكلىپ قىلىڭ ، شۇندىلا بۇ قاشتېشىنى جانابلىرىغا

سۈنىمەن ، ــ دېدى . چىن بەگلىكى بېگى قاشتېشىنى زورلاپ ئالالمايدىغانلىقىنى پەملىدى - دە ، بەش كۈن پەرھىز تۇتۇشقا ماقۇل بولدى ۋە لىن شياڭرۇنى گۇاڭچېڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى .

لىن شياڭرۇ چىن بەگلىكى بېگى پەرھىز تۇتۇشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ جەزمەن ۋاپاسىزلىق قىلىپ ، شەھەرلەرنى بەرمەيدىغانلىقىنى پەملەپ ، ھەمراھىنى پۇقراچە كىيىندۇرۇپ ، قىممەتلىك قاشتېشىنى قوينىغا سالدۇرۇپ ، ئۇنى چىغىر يول بىلەن قاچۇرۇپ ، قىممەتلىك قاشتېشىنى جاۋ بەگلىكىگە ئەۋەتىۋەتتى .

چىن بەگلىكى بېگى بەش كۈن پەرھىز تۇتقاندىن كېيىن ، سارايدا توققۇز مۇراسىم ئەمەلدارلىرىنىڭ باشچىلىقىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ، جاۋ بەگلىكى ئەلچىسى لىن شياڭرۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى . لىن شياڭرۇ زىياپەتكە كىرىپ ، چىن بەگلىكى بېگىگە قاراپ :

— چىن بەگلىكىدە چىن مۇگۇڭ[1] بەگدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە يىگىرمە نەچچە بەگ ئۆتتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغىنى يوق . شۇڭا مەن بەگ جانابلىرىنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئۇچراپ ، جاۋ بەگلىكى ئالدىدا يۈز كېلەلمەي قېلىشىمدىن قورقۇپ ، قىممەتلىك قاشتېشىنى بىرى ئارقىلىق قايتۇرۇۋەتتىم . ئۇ كىشى چىغىر يوللار بىلەن جاۋ بەگلىكىگە كەتتى . چىن بەگلىكى كۈچلۈك ، جاۋ بەگلىكى ئاجىز ، بەگ جانابلىرى جاۋ بەگلىكىگە بىر ئەلچى ئەۋەتىش بىلەنلا ، جاۋ بەگلىكى دەرھال قاشتېشىنى ئەۋەتتى . ئەمدىلىكتە چىن بەگلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ ، 15 شەھەرنى ئالدى بىلەن جاۋ بەگلىكىگە بەرسىڭىز ، جاۋ بەگلىكى قانداقمۇ قىممەتلىك قاشتېشىنى بەرمەي ، جانابلىرىنى خاپا قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن ؟ مەن جانابلىرىنى ئالدىغان گۇناھىم ئۈچۈن ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن . مەن ئۆزۈمنى داشقازاندىكى قايناق سۇغا تاشلاپ قايىنىتىشنى ئۆتۈنىمەن . ئەمما جانابلىرىنىڭ ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن ، ــ دېدى .

چىن بەگلىكى بېگى بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى بۇنىڭغا ھەيران قالدى . ئەتراپىدىكىلەردىن بەزىلىرى لىن شياڭرۇنى سۆرەپ چىقىپ ، جازالاشقا تاپشۇرماقچى بولدى . ئەمما چىن بەگلىكى بېگى ئۇلارغا :

— ھازىر لىن شياڭرۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمىز بىلەن ، بەرىبىر قىممەتلىك قاشتېشىنى قولغا چۈشۈرەلمەيمىز ھەمدە چىن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى يوققا چىقىرىمىز . بۇنىڭدىن كۆرە ، لىن شياڭرۇنى ئوبدان كۈتۈپ ، ئاندىن جاۋ بەگلىكىگە يولغا سالغىنىمىز تۈزۈكرەك . جاۋ بەگلىكى بېگى قانداقمۇ بىر پارچە قاشتېشىنى دەپ چىن بەگلىكىنى ئالدىسۇن ؟ ــ دېدى . ئاخىر چىن بەگلىكى بېگى لىن شياڭرۇنى سارايدا رەسمىي قوبۇل قىلدى ۋە ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۆز ئېلىگە يولغا سېلىپ قويدى .

لىن شياڭرۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، جاۋ بەگلىكى بېگى ئۇنى بەگلىكلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلسە ، بوزەك بولمايدىغان ۋە ھاقارەت كەلتۈرمەيدىغان دانىشمەن تۆرە دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا ئالىي تۆرە ئۇنۋانىنى بەردى .

ئاقىۋەتتە ، چىن بەگلىكىمۇ جاۋ بەگلىكىگە شەھەر بەرمىدى . جاۋ بەگلىكىمۇ چىن بەگلىكىگە قىممەتلىك قاشتېشىنى بەرمىدى .

---

① چىن مۇگۇڭ — چىن بەگلىكىنىڭ بەگلىرىدىن بولۇپ ، چۈنچيۇ دەۋرىدىكى بەش ھاكىمبەگنىڭ بىرى ئىدى .

كېيىن①چىن بەگلىكى جاۋ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، شىچېڭنى②ئىشغال قىلدى. كېيىنكى يىلى چىن بەگلىكى يەنە جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ 20 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىن بەگلىكى بېگى جاۋ بەگلىكى بېگىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، جاۋ بەگلىكى بېگى بىلەن بىللە تاماشا قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۇچرىشىش ئورنى شىخېنىڭ③ئۇ يېقىدىكى مىيەنچى④بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جاۋ بەگلىكى بېگى چىن بەگلىكىدىن قورقۇپ، ئۇ جايغا بېرىشنى خالىمىدى. لېكىن ليەن پو بىلەن لىن شياڭرۇ مەسلىھەت بېرىپ:

— ئەگەر سىز بارمىسىڭىز، جاۋ بەگلىكىنىڭ ئاجىز ۋە يۈرەكسىزلىكىنى كۆرسىتىپ قويىسىز، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، جاۋ بەگلىكى بېگى بېرىش قارارىغا كەلدى. لىن شياڭرۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. ليەن پو ئۇلارنى چېگرىغىچە ئۇزىتىپ باردى. ئۇ بەگ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

— بەگ جانابلىرى، كېتىپ بارىسىز. يول، ئۇچرىشىش ۋە مۇراسىم، قائىدە-يوسۇنلار ھەمدە قايتىش ۋاقتىنى ھېسابلىغاندا، 30 كۈن چامىسىدا قايتىپ كېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر 30 كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلەلمىسىڭىز، چىن بەگلىكى بېگىنىڭ خىياللىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن، ۋەلىئەھدىنى ئورنىڭىزغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى. بەگ بۇنىڭغا رازى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مىيەنچىغا بېرىپ چىن بەگلىكى بېگى بىلەن كۆرۈشتى.

زىياپەتتە چىن بەگلىكى بېگى شاراب ئىچىپ راسا خۇش كەيپ بولغان چاغدا:

— بەگ جانابلىرىنىڭ ساز چېلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، بىردەم ساز چېلىپ بەرسىڭىز، — دېدى. جاۋ بەگلىكى بېگى ساز چېلىپ بەردى. شۇندا چىن بەگلىكى ئوردا تارىخچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: «پالانى يىل پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى چىن بەگلىكى بېگى جاۋ بەگلىكى بېگى بىلەن زىياپەتتە ئولتۇرغاندا، جاۋ بەگلىكى بېگىگە ساز چالدۇردى» دەپ يازغانلىرىنى ئوقۇدى. شۇ چاغدا لىن شياڭرۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جاۋ بەگلىكى بېگىمۇ چىن بەگلىكى بېگىنىڭ چىن بەگلىكى مۇزىكىلىرىنى چېلىشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. بىردەم كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، بەگ جانابلىرىنىڭ خۇمرا⑤بىلەن ساز چېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى. چىن بەگلىكى بېگى ئاچچىقلىنىپ، بۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، لىن شياڭرۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر شاراب خۇمرىسىنى ئېلىپ، چىن بەگلىكى بېگى ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. چىن بەگلىكى بېگى ئۇنىمىدى. لىن شياڭرۇ شۇندا:

— ئۇنداق بولسا، مۇشۇ بەش قەدەم ئارىلىقتا بوينۇمدىن ئاققان قان بىلەن ئۈستىڭىزگە قان چاچرىتىمەن!⑥ — دېدى. بۇ چاغدا چىن بەگلىكى بېگىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر لىن شياڭرۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن، لىن شياڭرۇ غەزەپ بىلەن ھومايغانىدى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جۈرئەت قىلالماي ئارقىسىغا چېكىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىن بەگلىكى بېگى ئىلاجسىز خاپا ھالدا، خۇمرىغا بىرنى ئۇرۇپ قويدى. لىن شياڭرۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جاۋ

① مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 281 - يىلى، جاۋخۇي ۋېنۋاڭنىڭ 18 - يىلى كۈزدە تۈتۈلدۇ.
② شىچېڭ — يەر نامى، ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لىنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
③ شىخې — يەر نامى. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن ۋىلايىتى ئەتراپى.
④ مىيەنچى — يەر نامى. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مىيەنچى ناھىيىسى.
⑤ چىنلىقلاردا ناخشا ئېيتقاندا، ھەمىشە خۇمرىنى ئۇرۇپ تەڭكەش قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى.
⑥ لىن شياڭرۇ بۇ يەردە ئەگەر دېگىنىمگە كۆنمىسەڭ، سەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمەن دېمەكچى.

بەگلىكى ئوردا تارىخچىسىنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا : «پالانى يىلى پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى چىن بەگلىكى بېگى جاۋ بەگلىكى بېگىگە خۇمرا چېلىپ بەردى» دەپ يېزىشنى بۇيرۇدى . شۇندا چىن بەگلىكى ۋەزىرلىرى :

— جاۋ بەگلىكىنىڭ چىن بەگلىكى بېگىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن 15 شەھەرنى سوۋغات قىلىشىنى تەكلىپ قىلىمىز ، — دېيىشتى . لىن شياڭرۇمۇ ئۇلارغا :

— جاۋ بەگلىكى بېگىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چىن بەگلىكىنىڭ شيەنياڭ شەھرىنى① سوۋغات قىلىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن ، — دېدى .

تاكى زىياپەت تۈگىگىچە چىن بەگلىكى زادى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالمىدى . جاۋ بەگلىكىمۇ نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، چىن بەگلىكىگە قارشى تەييار تۇردى ، شۇڭا چىن بەگلىكى ھەرىكەت قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالمىدى .

مېيەنچىدىكى ئۇچرىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، جاۋ بەگلىكى بېگى دۆلىتىگە قايتتى . لىن شياڭرۇ بۇ ئىشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ، جاۋ بەگلىكى بېگى ئۇنىڭغا شاڭچىڭ ئەمىلىنى بەردى . بۇ ئەمەل ليەن پونىڭ ئەمىلىدىن ئۈستۈن ئىدى . شۇندا ليەن پو :

— مەن جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسىمەن . شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان ، دالىلاردا ئۇرۇش قىلغان چوڭ تۆھپىلىرىم بار . لىن شياڭرۇ پەقەت سۆز ئارقىلىقلا خىزمەت كۆرسىتىپ ، مەندىن يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالسا بولامدۇ ؟ ! بۇنىڭ ئۈستىگە لىن شياڭرۇ ئەسلى تەكتى پەس ئادەملەردىن تۇرسا ، بۇ مەن ئۈچۈن ئۇيات ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرۇشقا چىداپ تۇرالمايمەن ! — دېدى ۋە داۋراڭ سېلىپ ، — ئەگەر لىن شياڭرۇنى كۆرسەم ، چوقۇم ئۇنى ھاقارەتلەيمەن ، — دېدى .

لىن شياڭرۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى . ھەر قېتىم بەگ ھوزۇرىغا ئەتىگەنلىك سالامغا كىرىشكە توغرا كەلگەندە ، لىن شياڭرۇ ھەمىشە ، كېسەل بولۇپ قالدىم ، دەپ بارمىدى . ليەن پو بىلەن يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالاشمىدى . بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، لىن شياڭرۇ يولدا كېتىۋېتىپ ، يىراقتىن لىيەن پونىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ھارۋىسىنى ئارقىغا بۇراپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى .

شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى دائىمىي كۈتۈلگۈچى مېھمانلار بىرلىكتە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشىپ :

— بىزنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىمىزدىن ئايرىلىپ ، ئالدىڭىزغا كېلىپ خىزمىتىڭىزنى ئىشلىشىمىز سىزنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىزگە بولغان ھۆرمىتىمىز ئىدى . بۈگۈنكى كۈندە ئورنىڭىز لىيەن پو بىلەن تەڭ بولدى . لىيەن پو ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلسا ، سىز ئەكسىچە ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ يۈرىسىز ، بۇ قورقۇش بەكمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى . ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ بۇنداق قىلىقنى ئۇيات ئىش دەپ بىلىدۇ ، سەركەردە ھەم ۋەزىر تۇرۇقلۇق بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولغىنى ! بىز ئىشقا يارىماسلار ، قايتىپ كېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلىڭ ، — دېيىشتى . لىن شياڭرۇ ئۇلارنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى ئۆتۈندى ۋە ئۇلاردىن :

— سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە ، سەركەردە لىيەن پونى چىن بەگلىكى بېگىگە سېلىشتۇرغاندا ، قايسىسىنىڭ ھەيۋىتى كۈچلۈك ؟ — دەپ سورىدى . ئۇلار :

---

① شيەنياڭ شەھرى — چىن بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولۇپ ، ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شيەنياڭ شەھرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا .

— ئەلۋەتتە ، ليەن پونىڭ ھەيۋىتى چىن بەگلىكى بېگىگە يەتمەيدۇ ، — دېيىشتى .

— ئۇنداق بولسا ، چىن بەگلىكى بېگىنىڭ ھەيۋىتى شۇنچە زور بولسىمۇ ، مەن ئۇنىڭغا ۋارقىراشقا ، ۋەزىرلىرىنى ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلالىدىم . مەن ھەرقانچە قابىلىيەتسىز بولساممۇ ، قانداقچە يالغۇز سەركەردە ليەن پودىن قورقۇپ قالاي ؟ لېكىن مېنىڭ ئويلايدىغىنىم شۇكى ، قۇدرەتلىك چىن بەگلىكىنىڭ جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى جاۋ بەگلىكىدە ئىككىمىزنىڭ بولغانلىقىدىندۇر . ئەمدىلىكتە ئىككى يولۋاس ئۆزئارا ئېلىشىدىغان بولساق ، ئاقىۋەتتە ھەر ئىككىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس . مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، شەخسىي ئاداۋەتنى كېيىنكى ئورۇنغا قويغانلىقىمدىندۇر ، — دېدى .

ليەن پو بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كىيىمىنى يېشىپ دۈمبىسىنى يالىڭاچلاپ ، تىكەنلىك چىۋىقلارنى يۈدۈپ ، دائىمىي كۇتۇلگۈچى مېھمانلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ، لىن شياڭرۇنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن ، لىن شياڭرۇغا :

— مەن پەس ئادەم ئىكەنمەن ، سەركەردىنىڭ بۇنچىلىك كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن ! — دېدى .

ئاخىر ئىككىسى ئىناقلىشىپ ، ھايات - ماماتلىق دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . بۇ تېكىستتە «قىممەتلىك قاشتېشىنى جاۋ بەگلىكىگە ساق قايتۇرۇپ كېلىش» ، «مېيەنچىدا ئۇچرىشىش» ، «ليەن پو بىلەن لىن شياڭرۇنىڭ ئىناقلىشىشى» دىن ئىبارەت ئۈچ ھېكايە (ۋەقە) نۇقتىلىق تۇردە يېزىلغان . بۇ ئۈچ ھېكايىنىڭ ھەممىسىدە لىن شياڭرۇ ئاساسىي شەخس قىلىپ يېزىلغان ، بۇ ئۈچ ھېكايىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم تەرىپى بار . تېكىستتە لىن شياڭرۇنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى قانداق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ، قانداق ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئىپادىلەپ بېرىلگەنلىكىنى ؛ يەنە ليەن پونى قانداق يازغانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق ليەن پونىڭ قانداق ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭلار .

2 . تەزكىرە - تەرجىمىھاللاردا ، ئادەتتە ، باش قىسمىدا شەخسلەرنىڭ يۇرتى ، كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلىدۇ . ئادەتتىكى تەزكىرىلەرگە ئوخشاشلا بۇ تەزكىرىنىڭ باش قىسمىدىمۇ لىن شياڭرۇ بىلەن ليەن پونىڭ كېلىپ چىقىشى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان . لېكىن ، تەزكىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم رولى بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ . سىلەر بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر ؟

3 . تېكىستنىڭ «مېيەنچىدىكى ئۇچرىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، جاۋ بەگلىكى بېگى دۆلىتىگە قايتتى . لىن شياڭرۇ بۇ ئىشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ، جاۋ بەگلىكى بېگى ئۇنىڭغا شاڭچاڭ ئەمىلىنى بەردى . بۇ ئەمەل ليەن پونىڭ ئەمىلىدىن ئۈستۈن ئىدى» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە پىششىق ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى چۈشەنگەن ئاساستا «ليەن پونىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىدە تىكەنلىك چىۋىقلارنى يۈدۈپ كېلىپ ئەپۇ سورىشى» دېگەن ماۋزۇدا بىر ھېكايە يېزىپ چىقىڭلار . ئۆزگەرتىپ يازغاندا ، لىن شياڭرۇنىڭ تۆھپە كۆرسىتىش ئەھۋالىنى قىستۇرما بايان ئۇسۇلى ئارقىلىق تاپشۇرۇشقا بولىدۇ . ھېكايىدە ليەن پونىڭ ئەپۇ سوراش ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلىڭلار .

# 12. لىن مەشقاۋۇلنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلىكى①

(روماندىن پارچە)

شى نەيئەن (مىڭ سۇلالىسى)

## ئۇقۇتۇش تەلىپى

1. تېكىستنىڭ ئىدىيۋى مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىش.
2. پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ تىلى، ھەرىكىتى، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ بېرىش ئۇسۇلىنى چۈشىنىۋېلىش.
3. مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق كەيپىياتنى ئالاھىدە جانلاندۇرۇپ ۋە پېرسوناژ ئوبرازىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇپ، باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى چۈشىنىۋېلىش.
4. «سۇ بويىدا» رومانى، جۈملىدىن بۇ تېكىستتە ساقلىنىپ قالغان مەدداھلارنىڭ قىسسە سۆزلەشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋېلىش.

## ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

شى نەيئەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن داڭلىق يازغۇچى. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1296 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، تەخمىنەن مىلادىيە 1370 ـ يىلى ۋاپات بولغان. شى نەيئەننىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئېنىق يازما مەلۇمات يوق. ئېيتىشلارچە، ئۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ تەشرىپدار بولغان. چيەنتاڭ دېگەن جايدا (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى سۇجۇدا) ئىككى يىل ئەمەلدار بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىڭخۇا ناھىيىسىدىكى بەيجۇ بازىرىدا ئولتۇراقلىشىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. «سۇ بويىدا» (ئەسلى نامى «سۇ بويىدىكى قەھرىمانلار قىسسىلىرى») رومانى ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

«سۇ بويىدا» رومانى جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى تېما قىلىنغان مۇنەۋۋەر رومان بولۇپ، روماندا تارىختىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتكۈل جەريانى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىلغان. روماندا دېھقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قارشىلىق كۆرسىتىش يولى تەپسىلىي تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ

① بۇ تېكىست «سۇ بويىدا» (71 بابلىق نۇسخىسى) رومانىنىڭ ئونىنچى بابىدىن ئېلىندى. لىن مەشقاۋۇل — روماندىكى قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولغان لىن چۇڭنى كۆرسىتىدۇ. لىن چۇڭ ئەسلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھ[illegible]) دىكى 800 مىڭ پايتەخت ياساۋۇل قوشۇنىنىڭ نەيزە ـ توقماق مەشقاۋۇلى ئىدى.

ئىسيانكارلىق روھى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن .

بۇ تېكىست رومانىنىڭ ئونىنچى بابىدىن ئېلىنغان . رومانىنىڭ يەتتىنچى بابىدىن ئون بىرىنچى بابىغىچە ، لىن چۈڭنىڭ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ، ئاخىر نائىلاج لياڭشەن تېغىغا چىقىپ ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر مەركەزلىك بايان قىلىنغان . ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق : لىن چۈڭ پايتەختتە ياساۋۇل (مۇھاپىزەتچى ) قوشۇنىنىڭ مەشقاۋۇلى ئىدى . دەل مۇشۇ چاغلاردا مەككار ۋەزىر گاۋ چيۇنىڭ ئاسراندى ئوغلى گاۋ يانېي بىرنەچچە قېتىم لىن چۈڭنىڭ ئايلىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ . ئەمما ھەممىسىدە قارشىلىققا ئۇچراپ ، يامان نىيىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، گاۋ چيۇ ئۆزىنىڭ غالچىلىرى لۇ چيەن (لۇ يۈخۇ ) ، فۇ ئەنلەر بىلەن بىرلىكتە زەھەرلىك پىلان قۇرۇپ ، لىن چۈڭنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ . گاۋ چيۇ لىن چۈڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ ، مۇھىم ھەربىي ئورۇن ــ ئاق يولۋاس سارىيىغا كىرىپ ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى ، دېگەن تۆھمەت بىلەن ، لىن چۈڭنى كەيفېڭ ۋىلايىتىگە ئەۋەتىدۇ . كەيفېڭ ۋىلايىتى ئۇنى ساڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلىشقا ھۆكۈم قىلىدۇ . ساڭجۇ ئايمىقىغا ئېلىپ ماڭغاندا ، يالاپ ماڭغۇچىلار باشلىقى لۇ چيەندىن پارا ئېلىپ ، لىن چۈڭنى قاۋان چاتقاللىقىدا ئۆلتۈرۈۋې-تىشكە ماقۇل بولىدۇ . بەختكە يارىشا يولدا ئۇنى لۇ جىشېن قۇتقۇلدۇرۇپ قالىدۇ . لىن چۈڭ لۇ جىشېندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، يولدا چەي جىن قورۇقىدىن ئۆتىدۇ ۋە بۇ جايدا ياخشى كۈتۈۋېلىنىدۇ . چەي جىن يەنە لىن چۈڭغا غەمخورلۇق قىلىپ قويۇش توغرىسىدا ساڭجۇ مەھكىمىسىگە خەت يازىدۇ . لىن چۈڭ ساڭجۇغا بارغاندىن كېيىن ، مەغپىرەتخانىغا قاراشقا ئەۋەتىلىدۇ . دەرسلىككە تاللانغان «لىن مەشقاۋۇلنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلى-كى » دېگەن بۇ تېكىست دەل مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ . بۇ تېكىستتە لىن چۈڭنىڭ ئىتائەتچان-لىق بىلەن بويسۇنۇش ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يول قويۇشتەك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ ، قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا ماڭغانلىقى كونكرېت ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلىنىپ ، لىن چۈڭنىڭ ھايات يولىدىكى بىر مۇھىم بۇرۇلۇش قىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇ تېكىست ۋەقەلىكى پۇقرالارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ، يەنى ئىسيانكارلىق يولىغا مېڭىشىنى ئەمەلدارلارنىڭ مەجبۇرلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ . بىز بۇ تېكىستنى ئوقۇغىنىمىزدا ، ئۇنىڭدىن فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسى-تىش يولىغا مېڭىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

يېزىلىش جەھەتتە ، بۇ تېكىستتە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزى ۋە ھەرىكىتى ھەمدە تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق يارىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ، مەنزىرە تەسۋىرلىرى ئارقىلىق كەيپىيات ئالاھىدە جانلاندۇرۇلغان ، پېرسوناژلار ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق باش تېما چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان .

«سۇ بويىدا » رومانى ئۇزاق مەزگىل خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر ۋە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن يۈەن سۇلالىسى خۇابېنلىرى «مەدداھلار قىسسىلىرى » ئاساسىدا قايتا پىش-شىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىدا مەدداھلارنىڭ قىسسە سورلەشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بەزى ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان ، مەسىلەن ، «ئەلقىسسە » ، «ئەمدى قۇرۇق گەپنى قويۇپ ، ئەسلى گەپكە ئۆتەيلى »دېگەن سۆزلەر قاتارلىقلار . تېكىستنى ئوقۇغاندا بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك .

ئەلقىسسە ، شۇ كۈنى لىن چۈڭ كوچىدا تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇشتۇمتۇت

ئارقىدىن بىرى چاقىردى . ئۆرۈلۈپ قارىسا ئۇ مەيپۇرۇش[1] لى شياۋئېر ئىكەن . ئۇ بۇرۇن پايتەختتىكى[2] چېغىدا ، لىن چۇڭنىڭ خەيرخاھلىقىغا كۆپ ئېرىشكەن ؛ ئەگەرى قوللۇق قىلىپ خوجايىنىنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاپ ، تۇتۇلۇپ قالغىنىدا ، لىن چۇڭ ئىگىدارچىلىق قىلىپ ، مال ئىگىسىگە ئۆزرە ئېيتىپ ، ئۇنى دەۋادىن خالاس قىلغان ، ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالغان . خوجايىنىنى دەۋا قىلىشتىن ياندۇرغان . لى شياۋئېر پايتەختتە ئۆزىنى سىغدۇرالماي ، باشپاناھ ئىزدەپ باشقا ياقىلارغا بارماق بولغاندا ، لىن چۇڭ يەنە يول خىراجىتى بېرىپ يولغا سېلىپ قويغانىدى . بۈگۈن بۇ يەردە توساتتىن ئۇچرىشىپ قالدى .

— ئۇكام شياۋئېر ! بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز ؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ .

لى شياۋئېر تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— غەمگۇزارىم ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ يولغا سېلىپ قويغىنىڭىزدىن بۇيان ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە يۈرۈپ ، بىر باشپاناھ تاپالمىدىم . ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇشۇ ساڭجۇ ئايمىقىغا كېلىپ قاپتىمەن . ۋاڭ ئاتلىق بۇ مەيخانا خوجايىنىنىڭ قولتۇقىغا كىردىم . ئۇ كىشى مېنى مەيخانىسىدا خىزمەتكارلىققا ئېلىپ قالدى . مېنىڭ ئىشچانلىقىمنى ھەم قورۇمىلارنى ئوخشىتىپ قورۇپ ، شورپىلارنى تەملىك پىشۇرۇپ ، خېرىدارلارنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولۇش بىلەن ، سودا - سېتىقنىڭ يۈرۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن خوجايىن قىزىنى بېرىپ مېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالدى . كېيىن قېيناتام بىلەن قېينانام ئۆلۈپ كېتىپ ، خوتۇنۇم ئىككىيلەنلا قالدۇق . مۇشۇ كۈرەنىڭ[3] يېنىدا ئاشپۇزۇل ئاچقانىدىم . نېسى قالغان پۇللىرىمنى يىغىمەن دەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىگە يولۇقۇپ قالدىم ، ئۆزلىرى نېمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا ؟ — دېدى .

— ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن[4] ئۇ مېنى تۆھمەت بىلەن بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلدۇردى ، — لىن چۇڭ يۈزىگە سېلىنغان ئەننى[5] كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھازىر مېنى مەغپىرەتخانىغا قاراشقا قويۇپ قويدى . كېيىنچە قانداق بولىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم . بۈگۈن بۇ يەردە يولۇقۇپ قالغىنىمىزنى قاراڭ .

لى شياۋئېر دەررۇ لىن چۇڭنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئاپاردى ، خوتۇنىنى چاقىرىپ چىقىپ ، لىن چۇڭغا تەزىم قىلدۇردى . ئەر - خوتۇن ئىككىسى خۇشال بولغان ھالدا :

— بىز ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز يوق . ئاسماندىن چۈشكەندەك ، بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىرى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ! — دېيىشتى .

— مەن بولسام بىر مەھبۇس . ھەرقايسىڭىزلارنىڭ پاك نامىڭىزلارغا داغ تەگكۈزۈپ قويارمەنمىكىن ، — دېدى لىن چۇڭ .

— غەمگۇزارىم ، ئۆزلىرىنىڭ داڭقلىرىنى كىم بىلمەيدۇ ؟ ئۇنداق دېمىسىلە . كىر - قاتلىرى بولسا ئەكېلىپ تۇرسىلا ، يۇيۇپ - ياماپ بېرەيلى ، — دېدى لى شياۋئېر .

---

① مەيپۇرۇش — مەيخانىدا مەي (ھاراق) ساتقۇچى .

② پايتەخت — شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى . ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرى .

③ كۈرە — مەھبۇسلار كۈرەسى . مەھبۇسلارنى باشقۇرىدىغان ۋە يولغا سالىدىغان جاي .

④ ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن — ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن دېگەن سۆز . ئەمىر — ئەمەل ئىسمى . سۇڭ خۇيزۇڭ دەۋرىدىكى ھەربىي ئەمەلنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى . گاۋ چيۇ دىيەنشۇەي مەھكىمىسىنىڭ ئەمىرى ئىدى .

⑤ يۈزىگە بېسىلغان ئەن — يۈزىگە خەت چېكىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ قەدىمكى زاماندا بىر خىل تەن جازاسى بولۇپ ، جىنايەتچىلەرنىڭ پېشانىسى ياكى باشقا جايدىكى تېرىسىگە يىڭنە چېكىپ ، ئۇنىڭغا سىياھ سۈركەپ ئەن سېلىپ ، ئاندىن يىراق جايلارغا ئەسكەرلىككە ئەۋەتىلەتتى .

ئۇلار لىن چۇڭنى شاراب ، تاماق بىلەن مېھمان قىلدى . كەچ بولغاندا مەغپىرەتخانىغا ئۇزىتىپ قويدى . ئەتىسى يەنە كېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىن چۇڭ لى شياۋئېرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇردى . لى شياۋئېر پات ـ پات ئاش ـ غىزا ئېلىپ ، كۇرەگە كىرىپ لىن چۇڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى . لىن چۇڭ بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ۋاپادارلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇلارغا دەسمايە ئۈچۈن پۇل بېرىپ تۇردى .

ئەمدى قۇرۇق گەپنى قويۇپ ، ئەسلى گەپكە ئۆتەيلى . ۋاقىت ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ ، قىشمۇ كېلىپ قالدى . لىن چۇڭنىڭ پاختىلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى لى شياۋئېرنىڭ خوتۇنى يۇيۇپ ـ ياماپ بەردى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، لى شياۋئېر ئاشپۇزۇلدا سەي ـ پەي ، غىزا ـ پىزا تەييارلاۋاتاتتى . تۇيۇقسىزدىن بىر كىشى غىپپىدە كىرىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كىشى كىرىپ كەلدى . تەقى ـ تۇرقىدىن قارىغاندا ، ئاۋۋال كىرگىنى سىپاھ بەگلەرگە ، كېيىن كىرگىنى چاپارمەنلەرگە ئوخشايتتى . لى شياۋئېر ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— مەي ـ شاراب كەلتۈرەيلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى . ھېلىقى كىشى يېنىدىن بىر سەر كۈمۈش چىقىرىپ ، لى شياۋئېرنىڭ قولىغا بېرىۋېتىپ :

— بۇنى غەللىگىزگە سېلىپ قويۇپ تۇرۇڭ . ئۈچ ـ تۆت كاسا ئېسىل شاراب تەييارلاپ قويۇڭ . مېھمانلىرىمىز كەلگەندە سوراپ ئولتۇرماي ، ئوبدان مېۋە ، ئېسىل شاراب ۋە تائاملارنى ئېلىپ كېلىۋېرىڭ ، — دەپ تاپىلىدى .

— جانابلىرى كىملەرنى مېھمان قىلماقچى ؟

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ، مالال كۆرمەي كۇرەگە بېرىپ ، كۇرە بېگى[1] بىلەن زىندان بېگى[2]نى تەكلىپ قىلىپ كېلىڭ ، سوراشتۇرۇپ قالسا ، بىر بەگ غوجام مۇڭداشماقچىكەن ، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشى بار ئىكەن ، يولىڭىزغا قاراپ تۇرىدۇ دەڭ ، باشقا گەپ قىلماڭ .

لى شياۋئېر ماقۇل بولۇپ ، ئاۋۋال كۇرەگە كىرىپ زىندان بېگىنى چاقىرىۋېلىپ ، ئاندىن بىللە كۇرە بېگىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئۇنىمۇ ئاشپۇزۇلغا تەكلىپ قىلىپ كەلدى . ھېلىقى بېگىم كۇرە بېگى ۋە زىندان بېگى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى .

— بۇرۇندىن تونۇشمايدىكەنمىز بېگىم ، ئۆزلىرىدىنىڭ ئىسمى ـ شەرىپلىرى نېمە-كىن ؟ — دەپ سورىدى كۇرە بېگى .

— مەكتۇپ ئالغاچ كەلدىم ، بىر پەستىن كېيىن بىلىلا . قېنى مەي كەلتۈرۈڭ ، — دېدى ھېلىقى كىشى .

لى شياۋئېر ئالدىراپ ـ تېنەپ مەينى ئېلىپ چىقتى . كۆك ـ گىزەك ، يەل ـ يېمىش ۋە تائاملارنى شىرەگە تىزدى . ئۇلار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، ھېلىقى كىشى پەتنۇس بىلەن مېھمانلارغا مەي تۇتتى . لى شياۋئېر ئۆزى توختىماي چېپىپ يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلدى . ئەگىشىپ كەلگەن كىشى قىزىق سۇ سوراپ مەي ئىسسىتتى . ئون نەچچە قەدەھ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ، يەنە شىرەگە تاماق تارتىلدى .

— مېنىڭ يېنىمدا مەي ئىسسىتىپ بېرىدىغان ھەمراھىم بار ، قىچقارمىغۇچە كىرمە ، بىزنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان سۆزىمىز بار ، — دېدى ھېلىقى كىشى لى شياۋئېرغا قاراپ .

لى شياۋئېر «خوش» دەپ چىقىپ كەتتى . ئىشىككە كېلىپ خوتۇنىنى قىچقىرىپ :

---

[1] كۇرە بېگى — مەھبۇسلار كۇرىسىگە قارايدىغان ئەمەلدار .

[2] زىندان بېگى — زىندانغا قارىغۇچى .

— خوتۇن ، بۇ ئىككى ئادەمدە بىر گەپ باردەك تۇرىدۇ ، — دېدى .
— قانداق ؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى .
— بۇ ئىككىيلەن سۆز قىلىشلىرىدىن پايتەختلىكتەك كۆرۈنىدۇ . كورە بېگى بىلەنمۇ تونۇشمايدىكەن . كېيىن تاماقلارنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىمدە ، زىندان بېگىنىڭ ئاغزىدىن «ئەمىر گاۋ چيۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم . بۇلار مەشقاۋۇل لىن چۇڭنىڭ پېيىگە چۈشكەن بولمىسۇن ـ يەنە ؟ مەن ئىشىك ئالدىدا ھە ـ ھۇ قىلىپ تۇراي ، سەن يان ئۆيگە كىرىپ ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاق باق .
— سىز كورەگە بېرىپ مەشقاۋۇل لىن چۇڭنى تېپىپ كېلىڭ . ئۇ تونۇۋالسۇن .
— سەن بىلمەيسەن ، لىن چۇڭ مىجەزى چۇس ئادەم . خوشى كەلمەي قالسا ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ، ئوت قويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ . ئەگەرچەندە ئۇنى تېپىپ كەلسەم ، بۇ نېمىلەر ئالدىنقى كۈنلەردە ئېغىزغا ئېلىپ يۈرگەن پايلاقچى لۇ چيەن دېگەن ئادەم بولۇپ قالسا ، ئۇ ئاسانلىقچە بولدى قىلارمۇ ؟ بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسا ، سېنىڭ بىلەن ماڭىمۇ كاساپىتى تېگىدۇ . باشقا گەپنى قويۇپ ، بېرىپ ئاڭلاپ باق .
— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا ، شۇنداق قىلاي ، — دېدى خوتۇنى ۋە بېرىپ بىر هازاغىچە قۇلاق سېلىپ تۇردى .
قايتىپ چىقىپ :
— ئۇچ ـ تۆتى ئېغىزلىرىنى قۇلاقلىرىغىچە يېقىشىپ پىچىرلىشىۋاتىدۇ ، نېمە دېيىشىۋاتقانلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم . قارىسام ، ھېلىقى سىپاھ بەگ سۇپەت ئادەم ھەمراھىنىڭ قويندىن بىر ياغلىققا ئورالغان نەرسىنى ئېلىپ ، كورە بېگى بىلەن زىندان بېگىگە بەردى ، ياغلىقتىكى نەرسە ئالتۇن ـ كۈمۈش بولمىغىيدى . زىندان بېگى «بولدى ماڭا قويۇپ بېرىڭ ، قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇنىڭ جېنىنى ئۆزۈم ئالىمەن» دېدى ، — دېدى .
دەل شۇ چاغدا ئىچكەركى ئۆيدىن «شورپا كەلسۇن !» دېگەن ئاۋاز چىقتى . لى شياۋئېر ئالدىراپ قىزىق شورپىنى ئېلىپ كىرگىنىدە كورە بېگىنىڭ بىر پارچە مەكتۇپنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ سوۋۇپ قالغان غىزالارنى ياندۇرۇپ ، يەنە بىر ئاز غىزا ئېلىپ كىردى . ئۇلار يەنە بىر غىزالاندى . ئاندىن ھېسابلىشىپ هاراق پۇلىنى تۆلىدى . كورە بېگى بىلەن زىندان بېگى ئاۋۋال چىقىپ كەتتى . كەينىدىن ھېلىقى ئىككى كىشىمۇ باشلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ چىقىپ كېتىشتى .
ئۇلار كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، لىن چۇڭ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەلدى :
— ئۇكام شياۋئېر ! بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئوقىتىڭىز ياخشى بولۇۋاتامدۇ ؟
— ئولتۇرسىلا غەمگۇزارىم ، مەن هازىر سىلىنى ئىزدەپ باراي دەپ تۇرغانىدىم . سىلىگە ئېيتىپ قويىدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى ، — دېدى لى شياۋئېر دەرھال .
بۇنىڭغا دەلىل قىلىپ مۇنداق بىر غەزەل يېزىلغان :

سۇيىقەست ۋە بەتنىيەتلىك كەتكۈسىدۇر ئەلگە پۇر ،
كۇس ـ كۇسۇڭدىن بار خالايىق تاپقۇسىدۇر بىر ئۇچۇر .
توسۇيالماس دىلى قۇلاقنى بولسىمۇ گەر تام ـ توساق ،
كۆردى مەخپىي سىرلىرىڭنى ئەۋلىيادەك كۆزى نۇر .

— شۇنچە مۇھىم ئىشمىدى ؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ .

لى شياۋئېر لىن چۇڭنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ ، بولغان ۋەقەنى
سۆزلەپ بەردى :
ــ ھېلىلا پايتەختتىن كەلگەن يوچۇن بىر ئادەم بۇ يەردە كۇرە بېگى بىلەن زىندان
بېگىنى قىچقىرىپ بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇشتى . زىندان بېگىنىڭ ئاغزىدىن «ئەمىر گاۋ چيۇ»
دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ، گۇمانلىنىپ قالدىم . شۇنىڭ بىلەن بېرىپ ئاڭلاپ باق ، دەپ خوتۇنۇم-
نى قويدۇم . ئۇلار پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈن ، قىلىشقان گەپلىرىدىن ھېچنېمىنى
ئاڭلىيالماپتۇ . زىندان بېگى «بولدى ، ماڭا قويۇپ بېرىڭ ، ئۇنىڭ جېنىنى ئۆزۈم ئالىمەن»
دەپتۇ . ئىككى يوچۇن ئادەم بىر ياغلىقتا ئوراقلىق ئالتۇن - كۈمۈشنى كۇرە بېگى بىلەن
زىندان بېگىگە بېرىپتۇ . ئۇلار قانداق ئادەملەركىن . مەن گۇماندا بولۇپ قالدىم . غەمگۇزا-
رىم ، ئۇلار سىزگە قارا سانىمىغىيدى .
ــ ئۇ كىشىنىڭ قىياپىتى قانداق ئىكەن ؟
ــ بويى پاكار ، چىرايى ئاقپىشماق ، كوسا ، يېشى 30 لاردا ، بىللە كەلگەن كىشىنىڭمۇ
بويى ئېگىز ئەمەس ، چىرايى قارىمۇتۇق .
ــ بۇ 30 ياشتىكىسى پايلاقچى لۇ چيەننىڭ ئۆزى ! ــ دېدى لىن چۇڭ تەئەججۇپلەنگەن
ھالدا ، ــ بۇ قىزىل كۆز ماڭا قەست قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يەنە كەپتۇ - دە ! قېنى ،
كۆرەرمىز . قولۇمغا چۈشۈپ قالمىسۇن . قولۇمغا چۈشتىمۇ ، ئۇنى خېمىرغا ئايلاندۇرۇۋېتە-
مەن !
ــ كونىلاردا «تاماق يېگەندە گالغا تۇرۇپ قېلىشتىن ساقلان ، يول ماڭغاندا يىقىلىپ
قېلىشتىن» دېگەن گەپ بار . ئېھتىيات قىلىپ يۈرسىلىلا بولدى ، ــ دېدى لى شياۋئېر .
لىن چۇڭنىڭ زەردىسى قايناپ تاشتى . ئۇ لى شياۋئېرنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ ،
توپتوغرا بازارغا بېرىپ ئۆتكۈر خەنجەردىن بىرنى ئالدى - دە ، ئۇنى يېنىغا ئېسىپ ، كوچىمۇ
كوچا يۈرۈپ ئىزدىدى . لى شياۋئېر خوتۇنى بىلەن قاتتىق ئەنسىرىدى . شۇ كېچىسى تىنچ
ئۆتتى . لىن چۇڭ ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپلا خەنجەرنى ئېلىپ ، يەنە
ساڭجۇ شەھىرىنىڭ ئىچى - تېشىنى ئارىلىدى . چوڭ - كىچىك كوچىلارنى ئايلاندى . بىر
كۈن ئىزدىدى . مەھبۇسلار كۇرەسىدە ھېچقانداق شەپە بولمىدى . لىن چۇڭ يەنە كېلىپ لى
شياۋئېرغا :
ــ بۈگۈنمۇ ھېچ گەپ يوق ، ــ دېدى .
ــ غەمگۇزارىم ، شۇنداق تىنچ بولغىنىغا شۈكۈر ، ــ دېدى لى شياۋئېر ، ــ شۇنداقتىم-
مۇ ئېھتىيات قىلىسىلا . ــ لىن چۇڭ مەغپىرەتخانىغا قايتتى . يەنە بىر كېچە ئۆتتى . لىن
چۇڭ كوچىلاردا تۆت - بەش كۈن ئىزدەپ باقتى . ھېچ دېرەك بولمىدى ، شۇنىڭ بىلەن
بارا - بارا كۆڭلى بىر ئىزغا چۈشۈپ قالدى .
ئالتىنچى كۈنى ، كۇرە بېگى لىن چۇڭنى يوقلىمىخانىغا① چاقىرىپ كېلىپ :
ــ بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزگە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى . چەي جىن غوجامنىڭ يۈز-
خاتىرىسى بىلەن سىزنى ئىززەتلىشىمىز كېرەك ئىدى . ئۇنداق قىلالمىدۇق .② . شەرقىي

---

① يوقلىمىخانا — مەھبۇسلارنى يوقلىما قىلىدىغان چوڭ زال .
② چەي جىن غوجامنىڭ يۈز - خاتىرىسى بىلەن سىزنى ئىززەتلىشىمىز كېرەك ئىدى . ئۇنداق قىلالمىدۇق —
(گەرچە ) چەي جىن غوجامنىڭ يۈز- خاتىرىسى بولسىمۇ ، (ھازىرغىچە ) سىزنى ئىززەتلىمىدۇق دېگەن سۆز . لىن چۇڭ
ساڭجۇغا كېلىشتىن بۇرۇن چەي جىننىڭ قورۇقىدا بىرنەچچە كۈن تۇرىدۇ . يولغا چىقىش ۋاقتىدا چەي جىن ساڭجۇ ۋالىيسى
ۋە مەھبۇسلار كۇرەسىنىڭ كۇرە بېگىگە ، زىندان بېگىگە قارىتىپ ئۇلارنىڭ لىن چۇڭغا غەمخورلۇق قىلىشى توغرىسىدا
خەت يېزىپ بېرىدۇ .

دەرۋازىنىڭ 15 چاقىرىم نېرىسىدا چوڭ بىر چېرىكلەر سامانلىقى[1]بار . هەر ئايدا ئوت ـ بوغۇز تاپشۇرىدىغانلاردىن ئادەت بويىچە ئانچە ـ مۇنچە تاپاۋەت بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ يەرگە بۇ چاغقىچە بىر قېرى چېرىك قارايتتى . هازىر سىزنى شۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىدىم ، ئۇ قېرى چېرىك سىزنىڭ ئورنىڭىزغا كېلىپ مەغپىرەتخانىغا قارايدۇ . سىز شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزىڭىزگە ئاز ـ تولا پۇل تېپىۋېلىڭ . زىندان بېگى بىلەن بېرىپ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭ ، ــ دېدى .

لىن چوڭ : «هازىرلا باراي» دەپ جاۋاب بېرىپ ، كۇرەدىن چىقىپ ، توپتوغرا لى شياۋئېرنىڭ ئۆيىگە باردى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەنگە :

ــ بۈگۈن كۇرە بېگى مېنى چېرىكلەر سامانلىقىغا قاراشقا تەيىنلىدى . قانداق قىلسام بولار ؟ ــ دېدى .

ــ بۇ خىزمەت مەغپىرەتخانىدىكى ئىشقا قارىغاندا ياخشى . ئۇ يەردە ئوت ـ بوغۇز تاپشۇرۇلىدىغان چاغدا ، ئادەت بويىچە ئانچە ـ مۇنچە پۇل كىرىم بولۇپ تۇرىدۇ . ئىلگىرى ئاز ـ تولا پۇل بەرمەي تۇرۇپ ، بۇ خىزمەتكە ئېرىشكىلى بولمايتتى ، ــ دېدى لى شياۋئېر .

ــ ماڭا قەست قىلىش ئورنىغا ، تاپاۋەتلىك خىزمەت بەرگىنى نېمىسى ، ئۇلارنىڭ غەرىزى زادى نېمىدۇ ؟

ــ غەمگۇزارىم ، گۇمانلانمىسىلا ، چاتاق چىقمىسىلا بولۇۋېرىدۇ . بىراق ، بىزنىڭ ئۆيىمىزگە يىراقلىقى بار . بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ۋاقىت تېپىپ سىلىنى يوقلاپ بارىمەن .

لى شياۋئېر داستىخان سېلىپ ، لىن چوڭنى مەي بىلەن مېھمان قىلدى .

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى ، ئىككىيلەن خوشلاشتى . لىن چوڭ مەغپىرەتخانىغا كېلىپ ، بوغچىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ، خەنجىرىنى يېنىغا ئېسىپ ، بىر دانە نەيزىنى قولىغا ئېلىپ زىندان بېگى بىلەن بىللە بېرىپ ، كۇرە بېگى بىلەن خوشلاشتى . ئىككىيلەن سامانلىققا قاراپ يول ئالدى . قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق مەزگىلى ئىدى . ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلىغان ، سوغۇق شامال سوقۇپ ، قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى . قار بارغانچە ئۇلغايدى . نەزمە :

يەر جاهاننى قاپلىدى ئىزغىرىن جۇت ، بۇس ـ تۇمان ،
چۈشتى كۆكتىن خاسىيەتلىك قار لەپىلدەپ بىپايان .
قالدى قارنىڭ ئاستىدا شۇل كەڭ دالانىڭ يوللىرى ،
كىيدى ئاق تون قامىتىگە بارچە ھەيۋەت تاغ ـ داۋان .
تولدى يەكسەر ئاق كۈمۈش ۋە قاشتېشىغا يەر ـ جاهان ،
كۆزگە شۇئان زور كۆرۈنلۈن چۈشتى غىل ـ پال بوپ ئايان .
ياغسا شۇنداق توختىماي قار تا لەپىلدەپ تۈنگىچە ،
ئەرشنىڭ بوسۇغىسىمۇ قاردا قالغاي هەرقاچان .

يولدا مەي ـ پەي ساتىدىغان يەر بولمىغاچقا ، لىن چوڭ زىندان بېگى بىلەن توختىماي مېڭىۋېرىپ ، سامانلىققا يېتىپ كەلدى . سەپسالغۇدەك بولسا ، سامانلىقنىڭ ئەتراپى توپا تام ، ئالدىدا ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازا . دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپ قارىسا ، يەتتە ـ سەككىز ئېغىز يەم ـ خەشەك ئامبىرى ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بېدە دۆۋىسى ، ئوتتۇرىدا

① چوڭ بىر چېرىكلەر سامانلىقى — هەربىيلەر ئىشلىتىدىغان ئوت ـ چۆپ قويۇلىدىغان مەيدان .

ئىككى ئېغىز سامانخانا كۆرۈندى. بىر ئۆيدە بىر قېرى چېرىك ئوتسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— كورە بېگى لىن چۇڭنى سېنىڭ ئورنىڭغا تەيىنلىدى، سەن قايتىپ مەغپىرەتخانىغا قارايدىغان بولدۇڭ. بۇ يەرنىڭ ئىش - كۇشلىرىنى ھازىرلا ئۆتكۈزۈپ بەرگىن، — دېدى زىندان بېگى.

قېرى چېرىك ئاچقۇچلارنى ئالدى، لىن چۇڭنى باشلاپ يۈرۈپ:

— ئامبارلارغا يامۇلنىڭ پېچىتى[①]چاپلانغان. بۇ ئوت - سامان دۆۋىلىرىنىڭ سان ھېسابى بار، — دەپ تاپىلىدى ھەم ئوت - سامان دۆۋىلىرىنى بىر - بىردىن كۆرسىتىپ ساناپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاندىن كېيىن لىن چۇڭنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. كورە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇردى ۋە ئاخىرىدا:

— سەندەل، قازان، تاۋاق - قاچىلارنى ساڭا قالدۇرۇپ كېتەي، — دېدى.

— مەن قاچا - قۇچىلىرىمنى مەغپىرەتخانىدا قويۇپ كەلدىم، لازىم بولسا ئېلىپ ئىشلەتكىن، — دېدى لىن چۇڭ.

— مەي ئىچكۈڭ كەلسە، — دېدى قېرى چېرىك تامغا ئېسقلىق قاپاقنى كۆرسىتىپ، — مۇشۇ يەردىن چىقىپ، شەرقىي چوڭ يول بىلەن ئىككى - ئۈچ چاقىرىم ماڭساڭ، بىر بازار بار.

قېرى چېرىك زىندان بېگى بىلەن كورەگە قايتتى.

لىن چۇڭ تېڭىقلىق يوتقان - كۆرپىسىنى كارىۋاتقا قويۇپ، ئوت قالاشقا ئولتۇردى. تام تۈۋىدە دۆۋىلەكلىك ئوتۇن - كۆمۈردىن بىرنەچچە پارچىسىنى ئېلىپ ئوچاققا سالدى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۆينىڭ ھەممە ياقلىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن. شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن لىڭشىپ تۇراتتى. لىن چۇڭ: «بۇ ئۆيدە قىشنى قانداق چىقىرارمەن؟ قار توختىغاندىن كېيىن، بازارغا كىرىپ تامچى ئەكېلىپ ياستاي» دەپ ئويلاپ، ئوتسىندى. لېكىن، بىردەمدىن كېيىن سوغۇقتىن تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. باياتىن قېرى چېرىك ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا بازار بار دەۋاتاتتى. ئازراق مەي ئېلىپ ئىچمەيمۇ؟ دەپ ئويلىدى - دە، خالتىسىدىن پارچە پۇل ئېلىپ نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا قاپاقنى ئاستى. ئوتنى باستۇرۇپ قويۇپ، كىگىز قالپىقىنى ئېلىپ كىيدى. ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى ۋە ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقىدى. سامانلىقتىن چىقىپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېتىپ، قۇلۇپ سالدى ۋە ئاچقۇچنى ئېلىپ، شەرققە قاراپ يولغا راۋان بولدى. سەدەپتەك ئاپئاق قارنى دەسسەپ، شامالدا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ماڭدى.

قار بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى. لىن چۇڭ يېرىم يول ماڭا - ماڭمايلا، بىر كونا بۇتخانا كۆرۈندى. لىن چۇڭ: «ئەي خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، يەنە بىر كۈنى كېلىپ ھەققىڭگە نەزىر بېرىمەن» دەپ تەزىم قىلدى. يەنە بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن بىرمۇنچە ئۆيلەر كۆرۈندى. لىن چۇڭ قەدىمىنى توختىتىپ قارىسا، بىر چىت قاشانىڭ ئىچىدە بىر دانە سۈپۈرگە پۇلاڭلاپ تۇرۇپتۇ.[②] لىن چۇڭ ئۇدۇللاپ قاشانىڭ ئىچىدىكى مەيخانىغا كىردى.

— قاياقتىن سورايمىز مېھمان؟ — دەپ سورىدى مەيخانا ئىگىسى.

— بۇ قاپاقنى تونۇمسىز؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى لىن چۇڭ.

مەيخانا ئىگىسى قاپاققا بىر قاراپلا:

— بۇ قاپاق سامانلىقتىكى قېرى چېرىكنىڭغۇ، — دېدى.

---

① يامۇلنىڭ پېچىتى — ھۆكۈمەتنىڭ پېچىتى دېگەن سۆز.

② ئەينى ۋاقىتلاردا مەيخانا بەلگىسى قىلىپ، مەيخانا ئالدىغا سۈپۈرگە ئېسىپ قوياتتى.

— شۇنداق .
— سامانلىقتا قارايدىغان بېگىم ئىكەنلا – دە ، قېنى ، مەرھەمەت قىلسىلا ، سوغۇق قاتتىق بولۇۋاتىدۇ . بىرنەچچە قەدەھ ئىچىپ ، ھاردۇقلىرىنى چىقارسىلا .
مەيخانا ئىگىسى بىر تەخسە كالا گۆشىنى توغرىدى . بىر ئاپقۇر مەي ئىسسىتتى ۋە لىن چۇڭنى تەكلىپ قىلدى . كېيىن لىن چۇڭ ئۆزىمۇ بىرئاز گۆش سېتىۋېلىپ يەنە بىرنەچچە قەدەھ ئىچتى . ئاندىن قاپاقتا توشقۇزۇپ مەي ئالدى – دە ، يەپ بولالمىغان ئىككى پارچە كالا گۆشىنى ئوراپ ئالدى . بىرئاز پارچە كومۇش قالدۇرۇپ ، قاپاقنى نەيزىگە ئىلدى ، كالا گۆشىنى قوينىغا سالدى . «سىزنى ئاۋارە قىلدىم» دەپ مەيخانا ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ ، يەنە شامالدا قايتىپ كەلدى . كەچ كىرىش بىلەن قار يەنىمۇ ئەدىمەكتە ئىدى . ئۆتكەن زاماندا بىر موللا گادايلارنىڭ قار – شىۋىرغاندىكى دەرد – ھەسرىتىنى تەسۋىرلەپ ، مۇنداق بىر نەزمە يازغانىكەن :

گۇركىرەپ چىقتى شىۋىرغان يەر – جاھاننى بىر ئېلىپ ،
خويغىنا ياغدى قېلىن قار بەك كۆرەڭلەپ – كېرىلىپ .
خۇددى توزغاق ياكى سەرناق ئۇ گويا ،
ئۇچقۇنى لەپ – لەپ قىلىپ چۇشمەكتە پاختىدەك كېلىپ .
قار بېسىپ ئورماندا تۇرغان ئالچۇقۇ ھەم چەللىنى —
ئۆرۈلۇش خەۋپىدە قويدى بەك ئېغىر ۋەھىمە سېلىپ .
باي غوجام – زەردار بېگىملەر شۇندىمۇ ،
چىقمىدى ھەتتا پۇخادىن نەم ھاۋانى ئاز بىلىپ .
يېنىدا تەييار ئۇلارنىڭ چوغدىنى ئىسسىنغىلى ،
ئولتۇرار كىمخاب – تاۋاردىن قاتمۇقات ئىگىن كىيىپ .
قولىدا مېيخۇا گۈلىنى ئوينىتار ،
بۇ نىشان ئەل بەختىگە دەپ كۈي قاتار ،
كەمبەغەل بىچارىلەرنى ئويلىماس ھېچ ياد ئېتىپ .
تەركىدۇنيا ۋەلىيلەر بىگانىلەر ،
بەخىرامانلىقتا ئۆتتى ناخشىدىن لەززەتلىنىپ .

لىن چۇڭ خاسىيەتلىك قارلارنى دەسسەپ ، سوغۇق شامالغا قارشى ئۇچقاندەك چېپىپ ، سامانلىققا يېتىپ كەلدى . دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپ ، داد – پەرياد قىلدى . خۇدانىڭ كۆزى بار ئىكەن ، ئاق كۆڭۈل مەردلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدىكەن ، قاتتىق قار لىن چۇڭنىڭ جېنىنى ئامان ساقلاپ قالدى . ھېلىقى ئىككى ئېغىز ئۆي قارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ . لىن چۇڭ : «قانداق قىلسام بولاركىن ؟» دەپ ئويلاپ ، نەيزە بىلەن قاپاقنى قار ئۈستىگە قويدى . چوغداندىكى ئوت تۇتىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ ، يىقىلغان چالما – ياغاچلارنى بىر يانغا يۆتكەپ ، بېشىنى شۇڭغىتىپ كىرىپ قولى بىلەن سىلاپ قارىسا ، چوغداندىكى ئوتنى قار ئۇچۇرۇپ قويۇپتۇ . لىن چۇڭ تۆشەكنى سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ ئارانلا يوتقىنىنى تارتىۋالدى . لىن چۇڭ سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ، كەچ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ : «ئوت قالىغۇدەك يەرمۇ يوق ئىكەن ، قانداق قىلارمەن ؟» دەپ ئويلىدى . بۇ يەردىن يېرىم يول يىراقلىقتىكى ھېلىقى كونا بۇتخانا يادىغا چۈشۈپ : «شۇ يەرگە بېرىپ تۈنەپ ، تاڭ

ئاتقاندا ، قاراپ باقمايمۇ » دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە ، يوتقاننى قاتلاپ ، مەي قاپىقىنى نەيزىگە ئىلىپ ، يەنە دەرۋازىغا قولۇپ سېلىپ ، بۇتخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى . بۇتخانىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتى ، ياندا تۇرغان يوغان تاشنى يۆتكەپ كېلىپ ئىشىككە تىرەپ قويدى . ئىچكىرى كىرىپ قارىغۇدەك بولسا ، ئايۋاندا ئالتۇن ساۋۇتلۇق تاغ مۇئەككىلى ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە مۇنكىر ، يەنە بىر تەرىپىدە نەكىر تۇرۇپتۇ . يان تەرەپتە قەغەز دۆۋىلەكلىك تۇرۇپتۇ . ئۇ ھەممە يەرنى ئايلىنىپ چىقتى ، يا قولۇم ـ قوشنا ، يا بۇتخانا شەيخى كۆرۈنمەيت-تى . لىن چۇڭ نەيزە بىلەن قاپىقىنى قەغەز دۆۋىسىگە قويدى ، يوتقاننى سالدى ؛ ئاندىن كىگىز قالپىقى بىلەن ئۈستۈۋېشىدىكى قارنى قاقتى ؛ ئۈستىدىكى چاپىنى بىلەن كۆڭلىكىنى سالدى ، ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تاۋاپ شىرەسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ؛ يوتقىنىنى ئايىغىغا ياپتى . شۇنىڭ بىلەن قاپاقتىكى مۇزدەك مەينى قوينىدىكى كالا گۆشى بىلەن ئاسنا ئىچكىلى تۇردى .

شۇ ئەسنادا ، تاشقىرىدىن پاراسلىغان قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى . لىن چۇڭ سەكرەپ قوپۇپ تامنىڭ يوچۇقىدىن قارىغۇدەك بولسا ، سامانلىقتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت پاراسلاپ كۆيۈۋېتىپتۇ . نەزمە :

ئوت ئۇلۇغ ، ئوتتىن ئۇلۇغراق ياغدى قار ،
چۆپ ـ سامان ئوت يالقۇنىنى ئاۋۇتار .
گۇركىرەپ چىقتى يەنە خۇددى قېرىشقاندەك بوران ،
كىمدۇ ئۇ باسقاندا قار ئوتنى ئۇلۇغ ياققان شۇئان .
سوقۇشار كۆكتە قىزىل ئەجدىھا دېسەڭ ،
توسۇغان قاسراقلىرى ئاپئاق ئەجەب ، ھەيران ئۆزۈڭ ؛
كېيىنەك ئۇ بەسلىشىپ ئۇچقان دېسەڭ ،
نە ئۇچۇن ئۇچقۇن چېچىپ يالقۇنلىنار گۇلخانغا تەڭ .
ئوت پىرى ئاتەش سۇپەت دۇلدۇللىرىنى چاپتۇرۇپ ،
بۇل ئارا يۈرگەنمۇ ياكى باقتۇرۇپ ؟
ياكى قۇشلارنىڭ پىرى ھەيدەپ قىزىل قۇشلارنى ئۇ ،
چاڭگىلاتماقچى بولۇپ يۈرگەندىمۇ ؟
ئىشقىلىپ چىقتى بۇ ئاپەت كۈتمىگەن يەردىن شۇ دەم ،
بەلكى بىر سىرلىق بالاخور قەست بىلەن سۈرگەن قەدەم .
كۆرسە گەر ، ئوت دەستىدىن ،
تىك تۇرار قۇيقا چېچى باتۇر شېھىتلەرنىڭ شۇئان ؛
بۇ قېلىن قار ھەيۋىتىدىن ،
يېرىلىپ يۈرەكلىرى نائەھلىدە قالمايدۇ جان .

لىن چۇڭ دەررۇ نەيزىسىنى ئېلىپ ، ئوت ئۆچۈرۈشكە بارغىلى ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا ، تالادىن كىملەرنىڭدۇر گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . لىن چۇڭ ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ ئاڭلىغانىدى ، ئۈچ كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . ئۇلار بۇتخانىغا چېپىپ كېلىپ ، ئىشىكنى ئىتتەردى . تاش تىرەپ قويۇلغاچقا ، ئىشىك ئېچىلمىدى . ئۈچ كىشى بۇتخانىنىڭ ئايۋىنى ئاستىدا تۇرۇپ ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى تاماشا قىلىپ

تۇردى ۋە پاراڭغا چۈشتى :

— بۇ هېيلىمىز ياخشىمىكەن ؟

— كۇرە بېگىم ، زىندان بېگىم ، بۇ ئىش ھەرقايىسلىرىنىڭ ئەقلى بىلەن بولدى ! پايتەختكە قايتىپ بۇنى ئەمىرگە مەلۇم قىلىمەن . ئىككىلىرىنى چوڭ ئەمەلدار قىلىپ كۆتۈرۈشكە ۋەدە قىلىمەن . ئەمدىغۇ جاڭ مەشقاۋۇلنىڭ ياق دەيدىغان يېرى قالمىدى① .

— لىن چۇڭنى جايلىۋەتتۇق ، ئەمدى گاۋ يانېينىڭ كېسلى چوقۇم ساقىيىپ كېتىدىغان بولدى .

— جاڭ مەشقاۋۇل دېگەن هارامزادە «كۇيئوغلۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى» دەپ ، ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ، شۇنچە يالۋۇرساقمۇ ، ياق دەپ تۇرۇۋېلىپ ، گاۋ يانېينىڭ كېسلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە زامىن بولغانىدى . شۇڭا ، ئەمىر ئىككىلىرىدىن بۇ ئىشقا ياردەم كۆرستىشلىرىنى سوراپ ، بىزنى ئالاھىدە ئەۋەتكەنىدى . خەيرىيەت ، بۈگۈن بۇ ئىشمۇ پۈتۈپ قالدى .

— مەن تامدىن ئارتىلىپ چۈشتۇم ـ دە ، ئۆپچۆرەمدىكى ئوت دۆۋىلىرىگە ئون نەچچە يەردىن ئوت ياقتىم . ئۇ نەگىمۇ قاچالىسۇن ؟

— بۇ كەمگىچە كۆيۈپ بولاي دەپ قالغاندۇ !

— قېچىپ قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ چېرىكلەر سامانلىقىغا ئوت قويغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ .

— شەھەرگە قايتايلى .

— سەل تۇرايلى ، بىرەر ـ ئىككى پارچە سۆڭىكىنى بولسىمۇ مەھكىمىگە ئالغاچ بارساق ، ئەمىر بىلەن بەگزادە كۆرۈپ ، بىزنىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن دېسۇن .

لىن چۇڭ بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئاۋازىدىن بىرى زىندان بېگى ، بىرى پايلاقچى لۇ چيەن ، يەنە بىرى فۇ ئەن ئىكەنلىكىنى بىلدى . «خۇدا ساقلاپتۇ مېنى ! ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن بولسا ، بۇ مەلئۇنلار مېنى چوقۇم كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتەر ئىكەن» دەپ ئويلىدى ـ دە ، تاشنى ئاستاغىنا يۆتكىدى . سول قولى بىلەن ئىشىكنى شاققىدە ئېچىپ ، نەيزىنى تەڭلەپ تۇرۇپ :

— هوي بەتبەختلەر ! ئەمدى نەگە قېچىشارسەن ؟ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

هېلىقى ئۈچەيلەن قاچماقچى بولۇشتىيۇ ، ئەمما هودۇققان پېتى ياغاچتەك قېتىپ ، قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى . لىن چۇڭ نەيزە بىلەن گاچ قىلىپ بىر سانجىپ ، ئاۋۋال زىندان بېگىنى يىقىتتى . پايلاقچى لۇ چيەن قورققىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ ، تەمتىرەپ بىر قەدەممۇ باسالماي ، «ۋاي ، ئاللا ، رەھىم قىلىڭ !» دەپ توۋلاپ يالۋۇردى . فۇ ئەن قېچىپ ئون قەدەمچە ماڭا ـ ماڭمايلا ، لىن چۇڭ قوغلاپ بېرىپ ئارقىسىدىن يۈرىكىگە ئۈدۈللاپ نەيزە بىلەن بىر سانجىۋىدى ، موكلا چۈشتى . لۇ چيەن ئەمدىلا ئۈچ ـ تۆت قەدەم مېڭىۋىدى ، لىن چۇڭ كەينىگە قايتىپ كېلىپ : «هۇ خۇنپەر ! نەگە قاچىسەن ؟ !» دەپ ۋارقىراپ ، ياقىسىدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈرۈپ ، قارغا ئۇردى . نەيزىنى قارغان سانجىپ قويۇپ ، كۆكرىكىگە دەسسەپ تۇرۇپ ، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ، لۇ چيەننىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ :

---

① جاڭ مەشقاۋۇل لىن چۇڭنىڭ قېيناتىسى . لىن چۇڭ سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن گاۋ يانېي (گاۋ چيۇنىڭ ئوغلى . يانېي — سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى دېگەن سۆز ) بىرنەچچە قېتىم لىن چۇڭنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە تېگىشكە زورلايدۇ . لېكىن جاڭ مەشقاۋۇل هامان «كۇيئوغلۇم قايتىپ كېلىپ قىزىم بىلەن بىللە بولىدۇ» دەپ رەت قىلىپ ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمەيدۇ .

— ھەي خۇنپەر ! بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك يوق تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا ماڭا شۇنچىۋالا قەست قىلىپ يۈرىسەن ؟ «تىغ يارىسى ساقىيىدۇ ، دىل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن گەپ بار . سېنىڭ دىل ئازارىڭغا رەھىم قىلغىلى بولمايدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— بۇ گۇناھ پېقىردا ئەمەس ، ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى ، كەلىمەسلىككە ئىلاج قىلالمىدىم ، — دەپ يالۋۇردى پايلاقچى لۇ چيەن .

— ھەي قارا نىيەت ! سەن بىلەن بالا چېغىمىزدىلا دوست ئىدۇق . بۈگۈنكى كۈندە ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ يۈرىسەن ، بۇنى سەندىن كۆرمەي باشقىلاردىن كۆرەتتىممۇ ؟ قېنى ، خەنجىرىمنى تېتىپ كۆر ! — دەپ تىللىدى ۋە لۇ چيەننىڭ چاپىنىنى يىرتىپ تاشلاپ ، خەنجىرىنى يۈرىكىگە سانجىپ بىر قايرىۋېدى ، يەتتە ئەزايىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى . لىن چۇڭ لۇ چيەننىڭ يۈرەك - باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، كەينىگە قارىسا ، زىندان بېگى ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىشقا تەمشەلگەنىكەن ، لىن چۇڭ بېرىپ ئۇنى يەرگە بېسىپ تۇرۇپ :

— سەن ئەبلەخمۇ ئۆتۈپ كەتكەن قارا يۈز ئىكەنسەن ! سەنمۇ خەنجىرىمنى تېتىپ باق ! — دەپ ۋارقىراپ ، «شارت» قىلىپ بېشىنى كېسىپ نەيزىگە ئاستى . يېنىپ كېلىپ ، فۇ ئەن بىلەن لۇ چيەننىڭ بېشىنىمۇ كېسىۋالدى ، خەنجىرىنى غىلاپىقا سېلىپ ، ئۈچەيلەننىڭ چېچىنى چېتىپ كۆتۈرگەنچە بۇتخانىغا كىرىپ ، تاغ مۇئەككىلىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاپ شىرەسىگە تىزىپ قويدى . ئاندىن كۆڭلىكىنى كىيىپ پوتىسىنى چىڭ باغلاپ ، كىگىز قالپىقىنى كىيدى - دە ، قاپاقتىكى سوغۇق مەينى ئىچىۋەتتى . يوتقان بىلەن قاپاقنى تاشلاپ قويۇپ ، نەيزىنى ئېلىپ بۇتخانىدىن چىقىپ شەرققە قاراپ ماڭدى .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى تەپسىلىي ئوقۇپ ، لىن چۇڭنىڭ قانداق شەخس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

2 . لىن چۇڭ سامانخانىغا بارغاندىن كېيىن ، قانداق قىلىپ جازا مەزگىلىنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈشنى خىيال قىلىشتىن قەتئىي كۈرەش قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا ماڭىدۇ . تېكىستنىڭ بېشىدىكى «قۇرۇق گەپ» بىلەن لۇ يۈخۇ (لۇ چيەن ) نىڭ ساڭجۇدا پەيدا بولۇشىنىڭ لىن چۇڭنىڭ ئىدىيىدە ئۆزگىرىش قىلىشنى ئىپادىلەشتە قانداق رولى بار ؟

3 . تېكىستتىكى مەنزىرە تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە كەيپىيات يارىتىپ بېرىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلار ۋەقەلىك تەرەققىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . لىن چۇڭ سامانخانىغا كەلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ۋەقەلىكلەردە ئاپتور ئىخچام قىلىپ بىرنەچچە قېتىم سوغۇق شامال ۋە قېلىن قارنى يازىدۇ ، بۇ قىسقا تەسۋىرلەر قانداق كەيپىياتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ ، پېرسوناژلارنىڭ قانداق ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى

بار ؟

4 . «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەندىن تاشقىرى ، ئانچە كۆپ تەسۋىرلەنمىگەن ئىككىنچى ئورۇندىكى پېرسو-ناژلارنىڭمۇ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ . بۇنى تۆۋەندىكى پارچىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . بۇ پارچىدا بىرنەچچە كىشىنىڭ دىئالوگى يېزىلغان بولۇپ ، ئاپتور دىئالوگلارنىڭ كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ ، كىتابخانلارنىڭ بۇ دىئالوگلارنىڭ كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى تەس ئەمەس . سىلەر ① دىن ⑨ غىچە بولغان دىئالوگلارنىڭ قايسىسى كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار ۋە نېمە ئۈچۈن شۇنداق قارىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

«ئۈچ كىشى بۇتخانىنىڭ ئايۋىنى ئاستىدا تۇرۇپ ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى تاماشا قىلىپ تۇردى ۋە پاراڭغا چۈشتى :

① — بۇ ھېيلىمىز ياخشىمىكەن ؟

② — كۇرە بېگىم ، زىندان بېگىم ، بۇ ئىش ھەرقايسىلىرىنىڭ ئەقلى بىلەن بولدى ! پايتەختكە قايتىپ بۇنى ئەمىرگە مەلۇم قىلىمەن . ئىككىلىرىنى چوڭ ئەمەلدار قىلىپ كۆتۈ-رۈشكە ۋەدە قىلىمەن . ئەمدىغۇ جاڭ مەشقاۋۇلنىڭ ياق دەيدىغان يېرى قالمىدى .

③ — لىن چۇڭنى جايلىۋەتتۇق ، ئەمدى گاۋ يانېيىنىڭ كېسىلى چوقۇم ساقىيىپ كېتىدىغان بولدى .

④ — جاڭ مەشقاۋۇل دېگەن ھارامزادە «كۈيئوغلۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى» دەپ ، ئۈچ - تۆت قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ، شۇنچە يالۋۇرساقمۇ ، ياق ، دەپ تۇرۇۋېلىپ ، گاۋ يانېيىنىڭ كېسىلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە زامىن بولغانىدى . شۇڭا ، ئەمىر ئىككىلىرى-دىن بۇ ئىشقا ياردەم كۆرسىتىشلىرىنى سوراپ ، بىزنى ئالاھىدە ئەۋەتكەنىدى . خەيرىيەت ، بۇگۈن بۇ ئىشمۇ پۈتۈپ قالدى .

⑤ — مەن تامدىن ئارتىلىپ چۈشتۈم - دە ، ئۆپچۆرەمدىكى ئوت دۆۋىلىرىگە ئون نەچچە يەردىن ئوت ياقتىم . ئۇ نەگىمۇ قاچالىسۇن ؟

⑥ — بۇ كەمگىچە كۆيۈپ بولاي دەپ قالغاندۇ !

⑦ — قېچىپ قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ چېرىكلەر سامانلىقىغا ئوت قويغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ .

⑧ — شەھەرگە قايتايلى .

⑨ — سەل تۇرايلى ، بىرەر - ئىككى پارچە سۆڭىكىنى بولسىمۇ مەھكىمىگە ئالغاچ بارساق ، ئەمىر بىلەن بەگزادە كۆرۈپ ، بىزنىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن دېسۇن .»

## 13 . خەن يۈ نەسرلىرىدىن ئۆرنەكلەر

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

خەن يۈ (مىلادىيە 768 _ 824 ) بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر يازغۇچى ، شائىر ۋە پەيلاسوپ . خېنەن ئۆلكىسىنىڭ خېياڭ ناھىيىسى (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭشيەن ناھىيىسى ) دىن . ئۇ ئۈچ يېشىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ ، يەڭگىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ، كىچىكىدىن تارتىپ كۆپ كىتاب ئوقۇپ ، ھەرقايسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەلىماتلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ ، خېلى مۇكەممەل بىلىم ئالغان ، 25 يېشىدا تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ ، 29 يېشىدا مەنسەپتە ئولتۇرغان . ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئوردىدا خېلى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . خەن يۈ ئوردىغا سادىق ، تۈز كۆڭۈل ، مەردانە ئادەم بولغاچقا ، ئىككى قېتىم خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ ، ئىككى قېتىم ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش جازاسىغا ئۇچرىغان .

خەن يۈنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى ۋە بەدىئىي ئىجادىيىتىدىن ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ بىرقەدەر مۇرەككەپلىكى كۆرۈلىدۇ . ئۇنىڭ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى بىلەن بەزىبىر ئىختىلاپلىرىمۇ بار ئىدى . چۈنكى ئۇ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىپ ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ جايلارنى بۆلۈپ باشقۇرۇشىغا قارشى ئىدى . بۇددا دىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ، نامۇۋاپىق سىياسىي تەدبىرلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى . ئەمما ئۇ بىر قىسىم ساختا ئەمەلدار ـ تۆرىلەرنىڭ چىرىك كۈچلىرىنى ھىمايە قىلىپ ، ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھىغا قارشى چىققاندى . ئۇ قەدىمكى يېزىقتىكى نامشۇناسلىق ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى ، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇپ ، نەسرىي ئەسەرلەر يېزىشنى ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىگەنىدى . لېكىن ئۇنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشى ئىدېئالىزمچە ئىدى . يېزىقچىلىق جەھەتتە ، خەن يۈ قەدىمكى سۆز ـ ئىبارىلەر ھەم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ، رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي تىل يارىتىشنى ، جۈملىدىن ئەركىن ، راۋان ھەم يېڭى بىر شەكىل يارىتىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقاندى . ئۇنىڭ 700 پارچىدىن كۆپ شېئىر ۋە نەسرىي ئەسىرى ئاشۇ تىرىشچانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مېۋىلىرىدۇر .

### (1) تۆھمەتخورلۇق توغرىسىدا

بۇرۇنقى زاماننىڭ ئالىيجانابلىرى ئۆزلىرىگە ناھايىتى چىڭ تەلەپ قوياتتى ، باشقىلارغا كەڭ قورساق ئىدى ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ زىيادە تەلەپ قويمايتتى . ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپچان بولغانلىقى ئۈچۈن ، ھورۇن ، ئېرىنچەك ئەمەس ئىدى . باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ ئارتۇق تەلەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەرمۇ ئۆز ئىشلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوبدان ئىشلەيتتى . ئۇلار قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن شۇن ناملىق بىر كىشىنىڭ دىيانەتلىك ، مەرد ئادەم ئىكەنلىكىنى

ئاڭلاپ ، شۇنىڭ قانداق قىلىپ شۇنداق ئادەم بولالىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ، «ئۇ ئادەم بولسا بىزمۇ ئادەم ؛ ئۇ شۇنداق بولالىغان يەردە بىز نېمە ئۈچۈن بولالمايمىز !» دېيىشىپتۇ ـ دە ، شۇننى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ ، يېتەرسىزلىكلىرىنى قانداق قىلىپ تۈگىتىش ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قانداق قىلىپ ئاۋۇتۇش ھەققىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە باش قاتۇرۇپتۇ . ئۇلار بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن جۇ گۇڭنىڭ پەزىلەتلىك ، قابىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ شۇنداق ئادەم بولالىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، «ئۇمۇ ئادەم ، بىزمۇ ئادەم ، ئۇنىڭ قىلغىنىنى بىز نېمە ئۈچۈن قىلالمايمىز !؟» دېيىشىپتۇ ـ دە ، جۇ گۇڭنى ئۈلگە قىلىپ ، كەمچىلىكلىرىنى قانداق قىلىپ تۈگىتىش ، ئۈتۈقلىرىنى قانداق قىلىپ جارى قىلدۇرۇش ھەققىدە كۈن بويى باش قاتۇرۇپتۇ . شۇن ، جۇ گۇڭلار دانىشمەنلەر ئىدىكى ، كېيىنكىلەرنىڭ ئۇلارغا يېتىشەلىگىنى يوق . بۇ ئەھۋالنى ئۇققان ئالىيجانابلار : «شۇندەك ، جۇ گۇڭدەك بولالمىغانلىقىمىز بىزنىڭ چوڭ ئەيىب ـ نۇقسانىمىزدۇر !» دېيىشتى . ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش دېگەن مانا شۇ ! ئەمما ، ئۇلار : «ئۇ كىشى مۇنۇ ئىشلارنى قىلالىغاندىكەن ، ئۇنى كامالەتكە يەتكەن ئادەم دېسە بولغۇدەك» دەپ ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈپ ، ئۇلارغا ئۇنداق ياكى مۇنداق تەلەپ قويمىغان . كىشىلەرنىڭ نەق ئىپادىسىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئىلگىرى ئۇنى قىلغان ، بۇنى قىلغان دەپ ئەيىبىنى ئېچىپ ئولتۇرمىغان . كىشىلەرنىڭ پايدىلىق خىزمەتلىرىگە يارىشا ياخشىلىققا ئېرىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەشكەن . بىرەر ياخشى ئىش قىلىش ئاسان ، بىرەر ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىشمۇ ئوڭاي بولسىمۇ ، ئەمما شۇ چاغدىكى ئالىيجانابلار باشقىلارغا «شۇنچىلىك بولالىغانلىقى چوڭ ئىش» ، «قولىدىن شۇنداق ئىشلارنىڭ كەلگەنلىكى ئاددىي گەپ ئەمەس» دېگەن پوزىتسىيىدە بولغان . باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش ھەم زىيادە تەلەپ قويماسلىق دېگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ ؟

هازىرقى كاتتىلار ئۇنداق ئەمەس . ئۇلار باشقىلارغا توققۇزى تەل بولۇشى لازىم ئىدى دېگەن تەلەپنى قويۇپ ، ئۆزلىرىگە ئەڭ ئەقەللىي تەلەپنىمۇ قويمايدۇ . باشقىلارغا تەلەپنى قاتتىق ھەم يۇقىرى قويغاچقا ، كىشىلەر ئىشنى ئەرزىگۈدەك ئورۇنداشقا ئامالسىز قالىدۇ . بۇ كاتتىلار ئۆزلىرىگە ھېچقانچە تەلەپ قويمىغاچقا ، قولغا كەلتۈرگەن ھاسىلاتلىرىمۇ چاغلىق . ئۇلار ھېچبىر ئارتۇقچىلىقى بولمىسىمۇ ، «شۇنچىلىك قىلغانلىرىم كۇپايە» دەيدۇ . بىرەر ئىقتىدارى بولمىسىمۇ ، «قولۇمدىن شۇنچىلىك ئىشلار كەلگەندىكىن بولمىدىمۇ» دەيدۇ . ئۇلار كۆرۈنۈشتە تېرە تاراقلىتىپ ، خەقنىڭ كۆزىنى بويىسا ، ئىچكى جەھەتتە ۋىجدانىنى ئالدايدۇ ، تېرىقچىلىق نەتىجىگە ئېرىشە ـ ئېرىشمەيلا قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالىدۇ . باشقىلار ئۈستىدە توختالغاندا ، ئۇلار : «بۇ كىشىنىڭ بۇنداق ئارتۇقچىلىقى بولغىنى بىلەن ماختاشقا ئەرزىمەيدۇ» ، «بۇ كىشىنىڭ بۇنچىلىك بىلىسىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق» دەيدۇ . باشقىلارنىڭ ئاز ـ تولا كەمچىلىكىنى تېپىۋالسا ، ئۇ كىشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىڭ قانداقلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ . باشقىلارنىڭ كونا خاتالىقىغا ئېسىلىۋېلىپ ، ئۇ كىشىنىڭ نەق ئىپادىسىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ ۋە باشقىلار يۈز ـ ئابرۇي تېپىپ قالارمىكىن دەپ غەم يەپ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يۈرىدۇ . باشقىلاردىن توققۇزى تەل بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىق مانا شۇ ئەمەسمۇ ؟ مانا بۇ ، ئۆزىگە ئادەتتىكى كىشىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپنىمۇ قويماي ، باشقىلارنى ئەۋلىيا ـ پەيغەمبەرلەرگە قويۇلىدىغان شەرت بىلەن ئۆلچىگەنلىكتۇر .

هالبۇكى ، بۇنىڭ ئىدىيىۋى يىلتىزى بار ، ئۇ — ھۇرۇنلۇق ۋە ئىچى تارلىقتۇر . ئادەمنىڭ ھۇرۇنى ئالغا ئىنتىلمەيدۇ ، ئىچى تارى باشقىلارنىڭ ئىلگىرىلەپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ .

## (2) ئۇستاز تۇتۇش ھەققىدە

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بارچە مەرىپەت تەلەپكارلىرىنىڭ ئۇستازى بولغان . ئۇستاز —
ئىلىم - بىلىم ئۆگىتىپ ، چىگىش ، قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىپ بەرگۈچىدۇر . دۇنيادا
تۇغما بىلىم ئىگىسى يوق . شۇڭا ، ئادەم مۇرەككەپ ، قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇقۇپلا تۇرىدۇ .
گۇمانلىق ، چىگىش مەسىلىگە يولۇققاندا ئۇستازدىن تەلىم ئالمىغاندا ، ئۇنداق مەسىلە مەڭگۈ
ئايدىڭلاشمايدۇ . بۇ دۇنياغا مەندىن بۇرۇن كۆز ئاچقانلار ئىلىم - بىلىمنىمۇ مەندىن
ئىلگىرى ئىگىلىگەن ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىڭ كېرەك . دۇنياغا مەندىن كېيىن تۆرەلگەن
بولسىمۇ ، سېنىڭ بىلمەيدىغانلىرىڭنى بىلىدىغانلا بولسا ، ئۇنىمۇ ئۇستاز تۇتۇشۇڭ لازىم .
سېنىڭ ئۆگىنىدىغىنىڭ — بىلىم ، شۇنداق ئىكەن ، ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى
بىلەن ھېسابلىشىش نە ھاجەت ؟ گەپ شۇكى ، مەرتىۋىسى مەيلى يۇقىرى ، مەيلى تۆۋەن
بولسۇن ؛ يېشى مەيلى چوڭ ، مەيلى كىچىك بولسۇن ، بىلىم كىمدە ئىكەن ، مۇئەللىم ،
ئۇستاز دېگەن ئەنە شۇ !

ھەي ئىسىت ! بىلىملىكلەرنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىدىغان كەيپىيات يوقاپ
كەتكىلى ناھايىتى ئۇزاق بولدى ! كىشىلەرنى غاپىللىقتىن خالىي قىلىش بەكمۇ تەس بولۇپ
قالدى ! بۇرۇنقى دانىشمەنلەر بىلىمى ئادەتتىكى كىشىلەردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرۇقلۇقمۇ ،
يەنە ئۇستازنىڭ كەينىدە يايپېتەك بولۇپ يۈرۈپ ساۋاق ئالاتتى . ھازىرقى كىشىلەرنىڭ
قورسىقىدىكى ئۇمچى دانىشمەنلەرنىڭكىدىن خېلىلا كەم تۇرۇقلۇقمۇ ، بىلىملىكلەرنى ئۇستاز
تۇتۇپ ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلىدۇ . شۇ ۋەجىدىن دانىشمەنلەر تېخىمۇ ئاقىللاشتى ، نادانلار
تېخىمۇ چاكىنىلاشتى . مېنىڭچە ، دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمەن بولالىشى ، نادانلارنىڭ نادان
بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇدۇر . شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى ، بالىسىغا كۆيۈنۈپ ،
ئۇنىڭغا ناھايىتى كامىل ئۇستاز تاللايدۇ ، لېكىن ئۆزلىرى خەقنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن
سوراپ ئۆگىنىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ ، بۇ ئەخمەقلىق - تە ! ئۇستازنىڭ بالىغا ئۆگىتىد-
غىنى ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ، نەزەرىيە خاراكتېرلىك ئىلىم - بىلىم ئۆگىتىش ، ياكى
چىگىش ، مۈشكۈل مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش بولماستىن ، بەلكى كىتاب ئوقۇشنى
ئۆگىتىش ۋە جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپ بېرىشتىنلا ئىبارەت . دېمەك ، ھېلىقىلارنىڭ بالىسى
كىتاب ئوقۇغاندا جۈملىلەرنى چۈشەنمىسە ئۇستازدىن سوراشنى بىلگەن . لېكىن ئۆزى مۇرەك-
كەپ ، قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ، ئۇستازغا ئىلتىجا قىلىشتىن باش تارتقان ،
كىچىك جەھەتتە ئۆگىنىش تەلەپكارى بولۇپ ، چوڭ مەسىلىلەردە ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچكەن .
بۇنداق ئادەمنىڭ ئەقلىنى قاغا چوقۇۋالغانمۇ قانداق ؟ باخشى ، سازەندە ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەر
بىر - بىرىنى ئۇستام دېيىشنى ھەرگىز نومۇس دەپ قارىمايدۇ . زىيالىي ئېسىلزادە ئېقىمىد-
كىلەر بولسا ، بىرەرسىنىڭ پالانچى مېنىڭ ئۇستازىم ياكى مەن ئۇنىڭ تالىپ - شاگىرتى
دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسا ، ھىجىيىشىپ ئۇنى زاڭلىق قىلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا ،
ئۇلار : «ئۇ ئىككىسىنىڭ يېشى تەڭ ، بىلىمىمۇ بىر - بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ» دەيدۇ .
ئۇلارچە ، مەرتىۋىسى ئۆزىنىڭكىدىن تۆۋەن ئادەمنى ئۇستاز دېسە سەت بولار ئىمىش ، مەرتىۋد-
سى ئۆزىنىڭكىدىن ئۈستۈن ئادەمنى ئۇستاز تۇتسا ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلغانلىق بولار
ئىمىش . ھەي ، بىلىم ئىگىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغان كەيپىياتنىڭ بۇزۇلۇپ
كەتكەنلىكى مانا شۇنىڭدىن ئايان ئەمەسمۇ ! باخشى ، سازەندە ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەرنى ئېسىلزا-

دىلەر كۆزگە ئىلمايدۇ ، لېكىن ھازىرقى ئېسىلزادىلەرنىڭ ئۇلارچىلىك ئەقلى ـ زېھنى يوق ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ !

دانىشمەنلەرنىڭ ئۇستازى بىرلا بولمايدۇ . كۇڭزى ئۆز زامانىسىدا ئۆتكەن تەنزى ، چاڭ خۇڭ ، شى شياڭ ۋە لاۋۋەنلەرنى ئۇستاز تۇتقان . تەنزى قاتارلىقلار ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئىلىم جەھەتتە كۇڭزىغا يېتەلمەيتتى . كۇڭزى : «ئۈچ ئادەم بىللە يۈرگەن بولساق ، شۇلاردىن بىرى جەزمەن مېنىڭ ئۇستازىمدۇر » دېگەن . شۇڭا ، شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازىچىلىك بولالماسلىقى ناتايىن ، ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىسىدىن دانا بولۇشىمۇ ناتايىن ، بىلىم ئىگىلەشتە ئىلگىرى ـ كېيىنلىك بولىدۇ ، ئىلىم ۋە كەسىپ جەھەتتە ھەركىمنىڭ ئۆزگىچە مەخسۇس ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ ، خالاس .

لى ئائىلىسىنىڭ لى پەن ئاتلىق 17 ياشقا كىرگەن ئوغلى كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ ھەر خىل دەستۇر ، قىسسەلەردىن بىلمەيدىغىنى يوق ، ئەمما ئاشۇ بالا كىشىنى ئۇستاز تۇتۇشنى يامان بىلىدىغان ناچار كەيپىياتقا بويۇن ئەگمەي ، مېنى ئۇستاز تۇتتى . مەن ئۇنىڭ قەدىمكى زاتلارنىڭ ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىدىغان پەزىلىتىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا ئاپىرىن ئەيلەپ ، مۇشۇ «ئۇستاز تۇتۇش ھەققىدە» نى يېزىپ ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىم .

## (3) بىلىم ئېلىش ھەققىدە مۇلاھىزە

گوزى ئەپەندى[1] سەھەردىلا خانلىق مەدرىسىگە كىرىپ ، تالىپلارنى ياتاق پەلەمپىيىنىڭ ئالدىغا يىغدى ۋە ئۇلارغا تەلىم بېرىپ مۇنداق دېدى :

ــ مۇكەممەل ئىلىم ـ بىلىمگە ئىگە بولۇش تىرىشچانلىققا باغلىق بولسا ، ئۆگىنىشتىن مەنپەئەتسىز قېلىش ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىندۇر ؛ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇش پىكىرچانلىققا باغلىق بولسا ، بۇزۇلۇپ كېتىش ئۆزىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقتىندۇر . بۈگۈنكى زامان ئاقىل پادىشاھ بىلەن دانىشمەن ۋەزىر دەۋر سۈرۈۋاتقان زامان ، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى تولۇق تۈرغۈزۇلدى . ئىچى يامان ، ناكەس ، ئالا كۆڭۈل ئادەملەر شاللاپ چىقىرىلىپ ، ھەم پەزىلەتلىك ، ھەم ئىختىساسلىق كىشىلەر ھۆرمەتلەندى ، مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلدى . قولىدىن ئانچە ـ مۇنچە ئىش كېلىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە لايىق خىزمەت بېرىلدى . ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئارتۇقچىلىقى بار ئادەمدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەي قالغىنى يوق . دېمەك ، قېزىش ، يىغىش ، پەرق ئېتىش ، تاللاش ۋە سۈرتۈش ئارقىلىق ، گۆھەرلا بولسا ، يالتىراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى . قورسىقىدا تۈزۈك ئۈمىچى يوق بەزەن ئادەملەر تەلىيى ئوڭ كېلىپ ، غەلۋىردىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ، لېكىن بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئەتىۋارلانماي كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى بىر كىم كۆرسىتىپ بېرەلەمدۇ ؟ دېمەكچى بولغىنىم شۇكى ، ئوقۇۋاتقان ھەر بىرىڭلار مۇكەممەل ئىلىم ـ بىلىم تەھلىل قىلالماسلىقتىنلا غەم قىلىڭلاركى ، بۇ ئىشقا مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ ئاقىلانە بولماي قېلىشىدىن زادى ئەندىشە قىلماڭلار ؛ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولالماي قېلىشىڭلاردىن غەم قىلىڭلاركى ، بۇ خىزمەتنى باشقۇرىدىغان مەنسەپدارلارنىڭ لىللا بولالماسلىقىدىن ئەنسىرىمەڭلار .

گوزى جانابلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزى تۈگە ـ تۈگمەستىنلا ، تالىپلار قاتارىدىن بىرى كۈلۈپ قويۇپ :

— ئۇستاز ، بىزنى گوللىماقچى بولۇۋاتىلا ! بىز ئۆزلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ ، مەرىپەت يولىدا ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقىلى ئۇزۇن يىللار بولدى ، بۇ جەرياندا سىلى ئالتە خىل كەسىپ - ھۈنەرنىڭ دەستۇرلىرىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەي يادلاپ كەلدىلە ، ھەرقايسى ئېقىم ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئارام ئالماي ئوقۇپ تۇردىلا ؛ قىسسىلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى زادىلا ئوتتۇرىغا قويماي ئۆتكۈزۈۋەتمىدىلە ؛ ئىلمىي پەرەز خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولسا ، ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىرىنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە ئىزدىنىشنى ھەرگىز توختاتمىدىلا ؛ ئۆگىنىشنىڭ ھاسىلاتلىق بولۇشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ ، چوڭ بولسۇن ، كىچىك بولسۇن ، ھېچقانداق مەسىلىنى قول ئۇچىدا ئۆتكۈزۈۋەت-مىدىلە ؛ ھەربىر يىلنى بۇ باشتىن ئۇ باشقىچە ھەمىشە شام - چىراغ بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزدىلە . ئۇستازىم ، ئۆزلىرىنى ئىلىم - بىلىمگە ئىنتايىن تىرىشچانلىق بىلەن بېرىلگەن دېسەك ھەق بولىدۇ . كۇڭزى ئىلمىغا يات بولغان تەلىماتلارغا قارشى تۇرۇپ ، بۇددا دىنى ۋە داۋجياۋ دىنىغا تاقابىل تۇرۇپ ، كۇڭزى ئىلمىنىڭ كەمتۈك ياكى چالا بولۇپ قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ ، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ بەك سىرلىق ۋە خۇپىيانە بولۇپ قالغان تەرەپلىرىنى يېشىپ شەرھلەپ ، تولىلىقىدىن باش - ئايىغىنى تاپقىلى بولمايدى-غان ، زەئىپلىشىپ يوقىلىپ كېتىشكە ئاز قالغان كۇڭزى ئىلمىنىڭ سىستېمىلىرىنى تە-رەپ - تەرەپلەردىن ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇنىڭغا يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپ ۋارىسلىق قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردىلا ، جۈملىدىن تېشىپ ، يامراپ كەتكەن دەريا ئېقىنلىرىنى توغانلاپ توسۇپ ، ھەممىسىنىڭ يۆنىلىشىنى كۈن چىقىش تامان توغرىلاپ ، دېڭىز - ئوكيانغا باشلىدى-لا - دە ، باشقا ياققا ئېقىپ كەتكەن دولقۇنىنىڭ بويىنىنى رۇسلاپ ، خەۋپلىك ئاقىۋەتتىن ساقلىدىلا . مۇشۇ بىر قاتار خىزمەتلىرىگە ئاساسەن ، ئۇستازىم ، ئۆزلىرىنى كۇڭزى ئىلمىغا تۆھپە قوشقان تۆھپىكار دېسەك ھەرگىز خاتالاشمايمىز . قويۇق ئالاھىدىلىك-لەرگە ئىگە قەدىمكى كىتابلار ئۇستىدە مۇتالىئە يۈرگۈزۈپ ، ئۇنىڭ مېغىزىنى قايتا - قايتا چايناپ ، جەۋھەرلىرىنى سۈمۈرۈۋالدىلا . ماقالە يازغانلىرىدا ، قىرائەتخانىدىكى شۇنچە كىتاب-لاردىن ئوزۇق ئالماي قالغانلىرى قالمىدى . ئەڭ بۇرۇنقى كىتابلاردىن مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ، كونا ۋە كەڭ بولغان «نەسرنامە» ئىچىدىكى «يۇ- شۇننىڭ تارىخى» ، «شيا سۇلالىسى تارىخى» دېگەن پارچىلارنى ، شۇنىڭ ئىچىدىن يەنە سۆز - ئىبارىلىرى غەيرىي ، تېتىقسىز ۋە چۈشىنىكسىز بولغان «جۇ سۇلالىسى تارىخى» ، «شاڭ سۇلالىسى تارىخى» نى ، تىلى تولىمۇ ئېنچام ، مۇكەممەل بولغان «ئەمىنىيە» نى ، تىلى راۋان ۋە ھەشەمەتلىك بولغان «زو چيۇمىڭ تەپسىرى» نى ، مەزمۇنى ئاجايىپ - غارايىپ ، ئەمما قانۇنىيەتلىك بولغان «پالنامە» نى ۋە ئەدىبىيۋىلىكى ساپ ، توغرا ، تىلى رەڭدار ، گۈزەل بولغان «نەزمىنامە» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ ، كېيىنكى زامانلاردا دۇنياغا كەلگەن «جۇاڭزى» ، «جۇدا-لىق زارى» ، سىما چيەننىڭ «تارىخنامە» ناملىق ئەسىرى ، ياڭ شيۇڭ ، سىما شياڭرۇ[2] لارنىڭ شېئىرىي بېغىشلىمىلىرىغىچە بولغان كلاسسىكلارنى ئوقۇپ تۈگەتتىلە . بۇ ئەسەرلەر ماھارەت جەھەتتە تەڭ ئۇستۇنلۈكتە تۇرسىمۇ ، لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە . شۇڭا ، ئۆزلىرى يازغان ماقالىلەرنىڭمۇ مەزمۇنى كەڭ ھەم مول ، پىكىرلىرى مۇكەممەل ھەم چوڭقۇر ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىلى ھەيۋەتلىك ھەم ئاجايىپكى خۇددى مەۋج ئۇرۇپ ئىلگىرىلەۋات-قان ئېقىندەك راۋان . ئۆزلىرى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئوبدان چۈشەنگەن ۋە يولىنى تېپىۋالغان ، ئەمەلىيەتكىمۇ ئىزچىل دادىل بولۇپ كەلدىلە . ئەل قاتارىغا قوشۇلغاندىن كېيىنمۇ ئادەمگەرچىلىكنىڭ قائىدىلىرىنى پىششىق بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ،

قىلغان ھەرقانداق ئىشلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولدى . جۇملىدىن ئۆزلىرى جامائەت ئارىسىدىكى ئىنتايىن تاكامۇللاشقان ئەربابقا ئايلاندىلا . ئەمما ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ، سىلى باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئىشەنچسىز ئادەم بولۇپ كەلدىلە . شەخسىي مۇناسىۋەتتىمۇ دوست – ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمىگە مۇشەررەپ بولالىغانلىرى يوق ؛ يا ئالغا چامدىيالماي ، يا ئارقىغا دەسسىيەلمەي تەڭلىكتىلا بولۇپ كەلدىلە . سىلىگە ھە دېگەندىلا جىنايەتلەر يۈكلىنىپ تۇردى . مەركىزىي تەپتىش بېگى بولۇپلا ، ياڭشەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا چۈشۈرۈۋېتىلدىلە . خانلىق مەدرىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەنگەن بولسىلىمۇ ، بۇ ئىشى يوق ۋەزىپە بولغاچقا ، ئۈچ يىلدىن بۇيان سىياسىي ئىقتىدارلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا ھېچ ئىمكانىيەت بولمىدى . تەقدىر سىلىنى ھەمىشە رەقىبلىرى بىلەن روبىرو قويدى ، پات – پاتلا پەشۋالىنىپ ، بەرھەم يەپ تۇردىلا ! ئاياز كۈنلىرىدە بالا – چاقىلىرى يالاڭ قالغانلىقى ۋەجىدىن سوغۇق ئازابىنى تارتتى . مەمۇرچىلىق بولغان ئەھۋالدىمۇ خوتۇنلىرى ئاچارچىلىق دەستىدىن ئىڭراپ كەلدى . ئالتە كۈنلۈك بۇ ئالەمدە باشتىكى چاچنىڭ چۈشۈپ ، ئېغىزدىكى چىشنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي ، شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۆزلىرى مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئويلاشنى بىلمەي تۇرۇپ ، ئەكسىچە باشقىلارغا تەلىم بەرگەنلىرى نېمىسى ! — دېدى .

— ھوي ، ئالدىمغىراق كېلىڭ ! — دېدى گوزى ئەپەندى بۇنىڭغا جاۋابەن ، — چوڭ ياغاچ لىم بولىدۇ ، كىچىك بادرا ۋاسىغىلا يارايدۇ . بالا ياغاچ ، ئوتتۇراخەر ، چوڭ – كىچىك تۈۋرۈك ، بوسۇغا ، كېشەك ، ئىشىك ، كىلىتان دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق لازىملىق ئورنى بولىدۇ . شۇلارنى جاي – جايىغا قويۇپ ، ئۆينى پۈتتۈرۈپ چىقىش ياغاچچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق . توشقان ئوتى ، قىزىل لاك ، گاسترودىيە ، قوتلۇق گىياھ ، پاقا يوپۇرمىقى ، جىن تاماكىسى ، دۇمباقتا ئىشلىتىلگەن كونا تېرە دېگەنلەرنى يىغىپ ساقلاپ قويۇپ ، پەيتى كەلگەندە ئۇنتۇپ قالماي تېپىپ لايىقىدا تەڭشەپ شىپالىق دورا قىلىش تېۋىپنىڭ ماھارىتىگە باغلىق . ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تاللاشتا ئېنىق پەرق ئېتىشكە ، خورىزى بىلەن مېكىيىننى ئادىل مەيداندا تۇرۇپ ئايرىپ ، ھەرقايسىسىنى ئۆزىگە لايىق ئىشقا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ . ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزى ئۆۋالىققا قالسىمۇ ئومۇملۇق يولىدا مادارا قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق – پەزىلەتلىك كىشىلەر بولىدۇ ، مەردى – مەردان ھەم ئاقىل ئەزىمەتلەر بولىدۇ . ھەرقانداق كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىزلىكىنى ئوبدان ئۆلچەپ ، قايسى جەھەتتە قانچىلىك بىلىسى بولسا ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىشقا قويۇش — ۋەزىرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدىكى پرىنسىپىدۇر . قەدىمكى زاماندا ، مېڭ كې[3] مۇنازىرىلىشىشكە خۇشتار بولغاچقا ، كۇڭزىنىڭ تەلىماتلىرى شەرھلىنىپ يىراق – يېقىنلارغا تارقالغان . لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى جاھان كېزىپ يۈرۈپ ، ھارۋا چاقىنىڭ ئىزى چۈشمىگەن دىيار قالمىدى . ئۇ شۇ ھالدا قېرىپ تۈگەشتى . شۇنزىنى ئالساق ، ئۇ كۇڭزىچىلىق يولىغا ئەقىدە باغلاپ ، كۇڭزى تەلىماتىنى زور دەرىجىدە نۇرلاندۇرغان . لېكىن ئۇ چى بەگلىكىدىكىلەرنىڭ بوھتانلىرىدىن قېچىپ چۇ بەگلىكىگە بېرىۋالدى ۋە ئاخىر پۇقرالىقتا يۈرۈپ ، لەنلىڭ ناھىيىسىدە قازا تاپتى[4] . مانا بۇ ئىككى ئۆلىمانىڭ قىلغان گەپ – سۆزلىرى كلاسسىك دەستۇر بولۇپ ، قىلمىش – ھەرىكەتلىرى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ قالدى . ئۇلار ئۆز دەۋرداشلىرىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن . ئەخلاق – پەزىلەت ۋە ئىلىم – بىلىم جەھەتلەردە ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەن . لېكىن ، ئۇلار ئۆز زامانىسىدا قانداق كۆرگۈلۈكلەرنى كۆردى؟ مەن تىرىشقان بولسامۇ ، كۇڭزى تەلىماتىنىڭ سىستېمىلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ كېتەلىگىنىم يوق . قىلغان گەپ – سۆزلىرىم كۆپ بولسىمۇ ، كۇڭزى تەلىماتىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنلىرى-

نى ئىگىلەپ كېتەلىگىنىم يوق . يازغان ماقالىلىرىم ئاجايىپ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ ، ئەمەلىي ئۈنۈمى يوق . ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە مەلۇم تەربىيە كۆرگەن بولسامۇ ، ئۇ ئاما ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقارلىق ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايمۇ ئاي ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىنى خەجلەپ ، يىلمۇيىل دۆلەتنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنى ئىسراپ قىلىپ كېلىۋاتىمەن . ئوغۇللىرىم يەر ئاغدۇرۇپ زىرائەت تېرىشنى ئۇقمايدۇ ، خوتۇنۇم بولسا يىپ ئىگىرىپ رەخت توقۇشنى بىلمەيدۇ . ئات مىنىپ تالا ـ تۈزگە چىقسام ، كەينىمدىن مۇلازىم ـ خىزمەتچىلەر چۇرۇلدىشىپ ماڭىدۇ . ئادەتتە ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم تارتقان غىزانى يەيمەن ، ئىچكۈم كەلگەن ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىمەن ، جاھاندارچىلىق يولىدا ئەل قاتارى تەرلەپ ـ پىشىپ چېپىپ يۈرۈۋاتىمەن . قەدىمكى كونا كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىمەن ، ھەم ئۇنىڭدىن ئاز ـ تولا بىرنېمە كۆچۈرۈۋالىمەن . شۈكۈر قىلىمەنكى ، دانا پادىشاھىمىز جازاغا بۇيرۇمىدى ، ۋەزىر جانابلىرىمۇ ئەيىبلىمىدى ، بۇ مېنىڭ زور بەختىم ئەمەسمۇ ! بىر ئىش بولا ـ بولمايلا بوھتانغا ئۇچراپ نام ـ ئەمەلىمدىنمۇ زىيان تارتىشىم ، قۇرۇق مەنسەپكە تەيىنلىنىشىم مېنىڭ نېسىۋەمگە ھەقتۇر . مائاشىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ، مەنسەپ ـ مەرتىۋىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇش ، ئۆز ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ۋەزىپىلەرنى ئۇنتۇپ ، ھوقۇقدارلارنىڭ سەۋەنلىكىنى غاجاش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارغا كەلسەك ، بۇ خۇددى ياغاچچىنى نېمە ئۈچۈن كىچىك تۈۋرۈكنى يوغان تۈۋرۈك ئورنىدا ئىشلەتمىدىڭ دەپ ئەيىبلىگەنگە ئوخشاش كۈلكىلىكتۇر ، يەنە دوختۇرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن ئىگىر سۇرۇپ ئىچىشنى[5] بۇيرۇغانلىقىنى ئەيىبلەپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ جۇلىڭ گىربىنى[6] قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىق بىلەن ئوخشاش كۈلكىلىك ئىشتۇر .

## ئىزاھلار

① گوزى ئەپەندى — خەن يۈنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ . تاڭ دەۋرىدە خانلىق مەدرىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شۇنداق ئاتىلاتتى .

② ياڭ شيۇڭ ، سىما شياڭرۇ — ھەر ئىككىسى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلار .

③ مېڭ كې — مېڭزىنى كۆرسىتىدۇ .

④ لەنلىڭ ناھىيىسىدە قازا تاپتى — «تارىخنامە» دە قەيت قىلىنىشىچە ، شۇنزى چۇ بەگلىكىدە تۆرىلىكتىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن ، ئاخىر ئاشۇ لەنلىڭ دېگەن يەردە (ھازىر شەندۇڭ ئۆلكىسىگە تەۋە) قازا تاپقان .

⑤ ئىگىر سۇرۇپ ئىچىش — جۇڭگو تېبابىتىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىگىر سۇرۇپ ئىچسە ، بەدەن يېنىكلىشىدۇ ، قۇلاق سەگەكلىشىدۇ ، كۆز روشەنلىشىدۇ ، ئۇ يەنە ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا ، مېڭىنىڭ ئۆتكۈر بولۇشىغا پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ .

⑥ جۇلىڭ گىربى — گىربىنىڭ بىر خىلى ، بۇمۇ دورا ئۆسۈملۈكى بولۇپ ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، نەملىكنى ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بار ، ئەمما ئۇ قۇۋۋەت دورىسى ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتىش رولى يوق .

## مۇھاكىمە ۋە كۈنۈكمە

يۇقىرىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇھاكىمىلىك نەسر ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى خەن يۈنىڭ ئۈچ پارچە مۇھىم نەسرىي ئەسىرى تونۇشتۇرۇلدى . بۇ نەسرلەر ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن سۈرەتلەپ بەرگەن ۋە ئەدىبنىڭ روشەن سىياسىي ـ ئىجتىمائىي خاھىشى ئالغا سۈرۈلگەن . بۇ نەسرلەر ئىنتايىن ئىخچام يېزىلغان بولۇپ ، كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ۋە ئاممىباباپلىققا ئىگە . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەسرلەر

بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. سىلەر بۇ نەسرلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1. «تۆھمەتخورلۇق توغرىسىدا» دېگەن بۇ ئەسەردە تۆھمەتخورلۇقنىڭ ئىپادىسىنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەيىنى قانداق كۆرسىتىدۇ؟ مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرۈڭلار.

2. بۇ ئەسەرنىڭ بۈگۈنكى رېئال ئەھمىيىتى قەيەردە؟

3. «ئۇستاز تۇتۇش» ناملىق بۇ نەسردە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟

4. نېمە ئۈچۈن ئاپتورنىڭ «ئۇستازنىڭ شاگىرتىدىن دانىشمەن بولۇشى، شاگىرتىنىڭ ئۇستازىدىن كەم ئەقىل بولۇشى ناتايىن» دېگەن ئىدىيىسىنى ئەينى زامان ئۈچۈن يېڭى، ئىلغار قاراش دەيمىز؟

5. «بىلىم ئېلىش ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق نەسردە ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلار قايسى؟

6. ئاپتور ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ئارقىلىق قانداق ئىللەتلەرنى پاش قىلغان؟

7. يۇقىرىقى ئۈچ پارچە نەسردە قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟

8. مەزكۇر نەسرلەردىن ئالغان تەسىراتىڭلارنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار.

## 14 . مۇلەن ھەققىدە باللادا①

### ئۆزلۈكىدىن ئويغۇش كۆرسەتمىسى

«مۇلەن ھەققىدە باللادا» جۇڭگو تارىخىدىكى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — ناخشا – قوشاقلار ۋە داستان – باللادىلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇ باللادىدا قەھرىمان قىز مۇلەننىڭ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە بېرىشىدەك ۋەقەلىك تەسۋىرىي بايان قىلىنغان . كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ، خاقان ئەسكەر ئېلىش پەرمانى چىقارغاندا ، مۇلەننىڭ قېرى دادىسىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە بېرىشقا قارار قىلغانلىقى ۋە تەييارلىق قىلىپ ، ئەرەنچە ياسىنىپ ، يىراققا ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغانلىقى ، ئون يىل جەڭ مەيدانىدا يۈرۈپ ، كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ جەڭگاھتىن قايتىپ خاقاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ ، ئاندىن يۇرتىغا قايتقانلىقى ، ئاتا – ئانىسى ، ھەدىسى ۋە ئىنىسىنىڭ شادلىققا چۆمۈپ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقى ، ئاخىرىدا ھەمراھلىرى — سەپەر ۋە جەڭگاھلاردا بىللە بولغان سەپداشلىرى ئەسلىي ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالغانلىقى بايان قىلىنغان . باللادىدا ۋەقەلىك كومېدىيە شەكلىدە ئاياغلاشقان .

باللادا ۋەقەلىكىنىڭ مەركىزىي مەقسىتى — مۇلەننىڭ بىر قىز بولسىمۇ ، دادىسىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە بېرىشىدەك قەھرىمانلارغا خاس كارامەتلىك ئىشنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەتتۇر . بۇ مەقسەت بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇكەممەل بولغان پېرسوناژ ئوبرازىنى شەكىل- لەندۈرگەن بىر قاتار سۇژېتلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان . باللادانىڭ غايەت زور ئۇتۇقى شۇكى ، ئۇنىڭدا ئايال قەھرىمان مۇلەننىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان .

مۇلەن دادىسىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە بېرىپ ئاجايىپ بىر جاسارەتنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇ ئون يىل جەڭگاھتا يۈرۈپ ، نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىدۇ . ئۇ جەڭلەردە قەيسەر ، باتۇر ۋە پاراسەتلىك بولىدۇ ، كۆپ قېتىم تۆھپە قوشىدۇ . لېكىن ئۇ نام – ئەمەل ۋە مال – مۈلۈككە بېرىلمەيدۇ . ئەكسىچە يەنىلا بىر ئەمگەكچى ئايال سۈپىتىدە ياشاشنى خالايدۇ . بۇ ئۇنىڭ ئەمگەكچىلەرگە خاس ساپ ، سەممىي كەمتەر ، ئاد- دىي – ساددا ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قەدىمكى زاماندىكى ئەمگەكچى خەلق ، بولۇپمۇ ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى گەۋدىلىنىدۇ .

فېئودالىزم ئەنئەنىلىرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مۇلەن ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇنداقلا قەدىمكى زامان شېئىرىيىتىد- ىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ، مۇلەن ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو قەدىمكى زامان شېئىرىيىتىدە مۇلەنگە ئوخشاش جاسارەتلىك ۋە ئەقىل- پاراسەتلىك ھەمدە پۈتۈنلەي تەشەببۇسكارلىق ئورنىدا تۇرغان ئايال ئوبرازى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى . شۇڭا ، مۇلەن ئوبرا-

① بۇ تېكىست سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب گو ماۋچيەن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىنىپ تەرجىمە قىلىندى .

زى ئەينى زاماندا، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە ھەممە كىشى دېگۈدەك بىلىدىغان ئايال قەھرىمانىنىڭ تىپى بولۇپ قالىدۇ.

باللادا بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. باللادىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭدا مۇلەن ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭدا بايان بىلەن لىرىكا بىرلەشتۈرۈل-گەن؛ بۇنىڭدىن قالسا، باللادىنىڭ تىلى ئاددىي ــ ساددا، جانلىق ۋە كۆركەم، ئۇنىڭدا ئوخشىتىش، تەكرارلاش، رىتورىك سوراق قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىل-غان. باللادىدا يەنە خەلقنىڭ ئاغزاكى تىلى بىلەن ئەدەبىي تىل بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغدا ئەدىبلەرنىڭ پىششىقلىشىدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «مۇلەن ھەققىدە باللادا» شىمالدا ياشايدىغان خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيە-تى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا شىمالدا ياشايدىغان خەلقنىڭ جەسۇر، جەڭگىۋار ۋە مەردانە بولۇشتەك خاراكتېرى ۋە بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدا «خاقان» دېگەنگە ئوخشاش شىمالدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق تىلىدىكى سۆزمۇ ئۇچراي-دۇ. «مۇلەن ھەققىدە باللادا» ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۈتۈقلىرى بىلەن، كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىپ ئۆيدە چېكەر بىرى تىنماي ھەسرەت،
ئىشككە ئۇدۇل ئولتۇرۇپ رەخت توقۇيتتى مۇلەن پەقەت.

ئاڭلانمايتتى ئۆي ئىچىدىن مۇكىنىڭ ئاۋازى شۇئان،
ئېغىر تىنىپ ئۇھ تارتىشلا ئاڭلىناتتى ئۇندىن ھامان.

ئولتۇرۇپ مۇلەن قىز ئۇندا ئويلايدىكىن نېمىلەرنى؟
ئولتۇرۇپ مۇلەن قىز ئۇندا سېغىناركىن كىملەرنى؟

ئويلىماس ئۇ ھېچنېمىنى، ئويلايدىغان ھېچ ئىشى يوق،
سېغىنماس ئۇ ھەم ھېچكىمنى، سېغىنىدىغان كىشى يوق.

لەشكەر ئېلىش ئېلانىنى كۆرگەنىدى ئۆتكەن كەچقۇرۇن،
خاقان ئەلدىن ئېلىپ لەشكەر تەشكىل قىلماق بوپتۇ قوشۇن.

چۇشۇرۇلگەن تىزىملىك ئون ئىككى دەپتەر ئىكەنمىش،
ھەر دەپتەرنى ۋاراقلىسا، دادىسى ئىسمى بار ئىمىش.

يوق ئىدى بىرەر چوڭ ئوغلى دادىسىغا بولار ھەمدەم،
بولمىغانىدى مۇلەنىنىڭمۇ جان ــ جىگەر بىر ئاكىسى ھەم.

ئېگەرۇ ــ ئەنجامى بىلەن بىر ئاتنى ئۇ بولدى ئالماق،
دادىسى ئورنىدا مۇلەن بولدى يۇرۇشكە ئاتلانماق.

ئالدى شەرقىي بازاردىن مىنىشكە جەڭ تۇلپارىنى ،
ئالدى كېزىپ ئېگەر - توقۇم غەربتىكى مال بازارىنى .

جەنۇبتىكى بازاردىن ئۇ ، ئالدى يۇگەن - نوختىنى ھەم ،
شىمالىي بازاردىن ئۇ ، ئالدى قامچا سېپى بەردەم .

ماڭدى سەھەر ئۇ ئاتلىنىپ ئاتا - ئانىغا خوش ئېيتىپ ،
تۈندى خۇاڭخې بويىدا دەل گۇگۇم مەھەلدە كېلىپ .

ئاڭلانماس ئاتا - ئانىنىڭ قىزىنى چاقىرغان ئۈنى ،
ئاڭلىناتتى پەقەتكىنە مەۋجلىك خۇاڭخې شاۋقۇنى .

ئاتلىنىپ ماڭدى ئۇ يەنە سەھەر خۇاڭخېغا خوش ئېيتىپ ،
قوندى ئۇ قارا تاغ ئارا گۇگۇم مەھەل يېتىپ بېرىپ .

ئاڭلانماس ئاتا - ئانىنىڭ ئەمدى ئۈنى چاقىرىشى ،
ئاڭلىنار يەنشەن تېغىدا غۇز ئاتلىرىنىڭ كىشنىشى .

مىڭ چاقىرىم يوللار بېسىپ كەلدى جەڭگە جەڭگاھ ئارا ،
تالاي ئۆتكەل ، تاغۇ تاشتىن ئۆتتى ئۇ ئۇچقاندەك گويا .

ئاڭلىنار سوغۇق ھاۋادا جاڭ ئاۋازى تۈننى يېرىپ ،
يالتىرار سۆرۈن ئاي نۇرى ساۋۇت ئۈستىدە چېقىلىپ .

كۆپ جەڭلەر قىلىپ سەركەردە بولدى قازا جەڭدە ئاقىۋەت ،
قايتتى ئون يىلدا جەڭگاھتىن جەڭ قىلىپ جەسۇر ئەزىمەت .

قايتىپ كېلىپ كۆرۈشتى ئۇ ، تەڭرىقۇت بىلەن ئوردىدا ،
تەختىدە ئۇ قىلدى قوبۇل ئولتۇرۇپ خۇشۇاخ ئورنىدا .

خاتىرىدە يېزىلغانىدى تۆھپىسى ئون ئىككى قېتىم ،
كۆپلەپ مالۇ - مۈلۈكلەرنى خان ئۈنىڭغا قىلدى تەقدىم .

دېدى سوراپ خاقان يەنە : تەلىپىڭ نە يەنە سېنىڭ ؟
دېدى مۇلەن : يوق تەمەيىم بولۇشتىن مىرزىبەگ مېنىڭ .

يىراق سەپەرگە چىدامىلىق مىنەرگە تۆگە كېرەك پەقەت ،
بېرىۋالسام ئۈنىڭ بىلەن دەيمەن يۇرتۇمغا سالامەت .

ئاتا ـ ئانا ئاڭلاپ ئۇنىڭ يۇرتىغا يانغان خەۋىرىنى ،
چىقىپ قوۋۇقنىڭ سىرتىغا قايتتى يۆلەپ بىر ـ بىرىنى .

سىڭلىسىنىڭ قايتقىنىنى ئاڭلاپ ھەدىسى بەك خۇشال ،
كىيىپ ياخشى كىيىملەرنى چىرايلىق ياساندى دەرھال .

ھەدىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ كىچىك ئىنىسى ھەم ،
پىچاق بىلەن شارتىلدىتىپ مال سويۇشقا تۇردى شۇ دەم .

ئاچتى شەرقتىكى ھۇجرىنى مۇلەن ئۆيگە يېتىپ كېلىپ ،
غەربتىكى كارىۋىتىغا ئولتۇردى ئۇ ئاستا بېرىپ .

جەڭدە كىيگەن كىيىمىنى ئۇچىسىدىن ئالدى يېشىپ ،
بۇرۇن كىيگەن كىيىمىنى قايتىدىن ئۇ ئالدى كىيىپ .

قويۇق سۇمبۇل چاچلىرىنى دېرىزە ئالدىدا تاراپ ،
ئالتۇنرەڭ ماڭلاي خالىنى چاپلىدى كۆرگۈ①گە قاراپ .

كۆرۈشتى ھەمراھلىرى ـ لە ، چىقىپ ئۆيدىن ئۇ شادىمان ،
كۆرۈپ ئۇنى ھەمراھلىرى بولۇشتى ئاڭا بەك ھەيران :

ئون ئىككى يىل بىللە يۈرۈپ ، سەپەر ھەم جەڭگاھلار ئارا ،
قىز ئىكەنلىكىن مۇلەننىڭ بىلمىگەنىدى ئۇلار ئەسلا .

ئەركەك توشقان جىم تۇرالماس ، تاتىلاپ يەرنى ئۇ ھەرقاچان ،
جىم تۇرىدۇ چىشى توشقان خۇمارلىشىپ كۆزى ھامان .

گەر ئىككىسى تەڭ يۈگۈرسە ، قىلساڭمۇ سەن قانچە دىققەت ،
قايسى ئەركەك ، قايسى چىشى بىلىپ بولماس ئۇنى پەقەت .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ۋەقەلىكنى ئىگىلەپ ، ئۇنى ئۆز تىلىڭلار بويىچە ئاغزاكى بايان قىلىڭلار .

2 . تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى ئالتە بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ . سىلەر مۇشۇ ئالتە بۆلەكنى ئېنىقلاپ ، ھەربىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە ئېيتىپ بېرىڭلار .

① كۆرگۈ — ئەينەك .

3 . مۇلەن ئوبرازى قانداق ئوبراز ؟ ئۇ قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ؟ قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈڭلار .

4 . تېكىستتە تەپسىلىي بايان قىلىش بىلەن قىسقارتىپ بايان قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن . سىلەر ئۇنىڭ قايسى جايلىرى تەپسىلىي ، قايسى جايلىرى قىسقارتىپ بايان قىلىنغانلىقىنى ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇلەن ئوبرازىنى يارىتىشتا قانداق رولى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

5 . تېكىستتە قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغانلىقىنى مىسال بىلەن كۆرسىتىڭلار .

## باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشىقى

بۇ باسقۇچتا ئاساسىي بىلىم سۈپىتىدە چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 5 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى سەككىز چوڭ باسقۇچقا بۆلۈپ ، قىسقىچە بايان قىلىندى ھەمدە مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە يارىتىلغان ھەر خىل ژانىردىكى تۈمەنلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدىن سەككىز پارچە (ئۈچ پارچە شېئىر ، ئىككى پارچە رومان ، ئۈچ پارچە نەسر ) ئەسەر تاللاپ دەرس تېكىستى قىلىندى . بۇ باسقۇچ بىزنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ . سىلەر بۇ باسقۇچنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆنۈكمىنى ئىشلەڭلار .

1 . جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئەڭ داڭلىق شائىرلاردىن كىملەرنى بىلىسىلەر ؟ ئۇلارنىڭ قانداق مەشھۇر شېئىرلىرى بار ؟ ئۇنى سىخېمىلاشتۇرۇپ كۆرسىتىڭلار . (تاللىغان شائىر ئۈچتىن ئېشىپ كەتمىسۇن )

2 . جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدىكى رومانچىلىق ئىجادىيىتىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان داڭلىق يازغۇچىلاردىن كىملەرنى بىلىسىلەر ؟ ئۇلارنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى قايسى ؟

(تاللىغان يازغۇچىلار بەشتىن ئېشىپ كەتمىسۇن )

3 . تۆۋەندىكى سىخېمىنى تولدۇرۇڭلار .

I

| ئەڭ داڭلىق دراماتورگ | ياشىغان دەۋرى | ۋەكىللىك دراممىسى |
|---|---|---|
| | | |
| | | |
| | | |

II

| ئەڭ داڭلىق دراماتورگ | ياشىغان دەۋرى | ۋەكىللىك دراممىسى |
| --- | --- | --- |
| | | |
| | | |
| | | |

## يېزىقچىلىق مەشقى

تۆۋەندىكى «مەيپۇرۇش غۇز قىزى» ناملىق شېئىر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر شىن يەننىيەننىڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇ شېئىردا خۇ ئائىلىسى (غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چوڭ سانغۇن — سەركەردە خۇ گۇاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ بىر غالچىسى، يەنى خاس ياساۋۇللىرى (قوغدىغۇچىلىرى) نىڭ بىرى بولغان فېڭ زىدۇ بىلەن مەي ساتقۇچى غۇز قىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە بايان قىلىنىش ئارقىلىق، فېڭ زىدۇنىڭ ئۆكتەملىكى، شاللاقلىقى، پۇقرالارنى بوزەك قىلىشتەك رەزىل قىلمىشى ئەيىبلەنگەن. مەيپۇرۇش غۇز قىزىنىڭ زوراۋاندىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلىغان قەيسەر ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن.

شېئىردىكى ۋەقە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى) دە يۈز بەرگەن. غۇز — شۇ دەۋردە شىمالدا ياشايدىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى زاماندا شىمالدا ياشايدىغان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان بەزى مىللەتلەرنىڭ ئادەملىرى چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، سودا - سېتىق ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. چاڭئەن شەھىرىدە ئۇلار ئاچقان ھەر خىل ماللار سېتىلىدىغان دۇكانلار ۋە مەيخانىلار بار ئىدى. «مەيپۇرۇش غۇز قىزى» ناملىق بۇ شېئىردا چاڭئەن شەھىرىدىكى ئاشۇنداق مەيخانىلارنىڭ بىرىدە بىر غۇز قىزىغا ئالاقىدار ۋەقە بايان قىلىنغان.

# 15 . مەيپۇرۇش غۇز قىزى[1]

شىن يەننىيەن

خۇ دېگەن ئائىلىنىڭ ،
بىر غالچىسى بار ئىدى .
فامىلىسى فېڭ ئۇنىڭ ،
ئىسمىن زىدۇ دەر ئىدى .

بىر جۇپ ھالقا قىلىپ ئۇ ،
چاچنى پاسون تارايتتى .
تەڭداشسىز گۇزەل بولغاچ ،
ھەممە ئاغا قارايتتى .

سەركەردىگە تايىنىپ ،
ئەسكىلىكلەر قىلاتتى .
مەيپۇرۇش غۇز قىزىغا ،
كېلىپ دائىم چېقىلاتتى .

چېچىنىڭ بىر ھالقىسى ،
بەش مىليون سەر تۇراتتى .
ئىككىسىنى قوشقاندا ،
ئون مىليون سەر تۇراتتى[4] .

مەيپۇرۇش بۇ غۇز قىزى ،
ئون بەشلەردە بار ئىدى .
باھاردا مەيخانىدا ،
دائىم مەي ساتار ئىدى .

كۇتۇلمىگەن بىر چاغدا ،
فېڭ زىدۇ كەلدى يېتىپ .
مەيخانىنىڭ ئالدىدا ،
پەيدا بولدى ھىجىيىپ .

يېڭى كەڭ ، ئۇزۇن ئېتەك ،
شايى كۆڭلەك كىيەتتى .
پۆپۈكلۈك بەلبېغىنى ،
بېلىگە چىڭ چىگەتتى .

ئادەتتىكى كۇمۇش ئېگەر ،
كۆرۈنەر بەك ھەشەمەت .
ھارۋا سايىۋىنى پەر[5] ،
بېزەلگەندى كارامەت .

لەنتيەننىڭ[2] قاشتېشىدىن ،
زىبۇزىنەت تاقاتتى .
رىم[3] مەرۋايىتىدىن ئۇ ،
نەپىس ھالقا ئاساتتى .

كىرىپلا قىزغا قاراپ ،
دېدى : مەي بېرىڭ ماڭا .
قاشتېشى چەينەك بىلەن ،
مەي كەلتۇردى قىز ئاڭا .

---

[1] بۇ شېئىر «جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» (ئالىي مائارىپ نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل نەشرى ) دىن تاللاپ ئېلىنىپ تەرجىمە قىلىندى .

[2] لەنتيەن — تاغ نامى . ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لەنتيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ ، ئېيتىلىشلارچە ، بۇ يەردىن ئېسىل قاشتېشى چىقىدىكەن .

[3] ئەينى چاغدىكى رىم ئىمپېرىيىسىنى كۆرسىتىدۇ .

[4] بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا دائىم قوللىنىلىدىغان مۇبالىغىلەشتۇرۇش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ .

[5] بۇ ھارۋا سايىۋىنىنىڭ پۇتۇنلەي ھەر خىل قۇش پەرلىرىدە بېزەپ ياسالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ــ كەلتۈرۈڭ ، ــ دېدى يەنە ،
ــ ئېسىل سەيلەر بۇ ياقتا .
بېلىق گۆشى ئاپاردى ،
سېلىپ ئالتۇن تاۋاقتا .

ــ ئەرلەر ياخشى كۆرەرمىش ،
كېيىنكى سۆيگىنىنى .
ئاياللار قەدىرلەيدۇ ،
دەسلەپكى كۆيگىنىنى .

تەقدىم قىلىپ مىس كۆرگۈ① ،
كۆڭلىنى ئالماق بولدى .
ئالمىغاچقا قىز ئۇنى ،
ئېتەككە سالماق بولدى .

ــ ئۆيلىنىشكە بولار قايتا ،
ئەرلەر ئۆز ھاياتىدا .
سىز بەگزادە ، مەن پۇقرا ،
قاتتىق چەك بار ئارىدا .

تارتىپ ئالدى ئېتەكنى ،
چەتنىتىپ قىز ئۆزىنى .
بۇ نومۇسقا چىدىماي ،
ئېيتتى ۋىجدان سۆزىنى .

ــ زاتى ئۇلۇغ بەگزادە ،
ھىممەتلىرىگە رەھمەت .
بولماڭ تولا ئاۋارە ،
بۇندىن پايدا يوق پەقەت .

بۇ ، ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ئېپىك شېئىر بولۇپ ، بۇنىڭدا ئەينى زاماندىكى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن كىچىك بىر كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن . شېئىردا ۋەقەلىك تەرتىپلىك بايان قىلىنغان بولۇپ ، ئالدى بىلەن ، فېڭ زىدۇ تونۇشتۇرۇلغان ، ئاندىن مەيپۇرۇش غوز قىزى تونۇشتۇرۇلغان ، ئاخىرىدا مەيخانىدا بولغان ئىش بايان قىلىنغان . سىلەر بۇ شېئىرنى پىششىق ئوقۇپ ، ئاندىن بۇ شېئىرنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ بۆلەك بويىچە نەسرىي ئۇسۇلدا بايان قىلىپ ، نەسرلەشتۈرۈپ چىقىڭلار .

شېئىرنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلغاندا ، بۇ ۋەقەنىڭ چاغدىكى شەھىرىدە بولغانلىقىنى ئەسلىتىش ، كۆپلېتلار مەزمۇنىنى ئۇلاش ، ئوتتۇرىدا قىسقارتىلغان جايلار بولسا ، بۇ جايلارنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ تولۇقلاش ، فېڭ زىدۇ مەيخانىغا كەلگەن كۈندىكى پەسىل ۋە ھاۋا رايى ، يەنە مۇھىت ـ بازار توغرىسىدا بەزى تەسۋىرلەرنى قوشۇش ، ئەسلىدىكى دىئالوگلاردىن تولۇق پايدىلىنىش ، ئەھۋالغا قاراپ يەنە بەزى دىئالوگلارنى قوشۇش ، شېئىردىكى ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ، تەقى ـ تۇرقىنى تەسۋىرلەش ۋە دەل جايىدا گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگە دىققەت قىلىڭلار ھەمدە ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، دەككىسىنى يەپ ئامالسىز قالغان فېڭ زىدۇنىڭ قانداق ھالەتتە مەيخانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى قوشۇڭلار . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بايانىنىڭ راۋان ، تەرتىپلىك ، جانلىق ۋە ئىخچام بولۇشىغا ، جۈملىلىرىنىڭ توغرا ، تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىڭلار .

① مىس كۆرگۈ — قەدىمكى زاماندا مىستىن ياسالغان ، شەكلى يۇمىلاق ، بىر يۈزى سىلىق ۋە پارقىراق ، ئادەم ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدىغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ ، ھازىرقى ئەينەكنىڭ رولىنى ئوينايدۇ .

# 4 ـ باسقۇچ

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

«چەت ئەل ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئۇقۇم ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئومۇمەن جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن باشقا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچتا پەقەت بىزگە بىرقەدەر تونۇشلۇق بولغان ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتى (XIV ــ XVII ئەسىرلەر)، ياۋروپا كلاسسىزم ئەدەبىياتى (XVIII ئەسىر)، XIX ئەسىردىكى ياۋروپا رومانتىزم ۋە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز ھەمدە مۇشۇ دەۋرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىمىز. دەرستىن سىرت ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئىران ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ئۈلگىلىرى بىلەن تونۇشىمىز.

## ئۆگىنىش تەلىپى

1 . XIV ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بەش ئەسىرلىك ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش.

2 . بۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇش.

3 . بۇ باسقۇچتا تاللانغان تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىكى ئۆزىگە خاس گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەش.

# ئاساس بىلىم

## 1. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى

XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە ياۋروپا يېڭى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالدىنقى شەرتى — غەربىي ياۋروپادا ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك ئاساسىدىكى فېئودالىزملىق ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ تەدرىجىي يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتىنىڭ بىخلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى پۈتۈن مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى غايىسى گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) دىن ئىبارەت بولدى. شۇڭا، گۇمانىزم ئەدەبىياتى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

گۇمانىزم ئىنساننى مەركەز قىلغان ھەمدە ئىنساننىڭ ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلغان ئىلغار قاراش بولۇپ، بۇ دەۋردە ئادەم (ئىنسان) ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت يېڭى دەۋر رېئالىزمىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇنىڭ باش قەھرىمانلىرى فېئودالىزم مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى دىنىي ئىلاھىي كۈچلەر بولماستىن، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىنسانلىق سۈپىتىگە ئىگە رېئال شەخسلەر بولدى.

گۇمانىزم ئەدەبىياتى ئەڭ دەسلەپتە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ئىتالىيىدە مەيدانغا كەلدى. ئاندىن فرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىگە كېڭەيدى ھەمدە بۇ ئەللەردە گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى.

ئىتالىيە ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاتاقلىق ۋەكىللىرى فرانسىسكو پېتراك (1304 — 1374) بىلەن گىئوۋاننى بوككاچچو (1313 — 1375) ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە پېتراك بىرىنچى بولۇپ كلاسسىك مەدەنىيەتنى گۇمانىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەتقىق قىلغان. ئۇ قەدىمكى يۇنان ۋە رىم مەدەنىيىتىگە ئائىت قوليازمىلارنى توپلاپ، ئۇلارنى يېڭى دەۋرگە خاس كۆزقاراش بىلەن شەرھلەپ، ئىنسان بىلەن رېئال تۇرمۇشنى مەركىزىي ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ كلاسسىك مەدەنىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

پېتراك گۇمانىزملىق روھقا ئىگە نۇرغۇن شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى لاتىن يېزىقىدا يازغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مەدھىيىلىگەن، ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ زاھىتلىق، تەركىدۇنيالىق، تەقدىر - ئىلاھىيەتچىلىك ئەقىدە-

لىرىگە قارشى تۇرۇپ ، ئىنساننى رېئال بەخت- سائادەتكە ئىنتىلىشكە ئۈندىگەن . لىرىك شېئىرلار توپلىمى «غەزەلىيات» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرىدۇر . بۇ ئەسەر ئىتالىيە خەلق تىلىدا يېزىلغان 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىردىن تەركىب تاپقان . بوكاچچو ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ياۋروپا ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بار . بۇ ئەسەردە ئەدەبىي ئويغىنىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى گۇمانىستىك ئىدىيە روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن . بۇ ئەسەر ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى غەربىي ياۋروپانىڭ رېئالىزملىق ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن ، شۇنداقلا يەنە يېقىنقى زامان ياۋروپا رومانچىلىقىغا يول ئېچىپ بەردى .

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە فرانسىيىدىمۇ گۇمانىزم ئەدەبىياتى پەيدا بولدى . فرانسىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى رابېلى (1494 ــ 1553) بولۇپ ، ئۇ گۇمانىزم ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان «گىگانت ئادەملەر قىسسىسى» ناملىق بەش توملۇق رومان يازغان . بۇ رومان 1532 ـ يىلىدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان . ئەسەر ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەينى ۋاقىتتىكى چېركاۋ دىنىي سوتى بۇ ئەسەرنى مەنئى قىلغان . شۇ سەۋەبتىن رابېلى چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان . رابېلى كۈچلۈك خەلقچىللىققا ئىگە يازغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا ماقال- تەمسىللەر ، ھېكمەتلىك سۆزلەر ، لەتىپە ، رىۋايەتلەر ، ئىلاھىيەتچىلىكنى مەسخىرە قىلىدىغان ھەجۋىيەتلەر ئۇرغۇپ تۇرىدۇ .

ئىسپانىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتى XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان . XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى ئارىلىقىدا ئىسپانىيىدە گۇمانىزم ئەدەبىياتى گۈللىنىپ ، ھېكايە ، رومان ۋە دراما ئىجادىيىتى تەرەققىي قىلدى . بۇ چاغدا ئەڭ زور نەتىجە قازانغان يازغۇچى مېگىل سېرۋانتېس (1547 ــ 1616) بولۇپ ، ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «دونكىخوت» ناملىق رومانىدا باش قەھرىمان دونكىخوتنىڭ ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ، قەدىمكىنى تىرىلدۈرۈش نىشانلانغان رىتسارلار ئەدەبىياتى قاتتىق مەسخىرە قىلىنىپ ، فېئودال رىتسارلىق تۈزۈمى قامچىلانغان . رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ياۋروپا رومانچىلىقىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى .

دراما ئىجادىيىتىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان دراماتورگ ۋېگا (1562 ــ 1635) بولۇپ ، ئۇ ئۆمرىدە 1 مىڭ 800 پارچىدىن ئارتۇق دراما يازغان ، بۇنىڭدىن 426 پارچىدىن كۆپرەكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان . ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «قويبۇلاق يېزىسى» (1609 ــ 1613) ناملىق درامىدۇر . ۋېگا ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن ئىسپانىيە مىللىي دراماتورگىيىسىنىڭ ئاساسىنى سالدى ۋە ئۆزىگە خاس ئايرىم دراما ئېقىمى شەكىللەندۈردى .

XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيىدە ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ، گۇمانىزم ئەدەبىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى . بۇ مەزگىلدە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار ، شائىرلار ، دراماتورگلار مەيدانغا كەلدى . شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئەڭ مۇھىم شائىر ئېدموند سپېنسېر (1552 ــ 1599) بولۇپ ، ئۇنىڭ «پەرىزات مەلىكە» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بار . دراما ساھەسىدە تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەڭ ياش دراماتورگ خرىستوپېرمار-

لو (1564 ــ 1593) بولۇپ، ئۇنىڭ «دوكتور فائوست تراگېدىيىسى» ناملىق دراممىسى مەشھۇر. لېكىن ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەنگلىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن دراماتورگ ساھەسىدە ئەڭ زور شۆھرەت قازانغىنى ۋىليام شېكسپىر (1564 ــ 1616) ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن درامىلارنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «خاملېت»، «كارول لىر»، «ئوتىللو»، «رومىئو ــ ژۇلېتتا»، «ۋېنېتسىيە سودىگىرى» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە درامىلار ھېسابلىنىدۇ. شېكسپىر ھەقىقەتەن ياۋروپا گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مول ھوسۇللۇق دراماتورگ. ئۇنىڭ كۆپلىگەن دراما ــ تراگېدىيىلىرى رېئال تارىخىي ۋەقەلىكلەر-نى تېما قىلغان بولۇپ، بەش ئەسىردىن بۇيان دۇنيا سەھنىسىدە ئوينىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ دراما ئىجادىيىتىدىكى بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» نى ياراتقان.

## 2. XVII ئەسىردىكى ياۋروپا كلاسسىزم ئەدەبىياتى

XVII ئەسىردە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمۇ يېڭى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيىدە يېڭى بىر ئەدەبىيات ئېقىمى ــ كلاسسىزم ئېقىمى مەيدانغا كەلدى. فرانسىيە كلاسسىزم ئەدەبىياتىدا سەھنە ئەسەرلىرى، درامىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. دراماتورگىيە ساھەسىدە ئۈچ مەشھۇر دراماتورگ پيېر كورنېيل (1606 ــ 1684)، ژان راسىن (1639 ــ 1699)، جېئان باپتىست مولېر (1622 ــ 1673) مەيدانغا كەلدى.

كلاسسىزم ئېقىمى ياۋروپا ئەدەبىياتىغا 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئېقىم مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) قەدىمكى يۇنان، رىم ئەدەبىياتىنى ئۈلگە قىلدى.

2) ئەقلىي ئىدراكقا ئەھمىيەت بەردى، ئۇلار، ئىدراك ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇ بارلىق شەيئىنىڭ ئاخىرقى ئۆلچىمى، ئۇنىڭغا تايانغاندىلا، ئاندىن ھەق ــ ناھەقنى ئايرىغىلى بولىدۇ، ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

3) پادىشاھ ھوقۇقىنى قوغدىدى. كلاسسىزمچىلار ئادىل، دانا پادىشاھلارنى مەدھىيە-لەپ، رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈمىدىنى ئۇلارغا باغلىدى.

4) ئەدەبىياتتا قاتتىق قائىدە ــ مىزانلارنى تۇرغۇزدى. ئۇلار ئەدەبىي ژانىرلارغا قاتتىق چېگرا چەكلىمىسى بەلگىلىدى. بولۇپمۇ دراما ئىجادىيىتىدە ۋەقەلىك، ئورۇن، ماكان، ۋاقىت بىرلىككە كېلىش، پۈتۈن درامىدا بىرلا ئاساسىي ۋەقەلىك بولۇش ۋە بىر كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن بولۇش قاتارلىق كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەنگلىيىدىمۇ كلاسسىزم ئېقىمى بارلىققا كەلدى. ئەنگلىيە كلاسسىزم ئېقىمى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ «ئىنجىل قىسسىلىرى» دىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەنگلىيە كلاسسىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى يوھان مىلتون ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا «ئىنجىل قىسسىلىرى» دىن تېما ئېلىپ «جەننەتتىن ئايرىلىش» (1667 ــ يىلى) ناملىق ئېپوسىنى، «جەننەتكە قايتا ئېرىشىش» (1671 ــ يىلى) ناملىق داستانىنى ۋە پالۋان

سىمسون» (1671 ـ يىلى) ناملىق شېئىرىي درامىسىنى يازدى. «جەننەتتىن ئايرىلىش» ناملىق ئېپوسى ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن يېيىش مەنئى قىلىنغان مېۋىنى يەپ قويۇشى تۈپەيلىدىن، ئېرەنباغ (جەننەت) دىن قوغلانغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن ۋە بىر ئىسيانكارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان. بۇ ئەسەر دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

كلاسسىزم ئېقىمىنىڭ ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى XIX ئەسىرگىچە داۋام قىلدى. XIX ئەسىردە ياۋروپادا رومانتىزم ئېقىمى ئەۋج ئالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن كلاسسىزم ئېقىمى تەدرىجىي تۈردە ئاياغلاشتى.

كلاسسىزم ئېقىمىغا ئۇلىشىپ، XVIII ئەسىردە پۈتۈن ياۋروپا خاراكتېرلىك ئىدىيىۋى ھەرىكەت ـــ ئاقارتىش (مەرىپەت) ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. ئاقارتىش ھەرىكىتى بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ھېسابلىنىدۇ.

ئاقارتىش ھەرىكىتى جەريانىدا، ئاقارتىش پەلسەپىسى بارلىققا كېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا ماس ئاقارتىش ئەدەبىياتىمۇ بارلىققا كەلدى. ئاقارتىش ئەدەبىياتى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۇنىڭ روشەن سىياسىي خاھىشىغا ئىگە بولۇشىنى تەكىتلىدى.

2) رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يېزىشنى ۋە ئاددىي ئادەملەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

3) پەلسەپىۋى ھېكايە رومان، مەكتۇپ، ساياھەت خاتىرىسى خاراكتېرلىك ھېكايە، رومان، تراگېكومېدىيە قاتارلىق بەزى يېڭى ئەدەبىي ژانىرلار مەيدانغا كەلدى.

ئەنگلىيىدە ئاقارتىش ئەدەبىياتى بۇرۇنراق مەيدانغا كېلىپ، ھەر جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ دەۋردە ئەنگلىيە ئاقارتىش ئەدەبىياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلار دانىئېل دېفو (1660 ـــ 1731)، جوناسان سۋىفت (1667 ـــ 1745) ۋە ھېنرى فىلدىڭ (1707 ـــ 1754) قاتارلىقلار ھېسابلىنىدۇ. دانىئېل دېفونىڭ «روبىنزون كروزونىڭ سەرگەردانلىق خاتىرىلىرى»، جوناسان سۋىفتنىڭ «گۇللىۋېرنىڭ ساياھىتى». ھېنرى فىلدىڭنىڭ «تاشلىۋېتىلگەن بالا توم جونسىنىڭ تارىخى» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بار.

بۇ مەزگىلدىكى فرانسىيە ئەدەبىياتى تىپىك ئاقارتىش ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ. فرانسىيە ئاقارتىش ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى مونتېسكيۇ (1689 ـــ 1755)، ۋولتېر (1694 ـــ 1799)، دىدېرو (1713 ـــ 1784)، رۇسسو (1712 ـــ 1778)، بومارشې (1732 ـــ 1799) قاتارلىقلار ھېسابلىنىدۇ. مونتېسكيۇنىڭ «پارس مەكتۇپلىرى»، ۋولتېرنىڭ 26 پارچە پەلسەپىۋى ھېكايىسى، دىدېرونىڭ «رامونىڭ جىيەن ئوغلى»، رۇسسونىڭ «تۇۋانامە»، بومارشېنىڭ «فىگارو ترىلوگىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن گېرمانىيىدىمۇ ئاقارتىش ئەدەبىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى يوھان ۋولفگاڭ گيوتې (1749 ـــ 1832)، يوھان كرىستوپ فرىدىخ شىللېر (1759 ـــ 1805) قاتارلىقلاردىن

ئىبارەت . گيوتېنىڭ «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» ، «فائۇست» ، شىللېرنىڭ «سۇيىقەست ۋە مۇھەببەت» ناملىق ئەسەرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە . XVIII ئەسىردە رۇسىيىدىمۇ ئاقارتىش ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلدى . رۇسىيە ئاقارتىش ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى دېنىس ئىۋانوۋىچ فونۋىزىن (1745 ــ 1792 ) بىلەن ئالېكساندىر نىكولايىۋىچ رادشىيېف (1749 ــ 1802 ) ھېسابلىنىدۇ . فونۋىزىنىنىڭ «ئۆسمۈر بايۋەچچە» ، رادشىيېفنىڭ «پېتىر-بۇرگدىن موسكۋاغىچە» ناملىق ئەسەرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ .

## 3 . XIX ئەسىردىكى ياۋروپا رومانتىزمى ۋە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى

ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتى ، كاپىتالىزم غەربىي ياۋروپادىكى بەزى ئەللەردە دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قىلغان ۋە بۇرژۇئازىيە ئۆز تەرتىپىنى ئورنىتىش ئۈچۈن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەمدە جەنۇبىي ، شەرقىي ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان ئەللەردە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى .

رومانتىزم بىر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە ناھايىتى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىشى 1789 ـ يىلىدىكى فرانسىيە زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىشتۇر . ئۇ فرانسىيە زور ئىنقىلابى ، ياۋروپا دېموكراتىيە ھەرىكىتى ۋە مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ . ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 ) رومانتىزم ئەدەبىياتى رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىپ ، مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەشكە ئىنتىلدى . ئەركىنلىك ، ئازادلىق روھىنى قەدىرلەپ ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلدى ،

2 ) يازغۇچىنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى ئىپادىلەش ، شەخسنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ، دېموكراتىك خاھىشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى .

3 ) تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ ، يازغۇچىنىڭ كەڭ تەبىئەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش .

4 ) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئۇنى ئىجادىيەتكە ئۈلگە قىلىش ، ئۇ ئارقىلىق باي تەسەۋۋۇرغا ، چوڭقۇر ھېسسىياتقا ، ئاممىباب تىلغا ، ئەركىن ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇش

5 ) مۇبالىغىلەشتۈرۈش ، سىمۋوللاشتۇرۇش قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ ، سىرلىق ۋەقە ، مۇھىت ۋە شەخسلەرنى يېزىش .

رومانتىزم ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنىدۇ ؛ بىرى پاسسىپ رومانتىزم ، يەنە بىرى ، ئاكتىپ رومانتىزم .

پاسسىپ رومانتىزم چۈشكۈنلەشكەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈردى ، ئاكتىپ رومانتىزم ئوتتۇرا ، ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈردى . XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رومانتىزم ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن گېرمانىيە ، ئەنگلىيىلەردە بارلىققا كېلىپ ، ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتتى . XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا رومانتىزم ئەدەبىياتى ياۋروپادا ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىپ ، ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى . گېرمانىيە رومانتىزم ئەدەبىياتى پەيدا

بولۇش بىلەنلا ، فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك خاھىشقا ئىگە بولدى . گېرمانىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى نوۋالىس (1772 — 1801) ، دىك (1773 — 1853) ، ئاكا - ئۇكا شلېگېر (1765 — 1845) ، خولدېرلىن (1770 — 1843) ، شامىسسو (1781 — 1838) ، ھېنرىخ ھېينى (1797 — 1856) ۋە چۆچەكشۇناس ئاكا - ئۇكا گرىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . گېرمانىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتى شېئىرىيەتتە كۆرۈلدۇ . ھېنرىخ ھېينىنىڭ رومانتىك شېئىرلىرى ئۇنىڭ تېپىك ئۈلگىسىدۇر .

1789 - يىلى ئەنگلىيىدە يۈز بەرگەن سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىشىغا ۋە ئۆلغىيىشىغا ئەگىشىپ ، ئەنگلىيىدە رومانتىزم ئەدەبىياتى پەيدا بولدى . ئەنگلىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى بايرون (1788 — 1824) ۋە شېللې (1792 — 1822) لاردىن ئىبارەت . بايرون ئەنگلىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى ۋە باتۇر جەڭچىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ «ئېزىلەڭگۈلۈك قىلغان چاغدا» ، «دون جوئان» ، «شەرق داستانلىرى» ، «چايلدگاروللدنىڭ ساياھىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇر .

شېللې بايرون بىلەن بىر قاتاردا داڭق چىقارغان شائىر بولۇپ ، ئۇنىڭ «ئايال پادىشاھ مەب» ، «ئىسلام قوزغىلىڭى» ، «چىنچى» ، «مۇستەبىت زالىمنىڭ گىرىم بىلەن نامايىش قىلىشى» ، «ئەنگلىيە خەلقىگە» ، «غەرب شامىلىغا مەدھىيە» ، «بوزتورغاي» قاتارلىق داستان ، شېئىرلىرى ، «ئازاد قىلىنغان پىرومېتى» ناملىق ئوپېراسى مەشھۇردۇر .

فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتى گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە رومانتىزم ئەدەبىياتلىرىدىن خېلى كېيىن باشلاندى . فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى شاتوبرىئان (1768 — 1848) ، لامارتىن (1790 — 1863) ، ۋىگنى (1797 — 1863) ، ستال خانىم (1766 — 1817) ، ۋىكتور ھيۇگو (1802 — 1885) قاتارلىقلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ستال خانىم بىلەن ۋىكتور ھيۇگو ئەڭ مەشھۇردۇر . ستال خانىم فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى يارىتىپ ، فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى . ئۇنىڭ «قىزغىنلىق توغرىسىدا» ، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» قاتارلىق نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ، «دېلفىنې» ناملىق رومانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر .

ۋىكتور ھيۇگو فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى بولۇپ ، ئۇنىڭ «كلونۋېر» ناملىق سەھنە ئەسىرى ، «كلونۋېرغا مۇقەددىمە» ناملىق ئەدەبىياتقا ئائىت نەزەرىيىۋى ئەسىرى ، «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» ، «خارلانغانلار» ، «كىچىك ناپولېئون» ، «دېڭىز ئەمگەكچىلىرى» ، «پاجىئەلىك دۇنيا» ، «كۈلگۈنچەك» ، «93 - يىل» قاتارلىق داڭلىق رومانلىرى بار .

رۇسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتى XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەيدا بولدى . ئۇ چاغدا رۇسىيە جاھالەتلىك ۋە زۇلمەتلىك مۇستەبىت يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى . شۇ سەۋەبتىن رۇسىيە ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى قالاق ۋە ئارقىدا قالغانىدى . 1825 - يىلدىكى دېكابىرىستلارنىڭ قوزغىلىڭى رۇسىيىدىكى ھەرقايسى قاتلاملارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . رۇسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى دېكابىرىستلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئۇ فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى . رۇسىيە رومانتىزم

ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ۋاسىلى ژۇكوۋسكىي (1783 — 1852)، دېكابرىست رىلىيېف (1795 — 1826)، ئودايېۋسكى (1802 — 1839)، چاگادايېف (1797 — 1849)، ئالېكساندر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن (1799 — 1837)، مىخائىل يورىۋىچ لېرمونتوف (1814 — 1841) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئا س پۇشكىننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى شېئىرلىرى رۇسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نەمۇنىسى بولدى. ئۇنىڭ «كاۋكاز تۇتقۇنى»، «ئاكا - ئۇكا قاراقچىلار» ناملىق داستانى ۋە نۇرغۇنلىغان قىسقا لىرىك شېئىرلىرىدا مۇستەبىت زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىككە، ئازادلىققا تەلپۈنۈش خاھىشى روشەن ئىپادىلەندى. پۇشكىننىڭ ئاتاقلىق داستانى «سىگانلار» ئۇنىڭ رومانتىزمدىن رېئالىزمغا بۇرالغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ داڭلىق پېشۋاسىغا ئايلاندى. لېرمونتوف پۇشكىندىن كېيىن مەيدانغا چىققان ئەڭ ئاتاقلىق رومانتىك يازغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازدى. ئۇنىڭ پۇشكىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «شائىرنىڭ ئۆلۈمى»، «يالغۇز يەلكەن»، «بورۇدىنو»، «ۋەتەن» قاتارلىق مەشھۇر شېئىرىي ئەسەرلىرى بار.

1830 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياۋروپادا سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، كاپىتالىزمنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا غايەت زور پرولېتارىيات سىنىپى مەيدانغا كەلدى. كاپىتالىزمنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزمنىڭ نۇقسانلىرى بىلەن ئىچكى زىددىيەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال بەزى ئىلغار شائىر - يازغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار بۇرژۇئازىيە ئېلىپ كەلگەن يېڭى تەرتىپنىڭ نۇقسانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى چاكىنىلىقلارنى ئاشكارىلاش ۋە قامچىلاشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا رېئاللىققا يۈزلەنگەن ياۋروپا تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؛

1) رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش.

2) تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى يارىتىش.

3) ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلىش.

فرانسىيىدە 1930 - يىلى مەشھۇر يازغۇچى ستېندال (ئەسلى ئىسمى مارى - ھېنرى بېل 1783 — 1842) ئۆزىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان «قىزىل ۋە قارا» ناملىق رومانىنى ئېلان قىلدى. 1829 - يىلى يەنە بىر مەشھۇر يازغۇچى ئونورى بالزاك (1799 — 1850) «جوئانستلار»[1] ناملىق رومانىنى ئېلان قىلدى. ئۇ كېيىنكى چاغدا يازغان بىر يۈرۈش چاتما رومانلىرى — «ئىنسان كومېدىيىسى» دىكى ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ياۋروپا تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنى يۇكسەك پەللىگە كۆتۈردى.

بۇ مەزگىلدىكى مۇھىم يازغۇچىلاردىن يەنە گۇستاف فلوبېرت (1821 — 1880) بار. «بوۋارى خانىم» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

كېيىنكى مەزگىلدە فرانسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن

---

[1] جوئانستلار — جوئان پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى. بۇ فرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى پارتىيىسى بولۇپ، 1800 - يىلى فرانسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. «جوئان» سۆزى ھۇۋقۇشنىڭ سايرىشىنىڭ فرانسۇز تىلىدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ پارتىيە بۇنى ئالاقىلىشىش بەلگىسى قىلغان، شۇڭا بۇ پارتىيە جوئان پارتىيىسى دەپ ئاتالغاندى.

بولىسمۇ، لېكىن بۇ مەزگىلدە يەنە ئالپونس دودې (1840 — 1897) ۋە موپاسسان (1850 — 1893) قاتارلىق مۇھىم تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. ئا. دودېنىڭ «ئاخىرقى دەرس»، «بېرلىن مۇھاسىرىسى»، ژىي دې موپاسساننىڭ «دوزداق»، «مارجان» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بار.

ئەنگلىيىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىلىرى ئىچىدە مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى چارلىز دىكېنس (1812 — 1870) بولۇپ، ئۇ «مۇشەققەتلىك كۈنلەر»، «داۋىد كوپپېرفىل» قاتارلىق ئېسىل رومانلارنى يازغان.

رۇسىيىدە XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن ئاكتىپ رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ۋەكىللىرى تەدرىجىي ھالدا رومانتىزمچىلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن تەنقىدىي رېئالىزمغا كۆچۈپ، رېئاللىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىك روھقا ئىگە بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى. رۇسىيە ئاكتىپ رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى شۇنداقلا رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان ئا س پۇشكىن، م ي لېرمونتوفلار بىلەن بىللە نىكولاي ۋاسىلىۋىچ گوگول (1809 — 1852)، ئىۋان ئالېكساندروۋىچ گونچاروف (1812 — 1891)، ئىۋان سېرگېيېۋىچ تۇرگېنېف (1818 — 1883)، نىكولاي گاۋرىلوۋىچ چېرنىشۋسكىي (1828 — 1889)، نىكولاي ئالېكسېيېۋىچ نىكراسوف (1821 — 1873)، فېئودور مىخايلوۋىچ دوستويېۋسكىي (1821 — 1881) قاتارلىق مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزمچى شائىر يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. گوگولنىڭ «رېۋىزور»، «ئۆلۈك جانلار»، گونچاروفنىڭ «ئوبلوموف»، تۇرگېنېفنىڭ «ئاتىلار ۋە بالىلار» چېرنىشۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» نىكراسوفنىڭ «رۇسىيىدە كىم ياخشى ياشايدۇ؟»، دوستويېۋسكىينىڭ «جىنايەت ۋە جازا» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە رۇسىيىدە ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوف (1860 — 1904)، لېف نىكولايېۋىچ تولستوي (1828 — 1910) قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى. چېخوف «غىلاپ بەندىسى»، «خامېلېئون»، «چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھېكايىلىرى بىلەن رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. تولستوي دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ يازغۇچى بولۇپ، ئۇ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش» قاتارلىق رومان تراگېدىيىلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ ياۋروپا تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى يېپيېڭى پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا ئاساس سالدى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى قاچان، قەيەردە مەيدانغا كەلدى؟ ئۇ قانداق ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ؟

2 . ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىزم ئېقىمى دەسلەپ قايسى دۆلەتتە بارلىققا كەلدى؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

3 . ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

4 . تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى قانداق شارائىت ئاستىدا بارلىققا كەلدى؟ ئۇ قانداق

ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ؟

5 . ھۆكۈم قىلىڭلار (تۆۋەندە بىر مەسىلىگە ئۈچ خىل جاۋاب بېرىلگەن ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىلا توغرا ، سىلەر توغرىسىنى تېپىپ ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە «✓» بەلگىسىنى قويۇڭلار ) .

1 . ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى پۈتۈن مەدەنىيەت ، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى غايىسى

A . بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى (    )

B . گۇمانىزم (    )

C . دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك (    )

2 ) ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى :

A . ئادەم (    )

B . تەبىئەت (    )

C . تارىخىي ۋەقە (    )

3 ) ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان دۆلەت :

A . رۇسىيە (    )

B . گېرمانىيە (    )

C . ئىتالىيە (    )

4 ) ئەنگلىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەكىلى :

A . ھېنرىخ ھېينى (    )

B . بايرون (    )

C . ۋىكتور ھيۇگو (    )

6 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار

1 ) ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە ، ئىسپانىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتىدا ئەڭ زور نەتىجە قازانغان يازغۇچى ________ بولۇپ ، ئۇنىڭ دۇنياغا داڭلىق ________ ناملىق رومانى بار .

2 ) «رېۋىزور» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ________ دۇر .

3 ) ئەنگلىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتىدا ئەڭ زور شۆھرەت قازانغان يازغۇچى ۋىلىيام شىكېسپېر بولۇپ ، ئۇنىڭ ________ ، ________ ، ________ ۋە ________ قاتارلىق مەشھۇر دراممىلىرى بار .

4 ) رومانتىزم ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنىدۇ ، بۇنىڭ بىرى ________ ، يەنە بىرى ________ دىن ئىبارەت .

5 ) فرانسىيىدە ________ يىلى مەشھۇر يازغۇچى ستېندال ئۆزىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ________ ناملىق رومانىنى ئېلان قىلدى . يەنە بىر مەشھۇر يازغۇچى بالزاك ________ رومانىنى شۇنداقلا بىر يۈرۈش چاتما رومان ________ نى ئېلان قىلدى .

7 . تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار .

| ئەسەرلەر نامى | ئاپتورى |
| --- | --- |
| «سىگانلار» | |
| «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» | |

«ئۆلۈك جانلار»

«ئوبلوموف»

«ئاتىلار ۋە بالىلار»

«نېمە قىلىش كېرەك»

«جىنايەت ۋە جازا»

«ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»

«خامېلېئون»

«پارىس مەكتۇپلىرى»

«فائۇست»

«سۇيىقەست ۋە مۇھەببەت»

## 16 . دونكىخوت[1]

### (روماندىن پارچە)

### مىگېل دې سېرۋانتېس (ئىسپانىيە)

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

مىگېل دې سېرۋانتېس ئىسپانىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ، شۇنداقلا ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى . ئۇ 1547 - يىلى تۇغۇلۇپ ، 1616 - يىلى ۋاپات بولغان . «دونكىخوت» ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن تاشقىرى ، ئۇنىڭ «گالاتىيە» ناملىق رومانى ۋە ھېكايىلىرى ھەمدە «نومانسىيە» ناملىق درامىسى بار .

«دونكىخوت» ناملىق بۇ مەشھۇر روماندا دونكىخوتنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ۋە قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن . دونكىخوتنىڭ ئەسلىي ئىسمى جىسانىنا بولۇپ ، لامانچا دېگەن جايدىكى نامرات يېزىنىڭ مۆتىۋىرى ئىدى . ئۇ رىتسارلار (چەۋەندازلار) ھەققىدىكى رومانلارنى كۆپ ئوقۇپ ئېسىنى يوقىتىپ رىتسارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رېئاللىققا قارىماي ، قەدىمكى زاماندىكىدەك ئىلتىپاتلىق رىتسار بولۇشنىڭلا كويىدا بولىدۇ . شۇڭا ئۇ ئىسمىنى دونكىخوت لامانچا دەپ ئۆزگەرتىپ ، سانچۇ پانسانى ئۆزىگە خىزمەتكار قىلىۋېلىپ ، رىتسارلارغا خاس دەبدەبىلىك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن جاھان كېزىدۇ . ئۇ كۈچلۈكلەرنى بېسىپ ، ئاجىز - بىچارىلەرنى يۆلىمەكچى ، زالىملارنى يوقىتىپ ، خەلقنى خاتىرجەم قىلماقچى بولىدۇ . نەتىجىدە نۇرغۇن ئەخمىقانە ، كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىپ ، نۇرغۇن ئورۇنسىز جاپالارنى چېكىدۇ . بۇ روماندا فېئوداللىق ئاڭ فورماتسىيىسى تەنقىد قىلىنغان . فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ زۇلمەتلىكلىكى ، چىرىكلىكى ۋە دىنىنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقى پاش قىلىنغان . خەلقنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىنغان . شۇڭا ، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆز ۋاقتىدا سېرۋانتېس ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى .

بۇ تېكىست ئايرىم - ئايرىم ئىككى پارچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئالدىنقى پارچىدا دونكىخوتنىڭ سەپەر قىلىشتىن ئاۋۋالقى تۈرلۈك خىياللىرى ۋە تەييارلىقى بايان قىلىنىدۇ ؛ كېيىنكى پارچىدا دونكىخوتنىڭ يول ئۈستىدە شامال تۈگمەنلىرى بىلەن ئېلىشقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ ئىككى پارچە كىشىلەرگە : ھەرقانداق ئادەم ئەگەر ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ ، تارىخىي تەرەققىياتقا زىت ھالدا ، ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان رېئاللىققا قارشى زورمۇزور ئىش قىلىدىكەن ، ئۇ ھامان دونكىخوتتەك ئاقىۋەتكە قېلىپ ، ھەممىلا يەردە مۇقەررەر

---

① بۇ تېكىست ئىككى پارچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، «دونكىخوت» رومانىنىڭ باش ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىن تاللاپ ئېلىندى .

هالدا دەككە يەيدۇ ، دېگەن داۋلىنى ئۇقتۇرىدۇ .

«دونكىخوت» مۇنەۋۋەر ھەجۋىي رومان ، روماندىكى دونكىخوت ئوبرازى مۇبالىغە ۋە غايىۋىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق يارىتىلغان . يازغۇچى بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ دەۋرى ئۆتكەن كۆلكىلىك رىتسارلىق (چەۋەندازلىق) روھىنى مەسخىرە قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ ئارقىلىق گۇمانىزم ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن . روماندا پېرسوناژلار ئوبرازى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يارىتىلغان . دونكىخوت بىلەن سانچۇ پانسا مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىگە زىت ۋە بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئوبرازلار ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ بىرى ھەم ئېگىز ، ھەم ئورۇق ، بىرى ھەم پاكار ، ھەم سېمىز ، بىرى ئورۇق ئاتقا مىنىۋالغان ، قولىدا ئۇزۇن نەيزە ، چىرايىنى غەمكىنلىك باسقان ، يەنە بىرى ، سېمىز ئېشەككە مىنىۋالغان ، كالتە قامچا ئېلىۋالغان . ئەپتى بەكمۇ قىزىقارلىق ۋە كۆلكىلىك ، بىرى ، تەلۋىلەرچە خام خىيالغا غەرق بولغان ، بىرى ، مېڭىسى سەگەك ، ئەمەلىيەتچان ۋە باشقىلار . بۇ روشەن سېلىشتۇرمىلار پېرسوناژلارنىڭ كومېدىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن ، روماندا تىل ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان .

## 1

ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ ئەس - ھوشىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقى ئۈچۈن① ، ئۇنىڭدا ھېچقايسى ساراڭنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئاجايىپ ئوي پەيدا بولۇپ قالدى ، يەنى ئۇ ئۆز شۆھرىتىنى چىقىرىش ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىتسار بولۇپ ، ئۆز ئېتى ۋە قورالىنى ئېلىپ دۇنيا كېزىشنى ، ۋەقەلەر ئىزدەپ ، ئۇلارغا تەۋەككۇل قىلىشنى ، كىتابتىكى رىتسارلار ئورۇندىغان ئىشلارنى بىرمۇبىر ئورۇنداپ چىقىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆردى . ئۇ بارلىق جەبىر - زۇلۇم تارتقانلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق خەتەرلەردىن ئۆتۈشكە ۋە شۇنداق قىلىش بىلەن ئۆز شۆھرىتىنى ئەبەدىي ساقلاپ قېلىشقا بەل باغلىدى . ئۇ مۇشۇنداق تاتلىق خىياللارغا چۈمۈلگەنلىكى ئۈچۈن ، سان - ساناقسىز قىزىق ۋەقەلەر خۇددى ئۇنى قىچقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى - دە ، ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى .

ئۇ بىرىنچى بولۇپ ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن قېپقېلىپ ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغان ، دات بېسىپ كۆكىرىپ كەتكەن ساۋۇت - قالقانىنى سۈرتۈپ تازىلىدى . ئۇ ھەممە كۈچى بىلەن ئۇنى سۈرتۈپ پارقىراتقان بولسىمۇ ، دۇبۇلغىنىڭ تۈگەل ئەمەسلىكىنى ، ئۇنىڭ پەقەت باشقا كىيىدىغان قىسمى بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ماھىر قوللىرى دەرھال بۇ يېتىشسىزلىكنى تۈزەتتى ، يەنى ئۇ دۇبۇلغىنىڭ ماڭلىيى بىلەن قۇلاق ياپقۇچىنى قېلىن كارتون قەغەزدىن ئويۇپ ئالدى - دە ، باشقا كىيىدىغان قىسمىغا چاپلاپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن ، راست دۇبۇلغىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ كەتتى . ئۇ بۇ دۇبۇلغىنىڭ پىششىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ، زەربىگە چىدامىلىق - چىدامسىزلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ، ئۆز نەيزىسىنى ئېلىپ ، بىر - ئىككى ئۇرۇپ بېقىۋېدى ، ئويلىمىغاندا ، بىر ھەپتىدىن بۇيان مۇشەققەت بىلەن قىلىنغان ئىش پارە - پارە بولۇپ كەتتى . ئۇ بۇنىڭ شۇنداق ئاسان بۇزۇلۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، بىرئاز نارازى بولدى ۋە كەلگۈسىدە مۇشۇنداق خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىش-

① ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ ئەس - ھوشىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقى ئۈچۈن — بۇ ، دونكىخوتنىڭ رىتسارلار ھەققىدە رومانلارنى ئوقۇپ ، ئۆز ئېسىنى يوقىتىپ ، تۈرلۈك قۇرۇق خىياللارغا بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

تىن قورقۇپ، كارتون قەغەزنىڭ ئاستىغا قاڭالتىر سېلىپ باشقىدىن ياسىۋالدى ۋە بۇنى ناھايىتى مۇستەھكەم بولدى، ئەڭ ياخشى دۇبۇلغا بولدى، دەپ ھېسابلاپ سىناپمۇ باقمىدى.

ئۇ ئىككىنچى نۆۋەتتە ئۆز تۇلپارىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، بۇ خۇددى قورايدەك، لىرا[1] پارچىسىدەك ئورۇق گاننىلانىڭ[2] قۇرۇق سۆڭەك ئېتىدەك ئەرۋاھ ئات بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنى ئالېكساندرنىڭ بۇتسفالى[3]، سىدنىڭ[4] بابىيېگدىن[5] ئارتۇق دەپ ھېسابلىدى. ئۇ مۇشۇنداق ياخشى بىر ئاتقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنداق مەشھۇر رىتسارغا قاراشلىق بولغان بىر ئاتقا ئالاھىدە بىر ئىسىم قويىماي بولمايدۇ، دەپ ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ بىر ياخشى ئىسىم قويۇشنى بىلمەي، ئۇدا تۆت كۈن باش قاتۇردى. ئاخىر بۇ ئاتقا ھەم بىر رىتسارغا قاراشلىقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ھەم ئاتنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ئىسىمنى ئاران تاپتى. ئۇنىڭ ئات ئىگىسىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئىسمىمۇ ئۆزگىرىشى، ئۇلۇغ بىر ئىسىم بولۇشى، ئۇنىڭ يېڭى شارائىت، يېڭى ھاياتقا ماس كېلىشى كېرەك، دەپ ئويلىشى پۈتۈنلەي ئاساسلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن ئىسىملارنى ئويىغا كەلتۈرۈپ، بىرىگە ئۇنىسا، بىرىگە ئۇنىماي يۈرۈپ ئاخىرى روسىنانت[6] دېگەن ئىسىمنى ماقۇللىدى. ئۇنىڭچە بۇ ئىسىم ھەم بۈيۈك، ھەم جاراڭلىق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتنىڭ ئۆتكەندە ئادەتتىكىلا بىر ئات ئىكەنلىكىنىمۇ ۋە بۈگۈن بولسا، دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر ياخشى ئات بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئىپادە قىلالايتتى.

ئۇ ئېتىغا مۇشۇنداق ئىسىم قويغىنىغا كۆڭلى خۇش بولۇپ، ئەمدى ئۆزىگىمۇ بىر ئىسىم قويماقچى بولدى. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ يەنە سەككىز كۈن باش قاتۇردى، ئاخىر ئۇ ئۆزىگە دونكىخوت دەپ ئىسىم قويدى. لېكىن ئۇ قەھرىمان ئامادىسنىڭ[7] «ئامادىس» دېگەن ئىسمىغا قانائەت قىلماي، ئۆز دۆلىتى ۋە يۇرتىنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇپ ئامادىس ت گاللى دەپ ئاتاپ، مۇشۇ دۆلەت بىلەن يۇرتىنىڭمۇ نامىنى چىقارغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، شۇ رىتسارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۆزىنى دونكىخوت ت لامانچا دەپ ئاتىماقچى بولدى. ئۇنىڭچە مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى، يۇرتى تەلتۆكۈس بايان قىلىنغان بولاتتى ۋە يۇرتىنى فامىلە قىلىۋېلىش، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىغا خېلى يۈز - ئابرۇي كەلتۈرگەنلىك بولاتتى.

## 2

خوجايىن بىلەن خىزمەتچى[8] ئىككىسى سۆزلىشىپ كېتىپ بېرىپ، تۈزلەڭدە ئايلىنىۋاتقان 30 - 40 شامال تۈگمىنىنى كۆرۈپ قالدى. دونكىخوت شۇنداق بىر قاراپ، ئۆز خىزمەتچىسىگە مۇنداق دېدى:

---

① لىرا — ئىسپانىيىنىڭ قەدىمكى كۈمۈش پۇلى.
② گاننىلا — XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان فلورېنتسىيە سارىيىنىڭ قىزىقچىسى.
③ بۇتسفالى — ئالېكساندىر ماكېدونسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتى.
④ سىد — ئىسپانىيىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان مىللىي قەھرىمانى، ئۇنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان «سىد ناخشىسى» ناملىق ئېپوس بار.
⑤ بابىيېگ — يۇقىرىقى «سىد ناخشىسى» ناملىق ئېپوسنىڭ باش قەھرىمانى سىدنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتى.
⑥ روسىنانت — «بۇرۇن ئىشلىتىپ يۈرگەن ئات» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.
⑦ ئامادىس — XV ئەسىردىكى رىتسارلار ھەققىدىكى بىر روماندا تەسۋىرلەنگەن بىر رىتسارنىڭ ئىسمى.
⑧ خىزمەتچى — سانچو پانسانى كۆرسىتىدۇ.

— تەقدىرنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىشىمىز ئۆزىمىز ئويلىغاندىكىدىنمۇ ئوڭغا تارتتى. قارىغىنا ئۇياققا دوستۇم سانچۇ پانسا، سەن ئاۋۇ 30 نەچچە دەھشەتلىك دىۋىلەرنى كۆرگەنسەن؟ مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن. ھەممىسىنى نابۇت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىپ، تازا بىر بېيىپ كېتەيلى. بۇ ئادالەتلىك سوقۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم يامان نېمىلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتسەم، ئاللانىڭ ئالدىدىمۇ بىر خىزمەت كۆرسەتكەن بولىمەن.

سانچۇ پانسا:

— نېمە دىۋە! — دەپ سورىدى. خوجايىنى بولسا جاۋاب بېرىپ:

— قارا، ئاۋۇ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇۋاتقانلارغا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە 10 — 20 چاقىرىم كېلىدىغان بىر قانچىدىن قول بار ئىكەن، — دېدى. سانچۇ:

— سىز ياخشىراق قاراڭا، ئەپەندى، ئۇلار دىۋىلەر ئەمەس، شامال تۈگمىنى، ئۇ «قولدەك» دېگەن نەرسىلەر تۈگمەننى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن شامالغا قويۇلغان چاقپەلەك، — دېدى. دونكىخوت:

— ھەي، بۇنىڭغا قارىغاندا، سەن ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنسەن، ئۇلار ھەقىقەتەن دىۋىلەر، ئەگەر قورقىدىغان بولساڭ، بىر چەتكە چىقىپ دۇئا قىلىپ تۇرغىن. مەن بىر، دۈشمەن كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن جەڭ مەيدانىغا چۈشىمەن، — دەپ، خىزمەتچىسىنىڭ ئارقىسىدىن، «ھاي، ئۇلار دىۋىلەر ئەمەس، شامال تۈگمىنى» دەپ ۋارقىرىغانلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئېتىنى ئالغا دېۋىتىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دانىشمەنلىكى بىلەن مەست بولۇپ، ئۇلارنى دىۋىلەر دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، سانچۇنىڭ ۋارقىرىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىدى ۋە خېلى يېقىن كېلىپمۇ ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي، مەردانە بىر قىياپەتتە شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى:

— قېچىشما توخۇ يۈرەك، تېگى پەس، شۇم پېشانىلەر! نېمىدىن قورقۇشىسەن؟ ھازىر سەنلەرنىڭ ئەدىپىڭنى بەرگىلى كەلگەن يالغۇز بىر رىتسار!

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا شامال بىرئاز كۈچىيىپ، چاقپەلەك ئايلانغىلى باشلىدى. دونكىخوت بۇنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— ياخشى، سەنلەر برىئارېينىڭ① قولىدىنمۇ جىق قوللىرىڭنى سوزۇشۇەر، بەربىر ھالاك بولۇشىسەن!

ئۇ مۇشۇنداق دەپ، قالقىنى بىلەن ئۆزىنى توستى - دە، نەيزىسىنى توغرىلاپ روسنانتنىڭ دۈمبىسى بىلەن بىرىنچى شامال تۈگمىنىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ نەيزىسى چاقپەلەككە يېتىپ كېلە - كەلمەيلا، شامال چاقپەلەكنى قاتتىق ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكتىن، نەيزىنىمۇ پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى، دونكىخوتنىمۇ ئات - پېتى بىلەن ئوراپ ئېلىپ چىقىپ، نېرىغا ئىرغىتىۋەتتى. سانچۇ پانسا ئېشىكىنى ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي چاپتۇرۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كەلدى. ئۇ روسنانت بىلەن شۇنداق قاتتىق يىقىلغان ئىدىكى، ھەتتا مىدىرلىيالماي قالدى. سانچۇ:

— خۇدايا، رەھىم قىلساڭ! مەن سىزگە بۇ چاقپەلەك دېمىگەنمىدىم؛ ئۆزىنىڭ كاللىسىغا چاقپەلەك ئورنىتىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم بۇنى شامال تۈگمىنى ئەمەس، دەپ ئويلىمايدۇ، — دېدى. دونكىخوت جاۋابەن:

---

① برىئارېي — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى يۈز قوللۇق دىۋە.

ــ هولۇقما ، دوستۇم سانچۇ ، يېڭىش ـ يېڭىلىش ئۇرۇشتا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . باشقا ھەممە ئىشلارغا قارىغاندا ئۇنى پەرەز قىلىش تەس . . . ــ دېدى . سانچۇ پانسا ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئېتىغا باشقىدىن مىندۈردى .

شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار يول بويى ھازىرقى دۇچ كەلگەن خەتەر ئۇستىدە سۆزلىشىپ ، لاپىسى تەرەپكە كېتىدىغان ئاچا يول بىلەن مېڭىپ كەتتى . دونكىخوت : بۇ ، ھەممە تەرەپكە بارغىلى بولىدىغان يول ، چوقۇم نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ خەتەرلىك ۋەقەلەرگە يولۇقىمىز ، دەپ ھېسابلىدى .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . دونكىخوتتا قانداق ئوي ـ پىكىرنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن قانداق تەييارلىقلارنى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

2 . ئاپتور دونكىخوتنىڭ دات بېسىپ كۆكىرىپ كەتكەن ساۋۇت ـ قالقانىنى سۈرتۈپ تازىلىغانلىقىنى ، دۇبۇلغىنىڭ ماڭلىيى بىلەن قۇلاق ياپقۇچىنى قېلىن كارتون قەغەزدىن ئويۇۋېلىپ ، باشقا كىيىدىغان قىسمىغا چاپلاپ قويغانلىقىنى ، بولۇپمۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ «ئاتا- بوۋىلىرىدىن قېپقالغان» نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن . بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ قانداق رولى بار ؟

3 . دونكىخوت نېمە ئۇچۇن شامال تۈگمەنلىرىنى دېۋىلەر دەپ بىلىدۇ ؟ سانچۇ پانسا ئۇلارنىڭ شامال تۈگمەنلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرسىمۇ ، نېمە ئۇچۇن ئۇ يەنىلا ئۇلارنى دېۋە دەپ بىلىپ ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ؟ بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار ؟

4 . دونكىخوتنىڭ دېۋىلەر (شامال تۈگمەنلىرى ) بىلەن ئېلىشىشىنى جانلىق ۋە بىرقەدەر تەپسىلىي قىلىپ قايتا بايان قىلىڭلار .

5 . «دونكىخوت» رومانى ۋە تېكىستنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

6 . بۇ تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭلار .

# 17 . مەدھىيە①

## ھېنرىخ ھېيىنى (گېرمانىيە)

## ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

ھېنرىخ ھېيىنى گېرمانىيىنىڭ XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرى بولۇپ، ئۇ 1797-يىلى تۇغۇلۇپ، 1856 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى»، «مەدھىيە»، «لورېللېي» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە «گېرمانىيە — بىر قىش ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانى بار.

ھېنرىخ ھېيىنې 20 ياشقا كىرگەندە ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇپ، شېئىر يېزىشقا باشلىغان. دەسلەپكى مەزگىلدە رومانتىزم ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇ چاغدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى رېئاللىقتىن ئايرىلغان بولۇپ، كەيپىياتى تۆۋەن بولغان. ئۇ 1843 - يىلى كارل ماركس بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتقان ۋە ماركسنىڭ تەسىرى، ئىلھاملاندۇرۇشى ھەم ياردىمى ئارقىسىدا زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر سىياسىي لىرىكىلارنى، جۈملىدىن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى — «گېرمانىيە- بىر قىش ھەققىدە چۆچەك» دېگەن داستانىنى يازغان. 1844 - يىلى سىلېزىيىدە توقۇمىچى ئىشچىلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىغان. بۇ چاغدا ھېنرىخ ھېيىنې «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى» دېگەن داڭلىق شېئىرنى يېزىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنى مەدھىيىلەپ، دىنىنىڭ ساختىلىقىنى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، تارىخىي ھۆكۈم چىقارغان.

1830 - يىلى 7 - ئايدا فرانسىيىدە يۈز بەرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابى شائىرغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە يېڭى بىر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. شائىر بۇ ئىنقىلابنىڭ روھىدىن ئىلھاملىنىپ، شۇ يىلى «مەدھىيە» ناملىق سىياسىي لىرىكىسىنى يازغان.

«مەدھىيە» ناملىق بۇ مۇنەۋۋەر سىياسىي لىرىكىدا شائىر يالقۇنجاپ تۇرغان ئىنقىلابىي ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغان ۋە كىشىلەرنى كونا دۇنياغا قارشى جەڭ قىلىشقا جاسارەت بىلەن ئېلىشىشقا چاقىرغان.

شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى پەقەت بىر مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆتكۈر، كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۇ، ئوخشىتىشى ئوبرازلىق بولۇپ، گويا كى يۈرۈشكە چېلىنغان سىگنال، جەڭگە كىرىشكە ئۈندىگۈچى جەڭ دۇمبىقى ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. پۈتۈن شېئىر مىسلىسىز باتۇرلۇق جاسارىتى ۋە ئۇلۇغ پەسەنت قىلمايدىغان ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھى بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. شېئىردا لىرىك قەھرىماننىڭ يۈكسەك ئوبرازى گەۋدىلىنىدۇ. شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، باش - ئاخىرى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلىدۇ.

---

① بۇ تېكىست «چەت ئەل تاللانغان شېئىرلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

بۇ كەيپىياتنى كۈچلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئوتتۇردىكى كۇپلېتلارنىڭ قۇرۇلمىسى زىچ بولۇپ، بىر - بىرىگە چىڭ باغلىنىپ، شېئىرىي پىكىر بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان.

ئۈچىنچى كۇپلېت پۈتۈن شېئىرنىڭ كولمىناتسىيىسى بولۇپ، مىسرالار قايتىلىنىپ، ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ؛ بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى يېڭىچە بولۇپ، شېئىرنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. بۇ شېئىر كىشىلەرگە غەلىبە گۈلىنىڭ قىپقىزىل قانلار بەدىلىگە ئېچىلىدىغانلىقىنى، ھايات قالغانلارنىڭ ھېچبىر ئىككىلەنمەي قولىغا قورال ئېلىپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىشى ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمىگۈچە بولدى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. پۈتۈن شېئىرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، تەنتەنىلىك ھەم قايغۇلۇق بولۇپ، غايەت زور رىغبەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

زۇلپىقارمەن، يالقۇن — مەشئەلمەن.

تۈننى يېرىپ ئۇچقۇن چاچىمەن،
جەڭ باشلانسا ئالغا چاپىمەن.
سەپ ئالدىدا باتۇرلۇق بىلەن،
قوشۇنلارغا يولنى ئاچىمەن.
يان - يېنىمدا سەپداشلىرىمنىڭ،
جەسەتلىرى ياتىدۇ قاتار.
بىراق، جەڭدە غالىب كەلدۇق بىز،
زەپەر بىزگە قوينىنى ئاچار.
شۇنداق، جەڭدە غالىب كەلدۇق بىز،
زەپەر بىزگە قوينىنى ئاچار.
بىراق، بۇنداق سەپداشلىرىمنىڭ،
جەسەتلىرى ياتىدۇ قاتار.
ماتەم كۈيى زەپەر مارشىغا،
تەڭكەش بولۇپ ياڭرايدۇ ھەريان.
ئەمما، بىزنىڭ يەتمەس ۋاقتىمىز،
تەنتەنىگە، ماتەمگە ھامان.
جەڭ سىگنالى چېلىنسا يەنە،
ئاتلىنىمەن كۈرەشكە شۇئان.

زۇلپىقارمەن، يالقۇن — مەشئەلمەن.
1830 - يىل

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1. شائىر شېئىرنىڭ باش تەرىپى (ئىككىنچى كۇپلېتى) دە مۇنداق دەيدۇ:

تۈننى يېرىپ ئۇچقۇن چاچىمەن ،
جەڭ باشلانسا ئالغا چاپىمەن .
سەپ ئالدىدا باتۇرلۇق بىلەن ،
قوشۇنلارغا يولنى ئاچىمەن .

شائىر بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كونا دۇنياغا قارشى جەڭدە جەسۇرلۇق بىلەن ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ ، قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلىقى ، زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە سەپداشلىرىنىڭ يولىنى يورۇتىدىغان يالقۇن ـ مەشئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . بىز يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقۇ-غاندا ، ئىختىيارسىز هالدا ، ماكسىم گوركىينىڭ «ئىزىرگىل موماي» ناملىق هېكايىسىدىكى دانكو ئوبرازى يادىمىزغا كېلىدۇ . ئۇ قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان جاڭگالدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يۈرىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئۆزى ئالدىغا چۈشۈپ ، ئادەملەرنىڭ يولىنى يورۇتۇپ ماڭىدۇ . سىلەر دانكو ئوبرازى بىلەن بۇ شېئىردىكى لىرىك قەهرىمان ئوبرازىنى سېلىشتۇرۇپ ، شېئىردىكى لىرىك قەهرىمان ئوبرازى توغرىسىدىكى تەسىراتىڭلارنى سۆزلەڭلار ۋە بۇ شېئىر-نىڭ ئەينى ۋاقىتتا قانداق ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

2 . شېئىرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ :

ئەمما ، بىزنىڭ يەتمەس ۋاقتىمىز ،
تەنتەنىگە ، ماتەمگە هامان .
جەڭ سىگنالى چېلىنسا يەنە ،
ئاتلىنىمەن كۈرەشكە شۇئان .

بۇ مىسرالارنى تەهلىل قىلىپ ، بۇنىڭدا شائىرنىڭ قانداق روهى ئەكس ئەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

3 . شېئىرنى هېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار .

# 18 . ۋېنېتسىيە سودىگىرى①

## (درامىدىن پارچە)

## ۋىليام شېكىسپېر (ئەنگلىيە)

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

ۋىليام شېكىسپېر ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى ۋە شائىرى بولۇپ، ئۇ 1564 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1616 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ يازغان درامىلىرى كۆپ بولۇپ، تراگېدىيە، كومېدىيە ۋە تارىخىي درامىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «خاملېت»، «كارول لىر»، «ئوتېللو»، «ۋېنېتسىيە سودىگىرى»، «رومېئو ـ ژۇلېتتا» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ .

«ۋېنېتسىيە سودىگىرى» ۋىليام شېكىسپېر ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە تەۋە دراما بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن جازانىخور شىلوك بىلەن ۋېنېتسىيە سودىگىرى ئانتونىئو ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق، جازانە كاپىتالى ۋەكىلى شىلوك ئاچچىق ھەجۋىيلەنگەن، ئۇنىڭ بېخىللىقى، ئاچ كۆزلۈكى، جاھىللىقى، رەھىمسىز ۋە شەپقەتسىزلىكى كۈچلۈك پاش قىلىنغان؛ سودا كاپىتالىنىڭ ۋەكىلى ئانتونىئو ئالقىشلانغان، ئۇنىڭ مەردلىكى، مېھرىبانلىقى، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى مەدھىيىلەنگەن . درامىنىڭ بۇ باش تېمىسى شۇ چاغدىكى گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەينى زاماندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىلغارلىققا ئىگە ئىدى .

بۇ تېكىستنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندە بۇ تېكىستكە ئالاقىدار ۋەقەلىكنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز : ئانتونىئو دوستى باسانىئونىڭ سۆيگىنى بىشياغا تۇرمۇش قۇرۇش تەكلىپىنى قويۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، يەھۇدىي سودىگىرى شىلوكتىن 3 مىڭ سوم قەرز ئالىدۇ . شىلوكنىڭ ئانتونىئو بىلەن كونا ئاداۋىتى بولغاچقا، ئۇ كۆڭلىدە بىر شۇملۇقنى ئويلايدۇ . لېكىن ئۇ ياخشى نىيەتلىك قىياپەتتە، ئانتونىئودىن بىر تىيىنمۇ ئۆسۈم ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن توختام تۈزۈپ قويۇشنى، يەنى ئەگەر پۇل بەلگىلەنگەن مۇددەت ۋە بەلگىلەنگەن ئورۇندا قايتۇرۇلمىسا، قەرزدارنىڭ كۆكرىكىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋالىدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ بىر توختام تۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . تەلەپ بويىچە توختام تۈزۈلىدۇ . ئانتونىئونىڭ ياردىمىدە باسانىئونىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ . لېكىن، كۈتمىگەندە ئانتونىئونىڭ سودا كېمىسى خادا تاشقا سوقۇلۇپ

---

① بۇ تېكىست ۋ شېكىسپېرنىڭ «شېكىسپېر ئەسەرلىرى» (خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1978 ـ يىل نەشرى) ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىدىكى «ۋېنېتسىيە سودىگىرى» ناملىق درامىسىدىن ئېلىندى . بۇ، درامىنىڭ تۆتىنچى پەردىسىنىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت .

كېتىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكتىن شىلوكنىڭ پۇلىنى قەرەل توشقاندا قايتۇرالماي قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن شىلوك سوتقا ئەرز قىلىپ ، تۈزۈلگەن توختام بويىچە ئانتونىئونىڭ كۆكرىكىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . گېرتسوگ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ نەسىھەتنى ئاڭلىماي ، توختامنى ئىجرا قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىپ ، قانۇن ماددىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئانتونىئودىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ . دەرسلىككە ئېلىنغان تېكىستنىڭ ۋەقەلىكى دەل مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ .

بۇ تېكىست (درامىنىڭ تۆتىنچى پەردە بىرىنچى كۆرۈنۈشى ــ سوتتا ) پۈتۈن درامىنىڭ ئەڭ ئېسىل قىسمى بولۇپ ، ئۇ پۈتۈن درامىنىڭ مەركىزى ، دراما سۇژېت لىنىيلىرى ئىچىدىكى ئاساسىي لىنىيە ، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ كولمىناتسىيىسى ھېسابلىنىدۇ . ئەسەردىكى ئۈچ سۇژېت لىنىيىسى بۇ كۆرۈنۈشتە مەركەزلىشىدۇ . ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى سەھنىگە چىقىدۇ . زىددىيەت توقۇنۇشنىڭ ئىككى تەرىپى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ، بىر مەيدان كەسكىن ۋە شىددەتلىك ئېلىشىش ئېلىپ بارىدۇ ۋە يېڭىش ـ يېڭىلىش ھەل قىلىنىدۇ . ئىككى ئاساسلىق پېرسوناژ شىلوك بىلەن بىشىيانىڭ ئوبرازى ھەمدە پۈتۈن ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسى بۇ كۆرۈنۈشتە تولۇق گەۋدىلىنىدۇ .

شىلوك بىلەن ئانتونىئو ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بۇ درامىنىڭ ئاساسىي زىددىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ . شىلوك بىلەن ئانتونىئو ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق گۇمانىزمنىڭ ئەخلاق غايىسىنى ئالغا سۈرىدۇ ، پۇل ، مال ـ مۈلۈك ئۈچۈن نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلگەن ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنى قاتتىق قامچىلايدۇ . ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى مانا مۇشۇ نۇقتىدا گەۋدىلىنىدۇ .

بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئالغاندا ، بۇ كۆرۈنۈشتە دراماتىك توقۇنۇش كۈچلۈك گەۋدىلىنىدۇ . بۇ كۆرۈنۈشتە ھەممە پېرسوناژلار دېگۈدەك سەھنىگە چىقىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدۇ . ئۇلاردا ھەم سىنىپىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلىنىدۇ ، ھەم ئۆزىگە مەنسۇپ روشەن خاسلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئاپتور پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدە سۈرەتلەپ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق ، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ ، تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ .

## ۋېنېتسىيە سوتىدا

گېرتسوگ① مۆتىۋەرلەر ، ئانتونىئو② ، باسانىئو③ ، گرىسىئاننو④ ، سالارىنو ۋە باشقىلار بىلەن سەھنىگە چىقىدۇ .

گېرتسوگ : ئانتونىئو كەلدىمۇ ؟

ئانتونىئو : كەلدىم ، جانابلىرى .

گېرتسوگ : سېنىڭ ئىشىڭ كۆڭلۈمنى غەش قىلىۋاتىدۇ ؛ سەن باغرى تاش رەقىب

---

① گېرتسوگ — ۋېنېتسىيە گېرتسوگى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ۋېنېتسىيە فېئودالىزمنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە جۇمھۇرىيەت ئىدى . گېرتسوگ ۋېنېتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىدۇر .

② ئانتونىئو — ۋېنېتسىيە سودىگىرى .

③ باسانىئو — ئانتونىئونىڭ دوستى .

④ گرىسىئاننو ۋە تۆۋەندە ئۇچرايدىغان سالارىنو ، سارىنىئو قاتارلىقلار — ئانتونىئو بىلەن باسانىئونىڭ دوستلىرى .

بىلەن ، ئىچ ئاغرىتىشنى ، قىلچە رەھىم قىلىشنى ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلـ-
مەيدىغان مۇتتەھەم بىلەن يۈزلىشىپ قالدىڭ .
ئانتونىئو : ئاڭلىسام جانابلىرى ئۇنى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە دەۋەت
قىپسىز ، لېكىن ئۇ كاجلىق قىلىپ ، ئازراقمۇ يول قويۇشقا ئۇنىماپتۇ .
ئۇنىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىدىن قانۇني ۋاستە ئارقىلىق قۇتۇلالمايدىغان
بولغىنىمدىن كېيىن ، ئۇنىڭ غەزىپىگە چىداپ ، ئۇنىڭ ياۋۇزلارچە بىر
تەرەپ قىلىشىنى خاتىرجەملىك بىلەن كۈتەي .
گېرتسوگ : ھەي ، ئېيتىڭلار ، ھېلىقى يەھۇدىي كىرسۇن .
سارىنئو : ئۇ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ؛ ئۇ كەلدى جانابلىرى .
شىلوك① سەھنىگە چىقىدۇ .
گېرتسوگ : جامائەت يول بېرىڭلار ، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا تۇرسۇن ، شىلوك ، مەنمۇ
شۇنداق ئويلايمەن ، ئۆزۈڭنى ئەتەي ياۋۇزلۇققا سېلىۋاتىسەن ، ئەڭ ئاخىرد-
دا ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ ھازىرقى رەھىمسىزلىكىڭدىنمۇ ئارتۇق-
راق رەھىم قىلىسەن ـــ ئىچ ئاغرىتىسەن ، ھازىر سەن شەرتنامە بويىچە
جازالاپ ، بۇ شور پېشانە سودىگەرنىڭ تېنىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋې-
لىشتا چىڭ تۇرۇۋاتقان بولساڭمۇ ، ۋاقتى كەلگەندە ، بۇ جازادىن ۋاز كې-
چىشتىن تاشقىرى ، كۆڭلۈڭ يۇمشاپ ، ئۇنى قەرزىنىڭ بىر قىسمىدىنمۇ ئازاد
قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن . قارىغىنا ، ئۇنىڭ يېقىندا ، ئۇدا تارتقان غايەت زور
زىيانلىرى ھەرقانداق دۆلەتمەن سودىگەرلەرنىمۇ خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ ،
ھەتتا تاش يۈرەك ، ھېچقاچان خەيرخاھلىق قىلمايدىغان ياۋۇز ئادەممۇ ئۇنىڭ
ھالىغا ئېچىنىدۇ . ھەي يەھۇدىي ، ھەممىمىز سېنىڭ بىر ئېغىز ئوبدان
جاۋابىڭنى كۈتۈۋاتىمىز .
شىلوك : مۇددىئايىمنى جانابلىرىغا ئىزھار قىلغانىدىم ، جەزمەن شەرتنامە بويىچە جازالا-
ش توغرىسىدا ، مۇقەددەس جۇمە كۈنى② بىلەن قەسەممۇ قىلدىم ، ناۋادا جانابى-
لىرى تەلىپىمگە يول قويمىسىڭىز ، نىزامنامىنى مەنسىتمىگەن بولىسىز ، ئۇ
ھالدا مەن پايتەختكە بېرىپ ، يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ ، ئەللىرىنىڭ ئىمتىيازلى-
رىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىمەن . سىز مېنىڭدىن : نېمە ئۈچۈن 3
مىڭ سوم پۇلنى ئالماي ، بىر پارچە چىرىگەن سېسىق گۆشنى ئالماقچى
بولىسەن ، دەپ سورىسىڭىز ، بۇنىڭغا جاۋاب بەرگۇدەك ھېچقانداق ئاساسىم
يوق ، مەن پەقەت مۇشۇنداق قىلىشنى خالايمەن ، دېيىشىم مۇمكىن ، بۇ جاۋاب
ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر ئۆيۈمدە چاشقان بولۇپ ، ئۇلارنى قوغلىۋېتىشكە ئادەم ياللاپ ،
ئۇنىڭغا ئون مىڭ سوم بەرسەم ، بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى ؟ بۇ سىزگە
بەرگەن جاۋابىم ئەمەسمۇ ؟ بەزىلەر ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان چوشقىنى
ياقتۇرمايدۇ ، بەزىلەر مۈشۈكنى كۆرسە ، سەپرايى ئۆرلەيدۇ ، يەنە بەزىلەر
خەقنىڭ ئۇچۇرۇۋاتقان لەگلىكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا ، چىدىماي سىيىۋېتىدۇ ،
چۈنكى ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى ياكى يامان كۆرۈشى

① شىلوك — جازانىخور يەھۇدىي باي .
② مۇقەددەس جۇمە كۈنى — بۇ يەردە يەھۇدىي دىنىنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىملىق مۇقەددەس كۈنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ ، دىندارلار بۇ كۈنى خىزمىتىنى توختىتىپ ، خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ .

بەلگىلەيدۇ ، بۇ ھېچكىمنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ ، ئەمدى سىزگە مۇنداق
جاۋاب بېرىمەن : نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان چوشقىدىن
سەسكىنىدۇ ، بەزىلەر پايدىسى بار ، زىيىنى يوق مۈشۈكتىن يىرگىنىدۇ ، يەنە
بەزىلەر ۋىڭ ـ ۋىڭ قىلغان لەگلەك ئاۋازىنى ياقتۇرمايدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى-
گە زادىلا تولۇق ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ . بۇلار پەقەت تۇغما مىجەزدىن
بولىدۇ . شۇڭا ئۇلار بىرەر تەسىرگە ئۇچرىسىلا ، ئىختىيارسىز سەت بەتبەشى-
رىسىنى كۆرسىتىدۇ ، شۇڭا مەن بىرەر سەۋەب كۆرسىتەلمەيمەن . بىرەر
سەۋەب كۆرسىتىشنىمۇ خالىمايمەن ، مەن ئانتونىئوغا بولغان ئۆچمەنلىكىم ۋە
چوڭقۇر ئاداۋىتىم تۈپەيلىدىنلا ، ئۆزۈمگە قىلچە پايدىسى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ
بىلەن «دەۋالىشىۋاتىمەن» ، ئەمدىغۇ جاۋابىمنى ئالغانسىز ؟

باسانىئو : ھۇ رەھىمسىز ئەبلەخ ، بۇ جاۋابىڭ سېنىڭ رەھىمسىزلىكىڭنى ئاقلىمايدۇ .

شىلوك : مەن جاۋابىم كۆڭلۈڭگە ياقسۇن دەپ جاۋاب بېرىۋاتقىنىم يوق .

باسانىئو : ئەجەبا ، كىشىلەر ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغانلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمىسا
بولمامدىكەن ؟

شىلوك : كىممۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايدىغان كىشىگە ئۆچ بولسۇن ؟

باسانىئو : بىر قېتىم چىشلىگەنگە تېگىپ قويغىنىغا ئۆچلۈك قىلساڭ بولمايدۇ .

شىلوك : نېمە ! سەن زەھەرلىك يىلاننىڭ ئىككىنچى قېتىم چېقىشىنى خالامسەن ؟

ئانتونىئو : سىز ئويلاپ بېقىڭ . سىزنىڭ شۇ تاپتا بۇ يەھۇدىي بىلەن زاكۇنلىشىشىڭىز
خۇددى دېڭىز ساھىلىدا تۇرۇپ ، دېڭىزنىڭ غەزەپلىك دولقۇنلىرىغا مەۋج
ئۇرغان ئۆركەشلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى پەسەيتىشنى مۇراجىئەت قىلغانغا ، چىل-
بۆرىنى نېمە ئۈچۈن قوزىسىغا زىيانكەشلىك قىلىپ ، ساغلىقنى پەرياد چەك-
تۈرىسەن دەپ ئەيىبلەشكە ياكى تاغدىكى قارىغاينى شامالدا ئىرغاڭلاپ شىل-
دىرلىماسلىققا دەۋەت قىلغانغا ئوخشاش ئىش . ئەگەر سىز بۇ يەھۇدىنىڭ
يۈرىكىنى يۇمشىتالىسىڭىز ــ دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق نېمە بار ؟ ــ
قىلغىلى بولمىغۇدەك يەنە قانداق قىيىن ئىش بولسۇن ؟ شۇڭا سىزدىن
ئۆتۈنەيكى ، ئۇنىڭ بىلەن شەرت ئۈستىدە يەنە مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرماڭ ،
مەن ئۈچۈن ئامال ـ چارە ئىزدەپمۇ ئاۋارە بولماڭ ، مەن ھۆكۈمنى خۇشاللىق
بىلەن قوبۇل قىلىپلا ، بۇ يەھۇدىينىڭ ئارزۇسىنى قاندۇراي .

باسانىئو : سېنىڭدىن ئۆتنە ئالغان 3 مىڭ سومنىڭ ئورنىغا 6 مىڭ سوم قايتۇرسام
قانداق ؟

شىلوك : 6 مىڭ سومنىڭ ھەر بىرىنى ئالتە ئۈلۈشكە بۆلۈپ ، ھەر ئۈلۈشنى بىر سومغا
ئايلاندۇرغىلى بولسىمۇ ئالمايمەن . مەن پەقەت شەرتنامە بويىچە جازالاشنىلا
تەلەپ قىلىمەن .

گېرتسوگ : سەن مۇشۇنداق شەپقەتسىزلىك قىلساڭ ، خەقتىن قانداقمۇ مېھىر ـ شەپقەت
كۈتەلەيسەن ؟

شىلوك : مەن خاتا ئىش قىلمىسام ، نېمىدىن قورقاتتىم ؟ سىلەر نۇرغۇن قۇللارنى
سېتىۋېلىپ ، ئۇلارنى ئات ـ ئېشەك ئورنىدا تۇرلۇك قارا ئىشلارغا سالىسى-
لەر ، چۈنكى ، سىلەر ئۇلارنى پۇلغا سېتىۋالغان . مەن سىلەرگە : ئۇلارغا
ئەركىنلىك بېرىڭلار ، ئۇلار پەرزەنتىڭلار بىلەن توي قىلسۇن ؛ ئۇلار نېمە

ئۇچۇن ئېغىر يۈك ئاستىدا قان ـ تەرلىرىنى ئاققۇزىدۇ ؟ ئۇلارغىمۇ سىلەرنىڭـ
كىگە ئوخشاش يۇمشاق ئورۇن ـ كۆرپە سېلىنغىلار ، ئۇلارمۇ سىلەر يەيدىغان
نازۇ نېمەتلەرنى تېتىپ باقسۇن ، دېسەم بولامدۇ ؟ شۇنداق دېسەم ، سىلەر :
«بۇ قۇللار بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزدا» دېيىشىڭلار مۇمكىن . شۇڭا مەنمۇ
سىلەرگە : مەن ئۇنىڭدىن ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر قاداق گۆش ماڭا
مەنسۇپ ، ئۇنى جەزمەن ئېلىشىم كېرەك ، دەپ جاۋاب بېرىمەن . سىز تەلىـ
پىمنى رەت قىلسىڭىز ، ئۇ هالدا ئۇ قۇرۇق قەغەز بولۇپ قالىدۇ ، مەن
هۆكۈمنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن ، ماڭا تېزرەك جاۋاب بېرىڭ ، مەن بىر قاداق
گۆشنى ئالسام بولامدۇ ـ يوق ؟

گېرتسوگ : بۇ دەۋانى سوراش ئۈچۈن ، پېرارىنو دېگەن بىلىملىك دوكتورنى تەكلىپ
قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتىم ؛ ئەگەر ئۇ بۈگۈن كەلمىسە ، هۆكۈم قىلىشنى
كېچىكتۈرۈشنى جاكارلاشقا هەقلىقمەن .

سالارىنو : ئالىيلىرى ، پادۇيادىن هېلىلا كەلگەن بىر ئەلچى ئاشۇ دوكتورنىڭ خېتىنى
ئالغاچ كەپتۇ ، تاشقىرىدا ئالىيلىرىنىڭ قىچقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ .

گېرتسوگ : ماڭا خەتنى ئەكېلىپ بەر ، ئەلچى كىرسۇن .

باسانىئو : خۇشال بولساڭ بولغۇدەك ، ئانتونىئو ! هوي بۇرادەر ، روهىڭنى چۈشۈرمە !
بۇ يەهۇدىي گۆشۈمنى ، قېنىمنى ، بارلىقىمنى ئېلىشى مۇمكىن ، لېكىن
سېنىڭ مېنى دەپ بىر تامچە قېنىڭنى تۆكۈشۈڭگىمۇ يول قويمايمەن .

ئانتونىئو : مەن قويلار ئىچىدىكى كارغا يارىمايدىغان بىر بىراك قوي ، ئۆلۈش مېنىڭ
نۆۋىتىم ؛ هەممىدىن ئاجىز مېۋە هەممىدىن ئاۋۋال يەرگە چۈشىدۇ ، مەنمۇ
هاياتىمنى ئاشۇنداق تۈگىتەي . باسانىئو سەنلا هايات قېلىپ ، مەن ئۈچۈن
قەبرە تاش ئورنىتىپ ، خەت يېزىپ قويساڭ ، قىلغان ياخشىلىقىڭ بولسۇن .

نىلشا① ئادۋوكات قىياپىتىدە سەهنىگە چىقىدۇ .

گېرتسوگ : سەن پادۇيادىكى پېرارىنونىڭ يېنىدىن كەلدىڭمۇ ؟

نىلشا : شۇنداق ، ئالىيلىرى . پېرارىنو ئالىيلىرىغا ئېهتىرام بىلدۈرۈشۈمنى تاپـ
شۇردى (بىر پارچە مەكتۇپ سۇنىدۇ ) .

باسانىئو : سەن پىچىقىڭنى شۇنچە بىلەپ نېمە قىلماقچىسەن ؟

شىلوك : ئاۋۇ ۋەيران بولغان ئەبلەخنىڭ تېنىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋالماقچىدـ
مەن .

گىرىسىئاننو : باغرى تاش يەهۇدىي ، سەن مۇشۇ تاپتا پىچىقىڭنى قونچىڭغا بىلىمەي ،
يۈرىكىڭ بىلەن بىلەۋاتىسەن ؛ هەرقانداق تۆمۈر قورالنىڭ زەهىرىمۇ ،
هەتتا جاللاتنىڭ پولات قىلىچىنىڭ زەهىرىمۇ ، سېنىڭ شەپقەتسىز يۈرەـ
كىڭنىڭ زەهىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە يەتمەيدىكەن . سېنى هەرقانداق يالۋۇـ
رۇش ـ يېلىنىشمۇ ئېرىتەلمەمدۇ ؟

شىلوك : ئېرىتەلمەيدۇ ، هەرقانچە شېرىن ـ تاتلىق گەپلىرىڭمۇ ماڭا كار قىلمايدۇ .

گىرىسىئاننو : ياۋۇز ئىت ، ئۆلگىنىڭدىن كېيىن دوزاختا چۈشمىگىنىڭنى كۆرەي . سېـ
نىڭدەك بىر نېمىنى دۇنيادا قالدۇرغان ئادالەتنىڭمۇ كۆزى يوق ئىكەن .

① نىلشا — بىشيانىڭ دېدىكى ، گىرىسىئاننونىڭ خوتۇنى ، بۇ پەردىدىكى ئويۇندا ئۇ ئەرچە ياسىنىپ ، ئادۋوكات كاتىپى بولۇۋالىدۇ .

سەن ھەتتا مېنىڭ ئېتىقادىمنىمۇ تەۋرىتىپ مېنى پىفاگور[1]نىڭ : ھايۋان- نىڭ روھى ئادەمنىڭ تېنىدە قايتا تىرىلىدۇ ، دېگەن مۇلاھىزىسىگىمۇ ئىشەندۈرۈپ قويۇشقا باشلىدىڭ ، سېنىڭ ئەسلى - نەسلىڭ چوقۇم چىلبۆ- رە ، ئۇ ئادەم يېگەندىن كېيىن ، ئادەملەر تۇتۇۋېلىپ ، دارغا ئاسقان ، ئۇنىڭ ياۋۇز- قەبىھ روھى داردىن قېچىپ چىقىپ ، ئاناڭنىڭ پاسكىنا تۆرەلمىسىگە كىرىۋالغان ئوخشايدۇ ، چۈنكى سېنىڭ تەبىئىتىڭ خۇددى چىلبۆرىدەك ياۋۇز ، ئاچ كۆز .

شىلوك : سېنىڭ شەرتنامىدىكى مۆھرۈمنى تىل - ئاھانەت بىلەن ئۆچۈرۈۋېتەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭا كانىيىڭ يىرتىلغۇچە كاركىرىساڭمۇ مېنى كۆندۈ- رەلمەيسەن . بىكار ئاغزىڭنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسەن؟ بۇرادەر ، ساڭا مەسلىھەتىم ، مېڭەڭ ئارام ئالسۇن ، ئەسەبىيلىرىڭ بۇزۇلۇپ ، يىغىشتۇرال- ماي قالما يەنە ، مەن بۇ يەردە قانۇننىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتى- مەن .

گېرتسوگ : پېرارىنو بۇ خېتىدە سوتىمىزغا بىلىملىك ياش بىر دوكتورنىڭ قاتنىشىدىغان- لىقىنى ئېيتىپتۇ ، ئۇ نەدە ؟

نىشال : ئۇ يېقىنلا يەردە جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ، ئالىيلىرى ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت قىلامىلىكىن ؟

گېرتسوگ : مەرھەمەت . ئۈچ - تۆتىڭلار بېرىپ ، ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن بۇ يەرگە باشلاپ كېلىڭلار ، ئەمدى پېرارىنونىڭ خېتىنى ئوقۇيلى .

كاتىپ : (ئوقۇيدۇ ) «مەكتۇپىڭىزنى ئالغىنىمدا پېقىر ئېغىر كېسەل ھالەتتە ياتاتتىم ؛ شۇ پەيتتە ياش دوكتور بوۋىر سازى جانابلىرى رىمدىن كېلىپ قالدى ، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ، بىرلىكتە يەھۇدىي بىلەن ئانتونىئو ئوتتۇ- رىسىدىكى دەۋا ئۇستىدە تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلدۇق ، مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھۆججەت ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىپ ، ھەق- ناھەقنى ئاجرات- تۇق ، ئۇنىڭدىن ئورنۇمدا بۇ دەۋانى سورىشىنى ئىلتىماس قىلىۋىدىم ، ئۇ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . پېقىرنىڭ بۇ دەۋا ھەققىدىكى پىكىرلىرىدىن بۇ جانابنىڭ تولۇق خەۋىرى بار ، بۇ جانابنىڭ بىلىم ئىستېداتىنى ھەرقانچە تەرىپلىسەممۇ ئۇن مىڭدىن بىرىنى تەرىپلەپ بېرەلمەي- مەن ، يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ سەل چاغلاپ قالمىغايسىز ، مۇنداق كاما- لەتكە يەتكەن ياشنى ئۆمرۈم مۇشۇنچە بولۇپتۇ مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن . قوبۇل قىلسىڭىز ، خىزمىتىڭىزنى بەجا كەلتۈرىدۇ . ئالىيلىرى ، ئۆزىڭىز قارار قىل- غايسىز .

گېرتسوگ : ئوقۇمۇشلۇق پېرارىنونىڭ خېتىنى ھەرقايسىڭلار ئاڭلىدىڭلار ، بۇ يەرگە كەلگۈچى ئېھتىمال ئاشۇ دوكتور بولسا كېرەك .
بىشىيا[2] ئادۋوكات قىياپىتىدە سەھنىگە چىقىدۇ .

گېرتسوگ : قولىڭىزنى بېرىڭا . سىز پېشىۋايىمىز پېرارىنونىڭ يېنىدىن كەلدىڭىزمۇ ؟

---

① پىفاگور — قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى ، روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن .

② بىشىيا — دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزى ، باسانىئونىڭ خوتۇنى ، بۇ پەردىدىكى ئويۇندا ئۇ ئەرچە ياسىنىپ ، ئادۋوكات بولۇۋالىدۇ .

بىشيا :    شۇنداق ، ئالىيلىرى .
گىرتسوگ : مەرھەمەت ، مەرھەمەت ، تۆرگە چىقىڭ . ئۆزىڭىزنىڭ بىز بۇگۇن بۇ يەردە سورايدىغان دەۋاگەرلەرنىڭ تالاش - تارتىشلىرىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ ؟
بىشيا : بۇ دەۋانىڭ يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە خەۋىرىم بار . بۇ يەردىكىلەردىن قايسىسى ھېلىقى سودىگەر ، قايسىسى يەھۇدىي ؟
گىرتسوگ : ئانتونىئو ، شىلوك ، ھەر ئىككىڭلار مايەرگە چىقىڭلار .
بىشيا : سىنىڭ ئىسمىڭ شىلوكمۇ ؟
شىلوك : ئىسمىم شىلوك .
بىشيا : سىنىڭ دەۋايىڭ غەلىتە ، ئەمما ۋېنېتسىيە قانۇنى بويىچە ئەرز قىلىشىڭغا بولىدۇ . (ئانتونىئوغا قاراپ ) ھايات - ماماتىڭ شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدا ، شۇنداقمۇ ؟
ئانتونىئو : ئۇ شۇنداق دەيدۇ .
بىشيا : سەن بۇ تىلخەتنى ئېتىراپ قىلامسەن ؟
ئانتونىئو : ئېتىراپ قىلىمەن .
بىشيا : ئەمىسە ، يەھۇدىي ئاز - تولا رەھىم قىلسا بولغۇدەك .
شىلوك : نېمە ئۈچۈن رەھىم قىلىدىكەنمەن ؟ ئاساسىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭا .
بىشيا : مېھرى - شەپقەت زورمۇزور قىلىنمايدۇ ، ئۇ پانىي دۇنياغا خاسىيەتلىك يامغۇردەك ئاسماندىن ياغىدۇ ؛ ئۇ خەير - ساخاۋەتكە ئېرىشكۈچىگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلىپ قالماستىن ، خەير- ساخاۋەت قىلغۇچىلارغىمۇ بەخت - سائادەت ئاتا قىلىدۇ ؛ ئۇ ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ، پادىشاھىئالەمنىڭ ئالىيجانابلىقىنى تاجۇ تەختىدىنمۇ ئارتۇق نامايان قىلىدۇ : پادىشاھلىق ھاسا پەقەت پانىي دۇنيادىكى قۇدرىتى ۋە ھوقۇقىنىڭلا سىمۋولى بولۇپ ، پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىدىن خەلقنى ھېيىقتۇرىدۇ ؛ مېھىر - شەپقەتنىڭ قۇدرىتى ھوقۇقتىنمۇ كۈچلۈك . ئۇ پادىشاھنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇنغان ، خۇداغىلا خاس خىسلەت ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار مېھىر - شەپقەتنى ئادىللىق بىلەن بىرلەشتۈرەلىسە ، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ھوقۇقى خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولىدۇ . شۇڭا يەھۇدىي ، سەن ئادىللىق تەلەپ قىلىۋاتقان بولساڭمۇ ، شۇنى ئويلاپ كۆرگىنكى ، ئەگەر راستىنلا ئادىللىق بويىچە جازا ئىجرا قىلىنسا ھېچكىم ئۆلگەندىن كېيىن قۇتقۇزۇۋېلى- نىشتىن ئۈمىد كۈتەلمەيدۇ ؛ بىز خۇدادىن مېھىر - شەپقەت تىلەپ ، تائەت- ئىبادەت قىلىدىكەنمىز ، ئىلتىجامىزغا مۇناسىپ ئاز - تولا رەھىمدىللىك قىلى- شىمىز كېرەك . مەن بۇ گەپنى سېنىڭ قانۇن مەيدانىدىن چىقىپ تۇرۇپ ، ئاز - تولا يول قويۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىپ دەۋاتىمەن ؛ ئەگەر تەلىپىڭدە چىڭ تۇرۇۋالساڭ ، ئۇ ھالدا ۋېنېتسىيە سوتى قانۇننى خالىسلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ ، ئۇ سودىگەرگە جازا ھۆكۈم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ .
شىلوك : ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم مەسئۇل ! مەن پەقەت قانۇننىڭ شەرتنامە بويىچە جازالىشىمغا رۇخسەت قىلىشىنىلا تەلەپ قىلىمەن .
بىشيا : ئۇنىڭ قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرغۇچىلىكى يوقمۇ ؟
باسانىئو : ياق ، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن قەرزنى مەشەدىلا قايتۇراي ؛ ھەسسىلەپ قايتۇرساممۇ

بولىدۇ ، ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى بولمىسا ، ئۇنىڭ بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ ، ئۇن ھەسسە قىلىپ قايتۇراي ، قولۇمنى ، بېشىمنى ، يۈرىكىمنى گۆرۈگە قوياي ، ئەگەر ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى بولمىسا ، ئۇنىڭ غەرىزى كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىش بولۇپ ، بۇ خۇدا يولىدىن يۈز ئۆرىگەنلىك بولىدۇ . سوراقچىنىڭ ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ ، قانۇننى ئازراق ئۆزگەرتىپ ، كىچىكرەك سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ، چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلىپ ، بۇ رەھىمسىز ئالۋاستىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك ھايۋانىي ھەۋىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يول قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن .

بشىيا : ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، ۋېنېتسىيىدە تۈزۈلگەن قانۇننى ئۆزگەرتىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ، ناۋادا مۇنداق قىلساق ، كېيىن ھەر كىم بۇنى دەستەك قىلىپ ، ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ . مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ .

شىلوك : مانا دانىئېل[1] دەك سوتچى ! ھەقىقەتەن دانىئېل قايتا دۇنياغا كەلگەن ئوخشايدۇ ! ۋاي ئەقىللىق ياش سوتچى ، ئاپىرىن ساڭا !

بشىيا : ئاشۇ شەرتنامىنى ماڭا كۆرسەتكىنە .

شىلوك : مانا ، ھۆرمەتلىك دوكتور ، كۆرۈڭ .

بشىيا : شىلوك ، ئۇلار قەرزنى ساڭا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق پۇل بىلەن قايتۇرۇشنى خالايدۇ .

شىلوك : بولمايدۇ ، بولمايدۇ ، خۇدا ئالدىدا قەسەمياد قىلدىم ، ئەمدى قەسىمىمنى بۇزۇپ ، بۇنىڭ گۇناھىنى تارتايمۇ ؟ ياق پۈتكۈل ۋېنېتسىيىنى بەرسىمۇ ئۇنىمايمەن .

بشىيا : مەيلى ، ئەمىسە شەرتنامە بويىچە جازالاشقا توغرا كېلىدۇ ؛ قانۇن بويىچە بۇ يەھۇدىي بۇ سودىگەرنىڭ كۆكرىكىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋېلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق . شۇنداق بولسىمۇ ، ئازراق رەھىم قىلىپ ، ئۈچ ھەسسە ئارتۇق پۇلنى ئالغىن ، مەن بۇ شەرتنامىنى يىرتىۋېتەي .

شىلوك : ئۇ شەرتنامىدىكى ماددىلار بويىچە جازاسىنى تارتقاندىن كېيىن ، يىرتىۋەتسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز ؛ سىز قانۇننى چۈشىنىسىز ، گەپلىرىڭىزمۇ يوللۇق ، قانۇن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۈۋرۈكى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز ، شۇڭا مەن قانۇن نامىدىن دەرھال ھۆكۈم چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ، جېنىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى ، مېنىڭ ئىرادەمنى ھەرقانداق ئادەم ئاغزىنى ھەرقانچە ئۈپراتسىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ . مەن شۇ تاپتا شەرتنامىنىڭ ئەينەن ئىجرا قىلىنىشىنىلا كۈتۈۋاتىمەن .

ئانتونىئو : مەنمۇ سوراقچىنىڭ تېزدىن ھۆكۈم قىلىشىنى چىن قەلبىمدىن ئىلتىماس قىلىمەن .

بشىيا : خوپ ، ئەمىسە شۇنداق قىلىمىز . سەن ئۇنىڭ پىچىقىغا كۆكرىكىڭنى تۇتۇپ بېرىشكە تەييارلان .

شىلوك : ئاھ ، ئىززەت - ئىكراملىق سوتچى ! ئېسىل يىگىت !

بشىيا : بۇ شەرتنامىدە بېكىتىلگەن جازالاش ئۇسۇلى قانۇن ماددىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا

---

[1] دانىئېل — ئىسرائىلىيىنىڭ مەشھۇر سوتچىسى ، ئەرز - دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر .

زىت كەلمەيدۇ .

شىلوك : دۇرۇس ، بەرھەق ! ئاھ ، پاراسەتلىك ئادىل سوتچى ، قارىماققا ياشتەك تۇرغى- نىڭىز بىلەن ، كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى خىيالىمغا كەلتۇرمەپ- تىكەنمەن !

بىشىيا : شۇڭا سەن كۆكرىكىڭنى ئېچىپ بەر .

شىلوك : توغرا ، «ئۇنىڭ كۆكرىكى» شەرتنامىدە شۇنداق دېيىلگەن — «يۈرىكىگە يېقىن جاي» دەپ شەرتنامىدە ئېنىق يېزىلغان .

بىشىيا : دۇرۇس ، گۆشنى ئۆلچەيدىغان تارازا تەييارمۇ ؟

شىلوك : مەن ئالغاچ كەلدىم .

بىشىيا : شىلوك ، ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىش ئۈچۈن بىر نەپەر تاشقى كېسەللەر دوختۇرى تەكلىپ قىل ، چىقىمىنى سەن كۆتۈرىسەن ، ئۇنىڭ قانسىراپ ئۆلۈپ كەتمەسلى- كىنىڭ ئالدىنى ئالسۇن .

شىلوك : شەرتنامىدە مۇنداق بەلگىلىمە بارمۇ ؟

بىشىيا : شەرتنامىدە مۇنداق بەلگىلىمە يوق . لېكىن ، بۇنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئالاقىسى ؟ ساۋابلىق ئىش قىلغان ياخشىغۇ ؟

شىلوك : مەن تاپالمايمەن ؛ شەرتنامىدە مۇنداق دېيىلمىگەن .

بىشىيا : سودىگەر ، سېنىڭ يەنە قانداق گېپىڭ بار ؟

ئانتونىئو : دەيدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق ؛ مەن تەييار . قولۇڭنى بەر ، باسانىئو خەير ! سېنىڭ ۋەجىڭدىن مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغىنىمغا قايغۇرما ، چۈنكى تەقدىر ماڭا ئالاھىدە ئېتىبار قىلدى : تەقدىر دائىم بىرەر بەختسىز كىشىگە خانىۋەي- ران بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ياشىشىغا ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ۋە چىرايىنى قورۇق باسقان ھالدا يوقسۇزلۇقتا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈ- شىگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ ؛ تەقدىر مېنى ۋاقىتنى سوزىدىغان مۇنداق جازادىن قۇتقۇزدى . ھۆرمەتلىك خېنىمىغا سالىمىمنى يەتكۈز ، ئۇنىڭغا ئانتونىئونىڭ ئاقىۋىتىنى ئېيت ، سېنى قانداق كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە مەردانىلىك بىلەن ئۆلگەنلىكىمنى ئېيت ؛ بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ ، ئاندىن ئۇنى باسانىئو- نىڭ ئۇنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان دوستىنىڭ بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلغۇزغىن . بىر دوستۇڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغىنىڭغا ئۆكۈنمە ، سەن ئۈچۈن قەرز تۆلىگەن ئادەم ئارمانسىز ئۆلىدۇ ؛ پەقەت ئاۋۇ يەھۇدىينىڭ پىچىقى چوڭقۇرراق سېلىنسىلا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئۇ قەرزنى تولۇق تۆلەپ بولىمەن .

باسانىئو : ئانتونىئو ، مەن خوتۇنۇمنى جېنىمدەك ياخشى كۆرىمەن ؛ لېكىن مېنىڭ جېنىم خوتۇنۇم ۋە پۈتكۈل دۇنيا نەزەرىمدە سېنىڭ جېنىڭدىن قىممەتلىك ئەمەس ؛ مەن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۇلارنى بۇ ئالۋاستىغا قۇربان قىلىپ ، سېنىڭ جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى خالايمەن .

بىشىيا : ھۆرمەتلىك خېنىم مەشەدە تۇرۇپ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىسا ، ئېھتىمال سىزگە تەشەككۈر ئېيتماس .

گرىسىئانو : مېنىڭ بىر خوتۇنۇم بار ، قەسەم ئىچىمەنكى ، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ، لېكىن ئۇنى شۇ ھامان ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ ، ئاللاتائالادىن ئىتتەك بۇ

يەھۇدىينىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

نىلشا: ھېلىمۇ ياخشى، بۇ گەپ ئۇنىڭ كەينىدە دېيىلىۋاتىدۇ، بولمىسا، سوتتا چىقىدىغان جېدەل كىشىنى بىئارام قىلغان بولاتتى.

شىلوك: بۇلار خىرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان ئەزىمەتلەر! مېنىڭ بىر قىزىم بار، ئۇنى قاراقچىنىڭ ئەۋلادىغا بەرسەم بېرىمەنكى، خىرىستىئانغا بەرمەيمەن. بىكار ۋاقىتنى زايە قىلماڭلار؛ چاققانراق ھۆكۈم قىلىڭ.

بىشىيا: ئاۋۇ سودىگەرنىڭ تېنىدىكى بىر قاداق گۆش سېنىڭكى؛ سوت ساڭا ھۆكۈم قىلىپ بېرىدۇ، قانۇن ساڭا رۇخسەت قىلىدۇ.

شىلوك: خالىس، ئادىل سوتچى!

بىشىيا: سەن ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن بىر قاداق گۆش كېسىۋالىسەن؛ قانۇن ساڭا رۇخسەت قىلىدۇ، سوت ساڭا ھۆكۈم قىلىدۇ.

شىلوك: ئىلىملىك - ئىستېداتلىق سوتچى! ئوبدان ھۆكۈم قىلدىڭىز! قېنى، تەييارلىنايلى!

بىشىيا: ئالدىرىما، يەنە گەپ بار. بۇ شەرتنامىدە سېنىڭ ئۇنىڭ بىر تامچە قېنىنى ئېلىشىڭغا رۇخسەت قىلىنمىغان، پەقەت «بىر قاداق گۆش» دەپ ئېنىق يېزىلغان؛ شۇڭا شەرتنامە بويىچە بىر قاداق گۆش ئالىسەن، لېكىن گۆشنى كەسكەندە، خىرىستىئاننىڭ بىر تامچە قېنىنى تۆكسەڭ، يەر - مۈلكۈڭ ۋېنېتسىيە قانۇنى بويىچە پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتىدۇ.

گىرىسىئاننو: ئاھ، خالىس، ئادىل سوتچى! ئاڭلا، يەھۇدىي، ئاھ، بىلىملىك، ئىستېداتلىق سوتچى!

شىلوك: قانۇندا شۇنداق دېيىلگەنمۇ؟

بىشىيا: ئۆزۈڭ ئاختۇرۇپ چۈشىنىۋال. سەن ئادىللىق تەلەپ قىلغان ئىكەنسەن، ساڭا ئادىل بولاي، تەلىپىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ئادىل بولاي.

گىرىسىئاننو: ئاھ، بىلىملىك، ئىستېداتلىق سوتچى! ئاڭلا، يەھۇدىي؛ نېمىدېگەن بىلىملىك، ئىستېداتلىق سوتچى!

شىلوك: ئۇنداقتا، قەرزنى پۇل بىلەن قايتۇرسۇن، شۇنى ئالاي؛ شەرتنامىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق قايتۇرسۇن، ئاندىن ئۇ خىرىستىئاننى قويۇۋېتەي.

باسانىئو: مانا پۇل.

بىشىيا: ئالدىرىما! بۇ يەھۇدىي مۇتلەق ئادىللىققا سازاۋەر بولسۇن. ئالدىرىما! ئۇ شەرتنامە بويىچە جازالاشتىن تاشقىرى، باشقا تۆلەم ئالمايدۇ.

گىرىسىئاننو: ھە يەھۇدىي! ئادىل، خالىس سوتچى، بىلىملىك ئىستېداتلىق سوتچى!

بىشىيا: شۇڭا گۆش كېسىۋېلىشقا تەييارلان. بىر تامچە قان ئاققۇزۇشقا بولمايدۇ. بىر قاداقتىن ئارتۇق ياكى كەم كېسىۋېلىشقىمۇ رۇخسەت يوق؛ ئەگەر كېسىۋالغان گۆشۈڭ بىر قاداقتىن سەل يېنىك ياكى ئېغىرراق بولۇپ كەتسە، قىلچىلىك ياكى زەررىچىلىك پەرق قىلسا خۇن تۆلەيسەن، مال - مۈلكۈڭ پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتىدۇ.

گىرىسىئاننو: قايتا تۆرەلگەن دانىيېل، بىر دانىيېل، يەھۇدىي! مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، جوھۇت.

بىشىيا: ئاۋۇ يەھۇدىي نېمىشقا تېخىچە قول سالمايدۇ؟

شىلوك : دەسمايەمنى قايتۇرۇپ ، مېنى قويۇۋېتىڭلارچۇ .

باسانىئو : پۇل مانا تەييار . ئالغىن .

بىشىيا : ئۇ پۇلنى رەت قىلغان ؛ ئۇنىڭغا ئادىللىقلا كېرەك . ئۇ ئەسلىدىكى شەرتنامىنى
ئىجرا قىلسۇن .

گىرىسىئاننو : نېمىدېگەن ياخشى دانىئېل ، قايتا تۆرەلگەن دانىئېل ! رەھمەت ساڭا ،
يەھۇدىي ، ماڭا بۇ گەپنى ئۆگىتىپ قويدۇڭ .

شىلوك : پەقەت دەسمايەمنى قايتۇرۇۋالساممۇ بولمامدۇ ؟

بىشىيا : يەھۇدىي ، ھاياتىڭغا كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ، بىر قاداق گۆش
كېسىۋېلىشتىن باشقا ، بىر تىيىن ئېلىشىڭغا بولمايدۇ .

شىلوك : خوپ ، ئەمىسە ئۇ بەھرىمەن بولسۇن ، ئۇنىڭغا ئىبلىس يار بولسۇن ! مەن بۇ
دەۋادىن ۋاز كەچتىم .

بىشىيا : توختاپ تۇر ، يەھۇدىي ، قانۇندا ساڭا چېتىلىدىغان يەنە بىر ئىش بار . ۋېنېتسىيە
قانۇنىدا : ئومۇمەن چەت ئەل ئادىمى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ئۇسۇللار بىلەن
ھەرقانداق پۇقراغا زىيانكەشلىك قىلسا ، بۇنىڭ ھەقىقىي پاكىتلىرى تەكشۈرۈپ
ئېنىقلانسا ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ
ئىگىدارچىلىقىغا ، قالغان يېرىمى دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتىدۇ ، گۇناھكارنىڭ
ھاياتى گېرتسوگ تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ، باشقىلارنىڭ سۈرۈشتۈرۈ-
شىگە ھەققى يوق ، دەپ بەلگىلەنگەن . سەن شۇ تاپتا دەل مۇشۇ قانۇن تورىغا
چۈشۈپ قالدىڭ ، چۈنكى پاكىتلار تەرەققىياتى سېنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاستى-
لىك ئۇسۇللار بىلەن جاۋابكارنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىڭنى
تولۇق ئىسپاتلىدى ، شۇڭا سەن مەن بايا ئېيتقان خەتەردە قالدىڭ . تېز تىزلى-
نىپ ، گېرتسوگدىن ئىلتىپات تىلە .

گىرىسىئاننو : گېرتسوگدىن ئىلتىپات تىلەپ ، ئۆزۈڭ ئۆلگىن ؛ لېكىن مال ـ مۈلكۈڭ
ئەمدى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتتى ، بىر دانە ئارغامچىمۇ سېتىۋالالماي-
سەن ، شۇڭا ھۆكۈمەت چىقىم تارتىپ ، سېنى دارغا ئاسسۇن .

گېرتسوگ : بىز خرىستىئانلارنىڭ روھىنى كۆرۈپ قوي ، سەن ماڭا ئېغىز ئاچمىساڭمۇ ،
ئۆزلۈكىمدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم جىنايىتىڭنى كەچۈردۈم . مال ـ مۈلكۈڭنىڭ
يېرىمى ئانتونىئونىڭ ئىختىيارىغا ، قالغان يېرىمى دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتى-
دۇ ، ئەگەر چىن دىلىڭدىن توۋا قىلساڭ ، ئازراق جەرىمانىنى كېمەيتىشكىمۇ
بولىدۇ .

بىشىيا : بۇ يەردە ئانتونىئونىڭ ئىختىيارىغا ئۆتىدىغان مۈل ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى
ئەمەس ، دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتىدىغان مال ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى دەۋاتى-
دۇ .

شىلوك : ياق ، جېنىمنى مال ـ مۈلكۈم بىلەن قوشۇپلا ئېلىڭلار ، ماڭا كەڭچىلىك
قىلىشىڭلارنىڭ كېرىكى يوق ، سىلەر ئۆينى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكنى ئېلىۋەت-
تىڭلار ، دېمەك ئۆيۈمنى بۇزدۇڭلار ؛ سىلەر ئائىلەمنى ، جېنىمنى باقىدىغان
دەسمايەمدىن مەھرۇم قىلدىڭلار ، دېمەك تىرىكلا جېنىمنى ئالدىڭلار .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . «ۋېنېتسىيە سودىگىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا پېرسوناژلارنىڭ قايسى دىئالوگلىرى ئارقىلىق زىددىيەت توقۇنۇشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن؟ بىشىيانىڭ سەھنىگە چىقىشى قانداق رول ئوينىغان؟

2 . ئەسەرنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدە شىلوك ئوبرازى كىشىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ . سىلەر تېكىستكە ئاساسەن ، شىلوكنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ بېرىڭلار .

3 . بۇ تېكىستنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئاپتورنىڭ مۇددىئاسى نېمىدىن ئىبارەت؟

4 . پۈتۈن ئەسەرنىڭ ، جۈملىدىن بۇ كۆرۈنۈشنىڭ تىلى باي ، ئىپادىلىشى پۇختا ، جانلىق ۋە كۆركەم ، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئوخشىتىشلار ئىشلىتىلىپ ، ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جانلىقلىقى ئاشۇرۇلىدۇ . سىلەر بۇنى ئانتونىئو بىلەن شىلوكنىڭ سۆزلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار .

5 . بۇ تېكىست مەزمۇنىنى 3 ـ 4 بەتلىك كىچىك ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىقىڭلار .

# 19 . «پارس مەكتۇپلىرى» دىن پارچە

## مونتېسكيۇ

## 145 ـ مەكتۇپ

### *يۇنۇسبەگنىڭ لىدەگە يازغان مەكتۇپى*

### (ۋېنېتسىيىگە ئەۋەتىلگەن)

ئۇلۇغۋار بىر ھۆكۈمەت ۋەزىرىنىڭ جېنى دەل ئۇنىڭ ساداقىتىدۇر . ۋەھالەنكى ، ھازىر-قى كۈندە بۇ گەپ كونىراپ ـ قاغجىراپ كەتتى .

ئادەتتىكى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھېچقانداق داڭدار ئەمەسلىكىدىن نەپ ئالالايدۇ ، ئەگەر ئۇ ئۆز ۋەدىسىدىن كەچسە ، ئۇنى پەقەت بىر نەچچە ئادەملا بىلىشى مۇمكىن . باشقا ئادەملەر ئۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ . بىراق ، ئۆزىنىڭ توغرا ئىستىل ، سەممىيەتچانلىقىنى يوقاتقان ۋەزىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ سوتچى ھەم ئىسپاتلىغۇچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .

مەن راست سۆزلەشكە پېتىنالامدىم ؟ سەممىيەتسىز ۋەزىرنىڭ ئەڭ زور كاززاپلىقى ، پادشاھقا ساداقەتسىزلىك بىلەن خىزمەت قىلغانلىقى ياكى خەلقنى ۋەيران قىلغانلىقى ئەمەس ، بەلكى باشقا بىر ئىش قىلغانلىقى ، يەنى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قەبىھلىكىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنلىكى بولىدۇ . مېنىڭ سۆزۈم بىلەن ئېيتقاندا ، بۇنىڭ زىيىنى ساختىپەزلىكتىن مىڭ ھەسسە يامانراق بولىدۇ .

سەن مېنىڭ ھىندىستاندا① ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغانلىقىمنى بىلىسەن . ئۇ يەردە مەن بىر مىللەتنى كۆرگەنىدىم② ، ئۇلار يارىلىشىدىنلا مەردانە مىللەت ئىدى ، بىراق مەلۇم بىر ۋەزىرنىڭ③ كۆرسەتكەن قەبىھ ئۈلگىسى تۈپەيلى ، ئەڭ ئاددىي پۇقرالاردىن تارتىپ نام ـ ئەمەلى بولغان كاتتا ئۆلىمالارغىچە ھەممىسى ھەش- پەش دېگۈچە چىرىكلىشىپ قەبىھلىشىپ كەتتى . مەن پۈتكۈل خەلقنىڭ ــ ئۇلارنىڭ مەردانىلىكى ، دۇرۇسلۇقى ، ساپلىقى ۋە سەممىي-يەتلىكى قاتارلىق تەبىئەت ئاتا قىلغان پەزىلەتلىرى ــ بىردىنلا ئۆزگىرىپ ئەڭ پەسكەش خەلققە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم . قاباھەتلىك شۇنچىلىك يامراپ كەتتىكى ، ئەڭ مەردانە دەپ ئاتالغانلارمۇ ئۇنىڭ تۇزىقىدىن چەتتە قالمىدى . ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەملەر ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى ، ئادالەتنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەملى-رىمۇ نابۇت قىلىۋېتىلدى . ۋەھالەنكى ، بۇنداق بىمەنىلىكلەرگە باھانە بولغان نەرسە قانداقتۇر باشقىلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئادالەتنىڭ ئۆلچەملىرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى ئىمىش .

ئۇلار شەرمەندە قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەبىھ ئىپلاسلىقلىرىنى قوغدىدى ھەمدە مۇغەم-بەرلىك بىلەن ئادالەتسىزلىكنى «زۆرۈر» دەپ بىلدى . مەن ئىشەنچلىك توختاملارنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ، ئەڭ مۇقەددەس شەرتنامىلەرنىڭ يىرتىلىپ تاشلانغانلىقىنى ، ئائىلە

تەرتىپلىرىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردۈم . مەن بېخىل ، پېخسىقلارنىڭ
نومۇسسىز نامراتلىقتىن مەغرۇرلانغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ قانۇن بىلەن ئازاب - ئوقۇبەتلىك
دەۋرنىڭ چاكىنا قولچوماقلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ قەرز قايتۇرۇش نىقابى بىلەن
نىقابلىنىپ ئەمەلىيەتتە قەرز قايتۇرماي ، بەلكى ئۆزلىرىگە شەپقەت قىلغانلارنىڭ كۆكرىكىگە
خەنجەر ئۇرغانلىقىنى كۆردۈم . مەن يەنە باشقىلارنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ تۇل خوتۇن ،
يېتىم - يېسىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى خۇددى كاۋچۇك دەرىخىنىڭ غازىڭىنى سۈپۈرۈۋالغان-
دەك تەپ تارتماستىن بۇلۇۋېلىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆردۈم . مەن باي بولۇشنى سەممىي ئەمگەك
ھەم ساغلام ئىگىلىك باشقۇرۇشقا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرماي ، بەلكى پادىشاھقا تايىنىپ مەملە-
كەتنى ۋە خەلقنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان بىر خىل رەزىل
سۈيىقەستنىڭ كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە شەكىللەنگەنلىكىنى كۆردۈم .

مەن بۇ بەختسىز يىللاردا توغرا پىكىرلىك بىر پۇقرانىڭمۇ ھەر كۈنى ئۇخلاش ۋاقتىدا :
«مەن بۈگۈن بىر ئائىلىنىڭ ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلدىم ، ئەتە باشقا بىر ئائىلىنىڭ ئىگىلىك-
نى ۋەيران قىلىمەن» دېيىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم ؛ باشقا بىرىنىڭ بولسا : «مەن
بىر قارا چاپانلىققا④ ئەگىشىپ ، بىر قولۇمدا دۆۋەت تۇتۇپ ، قولىقىمغا پەي قەلەم-
نى⑤ قىستۇرۇپ ، ماڭا پايدىلىق بولغان ھەممە ئادەملەرنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشىم كېرەك»
دېگەنلىكىنى ، يەنە بىراۋنىڭ بولسا : «ھازىر مېنىڭ ئېلىم - سېتىملىرىم ئوڭۇشلۇق بولۇۋا-
تىدۇ . راست ئېيتقاندەك ، ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەن بىر يەردە ھېسابات قىلغىنىمدا ، پۈتكۈل
بىر ئائىلىنىڭ يىغا - زارىنى قوزغىغانىدىم . چۈنكى ، ئۇ چاغدا مەن ئىككى ئاق كۆڭۈل
قىزنى زىننەت بۇيۇملىرىدىن ، بىر ياشنى ئوقۇش راسخوتىدىن قۇرۇق قالدۇردۇم . ئاتىسىنى
ئازابلاپ ئۆلتۈرۈپ ، ئانىسىنى زار قاقشىتىپ ئۇ ئائىلىگە يولغا سالدىم . بىراق ، مېنىڭ
قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى قانۇن يول قويغان ئىشلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم .

پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى چىرىتىپ ، ساغلام كۆڭۈللۈكنىڭ ئىزىنى
ئۆچۈرۈپ ، يۈكسەك پەزىلەتلەرنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ ، ئەدەپ - ئەخلاقنى زۇلمەتكە
ئايلاندۇرۇپ ، ئەڭ ئەزىز ئائىلە نەسەبلىرىنى ئادەم تۈكۈرۈكىنىڭ كۆپۈكىگە چۆكتۈرۈپ
قويۇش — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ۋەزىرنىڭ جىنايىتى تۈپەيلىدىن بولغان ، ئېيتىڭلار-
چۇ ، بۇنىڭدىنمۇ زور جىنايەت بولامدۇ ؟

كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ نومۇسسىزلىقلىرىنى ئويلاپ يۈزلىرى قىزارغان
چاغدا نېمىمۇ دەر ؟ يېڭى ۋۇجۇدقا چىققان خەلق ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قارا تىغلىرى⑥
بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالتۇن- كۈمۈشلىرىنى سېلىشتۇرغاندا نېمىلەرنى دېيىشى مۇمكىن ؟
ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز نەسەبلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ شۆھرىتىنى يوق قىلىدىغان بەزىبىر ئەرزى-
مەس پەرزەنتلىرىنى چىقىرىپ تاشلىيدىغانلىقىدا ھەمدە بۈگۈنكى دەۋردە ئۆزلىرىنى قورقۇنچ-
لۇق ، كۆڭۈلسىز دۇنياغا ئاتىدىغانلىقىدا شەك - شۈبھە يوق .

1720 - يىلى رامزان ئېيىنىڭ 11 - كۈنى ، پارىژ

## ئىزاھلار

① ياۋروپاغا ئىشارە قىلىنغان .
② فرانسىيەگە ئىشارە قىلىنغان .
③ لۇئى XV خاندانلىقىدىكى قورچاق پادشاھ ھۆكۈمرانلىقىدا خىزمەت قىلغان ۋەزىر جون لاۋ كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

④ باج ئەمەلدارى بىلەن بىللە بېرىپ مال ـ مۈلۈكلەرنى پېچەتلەيدىغان ياكى مۇسادىرە قىلىدىغان ئەدلىيە خىزمەتچىسى .
⑤ سىياھ قەلەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ .
⑥ قىلىچ ، ئاقسۆڭەكلەرگە سىمۋول قىلىنغان .

## ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

چارلىز لۇئىس دي سىگۇندات مونتېسكيۇ (1689 — 1755) فرانسىيىنىڭ داسكان ئۆلكىسىدە بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ مەشھۇر سىياسەتۋاز ، مۇتەپەككۇر ، تارىخشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇرژۇئازىيە گۈللىنىۋاتقان دەۋردە زور ئىلغارلىق كۆرسەتكەن . مونتېسكيۇ فرانسىيە مەرىپەتپەرۋەر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ، شۇنداقلا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك ھەرىكەتنىڭ تەشەببۇسكارى ئىدى .

ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى رومان — «پارىس مەكتۇپلىرى» (1721) مونتېسكيۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ ، بۇ روماندا مۇستەبىتلىك گەۋدە قىلىنغان فرانسىيە ھەم يۇقىرى قاتلامدىكى زومىگەر ، زوراۋانلار ، ساختا دىيانەتچىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى پۈتكۈل چىرىكلىكلەر ئاچچىق ھەجۋىي قىلىنغان ، دىنىي مۇستەبىتلىك ئاسارىتىدە ئېزىلىۋاتقان پۈتكۈل فرانسىيە خەلقىنىڭ نالە ـ پەريادلىرى ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈشلىرى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن . روماندا يۇنۇسبەگ ۋە رىچارد ئىسىملىك ئىككى پارسلىق ياشنىڭ پارىژدا ئون يىل تۇرۇش جەريانىدا كۆرگەن ، ئاڭلىغان ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقەلىرى ئۆزئارا يېزىشقان مەكتۇپ (سالام خەت) شەكلىدە بايان قىلىنغان . ئاپتور مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ مۇستەبىتلىكىنى ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرۈۋاتقان بالايىئاپەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ ، مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلغان . بۇ رومان جەمئىي 160 پارچە مەكتۇپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ھەربىر مەكتۇپ نەسر شەكلىدە يېزىلغان . بىز ئۈلگە قىلىپ تاللىغان 145- مەكتۇپتا ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكى ، كاززاپلىقى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتتە يامراپ كەتكەن سەممىيەتسىزلىك ، ساختىپەزلىك ، پەسكەشلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەر پاش قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقى ئەكس ئېتىلگەن .

### كۆنۈكمە

سىلەر بۇ «مەكتۇپ» نى ئوقۇغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار .

1 . «ئۇلۇغۋار بىر ھۆكۈمەت ۋەزىرىنىڭ جېنى دەل ئۇنىڭ ساداقىتىدۇر .» دېگەن پەلسەپىۋى پىكىردە ھۆكۈمەت ۋە ۋەزىر نېمىگە سىمۋول قىلىنغان ؟

2 . ئاپتور ئەينى ۋاقىتتىكى فرانسىيىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان فېئوداللىق دىنىي قانۇنلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ۋە خەلققە كەلتۈرۈۋاتقان بالايىئاپەتلىرىنى «مەكتۇپ» نىڭ قايسى بۆلىكىدە قانداق پاش قىلغان ؟

3 . مەردانىلىك ، دۇرۇسلۇق ، ساپلىق ۋە سەممىيەتلىكتىن ئىبارەت ئىنسانلىق پەزىلىتىنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئاپتور نېمىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ ؟

4 . «پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى چىرىتىپ ، ساغلام كۆڭۈللۈكنىڭ ئىزىنى

ئۆچۈرۈپ ، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇپ ، ئەڭ ئەزىز ئائىلە نەسەبلىرىنى ئادەم تۇكۇرۇكىنىڭ كۆپۈكىگە چۆكتۈرۈپ قويۇش ــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ۋەزىرنىڭ جىنايىتى تۈپەيلىدىن بولغان ، ئېيتىڭلارچۇ ، بۇنىڭدىنمۇ زور جىنايەت بولامدۇ ؟ » دېگەن ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولامدۇ ؟

1 ) بىر دۆلەت ، بىر ھاكىمىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە خارابلىشىشى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ .

2 ) دۆلەتنىڭ تەقدىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ .

3 ) دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن چىرىكلىشىشى ئەڭ چوڭ جىنايەت .

5 . بۇ «مەكتۇپ» ئەينى دەۋر رېئاللىقىدا ئاكتىپ رول ئويناپلا قالماستىن ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە . سىلەر بۇ «مەكتۇپ» نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزۈڭلەردىن ئالغان تەسىراتىڭلارنى بۈگۈنكى رېئاللىققا باغلاپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

6 . بۇ «مەكتۇپ» قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتىن قانداق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ؟ ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار .

# 20 . چائادايېفقا①

## ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن (رۇسىيە)

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن ئۇلۇغ رۇس شائىرى . رۇسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ۋە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئۇ 1799 ـ يىلى تۇغۇلۇپ ، 1837 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئا س پۇشكىن ئۆز ھاياتىدا زور تۈركۈمدىكى كۆركەم لىرىك شېئىرلارنى ، داستانلارنى ، شېئىرىي چۆچەكلەرنى ۋە ھېكايە ـ رومانلارنى يازغان . ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن «ئەركىنلىككە مەدھىيە» ، «چائادايېفقا» ، «تۇتقۇن» ، «دېڭىزغا . . .» ، «سىبىرىيە تۇتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» دېگەن شېئىرلىرى ، «كاپىتان قىزى» ناملىق رومانى ، «يېۋگېينىي ئونېگىن» ناملىق شېئىرىي رومانى بار .

ئا س پۇشكىن ئۇسمۇرلۇك دەۋرىدە چارروسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان پادىشاھ يېزىسى مەكتىپىدە ئوقۇغان . 1817 ـ يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا ئىشقا ئورۇنلاشقان . ئەينى ۋاقىتتا روسىيىدە سىياسىي جەھەتتە پادىشاھ ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرەتتى ، ئىقتىسادىي جەھەتتە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى ، جەمئىيەت ئىنتايىن زۇلمەتلىك ۋە چىرىكلەشكەنىدى . چېكىدىن ئاشقان ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئۈزلۈكسىز تۈردە خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپلا قالماستىن ، يەنە ئاقسۆڭەكلەر ، بولۇپمۇ ياش ئاقسۆڭەك ئوفىتسېرلار ئىچىدىمۇ نارازىلىق كەيپىياتلىرى تېزلىكتە ئۇلغايغانىدى . ئۇلار مۇستەبىت تۈزۈم بىلەن يانچىلىق تۈزۈمى دۆلەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىكەنلىكىنى بارغانچە ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار مەخپىي تۈردە ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىغانىدى .

ئا س پۇشكىن پادىشاھ يېزىسىدا تۇرغان چاغدا ئەتراپىدىكى ياش ئوفىتسېرلار بىلەن تونۇشۇپ ، چائادايېف قاتارلىق ئوفىتسېرلارنىڭ چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتەك ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان . ئۇ 1818 ـ يىلى 19 ياش ۋاقتىدا «چائادايېفقا» ناملىق بۇ سىياسىي لىرىكىسىنى يازغان . شائىر بۇ شېئىرىدا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى ، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشى ۋە تەشنالىقىنى ئىپادىلىگەن . شېئىر ئاكتىپ رومانتىزم روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان سىياسىي لىرىكا بولۇپ ، ئۇنىڭدا سىياسىي لىرىكىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر تولۇق گەۋدىلەنگەن . سىياسىي ئىدىيە بىلەن ئوبراز-

---

① بۇ تېكىست «چەت ئەل تاللانغان شېئىرلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى . چائادايېف (1794 — 1856) XIX ئەسىردىكى رۇسىيە ئىدېئالىزمچى پەيلاسوپى ۋە ئەدىبى . ئۇ 1836 ـ يىلى «پەلسەپە مەكتۇپلىرى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ ، رۇسىيىنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىنى تەنقىد قىلىپ ، چار پادىشاھنىڭ زالىم سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن ، چار پادىشاھ نىكولاي I ئۇنى روھىي كېسەل دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا شەپقەتسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان .

لىق ۋە لىرىكىلىق بولۇش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن . سىياسىي جەھەتتىكى داۋلى سۆزلەش ئارقىلىق قايىل قىلىش بىلەن بەدىئىي جەھەتتىكى تەسىرلەندۈرۈش مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈلگەن . شېئىردا ئوخشىتىش ، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كەڭ قوللىنىلىپ ، شېئىرىي ئوبراز تېخىمۇ يارقىنلىققا ۋە جانلىقلىققا ئىگە قىلىنغان . مۇھەببەت ـ نەپرەت تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلۈش بىلەن ، باش تېما روشەن ئىپادىلەنگەن .

مۇھەببەت ۋە ئۈمىد ، تىنچ شان ـ شۆھرەت ،
ياسالماس كۆڭۈلنى ئەمدى كۆپ زامان .
ئويۇن ۋە كۈلكىسى ئۆتتى ياشلىقنىڭ ،
گويا چۈش ، گوياكى تاڭدىكى تۇمان .
رەھىمسىز سەلتەنەت زۇلمى ئاستىدا ،
يەنىلا ئارزۇلار يانىدۇ ئويغاق .
يۈرەكنىڭ تەلپۈنۈپ سوقۇشلىرىدا ،
ۋەتەن دەۋىتىگە سالىمىز قۇلاق .
كۈتىمىز مۇقەددەس ھۆرلۈك پەيتىنى ،
خورلۇققا ، ئازابقا بولۇپ سەۋرچان .
مىسالى ياش يىگىت ۋىسال دەمىنى ،
زارىقىپ ، ئەندىكىپ كۈتكەندەك ھامان .
دىللاردا لاۋۇلدار ئوتى ئەركىنىڭ ،
يۈرەكتە ئۆلمىگەن تېخى شان ھېسسى .
ئاھ دوستۇم ، ۋەتەنگە تەسەددۇق بۇجان ،
پىدادۇر ئۇنىڭغا كۆڭۈل تۇيغۇسى .
دوستۇم سەن ئىشەنگىن : كۆرىمىز شەكسىز ،
نۇر چېچىپ بالقىغان تاڭ يۇلتۇزىنى ،
مۇقەددەس ئويغىنىش كۈتمەكتە بىزنى .
ھاكىممۇتلەقلىق خارابىسىگە ،
يېزىشار شۆھرەتلىكناملىرىمىزنى !

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . شائىر بۇ شېئىردا ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى قانداق ئىزھار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى خۇلاسىلەپ كۆرسىتىڭلار .

2 . سىياسىي لىرىكىدا ئادەتتە مۇھاكىمە بولىدۇ . سىلەر بۇ شېئىرنىڭ قايسى جايلىرىدا مۇھاكىمە بارلىقىنى ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى سىياسىي مۇھاكىمىلىك ماقالىلەردىكى مۇھاكىمىدىن قانداق پەرقى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

3 . بۇ شېئىردا ئوخشىتىش ، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلـ ـغان . سىلەر ئۇلارنى شېئىردىن تېپىپ كۆرسىتىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈڭلار .

4 . شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار .

# ▲21 . كونا زامان پومېشچىكلىرى[1]

## نىكولاي ۋاسلىيېۋىچ گوگول (رۇسىيە)

## ئۆزلۈكىدىن ئوقۇش كۆرسەتمىسى

نىكولاي ۋاسلىيېۋىچ گوگول رۇسىيىنىڭ XIX ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىسى، شۇنداقلا رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسىدۇر. ئۇ 1809 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1852 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىن «ئۆلۈك جانلار» ناملىق رومانى، «تاراس بولبا» ناملىق پوۋېستى ۋە «رېۋىزور» ناملىق دىرامىسى بار.

ن ۋ گوگول رۇسىيىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، رۇسىيە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرىنى ــ گوگول دەۋرىنى ئېچىپ، رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ــ «ئۆلۈك جانلار» ناملىق رومانى رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ «مىرگورۇد» ناملىق توپلىمىغا تۆت پارچە پوۋېست كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ پوۋېستلاردا روشەن ھالدىكى تەنقىدىي رېئالىزم خاھىشى گەۋدىلەنگەن. «كونا زامان پومېشچىكلىرى» ئەنە شۇ «مىرگورۇد» ناملىق توپلامدىكى بىر پارچە چاققان ھەجىملىك پوۋېست ھېسابلىنىدۇ. پوۋېستتا ئاپتورنىڭ يۇمۇرلۇق قەلىمى بىلەن مالوروسىيىنىڭ خىلۋەت يېزىسىدىكى قالاق، ھورۇن بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن پومېشچىكنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. يازغۇچى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ تىلى ئىندىۋىدۇئاللاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. پۈتۈن ئەسەرنىڭ تىلىدا بىر خىل يۇمۇرلۇق ئۇسلۇب گەۋدىلەنگەن.

مالوروسىيىدە ئادەتتە كۆپچىلىكى كونا تۇرمۇشلۇق دەپ ئاتالغان يىراق يېزىلار بار. چىرايلىققىنە كىچىك ـ كىچىك كونا ئۆيلەرگە ئوخشاش، بۇ يېزىلارمۇ ئالىچىپار بولۇپ تاۋلىناتتى. بۇ يېزىلار تاملىرىنى يامغۇر سۇلىرى تېخى يالاپ ئۈيمىغان، ئۆگزىلىرى زەئىپلەشىپ ئوت باسمىغان، پەلەمپەيلىرى سۇۋالمىغانلىقتىن قىزىل خىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، تۇپتوغرا چۈشكەن يېڭى سىلىق ئۆيلەرگە ھېچ ئوخشىمايدۇ. بۇ يېزىلاردا ئۆمرىنى خىلۋەتتە ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل بايلارنىڭ ساددا تۇرمۇشلىرىغا ھەۋەس قىلىمەن. بەزىدە بۇ خىلۋەتكە كىرىپ بىرئاز ئارام ئالغۇم كېلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئارزۇسى ئالىقاندەك ھويلىنىڭ

---

① بۇ تېكىست ن ۋ گوگولنىڭ «تۆمۈر باشلىق جىن» ناملىق توپلىمى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997ـ يىل نەشرى) دىن ئېلىندى.—

ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ توسۇلغان پاكار تاملاردىن تاشقىرىغا چىقمىغان، ھېچبىر ھەۋىسى ئالمىلىق، قارىئۆرۈكلۈك باغنىڭ قاشا تېمىدىن، باغ ئەتراپىدىكى تاللىق، ئامۇتلۇق، نەشپۇتلۇكلەرنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا قىڭغىيىپ ياتقان يېزا ئۆيلىرىنىڭ چېگرىسىدىن ئاشمىغان بۇ خىلۋەتتىكى تۇرمۇشلىرىنى دائىم سېغىنىمەن. بۇ ئۆيلەردە ياشىغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشلىرى شۇنداق تىنچ ھالاۋەتتە ئۆتىدۇكى، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم ھەممە ھېرىس ۋە ھەۋەسلىرىنى، يەر يۈزىدە شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن پەيدا بولغان نەرسىلىرىنى بىرئاز ئۇنتۇيدۇ، بۇ ھېرىس ۋە غوۋغالار ھەقىقەتتە ھېچ يوقتەك ۋە ئۇلار پەقەت ئاجايىپ، چۈشىدە كۆرگەن بىر غەلىتە نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ. چاقماق چېقىپ مۆلدۈر يېغىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا، دېرىزە قاپقاقلىرىنى يېپىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىققاندا، يامغۇردىن ھۆل بولماسلىق ئۈچۈن ئۆينىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان ئايۋاندىكى قارىيىپ كەتكەن تۈۋرۈكلەر، پاكارغىنا ئۆينىڭ ئۆزى ھېلىمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى خۇش پۇراق شۇمۇرت دەرەخلىرى، قاتار - قاتار پاكارغىنا مېۋىلىك دەرەخلەر، قىزىرىپ تۇرغان ئالۇچىلار، كەھرىۋادەك قارىئۆرۈكلەر، ئۈستىگە چاڭ قونغاندەك قوغۇشۇن رەڭلىك ۋە ھەر تەرەپكە شاخ يايغان كلىيون دەرىخى، دەم ئېلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىگە سېلىنغان گىلەم، ئۆينىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق كۆك ئوت باسقان كەڭ ھويلا، ئامباردىن ئاشخانىغا، ئاشخانىدىن باينىڭ دەم ئالىدىغان ئارامخانىسىغا بارىدىغان چىڭدالغان يول، مامۇقتەك چۈجىلىرى بىلەن سۇ ئىچىۋاتقان بوينى ئۇزۇن غاز، تىزىق - تىزىق ئامۇت قاقلىرى، ئالما قاقلىرى ۋە شامالداتقىلى چىقىرىلغان گىلەملەر ئېسىلغان لاڭقا ياغاچ، ئامبار ئالدىدا تۇرغان بىر ھارۋا قوغۇن، ئۇنىڭ يېنىدا ھارۋىدىن چىقىرىلغان ۋە ھۈرۈنلۈق بىلەن سوزۇلۇپ ياتقان ئۆكۈز ھازىرمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەن ئەمدى ئۇلارنى ئارتۇقچە كۆرمىگەنلىكىم ۋە ئايرىلىپ سېغىنغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، ئەيتاۋۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىشقىدۇر مېنىڭ ئۈچۈن قانداقتۇر ئاجايىپ بىر چىرايلىق تۇيۇلىدۇ. نېمىلا بولسۇن، ھارۋام بۇ ئۆينىڭ لەمپە ئالدىغا يېقىنلاشتى دېگۈچە، كۆڭلۈم شۇنداق بىر راھەت تېپىپ، تېنىم ئارام ئالىدۇكى، ئەسلا قويۇۋېرىڭ. ئاتلار خۇشاللىنىپ لەمپە ئالدىغا كېلىپ توختايتتى، ھارۋا ھەيدىگۈچىمۇ خۇددى ئۆز ئۆيىگە كەلگەندەك، ئاستا ئېگەردىن چۈشۈپ، تىرۇبكىسىغا بىمالال تاماكا سالاتتى. ئېرىنچەك بار - بوسلارنىڭ، برووۋكا ۋە ژۇچكىلارنىڭ ھاۋشۇشلىرىمۇ قۇلىقىمغا ياقاتتى. ئەمما بۇ ئۆيلەرنىڭ غەمخورلۇق بىلەن ئالدىمغا چىققان ئىگىلىرى بولغان بوۋىيى بىلەن مومىيى ماڭا ھەممىدىن بەكرەك ياقاتتى. مودىلىق فراك[1] كىيگەن، ئوينىغان - كۈلگەن شوخلار ئارىسىدا بولغان چاغلىرىمدا، گاھى ۋاقىتتا ھېلىمۇ ئۇ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ يۈزلىرى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ، بىردىن ئېسىم ئېغىپ خىيال سۈرۈپ كەتكىنىمدە، ئۆتكەن زامانلار كۆز ئالدىمدىن بىرمۇبىر ئۆتۈۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايى ھەر قاچان شۇنداق ئوچۇق، كۆڭۈللىرى شۇنداق تازا ۋە كىرسىز ئىدىكى، بۇ چىرايلارنى كۆرگەندە، كىشى ئىختىيارسىز بىر ئاز بولسىمۇ ھەممە شوخ خىياللاردىن بىرئاز ۋاقىتتا بولسىمۇ قايتىپ، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن شۇ غەلۋىسىز، ئارامى ھايات ئېقىمىغا كىرىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىر ئادىمى بولغان، ئەپسۇسكى ھېچ تېپىلماس بوۋاي بىلەن مومايىنى شۇ ۋاقىتقىچە زادى ئۇنتۇيالمايمەن! كۆڭلۈم ھېلىمۇ ئۇلارغا ئېچىنىدۇ. ۋاقتى كېلىپ، بىر كۈنى ئىگىسىز قالغان شۇ ئۆيگە يەنە بىر بارسام، پاكارغىنا ئۆي تۇرغان جايدا بۇزۇلغان

ۋەيرانە ئۆيدىن ، سۇيى قۇرۇغان كۆلدىن ، ئوت باسقان ئېرىقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرمەسەم – ھە ؟ دېگەن خىياللار كاللامغا كەلسە ، يۈرىكىم قىسىلىپ ، ئېزىلىپ كېتىدۇ . ھەسرەتلەرگە تولىمەن ، قايغۇم ئاشىدۇ ! ئەمما ، ھېكايىگە كېلەيلۇق .

ئافاناسى ئىۋانوۋىچ توۋستوگۇب ۋە ئۇ كىشىنىڭ خوتۇنى پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا توۋستوگۇبىخا شۇ ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ تەرىپىگە قارىغاندا ، مەن گەپ باشلىغان بوۋاي ۋە مومايىنىڭ خۇددى ئۆزى ئىدى . ئەگەر مەن نەققاش بولسام ئىدىم ، فىلىمون بىلەن بافكىدانىڭ[1] سۈرىتىنى سالماقچى بولسام ، نۇسخىغا بۇلاردىن باشقا ھېچكىمنى ئالماس ئىدىم . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئاتمىشقا ، پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا ئەللىك بەشكە كىرگەنىدى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئېگىز بويلۇق بولۇپ ، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جۇۋىسى ئۈستىدىن چۇشمەيتتى ، ئولتۇرغاندا سەل مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى ، سۆزلىسىمۇ ياكى بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرسىمۇ ، دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا ئازراق قەتئىي بولۇپ ، كۆپ كۈلمەيتتى ، ئەمما ئۇنىڭ مېھىر- شەپقىتى ، ھېچ نەرسىسىنى سىلەردىن زادىلا ئايىماسلىقى چىرايىدىن شۇنچىلىك ئايان بولۇپ تۇراتتىكى ، ئەگەر بۇنداق مېھرىبانلىق ئۈستىگە يەنە چىرايىمۇ ئوچۇق تۇرسا ، ئۇنى سىلەر ئەلۋەتتە ھەددىدىن تاشقىرى خۇش پېئىل ئىكەن دەپ ئويلايتتىڭلار . ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى ئۇششاق قورۇقلىرى شۇنداق يېقىملىق ئىدىكى ، ئەگەر بۇ قورۇقلارنى رەسسام كۆرسە ، ئەلۋەتتە ئوغرىلىۋالاتتى ؛ بۇ قورۇقلار ئۇلارنىڭ تىنچ ۋە ھالاۋەتتە ئۆتكەن ئۆمۈرلىرىنىڭ گويا بىر كىتابى ئىدى ، كونا ئۆرپ - ئادەتنى ساقلىغان تەگ - تۈكلۈك ساددا دىل كىشىلەر ھاياتىنىڭ پۈتۈكى ئىدى . بۇلار ئىدارە ۋە مەھكىمىلەرگە خۇددى چېكەتكىدەك باستۇرۇپ كىرىۋاتقان ۋە ئۆز يۇرتلۇقلىرىنىڭ بىر تىيىننى قويماي تالاپ ئېلىۋېرىدىغان ، پېتېربۇرگنى چېقىمچى بولمىغۇرلار بىلەن تولدۇرۇۋاتقان ، سەرمايىسى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ، فامىلىسىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئو» غا «ئوۋ» نى قوشىۋالىدىغان بىر خىل زاتى پەسلەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى ؛ ئەسلى زاتى مالوروسىيىلىك بولغان ئولتۇراق كىشىلەرگە ئوخشاش ، بۇلارمۇ بايىقى يىرگىنچلىك ۋە ئەھمىيەتسىز كىشىلەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى .

ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى كۆرگەندە ، كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلمەي قالمايتتى . ئۇلار بىر - بىرلىرىنى ھۆرمەتلەپ ، زادىلا سەنلەشمەستىن ، دائىم سىزلىشەتتى ، سىز ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، سىز پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا دەپ سۆزلىشەتتى . «ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، ئورۇندۇقنى سىز پۈكۈۋەتتىڭىزمۇ» ، «خاپا بولماڭ پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا ، كېرەك يوق ، مەن پۈكۈپ قويدۇم» . زادى بالا كۆرمىگىنىدىن ، ئىككىسى بىر - بىرىگە يار - يۆلەكلىشىپ ناھايىتى قەدىردان بولۇپ قالغانىدى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ بىر زامانلاردا يىگىتلىك چاغلىرىدا ئاتلىق ئەسكەردە خىزمەتمۇ قىلغان ، كىچىك تۆرىلىك دەرىجىسىگىمۇ يېتىشكەنىدى ؛ لېكىن ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن ، بۇنى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ياشلىقىدا ئۇقالىق كەمزۇل كىيگەن ئالىپتە يىگىت بولۇپ ، ئوتتۇز ياشقا كىرگەندىلا ئۆيلەندى . پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنانىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى ئافاناسى ئىۋانوۋىچقا بېرىشكە كۆنمىگەن ، ئەمما ئۇ پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنانى كۆپ قۇۋۋلۇق ۋە ھىيلىلەر بىلەن ئېلىپ قاچقانىدى . بىراق ، ئۇ بۇ ۋەقەنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالمىغان بولسىمۇ ، ئىشقىلىپ زادىلا ئاغزىغا ئالمايتتى .

[1] كۆپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن بىر جۈپ ئەر - خوتۇنغا مۆمىنلىكى ۋە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ، خۇدا مۆكاپات تەرىقىسىدە بىر ۋاقىتتا ئۆلۈم ئەۋەتىپ ، ئۇلارنى ئۆسۈپ تۇرغان ئىككى دەرەخكە ئايلاندۇرغانمىش (گرېك مىفى) .

بىر زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن بىر غەلىتە ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ بۇ خىلۋەت يېزىدا تىنچلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان تۇرمۇشى باشلاندى .ئۇ ئەستىلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئەمدى كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان يامغۇر دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىرىلدىتىپ ئېرىق بولۇپ ئاققاندا ، ئەزايى بەدىنىڭلار بوشىشىپ مۈگدەك باسقاندا ، ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەن بىر تەرىپى بۇزۇلۇپ چۈشكەن گۈمبەزدەك كۆرۈنۈپ ، يەتتە خىل تاۋلىنىپ ، دەرەخلەر ئارىسىدىن ماراپ ، خىرە - شىرە شولا تاشلىغاندا ، يېزىدىكى ئۆينىڭ باغقا قارىغان ئېگىز دالىنىدا ئۇيقۇ بېسىپ ئولتۇرغان چاغدا ياكى بولمىسا كۆپكۆك كوكاتلار ئىچىدىن كېتىۋاتقان ھارۋىڭلار سىلەرنى تەۋرىتىپ بارغاندا ، بۆدۈنىلەر سايرىشىپ ، خۇش پۇراق كوكاتلار ، دالا گۈللىرى ۋە بۇغداي باشاقلىرى ھارۋىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ يۈز - كۆزۈڭلارغا ، قوللىرىڭلارغا تېگىپ ، بۇلاردىن زوقۇڭلار ئېشىپ راھەتلىنىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىڭلاردا تۇغۇلىدىغان تاتلىق خىياللارغا ئوخشايدىغان ھېسلار ئىگىلىگەنىدى .

ئۇ ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار سۆزلىگەندە ، ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ قۇلاق سالاتتى ، گاھىدا ئۆزىمۇ سۆزلەپ قوياتتى . ئەمما كۆپرەك سوئاللار بېرەتتى . ئۇ كونا زاماننى ماختاۋېرىدىغان ، يېڭى زاماندىن زارلىنىپ ھەممىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان بىر خىل بوۋايلاردىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ئەكسىچە سىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىڭلارنى كۆپرەك سوراشتۇراتتى ، بارلىق ياخشى قېرىلارغا ئوخشاش ، ياخشىلىقىڭلارغا خۇشال بولۇپ ، ئوڭۇشسىزلىقلىرىڭلارغا ئېچىناتتى . قېرىلارنىڭ بۇ ئادەتلىرى سىز بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا سائىتىڭىزنىڭ زەنجىرىدىكى تۇمارنى ئويناپ ئولتۇرغان گۆدەكنىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ ، ئەمما ھەممە قېرىلاردا شۇ ئادەت بار ئىدى .

بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ مېھىر ئوتى ناھايىتى يېنىپ كېتەتتى دېسەكمۇ بولىدۇ . ئۇ بوۋاي بىلەن موماي تۇرغان ھويلىنىڭ ئۆيلىرى ھەربىر كونا تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭكىدەك كىچىككىنە ، پاكار ئىدى . ھەربىر ئۆيدە بىردىن ، تەخمىنەن ئۆينىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن يوغان پېچكا بولۇپ ، ئۆيلەر مۇنچىدەك ئىسسىق ئىدى ، چۈنكى ئافاناسى ئىۋانوۋىچمۇ ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنامۇ ئىسسىقنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى . بارلىق پېچكىلارنىڭ ئاغزى ھەمىشە تورۇسقىچە پاخال بېسىلغان دالان تەرەپتە ئىدى ، بۇ پاخاللار مالوروسىيىدە ئادەتتە ئوتۇن ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى . قىش كېچىلىرى بىرەر قارىغۇمچاق قىزنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ مۆزلىگەن يىگىت ئالىقىنىنى ئىسسىقلىغىنىچە دالانغا كىرگەندە ، كۆيۈۋاتقان پاخالنىڭ چىرسىلدىشى ۋە ئوتنىڭ شولىسى دالاننى ئاللىقانداق چىرايلىق قىلىۋېتەتتى . ئۆينىڭ تېمىدا ، قەدىمكى ئۈزۈنچاق رامكىلارغا ئېلىنغان بىرنەچچە چوڭ - كىچىك سۈرەت ئېسىقلىق تۇراتتى . بۇ سۈرەتلەرنىڭ نېمىنى تەسۋىرلەيدىغانلىقىنى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىغا ھېچ گۇمان قىلمايمەن . ئەگەر بىراۋ بۇ سۈرەتلەرنىڭ بىر - ئىككىسىنى ئېلىپ كەتسىمۇ ، ئۇلار بايقىمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن . سۈرەتلەرنىڭ ئىككىسى سىر بوياقلار بىلەن ئىشلەنگەن يوغان سۈرەت ئىدى . بىرى قانداقتۇر روھانىي بىر ئادەمنىڭ سۈرىتى ، ئىككىنچىسى پيوتر III نىڭ سۈرىتى ئىدى . ئۈزۈنچاق رامكىدىكى سۈرەتلەرنىڭ بىرى لاۋالىر خانىم[1] بولۇپ ، ئۇ سۈرەت چىۋىن قونۇپ كىرلەنگەنىدى . دېرىزىلەرنىڭ ئەتراپلىرىدا ۋە ئىشىكلەرنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر تالاي ھەر خىل كىچىك سۈرەتلەر ئېسىقلىق ئىدى . لېكىن ، بۇلار كىشىنىڭ نەزەرىگە تامدىكى داغلارغا ئوخشاپ كۆرۈنگەنلىكى-

---

① فرانسۇز پادىشاھى ليۇدوۋىك VI نىڭ مەشۇقى .

دىن ، ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراشمۇ يوق ئىدى . ھەممە ئۆينىڭ تېگى توپا بولسىمۇ ، شۇنداق تازا سۈۋۈلۈپ چىنىدەك قىلىپ قويۇلغانىدىكى ، قۇيرۇقلۇق كەمزۇل كىيگەن ۋە ئۈيقۇغا تويمىغان خىزمەتكارلار ھېچبىر ۋاقىتتا سارايىنىڭ تاختاي پولىنى بۇنداق پاكىز تۇتماس ئىدى .

پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئۆيى چوڭ - كىچىك ساندۇقلار ۋە ھەر تۈرلۈك جابدۇق - قۇتىلارغا لىق تولغانىدى . تامغا ئېسىلغان نۇرغۇن خالتا ۋە تۈگۈنلەردە ھەر خىل گۈل ، قوغۇن - تاۋۇز ، كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقلىرى تۇراتتى . ساندۇق ۋە قۇتىلارنىڭ بۇرجەك - بۇرجەكلىرى ھەم ئارىلىرىغا ھەر تۈرلۈك ئورام- ئورام تىۋىت يىپلار ، ئەللىك يىل بۇرۇن تىكىلگەن كونا كىيىملەرنىڭ قىيىقچىلىرى تىقىپ قويۇلغانىدى . پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ناھايىتى سەرەمجان خوتۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ، گاھىدا كېيىن نېمىگە كېرەك بولۇشىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن ، كۆزىگە كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى يىغىپ يۈرەتتى .

ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ئەڭ ئاجايىپ نەرسە — نەغمىلىك ئىشىك ئىدى . تاڭ ئېتىشى بىلەن ئىشىكلەرنىڭ غاچ - غۇچلىرى باشلىناتتى . نېمىگە غىچىرلايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن ، تۆمۈر مۇجۇقلىرى داتلىشىپ قالغانلىقىدىنمىكىن ياكى ياسىغان ئۇستا ھىيلە بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىگە بىرنەرسە سېلىپ قويغانمىكىن ، بۇنى ئېيتالمايمەن — لېكىن ، ھەر ئىشىكنىڭ ئالايىتەن ئۆز ئاۋازى بار ئىدى : ياتاقخانىغا كىرىدىغان ئىشىك ئىنچىكە ئاۋاز چىقىرىپ غىچىرلايتتى ، ئاشخانىغا كىرىدىغان ئىشىك غۇچۇرلىغان يوغان ئاۋاز چىقىراتتى ؛ ئەمما دالاننىڭ ئىشىكى شۇنداق تىترەك ئاۋاز بىلەن غىچىرلايتتىكى ، ياخشى تىڭشاپ قۇلاق سالساڭ- لار : «ۋاي مۇزلىدىمغۇ !» دېگەندەك قىلغىنىنى ئېنىق ئاڭلايتتىڭلار . كۆپ ئادەملەرگە ئىشىكنىڭ بۇ ئاۋازى ياقمايدىغانلىقىنى بىلىمەن ، لېكىن ماڭا ناھايىتى ياقىدۇ . ئەگەر مەن بۇ يەردە ئىشىك غىچىرلىشىنى ئاڭلاپ قالسام ، دەررۇ دىمىغىمغا يېزا پۇرىقى كېلىدۇ . قەدىمكى شامداندىكى شام بىلەن يورۇتۇلغان پاكار ئۆيلەر ، كەچقۇرۇنلۇقى داستىخاندا تەييار تۇرغان غىزالار ، ماي ئېيىنىڭ كېچىسىدە باغ تەرەپتىكى ئوچۇق دېرىزىدىن شىرە ئۈستىدىكى قاچا - قۇچىلارغا چۈشۈپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق ، سايرىشى باغ ۋە ئۆيلەردىن ئېشىپ ئۇزاقتىكى دەريا بويىغىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇلبۇل ئاۋازى ، دەرەخ شاخلىرىنىڭ ۋەھىمىلىك شىلدىر- لاشلىرى دەررۇ خىيالىمغا كېلىدۇ . . . خۇدايا توۋا ، بۇنداق ۋاقىتتا ھەر خىل خاتىرىلەر خىيالدىن قاتار - قاتار ئۆتۈۋېرىدۇ !

قەدىمكى ئۇستەللەر قانداق بولسا ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى ياغاچ ئۇستەللەرمۇ شۇنداق پۇختا ئىشلەنگەن ، ئېغىر ۋە چىدامىلىق بولۇپ ، ھەممىسىنىڭ ئارقا سۈيەنچۈكى ئېگىز ، ئويما گۈلى بار ، لېكىن پۈتۈنلەي بوياقسىز ، ئەسلىچە ئىدى ، ھەتتا ئۈستىگە ھېچ نەرسە قاپلانمىغان ۋە شۇ ۋاقىتقىچە پوپلار تېگىگە قويۇپ ئولتۇرىدىغان ئۇستەللەرگە ئوخشايتتى . بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا ئۈچ بۇرجەكلىك شىرەلەر ، نازۇككىنە يوپۇرماق گۈل ئويۇلغان ۋە چىۋىنلەر قونۇپ قارايتىۋەتكەن زەرھال رامدىكى ئەينەك بىلەن دىۋان ئالدىدا بولسا تۆت بۇرجەكلىك شىرەلەر تۇراتتى . دىۋان ئالدىدا ، گۈلگە ئوخشاش قۇشلار ۋە قۇشقا ئوخشاش گۈللەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەم ئېسىقلىق تۇراتتى . بوۋاي بىلەن موماي تۇرغان ئۆينىڭ ئاددىيغىنا جابدۇقلىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت ئىدى .

قىزلار تۇرىدىغان ئۆيدە ، يول - يول ماتادىن يوپكا كىيگەن بىرقانچە ياش ۋە «قېرى» قىزلار بار ئىدى . پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا گاھىبىر ۋاقىتلاردا ئۇلارغا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى تىكتۈرەتتى ، مېۋە تازىلىتاتتى ، ئەمما ئۇلار كۆپرەك ئاشخانىغا يۈگۈرۈيتتى ۋە يېتىپ ئۇخلايتتى . پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئۇلارنى ئۆز ھويلىسىدا تۇتۇشنى ماقۇل كۆرۈپ قاتتىق

تەكشۈرۈپ تۇراتتى . دېرىزىلەرنىڭ ئەينىكىگە توپلىنىپ ئىڭىشىۋاتقان چىۋىنلەرنىڭ ھېسابى يوق ئىدى ، لېكىن ، گۈل ھەرىلىرى بىلەن كاۋا ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىشى ئالدىدا ، چىۋىنلەرنىڭ غىڭىلدىشى ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى . ئەمما شام يېقىلدى دېگۈچە ، ئۆينىڭ تورۇسى قاپقارا چىۋىن بولۇپ ، بۇ جانىۋارلار ئۆيقۇغا ياتاتتى .

ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئورمىچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تاماشا قىلغىنى بولمىسا ، دېھقانچىلىق ئىشى بىلەن كۆپ ئىشىمۇ يوق ئىدى . ئۆي تىرىكچىلىكى تەشۋىشلىرىنىڭ ھەممىسى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ بويىنىدا ئىدى . پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئۆي ـ خوجىلىق ئىشى نوقۇل ئامبارلارنى ئېچىپ ـ يېپىش ، تۇرلۇك تۇمەن ئالما ـ ئۆرۈك ۋە كۆكتاتلارنى قۇرۇتۇپ قاق قىلىش ، تۇزلاش ، قاينىتىپ قىيام قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى ، خالاس . ئۇنىڭ ئۆيى خۇددى خىمىيە لابوراتورىيىسىگە ئوخشايتتى . ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى ئوچاقنىڭ ئوتى زادىلا ئۆچمەيتتى ، مىس جاۋۇر ياكى قازان ئۈچ ئاياغلىق تۆمۈر ئوچاقنىڭ ئۈستىدىن زادىلا چۈشمەستىن ، دائىم قىيام ياكى شەربەت ، بال قوشۇلغان ، بال بولمىسا قەنت ياكى بىلمىدىم نېمىدۇر باشقا نەرسىلەر قوشۇلغان ھەر خىل مېۋىلەر دائىم قايناپ تۇراتتى . يەنە بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ، ھارۋىكەش مىس كوزىغا ئوخشاش بىر ئىدىشتا شاپتۇل يوپۇرمىقىدىن ، شۇمۇرت گۈلىدىن ، شىچەڭ دېگەن ئۆسۈملۈكتىن ، ئالۇچا مېغىزىدىن دائىم ھاراق قاينىتىپ تۇراتتى . ھارۋىكەش بۇ ئىشنى تۈگەتكىچە ، تىلى سۆزگە كەلمەي ئالجىپ ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچ چۈشىنەلمەي قالاتتى ، كېيىن ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ ئۇخلايتتى . بۇنداق مەنىسىز نەرسىلەر شۇنچىلىك كۆپ پىشۇرۇلاتتى ، تۇزلىناتتى ۋە قۇرۇتۇلاتتىكى ، ئەگەر يېرىمىدىن كۆپىنى قىزلار يەپ تۈگەتمىسە ، ھويلىغا سىغماي قالاتتى . چۈنكى ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ھەمىشە كۆڭۈل توق بولۇپ تۇرسۇن دەپ ، كېرىكىدىن بىرمۇنچە ئارتۇق غەملەپ قوياتتى . ئەمما قىزلار ئامبارغا كىرىۋېلىپ ، بۇلارنى شۇنداق كۆپ يەيتتىكى ، كېيىن كەچكىچە قورساقلىرى ئاغرىپ ، ئىڭىلداپ يۈرۈشەتتى .

دان ئېكىش ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ھويلىدىن تاشقىرىدا بولىدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىشقا پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ قولى تەگمەيتتى . مال ساتقۇچى ئاقساقالغا قوشۇلۇۋېلىپ راسا ئوغرىلايتتى . بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ خوجايىنىنىڭ دەرەخلىكىگە كىرىۋېلىپ ، دەرەخلەرنى ئۆزلىرىنىڭكىدەكلا كېسىشەتتى ، ئۇلاردىن چانا ياساپ يەرمەنكىگە ئاپىرىپ ساتاتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، يوغان قىيىن دەرەخلىرىنى ئەتراپلاردىكى تۈگمەنچى كازاكلارغا ساتاتتى . پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا يالغۇز ئۆزى بىر قېتىم دەرەخلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلمەكچى بولدى . ئۇنىڭ ئۇچۇن ، ئالدىغا تېرە پەرتۇق تارتىلغان يوغان ھارۋىنى قوشقۇزدى . ھارۋىكەش بوجىنى سىلكىشى بىلەن ، ئاتلار قوزغالدى دېگۈچە ، ھارۋىنىڭ ھەر بىر مىخ ۋە تۆمۈردىن بىردەك سۇناي ، داپ ۋە ناغرىلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىغان ھەر خىل ئاۋازلار چىقتى . تۈگمەن بىلەن ھويلىنىڭ ئارىلىقى ئىككى چاقىرىمدىن كەم بولمىسىمۇ ، بۇلار ھويلىدىن چىقىشى بىلەن ، بايىقى نەغمە ئاۋازلىرى تۈگمەنچىگە بېرىپ يەتتى . دەرەخلىرى كېسىلىپ ، بۇنداق چۆل بولۇپ قالغان دەرەخلىكتە ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدىلا ھەرقايسىسى يۈز ياشلىق بولغان يوغان قىيىن دەرەخلىرىنىڭ ئەمدى غايىب بولغانلىقىنى پەملىمەي ئىلاجىسى يوق ئىدى .

— نىچىپور ، نېمىشقا قىيىنلار بۇنداق شالاڭلاپ قالدى ؟ كۆزۈڭگە قارا ، بېشىڭدىكى چاچلىرىڭمۇ شالاڭلاپ كەتمىسۇن يەنە ! — دېدى ئۇ شۇ يەردە تۇرغان مال ساتقۇچىغا .

— نېمىشقا شالاڭلاپ قالدى دەمسىز ؟ نابۇت بولۇپ كەتتى ، ۋەيران بولدى ! چاقماق

تەگدى ، قۇرت چۈشتى ، شۇنداق يوق بولدى ئاپئاق خېنىم ، نابوت بولۇپ كەتتى ! ــ دەيتتى ئادەتتە مال ساتقۇچى .

پۇلخرىيە ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن قانائەتلىنىپ ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، باغدىكى يوغان ئالۇچا بىلەن يوغان كۆزلۈك ئامۇتنىڭ تېگىگە كۆپرەك قاراۋۇل قويۇلسۇن ! دەپ بۇيرۇق قىلاتتى .

ھەممە نەرسىگە ئىگە بولۇۋالغان مال ساتقۇچى بىلەن ئاقساقال ئۇنىڭ ھەممىسىنى خوجايىنىنىڭ ئامبىرىغا تۆكۈشنى ئارتۇقچە دەپ بىلىپ ، ئۇنىڭغا يېرىمىنى بەرسەكمۇ بولىدۇ ، دەيتتى . بۇ يېرىمىمۇ نەم تارتىپ كۆكىرىپ قالغانلىقىدىن بازاردا ئۆتمەي قايتىپ كەلگەن ئۇنلار بولاتتى . ئەمما مال ساتقۇچى بىلەن ئاقساقال ھەرقانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسىمۇ ، ئامبارچىدىن تارتىپ چوشقىلارغىچە ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەرقانچە يېسىمۇ ، چوشقىلار كۆپ ۋاقىتتا تۇمشۇقلىرى بىلەن سىلكىتىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى مۇلدۇردەك تۆكۈپ تاشلىسىمۇ ، قۇشقاچ ۋە قاغىلار ھەرقانچە چوقىسىمۇ ، ھەممە خىزمەتكار ۋە مالايلىرى باشقا يېزىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ھەرقانچە توشۇسىمۇ ، ھەتتا ئامباردىكى كونا رەخت ۋە يىپ بارمۇ ، قىسقىسىنى ئېيتقاندا ، دەريادىن بەشۈتەر ھەممە نەرسىنى يۇتۇۋېرىدىغان ھاراقخانىدا ئۆتىدىغان ھەممىنى ھەرقانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسىمۇ ، مېھمانلار ، بوشاڭ ھارۋىكەشلەر ، خىزمەتكارلار ھەرقانچە ئوغرىلاشسىمۇ ، بەرىكەتلىك يەردىن شۇنچە يېمىش ئۇنەتتى ۋە ئافاناسى ئىۋانوۋىچ بىلەن پۇلخرىيە ئىۋانوۋناغا كېتىدىغىنى شۇنچىلىك كەم ئىدىكى ، ئۇلارنىڭ خوجىلىقى شۇنچىلىك بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغىنى بىلەن ھېچ بىلىنمەيتتى .

ئىككى قېرى كونا زامان بايلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئادەتلىرى بويىچە تاماق يېيىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى . تاڭ ئېتىپ ئىشكىلەرنىڭ بايا ئېيتىلغان نەغمىسى باشلىنار ـ باشلانماستىنلا (ئۇلار ھەر ۋاقىتتا ناھايىتى ئەتىگەن تۇراتتى ) ، داستىخان سېلىنىپ ، ئۇلار كوفى ئىچىشكە ئولتۇراتتى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ كوفىنى راسا ئىچىۋېلىپ ، دالانغا چىقىپ پەلەمپەي ئالدىدا تۇرغان غازلارنى ياغلىقى بىلەن ھەيدەپ : «كۆش ، كۆش ! قېنى غازلار لەمپىدىن كېتىڭلار» دەيتتى . ھويلىدا ئۇنىڭغا ئادەتتە مال ساتقۇچى دۇچ كېلىپ قالاتتى . ئۇ ، ئۇنىڭدىن ھەربىر ئىش توغرىسىدا شۇنداق قاتتىق سۈرۈشتۈرەتتى ، شۇنداق ئەمىر ـ پەرمانلارنى بېرەتتىكى ، بۇنداق تەگەپ ـ سۈرۈشتۈرۈشنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىدا بۇنداق ئىش بىلەرمەنلىكىگە ھەيران بولاتتى ۋە يېڭى كەلگەن ئادەم بولسا بۇنداق زېرەك خوجايىنىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئوغرىلاپ ئالالىشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ قورقاتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ مال ساتقۇچىسى كۆپنى كۆرگەن قۇۋ ئادەم ئىدى . ئۇ نېمىدەپ جاۋاب قىلىشنى ۋە خۇسۇسەن خوجىلىققا قانداق خوجايىنلىق قىلىشنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ دەم ئالىدىغان خانىسىغا كىرەتتى ۋە پۇلخرىيە ئىۋانوۋنانىڭ يېنىغا بېرىپ :

ــ بىرەر غىزا ـ پىزا يەۋالساقمىكىن پۇلخرىيە ئىۋانوۋنا ! ــ دەيتتى .

ــ كۆڭلىڭىز نېمىنى خالايدۇ ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ؟ تاتلىق نانغا ياغ سۈركەپ بېرەيمۇ ياكى ئەپيۇن ئۇرۇقى سېپىلگەن سامسا بېرەيمۇ ؟ يا بولمىسا تۇزلىغان گۆمبە بېرەيمۇ ؟ ــ دەيتتى پۇلخرىيە ئىۋانوۋنا .

ــ مەيلى ! گۆمبىمۇ ، سامسىمۇ ، بىرەر نەرسە بېرىڭ ، ــ دەپ جاۋاب بېرەتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ . شۇنىڭدىن كېيىن شىرەگە داستىخان سېلىنىپ ، دەررۇ بۇ تاماقلار تەييار بولاتتى .

ئافاناسى ئىۋانوۋىچ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغا بىر سائەت قالدى دېگەندە ، يەنە ئۇزاق

غىزالىنىۋېلىپ ، كېيىن كونا كۆمۈش پىيالىنى تولدۇرۇپ ھاراق ئىچىۋالاتتى ، ئارقىسىدىن گۆمبە ، قورۇتقان بېلىق ۋە باشقا نېمىلەرنى يەيتتى . سائەت 12 بولغاندا ، چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرۇشاتتى . داستىخانغا تەخسە ۋە لېگەنلەردىن تاشقىرى ، بۇرۇندىن تەييارلاپ قويۇلغان ، ئىچىدىكى تەملىك نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئاغزى سۇۋاپ قويۇلغان بىرنەچچە كومزەكلەرمۇ قويۇلاتتى . غىزا يەۋېتىپ بولىدىغان سۆھبەتمۇ تاماققا يېقىن نەرسىلەر توغرىسىدا بولاتتى :

— مېنىڭچە ، بۇ شويلىنىڭ تېگى ئازراق كۆيگەندەك قىلامدۇ — نېمە ؟ سىزگە بىلىنمەمدۇ پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ؟ — دەيتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ .

— ياق ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، سىز ياغدىن كۆپرەك سېلىڭ ، شۇ چاغدا كۆيگىنى بىلىنمەيدۇ ياكى مۇنۇ گۆمبە بىلەن قورۇلغان قىيمىدىن ئۈستىگە قوشۇڭ .

— مەيلى ، قېنى كۆرەيلچۇ ، تەمى قانداق بولىدىكىن ؟ — دەيتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ تەخسىسىنى ئۇزىتىپ .

تاماقتىن كېيىن ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ بىر سائەت دەم ئېلىپ ياتاتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا تىلىنغان تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ :

— ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، ناھايىتى تاتلىق تاۋۇز ئىكەن ، يەپ كۆرۈڭا ! — دەيتتى .

ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، تاۋۇزدىن يوغان بىر تىلىم ئېلىپ تۇرۇپ :

— پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، تاۋۇزنىڭ قىزىللىقىغا ئىشەنمەڭ ، ئىچى قىزىل بولسىمۇ ، ئۆزى تېتىقسىز بولۇۋېرىدۇ ، — دەيتتى .

ئەمما تاۋۇز دەررۇ تۈگەيتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئامۇتىنىمۇ بىرنەچچىنى يەپ ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا بىلەن باغ سەيلىسىگە چىقىپ كېتەتتى . ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە بولاتتى ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ بولسا هويلا تەرەپكە قارىغان لەمپىگە چىقىپ ، پات — پات ئېچىلىپ — يېپىلىپ تۇرغان ئامبارنىڭ ئىچكىرىسىنى ، بىر — بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، يەشكىلەردە ، غەلۋىرلەردە ، جاۋۇرلاردا ۋە باشقا مېۋە سېلىنىدىغان ئىدىشلاردا ھەرقانداق نەرسىلەرنى توشۇپ ، كىرىپ — چىقىپ يۈرگەن قىزلارنىڭ ئىشلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى . بىر ئازدىن كېيىن ، بىرىنى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانى چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتەتتى ياكى ئۆزى بېرىپ :

— پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، بىرەر نەرسە يەۋالسام دېگەنىدىم ، — دەيتتى .

— نېمە بېرەيكىن ؟ ئالايتەن سىزگە ئاتاپ ئېلىپ قويغان مېۋىلىك سامسام بار ئىدى . ئېيتاي ، شۇنى ئېلىپ كەلسۇنمۇ ؟ — دەيتتى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا .

— مەيلى ، سامسىمۇ ياخشى نەرسە ، — دەيتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ .

— يا بولمىسا ، كۆڭلىڭىز كىسىل خالامدۇ ؟

— بۇمۇ ياخشى نەرسە ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ .

بۇ سوئال — جاۋابلاردىن كېيىن ، ئېيتىلغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقى تەييار قىلىنىپ ، زادى قالدۇرۇلماستىن ھەممىسى يېيىلىپ تۈگەيتتى .

كەچقۇرۇن تاماقتىن ئاۋۋال ئافاناسى ئىۋانوۋىچ يەنە ئانچە — مۇنچە بىرەر نەرسە يەۋېلىپ ، كېيىن سائەت توققۇز يېرىم بولغاندا كەچلىك تاماقنى يەپ ، دەررۇ ئۇخلاشقا ياتاتتى . بۇلار ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ، ھەرىكىتى ھەرقانچە زور بولسىمۇ ، ھالاۋەتسىز بولمىغان بۇ هويلا — ئارامنى جىمجىتلىق باساتتى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ بىلەن پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ياتىدىغان ئۆي شۇنداق ئىسسىق ئىدىكى ، ئۇنداق — مۇنداق ئادەم بۇ ئۆيدە بىر- ئىككى سائەت زادىلا

چىداپ تۇرالمايتتى . ئەمما ، ئۆيدىكى ئىسسىق ئارتۇقلۇق قىلىپ ، كېچىسى بىرنەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينى ئايلىنىپ يۈرسىمۇ ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچقا بۇ ئىسسىقمۇ كۇپايە قىلمايتتى ، ئۇ تېخىمۇ ئىسسىقراق بولسۇن دەپ ، يۇقىرىراق جايغا چىقىپ ياتاتتى . گاھىدا ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ، ئىنجىقلاپ يۈرەتتى .

ئۇ چاغدا پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا :

— نېمىشقا توۋلايسىز ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ؟ — دەپ سورايتتى .

— خۇدا بىلسۇن ، پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا ، قورسىقىم ئازراق ئاغرىپ تۇرىدىغۇ ؟ — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ .

— ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، بىرەر نەرسە يەۋالسىڭىز ياخشى بولارمىكىن ؟

— بىلمىدىم پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا ، ياخشى بولامدىكىن - تاڭ ! دېمىسىمۇ نېمە يېسەم بولىدىكىن ؟

— قېتىق ياكى ئامۇت قېقىدىن قايناتقان سۇيۇقراق بىرەر نەرسە ئىچىۋېلىڭ .

— بولمىسا ئازراق ئىچىپ كۆرەي ، — دەيتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ .

ئۇيقۇلۇق قىز كۆزىنى ئۇۋۇلاپ بېرىپ ، ئىشكاپلارنى ئاختۇراتتى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ بولسا ، ئۇنىڭدىن بىر تەخسە ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئادەتتىچە :

— مانا ئەمدى خېلى يېنىكلەشكەندەك بولۇپ قالدى ، — دەيتتى .

گاھىدا ھاۋا ياخشى بولۇپ ، كۈن ئوچۇق ، ئۆيمۇ ياخشى ئىسسىغان بولسا ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ ، پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا بىلەن چاقچاق قىلىشنى ، ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى .

— پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا ، ناۋادا ئۆيىمىزگە ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكۇدەك بولسا ، نېمىمۇ قىلارمىز ، قاياققىمۇ بارارمىز ؟ — دەيتتى ئۇ .

— ئۇنداق دېمەڭ ، خۇدا ساقلىسۇن ! — دەپ چوقۇناتتى پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا .

— ئۇغۇ شۇنداققۇ ، ئەگەر ناۋادا ئۆيىمىز كۆيۈپ كەتكۇدەك بولسا ، قاياققا كۆچسەك بولىدىكىن ؟

— ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، نەدىكى بولمىغان سۆزلەرنى قىلىۋاتىسىزكىن - تاڭ . خۇدايا توۋا ! ئۆيگە قانداق قىلىپ ئوت كەتسۇن ؟ خۇدايىم ئۆزى ساقلايدۇ .

— ناۋادا ئوت كەتكۇدەك بولسىچۇ ؟

— ئۇ ۋاقىتتا ئاشخانىغا كۆچەرمىز . سىز ۋاقىتلىق ئامبارچى قىز تۇرغان ئۆينى ئىگىلەپ تۇرارسىز .

— ئەگەر ئاشخانىمۇ كۆيۈپ كەتسىچۇ ؟

— خۇدا ساقلىسۇن ! ئۆي - ئاشخانا ھەممىسى بىردىن كۆيۈپ كېتەرمىدى ! ئاشخانىمۇ كۆيۈپ كەتسە ، يېڭى ئۆي سالغۇچە ئامباردا تۇرۇپ تۇرارمىز .

— ئەگەر ئامبارمۇ كۆيۈپ كەتسىچۇ ؟

— خۇدايا توۋا ، قەيەردىكى يوق سۆزلەرنى قىلىسىز ! قويۇڭ ، ئاڭلىغۇممۇ كەلمەيدۇ ! بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىمەڭ ، گۇناھكار بولىسىز ، بۇنداق سۆزلەر ئۈچۈن خۇدايىم جازا بېرىدۇ .

لېكىن ئافاناسى ئىۋانوۋىچ پۇلخېرىيە ئىۋانوۋناغا چاقچاق قىلغىنىغا ئۆزىچە زوقلىنىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى .

ئەمما بۇ بوۋاي ۋە موماي ئۇلارنىڭكىگە مېھمان كەلگەندە ، ئۇلار ماڭا ناھايىتى غەلىتە بولۇپ

كۆرۈنەتتى . مېھمان كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ ئۆيى باشقىچە بولۇپ كېتەتتى . بوۋاي بىلەن موماي پەقەت مېھمان ئۈچۈن يارالغان دېسەكمۇ بولىدۇ . مېھماندىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايتتى ، قىزغانمايتتى ، نېمە بولسا شۇنى مېھماننىڭ ئالدىغا قوياتتى . ئۆز خوجىلىقلىرىدىن چىقىدىغان جىمىكى نەرسىلىرىدىن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قوياتتى ، ئەمما ، ماڭا ھەممىدىن كۆپرەك ياققىنى شۇ ئىدىكى ، ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقىدا ھېچقانداق مەنىسىزلىك ۋە تېتىقسىزلىق بولمايتتى ، ئۇلارنىڭ بۇنداق مېھماندوست ۋە ئوچۇق چىرايلىقى ئۆزلىرىگە شۇنداق يارىشاتتىكى ۋە شۇنداق يېقىملىق ئىدىكى ، تەكلىپ قىلغىنىدا ھېچ قايتۇرالماستىن ، ئىختىيارسىز خوپ دەيتتىڭىز . بۇلارنىڭ دىللىرىدا كىر بولماي ، پاك ۋە ئوچۇق بولغانلىقىدىن ، پېئىلى كەڭ ، ئۆزلىرى خۇش مۇئامىلە ئىدى . ئۇلارنىڭ بۇنداق مېھماندوستلۇقى سىلەرنىڭ شەپقەتىڭلارنىڭ سايىسىدە ئادەم قاتارىغا كىرگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن شەپقەتگاھىم دەپ ئايىغىڭلارغا باش قويىدىغان بىر خىل مەھكىمە چىنوۋنىكلىرىنىڭ مېھماندوستلۇقىغا زادىلا ئوخشىمايتتى . ئۇلار كەلگەن مېھماننى شۇ كەلگەن كۈنى زادى كەتكۈزمەيتتى ، بىر كېچە ياتقۇزماستىن قويمايتتى .

پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا كەلگەن مېھمانغا ھەمىشە :

— بۇنداق كەچ قاياققا باراتتىڭىز ! كەچ ۋاقىتتا ئۇزاق يولغا چىقىپ بولامدۇ ؟ — دەيتتى (كەلگەن مېھمان ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئۈچ ياكى تۆت چاقىرىم نېرىدا تۇراتتى ) .

— ئەلۋەتتە ، بىر پالاكەت بولمىسۇن ، باسمىچىغىمۇ يا بىرەر يامان كىشىگە ئۇچراپ قالماڭلار يەنە ، — دەيتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ .

— باسمىچىلاردىنغۇ خۇدانىڭ ئۆزى ساقلىسۇن ! — دەيتتى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، — كېچىسى بۇنداق دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ باسمىچىنىڭ ۋۇجۇدى قۇرۇسۇنۇ ، ھەر ھالدا قاراڭغۇ كېچىدە يولغا چىقىش ياخشى ئەمەس . هارۋىكەشىڭىزنى ياخشى بىلىمەن ، يېرىمجانغىنا ، كىچىككىنە بىر ئادەم ، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە كۈچى يەتمەيدۇ ، ئۇ ئىچىۋېلىپ ئالىلقاچان بىر يەردە ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس .

بۇ سۆزلەردىن كېيىن مېھمان ئەلۋەتتە يېتىپ قالاتتى ، ئەمما يېتىپ قالغىنىمۇ يامان بولمايتتى . كەچقۇرۇن پاكارغىنا ئۆينىڭ ئىسسىقى كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ ، كەيپ بېرىدىغان ھېكايىلەر ، ئۈستىلىق بىلەن پىشۇرۇلغان ۋە داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ ھور چىقىپ تۇرغان مەززىلىك تاماق ئۇنىڭغا نېسىپ بولاتتى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ ئۈستەلدە ئېڭىشىپ ، مېھماننىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغانلىقى ھېلىمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ! كۆپ ۋاقىت سۆھبەت سىياسەت دائىرىسىگىمۇ كىرىپ كېتەتتى ، ئاندا - ساندا بىر قېتىم ئاران يېزىسىدىن چىقىدىغان مېھمانمۇ خۇددى ھېچكىم بىلمەيدىغان سىر سۆزىنى بىلىدىغان ئادەمدەك ، ئۆزى ئويلاپ تاپقان گەپلەرنى ۋەھىملىك قىلىپ سۆزلەيتتى ، ئىنگلىزلار بىلەن فرانسۇزلار ئۆزئارا يەڭ ئىچىدە كېلىشىۋېلىپ ، بوناپارتنى يەنە رۇسىيىگە قارشى ئاتلاندۇرماقچى بوپتۇ ياكى يېقىندا ئۇرۇش بولارمىش دەيتتى . شۇ ۋاقىتتا ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ گويا پۇلخىرىيە ئىۋانوۋناغا قارىمىغان كىشى بولۇپ :

— مەن ئۆزۈممۇ ئۇرۇشقا بارساممىكىن دەپ ئويلايمەن ، مەن ئۇرۇشقا نېمىشقا بارالمايدىكەنمەن ؟ — دەپ قوياتتى .

پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ :

— مانا كۆرۈڭ ، ئەمدى ئۇرۇشقىمۇ كەتتى ! — دەيتتى ، كېيىن مېھمانغا قاراپ : — بۇ كىشىگە ئىشەنمەڭلار ، قېرى كىشى قانداق قىلىپ ئۇرۇشقا بارسۇن ؟ بۇنى

بىرىنچى ئۇچراپ قالغان سولدات دەررۇ ئېتىپ قويار ! خۇدا ئۇرسۇن ، ئېتىپ تاشلايدۇ ! مانا بۇنداق قىلىپ دەللەپ ئېتىپ تاشلايدۇ ، — دەيتتى .

— نېمە دەپتۇ ؟ ئۇ ئاتسا مەنمۇ ئاتىمەن - دە ! — دەيتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ .

— بۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭلار ، سۆزلەۋېرىدۇ ، — دەيتتى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، — قايسى ئەھۋالىغا ئۇرۇشقا بارسۇن ؟ بۇنىڭ مىلتىقىمۇ دات بېسىپ ھۇجرىسىدا يېتىپتۇ . ئەگەر سىلەر كۆرسەڭلار ئىدى ، ئۇنىڭ مىلتىقى ئېتىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزى يېرىلىپ كېتىدۇ . قولىنى مېيىپ قىلىپ ، يۈز - كۆزىنى كۆيدۈرۈپ ، ئۆمۈرۋايەت بەختى قارا بولۇپ قالمىسا بولاتتىغۇ !

— خوش ، نېمە بوپتۇ ؟ — دەيتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، — يېڭى مىلتىق سېتىۋالدىمەن - دە ! قىلىچ ياكى كازاكلارنىڭكىدەك نەيزە ئالىمەن .

— بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئويلاپ تاپقان بىھۇدە گەپ . ئويىغا نېمە كەلسە شۇنى سۆزلەۋېرىدۇ ، — پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا خاپىلىق بىلەن ئېرىنىڭ ئاغزىدىن سۆزنى ئېلىپ دەيتتى ، — مەن ئۇنىڭ ئويناپ ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن . لېكىن شۇنداق بولسىمۇ قۇلاققا ياقمايدۇ . ھەر ۋاقىتتا شۇنداق چاقچاق قىلىدۇ ، گاھى ۋاقىتتا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ ۋەھىمە بېسىپ كېتىدۇ .

ئەمما ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئازغىنا بولسىمۇ قورققىنىغا مەز بولۇپ ، ئولتۇرغان جايىدا ئېگىشىۋېلىپ راسا كۈلەتتى .

پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ كەلگەن مېھماننى داستىخانغا ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقتىدىكى قىلىقلىرى ماڭا ناھايىتى ياقاتتى .

— مانا بۇ ، — دەيتتى ئۇ گرافىننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ ، — زەپەر بىلەن خۇش پۇراق يوپۇرماق سېلىنغان هاراق ، غول گۈجىكى ياكى بەل ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ . مانا بۇ باشقا خىل ئاجايىپ گىياھ سېلىنغان هاراق ، بۇ قۇلىقى زىڭىلداپ ئاغرىغانلارغا ، يۈزىگە تەمرەتكە چۇشكەنلەرگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ . مانا بۇ بولسا شاپتۇل مېغىزىدىن چىقىرىلغان ، بىر رومكا ئىچىپ كۆرۈڭ ، شۇنداق خۇش پۇراقكىن ، ئەگەر بىرى كارىۋاتتىن تۇرۇۋاتقاندا ، شىرە ياكى ئىشكاپنىڭ قىرىغا يۈزىنى ئۇرۇۋېلىپ پېشانىسىنى ئىششىتىۋالسا ، تاماقنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىن بىر رومكا ئىچسە ، بىر پەستە ئىششىقى تۈزۈلۈپ ، خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ساپساق بولۇپ كېتىدۇ . كېيىن ، ئۇ باشقا گرافىنلاردىكى هاراقلارنىمۇ شۇنداق ماختاپ ، ئۇلارنىڭمۇ بىرەر دەردكە شىپالىق خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى ئېيتاتتى . بۇ دورا - دەرمانلارنى مېھماننىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەندىن كېيىن ، نۆۋەت داستىخاندىكى تەخسىلەرگە كېلەتتى :

— مۇنۇ گۇمبىلەرگە جاغجاغ ئارىلاشتۇرۇلغان ! بۇنىسىغا مۇنچاق لازا بىلەن بىر خىل ياڭاق مېغىزىنى سالغانمەن . گۇمبىنى بۇنداق تۇزلاشنى ماڭا تۈركلەر بىزدە ئەسىر چاغدا بىر تۈرك خوتۇنى ئۆگىتىپ قويغانىدى . ئۇ ناھايىتى ياخشى خوتۇن ئىدى ، تۈرك دىنىدا ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلدۈرمەيتتى ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەنىدى ، پەقەت چوشقا گۆشىنى يېمەيتتى : چوشقا گۆشى بىزگە هارام دەيتتى . . . مانا بۇ گۇمبىلەرنى قارىقاتنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن مۇشكات ياڭىقىنى سېلىپ تۇزلىغانمەن ! مانا بۇ يوغان - يوغان گىياھلارنى بولسا ، مەن بۇلارنى تېخى بىرىنچى قېتىم سىركە سېلىپ قايناتتىم . بىلمىدىم قانداق بولدىكىن ؟ مەن بۇنىڭ ھېكمىتىنى ئىۋاننىڭ دادىسىدىن بىلىۋالغانىدىم . ئاۋۋال كىچىككىنە تۇڭنىڭ تېگىگە دۇب دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن سېلىپ ،

كېيىن لازا بىلەن قارىمۇچ سېپىش كېرەك ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچۋې ـ ۋىتىر دېگەن بىر خىل گۈل بارغۇ ؟ ئەنە شۇنىڭ گۈلىنى سېلىپ ، ئۈستىدىن يېپىپ تاشلاش كېرەك ئىكەن . مانا بۇلار سامسا ! بۇ سامسىغا پىشلاق سېلىنغان . مانا بۇ سامسىغا ئەپيۇن ئۇرۇقىنى ئېزىپ سالغانىدىم . مانا بۇ ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ ياخشى كۆرىدىغان سامسىسى — بۇنى كاپۇستا بىلەن گىرىچنى شويلىسى سېلىپ پىشۇرغانمەن ، — دەيتتى ئۇ .

— ھە توغرا ، — دەپ سۆز قوشاتتى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، — مەن ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن ، چۈنكى ئۇلار يۇمشاق ۋە چۈچۈمەلرەك .

ئۆيىگە مېھمان كەلگەندە ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتەتتى . مېھماندوست ، ياخشى موماي ئىدى ! مېھمان ئۈچۈن جېنىنى بېرەتتى . مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتىم ، ئارتۇقچە تاماق ماڭا ياقمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭكىگە كەلگەن مېھمانلارغا ئوخشاشلا ناھايىتى كۆپ تاماق يەيتتىم ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭكىگە بارغۇم كېلىپ تۇراتتى . مالوروسىيىنىڭ ھاۋاسىدا تاماق ھەزىم قىلىدىغان ئالايىتەن بىر خۇسۇسىيەت بارمىكىن دەپ ئويلايمەن ، چۈنكى ، ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىمىزدا بىرى شۇنداق كۆپ تاماق يەپ قويسا ، بېشى ياستۇققا يەتمەي تۇرۇپ ، توپتوغرا ئولتۇرغان يېرىگە يىقىلغان بولاتتى . ناھايىتى ياخشى بوۋايۇ موماي ئىدى ! بىراق ھېكايەم بۇلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى ئەبەدىي ئۆزگەرتىۋەتكەن ناھايىتى يامان ۋەقەگە يېقىنلىشىپ قالدى . بۇ ۋەقە ئەرزىمىگەن بىر ھادىسە ئارقىسىدا بولغانلىقىدىن تېخىمۇ غەلىتە ۋە ئاجايىپ بولۇپ كۆرۈنىدۇ . ئەمما نېمىشقىدۇر ھەر ۋاقىتتا شۇنداق بولىدىكىن ، ئەرزىمىگەن سەۋەب بىلەن چوڭ ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ : گاھىدا ، بۇنىڭ تەتۈرى بولۇپ ، ناھايىتى چوڭ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى كىچىككىنە ئىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ . قانداقتۇر بىر جاھانگىر ئۆز دۆلىتىنىڭ بارلىق كۈچىنى توپلاپ ، بىرنەچچە يىل ئۇرۇش قىلىدۇ ، ئەسكەر باشلىقلىرى داڭ چىقىرىدۇ ۋە ئاخىرىدا بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ياڭيۇ ئەككۈدەكمۇ جايى بولمىغان بىر پارچە يەرنى ئېلىش بىلەن تامام بولىدۇ . گاھىدا ، ئىككى شەھەردىكى ئىككى قېزىچى يوقلا بىر نەرسىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالسا ، ئۇلارنىڭ جاڭجىلى بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەر ئىككىسىگە يېيىلىپ كېتىدۇ ، كېيىن يېزىلارغا ۋە بارا ـ بارا پۈتۈن مەملىكەتكىمۇ يېيىلىپ كېتىدۇ . لېكىن بۇ سۆزلەرنى قويايلۇق ، چۈنكى بۇ يەردە ئورنى ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، نەتىجىسىز قۇرۇق سۆزنى ئۆزۈممۇ يامان كۆرىمەن .

پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ بىر تاغىل مۈشۈكى بولۇپ ، دائىم ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۈگۈلۈپ ياتاتتى . پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا گاھىدا مۈشۈكنى ئەركىلىتىپ ، سىلاپ ـ سىيپاپ ، بوينىنى غىدىقلاپ قوياتتى ، مۈشۈكمۇ بوينىنى ئۇزۇن سوزۇپ بېرەتتى . موماي مۈشۈكنى ئانچىلا ياخشى كۆرمىسىمۇ ، لېكىن ھەمىشە ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ ، مېھرىبان بولۇپ قالغانىدى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ بولسا كۆپ ۋاقىتتا مومايىنىڭ مۈشۈككە بولغان بۇنداق مېھرىبانلىقىنى زاڭلىق قىلىپ مۇنداق دەيتتى :

— پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، بىلمىدىم ، مۈشۈكنىڭ نېمىسىنى شۇنچە ياخشى كۆرىسىز ؟ نېمە قىلاتتىڭىز ئۇنى ! ئىت بولسىغۇ مەيلى ئىدى ، ئوۋغا يارايتتى ، ئەمما مۈشۈك نېمە قىلىپ بېرىدۇ ؟

— كۆپ سۆزلىمەڭ ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، — دەيتتى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، — سىزگە پەقەت گەپ بولسا بولدى ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيسىز . ئىت پاكىز بولمايدۇ ، ئىپلاس بولىدۇ ، ئۇنى ـ بۇنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ ، مۈشۈك بولسا ياۋاش مەخلۇق ، ھېچكىمگە زىيىنى تەگمەيدۇ .

توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئىتمۇ، مۈشۈكمۇ ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. لېكىن ئۇ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا بىلەن چاقچاق قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق دەيتتى.

ئۇلارنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىدا چوڭ دەرەخلىكى بار ئىدى. ئەمما، قولىدىن ھەر ئىش كېلىدىغان مال ساتقۇچىلىرى بۇ دەرەخلەرگە زادىلا قول تەگكۈزمىگەنىدى. پالتىنىڭ ئاۋازى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالمىسۇن دەپ قورققانلىقتىنمۇ، ھەر ھالدا بۇ دەرەخلىككە زادىلا تەگمىگەنلىكتىن، دەرەخلىك ئادەم كىرسە قورققۇدەك بۆك - باراقسان بولۇپ كەتكەن، كىچىك - كىچىك ياڭاقلار ئۆسۈپ، يوغان دەرەخلەرگە چىرمىشىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەرەخلەرنىڭ غوللىرى پايپاق كەپتەرنىڭ ئايىغىغا ئوخشاپ كەتكەنىدى. دەرەخلىكنىڭ ئىچىدە ياۋايى مۈشۈكلەر كۆپ ئىدى. ئەمما، دەرەخلىكتە بولىدىغان ياۋايى مۈشۈكلەر ئۆگزىمۇ ئۆگزە سەكرەپ يۈرگەن ئۆي مۈشۈكلىرىدىن پەرق قىلىشى لازىم. ئۇ مۈشۈكلەرنىڭ پەيلى بىر خىل يامان بولسىمۇ، شەھەردە تۇرغانلىقىدىن، جاڭگالدىكى ياۋايى مۈشۈكلەرگە قارىغاندا ئادەمگە خېلى ئۆگىنىپ، مەدەنىيلەشكەنىدى. جاڭگالدا تۇرىدىغان ياۋايى مۈشۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى يامان، ۋەھشىي بولىدۇ. ئۇلار دائىم ئاچ، ئورۇق بولۇپ، يوغان، قوپال ۋە قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىلەن مىياڭلايدۇ. ئۇلار بەزىدە يەرنى كولاپ، ئامبارلارغا كىرىپ ياغ ئوغرىلايدۇ، ئاشپەزنىڭ ئوتۇنغا چىقىپ كەتكىنىنى پايلاپ قالسا، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن لىپ ئېتىپ سەكرەپ ئاشخانىغىمۇ چۈشىدۇ. ئومۇمەن، ئۇلاردا ھېچقانداق ياخشى خۇلق يوق، ئۇلار پەقەت يىرتقۇچلۇق بىلەن ياشايدۇ، قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋىلىرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى يەيدۇ. ئەنە شۇ مۈشۈكلەر ئامبارنىڭ تېگىدىكى تۆشۈكتىن كىرىشىپ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ياۋاش مۈشۈكى بىلەن بىرنەچچە ۋاقىتقىچە پۇرىشىپ يۈرۈشتى. خۇددى سولداتلار نادان يېزا قىزىنى ئالداپ ئېلىپ كەتكەندەك، بىر كۈنى ئۇ ياۋايى مۈشۈكلەرمۇ پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ مۈشۈكىنى ئېلىپ كەتتى. پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا مۈشۈكىنىڭ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، خېلى ئىزدەتكۈزدى، لېكىن تاپالمىدى. ئارىدا ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا كۆپ ئېچىنىدى، ئەمما كېيىن ئېسىدىنمۇ چىقىپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇ كۆكتاتلىقنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئۈزگەن بىرنەچچە تال كۆك تەرخەمەكنى ئېلىپ كېلىۋاتقانىدى، قۇلىقىغا بىر مۈشۈكنىڭ ئارانلا مىياڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئىختىيارسىز بىر ھالدا «پىش - پىش» دەپ چاقىرغانىدى، قورايلىقنىڭ ئىچىدىن تاغىل مۈشۈكى مىياڭلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئورۇقلاپ ناھايىتى خاراب بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بىرنەچچە كۈندىن بېرى زادى بىرنېمە يېمىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ھەرقانچە چاقىرسىمۇ، مۈشۈكى نېرىدا تۇرۇپ مىياڭلايتتى، لېكىن يېقىن كېلىشتىن قورقاتتى. چۈنكى شۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە خېلى ياۋايىلىشىپ قالغانىكەن. پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا يەنە چاقىرغانىدى، مۈشۈكى قورقۇپ - قورقۇپ ئاستا تام يېنىغىچە ئەگىشىپ باردى، كېيىن تۇرغان جايلىرىنى تونۇپ، ئىچكىرىگە كىردى. پۇلخىرىيە ئىۋانونا ئۇنىڭغا دەررۇ سۈت، گۆش بېرىڭلار، دەپ بۇيرۇدى ۋە بىچارە مۈشۈكنىڭ گۆش ۋە سۈتنى قانداق ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېگەنلىكىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. شۇ ۋاقىتتا مۈشۈكى بىر پەستە كۆز ئالدىدا يوغىناپ سەمرىپ قالدى. تاماق يېيىشىمۇ ئاۋۋالقىدەك ئەمەس، كۆزى خېلى تويۇپ قالغانىدى. پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا مۈشۈكىنى سىلىماقچى بولۇپ، قولىنى ئۇزاتقانىدى، ياخشىلىقنى بىلمىگەن ئەخمەق ھايۋان ياۋايى مۈشۈكلەر بىلەن خېلى ئەل بولۇپ قالسا كېرەك ئەتىمالىم ياكى كۆڭلىدە مۇھەببەت بولسا كەمبەغەللىك كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ دېگەن رومانتىك قائىدىنى ئاڭلاپ قالغانمۇ — چۈنكى

ھېلىقى ياۋايى ئەركەك مۇشۇكلەر لاچىندەك يوْقسىز يالىڭاچ ئىدى — ھەر ھالدا بۇ مۇشۇك دېرىزىدىن بىر سەكرەپ قېچىپ كەتتى ، خىزمەتكارلار ھەرقانچە قوغلىسىمۇ ئۇنى تۇتالمىدى .
موماي خىيال سۈرۈپ قالدى : «بۇ مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئەجىلىم ئىد-كەن» — دېدى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە ۋە بۇ خىيالنى ھېچ نەرسە بىلەن تارقىتالمىدى . كەچ كىرگۈچە خاپا بولۇپ يۈردى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز خاپا بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ ، كۆپ ھەرىكەت قىلدى ، لېكىن پايدا چىقمىدى : پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئۇنىنى چىقارمايتتى ، چىقارسىمۇ ئافاناسى ئىۋانوۋىچنى خاتىرجەم قىلغۇ-دەك ئېچىلىپ سۆزلىمەيتتى . ئەتىسىگە موماي ئۆزىنى خېلىلا ئالدۇرۇپ ئورۇقلاپ قالدى .
— پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، سىزگە نېمە بولدى ؟ — ئاغرىپ - تارتىپ قالمىغانسىز ؟
— ياق ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ! ئاغرىغىنىم يوق ! بىر ھادىسە بولۇپ ئۆتتى ، مەن شۇنى سىزگە ئېيتماقچىمەن : شۇ يازدا ئۆلىدىغانغا ئوخشايمەن ، ئەجىلىم بىر قېتىم كېلىپ كەتتى !
ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ لەۋلىرى پۈرۈلۈپ كەتتى ، ئەمما سىر بەرمەي ، كۆڭلىگە چۈش-كەن ھەسرەتنى بىلدۈرمەسلىككە ھەرىكەت قىلىپ ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى :
— پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، نەدىكى بولمىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز ؟ خۇدايا توۋا ! بەلكىم ھەر ۋاقىتتا ئىچىدىغان دورىڭىزنىڭ ئورنىغا ئادىشىپ شاپتۇل سۈيىنى ئىچىپ قويغانغا ئوخشايسىز .
— ياق ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، شاپتۇل سۈيىنى زادىلا ئىچكىنىم يوق ، — دېدى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا .
ئافاناسى ئىۋانوۋىچ مومايىنى بۇنداق زاڭلىق قىلغانلىقىغا ئېچىندى ۋە ئۇنىڭغا ھەسرەت بىلەن قاراپ ، كۆزىگە ياش ئالدى .
— ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، سىزگە ۋەسىيىتىم شۇكى ، — دېدى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئېرىگە ، — مەن ئۆلسەم جەسىتىمنى چېركاۋ تېمىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈڭ . ئۈستۈمگە ئۈششاق گۈللۈك ، ئېتىكى بېغىررەڭ كۆڭلىكىمنى كىيدۈرۈڭ . قىزىل يوللۇق ئەتلەس كۆڭلىكىمنى كىيدۈرمەڭ ، ئۆلگەن كىشىگە ياخشى كىيىمنىڭ كېرىكى يوق . سىزگە كېرەك بولۇپ قالار . ئۆزىڭىزگە خالات تىكتۈرۈۋېلىڭ ، مېھمان كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ياخشىراق ياسىنىپ چىقارسىز .
— خۇدا ئۆزى بىلسۇن ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، نېمە دەۋاتىسىزكىن - تاڭ ! — دېدى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، — ئۆلۈمغۇ ئاخىر بىر كۈن بار ، لېكىن سىز ھېلىتىنلا يوق بىر سۆزلەر بىلەن ئادەمنى قورقۇتۇۋاتىسىز .
— ياق ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، قاچان ئۆلۈشۈمنى ئۆزۈم بىلىمەن ، ئەمما سىز كۆپ قايغۇرماڭ ، يېشىمنى ياشاپ بولدۇم ، ئەمدى قېرىدىم ، لېكىن سىزمۇ ياش ئەمەسسىز ، ئاخىرەتتە دىدار كۆرۈشەرمىز .
ئەمما ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ياش بالىدەك ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى .
— ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ، يىغلاش گۇناھ ئىش ! قويۇڭ ، ئۆزىڭىزنى گۇناھكار قىلماڭ ، خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەڭ . مەن ئۆلۈپ كېتىشىمگە ئېچىنمايمەن ، پەقەت بىرلا نەرسە توغرىسىدا ئېچىنىمەن (ئېغىر تىن ئۇنىڭ سۆزىنى بىردەم بۆلدى ) ، مەن سىزنى كىمگە تاشلاپ كېتەرمەن ؟ مەن ئۆلسەم ، سىزگە كىم قارىشاركىن دەپ ئېچىنىمەن . ياش بالىدەك كىشىسىز ، سىزنى پەرۋىش قىلغۇچى سىزنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك .
بۇ سۆزلەرنى دېگەندە ، ئۇنىڭ چېھرىدە شۇنداق بىر غەم ھەسرەت ئالامىتى پەيدا بولدىكى ،

بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ چىدىغىلى بولمايتتى .
پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئامبارچى ئايالنى ئالايتەن چاقىرتىۋېلىپ بۇنداق دېدى :
— ماڭا قارا ياۋدوخا ، مەن ئۆلسەم ، خوجايىنىڭ پانغا ياخشى قارا ، ئۆزۈڭنىڭ كۆزد-
ىدەك ، ئۆز بالاڭدەك كۈتۈپ پەرۋىش قىل . ئاشخانىدىكىلەر ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن تاماقىنى
پىشۇرۇپ بەرسۇن ، كۆڭلەك ۋە باشقا كىيىملىرىگە قاراپ تۇرغىن ، ھەر ۋاقىتتا تازا بولسۇن .
مېھمان كەلگەندە ياخشىراق كىيىندۈرۈپ قويغىن . كونا خالاتنى كىيىپ چىقمىسۇن ، چۈنكى
گاھىدا شۇنداق ئادىتى بار . ھازىرمۇ بەزىدە قاچان بايرام كۈنى ، قاچان ئىش كۈنى ئىكەنلىكى-
نى ئۇنتۇپ قالىدۇ . ياۋدوخا ، ئۇ كىشىدىن خەۋەرسىز بولۇپ قالما ، كۆزۈڭدىن نېرى قىلما ،
مەن ئاخىرەتتە ھەققىڭگە دۇئا قىلىپ ياتىمەن . خۇدايىم سېنىمۇ مۇرادىڭغا يەتكۈزەر . سەنمۇ
قېرىپ قالدىڭ ، بۇنىمۇ يادىڭدا تۇتقىن . ئۆز جېنىڭغا ئۆزۈڭ جەبىر قىلىپ گۇناھكار بولۇپ
قالما . ئەگەر ئۇ كىشىنى ياخشى پەرۋىش قىلمىساڭ ، دۇنيادا خار بولىسەن . ئاۋۋال مەن
ئۆزۈم سېنى قارغايمەن ، ئىمانسىز كېتىسەن ، ئۆزۈڭمۇ ، بالىلىرىڭمۇ بەختسىز بولۇپ خار-
زارلىقتا قالىسەن . يەتمىش پۇشتىڭنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ ، —
بىچارە موماي ! ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ياتقىنىنى ، ئۆز ئىمانىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئويلىماي ،
بىللە ئۆمۈر كۆرگەن ، ئەمدى يېتىم قېلىپ تاشلاپ كېتىۋاتقان يولدىشىنى ئويلايتتى . موماي
دەررۇ ھەممە يېقىنى سەرەمجان قىلدۇردى ، ئۆي خوجىلىقىنى شۇنداق راسلاپ قويدىكى ،
ئۆلگىنىدىن كېيىن ئافاناسى ئىۋانوۋىچقا ئۇنىڭ يوقلۇقى زادىلا بىلىنمەيدىغان بولدى . ئۆلۈمد-
ىنىڭ يېقىنلىقىغا كۆزى شۇنداق يېتىپ قالغان ۋە ئۆزى بۇنىڭغا شۇنداق تەييارلانغانىدىكى ،
ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەستىنلا ، ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالدى ۋە گېلىدىن تاماق
ئۆتمەي قالدى . ئافاناسى ئىۋانوۋىچ پۈتۈن جان- تېنى بىلەن ئۇنى پەرۋىش قىلاتتى ۋە بېشىدىن
نېرى كەتمەيتتى . ئۇنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ : «پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ، كۆڭلىڭىز
بىرەر غىزا خالىمامدۇ ؟» دەپ سورايتتى ئۇ . لېكىن پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ئۈنچىقمايتتى .
ئاخىر ، ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ، پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا خۇددى بىرنەرسە ئېيتماقچى بولغاند-
ىدەك كالپۇكلىرىنى قىمىرلاتتى ، ئەمما ئۈنى چىقماي ، جېنى چىقتى .
ئافاناسى ئىۋانوۋىچ مومايىنىڭ ئۆلۈمىگە زادى چىدىماي ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ شۇنداق
گاراڭ بولۇپ قالدىكى ، ھەتتا كۆزىگە ياشمۇ كەلمىدى . گويا جەسەتنىڭ نېمىلىكىنى زادى
بىلمىگەندەك ، خىرە ، قۇرۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى .
ئۆلۈكنى تاختايغا ئېلىشتى ، ئۆزى ۋەسىيەت قىلغان كۆڭلىكىنى كىيدۈرۈشتى ؛ قولىلد-
ىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ ، بىر تال موم شام تۇتقۇزۇپ قويدى ، ئەمما ئافاناسى ئىۋانوۋىچ نېمە
بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي ھاڭ- تاڭ ئىدى . ھەر ياقتىن ھەر خىل ئادەملەر كېلىشىپ ھويلا
توشتى ، جىنازا نامىزىغا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر كەلدى . ھويلىغا ئۇزۇن - ئۇزۇن تاختاي
ئۈستەللەر قويۇلۇپ ، داستىخانلار سېلىندى . داستىخاندا تۈرلۈك- تۈمەن ناھايىتى كۆپ
تاماقلار بار ئىدى . مېھمانلار رەھمەتلىكنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى ماختاپ سۆزلىشەتتى ،
يىغلىشاتتى . ئەمما ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ بۇ ئىشلارغا زادىلا ئەقلى يەتمەي ، ھاڭ - تاڭ
ئىدى . ئاخىرىدا تاۋۇتنى ئېلىپ مېڭىشتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ماڭدى .
ئافاناسى ئىۋانوۋىچمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى . پوپلار ناھايىتى ياسىنىپ ، سالاپەتلىك
بولۇپ چىققانىدى ، قۇياش نۇر سېپەتتى ، ئانىلارنىڭ قولىدىكى بالىلار يىغلىشاتتى ، تورغايلار
سايرىشاتتى ، كۆڭلەكچان بالىلار كوچىدا يۈگۈرۈشۈپ شوخلۇق قىلىشاتتى . تاۋۇتنى گۆرنىڭ
يېنىغا قويۇشقاندىن كېيىن ئۇنى چاقىرىشتى . رەھمەتلىك بىلەن خوشلىشىڭ ، ئاخىرقى قېتىم

ئۆپۆۋېلىك، دېيىشتى. ئافاناسى ئىۋانوۋىچ تاۋۇتقا يېقىن كېلىپ رەھمەتلىكنى سۆيدى، كۆزىگە لىق ياش ئالدى. ئەمما، يىغىسى قانداقتۇر ھارارەتسىز ئىدى. تاۋۇتنى گۆرگە چۈشۈرۈشتى. پوپ گۇرجەكنى قولىغا ئېلىپ بىر گۇرجەك توپا تاشلىدى. ھاۋا تىنىق ئىدى. چېركاۋنىڭ ئىككى ھاپىزى بىلەن سوپىسى يوغان ئاۋاز بىلەن مەرھۇمغا ئەلۋىدا ئوقۇدى. گۆرچىلەر گۇرجەكنى ئېلىپ گۆرنى كۆمۈشكە باشلىدى. گۆر توپىغا تولۇپ تەكشىلەندى. شۇ چاغدا، ئافاناسى ئىۋانوۋىچ ھەممىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېلىۋەردى. توپلىنىپ تۇرغانلار ئۇنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. ئۇ كۆزىنى يۇقىرى قىلىپ ھەسرەت بىلەن قاراپ: «ۋاي، سىلەر ئاللىقاچان كۆمۈپ تاشلىدىڭلارمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭلار؟...» دېدى ـ دە، باشقا ھېچ نەرسە ئېيتالماستىن سۆزىنى تۈگەتتى.

ئەمما ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆينىڭ چۆل بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەتتا پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقىنىمۇ تاشقىرىغا چىقىرىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، شۇنداق ھۆركىرەپ يىغلىدىكى، ئۆزىنى ھېچ توختىتالمىدى، ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرىدىن دەريا ـ دەريا ياش ئاقتى.

ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى. زامان، ۋاقىت ھەرقانداق قايغۇ ـ ھەسرەتنى كۆتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ قايسى بىر ھېسسى ۋاقىت بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۇنىڭ زەربىسىگە چىدىيالايدۇ؟ مەن بىلىدىغان بىر ياش يىگىت بار ئىدى. ھەقىقەتەن مەرد، ھىممىتى زور، ئالىيجاناب كىشى ئىدى. شۇ ئادەم بىر كۈنلىرى ئىشقى ـ شەيدا بولۇپ، مۇھەببەت ئوتىدا شۇنداق ئۆرتىنىپ كۆيدىكى، ھېچ تاقىتى قالمىدى، راھەت ۋە پاراغەتتىن ئايرىلىپ قالدى. ھۆسن ۋە لاتاپەتتە ناھايىتى ياخشى بولغان مەشۇقى خۇددى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىزدىن، ئەجەل دەستىدىن قۇتۇلالماي ئۆلۈپ قالدى. بىچارە ئاشىق شۇنداق دادۇ ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، ھەسرەت ۋە نالىسىنى شۇنداق ئاشۇردىكى، ئۇنىڭ بۇ قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ھالى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، دىلىنى پارە ـ پارە قىلاتتى. شۇنداق پاجىئەلىك ھالغا چۈشتىكى، بۇنداق ھالنى زادى كۆرمىگەنىدىم ۋە ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە سېلىشىنى، نىجاد ۋە ئۈمىدىنىڭ ئالامىتى زادى كۆرۈلمىگەن بۇنداق دوزاخقا سېلىشىنى زادى ئويلىمىغانىدىم. ئۆز جېنىغا قەست قىلمىسۇن دەپ، بىچارىنى زادى يالغۇز قالدۇرماسلىققا ھەرىكەت قىلىشاتتى، ئەسۋاب ۋە ياراغلارنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قويۇشاتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كۈلىدىغان، چاقچاقلىشىدىغان بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇشتى، ئەمما ئۇ بۇ ئەركىنلىكنى ئاۋۋال بىر تاپانچا سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزدىن چىققان تاپانچا تاۋۇشى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى قورقۇتۇۋەتتى. يۈگۈرۈشۈپ ئۆيىگە كىرسە، بېشى پاچاقلىنىپ ئوڭدىسىغا چۈشۈپ يېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا تەجرىبىسىنىڭ داڭقى چىققان، مەشھۇر دوختۇر كېلىپ كۆرسە، تېخى جېنى چىقمىغان، يارىسى ئۆلىدىغان دەرىجىدە ئەمەسكەن، قارىسىڭىزا، دوختۇر ئۇنى ساقايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قارايدىغان بولۇشتى. ھەتتا تاماق يېگەندىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا پىچاق قويمايدىغان ۋە ئۆزىنى ئۇرۇشقا يارىغۇدەك باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قويىدىغان بولدى. ئەمما، بىر كۈنى يەنە پۇرسەت تېپىپ، ئۆزىنى پەيتۇن ھارۋىنىڭ تېگىگە تاشلىدى، قول ۋە ئايىغى سۇندى، بۇنىڭدىنمۇ تۈزۈلۈپ كەتتى. بۇ ۋەقەگە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئۇنى ئادەملەرنىڭ ئىچىدە چوڭ بىر يىغىندا كۆردۈم. ئۇ كۆڭلى خۇش، چاقچاق

قىلىشىپ ئولتۇراتتى ، بىر قارتىنى قولى بىلەن يېپىپ تۇرۇپ : «پېتېت - ئۇۋېرت »[1] دەيتتى . ئۇنىڭ كەينىدە ياشقىنا خوتۇنى ۋە ئۇ ئولتۇرغان ئۇستەلنىڭ سۇيەنچىكىگە جەينىكىنى تىرەپ ، ئۇنىڭ قولىدىكى قارتىلارنى راسلاپ تۇراتتى .

پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ۋاپاتىغا بەش يىل بولغاندىن كېيىن ، شۇ ياققا كېلىپ قالغاندىم . بىر زامانلاردا بىللە ۋاقتى چاقلىق قىلغان بۇ مېھماندوست ئۆينىڭ لەززەتلىك تاماقلىرىنى كۆپ يېگەنىدىم . ئەمدى كونا ئۇلپىتىمنى كۆرۈپ كېتەي دەپ ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ قورغانىغا كەلدىم . ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگىنىمدە ، نەزەرىمدە ئۇنىڭ ئۆيلىرى ناھايىتى كونىراپ قالغانغا ئوخشىدى . بۇ يەردىكى باشقا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ بىر يېقىغا قىيسىيىپ كېتىپتۇ ، شۈبھىسىز بۇلارنىڭ ئىگىلىرىمۇ ئەلۋەتتە ئۆيلىرىگە ئوخشاپ قالغان بولسا كېرەك . ھويلا ئەتراپىدىكى تالدىن توقۇلغان قاشالار بىلەن لاتقا تاملار بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ . ئاشپەز خوتۇنغا ئوتۇن كېرەك بولغاندا ، ئىككى قەدەم نېرىراقتا باستۇرۇپ قويۇلغان شاختىن ئالماي ، قاشا تامنىڭ ياغاچلىرىنى سۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدىم . شۇ بۇرۇنقى باربۇس ، شۇ بۇرۇنقى تۇتقاق ئىتلار قېرىقىز تىكەنلىرى چاپلىشىپ كەتكەن دولقۇندەك قۇيرۇقلىرىنى دىڭگايتىپ قاۋاپ چىقتى . لېكىن ، ئەمدىلىكتە بۇ ئىتلارنىڭ بەزىسىنىڭ كۆزلىرى چاپاقلاشقان ياكى ئاياغلىرى چولاق بولۇپ قالغانىدى . بىر قېرى كىشى ئالدىمغا چىقتى . شۇنىڭ ئۆزى ! مەن دەررۇ تونۇدۇم ، بىراق ئاۋۋالقىدىن ئېگىلىشىپ مۈكچىيىپرەك قاپتۇ . ئۇمۇ مېنى تونۇپ ، بۇرۇنقىدەك كۈلۈمسىرەپ سالاملاشتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيىگە كىردىم . ئۆينىڭ ئىچى ئاۋۋال قانداق بولسا ، ھېلىمۇ شۇنداق ، ئەمما ، نېمىگە سەپسېلىپ قارىسام ، قانداقتۇر بىر تەرتىپسىزلىك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ، نېمىدۇر يوققا ئوخشايدۇ . ئۆمۈر بويى بىر ياستۇققا باش قويۇپ كەلگەن خوتۇنى ئۆلۈپ ، يالغۇز قالغان دوستىمىزنىڭكىگە كىرگىنىمىزدە پەيدا بولىدىغان بىر تۈرلۈك ھالەت بولىدىغۇ ؟ مېنىڭدە ئەنە شۇنداق ھالەت بولۇپ ئۆتتى . بۇ ھالەت ئايىغى ساق ئادەمنىڭ ئايىغىدىن ئايرىلىپ توكۇر بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە كىشىدە پەيدا بولىدىغان ھالەتكە ئوخشايدۇ . سەرەمجان پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ يوقلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى . داستىخانغا ئولتۇرغاندا ، ئەكېلىپ قويغان پىچاقلارنىڭ بىرىنىڭ سېپى سۇنۇق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم ، تاماقتىمۇ ئاۋۋالقى لەززەت يوق ئىدى ، خوجىلىقى توغرىسىدا سۈرۈشتۈرۈشنى لايىق كۆرمىدىم ، ھەتتا خوجىلىقلىرىغا ئازغىنا بولسىمۇ كۆز تاشلاشقا تاقىتىم بولمىدى .

داستىخاندا ئولتۇرغىنىمىزدا ، بىر قىز كېلىپ ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ بوينىغا لۆڭگە ئېسىپ قويدى . بولمىسا ئۇ تاماقنى تۆكۈپ ، كىيىمىنى داغ قىلاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇياق - بۇياقتىن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردىم . گېپىمگە قۇلاق سېلىپ كونا ئادىتى بويىچە كۈلۈپ ئولتۇردى . لېكىن ئارىلاپ- ئارىلاپ خىيالى قېچىپ ، كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچەتتى ، ھوشى بىر يەردە بولماي ، پاراكەندە بولۇپ كېتەتتى . گاھىدا تاماقنى قوشۇق بىلەن ئېلىپ ئاغزىغا ئەمەس بۇرنىغا ئاپىراتتى ، قولىدىكى ۋىلكىنى تاۋاقتىكى چۈجە گۆشىگە تىقمەن دەپ ، داستىخاندا تۇرغان گرافىنغا ئۇرۇۋالاتتى . بايىقى قىز كېلىپ ، ئۇنىڭ قولىنى تاماققا توغرىلاپ قوياتتى . گاھى ۋاقىتتا بىر تاماقتىن كېيىن كېلىدىغان ئىككىنچى تاماقنى خېلى ۋاقىت كۈتۈپ قالاتتۇق . بۇنى ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ ئۆزىمۇ تۇيۇپ : «نېمە بۇنچە ھاياللاپ قالدى بۇلار ؟ » دەپ قوياتتى . ئەمما مەن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ كۆرۈپ

[1] پېتېت - ئۇۋېرت — قارتا ئويۇنىنىڭ سۆزى .

تۇراتتىم ، تاماق تۇشۇپ تۇرغان ئوغۇل بالا تاماق ئەكېلىشنى ئۇيغىمۇ ئالماي ، بەندىڭدە
بېشىنى قويۇپ بىمالال ئۇخلىماقتا ئىدى .

— مانا بۇ تاماق ، — دېدى ئافاناسى ئىۋانوۋىچ قايىماق سېلىنغان تاماق كەلتۈرۈلگەن -
دە ، — بۇ تاماق ، — دەپ داۋام قىلدى ئۇ . مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەشكە باشلىغانلىقىنى
ۋە ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياش تولغانلىقىنى كۆردۈم . ئەمما ئۇ ئۆزىنى
توختىتىپ ، كۆز يېشىنى تۆكمەسلىككە ھەرىكەت قىلدى ، — بۇ تاماقنى رە . . . رە . . .
رەھمە . . . رەھمەتلىك . . . — دېدى - دە ، كۆزىدىن ياش ئېقىپ كەتتى . قولى تەخسىگە
چۈشتى ، تەخسە يەرگە چۈشۈپ سۇندى . تەخسىدىكى تاماق كىيىمگە تۆكۈلدى . ئافاناسى
ئىۋانوۋىچ قولىدا قوشۇق تۇتقىنىچە ، ھوشسىز ، ئەسسىز ئولتۇراتتى ، كۆز ياشلىرى بۇلاقتىن
قايناپ چىققاندەك توختاۋسىز ئېقىپ ، بوينىدىكى لۆڭگىگە تۆكۈلەتتى .

«ئېھ ، خۇدايىم ! — دەپ ئويلىدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ ، — ھېچ نەرسىدىن ئەسەر
قالدۇرماي ھەممىنى قاتراڭ قىلىدىغان زامانىنىڭ بەش يىلى ئۆتسەيۇ ، بارلىق ھېسسىياتلىرى
ئۆچكەن ، ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ ھېچ نەرسىدىن دىلى ئاغرىپ تەشۋىشكە چۈشمىگەن ، پۈتۈن
ھاياتى ئېگىز ئورۇندۇقتىن چۈشمەي ئولتۇرۇشتىن ، سۇرلەنگەن بېلىق ۋە نەشپۈت قېقى
يېيىشتىن ، قىزىق ھېكايىلەردىن ئىبارەت بولغان بايقۇش بىر چال بەش يىلدىن بېرى بۇنداق
قايغۇرسا ، بۇنداق ئاچچىق ئەلەم ۋە ھەسرەت چەكسە ! بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن نېمە ھۆكۈمران-
لىق قىلىدۇ ؟ ھېس - ھەۋەسمۇ ياكى ئادەتمۇ ؟ ياكى بىزنىڭ بارلىق ھېسسىمىز ، دىلدا
قايىنغان بارلىق تىلەك - ئارمانلىرىمىز ، ئۆمرىمىزنىڭ پارلاق ياش ۋاقتىغا باغلىق بولۇپ ،
پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا مۇنداق ئەلەملىك ، قايغۇلۇق ۋە پاجىئەلىك بولۇپ كۆرۈنەمدۇ ؟» نېمە
بولسىمۇ ، بۇ كەزدە نەزەرىمدە بىزنىڭ بارلىق ھېسلىرىمىز ، ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە ئاس-
تا - ئاستا پەيدا بولغان بۇ روھسىز قۇرۇق رەسمىي ئادەت ئالدىدا گۆدەكلەرنىڭ ئىشىغا
ئوخشاپ قالدى . ئۇ رەھمەتلىكنىڭ نامىنى ئېيتماقچى بولۇپ ، خېلىلا ئۇرۇناتتى ، ئەمما
يېرىمىغا بارغاندا ، دائىم تىنچ ۋە ئارامىدا بولغان چىرايى بۇزۇلۇپ ، قۇرۇلۇپ گۆدەكلەردەك
يىغلىۋېتەتتى ، ئۇنىڭ يىغىسى مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى ئېزەتتى . ئۇنىڭ يىغىسى قارا
بەختىدىن قاخشاپ ، ئۆز ھالىدىن ئۆكۈنۈپ ھەسرەت قىلغۇچى بىر خىل غېرىب بوۋايلارنىڭ
يىغىسىدىن ئەمەس ئىدى ، ئۇنىڭ تۆككەن ياشلىرى بۇنداق بوۋايلارنىڭ ھاراق - ۋىنو
ئىچىۋېلىپ ، مەست بولغاندىكى كۆز ياشلىرىدىنمۇ ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان
ياشلار بۇلاقتىن قايناپ چىققاندەك ، ئۆزى ئىختىيارسىز كەلگەن ، سوۋىغان ، سۇنغان كۆڭلى-
دىكى قايغۇ ۋە ئەلەملەرنىڭ ئاچچىقىدىن قايناپ تېشىپ چىققان ياشلار ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇمۇ ئۇزاق ياشىمىدى ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان-
لىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم . بىراق ئەجەبلىنىدىغان يېرى شۇكى ، ئافاناسى ئىۋانوۋىچنىڭ ئۆلۈ-
مىمۇ پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشايتتى . ئۇ بىر كۈنى باغنى ئايلىنىپ كېلىش
ئۈچۈن سەيلىگە چىقىپتۇ ، ھېچ نەرسىنى ئويلىماستىن ، ئادەتتىكى پەرۋاسىزلىقى بىلەن ئاس-
تا - ئاستا كېتىۋاتقاندا ، ئارقىسىدىن بىرى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ : «ئافاناسى ئىۋانوۋىچ !»
دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ . قايرىلىپ قارىسا ، ھېچ كىم يوق ، تۆت تەرەپكە قاراپتۇ ، دەرەخلەرنىڭ
ئارىسىنىمۇ ئارىلاپ چىقىپتۇ ، ھېچيەردە ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ . ھاۋا تىنچ ئىدى ، ئاپتاپ
چاقناپ تۇراتتى . ئۇ بىرئاز خىيال سۈرۈپ كېتىپتۇ . چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ ، كېيىن :
«پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا مېنى يېنىغا چاقىرىۋاتسا كېرەك» دەپ قويۇپتۇ .

بۇنداق ھادىسە سىزدىمۇ ئەلۋەتتە بولغاندۇ ، سىزنىمۇ بىراۋ چاقىرغاندەك بولغىنى بار-

دۇر . ئاۋام خەلق ئىچىدە بۇنى ئۆلگەن يېقىن كىشىسىنىڭ ئەرۋاھى سېغىنىپ چاقىرىدۇ ، بۇ ئادەم ئۆلمەي قالمايدۇ ، دېگەن گەپلەر بار . راستىنى ئېيتسام ، غايىبتىن چىققان بۇنداق سىرلىق ئاۋازنى ئاڭلىغىنىمدا ، دائىم ناھايىتى قورقاتتىم . بالىلىق چېغىمدا مۇنداق ئاۋازنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلايتتىم . گاھىدا ، كەينىمدىن بىراۋ ئېتىمنى ئاتاپ چاقىرغاندەك بولاتتى . مۇنداق ئاۋاز كۆپ ۋاقىت ھاۋا ئوچۇق ، ئاپتاپ چىقىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ئاڭلىناتتى . باغدىكى دەرەخلەرنىڭ بىرمۇ يوپۇرمىقى شىلدىرلىمايتتى ، تىرىكلىكتىن ئەسەرمۇ يوقتەك جىمجىت- لىق ، ھەتتا چېكەتكىلەرنىڭمۇ ئاۋازى چىقمايتتى ، باغدا جان ئىگىسى يوق ئىدى . راستىنى ئېيتسام ، كۈپكۈندۈزدىكى بۇ جىمجىتلىق شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، ئەگەر كېچىسى ھاۋادا توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، تەبىئەت ئاپەتلىرى باشلانغان چاغدا ، جاڭگاللىق ئىچىدە يالغۇز قالساممۇ بۇنچە قورقماس ئىدىم . بۇنداق غايىبتىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قورققىنىمدا ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ ، يۈگۈرگىنىمچە باغدىن قېچىپ چىقاتتىم ۋە تا بىرەر ئادەم ئۇچراپ يالغۇزلۇقتىن كۆڭۈلگە چۈشكەن بۇ مۇدھىش ۋەھىمىنى يوقاتمىغۇچە ئۆزۈمگە كەلمەيتتىم .

ئافاناسى ئىۋانوۋىچ پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ چاقىرغانلىقىغا ئەستايىدىل ئىشىنىپ كۆڭلى- گە چۈشكەن شۇ ۋەھىمىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدى . قابىل ۋە ياۋاش بالىدەك بوينىنى ئېگىپ ، قۇرىدى ، قاغجىرىدى ، شامدەك ئېرىپ ئاقتى . بارا - بارا ، كۆيۈپ تۈگىگەندىن كېيىن ، بۇ بىچارە شامنىڭ ئوتى ئۆچتى . ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان بىر سۆزى شۇ بولدىكى ، «مېنى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنانىڭ يېنىغا قويۇڭلار !» دېدى خالاس .

ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ ، ئۇنى چېركاۋ يېنىدىكى پۇلخىرىيە ئىۋانوۋنا ياتقان قەبرى- نىڭ يېنىغا كۆمدى . جىنازا نامىزىغا كەلگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى ، لېكىن ئاددىي كىشىلەر ، كەمبەغەل ۋە گادايلار ناھايىتى كۆپ ئىدى . باينىڭ ئۆيى چۆل بولۇپ قالدى . ئەپچىل مال ساتقۇچى ئاقساقال بىلەن بىللە بولۇۋېلىپ ، قەدىمكى ياخشى نەرسىلەرنى ، كېيىن ئامبارچى ئايال ئېلىپ كېتەلمىگەن بارلىق ئەسكى - تۈسكىلەرنى ئۆز ئۆيلىرىگە توشۇۋالدى . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، بىلمىدىم ئاۋۋال قايسىبىر پولكتا پورۇچىك بولۇپ خىزمەت قىلغان يىراق بىر قېرىندىشى ۋارىسلىق دەۋاسىنى قىلىپ ، ھەممە مۈلۈككە ئىگە بولۇۋالدى- دە ، كۆپ ئالامەتلەرنى كۆرسەتتى . خوجىلىقنىڭ ناھايىتى ۋەيران بولۇپ ، خاراب ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ ، دەررۇ بۇ تەرتىپسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ ، ھەممە خوجىلىق ئىشلىرىنى سەرەمجان قىلماقچى بولدى . ئالتە ياخشى ئىنگلىز ئورغىقىنى سېتىۋالدى ، ھەر ئۆيگە ئالايىتەن نومۇر قاقتۇردى ، ئاخىر ئىشنىڭ سەرەمجان بولغىنى شۇ بولدىكى ، ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتە - ئۆتمەستىن ، ھەممە مال - مۈلۈك ۋاسىيلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى ، ئەقىللىق ۋاسىيلار (ۋاسىيلارنىڭ بىرى ئاۋۋال سوت ئەزاسى بولغان ، يەنە بىرى ھەربىي كىيىمى ئۆڭۈپ كەتكەن شتابىس - كاپىتان ئىدى ) ئازغىنا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ، توخۇ ۋە تۇخۇم زاتىدىن ھېچ قويمىدى ، قىيسىيىشىپ ياتقان ئۆيلەر ئەمدى ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى ، مۇژىكلار ئىچكۈلۈكنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى ۋە كۆپچىلىكى قېچىپ كەتكەن ھېسابلىناتتى . مىراسخور بولسا ، ۋاسىيلار بىلەن چىقىشىۋېلىپ بىللە ئىچىشەتتى . ئەمما يېزىسىغا ئاندا - ساندا بىر كېلەتتى ، كەلگەندىمۇ كۆپ تۇرماستىن ، دەررۇ قايتىپ كېتەتتى . بۇ مىراسخور ھېلىمۇ مالوروسىينىڭ قەيىرىدە يەرمەنكە بولسا ، شۇ يەرگە بېرىپ ، ئۇن بارمۇ ، كاناپمۇ ، ھەسەلمۇ ، شۇنداق توپ سېتىلىدىغان ماللارنىڭ نەرخ - ناۋالىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدۇ ، لېكىن سېتىۋېلىشقا كەلگەندە چاقماق تاش بارمۇ ، تۇرۇبا تازىلايدىغان سىم بارمۇ ، ھەممىسىنى يىغىپ كەلگەندە باھاسى بىر سومدىن ئاشمايدىغان ئۇششاق - چۈششەكلەردىن باشقا نەرسە ئالمايدۇ .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ ، ئافاناسى بىلەن پۇلخېرىيىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىڭلار .

2 . ئەسەردە قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

3 . ئەسەردە يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئۇسلۇب ئىپادىلەنگەن ؟ ئۇنىڭغا قانداق خاھىش سىڭگەن ؟ ئەسەردىن مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار .

4 . پۇلخېرىيە بىلەن ئافاناسى ساپساق تۇرۇپلا ، قانداقچە ئىككى كىچىككىنە ئادەتتىكى ۋەقەدىن كېيىن كۈتۈلمىگەندە ئۆلۈپ قالدى ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ ئۆز چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

5 . بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيە يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

## ياسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

تۆۋەندە رۇسىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى داڭلىق شائىرى مىخائىل يۇرىيېۋىچ لېرمونتوفنىڭ «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق شېئىرى بېرىلدى . بۇ شېئىر مۇھىم بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ . 1837- يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ، رۇس شېئىرىيىتىنىڭ قۇياشى دەپ تەرىپلىنىدىغان تالانتلىق شائىر ئا س پۇشكىن چار پادىشاھ نىكولاي I نىڭ يوشۇرۇن قوللىشىغا ئېرىشكەن فرانسىيىلىك قاچقۇن دانتېس تەرىپىدىن دۇئېلدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن . كۈتۈلمىگەن بۇ پاجىئەلىك ۋەقە لېرمونتوفنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالغان . چار پادىشاھ دائىرىلىرىنىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن ، دۇئېلدىن ئىبارەت بۇ تۇزاقنى قۇرۇپ ، ئۆز كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان ئىلغار شائىرنى ئۆلتۈرگەن ئوق ئاۋازى لېرمونتوفنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەن ۋە سەگەكلەشتۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ، پۇشكىن ئۈچۈن ھەققانىيەتنى تەلەپ قىلىپ ۋە خەلقنىڭ قەلبىدىكى پارتلىيالماي بېسىلىپ ياتقان ئەڭ كۈچلۈك دەۋر ساداسىنى ياڭرىتىپ ، بۇ ئۆلمەس ئەسىرىنى يازغان .

1 . سىلەر بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) شېئىردا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

2 ) شېئىردىكى «قانۇن سايىسىگە پاناھلىنىنسىز پەقەت ، ئىلاجسىز قارىشىڭىزدا سوت ۋە ھەقىقەت !» دېگەن مىسرالار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار . شائىر نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ؟ بۇنىڭ مەنىسى نېمە ؟ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەڭلار .

3 ) شېئىردا ئوخشىتىش ، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان . سىلەر ئۇلارنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىردا قانداق رول ئوينىغانلىقى ئېيتىپ بېرىڭلار .

2 . بۇ شېئىردىن مىسال ئېلىپ ، سىياسىي لىرىكىدا ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا چۈشەنچەڭلارنى بايان قىلىپ بىر پارچە قىسقا ماقالە يېزىپ كېلىڭلار .

## 22 . شائىرنىڭ ئۆلۈمى

(يېزىقچىلىق مەشقى ئۈچۈن )

مىخائىل يۇرىيېۋىچ لېرمونتوف

هالاك بولدى شائىر ! ـــ نومۇس تۇتقۇنى①
قەلبىدە ئوتلۇق قىساس ، قوغۇشۇن② ،
ئەغۋا ، پىسقى - پاسات چۆلغىدى ئۇنى ،
يىقىلدى تۆۋەن ئېگىپ ئۇ مەغرۇر بېشىن ! . . .
چىركىن تۆهمەتلەرگە ، هاياسىزلىقلارغا
شائىرنىڭ ۋىجدانى بېرەلمەي بەرداش ،
بۇرۇنقىدەك يەنە ئۆزى يەككە - يېگانە .
ئېسىلزادىلەرگە قارشى كۆتۈرگەندە باش ـــ
ئۇنى ئۆلتۈرۈشتى ! ئۆلتۈرۈشتى ! ئەمدى .
بىهۇدە هۆكرەشلەر هەم قۇرۇق ماختاشلار ،
ئېچىنىپ شىۋىرلاشلار ، ئۆزىنى ئاقلاشلار ،
نەهاجەت ؟ تەقدىرنىڭ هۆكمى يۈز بەردى :
سىز ئەمەسمۇ ، ئاۋۋال ياۋۇزلۇق بىلەن ،
شائىرنىڭ هۆر ، جاسارەتلىك سۆزىن بوغقانلار ؟
سىز ئەمەسمۇ ، سەل - پەل پىلىلدىغان
چوغدىن ئەرمەك ئۈچۈن يانغىن چىقارغانلار ؟
مانا ئەمدى شادلىنىڭ . . . شائىر ئەڭ ئاخىرقى
ئېغىر ئازابلارغا تاپمىدى ئىلاج :
ئاجايىپ بىر تالانت شامدەك ئۆچتى ،
توزىدى تەنتەنىلىك چاقنىغان گۈلتاج .
شائىرنىڭ قاتىلى بىمالال ،③ هېسسىياتسىز ،
سوغۇق قانلىق بىلەن ئالدىۋ مولجال④ . . .

---

① «نومۇس» شائىرنىڭ ئۆزى قوغدىغان ، ئەمما يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ پىسقى - پاسات قىلىپ تەهدىت سېلىشىغا ئۇچرىغان كىشىلىك سالاهىيىتى ۋە غۇرۇرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . «تۇتقۇن» ئۇنىڭ چارروسىيە دائىرىلىرى ياللىۋالغان فرانسىيە سەرگەردانى دانتېس قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان دۇئېلدىن ئىبارەت تۇزاقتا چۈشكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

② قوغۇشۇن — دۇئېلدا پۇشكىنىنىڭ كۆكرىكىگە تەگكەن تاپانچا ئوقىنى كۆرسىتىدۇ . ئەينى زاماندا تاپانچا ئوقى قوغۇشۇندىن ياسىلاتتى .

③ شائىرنىڭ قاتىلى — ئا س پۇشكىننى ئۆلتۈرگەن فرانسىيە مونارخىستى (پادشاهنى قوغدىغۇچى پارتىيە ئەزاسى ) دانتېس كۆزدە تۇتۇلىدۇ . فرانسىيە ئىيۇل ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ئۇ روسىيىگە قېچىپ كەلگەنىدى .

④ ئالدىۋ مولجال — قارىغا ئالدىۋ دېگەنلىك بولىدۇ . دانتېسنىڭ دۇئېلدا پۇشكىننى ئاتقاندا قارىغا ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

نجادلىق يوق : سوغۇق قەلب تېپىدۇ تەكشى ،
قولى تىترىمىدى ئۇ ئوق ئۈزگەن مەھەل .
ئەجەبلىنەرلىك ئەس ھېچ ! . . . ئۇ بىزگە يۈزلەپ
قاچاق كەلگىندىلەردەك ، يىراقلاردىن
ئامەت ئوۋلاپ ، ئەمەل ـ مەنسەپ ئىزدەپ ،
تەقدىرى قىسمەت بىلەن كەلگەن ساياقلاردىن ؛
كەمسىتتى تۆۋەن نەزەردە بۇ بىھايا
باشقا يۇرتنىڭ رەسىم ـ قائىدىسى ، تىلىنى ؛
شۆھرەت ، شانىمىزدىن ئۇ ئەلەمزادە①
بىلەلمىدى بۇ قانلىق لەھزىدە②
كىمگە كۆتۈرگىنىنى ئۇ ياۋۇز قولىنى ! . . .

ئۆلتۈرۈلدى شائىر ــ كۆچتى يەر قەرىگە ،
ئاشۇ ئۆچكەن رەشك قۇربانى③ بولغان ،
ئۆزى ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن تەرىپ قىلغان④ ،
ياۋۇز قول بىلەن ، ئۆزى كەبى قەتل قىلىنغان ،
نامەلۇم ، سۆيۈملۈك كۈيچىدەك⑤ شۇئان .
دىلكەش دوستلۇق ، تىنچ راھەتتىن كېچىپ نېچۇن ،
ئوتلۇق ھېسلار ۋە ئەركسۆيەر قەلبنى بوغقۇچى ،
بۇ ھەسەتخور ئېسىلزادىلەرگە قوشۇلۇپ ئالدى ؟
ياشلىقىدىن ئادەملەرنى بىلىپ تۇرۇپ نېچۇن ،
قول ئۈزاتتى شۇ پەسكەش ئىغۋا ئەھلىگە ،
ساختا مېھىر ، يالغان گەپكە ئۇ ئىشىنىپ قالدى ؟

ئەسلىدىكى گۈلچەمبەرنى ئېلىپ ، ئەتىلەپ ئاڭا ،
كىيگۈزۈشتى باشقىدىن تىكەنلىك چەمبەر :
ئۇنىڭ شان ـ شۆھرەتلىك پارلاق ماڭلىيىنى
ئازار بېرىپ سانجىدى يوشۇرۇن نەشتەر ؛
پەسكەش نادانلارنىڭ مەككار پىتنىخورلۇقىدىن
زەھەرلەندى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى ھەم ،
ئۇ ئۆلدى ـ قەلبىدە قىساس تەشنالىقى ،

① ئەلەمزادە — ھەسەت بىلەن ئەلەم چەككۈچى .

② لەھزە — كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت . بۇ يەردە دەقىقە ، پەيت دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ .

③ رەشك قۇربانى — «رەشك» سۆزى ئىچى تارلىق قىلىش ، قىزغىنىش ، كۈنچىلىك ، كۆرەلمەسلىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . «رەشك قۇربانى» دېگەن سۆز مۇھەببەتتىكى كۈنچىلىك قۇربانى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ جايدا ئا س پۇشكىننىڭ «يېۋگېنىي ئونېگىن» ناملىق شېئىرىي رومانىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولغان ۋ لېنسكىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئۇ مۇھەببەت ماجىراسى تۈپەيلىدىن ، دۇئېلدا ئونېگىن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ .

④ پۇشكىننىڭ ئۆز ئەسىرىدە ۋ لېنسكىي ئوبرازىنى تەسۋىرلەپ يازغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑤ نامەلۇم ، سۆيۈملۈك كۈيچى — پۇشكىننىڭ «يېۋگېنىي ئونېگىن» ناملىق شېئىرىي رومانىدىكى ۋ لېنسكىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە ، ئۇ شائىر ئىدى .

ئالدانغان ئۇمىدنىڭ يوشۇرۇن ئەلىمى شۇدەم .
ئاجايىپ ناخشىلار ئاۋازى تىندى ،
كۈيچىنىڭ ماكانى بولدى تار ۋە قاراڭغۇ لەھەت ،
ئاجايىپ ناخشىلار ياڭرىماس ئەمدى :
لەۋلىرىگە بېسىلدى مۆھۈر ئەمدى ئەبەد .

سىز پەسكەشلىك بىلەن شۆھرەت تاپلىغان
ئاتىلارنىڭ كۆرەڭلىگەن شۇم ئەۋلادلىرى !
سىز تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان
نەسىللەر① خاكىنى② قۇلدەك تاپلىغان !
تەخت يېنىدا تۇرغان ئاچ كۆز ئالامان③ —
ئازادلىق ، تالانت ۋە شان جاللاتلىرى !
قانۇن سىياسىغا پاناھلىنىسىز پەقەت ،
ئىلاجسىز قارىشىڭىزدا سوت ۋە ھەقىقەت !
ئەمما ، ئىشرەت بەندىلىرى ، تەڭرى ھۆكمى بار !
شەپقەتسىز سوتچى بار : ئۇ كۈتەر سىلەرنى ،
ئالتۇن جىرىڭلىرىغا قۇلاق سالماس ئۇ ھۆكۈمدار ،
ئايان ئاڭا ھىيلە - مىكىر ۋە قارا نىيىتىڭلار ،
ئۇ چاغ بىھۇدىدۇر ياۋۇز تۆھمىتىڭلار ،
قۇتۇلدۇرالماس ھېچقايسىڭلارنىڭ جېنىنى ،
ئۇ مەھەل ھەممە ئىپلاس قېنىڭلار ،
ھەم يۇيالماس شائىرنىڭ قۇتلۇق قېنىنى !

1837 - يىل

## يېزىقچىلىق مەشقى

بىر پارچە لىرىك نەسىر يېزىڭلار .

بۇنىڭدىن مەقسەت ، ئىلگىرى ئۆگەنگەن نەسىر ھەققىدىكى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر تۈرى بولغان لىرىك نەسىر ھەققىدىكى بىلىمنى تەكرارلاش ، مۇستەھكەملەش ئاساسىدا ، لىرىك نەسرلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ۋە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى كەڭ ۋە خىلمۇخىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زور ۋەقە - ھادىسىلەر ياكى مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە كىچىك ئىشلار ، ئادەملەر ، مەنزىرىلەر ، تاغ - دەريالار ، گۈل - گىياھلار ،

---

① تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان نەسىللەر — رۇسىيىدە قەدىمدىن ئابرۇيلۇق ، ئاتاقلىق بولۇپ كەلگەن ، لېكىن كېيىنكى چاغدا خارابلىشىپ كەتكەن مۆتىۋەر ئاقسۆڭەك - تۆرىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يەردە ئا س پۇشكىننى كۆرسىتىدۇ .

② خاك — 1 ) توپا ، تۇپراق 2 ) تېررىتورىيە ، دۆلەت تۇپرىقى ، زېمىن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇ يەردە ئاشۇ ئۇتمۇشتە ئابرۇيلۇق ، ئاتاقلىق بولغان مۆتىۋەر ئاقسۆڭەك - تۆرىلەرنىڭ ياتقان يېرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

③ ئالامان — مۇنتەزىمسىز ، باشباشتاق لەشكەر ؛ بۇلاڭچىلار ، باسمىچىلار دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇ يەردە «بىر توپ» «بىر گۇرۇھ» ئادەم دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ .

قوشلار قاتارلىقلاردىن بىرەرىنى تاللاپ ، ئۇنى پۇختا كۆزىتىپ ، ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتنى ۋە چوڭقۇر ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ لىرىك نەسر يازالايدىغان بولۇش ھەمدە بۇ خىل ئىقتىدارنى ئەمەلىي مەشىق جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت .

## يېزىش كۆرسەتمىسى

1 . ئالدى بىلەن نەسر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ، ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى بىلىمنى قايتا بىر قۇر ئۆگىنىپ ، نەسر ، بولۇپمۇ لىرىك نەسر ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، شۇ ئاساستا لىرىك نەسر يېزىش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىڭلار .

2 . بۇ لىرىك نەسرنى يېزىشتا ئوقۇتقۇچى بىرنەچچە تېما (ئالايلۇق ، «ۋەتەن» ، «ئەمگەككە مەدھىيە» ، «ئوقۇتقۇچى ـ مېھرىبان باغۋەن» ، «كۆيۈمچان ئانا» ، «ئىللىق باھار» ، «ئالتۇن كۈز» ، «قارىغايغا مەدھىيە» ۋە باشقىلار ) بەلگىلەپ بەرسىمۇ ياكى ئۆزۈڭ- لار بىرقەدەر پىششىق بىلىدىغان خالىغان بىر تېمىنى تاللىساڭلارمۇ بولىدۇ .

3 . تېما تاللىۋالغاندىن كېيىن ، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇننى لىرىك نەسرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان كۈچلۈك قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەپ ، ئۇنى كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ۋە تەربىيىگە ئىگە قىلالايدىغان قىلىپ يېزىپ چىقىڭلار .

4 . لىرىك نەسردە سىمۋول ، جانلاندۇرۇش ، ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . شۇڭا ، سىلەرمۇ بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، لىرىك نەسرنىڭ تىلىنىڭ تاللانغان ، كۆركەم ، يېقىملىق ۋە ئوبرازلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىڭ- لار .

5 . ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار يازغان لىرىك نەسرلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ باھالاپ ، بىرقەدەر ياخشى يېزىلغانلىرىدىن بىر ـ ئىككىنى تاللاپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىشى ، ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئوقۇغۇ- چىلارنىڭ لىرىك نەسر يېزىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىشى ۋە ئۇلارنى بۇ جەھەتتىكى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم .

# 5 ـ باسقۇچ

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ــ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى تاۋلىنىپ كەلگەن بەدىئىي تەپەككۇر جەۋھىرى ؛ ئېستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكىلىق چەشمىسى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىدىغان چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى .

بۇ باسقۇچتا نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسلىرى ، مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقاملىرىنىڭ نامى ۋە قۇرۇلۇشى ، مۇقامنىڭ رەتلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىدۇ .

## ئۆگىنىش تەلىپى

1 . ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇش .

2 . ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ تارىخى ۋە رېئال قىممىتى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش .

3 . ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭناملىرى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىگىلەش .

4 . نۆۋەتتە مۇقام مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدىكى تونۇشىنى ئايدىڭ-لاشتۇرۇش .

5 . ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تارىخىي باسقۇچلار ھەققىدىكى چۈشەن-چىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش .

# ئاساس بىلىم

## *ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە*

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى — پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئەمگەكچان- ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇستۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل مەنىۋى دۇنياسى، ئېستېتىك خاھىشلىرى، تارىخىي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن پەيدا بولغان مۇھەببەت - نەپرەتلىرى مۇزىكا، ئەدەبىيات، ناخشا - ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. خۇددى ئىقتىدارلىق ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك «ئۇيغۇر مۇقاملىرى، يالغۇز مۇزىكا ژانىرى بىلەن چەكلەنگەن سەنئەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ ناخشا - مۇزىكا (ئەيتىم - چىرتىم)، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىق سەنئەت ژانىرلىرىدىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تۈزگەن، پەلسەپە، ئەخلاق، مىللىي تۇرمۇش، قائىدە - يوسۇن ئېڭى قاتارلىق سېمانتىكا مەزمۇنلاردىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيىۋى قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر پۈتۈن مۇجەسسەم فولكلور ھادىسىسى»[①] ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇ ھەم دۇنياۋى ئومۇملۇققا، ھەم روشەن مىللىيەتلىككە ئىگە بولغان يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن مۇزىكىلىق مۇجەسسەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ئارقا كۆرۈنۈشمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر، ئۇ كۆپلىگەن ماكان ۋە ئوخشىمىغان زاماندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپلىگەن سەنئەتكارلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق كۈي - مۇزىكىلىرىنىڭ سىستېمىلاشقان ئۇلگىسىدۇر.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سىستېمىلىشىش ۋە تېكىستلەشتۈرۈلۈش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك ئالتە چوڭ تارىخىي باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

1 - باسقۇچ: ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىدىن بۇرۇنقى چاچما ئۇدارلىق كۈيلەر شەكلى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەريا ۋادىلىرى ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلار) مۇزىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن دەۋرى. بۇ باسقۇچ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «جىننامە مۇزىكا تەزكىرىسى» قاتارلىق مەنبەلەردە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي دىيارغا ساياھەت قىلغاندا «ئىۋىرغول چوڭ نەغمىسى» (قومۇل چوڭ نەغمىسى) ئىچىدىكى «ماخى دۇلى»

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، 13 - بەت.

نەغمىسى①نى چاڭئەنگە ئېلىپ قايتقانلىقى ۋە مۇشۇ نەغمە ئاساسىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ? ـــ 87 ـ يىللىرى ئارىسىدا ياشىغان لى يەنەن ئىسىملىك مۇزىكانت 18 پارچە مۇزىكا ئىشلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

«سۇننامە مۇزىكا تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە مۇزىكا تەزكىرىسى» قاتارلىق مەنبەلەر. دىمۇ شىمالىي جۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى (مىلادىيە 561 ـــ 578) زامانىسىدا مەلىكە ئاسىنا مىلادىيە 568 ـ يىلى ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى قارا بالغا سوندىدىن ئەينى زاماندىكى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن شەھىرى) گە كۇسەن (كۇچا) لىق سۇجۇپ ئاقارى، بەي جىڭتوڭ ئاقارى، بەي ماندا ئاقارى قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكاشۇناسلار بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتچىلىرىنى بىللە ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن، مەلىكە ئاسىنا ھامىيلىقىدا چاڭئەنگە «كۇسەن نەغمىسى»، «ئودۇن ـ خوتەن نەغمىسى»، «سۇلى ـــ قەشقەر نەغمىلىرى»، «قوچۇ نەغمىسى» (ئىدىقۇت كۈيلى ـ رى)، «ئىۋىرغول نەغمىسى» (قۇمۇل نەغمىلىرى) كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىغان.

«كۇسەن نەغمىسى» شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر مۇزىكا ئالىمى سۇجۇپنىڭ «12 تېمپېراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى»②غا ئاساسلانغان. سۇجۇپنىڭ كۈيشۇناسلىق سىستېمىسى ئۆز ئالدىغا مەخسۇس بىر سىستېما بولۇپ، تارقاق ئاھاڭلارنى 12 تېمىغا، يەنى 12 خاس ئاھاڭ (پەدە ـ ماقام) غا ئاجرىتىپ، بىر پۈتۈن نەغمە بىرىكمىسى (سىكىلى) نى ھاسىل قىلىشقا ئاساسلانغان. «ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» دا ئاۋازدىن ئىبارەت سوزۇلۇشچان تاۋۇش دولقۇنىنى يەتتە ئاساسىي گامما (تاۋۇش دەرىجىسى)، بەش تېمپىلىق (ئاۋازنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بىلەن تېز ـ ئاستىلىقى) قوشۇمچە ئاۋازدىن ئىبارەت 12 قىسىمغا بۆلگەن. قەدىمكى كۇسەن كۈيشۇناسلىقىنىڭ رىتىم تۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ مۇزىكا قانۇنى خاسلىق نۇقتىسىدىن «سۇجۇپ 12 تېمپېراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى» نامى بىلەن ئېلىمىز ۋە چەت ئەل مۇزىكىچىلىق تارىخىدىن ئورۇن ئالغان. سۇڭ سۇلالىسى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى «كۇسەن نەغمىسى» ئاساسىدا جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان. تاڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە كۆرسە ـ تىلگەن سۇجۇپ رەتلىگەن «داچۇ» (چوڭ نەغمە) لەر بىلەن ھازىرقى قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، دولان خەلق مۇقام، مەشرەپلىرى، جۈملىدىن يۇرۇشلەشكەن ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ـــ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇزىكا رىتىمى نۇقتىسىدىن بىر تىپقا مەنسۇپلۇقى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭ ـ لىك رايونىغا سىڭىپ كىرىپ، سۇڭ ۋە تاڭ سۇلالىسى مۇزىكىچىلىقىدا زور داغدۇغا پەيدا قىلغان «كۇسەن نەغمىسى»، «ئىۋىرغول نەغمىسى»، «قوچۇ نەغمىسى»، «سۇلى نەغمە ـ سى» ۋە «ئودۇن نەغمىسى» دەپ ئاتالغان «غەربىي دىيار چوڭ نەغمىلىرى» ئىكەنلىكىنى

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» (شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 1997 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «ماخى دۆلى» دېگەن تۆت خەت ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان «رۇڭ» تىلىدىكى «ماھادور» سۆزىنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى بولۇپ، «ماھا» ئىبارىسى قەدىمكى كۇسەن ـ توخرى تىلىدا «چوڭ»، «كاتتا»، «ئۇلۇغ»، «بۈزرۈك» مەنىسىنى بېرىدۇ. «دۇر» ئىبارىسى بولسا «ئاھاڭ»، «نەغ ـ مە»، «مۇقام» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھېلىمۇ قۇمۇل مۇقاملىرى تەركىبىدە «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» ئەسلىدىكى نامى بويىچە مەۋجۇت.

② «ئون ئىككى تېمپېراتسىيە» ـــ بىر ئوكتاۋا (سەككىز گرادۇسلۇق تاۋۇش مۇساپىسى) دىكى ئاۋازلارنى پۈتۈنلەي تەكشى بولمىغان ئون ئىككى يېرىم ئاۋازغا بۆلۈشتىن ھاسىل بولىدىغان مۇزىكىلىق سىستېما.

بىلگىلى بولىدۇ .

2 ـ باسقۇچ : ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى گەۋدە قىلغان مۇقام ھادىسىسىنىڭ سىنكرېتلىشىپ (ئارىلاشما ھادىسە ) يېڭىچە تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغان دەۋرى .

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلاردىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ «بۈيۈك كۆي» لىرى مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى مۇئەييەن سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ . ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ 1 ـ باسقۇچى ، يەنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تارىخىي قاتلىمىغا كۆيشۇناس سۇجۇپ ئاقارى ۋەكىللىك قىلغان بولسا ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي قاتلىمىنىڭ «مۇزىكىنىڭ 3 ـ پىرى »[1] دەپ تەرىپلەنگەن ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئەلفارابى (مىلادىيە 870 ــ 950 ـ يىللار ) ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئەلفارابى مەركىزىي ئاسىيا مۇقام ، مۇزىكا بايلىقلىرىنىڭ غەربكە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ھەمدە «تۈركىي ــ ئەرەب مۇزىكىسى » نىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئاساسىنى ياراتقۇچى ئۆلۈغ نامايەندە . ئەلفارابى ۋەكىللىك قىلغان مۇقام تەرەققىياتىنىڭ بۇ باسقۇچى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

1 ) بۇ باسقۇچ كۆسەنلىك سۇجۇپ ئاقارىنىڭ «12 تېمپېراتسىيىلىك كۆيشۇناسلىق قانۇنى» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە ، قاراخانىيلارنى گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبقا ئىگە تارىخىي قاتلىمىنى ھاسىل قىلدى .

2 ) ئەلفارابى يېتەكچىلىك قىلغان بۇ تارىخىي باسقۇچتا مۇقام ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت بىر يۈرۈش يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى . بۇنىڭغا ئەلفارابىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت نادىر ئەسەرلىرىدىن «كىتابۇل مۇسقۇل كەبىر» (كاتتا مۇزىكا كىتابى ) ، «كىتابۇل فى ئىھسائىل ئىقا» (رىتىم تۈرلىرى ھەققىدە كىتاب ) ، «كالام فى مۇسقى» (مۇزىكا ھەققىدە مۇھاكىمە ) ، «كىتابۇل مۇسقى» (مۇزىكا كىتابى ) قاتارلىقلارنى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (مىلادىيە 980 ــ 1037 ) نىڭ «ئەلقانۇن» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن . فارابى ئۆزىدىن بۇرۇن «خو» ، «روڭ» (ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ نامى ) مۇزىكىسىدىكى توققۇز كۆينى ئاھاڭ تەرتىپى بويىچە تۈركۈملەشتۈرۈپ ۋە بېيىتىپ ئون يەتتىگە يەتكۈزگەنلىكى ھەمدە قالۇن ، گېيچەك (غېجەك ) ، ئود قاتارلىق چالغۇلارنى ئىسلاھ قىلىپ ياسىغانلىقى مەلۇم[1] .

3 ) مۇشۇ باسقۇچتا XIII ئەسىردە سالجوقىي تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى باغداد (ھازىرقى ئىراقنىڭ مەركىزى ) دە ياشىغان ئەزەربەيجانلىق مۇزىكا ئالىمى سەيفىددىن ئابدۇلمۆمىن ئەل ئۆرمەۋى (مىلادىيە 1216 ــ 1294 ) تۇنجى قېتىم مۇزىكا ئاتالمىسى سۈپىتىدە ، «مۇقام» (ماقام ) ئىبارىسىنى قوللاندى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئەرەب تىلىدىكى «ئورۇن» ، «ماكان» ، «تۇرار جاي» ، «پەللە» ، «دەرىجە» ، «باسقۇچ» ، «مەرتىۋە» ، «پەدە» قاتارلىق كۆپ خىل مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن «ماقام» ئىبارىسى ئومۇملىشىشقا باشلىدى . ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئاتالغۇ «مۇقام» دەپ ئىستېمال قىلىنىپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدىكى «كۆي» ، «كۈگ» ، «تۆلۈم» ، «دۈر» ، «ئىر» (جىر ) قاتارلىق نامىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى .

4 ) ئەلفارابى ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارلىرىدىن ئىبىن سىنا ، سەيفىددىن ئابدۇلمۆمىن ئەل ئۆرمەۋى قاتارلىق مۇزىكىشۇناسلار قەدىمكى غەربىي دىيار مۇزىكىسىغا ئەرەب ۋە گرېك مۇزىكا

---

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى ، 289 ـ ، 290 ـ بەتلەر .

نەزەرىيىسىنىڭ بەزى مۇۋاپىق ئۆلچەملىرىنى تەتبىق قىلىپ ، ئەرەبچە ئاتالغۇلار بىلەن مۇزىكا خاتىرىلەشنىڭ گرافىكلىق نوتا بەلگىلىرىنى ئىشلەپ چىقتى . مېدىتسىنا پەنلىرىنىڭ ئۇستازى ، مۇتەپەككۇر ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۇچەل قارىشى ، سۇجۇپىنىڭ «12 تېمپېراتسىيىلىك كۆيشۈناسلىق قانۇنى» ، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلار-نىڭ «مۇقەددەس 12 سان» قارىشى ۋە قەدىمكى «خو» ، «روڭ» نەغمىلىرىدىكى 12 تۈركۈم-لۈك كۆي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ھەر خىل سان تەرتىپلىرى بىلەن ئاتىلىپ يۈرگەن كۆپ ۋارىيانتلىق مۇقام تۈركۈملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، ئۇنى 12 مۇقام ئاكۇستىكىسىغا (پەرقلىق تاۋۇشلۇق سىگنال ) جەملىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سان تەرتىپىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ئون ئىككى مۇقام» دېگەن نام ئۇيغۇر مۇقاملىرى-نىڭ سىمۋوللۇق سۈپىتى بولۇپ قالدى .

3 - باسقۇچ : ئانا مۇقام ئاساسىدا ھەرقايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يەرلىك مۇقاملىرىنىڭ شاخچىلاپ چىققان دەۋرى . XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھېرات (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەلىكىدىكى شەھەر ) گە يۆتكىلىپ ، غەربىي دىيارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داڭلىق سەنئەتكارلار ، ئەدىبلەر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، شائىر ئەلشىر ناۋائى (مىلادىيە 1441 — 1501 ) نىڭ ئەتراپىغا جەم بولدى . ئۇلار ئىلىم - پەن ۋە سەنئەتنىڭ ، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ۋە مۇسىقىنىڭ سىرلىق تەسىرلىرىگە يۇرۇش قىلىپ ، مۇقامشۇناسلىقنىڭ «فارابى تىپى» دىن كېيىنكى تارىخىي قاتلىمى — «ناۋائى تىپى» نى ياراتتى . گەرچە بۇ «تىپ» ئومۇملۇق جەھەتتىن «فارابى تىپى» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى دەپ قارالسىمۇ ، لېكىن تۆۋەندىكىدەك مۇھىم ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا يېڭى تارىخىي قاتلام — يېڭى باسقۇچ بولۇشقا مۇناسىپتۇر .

1 ) بۇ باسقۇچتا ئانا مۇقام — ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئاساسىدا بىر قىسىم تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يەرلىك مۇقاملىرى شاخچىلاپ ، بىر پۈتۈن مۇقام ھادىسىسىدە مىللىي خاسلىق گەۋدىلىنىپ چىقتى . بۇنىڭ بىلەن ، ھەر بىر مىللەت مۇقاملىرىنىڭ تەركىبى ۋە نەغمە تۈرىدىكى پەرق ، مۇزىكىلىق گېپ (ئۇرۇق ، تۆرەلمە ، ئىرسىيەت ) ۋە ئاھاڭ شەكلى (تون ) جەھەتتىكى پەرق ، تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ - ئەسۋابلىرىنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى ۋە ئاۋاز ئالاھىدىلىكىدىكى پەرق ، مۇقامنى ئورۇنداش سەنئىتىدىكى پەرق قاتارلىق مىللىي خاسلىقلار بويىچە ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ، «ئۆزبېك ، تاجىك ، شەش مۇقامى»① ، «تۈركمەن يەتتە مـۇقامى»② ، «ئەزەربەيجان مۇقامى»③ ، «ئاناتولى تۈرك مۇقامى»④ ،

---

① «شەش» — پارسچە سۆز بولۇپ ، مەنىسى «ئالتە» دېمەكتۇر . ئۇلارنىڭ نامى بۇزرۇك مۇقامى ، راست مۇقامى ، ناۋا مۇقامى ، دوگا مۇقامى ، سگاھ مۇقامى ، ئىراق مۇقامىدىن ئىبارەت .

② «تۈركـمەن يەتـتە مۇقامى» نىڭ نامى مۇنداق ؛ «مۇقاملار باشى» (مۇقەددىمە ) ، «گانۇر باش مۇقامى» (گانۇر — قەبىلەنامى ) ، «ئەركەكلىك مۇقام» (يىگىتلىك مۇقام ) ، «ئايرىلىش مۇقامى» (ھىجران مۇقامى ) ، «كۆلتىپە مۇقامى» (كۆلتىپە - بىر قورغاننىڭ نامى ) ، «نەلېر كۆرۈنەي مۇقامى» (يىراققا نەزەر تـاشـلاش مۇقامى ) ، «بېركېلى چوقاي مۇقامى» (قوشما مۇقام ) .

③ «ئەزەربەيجان مۇقام» لىرىنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە : «راست مۇگام» (مۇگام — مۇقام ) ، «ناۋا مۇگام» ، «شۇر مۇگام» ، «سگاھ مۇگام» ، «چارگاھ مۇگام» ، «بايان شېراز مـۇگـام» ، «ھومايون مۇگام» ، «شاھناز مۇگام» ، «شۇشتار مۇگام» ، «سەرەنـج مۇگـام» دىن ئىبارەت . مۇگام ياكى ماگام ئاتالغۇسى ماقام ياكى مۇقامنىڭ ئەزەربەيجان تىلىدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر .

④ «ئاناتولى تۈرك مۇقامى» نىڭ نامى مۇنداق : «سۇزنەك» ، «ھېجاز» ، «ھومايون» ، «ئوززال» ، «قـارچە-غار» ، «زەنگولە» (چوڭ مۇقاملار ) ۋە «راست» ، «چارگاھ» ، «ھۇسەينى» ، «ناۋائى» ، «بۇزرۇك» ، «ئۇششاق» قاتارلىق ئالتە ئارىلاشما مۇقامدىن ئىبارەت .

«ئەرمەن مۇقامى»[1] ، «ئىران يەتتە دەستىگاھ» (مۇقام)[2]لىرى قاتارلىق تۈركۈملەرگە ئايرىلىپ ، ئۆز مىللىتىنىڭ مۇزىكىلىق نۇتقى سۈپىتىدە نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولدى .

2 ) مۇقام تېكىستلىرى مەزمۇن جەھەتتە يېڭى قاتلام ھاسىل قىلدى . بولۇپمۇ ، مۇشۇ باسقۇچتا ئەلىشىر ناۋائى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان لىرىك غەزەللىرىنىڭ مۇقام تېكىستلىرى قىلىپ تاللىنىشى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ۋە كلاسسىك تۈس ئاتا قىلدى .

3 ) مۇقام ھەققىدىكى مۇھاكىمە بىلەن ئۇنى ئورۇنداش سەنئىتىنىڭ ، ئەينى دەۋردىكى خانلىق ئوردا مۇزىكا مۇئەسسەسەلىرىنىڭ نىشانلىق ۋە قەرەللىك مۇقام ئىجرائىيىتى بىلەن ئاممىۋى مۇقامچىلىق پائالىيىتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ، ناۋائى باشچىلىقىدىكى مۇقام ئۇستازلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى مۇقامچىلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە دوستلۇقىنىڭ كۈچىيىشى «ناۋائى تىپى» دەپ ئاتالغان بۇ باسقۇچنىڭ يەنە بىر خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر . ئاشۇ دەۋردە مۇقام قىزغىنلىقى شۇ دەرىجىدە ئەۋج ئالغانكى ، ئەلىشىر ناۋائىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى) دە تىلغا ئېلىنغان 200 دىن ئارتۇق ئالىم ـ سەنئەتكارلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ناۋائى باشچىلىقىدىكى «مۇقامشۇناسلىق مەكتىپى» گە جەم بولغان .

4 ـ باسقۇچ : يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇقام ئىسلاھاتى دەۋرى . يەكەن خانلىقى (مىلادىيە 1514 ــ 1678 يىللار) نىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان (مىلادىيە 1486 ــ 1533) ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان (مىلادىيە 1509 ــ 1570) بىر قاتار مەدەنىيەت ـ مائارىپ پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا ئەۋجىگە چىققان سوپى ئىشانلىق مەزھىپىدىكى جاھالەت پىرلىرىنىڭ دىنىي ـ سىياسىي ئەسەبىيلىكى تەسىرىدە پارچىلىنىشقا ۋە يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە رەتلەش ئارقىلىق خەلق سەنئىتىنىڭ بۇ ھايات چەشمىسىنى قوغداش يولىنى تۇتتى . ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھامىيلىقى بىلەن مەلىكە ئامانىنىسا (نەفىسى مىلادىيە 1523 ــ 1557) ، شائىر ۋە مۇقامشۇناس قىدىرخان (مىلادىيە ؟ ــ 1572) باشچىلىقىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا قايتا قۇرۇش باشلاندى . بۇ باسقۇچنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن ؛

1 ) سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھامىيلىقىدا مەلىكە ئامانىنىسا ۋە قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق مەشھۇر مۇقامشۇناسلارنىڭ ئىشتىراكىدا بۇرۇن ۋە كېيىن خەلق ئىچىدە داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىنى توپلاش ، قېزىش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ ، خەلق مۇقاملىرى گەۋدىسىدە ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تىزىملىكى مۇزىكا مېلودىيىسى ، نەغمە تەركىبى ۋە مۇقام تېكىستلىرى قاتارلىقلار يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە سېلىندى .

2 ) ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» نى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرۇش ، ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن ناخشا ـ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، ـ تىياتىرلىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى .

3 ) ھەرقايسى دەۋرلەردە داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرۇشتىن خالىي بولالمىغان مۇقام

[1] ئەرمەن مۇقاملىرىنىڭ نامى : «بايات» ، «راست» ، «شۇشتار» ، «شۇرى» ، «چارىگاھ» ، «ناۋا» دىن ئىبارەت .
[2] ئىران دەستىگاھ (مۇقام) لىرىنىڭ نامى : «شۇر» ، سىگاھ» ، «چارگاھ ، «ھومايون» ، «ماھۇر» ، «ناۋا» ، «راست» «پەنجگاھ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

تېكىستلىرى يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ ، نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە قىلىندى . مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى ئاساسەن ئەنە شۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مەلىكە ئامانىسا باشچىلىقىدا رەتلەنگەن تېكىستلەرنى ئاساس قىلغانلىقى مەلۇم .

4 ) ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بۇ قېتىمقى بىر پۈتۈن هالدا سىستېمىلىششى ۋە قېلىپلىششى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىلىرى ۋە يەرلىك ۋارىيانتلىرىدىن بولغان دولان مۇقاملىرى ، كۇچا مۇقاملىرى ، قۇمۇل مۇقاملىرى ، تۇرپان مۇقاملىرى ۋە ئىلى مۇقاملىرى قاتارلىقلارنىڭ تەكشى ئېچىلىشىغا ۋە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى .

5 - باسقۇچ : ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يېڭى باهارى ، كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ مەملىكەتكە ، دۇنياغا يۈزلەنگەن دەۋرى .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەخت - سائادەت ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەت ئابىدىسى — «ئون ئىككى مۇقام» ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئازادلىق بىلەن تەڭ يېڭى باهارغا ، هەقىقىي نىجادلىققا ئېرىشتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرى باشلاندى . بۇ دەۋر بۆلگۈچ باسقۇچنىڭ مۇقەددىمىسى 1950 - يىلىدىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غىچە بولغان ئون نەچچە يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ باسقۇچنىڭ تارىخىي ئۆتۈقلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلىشىدۇ :

1 ) ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك هالدا خاتىرىلىنىپ رەتلەندى ، لېنتىغا ئېلىندى ۋە نوتىلاشتۇرۇلدى . بەش ئەۋلاد مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇق ساقلاپ ، ئازاد زامانىمىزغا ئېلىپ كىرگەن مۇقام پېشۋالىرىدىن تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى هوشۇرئاخۇن ، ئاساسلىق مەشهۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر ۋە ئابدۇۋەلى جارۇللايوفلار 1951 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچى شەهىرىگە تەكلىپ قىلىنىپ ، ئون ئىككى مۇقام بىرىنچى قېتىم لېنتىغا ئېلىندى . 1955 - يىلى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتىپ بەرگەن مۇقام تېكىستلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەسلەپكى نۇسخىسى ۋە مۇزىكا ئالىمى ۋەن تۇڭشۇ يېتەكچىلىكىدە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تۇنجى خەلقئارا نوتىسى ئىشلىنىپ بولدى هەمدە بۇ بەش سىزىقلىق خەلقئارا نوتا 1956 - يىلى مەركىزىي مۇزىكا نەشرىياتى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى توملۇق كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى .

2 ) ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ دەسلەپكى قېتىم خاتىرىلىنىشى ۋە رەتلىنىشى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىياتىرچىلىق سەنئىتىگە يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كەلدى . مۇقام نەغمە - كۈيلىرى خەلق ئىچىدىكى يۈرت - مەهەللە سورۇنلىرىدىن زامانىۋى تىياتىر سەهنىسىگە چىقتى . ئۇيغۇر ئوپېرا ، دراما تىياتىرلىرىدىكى ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ تولىسى مۇقام كۈيلىرىدىن ئىبارەت بولدى .

3 ) ئۇيغۇر مۇقاملىرى بويىچە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى . 1964 - يىلى «شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ، دراما ئۆمىكى» تەركىبىدە «مۇقام تەتقىقات گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى . بۇ گۇرۇپپا تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتىپ بەرگەن مۇقام تېكىستلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇنجى قېتىم «ئۇيغۇر ‹ئون ئىككى مۇقام› تېكىستلىرى» ناملىق كىتابنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى . بۇ تېكىستلەر جەمئىي 2675 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ناۋائى

غەزەللىرىدىن ئېلىنغان تېكىستلەر 1274 مىسرا ئىدى .
6 ـ باسقۇچ : ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ يېڭى باھاردىن كېيىنكى چېچەكلەپ مېۋە بېرىش باسقۇچى .
بۇ باسقۇچ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن ھازىرغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ باسقۇچتىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن ؛
1 ) مۇقام ھادىسىسى تېخىمۇ كەڭ تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلىپ ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ، رەھبەرلىكتىن پۇقرالارغىچە ، دۆلەت ئىچىدىن سىرتىغىچە . . . تېخىمۇ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى ئېتىبارىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى .
2 ) مۇقام تەتقىقات ئورگانلىرى كېڭەيدى ۋە رولى جارى قىلدۇرۇلدى . 1978 ـ يىلى «شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى» ئىچىدە قۇرۇلغان «مۇقام تەتقىقات گۇرۇپپىسى» 1981 ـ يىلىغا كەلگەندە تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ «شىنجاڭ مۇقام تەتقىقات ئىنستىتۇتى» غا ئايلاندى . 1987ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى . 1989 ـ يىلى «شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى» بارلىققا كەلدى . 1991 ـ يىلى «ش ئۇ ئا ر ‹ئون ئىككى مۇقام› ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى فوند كومىتېتى» تەشكىللەندى . 1995 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى قارمىقىدا تۇنجى قېتىم ئۇنىۋېرسال مۇقام تولۇق كۇرس سىنىپى ئېچىلدى . «شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى» ئورۇندىغان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تولۇق نۇسخىسى شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن 12 قاپ ، 24 پلاستىنكا شەكلىدە نەشر قىلىنىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلدى . ش ئۇ ئا ر «ئون ئىككى مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتى باشچىلىقىدا مۇقام ساھەسىدىكى ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا تولۇقلاش ، رەتلەش خىزمىتى ئىشلەندى . نەتىجىدە ، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىسىدا 1994 ـ يىلى مۇقام تېكىستلىرى ، مۇقامنىڭ خەلقارا نوتىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھلاردىن تەركىب تاپقان 12 توملۇق «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇ قېتىمقى نەشردە ئىلگىرىكى كەمچىلىكلەر مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ ، تېكىستلەرنى تاللاش ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىدە يەنە بەزى ئىلمىي سەۋەنلىكلەر بايقالدى . شۇڭا ش ئۇ ئا ر «ئون ئىككى مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىشىپ ، مۇشۇ ساھەدىكى ئىلمىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان تۆت گۇرۇپپا تەشكىللەپ ، بەلگىلەنگەن ئىلمىي پرىنسىپلار ئاساسىدا مۇقام تېكىستلىرى ۋە نوتىلىرى ئۈچىنچى قېتىم ئەستايىدىل رەتلەندى . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ، جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق مەلىكە ئامانىسانىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ دەپ قارالغان «ئىشرەت ئەڭگىز» ناملىق مۇقام ۋە ھەر بىر مۇقامنىڭ خاتىمىسى بولغان «ئابى چەشمە» نى تېپىپ ، رەتلەپ ۋە تولۇقلاپ ئايرىم كىتاب قىلىندى . 1996 ـ يىلى تولۇقلاپ ئىشلەنگەن بىر نۇسخا جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خەلقئارا ئۆلچەمدە نەشر قىلىندى . بۇ نۇسخا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ خەلقئارالىق نوتىسى ، ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيلەنگەن تېكىست ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى ، تېكىستلەرنىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمىسى ، سۆزلۈكلەر لۇغىتى ، ئىزاھات ، مۇقامغا تېكىستلىرى كىرگۈزۈلگەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ، نوتا بەلگىلىرى توغرىسىدا ئىزاھات ، ئاھاڭ (ۋەزىن ) كۆرسەتكۈچلىرى ، كىرىش سۆز ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە ،

ئىنگلىزچە تەرجىمىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى . 13 تومدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتاب ئۇيغۇر كلاسسىك خەلق مۇزىكىسى — «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىدىغان قامۇس بولۇشقا مۇناسىپ . يۇقىرىقى نەتىجىلەر بىلەن بىر قاتاردا يەنە ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بىر قانچە قېتىم مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە مۇقام تەتقىقاتى كۈچەيتىلىپ ، ئون پارچىدىن ئارتۇق يىرىك تەتقىقات ئەسەرلىرى ، نەچچە يۈز پارچە ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى . بۇ نەتىجىلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن مۇقام تەتقىقات تارىخىدىكى ھەرقانداق دەۋردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ .

3 ) «ئون ئىككى مۇقام» ئۆزىنىڭ ھەم تەتقىقات ھەم ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يول مەملىكەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ، دۇنياغا يۈزلە- نىپ ، خەلقئارا سەھنىلەردە جەلپكار سادا ياڭراتتى ۋە دۇنيانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى .

4 ) ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» نى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا يەنە ھەرقايسى مۇقاملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى . نەتىجىدە ، يەرلىك مۇقاملار- دىن «دولان مۇقامى» ، «قۇمۇل مۇقامى» ، «تۇرپان- توقسۇن مۇقامى» ، «ئىلى مۇقامى» قاتارلىقلار رەتلىنىپ ، ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى .

دېمەك ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان بولىدۇكى ، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» — ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى تاللاپ ۋە تاۋلاپ كېلىۋاتقان چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى . ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا ، كەلگۈسىگە تونۇشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە .

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك قىممەتلىك سەنئەت مىراسى سۈپىتىدە ئۈزۈلمەس دولقۇندەك ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى . مۇقامنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىش تارىخىنى ئەنئەنىۋى مۇقام مائارىپىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

مۇقام مائارىپىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش نۆۋەتتە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈ- رۈشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ . «جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرى- لەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش» — جەمئىيەت ، تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدى- غان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ . مەلۇمكى ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى- نىڭ ئېسىل جەۋھىرى . شۇڭا ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئومۇملىشىشى ۋە زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇقام مائارىپىنى يولغا قويۇش مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى . مۇقام مائارىپىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ ، ئۈسمۈرلەر ئۈچۈن مۇقام ، ئەلنەغمە ۋە مىللىي ئۇسسۇل ئوقۇتۇش مەكتەپلىرىنى قۇرۇش ، باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تارىخ ، مۇزىكا ، ئەدەبىيات دەرسلىرىگە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى قوشۇش ، شارائى- تى بار مىللىي مەكتەپلەردە تەدرىجىي مۇقام دەرسلىرىنى تەسىس قىلىش ، مەخسۇس مۇزىكا ئالىي ئوقۇتۇش يۇرتلىرىدا مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام ئورۇنداش سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنالاي- دىغان مۇقام ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى يولغا قويۇش ، مەكتەپ ، رادىئو- تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش . . . قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

قىسقىسى، مۇقام مائارىپىدا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان ئىلمىي چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى بەرپا قىلىش ھەل قىلغۇچ ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

## «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تىزىملىكلىرى

بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن مۇقام تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ھەممە ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ مۇزىكا تەركىبلىرىمۇ ھازىرقىدەك مۇقىم ۋە تەرتىپلىك بولمىغان.

بىز دەرسلىكىمىزدە پەقەت مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلىغان كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» ئاساسىدا 1997 - يىلى قايتا رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىمىز.

1997 - يىلى نەشر قىلىنغان مۇقاملارنىڭ تىزىملىكى

| | مۇقاملارنىڭ نامى | ئۇيغۇرچە مەنىسى | نەغمە سانى |
|---|---|---|---|
| 1 | راك | ساپ، خاس، تومۇر، قان تومۇر | 25 نەغمە، 245 مىسرا |
| 2 | چەببىيات | تېز پەدە شەكلىدىكى بايات | 25 نەغمە، 218 مىسرا |
| 3 | سىگاھ | ئۈچىنچى دەرىجە، ئورۇن | 25 نەغمە، 205 مىسرا |
| 4 | چارگاھ | تۆتىنچى دەرىجە، ئورۇن | 25 نەغمە، 260 مىسرا |
| 5 | پەنجىگاھ | بەشىنچى دەرىجە، ئورۇن | 30 نەغمە، 328 مىسرا |
| 6 | ئۇززال (ئۆزھال) | ئۆزىنىڭ ھالى، زارى، نالە - زار قىلماق | 29 نەغمە، 210 مىسرا |
| 7 | ئەجەم | ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ | 22 نەغمە، 282 مىسرا |
| 8 | ئۇششاق | ئاشىقلار، سۆيگۈچىلەر مەنىسىدە | 32 نەغمە، 216 مىسرا |
| 9 | بايات | قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلە نامى، ئاللاھ، خۇدا | 23 نەغمە، 330 مىسرا |
| 10 | ناۋا | ئاۋاز، سادا، مۇڭلۇق كۈي | 23 نەغمە، 209 مىسرا |
| 11 | مۇشاۋىرەك | «يۇرەككە تىغدەك تەسىر قىلغۇچى» مەنىسىدە | 30 نەغمە، 238 مىسرا |
| 12 | ئىراق | ئىراق دۆلىتى | 23 نەغمە، 314 مىسرا |

تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخا جەمئىي 245 نەغمە، 2482 شېئىرىي مۇزىكىلىق مىسرادىن تەركىب تاپقان. 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىدا قايتا رەتلەش ئارقىلىق 75 نەغمە، 645 مىسرا قوشۇلۇپ، جەمئىي 320 نەغمە، 3127 مىسراغا يەتكەن. 1996 - يىلىدىكى نەشرىدىن كېيىن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەستايىدىل ئىزدىنىشى، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن مەلىكە ئامانىسانىڭ ئىجادىيىتى بولغان «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق يەنە بىر مۇقام تېپىلدى. بۇ مۇقام 11 نەغمە (ئاھاڭ)

112 مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇقەددەس ئانىسى دەيمىز ؟ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

2 . ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەرەققىياتىنىڭ 4 ـ باسقۇچىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرى قايسىلار ؟

3 . ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى قانداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ؟ مۇقام تەرەققىياتىنىڭ 5 ـ ۋە 6 ـ باسقۇچلىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

4 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار .

1 ) ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نى يادرو قىلغان ھالدا يەنە __________ ، __________ ، __________ ، __________ قاتارلىق يەرلىك مۇقاملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

2 ) ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى بولغان __________ ، __________ ، __________ ۋە __________ قاتارلىق نەغمىلەر مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا سىڭىپ كىرىپ ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى مۇزىكىچىلىق تارىخىدا زور داغدۇغا پەيدا قىلغان .

5 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار .

1 . جەۋھەر __

2 . چەشمە __

3 . قامۇس __

4 . تېمپېراتسىيە __

5 . گامما __

6 . تون __

7 . تىمپا __

8 . مېلودىيە

9 . ئاكۇستىكا __

10 . نەغمە __

11 . گېن __

12 . مۇقام (ماقام ) __

# 23 . جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر[1]

## تۆمۈر داۋامەت

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ــ پارلاق جۇڭـخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر . ئەمگەكچان ــ ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى . ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇستۇر . ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە گۇزەل مەنىۋىيىتى ، ئىستەك ـ خاھىشلىرى ، تارىخىي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن كېلىپ چىققان مۇھەببەت ـ نەپرەتلىرى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مۇزىكا ، بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن . مۇزىكىلىق ئىپادە جەھەتتە لىرىكا بىلەن ئېپىكا ، نەغمە بىلەن نەزمە گارمونىك ھالدا ئۇيغۇنلا-شتۇرۇلغان . مۇنداق مۇزىكا ئەسىرى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەسەر بولغاچقا «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە» دەپ تەرىپلەنمەكتە .

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، ئارقا كۆرۈنۈشمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر . مۇقاملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر . مۇقاملار كۆپلىگەن ماكان ۋە بىرقانچە زاماندا ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان بەستىكارلىرى ، ناخشى-چىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق مۇزىكىسىدۇر .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن قوۋم ـ قەبىلىلەر كۆپ ۋە كەڭ دائىرىلىك بولغاچقا ، مەدەنىيىتىمۇ ، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتىمۇ كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ مەنبەلىك . چۈنكى ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى خەلقئارا قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسى ، يېقىنقى زاماندا «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان لىنىيىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىنى چۆرىدىگەن زېمىندا مەيدانغا كەلگەن . بۇ قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىمۇ ئەنە شۇ زېمىندا شەكىللەنگەن . دەرۋەقە ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيى-تى بازىسىدا ، باشقا خەلقلەردىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجابىي تەسىر ۋە پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزىنىڭ مىللىي مۇزىكا بايلىقىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن بېيىتقان .

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلىنىدۇ . ئىپتىدائىي جەم-ئىيەت باسقۇچىدا خەلق ئىچىدە ئىجاد قىلىنىپ ، كەڭ تارقالغان پىر ـ كۇيلەر ۋە چالغۇلار فېئودال‌لىق جەمئىيەت دەۋرىدە تېخىمۇ راۋاجلىنىپ ، بارا ـ بارا سىستېمىلاشقان . بۇ ــ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ زامان ئامىللىرى . تەڭرىتاغ بويلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك تەركىبلەردىن بولغان قەدىمكى ئاھالە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا دېھقانچىلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان ، جۈملىدىن يەرلىك

---

[1] بۇ ماقالە جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى . ماۋزۇ تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى .

ۋە مىللىي پۇراقتا ئىگە بولغان ئاجايىپ باي ۋە رەڭدار مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ياراتقان . بۇ
كەڭ زېمىندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ھەر خىل مۇزىكا ژانىرلىرى ئۆزلىرى يارالغان زېمىنلار-
نىڭ ناملىرى بىلەن كۇچا مۇزىكىسى ، قوچۇ - قۇمۇل مۇزىكىسى ، قەشقەر - خوتەن
مۇزىكىسى دەپ ئاتالغان . بۇ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ماكان ئامىللىرى .

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ مۇنتىزىم قىسمى بولغان مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىشىمۇ ئەنە شۇ
زامان - ماكان ئامىللىرىغا باغلىق . مۇقاملارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان «چوڭ نەغمە»
قەدىمكى چاغلاردا «بۇيۇك كۈي» (خەنزۇچە «داچۇ» ) دەپ ئاتالغانىدى . مىلادىيە IV
ئەسىردە ، «بۇيۇك كۈيلەر» دىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە ئاۋۋال «قۇمۇل بۇيۇك كۈيى» ،
ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچا ، قوچۇ ، قەشقەر ، خوتەن كۈيلىرى تارقالغانىدى . «ۋېينامە» ، «لۇ
گۇاڭ ھەققىدە» ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ «غەربىي دىيار» بۆلۈمى ۋە «سۇينامە»
نىڭ «مۇزىكا تەزكىراتى» دا قەيت قىلىنغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، مۇقاملارنىڭ دەسلەپكى
سۈي- سۇتۇقلىرى — «بۇيۇك كۈيلەر» مىلادىيە VI ئەسىردىن خېلى ئىلگىرى مۇنتىزىم
كۈيلەر سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ . VI ئەسىردىن X
ئەسىرگىچە ئارىلىقتا بولسا ، ھەر جاي ھەر ماكاندا خەلق ئىچىدە تارقالغان مۇقام كۈيلىرى
تېخىمۇ راۋاجلىنىپ ، بىر - بىرىگە سىڭىشكە باشلىغان . XII ئەسىردىن كېيىن «بۇيۇك كۈي»
دېگەن نام بارا - بارا «مۇقام» دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئالماشقان . مۇقام ئېتىمولوگىيىلىك
مەنىسىدىن قەتئىينەزەر ، مۇئەييەن سىستېمىغا سېلىنغان بىر يۈرۈش — سىجىل مۇزىكىلار
مۇجەسسىمىنى بىلدۈرىدىغان خاس نام بولۇپ قالدى . 14 - ئەسىردە «چاغاتاي تىلى» دەپ
ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغا ئەرەبچە ، پارسچە سۆزلەر كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشى
مۇناسىۋىتى بىلەن ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئاتالغۇلىرىنىڭ بىر قىسمى ، جۈملىدىن مۇزىكا
ۋە مۇقام ناملىرىمۇ ئەرەبچە - پارسچە ئاتىلىدىغان بولۇپ كەتتى .

ئون ئىككى مۇقام تەركىبىگە كىرگەن بەزى ئاساسىي كۈيلەر V ئەسىردىلا كۇچالىق
مۇزىكىشۇناس سۇجىۋا تەرىپىدىن گرافىكلىق (توخرى يېزىقىدا ئىشلەنگەن بەلگىلەر بىلەن )
خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم . IX ئەسىردە بولسا ، ئەلفارابى تۈركىي خەلقلەر مۇزىكىسىغا ئەرەب
مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ بەزى مۇۋاپىق چۈشلىرىنى تەتبىق قىلىپ ، ئەرەبچە ئاتالغۇلار بىلەن
گرافىكلىق خاتىرىلەشنىڭ قائىدىلىرىنى ئىشلەپ چىققان . مۇقاملار كۆپىنچە ، ئەل نەغمىچى-
لەر تەرىپىدىن ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق تارقالغانلىقى ئۈچۈن ، گرافىكلىق
خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئىزچىل داۋام قىلالمىغان . لېكىن ، ئەل نەغمىچىلەر تەجرىبىلەر ئاساسىدا
ياراتقان «چېكىت» ئۇسۇلى بىلەن شاگىرتلارغا ئۆگىتىپ كەلگەن . «بۇيۇك كۈيلەر» نىڭ
بەزى ئاھاڭلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ، خەنزۇ يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن گرافىكا بىلەن
خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ ساقلىنىپ قالغان .

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كلاسسىك سىكلى XV ئەسىردە خېلىلا مۇجەسسەملەش-
كەن . XVI ئەسىردە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ، ئامانىنىساخان ۋە ئەينى دەۋردىكى مۇقامشۇناسلار-
دىن قىدىرخان قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە غەيرىتى بىلەن ، جاي - جايلاردىن كۆپلىگەن
ئەلنەغمىچىلەر ، مۇقامشۇناسلار جەلپ قىلىنىپ ، مۇقاملارنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى كەڭ
كۆلەمدە توپلانغان ؛ «بەش تونىكا ، يەتتە ئاھاڭ» ۋە «ئون ئىككى پەللە» قائىدىسى بويىچە ،
ئىنچىكە تەھقىقلىنىپ ، سىستېمىلاشتۇرۇلغان . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى-
نىڭ ھازىرقى ئۆرنىكى شەكىللەنگەن . بۇ ئۆرنەك بويىچە ئون ئىككى مۇقام راك ، چەببىيات ،
سىگاھ ، چارگاھ ، پەنجىگاھ ، ئۆزھال ، ئەجەم ، ئۇششاق ، بايات ، ناۋا ، مۇشاۋىرەك ، ئىراقلا-

ردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مۇقاملارنىڭ نامىلىرى ۋە رەت ـ تەرتىپى جەھەتلىرىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭدەك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بولغان يەرلىك ۋارىيانتلىرىمۇ مەۋجۇت، بۇلاردىن مەشھۇرراقلىرى قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىدۇر.

ھەر بىر مۇقامدا «كىرىشمە» بولىدۇ ـ دە، بۇ مەزكۇر مۇقامنىڭ «ئانا تونى» نى بەلگىلەيدۇ؛ «كىرىشمە» («مۇقەددىمە» دەپ ئاتالغان مۇقام بېشى) پۈتۈن بىر مۇقامدىكى خىلمۇخىل كۈيلەرنىڭ غولى. ئاندىن مۇقام چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ دېيىلگەن ئۈچ سوتۇققا (چوڭ قىسىمغا) بۆلۈنىدۇ. چوڭ نەغمە يەنە تەئەززە، نۇسخە، جۇلا، سەنەم، سەلىقە، پېشرەۋ قاتارلىق كۈيلەردىن تەركىب تاپقان. (بۇ كۈيلەردىن بەزىلىرى بىرقانچىدىن شاخلىنىدۇ)؛ بۇ كۈيلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەرغۇللىرى ۋە چۈشۈرگىلىرى بولىدۇ؛ مەرغۇللار ئۆزلىرى تۇسلىنىپ چىققان كۈي (ئانا ئاھاڭ) دىن ئۇزۇۋېلىنسا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كۈي بولالايدۇ. «كىرىشمە» دىكى تۈپ مېلودىيە مۇقامنىڭ ئۈچىنچى سوتۇقىدا بەلگىلىك مۇزىكا قانۇنىيىتى بويىچە خىلمۇخىل ئۆزگىرىش ياسايدۇ. يەنە، مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمى ئاخىرىدا «تەئكىد» بولىدۇ. تەئكىد ـــ بىرىنچى سوتۇقتىن ئىككىنچى سوتۇققا ـــ داستان قىسمىغا ئۆتۈشنىڭ كۆۋرۈكى. چوڭ نەغمىنىڭ كۈيلىرى كۆپىنچە لىرىكىلىق كۈيلەر-دۇر. چوڭ نەغمىدىكى تۈپ مېلودىيە داستان قىسمىدىمۇ ئۆزئارا زىچ بىرىككەن ھالدا داۋاملى-شىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقامنىڭ داستان قىسمىدىكى مېلودىيىلىك قۇرۇلما چوڭ نەغمىدى-كى تۈپ مېلودىيىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر. داستان قىسمىدىكى كۈيلەر قەھرىمانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىشق ـ مۇھەببەت، ئەخلاق ـــ پەزىلەت، مەرىپەت ئىپادىلىنىدىغان قىسسە ياكى ۋەقەلىك شېئىرلارغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئادەتتە ئۈچتىن ـ بەشكىچە داستان ئېيتىلىدۇ. ئايرىم ئاھاڭلىرى كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرىگىمۇ باغلانغان. ھەربىر ئاھاڭ ئارىلىقىدا مەرغۇللار بولىدۇ. مۇقامنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ئېپىكلىق قىسىم دېيىشمۇ بولىدۇ. ئاندىن، شوخ، قىزغىن، ئەركىن، ئىخچام ناخشا ـ ئۇسسۇل كۈيلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈچىنچى سوتۇق ـــ مەشرەپ قىسمى باشلىنىدۇ. مۇقامنىڭ بۇ قىسمى خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىسىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان مەشرەپ ـ بەزمىلەردە، مۇقاملارنىڭ مەلۇم كۈيلەر سىكلى «سەنەم» نامى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلىناتتى. بۇنداق «سەنەم» لەر يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تۇسلەنگەنلىكى ئۈچۈن، «قەشقەر سەنىمى»، «كۇچا سەنىمى»، «كورلا سەنە-مى»، ئىلى سەنىمى»، «قۇمۇل سەنىمى» دېگەن خاسناملار بىلەن ئاتالغاندى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مىللىي ۋە ئۆزگە خاس مېلودىيىسى، مۇئەييەن سىستېمى-لاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، كۈيلىرىنىڭ موللۇقى ۋە مەزمۇندارلىقى، ئۇرغۇ ـ تېمپلىد-رىنىڭ مۇرەككەپلىكى، رىتىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، مۇزىكىلىق ئوبرازلىرىنىڭ خىل-مۇخىللىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن ياكى «مۇقام» لىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن پەلسەپىسى، پسىخولوگىيىسى، زېمىنغا ئۇيغۇن ياشاش ئۇسۇلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ھالەتلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇڭا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مېلودىيە، تۈس، پۇراق، ئۇرغۇ، رىتىم جەھەتلىرىدىن مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە. مۇقامدا مېلودىيە شۇنداق قاتمۇقاتكى، بىر خىل كۈي ۋە بىر خىل ۋەزىن ئىچىدە ئانا تون ياكى تۈپ مېلودىيە غول

قىلىنغان ھالدا ھەر خىل تارماق مېلودىيىلەر كېلىپ چىقىدۇ. مېلودىيىدە، يەنە كېلىپ، زەنجىردەك سىجىل تېمىلار ناھايىتى كۆپ، بۇ تېمىلار مۇئەييەن لىنىيىنى بويلاپ، گىرەلەش-كەن ھالدا راۋاجلىنىپ، ھەر خىل مۇزىكىلىق ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تىڭشىغۇچىلاردا ھاياجانلىق ياكى جەڭگىۋارلىق، خۇشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق ۋە كۆتۈرەڭگۈلۈك، مۇڭلۇق ۋە خىيالچانلىق، مۇھەببەت ياكى نەپرەت تۇيغۇلىرى-نى دەرھال پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسىدۇر، مۇقاملار ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك، باي مەزمۇنلۇق، رەڭمۇرەڭ تۈسلۈك، بەدىئىي پاساھەتلىك، يەڭگىل ھەم ئېيتىشقا ئەپلىك كلاسسىك شېئىرلار (ئاساسەن غەزەللەر)، بېيىت ـ قوشاقلار بىلەن جانلىنىدۇ. ھەر بىر مۇقامنىڭ ئىككىنچى قىسمى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان ئېپىكلىق داستانلار بىلەن تېخىمۇ يارقىن تۈسكە كىرىپ، تىڭشىغۇچىلارغا سۆژىتلىق، پەلسەپىۋى ۋە دىداكتىكىلىق تېكىستلەر ئارقىلىق يەنىمۇ تەسىرچان ئېستېتىك ھوزۇر بېغىش-لايدۇ. مەشرەپ قىسمىدىكى كۈيلەر كۆپىنچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ ئومۇملاشقان بېيىت-قوشاقلار ۋە بۇلارغا ماس كېلىدىغان كلاسسىك شېئىرلار بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ ـ دە، تىڭشىغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا ـ ئۇسسۇللار قايىنىمىغا شۇڭغۇيدۇ.

ئون ئىككى مۇقام XVI ئەسىردە رەتلەنگەن چېغىدا، مۇقام كۈيلىرى شۇ زامانغىچە ئۆتكەن كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىغا ياكى خەلق داستانلىرىغا باغلانغان بولۇشى تەبىئىي. لېكىن، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مۇقامچىلارنىڭ خاھىشى، سورۇننىڭ ئېھتىياجى ۋە بەزى تىڭشىغۇ-چىلارنىڭ چەك قويۇشى بىلەن، تېكىستلەر ئۆزگىرىپ بارغان.

بىزگە يېتىپ كەلگەن تېكىستلەر، يەنى مۇقام پېشۋاسى ـــ ئون ئىككى مۇقامنى ئۆز بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن ئەنئەنە بويىچە زامانىمىزغا يەتكۈزگەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى تۇردى ئاخۇن باغلىغان تېكىستلەر زامان ۋە سورۇنلارنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەن ئاساسىي مەنبەدۇر. بۇ تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى مۇزىكا مەزمۇنىغا، تېكىستلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇزىكا قۇرۇلمە-سىغا، شېئىرىي ۋەزىنلىرى كۈيلەر ۋەزىنلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەنىۋى داۋالغۇشلاردىن، داۋان ـ توسۇقلاردىن ئۆتۈپ، ئەل نەغمىچىلەرنىڭ ئۆز جېنىدىن ئارتۇق ساقلىشى ۋە ئاسرىشى بىلەن زامانىمىزغا ئۇلاشتۇرۇلدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ زامانىمىزغا ئۇلىنىشىدا، مۇقام پېشۋاسى تۇردى ئاخۇننىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور. ھېچقاند-داق نوتىغا قارىماي، ھەربىر مۇقامنى ئۆزىنىڭ تۇپ مېلودىيىسى غول قىلىنغان كۈيلەر سىستېمىسىنى تەرتىپى بويىچە ئىنچىل سۈرئەتتە ئازماي ـ تەزمەي، سوتكىلاپ ئېيتىپ بېرەلىگەن تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەقىقەتەن «مۇزىكا قامۇسى» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا لايىق مۇقامشۇناستۇر؛ جۈملىدىن ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى قاسىم ئاخۇن، روزى ئاكا قالۇنچى، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلارمۇ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت پېشۋالىرىدۇر.

خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ كەلگەن مەشرەپ ـ سەنەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇقاملارنىڭ چوڭ نەغمە قىسىملىرى ناھايىتى تار دائىرىدە، ئۇنىلغان ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئەس ـ يادىدىلا ساقلىنىپ قالغاچقا، ئۇزۇلۇپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئازادلىق ئون ئىككى مۇقامغىمۇ نىجادلىق ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ 1996 ـ يىلىغىچە ئىنچىل غەمخورلۇق قىلىش، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن

ھەرقايسى باسقۇچلاردا ئوخشاشلا كونكرېت كۆرسەتمىلەر بېرىپ كەلدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئون ئىككى مۇقامنى سىمغا يېزىۋېلىش ۋە نوتىغا ئېلىش ئىشى 1951 ـ يىلىدىلا باشلانغان . تۇردى ئاخۇن ، روزى تەمبۇر ۋە ئۇنىڭ كەسپداشلىرىدىن بىرقانچە ئەلنەغمىچى مۇقامچىلار 1951 ـ يىلى 7 ـ ئاي ، 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سىمغا يېزىۋېلىندى . بۇ ئىشتا ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن مۇزىكا مۇتەخەسسىسى ۋەن تۇڭشۇ ئەپەندى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ، ئون ئىككى مۇقامنى تۈنجى قېتىم بەش سىزىقلىق خەلقئارا بەلگىلەر بىلەن نوتىلاشتۇردى . تېكىستلىرىنى يېزىۋېلىشتا ئاتاغلىق شائىرلىرىمىز ئەمگەك سىڭدۈر-دى . شۇنىڭ بىلەن ، ئون ئىككى مۇقام ئۈزۈلۈپ قېلىش گىرداۋىدىن دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇپ قېلىندى . ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، رەتلەش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى . يېڭى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورۇنلىرىدىن مەلۇم مۇتەخەسسىسلەر ئاجرىتىلىپ ، ئۇلار سىمغا يېزىۋېلىنغان نۇسخىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئەمەلدە ئىجرا قىلىش ۋە رادىئو ئارقىلىق تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ ساھەدە زىكرى ئەلفەتتاھ قاتارلىق بەستىكارلىرىمىز ئۆز قابىلى-يىتىنى نامايان قىلدى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسى زور ماھارەت بىلەن كۈچ چىقاردى . دەرۋەقە ، 30 ـ يىللاردىن باشلاپ ، يېڭىچە تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا ، مۇقام مۇزىكىسى خەلق ئىچىدىكى سورۇندىن تىياتىر سەھنىسى-گە چىقتى . 30 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارغىچە ، سەھنىلەشتۈرۈلگەن ناخشا ـ غەزەللەرنىڭ تولىسى مۇقام كۈيلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . 60 ـ يىللاردىن كېيىن سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تېمىلاردا يېزىلغان بەزى سەھنە ئەسەرلىرىگە بىرەر مۇقامنىڭ مۇھىم كۈيلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا باشقا مۇقاملاردىنمۇ ئايرىم كۈيلەر تەتبىق قىلىنىپ قوللىنىلدى . سىياسىي تېمىلاردىكى سەھنە ئەسەرلەر ۋە ناخشىلاردىمۇ مۇقام ئۆزىنىڭ جازىبدار ۋە تەسىرچان رولىنى جارى قىلدى ھەم ھاياتىي قۇدرىتىنى كۆرسەتتى . پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-تىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، رەتلەش ، تولۇقلاش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى . بولۇپمۇ ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەمدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىش فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، ئون ئىككى مۇقامنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى تېخىمۇ جانلاندى . 1987 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلدى . ئاپتونوم رايون بويىچە ، مەملىكەت بويىچە ۋە خەلقئارالىق مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئۆتكۈزۈلدى . ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرى ئۈستىدە كۆپلى-گەن ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . شۇنىڭ بىلەن ، مۇقامشۇناسلىق ۋۇجۇدقا كەلدى . ئون ئىككى مۇقام پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ ، دۇنياغا يۈزلىنىپ ، خەلقئارا سەھنىلەر-دە جەلپكار سادا ياڭراتتى ۋە تىڭشىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى .

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى كۈيلەر ۋە تېكىستلەردىن ئىبارەت ئىككى ساھەگە بۆلۈنىدۇ . تۇردى ئاخۇن ئاكا باشلىق مۇقامچىلار بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن كۈيلەر ۋە تېكىستلەر ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ۋە تولۇقلاش خىزمىتىدە مۇھىم ئاساس بولدى . بۇ ئاساس بويىچە ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ كۈي ـ نەغمىلىرى ۋە تېكىستلىرى بىرقانچە قېتىم رەتلەندى ، نەشر قىلىندى ۋە بارغانسېرى مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى . ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي

تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى بىلەن مۇقام كۈيلىرى ۋە تېكىستلىرى ئەسلىسىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا تولۇقلاندى . شۇ ئارقىلىق مۇقام تەتقىقاتىدا يەنە بىر ئەھمىيەتلىك چوڭ قەدەم تاشلاندى . XVIII ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك مۇقامشۇناس ، ئالىم ئىسمەتۇللا ئىبنى نېمەتۇللا مۇجىزى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە «ئامانىنىسان ئۆزىنىڭ گۈزەل لىرىكىلىرىدىن ‹دىۋان نەفىسى› ناملىق بىر دىۋان تۈزگەن ، ‹شۇرۇھۇل قۇلۇپ› ، ‹ئەخلاقۇل جەمىل› ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان ، ‹ئىشرەت ئەڭگىز› ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان» دېگەن .

ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەستايىدىل ئىزدىنىشى ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن بۇ قېتىم ئامانىنىساخانىنىڭ ئىجادىيىتى بولغان «ئىشرەت ئەڭگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقام تېپىلدى . بۇ مۇقام 92 مىسرالىق كلاسسىك شېئىر ۋە 20 مىسرالىق خەلق قوشاقلىرى بىلەن باغلانغان 11 ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ خاتىمىسى بولغان «ئابى چەشمە» لەر ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى مۇزىكا بۆلەكلىرىدىن بولغان «مۇستەھزاد» لار تېپىلدى . بۇلار 242 مىسرالىق كلاسسىك شېئىرلار بىلەن باغلان- غان 39 ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

يەنە «راك» ، «چەببىيات» مۇقاملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بولغان 13 ئاھاڭ تېپىلدى ، بۇ ئاھاڭلار ئارقىلىق يۇقىرىقى مۇقاملار تولۇقلاندى .

يېڭىدىن تېپىلغان «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامى ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ «ئابى چەش- مە» ، «مۇستەھزاد» قاتارلىق مۇزىكا بۆلەكلىرى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ 13 - كىتابى سۈپىتىدە بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان «ئابى چەشمىلەر ۋە ئىشرەت ئەڭگىز» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلدى .

يۇقىرىقى مۇقام ۋە ئاھاڭلارنىڭ تېپىلىشى مەدەنىي ھاياتىمىزدىكى خۇشاللىنارلىق زور ۋەقە . چۈنكى بۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىختىكى ئۈچىنچى قېتىملىق رەتلىنىشى ۋە تولۇقلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تېكىستلىرى ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى (1964 - ، 1983- يىللىرى ) تۆردى ئاخۇن ئېيتقان تېكىستلەر بويىچە رەتلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى . لېكىن ، ئۆتمۈشتە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئوقۇش - ئورۇنداش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بەزى تېكىستلەر قىسقارتىۋېتىلگەن ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ، بەزىلى- رى تەكرارلىنىپ كەتكەن ياكى ئىككى - ئۈچ شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بېيتلاردىن قۇراشتۇرۇلغانىدى . 1993 - يىلى ، تېكىستلەرنى ئىككىنچى قېتىم رەتلەشتە ، بۇ كەمچىلىك- لەر مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش جەريانىدا ، بەزى سەۋەنلىكلەر بايقالدى . 1995 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيە- تى بەلگىلىگەن ئىلمىي قائىدە - پرىنسىپلار ئاساسىدا تېكىستلەر ئۈچىنچى قېتىم ئەستايىدىل رەتلەندى . تېكىستلەرنىڭ مەنبەلىرى تەھقىقلەندى . تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن ھەم ۋەزنلىرى كۈيلەرنىڭ تېما ھەم ۋەزنلىرىگە ماس بولۇش ئەنئەنىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىندى . ئايرىم تېكىستلەردىكى كەم جايلار شۇ تېكىستنىڭ قەدىمكى قولىيازمىلىرى ئاساسىدا تولۇقلاندى .

بۇ قېتىم رەتلەنگەن تېكىستلەر كلاسسىكلىرىمىزدىن 44 نەپەر شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ ، ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل ، ھەزەج ، رەجەز ، مۇتەقارىب ، مۇجتەس . . . قاتارلىق بەھرلىرىنىڭ ھەر خىل ۋەزنلىرىدە يېزىلغان غەزەللەردىن تەركىب تاپتى . مۇقاملار-نىڭ داستان قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئىلگىرىكى تېكىستلەردە ئاساسەن ئىككىلا داستاننىڭ ئۈزۈندىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . بۇ قېتىمقى رەتلەشتە ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان مۇنەۋۋەر داستانلار ، مەسىلەن ، «غېرىب - سەنەم» ، «بەھرام - دىلئارام» ، «يۇسۇف - ئەھمەد» ، «ھۆرلىقا - ھەمراجان» ، «سەنەۋبەر» ، «پەرھاد - شېرىن» ، «شاھزادە نىزامىددىن ۋە مەلىكە رەئنا» قاتارلىقلارنىڭ قوليازمىلىرى ئاساسىدا پارچىلار بېرىلدى . مۇقامنىڭ داستان قىسمىدا 14 داستان پارچىلىرىدىن باشقا ، كلاسسىك شائىرلىرى-مىزنىڭ قەسىدە ژانىرىغا ياندىشىدىغان غەزەللىرىمۇ قايتا رەتلەندى . خەلق بېيىت - قوشاقلى-رىدىن ئېلىنغان تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ، شەكلى ، سۆزىتلىق باغلىنىشى ۋە مەنتىقىي مۇناسىۋەتلىرى ، تارىخىيلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتى كۆزدە تۇتۇلدى .

ئون ئىككى مۇقامنى نوتىلاشتۇرۇش خىزمىتى پەيدىنپەي ياخشى ئىشلەندى . مۇزىكاشۇ-ناس ۋەن تۇڭشۇ تۇردى ئاخۇن باشلىق مۇقامچىلاردىن خاتىرىگە ئالغان ئۇنىئالغۇ لېنتىسى بويىچە يېزىپ چىققان تۇنجى نوتىدىن بۇ قېتىم مۇۋاپىق پايدىلىنىپ قايتىدىن نوتىلاشتۇرۇل-دى . نوتىغا ئېلىشتا ، ئاھاڭ ئايرىش مېخانىزمىدا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، ھەربىر كۈينىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئەينەن ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىل-دى . قايتا يېزىلغان نوتا پايتەختتىكى مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ، ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناس-لاردىن تەتقىقاتچى خۇاڭ شياڭپېڭ ، پروفېسسور تيەن ليەنتاۋ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى .

باشقا مىللەت مۇزىكاشۇناسلىرى ياكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئوقۇشى ۋە ئېيتىشىغا ئوڭاي بولۇشى نەزەردە تۇتۇلۇپ ، ئومۇمراق بولغان خەلقئارالىق گرافىك بەلگىلەر بىلەن تېكىستلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بېرىلدى . تېكىستلەر خەنزۇچىگە قايتىدىن تەرجىمە قىلىن-دى .

«ئۇيغۇر ئون مۇقامى» نىڭ قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىسى مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ، مۇقامشۇ-ناسلارنىڭ ، مۇقامچىلارنىڭ ، كومپوزىتورلارنىڭ ، كلاسسىك ئەدەبىياتچىلارنىڭ كۆپ يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ نەتىجىسى . ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ ، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرى بىلەن سېلىشتۇ-رۇپ تەتقىق قىلىش ، مۇقام نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلىرى ۋە ھەر خىل ژانىرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتلىرىدە ، بۇ نۇسخا دەستۇر بولۇپ قالغۇسى .

تۆمۈر داۋامەت

1996 - يىلى ئۆكتەبىر

## ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

يولداش تۆمۈر داۋامەت 1927 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ توقسۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلـغان . ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ، يېزا باشلىقى ، رايون باشلىقى ، ھاكىم ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن . 1965ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان . 1977 ـ يىلدىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىـنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . ئۇ 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلانغان ، ھازىر ئاشۇ ۋەزىپىنى ئۆتىمەكتە .

تۆمۈر داۋامەت دۆلىتىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن ، ئۇ يەنە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ كۆڭۈل بۆلىدىـغان يېتەكچى ، تىرىشچان شائىر . ئۇنىڭ «تيانشان شادلىقى» ، «ۋەتەنگە مۇھەببەت» ، «دەۋر ئىلھاملىرى» ، «ھايات مەشئىلى» ، «يۇرت مۇھەببىتى» ، «يۈرەك ناخشىلىرى» ، «ئۆمۈر ئىزلىرى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، رۇس ، ياپون ، ئۆزبېك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان .

تۆمۈر داۋامەت جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى .

بۇ باسقۇچتا تاللانغان مەركۇر تېكىست ، تۆمۈر داۋامەتنىڭ 1997 ـ يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتابقا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدۇر .

## ئىزاھلار

1 . بەستىكار — نەغمىگە تېكىست سالغۇچى ، مۇزىكا ئىجادچىسى .
2 . يىر ـ كۈي — ناخشا ـ مۇزىكا
3 . ئېتىمولوگىيە — مەنبىئى ، كېلىپ چىقىشى
4 . توخرى يېزىقى — قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ
4 . سىنكىل — (1) گۇرۇپپا ، توپ ، توپلام ، (2) بىر تېما ئا
5 . گارمونىك — ماسلىشىش ، گارمونىيە — ماسلاشقان ئاۋازلار
6 . ئاناتونى — باش ئاھاڭ شەكلى ، ئاساسىي كۈي ، باش نەغمە .
7 . سوتۇق — قىسىم ، بۆلەك
8 . تەئەززە (تەزە) — 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى ؛ 2) ئازابلىغۇچى ، مۇڭلاندۇرغۇچى
9 . جۇلا — 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى ؛ 2) روشەنلىك ، پارلاقلىق .
10 . سەنەم — 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى .
2) بۇت ؛ 3) كۆچمە مەنىسى : گۈزەل يار ، مەھبۇب
11 . سەلىقە — 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى .
2) زوق ، ئىستەك .

12 . پىشرەۋ —

13 . تەئكىد — 1 ) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى ؛ 2 ) باغلىنىش ؛ 3 ) ئىلگىرى سۆزلىگەن پىكىر ؛ 4 ) تەكىتلىمەك

14 . پاساھەت —

15 . دىداكتىكا — ئەدەپ - ئەخلاق ، ئەخلاقشۇناسلىق

16 . ئېستېتىك — گۈزەللىك ، گۈزەل ھېس - تۇيغۇ

17 . ئابى چەشمە — كۆز يېشى مەنىسىدە . «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇزىكا بۆلەكلىرىنىڭ نامى

18 . مۇستەھزاد — 1 ) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى ؛ 2 ) ئارتتۇرۇلغان ، ئارتتۇرما ؛ 3 ) مىسرالار ئاخىرىغا ئارۇز شېئىرىيىتىنىڭ قائىدىسى ئاساسىدا يېرىم مىسرا ئارتتۇرۇلىدىغان بىر خىل شېئىري شەكىل .

# 24 . مۇقام

## (مۇخەممەس )

## تېيىپجان ئېلىيوف[1]

سازچى ياڭراق سازىدا قىلسا سېنى ناخۇن ،[2] مۇقام ،
جان قاناتلانغاي شۇئان بولغاچ ساڭا مەپتۇن ، مۇقام ،
سەن بىلەن دائىم ئۇمۇر گۈلزارىمىز گۈلگۈن ، مۇقام ،
دىلغا ئاتەشتەك هارارەت بەرگۈچى يالقۇن مۇقام ،
ئاھ مۇقام ، ئۇتلۇق مۇقام ، گۈلگۈن مۇقام ، ئالتۇن مۇقام .

سەن ئۇچۇن چىقتى ساتار ، تەمبۇر ، فارابى قالۇنى ،
قوشتى نەغمەڭگە ناۋا ساھىر[3] ناۋائىينىڭ ئۈنى ،
تىزدى مارجاندەك قىدىرخان ھەم رەشىد ، خانىش[4] سېنى ،
سەندە بار بىرنەچچە مىڭ يىلنىڭ مۇسىقىي مەزمۇنى ،
نەغمىلەر سورۇندا ئورنۇڭ شۇڭا ئۈستۈن مۇقام .

سەندە كۈيلەيدۇ كۆڭۈل كۈيىنى ئۇيغۇر مىللىتى ،
سەندە ياڭرايدۇ ئۇلۇغۋارلىق ، پەزىلەت رىغبىتى ،
سەندە روشەن سۆيگۈ ئەھلىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى ،
سەندە ئۇرغۇيدۇ ئازادلىق ئاشىقىنىڭ جۇرئىتى ،
سەن ئازادلىق ھەم گۈزەللىك ئىشقىغا ئۇيغۇن مۇقام .

---

① ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئاتاقلىق شائىر ، ئەدەبىياتشۇناس ۋە جامائەت ئەربابى تېيىپجان ئېلىيوف 1930 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ، 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، باللادا ، داستان ۋە رۇبائىيلارنى يازغان . «تۇگىمەس ناخشا» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر توپلاملىرى خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان . يېڭى ھايات ۋە پارلاق كېلەچەكنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى ، ھەممىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كۆپ مەھسۇلاتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف 1989ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 59 يېشىدا ۋاپات بولغان .

② ناخۇن — زەخمەك ، ناخۇن قىلىش — زەخمەك ئۇرۇش

③ ساھىر (ئەرەبچە ) لۇغەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا ، «سېھىرگەر» دېگەنلىك بولىدۇ . بىراق بۇ سۆزنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھۈنەرۋەن ، ئاجايىپ سەنئەتكار دېگەن مەنىسىمۇ بار . ناۋائىي بۇ سۆزنى كېيىنكى مەنىدىمۇ ئىشلەتكەن ۋە خىسرەۋ دېھلىۋىينىڭ ئاجايىپ شائىرلىق ماھارىتىنى تەرىپلەپ ، ئۇنى ھىندىستان ساھىرى دەپ ئاتىغانىدى . شۇنىڭغا ئاساسەن مېنىڭچە ناۋائىينى «ئوتتۇرا ئاسىيا ساھىرى» دېگۈم كەلدى .

④ رەشىد — XVI ئەسىردىكى يەركەن خانى ئابدۇرەشىدخان ، خانىش ئامانىسالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

ھەر مۇقامنى خۇددى بىر دەريا دېسەك ، كۆپ تارمىقى ،
ئاقىدۇ شەربەت ئۇنىڭدا ھەمدە بار سۈت ـ قايمىقى ،
ھەر مۇقامنى بىر دەرەخ دېسەك ، ئۇنىڭ كۆپتۇر شېخى ،
كۆزلىرىڭنى چاقنىتار ھەر شاختىكى گۈل ، ياپرىقى ،
جانغا راھەت ، دىلغا ئارام ، مېۋىسى نۇرغۇن مۇقام .

ھەممە ئادەم ئىنتىزار ساز تەڭشىلىپ باشلانغۇچە ،
ئويغا چۆمگەن بىر ھازا «چوڭ نەغمە» گە ئاتلانغۇچە ،
دىل گويا دەريا بولۇپ ئۆركەشلىنەر «داستان» غىچە ،
ئېيتسا بىر داستانىمۇ پۈتمەيدۇ ھەتتا تاڭغىچە ،
مەشرىپى ئۇندەر ئۇسسۇلغا ، پەيزى مول ، جۇشقۇن مۇقام .

سەندە ياڭرايدۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل كۈي ـ نەزمىسى ،
بارچە ئۇيغۇرنىڭ سېنىڭسىز قىزىماس توي ـ بەزمىسى ،
سەن خەلقىنىڭ بىباھا ، رەڭدار ، ئۇلۇغۋار خەزىنىسى ،
سەن بىلەنمۇ ئۆلچىنەر ئۇيغۇر دېگەننىڭ ۋەزنىسى ،
ئېسى بار ئادەم سېنى ھەرگىز دېمەس يوچۇن مۇقام .

سەن گۆھەرنى بىر زامان ئەخلەتكە تاشلاپ قىلدى خار ،
يىغلىدى خەلقىم سېنىڭ ھىجرىڭدە قاقشاپ زار ـ زار ،
شۈكرى ئەمدى ، سېنى قۇتقۇزدى زامانەم غەمگۇزار ،
يېڭىدىن چىقماقتا تۇرداخۇنغا ئوخشاش ئىزباسار ،
ئەمدى يايرا ، سەن ئەمەس مەڭگۇ «سېرىق» تۇتقۇن مۇقام .

ئەي مۇقام ، ساز ئوردىسىنىڭ بەكمۇ كۆركەم قەسرى سەن ،
مۇرغىزارنىڭ زىنىنىتى ، گوياكى بۇلبۇل ، قۇمرى سەن ،
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سەن ، ھەم قەھرى سەن ، ھەم پەخرى سەن ،
سەندىن ئايرىلمايدۇ ، ئەل ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئەجرى سەن ،
سەن گوياكى لەيلى ، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەل مەجنۇن ، مۇقام .

ئەي مۇقام ، كەلدى زامانەڭ باشقىدىن نۇر ياغدۇرۇپ ،
يېڭى ئەۋلادلار كۈيۈڭنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ ،
تەنتەنەڭگە تەنتەنە قوشقۇسى زىنىنەت قوندۇرۇپ ،
چالدۇرار ئالقىش چاۋاك ئالەمنى ھەيران قالدۇرۇپ ،
ياپقۇسى ئىنسانىيەت شەنىڭگە شاھى تون ، مۇقام .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

بۇ باسقۇچتا ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىككى پارچە تېكىست تاللانغان. ئۇنىڭ بىرى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى) ناملىق 13 توملۇق كىتابقا يولداش تۆمۈر داۋامەت تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز؛ ئىككىنچىسى، داڭلىق تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «مۇقام» ناملىق مۇخەممەسىدۇر. بىرىنچى تېكىست مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالە بولۇپ، ئۇ بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن.

1 ـ بۆلەكتە، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئورنى ۋە قىممىتى سۆزلەنگەن.

2 ـ بۆلەكتە، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئۆرنىكى تونۇشتۇرۇلغان.

3 ـ بۆلەكتە، ھەربىر مۇقامنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى، مۇزىكىلىق قۇرۇلما ئالاھىدە-لىكى ۋە مۇقاملارنىڭ مىللىي خاسلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

4 ـ بۆلەكتە، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسى ئىكەنلىكى، مۇقام تېكىستلىرى بىلەن ئاھاڭ ـ كۈيلەرنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى ۋە تاللانغان تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى مۇھاكىمە قىلىنغان.

5 ـ بۆلەكتە، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نى قېزىش ۋە رەتلەش جەريانلىرى، بولۇپ ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە مۇقام تەتقىقاتى جەھەتلەردە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى تېكىست — «مۇقام» ناملىق مۇخەممەس ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل بەھرىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىدىغان چوڭ ھەجىملىك، يۇرۇشلەشكەن بۇ مۇزىكا قامۇسىنىڭ ئۆتمۈش تارىخى ۋە بۈگۈن-كى رېئال ئەھمىيىتى ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئوخشىتىش، سىمۋول، سېلىشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلۇشى، خەلقىمىزنىڭ مۇقامغا بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى، ئۇنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە قىممىتى روشەن ئېچىپ بېرىلگەن.

سىلەر بۇ ئىككى تېكىستنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆنۈكمىلەرنى ئىشلەڭلار.

1. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇس دەيمىز؟ مۇشۇ ھەقتىكى تەسىراتىڭلارنى يېزىپ چىقىڭلار (تەسىرات ئىككى بەت ئەتراپىدا بولسا كۇپايە).

2. بىرىنچى تېكىستتە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سىستېمىلىشىشىدىكى زامان ۋە ماكان ئامىللىرى سۆزلەنگەن. ئۇ ماقالىنىڭ قايسى بۆلىكىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سخېمىنى تولدۇرۇڭلار.

4. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئىچىدىكى ھەر بىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قاتارلىق ئۈچ سوتۇققا (چوڭ قىسىمغا) بۆلۈنىدۇ. چوڭ نەغمە يەنە تەئەززە، نۇسخا،

جۇلا ، سەنەم ، سەلىقە ، پىشرەۋ قاتارلىق كۇيلەردىن تەركىب تاپقان . مۇقامنىڭ بۇنداق يۇرۇشلەشكەن كۆپ خىل كۇيلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئىپادىلەشتە شائىر قانداق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى قوللانغان؟ بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشتە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

5 . تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچىنى ئوقۇپ ، ئاخىرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار .

ئەي مۇقام ، ساز ئوردىسىنىڭ بەكمۇ كۆركەم قەسرى سەن ،
مۇرغىزارنىڭ زىننىتى ، گويىاكى بۇلبۇل ، قۇمرى سەن ؛
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سەن ، ھەم قەھرى سەن ، ھەم پەخرى سەن ،
سەندىن ئايرىلمايدۇ ئەل ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئەجرىسەن ،
سەن گويا لەيلى ، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەل مەجنۇن ، مۇقام .

بىرىنچى ، يۇقىرىقى شېئىرىي پارچىنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ مىسراسىدا ئاپتور مۇقامنىڭ ئورنى ۋە قىممىتىنى قانداق باھالىغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

ئىككىنچى ، پارچىنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ مىسراسىدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟

ئۈچىنچى ، پارچىنىڭ 5 ـ مىسراسىدا ئاپتور قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئارقىلىق قايسى ئابستراكت ئۇقۇمنى قانداق كونكرېتلاشتۇرغان؟

تۆتىنچى ، سىزنىڭچە يۇقىرىقى شېئىرىي پارچىنى مەزكۇر مۇخەممەسنىڭ يېشىمى دېيىشكە بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

# دەرستىن سىرت ئوقۇشلۇق ۋە يېزىقچىلىق

## ▲25 . «راك» مۇقامىنىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىدىن ئارىيە

### مۇقەددىمە

سېتارىم تارىغا جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام ،
ئانىڭكىم نالەسىدىن بىنەۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام .

مەقام ئالىپ مەقام ئىچرە مەقامنى دىلغە جا قىلسام ،
مۇھەببەت كويىغە سالسە ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام .

مەقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينىيۇ ، ئەجەم دەرلەر ،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى باياتىنى چالسام .

بەيادى ھەق تائالا يادىدا چالسام پەيا - پەيكىم ،
كۆڭۈللەر بىنەۋا بولغانىنى بىلسەم نەۋا چالسام .

ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى ، غەزەلنى راكغە يەتكۈزسەم ،
شەبىستانۇ سەھەرلەردە مۇشاۋىرەك ، پەنجىگاھ چالسام .

ئىراقۇ چەببىيات ، ئۆز ھالدا فەيزىكىم يېتەر بولسا ،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە چارگاھ چالسام .

يېتىپ ۋەسلىگە ھىممەتنىڭ جۇدالىق تاغىدىن ئۆتسەم ،
ئىچىپ ۋەسلىڭ شارابىدىن قىلىپ تەڭكەش سىگاھ چالسام .

كەل ، ئەي مەشرەپ ، قەدەھ سۇنغىل بۇلايىن مەستۇ مۇستەغرەق ،
بىر ئېلگە كاسەئى تەنبۇر ، بىرىگە جامى مەي ئالسام .①

— مەشرەپ

---

① 1 ) «شاھ مەشرەپ» ، ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان XGQ 154№ نومۇرلۇق قولىيازما ، 197—198 بەتلەر .
2 ) «شاھ مەشرەپ» ، چاپ نۇسخا .
3 ) «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى» ، 1964 - يىلى رەتلەنگەن نۇسخا ، 284 - بەت .
4 ) «مېھرىبانىم قايداسەن» 1990 - يىلى تاشكەنت نەشرى ، 75 - بەت .
5 ) «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «راك» مۇقامى» ، ش ئۇ ئا ر ئوپېرا ئۆمىكى مۇقام گۇرۇپپىسى 1991- يىلى تۈزگەن نۇسخا .

# ۋەزىن ئايرىمىسى

## بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

- - - V- - - V- - - V- - - V

(يەشمىسى)

ساتارىمغا جېنىمنىڭ رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام ، ئۇنىڭ ناۋاسى بىلەن بەختسىزلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالسام .

مۇقام ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ ، مۇقامنى دىلىمغا جايلاشتۇرسام ، [تەقدىر مېنى] مۇھەببەت كويىغا سالسا ، مەن ئۇ [جانان] نىڭ ئالدىدا چالسام .

«ھۇسەينىي» بىلەن «ئەجەم» نى مۇقاملارنىڭ ئاتىسى دېيىشىدىكەن ، مەن ئۇلارنىڭمۇ يۇقىرىسى بولغان «بايات» پەدىسىگە چالسام .

تەگرىنى يادلاپ ئۈزۈلدۈرمەي «بايات» چالسام ، باغرى ئېزىلگەنلەرنى كۆرسەم «ناۋا» چالسام .

راكنى ئەۋجىگە يەتكۈزۈپ ، «ئۇششاق» نىمۇ ئارىلاپ چالسام . «مۇشاۋرەك» ، «پەنجىگاھ» نى كېچە- كۈندۈزلەپ چالسام .

ئەگەر «ئىراق» ، «چەببىيات» ، «ئۆزھال» دىن پەيزى يەتسە ، سەھەر پەيتىدە [يازنىڭ] قۇياشتەك ۋىسالىنى تىلەپ «چارگاھ» چالسام .

جۇدالىق تېغىدىن ئۆتۈپ ، ھەممەتنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم ، ۋەسلىڭ شارابىنى ئىچىپ ، ئۇنىڭغا «سىگاھ» نى تەگكەش قىلسام .

كەل ، ئەي مەشرەپ ، شارابىڭنى ئىچىپ ، غەرق مەست بولاي ، بىر قولۇمغا تەمبۇر ، بىر قولۇمغا مەيگە تولغان جامنى ئالاي .

## ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش

يۇقىرىقى غەزەلنىڭ ئاپتورى بابارەھىم مەشرەپ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان شەھرىدە مىلادىيە 1641- يىلى تۇغۇلغان . كىچىك چېغىدىلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ نەمەنگانغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە شۇ يەردە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئېرىشكەن . كېيىن ئاتىسى ئۇنى موللا بازار ئاخۇننىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرغان . بابارەھىم مەشرەپ بۇ يەردە پارس ، تاجىك ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان ، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان .

مەشرەپ 1672 ـ يىلى جاھانگەشتىلىك يولىغا چۈشۈپ ، قەشقەرگە كېلىپ ، يەتتە يىلغا يېقىن ئافاق خوجا ھۇزۇرىدا ئىشلىگەن . ئۇ 1672 ـ يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 39 يىل سەرگەردان بولۇپ ياشىغان . بۇ جەرياندا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى شەھەر ـ يېزىلارنى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراسان ئۆلكىلىرىنى ، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئەللىرىنى كەزگەن .

مەشرەپ مىلادىيە 1711 ـ يىلى فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنىڭ پىتنىسى ۋە زىيانكەشلىكى بىلەن قۇندۇز (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە ) شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى مەھمۇد قاتاغان تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن . مەشرەپ ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ، جاھانكەشلىك

هاياتىدا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان نۇرغۇنلىغان لىرىك شېئىر ـ غەزەللەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئىشقى لىرىكىلىرى رېئال دۇنياغا مۇھەببەت باغلاش، ئىنساننىڭ رېئال بەخت ـ سائادىتىنى بەرپا قىلىش، ئىنساننى ئۇلۇغلاشتەك ئىلغار ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەشرەپنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. مەشرەپ غەزەللىرى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىغا قوشۇلۇپ، خەلقىمىزنىڭ تىلىدا ياڭراپ كەلمەكتە.

1. سىلەر دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مەشرەپنىڭ بۇ غەزىلىنى ئوقۇپ يادلاڭلار، ھەمدە ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلارنى ئوقۇش قائىدىسى بويىچە سىنىپتا كوللېكتىپ دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

2. يېزىقچىلىق مەشقى ئورنىدا مەشرەپنىڭ بۇ غەزىلىدە تىلغا ئېلىنغان مۇقاملارنىڭ نامىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، مەشرەپ دەۋرىدىكى مۇقاملارنىڭ تىزىملىكى بىلەن ھازىر رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تىزىملىكىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىڭلار.

3. بۇ باسقۇچتىن ئۆگەنگەن تەسىراتىڭلار ئاساسىدا «ئون ئىككى مۇقام ۋە مەن» دېگەن ماۋزۇلۇق بىر پارچە نەسر يېزىڭلار.

4. دەرستىن سىرت ناخشا ئۆگىنىش كۇرژۇكلىرىدا «راك» مۇقامىنىڭ بۇ «مۇقەددى-مە» قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئاھاڭى بىلەن مەشىق قىلىپ، مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان سەنئەت پائالىيەتلىرىدە كوللېكتىپ خور قىلىپ ئوقۇشنى قولغا كەلتۈرۈڭلار.

# 6 ـ باسقۇچ

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ــ تەسۋىرىي ۋاسىتە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىستىلىستىكا ئىلمى ئەنە شۇ تىلىمىزدىكى ھەر خىل تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ باسقۇچنىڭ ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئوخشىتىش، سىمۋول، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، ئېۋفېمىزم (سىلىقلاشتۇرۇش)، رىتورىك خىتاب، رىتورىك سوراق، تەكرارلاش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئىبارەت.

## ئۆگىنىش تەلىپى

1. ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ رولىنى چۈشىنىۋېلىش.
2. ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى بىلىۋېلىش.
3. تىلىمىزدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىش.
4. كونكرېت ئەسەرلەردە قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش.
5. ئۇيغۇر تىلىدىكى نىسپىي مۇقىملاشقان سىمۋوللارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىش.

# ئاساس بىلىم

## ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر توغرىسىدا چۈشەنچە

### 1 . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دېگەن نېمە؟

تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ ، تىلنى جانلىق ، ئوبرازلىق ، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەدىئىي ۋاستىلەر ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھەرقانداق تىلدا ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت . جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە باي بىر تىلدۇر . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەرقايسى تىللاردا قوللىنىش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ، ئومۇمەن ئىنسانلاردا تىل پەيدا بولغاندىن تارتىپ تا مۇشۇ كۈنگىچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلىك تىل تارىخىدا شەكىللەنگەن ۋە داۋاملىق بېيىپ ، تولۇقلىنىپ كەلگەن . مەسىلەن ، ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق ، يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ قالدۇرۇلغان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت قەدىمكى ئابىدىلەردىن تارتىپ ، تا ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە بولغان يازما ۋەسىقىلەردە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىلا تۈرىنى تولۇق تاپقىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى ئۇزۇن يىل توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىپ چىققان مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال ـ تەمسىل ۋە قوشاقلاردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ گۈزەل ئۈلگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ ؛

ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز
ئايىق ئايىپ قايماڭىز
ئاقار كۆزۈم ئۇش تەڭىز
تەگەر يۆرە قۇش ئۇچار .

(يەشمىسى )

[مېنى ئوۋلاپ ، تاشلىۋەتمەڭ ،
ۋەدە قىلىپ يېنىۋالماڭ ،
كۆزۈم خۇددى دېڭىزدەك ئاقىدۇ ،
چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچىدۇ .]

II توم ، 60 ـ بەت .

سۆيگىنىگە قارىتا ئېيتقان بۇ قوشاقتا «مېنى ئۆزىڭىزگە ئاشىق قىلىۋالدىڭىز» دېگەن ئابستراكت ئۇقۇمنى «مېنى ئوۋلىۋالدىڭىز» دەپ مېتافورا ۋاستىسى بىلەن كونكرېتلاشتۇر-

غان ، كۆزدىن ئاققان ياشنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ «دېڭىز سۇيىدەك ئاقماقتا» دەپ تەسۋىرلىگەن . دېمەك ، بۇ پارچىدا ئاپتور ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ مۇبالىغىدىن ئىبارەت بۇ تۈردىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغان . 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ، بۈيۈك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىدىمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ ، مەسىلەن :

(449 ) ئەلىن ئەتتى تۈزدى بابۇدى بودۇن ،
بۆرى قوي بىلە سۇۋلادى ئول ئۆدۈن .
(يەشمىسى ـــ ئېلىنى تۈزەپ ، ئۆكتىدى ، خەلق بېيىدى ،
ئۇ زاماندا بۆرە بىلەن قوي بىللە سۇ ئىچتى )

بۇ بېيىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ، «قوي» بىلەن «بۆرە» نىڭ بىللە يۇرۇشىنى ئەلدە ئورنىتىلغان «تىنچلىق ، ئاسايىشلىق» قا سىمۋول قىلغان .

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر يالغۇز ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە باشقا تۈردىكى ئەسەرلەردىلا قوللىنىلىپ قالماستىن ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تىلىمىزدىكى ماقال ـ تەمسىل ۋە ئىدىئوملاردىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، «ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك» (ئوخشىتىش ) ، «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە ، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا» (سېلىشتۇرۇش ) ، «كۆزى تۆت بولماق» (مۇبالىغە ) ، «كۆزى يورۇماق» (سىلىقلاشتۇرۇش ـــ ئېۋفېمىزم ) ، «كۆز يېشىم دەريا بولۇپ ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى» (سىمۋول ) قاتارلىقلار ئادەتتە بىزنىڭ جانلىق تىلىمىزدا ئىنتايىن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ .

ئومۇمەن ئېيتقاندا ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىر مىللەتنىڭ تىل مەدەنىيىتى ، ئېستېتىك ئېڭى ۋە قىممەت قارىشى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا ، ئۇ مىللىي تىلنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىر خىل تىل ماھارىتى سۈپىتىدە ، تىل ئىشلىتىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ ، تىلىمىزنى جانلىقلىقا ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلىدۇ ، نۇتۇقنىڭ مۇزىكىدارلىقىنى ئاشۇرۇپ ، ئاڭلىغۇچىلاردا روشەن بەدىئىي تەسىرات پەيدا قىلىدۇ .

## 2 . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ناھايىتى باي بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆپرەك قوللىنىلىدىغان تۈرلىرى ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ، جانلاندۇرۇش ، مۇبالىغە ، تەكرارلاش ، رىتورىك خىتاب ، رىتورىك سوراق ، سىلىقلاشتۇرۇش (ئېۋفېمىزم ) ، سىمۋول ، مېتافورا (ئىستىئارە ـــ كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەر ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . تۆۋەندە بۇ تۈرلەرنىڭ ھەر بىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشۇپ چىقىمىز .

### 1 . ئوخشىتىش

ماھىيەت جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ، ئەمما بەزى ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ . ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، ئوخشىتىش ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ تىلدىكى ئىپادە شەكلى بولۇپ ، شۇ تەسەۋ-

ۋۇرغا سەۋەب بولغان شەيئى ئوخشالغۇچى، تەسەۋۋۇر قىلىنغان شەيئى ئوخشىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوخشىتىشنىڭ تۈپ ئامىلى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇ-رىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بولۇشى ھەم بايقىلىشى، لېكىن ئۇلار ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشى-ماسلىقى شەرت.

ئوخشىتىش ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈر بولۇپ، ھەرقانداق خاراكتېردىكى ئەسەرلەردە قوللىنىشقا بولىدۇ.

1. ئوخشىتىشنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى، ئوخشىتىش تىلنىڭ جانلىق، كونكرېت، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك بولۇشىغا زور دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

① بىلىم ئېلىش قىيىن ھەم جاپالىق ئىش.

② بىلىم ئېلىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك ھەم قىيىن ھەم جاپالىق ئىش.

يۇقىرىدىكى ئىككى جۈملىنىڭ ھەر ئىككىسىدە بىلىم ئېلىشنىڭ قىيىنلىقى سۆزلىنىدۇ. لېكىن، ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىگە قارىغاندا ھەم كونكرېت ھەم جانلىق ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، كىشىدە روشەن تەسىرات پەيدا قىلالايدۇ.

ئىككىنچى، ئوخشىتىشلار ئارقىلىق پېرسوناژ ۋە نەرسىلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە — سەئىدىن» داستانىدا تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا ئارقىلىق سەئىدىننىڭ مەشۇقى رابىيەنى گۈلگە، ئۇنىڭ كۈشەندىسى زالىم جابىرنى زاغ (شۇملۇق تىلەيدىغان قاغا) قا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق رابىيەنىڭ ۋاپادار، ساداقەتمەن خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

گۈل يۈزى ئۈستىگە قوناي دېدى زاغ

تۇتۇپ گۈل يۈزىنى قاچتى ھەممە چاغ.

ئۈچىنچى، ئوخشىتىش ئارقىلىق مۇرەككەپ داۋلىلارنى چۈشەندۈرگىلى، ئابستراكت ئۇقۇملارنى كونكرېتلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ماۋ زېدۇڭ «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بىر ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان:

«ئىنقىلاب دولقۇنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ» دېگەن ئابستراكت ئۇقۇمنى «ئۇ — دېڭىز ياقىسىدا تۇرۇپ يىراقتا قارىغاندا دېڭىزدىن موما ياغىچىنىڭ ئۇچى كۆرۈنگەن بىر كېمە، ئۇ — ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراقتا قارىغاندا شەرقتىن نۇر چېچىپ ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر قۇياش، ئۇ — ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قاتتىق تەۋرەۋاتقان، پات ئارىدا دۇنياغا كېلىدىغان بىر بوۋاق.» دەپ كونكرېتلاشتۇرىدۇ. بۇ مىسالدا ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدەك ۋەزىيەت ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلگەن ئۈچ ئوخشىتىش (كېمە، قۇياش، بوۋاق) ئارقىلىق ئابستراكت بىر داۋلى ناھايىتى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

ئوخشىتىش تار ۋە كەڭ دائىرىدىكى ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ، تار دائىرىدىكى ئوخشىتىش «دەك، تەك، گوياكى» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمىچىلار ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كەڭ دائىرىدىكى ئوخشىتىشتا بولسا بىر نەرسە ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ ھالىتىگە سېلىشتۇرۇلۇپ تەپسىلىيرەك تەسۋىرلىنىدۇ.

ئوخشىتىشلار ئۆزىنىڭ ياسىلىشى ۋە رولىغا قاراپ، ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن

ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ئېنىق ئوخشىتىش — روشەن ئوخشىتىش ئۇسۇلى بولۇپ ، بۇنىڭدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋەت «خۇددى ، گويا ، دەك ، تەك ، غا ، قا ، ئوخشاش» دېگەندەك سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسىلىدۇ . مەسىلەن ، «ئۇ قارىغايدەك مەزمۇت تۇرماقتا» ، «ئۇنىڭ لەۋلىرى سەدەپتەك سۈزۈك ئىدى» قاتارلىقلار .

يوشۇرۇن ئوخشىتىش — ئېنىق ئوخشىتىشقا قارىغاندا يەنىمۇ بىرقەدەر چوڭقۇرلاشقان ئوخشىتىش بولۇپ ، بۇنىڭدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ باغلىنىشى بىرقەدەر مەۋ- ھۇمراق بولىدۇ . ئېنىق ئوخشىتىشتا ئوخشاشلىق ئاساس بولسا ، يوشۇرۇن ئوخشىتىشتا تەسەۋۋۇردىكى ماسلىشىش ئاساس بولىدۇ . مەسىلەن ، «ئىدېئالىزم خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۈن» بۇ جۈملىدە ئىدېئالىزمنى يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئەپيۈنغا ئوخشاتقان .

ۋەكىللىك ئوخشىتىش — بۇ خىلدىكى ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى كۆرۈنمەي ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئوخشىغۇچى كېلىدۇ . ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ئوخشالغۇچى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ، مەسىلەن ، «بىر تامچە سۇ كەڭ دېڭىزغا قوشۇلغاندىلا ، ئاندىن مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ» دېگەن بۇ جۈملىنى ئالساق ، بۇنىڭدا شەخس بىر تامچە سۇغا ، كەڭ ئامما دېڭىزغا ئوخشىتىلغان .

ئوخشىتىشلاردىن پايدىلانغاندا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك .

1 ) ئوخشىتىش توغرا بولۇشى ، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى مەنتىقىلىق باغلىنىش بولۇشى لازىم .

2 ) ئوخشىتىشتا گەرچە ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئەسلى زاتى بىردەك بولۇش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ ، لېكىن مەلۇم خۇسۇسىيەت ، بەلگە ياكى ئالاھىدىلىك جەھەتتە تەسەۋ- ۋۇرغا سىغىدىغان يېقىنلىق بولۇش كېرەك . بۇ خۇددى سەكراتتىكى ئادەمنى تاغدىن - تاغقا سەكرەپ يۈرگەن جەرەنگە ئوخشاتقىلى بولمىغاندەك ئىش .

3 ) ئوخشىتىشلاردىن پايدىلانغاندا ، قوللانغان ئوخشىتىش ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي- پىكىرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بولۇشى لازىم .

4 ) ئوخشىتىشلار خەلقنىڭ مىللىي تىل ئادىتىگە ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولۇشى ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم .

5 ) ئوخشىتىش يېڭى بولۇشى ، مەنىدار بولۇشى ۋە ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇشى لازىم ، بۇ نۇقتىدا ئەنگلىيە يازغۇچىسى ئوسكار ۋايلد : «چىرايلىق قىزلارنى بىرىنچى بولۇپ گۈلگە ئوخشاتقان كىشى دانا ، بۇ ئوخشىتىشنى ئىككىنچى بولۇپ ئىشلەتكەن كىشى چاكىنا ، ئۈچىنچى بولۇپ ئىشلەتكەن كىشى لەقۋا .» دېگەن . مانا بۇ بابالاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئوخشىتىش شائىر - يازغۇچىدىن ئەتراپلىق بىلىم ۋە مول تەسەۋۋۇرنى تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۈل بىر خىل ئىجادىي ئەمگەكتۇر .

### 2 . سېلىشتۇرۇش

بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان ئىككى شەيئىنى ياكى مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شەيئى - ھادىسىنىڭ خاراكتېرى ، ئالاھىدىلىكىگە بولغان چۈشەنچىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سېلىشتۇ- رۇش دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

(262) بىلىكسىزكە تۆردە ئورۇن بولسە كۆر
بۇ تۆر ئەلكە ساندى بولدى تۆر
(يەشمىسى ـــ بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر پەگاھ بولدى، پەگاھ بولدى تۆر.)

بۇ مىسالدا «بىلىمسىز» بىلەن «بىلىملىك» (دانا) سۆزى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، بىلىمسىزلەر تۆرگە چىقىۋالسا، تۆر پەگاھ بولىدىغانلىقى، داناغا پەگاھدىن ئورۇن تەگسە، بۇ پەگاھ تۆردىنمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدەك ھېكمەتلىك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سېلىشتۇرۇش تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، سېلىشتۇرۇشتا، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە ياكى شەيئىلەر بىلەن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان زىددىيەت يارقىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق قوراشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، مەسىلەن:

مۇھەببەت - نەپرەت،
بىر تۇغقان ئەمەس.
لېكىن بۇلارنى،
ئايرىماق تەس.
نەپرەت ھەم لەنەت،
دۈشمەنگە خاستۇر.
دوستقا مۇھەببەت،
ھەرقاچان خاستۇر
(ل مۇتەللىپ «مۇھەببەت - نەپرەت»)

ئىككىنچى، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى مۇئەللىپنىڭ نۇقتىلىق تەكىتلىمەكچى بولغان ئاساسىي شەيئىنىڭ بىر تەرىپىنى كىتابخانلارنىڭ ئاسان پەرقلەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ھەرقانداق ئەسەرلەردە، جۈملىدىن جانلىق تىلىمىزدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋاستىدۇر. مەسىلەن، «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق»، «كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» قاتارلىقلار.

ئومۇمەن، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) سېلىشتۇرۇلغان ئوبيېكت ماھىيەت جەھەتتىن چوقۇم بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا قارىمۇقارشى ئىككى خىل شەيئىنى سېلىشتۇرۇشقىمۇ، ياكى بىر شەيئىنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپىنى سېلىشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

2) سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش مەقسىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، كىتابخانلارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنى، نېمىنى مەدھىيىلەش، نېمىگە قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

### 3 . مۇبالىغە

ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن ناھايىتى ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىسلىتىلىستىكىلىق ۋاستە مۇبالىغە دەپ ئاتىلىدۇ .

مۇبالىغە گەرچە ئەمەلىي پاكىتتىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن پاكىت بىلەن قويۇق ئىچكى باغلىنىشتا بولۇپ ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ ، ئۇ كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ ، ئەسەر ھەققىدە چوڭقۇر بەدىئىي تەسىرات پەيدا قىلىدۇ . مۇبالىغە ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . چۈنكى ، مۇبالىغىنىڭ تىلنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا ۋە تىلنى ئوبرازلىق تۈسكە ئىگە قىلىشتا رولى ناھايىتى چوڭ . مەسىلەن :

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا .
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا .
(«خەلق قوشاقلىرى» دىن )

باتۇر دەيدۇ : جۆيلۈمە ، مەن ئۈچۈن سەن گوياكى
ئايغىمدا چېۋىنسەن ــ چىرىلدىغان ھاشارات .
(ت . ئېلىيوف )

مۇبالىغىنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك .

بىرىنچى ، مۇبالىغە رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ شەيئىلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدىغان بەدىئىي ۋاستە بولغاچقا ، ئۇنىڭ بەلگىلىك چېكى بولۇشى ، خالىغانچە قالايمىقان مۇبالىغە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم .

ئىككىنچى ، مۇبالىغە گەرچە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئاشۇرۇلغان ياكى كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا مۇبالىغە ئوبيېكتى بىلەن مەزمۇن قاتلىمى ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچلىك باغلىنىش بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ .

ئۈچىنچى ، مۇبالىغە ناھايىتى ئېنىق قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى لازىم .

تۆتىنچى ، مۇبالىغە ئۇسۇلىنى ھەر خىل ژانىرلىق ئەسەرلەردە ئېھتىياجغا قاراپ قوللىنىش كېرەك . ئۇ كۆپرەك ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇۋاپىق . مۇھاكىمە ماقالىلىرى ، ئوبزور ، تەكشۈرۈش دوكلاتى ، خىزمەت خۇلاسىلىرى قاتارلىق ژانىرلاردا مۇبالىغە ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ .

بەشىنچى ، مۇبالىغىنى قوللىنىش جەھەتتە ئېنىق كۆزقاراش ۋە توغرا پوزىتسىيە بولۇشى لازىم ، مۇبالىغە ئۇسۇلىغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇلمىسا ، ئۇ كۆزدە تۇتقان مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ .

### 4 . جانلاندۇرۇش

بىرەر شەيئىنى ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشمايدىغان باشقا بىر شەيئى قىلىپ تەسۋىرلەش

جانلاندۇرۇش دېيىلىدۇ . جانلاندۇرۇشتا ئادەم ياكى باشقا جاندارلارغا خاس خۇسۇسىيەت ۋە ھەرىكەتلەر جانسىز نەرسىلەرگە ، جانسىز نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى جانلىق نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ ئارقىلىق تىلنىڭ تەسىرچانلىقى ئاشۇرۇلۇپ ، ئاپتورنىڭ قايناق ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ ، مەۋھۇم ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى كونكرېتلىشىدۇ ، كىتابخانلاردا روشەن ، جانلىق ۋە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرىدۇ .

جانلاندۇرۇشنىڭ تۈرلىرى

جانلاندۇرۇش — ئادەملەشتۈرۈش ۋە نەرسىلەشتۈرۈش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) ئادەملەشتۈرۈش — ئادەمدىن باشقا شەيئى ، ھادىسىلەرنى ئادەمگە خاس سۈپەت ، ھەرىكەت ، ئىدىيە ، ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەش ئادەملەشتۈرۈش دېيىلىدۇ . ئادەملەشتۈرۈشتە جانسىز شەيئىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش ، جانلىق شەيئىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش ۋە ئابستراكت ئۇقۇم چۈشەنچىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش قاتارلىق ئۈچ خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ . مەسىلەن :

(80 ) قالىق قاشى تۈگدى كۆزى ياش چاپار
چەچەك يازدى يۈز كۆركۈلەر قاتغاراق
(يەشمىسى — ئاسمان قاپىقىنى تۈرۈپ ، كۆزدىن ياش تۆكتى ،
ئەنە ، چېچەكلەر يۈز ئېچىپ ، قاقاقلاپ كۈلدى )
( «قۇتادغۇ بىلىك» تىن )

«بىر شەپەرەڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەندە ، ئۇنى ئاغمىخان تۇتۇۋاپتۇ ، شەپەرەڭ جېنىنى تىلەپتۇ . ئاغمىخان ‹مەن ئەزەلدىن قۇشلارغا ئۆچ ، سېنى قويۇپ بەرمەيمەن › دەپتۇ . شەپەرەڭ ‹مەن قۇش ئەمەس ، چاشقان › ، دېگەندىن كېيىن ئاغمىخان ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ . كېيىن شەپەرەڭ يەنە يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنى باشقا بىر ئاغمىخان تۇتۇۋاپتۇ . شەپەرەڭ مېنى يېمە ، دەپ يېلىنىپتۇ . ئاغمىخان ‹مەن چاشقانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆچ › دېگەندە ، شەپەرەڭ : ‹مەن چاشقان ئەمەس ، شەپەرەڭ › ، دەپتۇ . ئاغمىخان ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، شەپەرەڭ ئىككى قېتىم ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ . »
( «ئىزوپ مەسەللىرى» دىن )

2 ) نەرسىلەشتۈرۈش — ئادەم ۋە باشقا جانلىق ـ جانسىز شەيئىلەرنى ئادەمدىن باشقا جانلىق ـ جانسىز شەيئى قىلىپ تەسۋىرلەش نەرسىلەشتۈرۈش دېيىلىدۇ .

«ئاق چۈمۈلە بىز چوڭ ئەل دەيەز سېدىگە يۆلىنىپ ،
قارا چۈمۈلە لىڭشىتالامدۇ دەرەخنى زورۇقۇپ»

(943 ) ئاقا كەلسۇ ئارزۇ قۇرۇماز بولۇپ ،
قارۇغ تۇتسۇ دەۋلەت قارىماز بولۇپ .

(يەشمىسى — ئېقىپ كەلسۇن ئارزۇ قوزغىماس بولۇپ ،
تۇرسۇن ئىشكتە دۆلەت قىرىماس بولۇپ . )
( «قۇتادغۇ بىلىك» تىن )

بۇلاردىن 1 - مىسالدا ئادەملەرنى نەرسىلەشتۇرگەن ، 2 - مىسالدا «ئارزۇ» دېگەن ئابستراكت ئۇقۇمنى سۇنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە كۆچۈرۈپ نەرسىلەشتۇرگەن .

**5 . سىمۋول**

مەلۇم شەيئى ياكى مەلۇم بىر ھادىسىنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىنچى بىر شەيئى ياكى ھادىسە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى سىمۋول دېيىلىدۇ . ئۇ كونكرېت شەيئى - ھادىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى ناملىرى ئارقىلىق ، ئابستراكت ئۇقۇم ، چۈشەنچە ۋە پىكىر ، ھېسسىياتنى كونكرېت ، ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر . سىمۋول سىمۋول ئاساسى بىلەن سىمۋوللۇق مەنىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ . ئابستراكت ئۇقۇم ، چۈشەنچە ئورنىغا قويۇلغان كونكرېت شەيئى نامى سىمۋول ئاساسى دەپ ئاتىلىدۇ . سىمۋول ئاساسىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن پىكىر - ھېسسىيات سىمۋوللۇق مەنە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

(367 ) كىمىڭ ياشى ئالتمىش تۈكەتسە ساقىش .
تاتىغ باردى ئاندىن يايى بولدى قىش .
(يەشمىسى — ئەگەر تولسا ئاتمىشقا ئادەم يېشى
كېتىپ زەۋق ، ئۇنىڭ يازى بولۇر قىشى )

بۇ مىسالدا ياز — ياشلىقتا ، يىگىتلىككە ، قىش — قېرىلىقتا ، تاتلىق (تاتىغ ) — تۇرمۇش لەززىتىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى «ياز» ۋە «قىش» سىمۋول ئاساسى ، «ياشلىق» ۋە «قېرىلىق» سىمۋوللۇق مەنە ھېسابلىنىدۇ . سىمۋولدا سىمۋول ئاساسى بىلەن سىمۋوللۇق مەنە ئارىسىدا گەرچە ئوخشاشلىق بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسەۋۋۇر جەھەتتىكى ئىچكى باغلىنىش بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . سىمۋول ئۇسۇلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ، جۈملىدىن خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا تارىختىن بۇيان ئۇنۇملۇك قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى .

سىمۋولنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى ، سىمۋول كونكرېت شەيئى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئابستراكت چۈشەنچە ياكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ، دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىر ، مەقسەتنىڭ كىتابخانلار ئۈچۈن چۈشىنىشلىك ، جانلىق ، ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ . مەسىلەن ، «كەپتەر تىنچلىقنىڭ سىمۋولى» ، «قىزىلگۈل سۆيگەن يارنىڭ ، ۋىسالنىڭ ، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى» ، «يىلان دۈشمەنلىك ، زەھەرخەندىلىك ، ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى» ۋە باشقىلار . بۇنىڭدىكى «تىنچلىق» ، «ۋىسال - گۈزەللىك» ، «دۈشمەنلىك» ئابستراكت ئۇقۇم ؛ «كەپتەر» ، «قىزىلگۈل» ، «يىلان» كونكرېت ئۇقۇم بولىدۇ .

ئىككىنچى ، سىمۋوللارنىڭ كۆپچىلىكى مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ ، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ، تىل ئادىتى ۋە گۈزەللىك قارىشى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . مەسىلەن ، ئەجدىھا خەنزۇ

ۋە باشقا بىر قىسىم خەلقلەردە باتۇرلۇقنى ۋە بەخت ـ سائادەتكە سىمۋول قىلىنسا، يەنە بەزى خەلقلەردە ۋەھشىيلىككە، ياۋۇزلۇققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەرقانداق شەيئى قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن تەركىب تاپقاچقا، بەزى سىمۋوللار ھەم ئىجابىي ھەم سەلبىي تۈستە ئىككى ياقلىمىلىق مەنىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ئېشەك ھەم دۆتلۈكنىڭ ھەم ئىشچانلىقنىڭ، ئىت ھەم بەتقىلىقلىق، ھاياسىزلىقنىڭ ھەم ۋاپادارلىقنىڭ، بۆرە ھەم ياۋۇزلۇقنىڭ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ ھەم باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى بولىدۇ ۋە باشقىلار.

تۆتىنچى، سىمۋول ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىۋى مەزمۇننى كۈچلۈك تەسىرچانلىققا، قايىلچانلىققا ئىگە قىلىدۇ، سىمۋوللاشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭ تىپىك خۇسۇسىيىتىنى كىتابخانلار ئالدىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بەشىنچى، سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئەسلىي شەيئى بىۋاستە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنى كىتابخانلار ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ھېس قىلالايدۇ.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ سىمۋوللۇق تۈسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئادەتتە بىر قوشاقنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى سىمۋوللۇق ئاساس سۈپىتىدە شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ھالىتى ياكى ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىنكى 3 ـ، 4 ـ مىسرا ئۇنىڭغا ماس سىمۋوللۇق مەنە سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

قىيان كەلدى شارقىراپ،
كوچىلارنى ياقىلاپ.
جاننى ئالدى بەگ ـ بوجاڭ،
سېلىق بىر دەپ ۋارقىراپ.

يەتتىنچى، سىمۋولنىڭ قوللىنىش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئەسەرلەر باشتىن ـ ئاخىر سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلىشتىن سىرت، ماۋزۇسىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ھىرقىتىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»، گوركىينىڭ «بورانقۇش قوشىقى»، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» قاتارلىق ئەسەرلىرى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان ۋە ماۋزۇسىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەردۇر.

سىمۋولدا سىمۋول قىلىنغان شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ياكى بەلگىسى ئەسلىي شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ياكى بەلگىسىگە ماس كېلىشى كېرەك. شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ياكى ئۇنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشمىغان نەرسىلەرنى سىمۋول ئورنىدا قوللىنىشقا ۋە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 6 . ئېۋفېمىزم (سىلىقلاشتۇرۇش)

ئېۋفېمىزم (ivpimizim) لاتىنچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە «سىلىقلاشتۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پىكىرنى توغرىدىن - توغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان ياكى بىۋاستە ئېيتىش بىئەپ، قولايسىز بولغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچە بىر خىل سىلىق، نەپىسرەك سۆزنى قوللىنىش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئىپادىلەش ئىستىلىستىكىدا ئېۋفېمىزم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەردىن بىرى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنى بىۋاستە ھالدا «×× ئۆلدى» دەپ خەۋەر قىلىش ھۆرمەتسىزلىك، بىئەدەپلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا مەنىداش بولغان «ۋاپات بولدى»، «ئالەمدىن ئۆتتى»، «تۈگەپ كەتتى»، «قازا تاپتى»، «قۇربان بولدى» دېگەنگە ئوخشاش سىلىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ. ئېۋفېمىزم جانلىق تىلدا ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «تۇغماق» سۆزى ئورنىغا «يەڭگىمەك»، «بوشانماق»، «كۆزى يورۇماق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيمىز.

ئېۋفېمىزم تىلدىن پايدىلىنىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرىدىغان ۋاستە بولۇپ، «سۆزى گۈزەل بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بۇ ئۇسۇلنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ ئۇسۇل ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

(1883 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كۈندۈز سائەت چارەك كەم ئۈچتە زامانىمىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى پىكىر قىلىشتىن توختىدى. ئۇنى ئۆيدە بارى - يوقى ئىككى مىنۇتلا يالغۇز قالدۇرغانىدۇق، قايتىپ كىرىپ قارىساق، ئۇ ساپادا تىنچقىنا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ... لېكىن، ئەمدى ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.»

(ف. ئېنگېلس: «ماركسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تىن)

## 7 . رىتورىك خىتاب

نۇتۇق ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھاياجىنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوبيېكتقا قىلغان خىتابى ياكى مايىللىقىنى تېخىمۇ تەكىتلەش - كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئۆز - ئۆزىگە قىلغان خىتابى رىتورىك خىتاب دېيىلىدۇ.

رىتورىك خىتاب ئاپتورنىڭ ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ياكى ئىنكار قىلغان پىكىرگە نىسبەتەن ھاياجانلىق خىتابى سۈپىتىدە نۇتۇق ۋە ئەسەرلەرنىڭ لىرىكىلىقىنى ئاشۇرىدۇ، كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئەي شوخ مارت شامىلى، توختا!
لىجىڭ!
ئەركىلەپ يېنىمدىن يەلپۈپ ئۆت!
بۇيرۇقىمنى ئاڭلا!
دۇنياغا:
ياۋروپا
ئامېرىكا
خوتۇن - قىزلىرىغا
ئاپىرىپ تۇت!

چېلىشسۇن ئۇلار ،
فاشىزمغا ئېچىپ ئەجەللىك ئوت !
مارت شامىلى
ئازاد خوتۇن - قىزلار شەۋكىتىنى
ئۆچمەس تارىخ ۋاراقلىرىغا پۈت !

(ل مۇتەللىپ : «جۇڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شامىلىغا خىتابى» دىن)

رىتورىك خىتاب ئۇسۇلى ئادەمگە خىتاب ۋە نەرسىگە خىتاب دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) ئادەمگە خىتابتا ئاپتور كىتابخانىلار بىلەن ئەمەس ، ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ بىلەن سۆزلىشىدۇ ياكى پېرسوناژلار ئارا بىر - بىرىگە خىتاب قىلىدۇ . مەسىلەن ، «رەھمەتلىك ئاپا ، شۇم پېشانە قىزىڭنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيتىڭ ! قىزىم مۇشۇنداق قاراڭغۇ كۈنلەرگە قالار دەپ ئويلىمىغان بولغىيتىڭ ! ئويلىغان بولساڭ ، نۇرۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەختىنى چوڭ توي قىلىمەن ، دەپ توختىتىپ قويمىغان بولاتتىڭ ! خەير ! ئاپا ، قورۇنما ! يەرلىكىڭدە تىنچ يات ! . . .»

(زۇنۇن قادىرى : «غۇنچەم» درامىسىدىن)

2 ) نەرسىگە خىتابتا ، ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە بايان قىلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بايان قىلىدۇ . مەسىلەن ، «ھە ، بورانلىق يامغۇر ، شىددىتىڭنى تېز كۆرسەت ! ھە قېنى گۈلدۈرماما ، جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ تېز گۈلدۈرلە» . . .

## 8 . رىتورىك سوراق

ئاپتور مەلۇم بىر نۇقتىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئەسلى دېمەكچى بولغان پىكرىنى دېيىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا سوئال قويۇپ ، كىتابخانىلارنى ئويغا سېلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل رىتورىك سوراق دەپ ئاتىلىدۇ .

رىتورىك سوراق ئۇسۇلى سوئال قويۇش ، قايتۇرما سوراق ، سوئال ۋە قايتۇرما سوراق دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) سوئال قويۇش

ئاپتور بىرەر مەسىلىنى بايان قىلغاندا ، كىتابخان ياكى تىڭشىغۇچىنىڭ شۇ مەسىلىنى خاتا ياكى مۇجمەل چۈشىنىپ قېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۆزى سوئال قويۇپ ، سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىش ئارقىلىق كىتابخانىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى سوئال قويۇش دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

بۇ مۇنار تۈرەلگەن زادى نېمىدىن ؟
ئابدۇخالىقنىڭ يۈرەك قېنىدىن .

(ت ئېلىيوف : «شائىر يۈرتىدا شائىرنى ئەسلەپ»)

2 ) قايتۇرما سوراق

قايتۇرما سوراق ئۇسۇلىدا بىرىنچى ئۇسۇلنىڭ تەتۈرىچە ، جاۋاب تەلەپ قىلىنمايدۇ . سوئالنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب چىقىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن : «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم» دېگەن ئەسەردە مۇنداق قايتۇرما سوراق ئۇسۇلى قوللىنىلغان ؛ «دوستلار ، سىلەر بۇ قەھرىمانلىقلارنى ئاڭلىغاندا قانداق تەسىرات ئالدىڭلار ؟ سىلەر جەڭچىلىرىمىزنى سۆيۈملۈك ئەمەس دەپ ئېيتالامسىلەر ؟ سىلەر ۋەتىنىمىزدە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئەنە شۇنداق قەھرىمانلار يوق دەپ ئېيتالامسىلەر ؟ » يۇقىرىقى مىسالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ سوراققا ئاپتور تەرىپىدىن جاۋاب بېرىلگەن ئەمەس ، سوئالنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب چىقىپ تۇرىدۇ ، بۇ جاۋاب كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان .

3 ) سوئال ۋە قايتۇرما سوراق

بۇ خىل ئۇسۇلدا سوئال قويۇش ئۇسۇلى بىلەن قايتۇرما سوراق ئۇسۇلىنى بىرىكتۈرۈپ قوللىنىپ ، سوئال قويۇش ئۇسۇلىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە قايتۇرما سوراق ئارقىلىق جاۋاب بېرىلىدۇ . مەسىلەن :

« . . . ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى بايان قىلىش ئۈچۈن يازغان مىسرالار نېمىشقا ئەمدى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى ؟ مەن ئۇلۇغ كۈچ دەپ قارىغان مۇھەببەت شۇنچىلىك ئاجىز نەرسىمىدى ؟ ئۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا ، ئالىقاندەك ئالاقە بىلەنلا ئىختىيارىڭدىن ئاجراپ چىقىدىغان ئېتىبارسىز نەرسىمۇ ؟ ئۇنداق بولسا ، ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنچە جىق ۋاقتىم بىلەن يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلدىم ؟ . . .»

(زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىن )

ئومۇمەن رىتورىك سوراق ئۇسۇلى ھەممە ئەسەرلەردە قوللىنىلىدۇ . ئەمما بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك :

بىرىنچى ، بەزى زۆرۈر نۇقتىنى تەكىتلەش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندىلا ، ئاندىن بۇ ئۇسۇلغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم .

ئىككىنچى ، رىتورىك سوراق قاراتمىلىقتا ، قوزغىتىش ۋە ھاياجانلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم .

ئۈچىنچى ، رىتورىك سوراقنىڭ قايسى تۈرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر سوئال ئېنىقلىقتا ۋە مەنتىقىلىقتا ئىگە بولۇش كېرەك . ئۇنداق قىلىنماي ھە دېسىلا قالايمىقان ، مەقسەتسىز ۋە تەمسىز سوئال قويۇلسا نۇتۇقنى تولىمۇ لاۋزىلاشتۇرۇپ قويىدۇ .

## 9 ـ تەكرارلاش

پىكىر ھېسسىياتنى ياكى شەيئى ، ھادىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى تەكىتلەپ ، گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن ، مەلۇم بىر سۆز ، سۆز بىرىكمىسى ھەتتا جۈملىنى تەكرار ئىشلىتىش ئىستىلىستىكىدا تەكرارلاش دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مەلۇم بىر نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماي ، نۇتۇقنىڭ مۇزىكىدارلىقىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئاشۇرۇلىدۇ .

تەكرارلاش سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ تەكرارلىنىش تەرتىپىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئاساسىي تۈرگە ئايرىلىدۇ :

1 . باش تەكرار (ئانافورا )

ئوخشاش بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى بىرنەچچە سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنىڭ بېشىدا تەكرارلاش باش تەكرار ياكى ئانافورا دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ،

قارا دەيدۇ ، قارا دەيدۇ ،
قارا مەندە يوق .
قارامۇقنىڭ قاسىرىقىدەك ،
گۇناھ مەندە يوق .

(خەلق قوشىقى )

2 . ئاياغ تەكرار (ئېپىفورا )

ئوخشاش بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملە ئاخىرىدا تەكرارلىنىشى ئاياغ تەكرار ياكى ئېپىفورا دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

(254 ) بۆگۈ بەگ كىم ئەرسە بىلىككە ياقىن
بىلىكلىگ كىشىگ قىلمىش ئۆزكە ياقىن
(يەشمىسى ــ كىم دانا خان بولسا ، بىلىمگە يېقىن ،
قىلار ئۇ ، بىلىملىكنى ئۆزگە يېقىن .

( «قۇتادغۇ بىلىك» تىن )

بۇ مىسالدا «يېقىن» سۆزى ئاياغ تەكرار بولۇپ كەلگەن .

3 . باش ـ ئاياغ تەكرار (سىمپلوكا )

باش تەكرار ۋە ئاياغ تەكرارنىڭ جۈملە ياكى مىسرالاردا ئارىلىشىپ قوللىنىلىشى باش ـ ئاياغ تەكرار دېيىلىدۇ .

(2034 ) ئەل ئارتار تۆرۈ بىرلە ئەلتور ئاژون
ئەل ئەكسۈر كۈچ بىرلە بۇزلۇر ئاژون
(يەشمىسى ــ ئەل قانۇن بىلەن روناق تاپىدۇ ، تۈزۈلىدۇ دۇنيا ،
ئەل زۇلۇم بىلەن خارابلىشىدۇ ، بۇزۇلىدۇ دۇنيا )

( «قۇتادغۇ بىلىك» تىن )

بۇ مىسالدا «ئەل» ۋە «دۇنيا» سۆزلىرى باش ـ ئاياغ تەكرار بولۇپ كەلگەن .

ئومۇمەن ، تەكرارلاش ئۇسۇلى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ، بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە خېلى كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ ، ئۇ ئاپتورنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشىگە ، ئوي ـ پىكىرنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ، ئەسەر تىلىنى ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ .

## 10 . مېتافورا

مېتافورا گرېكچە «Metaphora» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ ، ئۇيغۇرچە مەنىسى كۆچمە مەنىدىكى سۆز دېمەكتۇر .

بىرەر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئوخشىتىپ ئېيتىش ، يەنى بىرەر نەرسىنىڭ سۈپىتى ياكى خۇسۇسىيىتىنى مەلۇم جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا بىر نەرسىنىڭ سۈپىتى ياكى خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش مېتافورا دېيىلىدۇ . مېتافورا ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىققا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ، كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆزدۇر . بۇ خىل ئۇسۇل كۆپىنچە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ، بولۇپمۇ شېئىرىي نۇتۇقتا ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ . ئۇ بىزگە شەيئىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك خاراكتېرىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ .

مەسىلەن : «ئۆتكۈر پىچاق» دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىكى «ئۆتكۈر» سۆزى كۆچمە مەنىدە «ئەقلى ئۆتكۈر» ، «كالىلىسى ئۆتكۈر» ، «كۆزى ئۆتكۈر» ، «تىلى ئۆتكۈر» دېگەندەك كۆپ خىل شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ . «قارا سىياھ» ، «قارا نىيەت» ، «قاراكۆڭۈل» ، «قارا ئىشچى» ، «قارا ساۋات» ، «قارا قورساق» ، «قارا نوپۇس» ، «قارا ماتېرىيال» ، «قارا يىپ» قاتارلىق سۆز بىرىكمىسىدىكى «قارا» سۆزى پەقەت بىرىنچى سۆز بىرىكمىسىدە ئۆز مەنىسىدە كەلگەن بولسا ، قالغانلىرىدا كۆچمە مەنىدە كەلگەن . دېمەك ، مېتافورا رولىنى ئوينىغان سۆزلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىنى شۇ جۈملىدە ئۆتكەن ۋەزىپىسىگە قاراپ ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ . مەسىلەن : «بىزنىڭ قولىمىز ئۇزاردى» دېگەن جۈملىدىكى «ئۇزاردى» سۆزى مېتافورا بولۇپ ، ئۇ «تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى ، ھەممە نەرسىمىز تەل بولدى» دېگەن كۆچمە مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . سىمۋولمۇ ئاساسەن مېتافورىلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ .

بىز يۇقىرىدا پەقەت ئۇيغۇر تىلىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىلا تونۇشتۇردۇق . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تىلىمىزدا يانداشتۇرۇش ، دىئالوگ ، مېتونومىيە (ئوخشاشسىز كوچۇم) ، دارىتمىلاش (ئىرونىيە) ، نەقىل ، تەنە ، ئۇيقاش (ئاللىتېراتسىيە) ، ئەكس (ئايلانما) قاتارلىق كۆپلىگەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بولۇپ ، ئۇلارنى مەخسۇس تونۇشتۇرمىدۇق .

ئومۇمەن تىلىمىزدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان كۆزنەك بولۇپ ، ئۇ تىلنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ ، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ ، شەيئى ، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ .

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دېگەن نېمە؟ ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى قەيەردە؟
2 . ئوخشىتىش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟
3 . مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟
4 . جانلاندۇرۇش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟
5 . سىمۋول دېگەن نېمە؟ سىمۋول بىلەن ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي پەرقى قەيەردە؟

6 . سىمۋول قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ ؟

7 . رىتورىك خىتاب بىلەن رىتورىك سوراقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى نېمىلەردىن ئىبارەت ؟

8 . تەكرارلاشتىن ئىبارەت بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ ؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار .

9 . «قىزىل ئادەم» ، «قىزىل گەپ» ، «قىزىل مەيدان» ، «قىزىل چىراغ» ، «قىزىل قوشۇن» ، «قىزىل كۆز» قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ قايسى تۈرگە مەنسۇپ؟ بۇ سۆز بىرىكمىلىرى قانداق كۆچمە مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن؟

10 . بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي بىلىمنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قانداق تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇڭلار ؟ كونكرېت مىسال ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭلار .

# 26 . ھەقىقىي قەلەم[1]

## ـ زۇ تاۋفېن ئەپەندىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

### گومورو

تاۋفېن ئەپەندى ، سىز بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى ، بىز جۇڭگو ياشلىرىنىڭ
ياخشى ئاكىسى ، جۇڭگو يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ بىر ياخشى ئىنژېنېرى . سىز ھاياتىڭىزنى
خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ، ياشلارغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش
ئۈچۈن ، بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان فاشىستلارغا قارشى
ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەردۇ مەردانىلىك بىلەن ، ئىنتايىن قىز-
غىنلىق بىلەن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىڭىز قالغۇچە بېغىشلىدىڭىز . نۆۋەتتە ، بىز ھەممىمىز-
نىڭ سىزگە تازا ئېھتىياجىمىز چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا سىز ئارىمىزدىن كەتتىڭىز ، بۇ بىز ئۈچۈن
نەقەدەر زور يوقىتىش ـ ھە ! بۇ تولدۇرغىلى بولمايدىغان يوقىتىش ! (يىغا ئاۋازى ۋە
ئالقىشلار )

تاۋفېن ئەپەندى ، سىزنىڭ ھېچقانداق ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىڭىز بولمىسا كېرەك . سىز
ئۆزىڭىزنى مەردۇ مەردانىلىك بىلەن خەلققە بېغىشلىدىڭىزيۇ ، ئۆزىڭىز ناھايىتى سەلتەنەت-
لىك ، مۇكەممەل بىر بەدىئىي بۇيۇمغا ئايلىنىپ قالدىڭىز ، بۇنىڭغا ئۆزىڭىز ھېچ ئەپسۇسلانمى-
سىڭىز كېرەك ، ئەتمالىم ؟ (ئالقىشلار ) ، ناۋادا ئەپسۇسلىنارلىق يېرىڭىز بار دېيىلسە ،
ئۇ چوقۇم كۆز ئالدىمىزدىكى فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان
مەزگىلدە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى ، جۇڭگو ياشلىرىنىڭ ئەركىن- ئازا-
دە ، ئىختىيارىي ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرەلمەي ، ئەكسىچە سەكرات-
تىكى ۋاقتىڭىزدا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكىنىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرى ۋە خۇنەننىڭ قولدىن
كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالغىنىڭىز بولسا كېرەك . (ئالقىشلار ) مانا بۇ سىزنىڭ كۆز
چاناقلىرىڭىزنى ئىسسىق ياشقا تولدۇرۇپ ، كۆزلىرىڭىزنى يۇمدۇرمىغان بولسا كېرەك !
بۇنىڭغا بىز ، سىزنىڭ دوستلىرىڭىز بولغان بىز ئىنتايىن ھەسرەتلىنىمىز ! بىزنىڭ تىرىشچان-
لىقىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا ، غەلىبە كۈنىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرەلمىدۇق ، پۈتۈن
دۇنيا غەلىبە شادلىقىغا چۈمۈۋاتسا ، بىز زېمىنىمىز كۈندىن ـ كۈنگە تارىيىۋاتقان ھالەتكە
چۈشۈپ قېلىپ ، سىزنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى قايغۇڭىزنى كۈچەيتىپ قويدۇق . بۈگۈن بۇ يەردە

---

① «گومورو ئەسەرلىرى» 19 ـ تومىدىن ئېلىندى (خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى ، 1992 ـ يىلى نەشرى ) . بۇ
ماقالە ئەڭ دەسلەپىدە 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۇڭچىڭدىكى «شىنخۇا گېزىتى» دە ، «تاۋفېن ئەپەندىگە
تەزىيە ـ ماتەم مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز » دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان . زۇ تاۋفېن (1895 ـ ، 1944 ـ يىللار )
جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يۈجاڭ دېگەن يېرىدىن . ئاخبارات مۇخبىرى ، سىياسەتۋاز ، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى . «تۇرمۇش»
ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان ، تۇرمۇش كىتابخانىسىنى قۇرغان . ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، دېموكراتىك
كۈرەشلەرگە پائال قاتناشقان . 1936 ـ يىلى شېن جۇنرۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا
ئېلىنغان «يەتتە ئەزىمەت» نىڭ بىرى .

سىزگە ماتەم بىلدۈرۈۋاتقاندا ھېچبولمىدى دېگەندە ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى زور خاتالىق سادىر قىلىپ قويغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن ! بىراق ، تاۋفېن ئەپەندى ! سىز راستىنلا ئارىمىزدىن كەتتىڭىزمۇ ؟ سىز راستىنلا قوراللىرىڭىزنى تاشلاپ قويۇپ يىقىلدىڭىزمۇ ؟ ياق ، مەڭگۈ ياق . سىز ھەرگىز ئارىمىزدىن كەتمىدىڭىز ، يەنىلا ھايات ياشاۋاتىسىز . سىز يەنىلا ھەربىرىمىزنىڭ يۈرەك - قەلبىدە ، ھەربىر ياشنىڭ يۈرەك - قەلبىدە ، مىڭلىغان - مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك - قەلبىدە ياشاۋاتىسىز . سىز ھايات ، مەڭگۈ ھايات سىز ، كىممۇ زۇ تاۋفېننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جۇڭگو تارىخىدىن ، خەلقنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۆچۈرۈۋېتەلەيدۇ ؟ (ئالقىشلار) سىزنىڭ قوراللىرىڭىز ، سىزنىڭ ئۆتكۈر قوراللىرىڭىز بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتتى . بىز ھەربىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا دېگۈدەك سىزنىڭ قوراللىرىڭىز بار ، ئۇ بولسىمۇ مانا بۇ قەلەم ! سىز بۇ قەلەم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئازادلىقى ، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەنىدىڭىز ، بىزمۇ مۇشۇ قەلەمگە تايىنىپ خەلقنىڭ ئازادلىقى ، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز . (گۈلدۈراس ئالقىشلار) بۇ ئىسمى - جىسمىغا تازا ماسلاشقان گاڭ قەلەم ، بۇ قەلەم مەۋجۇتلىكى جاي — دېموكراتىيە مەۋجۇت جاي ، بۇ قەلەم يوق جاي — فاشىستلار مەۋجۇت جاي . (ئالقىشلار) گېرمانىيە ، ياپونىيە قاتارلىق فاشىستىك ئەللەرنىڭ قەلىمى قالمىدى ، ئۆزگىرىپ كەتتى ، ئۆزگىرىپ چوتكىغا ئايلىنىپ قېلىپ (ئالقىشلار) ، ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن شىلىم سۈرۈۋاتىدۇ ، تام ئاقارتىۋاتىدۇ (ئالقىشلار) ، مويتۇڭزىلىرىنى سىرلاۋاتىدۇ (ئالقىشلار) ، مىلتىق ئىستوۋۇللىرىنى سىرلاۋاتىدۇ (ئالقىشلار) ، ھەتتا تەرەت تۇڭلىرىنى يۇيۇۋاتىدۇ (ئالقىشلار) . بۇنداق چوتكىلار ھامان بىر كۈنى فاشىستلار بىلەن بىرلىكتە ئەۋرەزگە تاشلىنىدۇ (ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىشلار) .

بىزنىڭ جۇڭگودا ھېلىمۇ ياخشى بۇ قەلەم بار ئىكەن ، بۇنى سىز تاۋفېن ئەپەندى بىز ئۈچۈن ساقلاپ كەلدىڭىز ، بىزمۇ بۇنى مەڭگۈ چىڭ ساقلايمىز . فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىگە يېقىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، مىلتىقنىڭ ئورنىغا قەلەمنى ئىشلەتسە ياخشىراق بولىدىغانلىقى بىلىنمەكتە . مىلتىق پەقەت فاشىستلارنىڭ قورالىنى يوقىتالايدۇ ، قەلەملا فاشىستلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتالايدۇ . زۇ تاۋفېن ئەپەندى ، سىز بىر ئۆمۈر ئۆز قېنىڭىزنى بۇ قەلەمگە سىياھ قىلدىڭىز ، بىزمۇ داۋاملىق تۇردە ، ئۈزۈپ قويماستىن ئۆز قېنىمىزنى سىياھ قىلىپ سۇمۇرتىمىز . زۇتاۋفېن ئەپەندى ، سىز بىر ئۆمۈر ئۆز مېڭىڭىزنىڭ ھۈجەيرىلىرىنى بۇ قەلەمگە ئۇچ قىلدىڭىز ، بىزمۇ داۋاملىق تۇردە ، ئۈزۈپ قويماي ، كاللىمىزنى ئۇنىڭغا ئۇچ قىلىپ ئورنىتىمىز (ئالقىشلار) . بىز سىزنى ياد ئېتىمىز ، زۇ تاۋفېن ئەپەندى ، مەڭگۈ بۇ قەلەمنى قوغدايمىز ، فاشىستلارغا يەنە باش كۆتۈرگۈدەك بىر كۈنمۇ بەرمەيمىز ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئارقىغا ياندىغان يەنە بىر كۈنى بولۇشىغا يول قويمايمىز . بۇ بەلكىم سىزنىڭ ئۆز قەلىمىڭىز ئارقىلىق بىزگە قالدۇرغان ۋەسىيىتىڭىز بولسا كېرەك (ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلار) .

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

مەزكۇر تېكىست جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى گومورو (1892 ــ 1978) نىڭ مەشھۇر سىياسەتۋاز، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى زۇ تاۋفېن ئەپەندىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈن ھاياتىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ۋەتەنپەرۋەر زۇ تاۋفېن ئەپەندىنىڭ يۈكسەك ئىنقىلابىي روھى مەدھىيىلەنگەن ۋە خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە يۈكسەك ھۆرمىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ تەزىيە سۆزىنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا پۈتۈن جۇڭگو خەلقى زۇ تاۋفېن ئەپەندىنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى، ھەممە ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا قەسەمياد قىلىنغان. بۇ نۇتۇق ناھايىتى تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن كەڭ ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. سىلەر بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆنۈكمىنى ئىشلەڭلار؛

1. بۇ تېكىست قانچە ئابزاس، بۆلەكتىن تۈزۈلگەن؟ ھەربىر بۆلەكتە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟

2. بۇ تېكىستتە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قايسى تۈرلىرى قوللىنىلغان؟ ھەربىر تۈرگە تېكىستتىن ئىچىدىن كونكرېت مىسال تاللاپ چۈشەندۈرۈڭلار.

3. بىرىنچى جۈملىدىكى «جۇڭگو يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ بىر ياخشى ئىنژېنېرى» دېگەن بۆلەكتە قايسى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قوللىنىلغان؟

4. «تاۋفېن ئەپەندى! سىز راستىنلا ئارىمىزدىن كەتتىڭىزمۇ؟ سىز راستىنلا قورالداشلىرىڭىزنى تاشلاپ قويۇپ يىقىلدىڭىزمۇ؟»، «كىممۇ زۇ تاۋفېنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جۇڭگو تارىخىدىن، خەلقىنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۆچۈرۈۋېتەلەيدۇ؟» دېگەن جۈملىلەر رىتورىك سوراقنىڭ قايسى تۈرلىرىگە مەنسۇپ؟

5. تېكىستنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى «قەلەم» نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟

# 27 . ۋەتەن ھەققىدە غەزەل[1]

## تېيىپجان ئېلىيوف

### ئالدىن تەييارلىنىش كۆرسەتمىسى

تېيىپجان ئېلىيوف زامانىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى . زامانىمىز ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ 1930 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ ، 1989 ـ يىلىغىچە ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان . تېيىپجان يېڭى ھايات ۋە پارلاق كېلەچەكنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسىدۇر . ئۇ مول ھوسۇللۇق شائىر بولۇپ ، 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىزچىل تۈردە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ شېئىر ، باللادا داستان ۋە رۇبائىي قاتارلىقلاردىن جەمئىي مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسەر يازدى . ئۇنىڭ «شەرق ناخشىسى» ، «تىنچلىق ناخشىسى» ، «تۈگىمەس ناخشا» ، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» ، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» ، «باھار ئىلھامى» ، «تاللانغان شېئىرلار» ، «تۆھمەت قۇربانى» ، «يانتاق» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى بار .

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى . شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋەتەننى قىزغىن مەدھىيىلەش بولۇپ ، شېئىردا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن .

شېئىر چىن ، سەمىمىي ، قايناق ھېسسىياتقا تولغان . بۇ ھېسسىيات تۈپتۈز ، يالىڭاچ ئىپادىلەنمەستىن ، بەلكى چوڭقۇر مەنىلىك ، ئەگرى ـ توقاي ھەم دولقۇنسىمان قىلىپ ئىپادىلەنگەن . شائىر ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىي تىل ئارقىلىق قۇدرەتلىك مەنىۋى ھاياتىي كۈچكە ئىگە يارقىن بەدىئىي ئوبرازلارغا ، باي تۇرمۇش تەسىراتىغا ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدىكى لىرىك مۇھاكىمىگە ئايلاندۇرغان . شۇڭا بۇ شېئىر كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ . كىتابخانلارنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ ، جۇڭگو پۇقراسى بولغانلىقىدەك ئىپتىخار ـ غۇرۇرىنى كۈچەيتىدۇ . نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ .

تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى گۈزەل ، يېقىملىق ھەم ئوبرازلىق ، شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ ساپ ، جانلىق تىلىنى ئىشلىتىپ سەرخىل سۆزلەرنى تاللاپ ، ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەزمۇننى ئىپادىلىگەن . تىلىمىزدىكى پىشقان ، ئومۇملاشقان ، قېلىپلاشقان سۆزلەر ، ئىدىئوم ، ماقال ـ تەمسىللەر ھەمدە ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان . شۇڭا ئۇنىڭ شېئىر-

---

① بۇ تېكىست شائىرنىڭ «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1963- يىلى نەشرى ) دىن ئېلىندى .

لىرىنىڭ تىلى راۋان ، چۈشىنىشلىك ھەم ئاممىباب بولۇپ ، ئىنتايىن زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە . شائىرنىڭ تىلنى قوللىنىش جەھەتتىكى بۇ خىل ئۇسلۇبى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن .

ئانىجان تۇغقان ئېلىم جۇڭگو ، ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن ،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن ، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن .

قىبلىگاھىم پارتىيەم يولچىم مېنىڭ ، رولچىم مېنىڭ ،
توي بىلىپ ئات سالىمەن ، ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن .

شۇ قىزىل دەۋرىم – زامانىم شەۋكىتىم ، شانىم مېنىڭ ،
ئىپتىخارىم : شۇ زامانغا كۈيچىمەن ، سازەندىمەن .

شۇ مۇھەببەت ، قىبلىگاھ ، شۇ ئىپتىخارسىز بىر مىنۇت ،
ياشىسام «جەننەت» تىمۇ ، دەيمەن «دوزاخقا بەندىمەن .»

تارىخىم بار شانۇ – شەۋكەتلىك شۇ تۇپراق قامۇسى ،
مىڭ كىتابلىق دەرس ئالارمەن ھەرۋاراق كۆرگەندىمەن .

شۇ ئۇلۇغ تارىخقا ۋارىس بولمىسام ئۆمرۈم بويى ،
ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى ، بولغاندىن تىرىك شەرمەندىمەن .

ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا ،
چۆلدە يۈرسەم ، ئۆزۈمنى سېزىمەن گۈلشەندىمەن .

سۇلىرى ئابىھايات ، كەۋسەر ئاڭا تۇرسا خۇمار ،
نە ئۇچۇن موھتاج بولۇپ ، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن .

نەگە بارسام ئۆز ، ئانا قوينىدا مەن ئۆگەي ئەمەس ،
مەيلى خوتەن ، مەيلى تاڭشەن ، مەيلى تەيخاڭشەندىمەن .

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم ،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۆلاھۇ – جەندىمەن .

مەنداش قەھرىگە قەھرىم ، كۈلكىسى كۈلكەم مېنىڭ ،
قايسى غەمدە بولسا ئۇ ، مەنمۇ ھامان شۇ غەمدىمەن .

سانجىلارمەن تىغ بولۇپ ، قىلسا ئۇنىڭغا كىمكى قەست ،
دوستىغا دوستلارچە ھەردەم بولىمەن ھەمدەمدىمەن .

راھەتى تۇرماق مۇشەققەت پەيتىمۇ راھەت ماڭا ،
داتلىسام راھەت ئىچىدە قان قۇسۇپ ئۆلمەمدىمەن ؟

كۆھىقاپقا قارشى ماڭغان پەھلىۋان ئوغلى تۇرۇپ ،
قۇترىغان تەتۈر قۇيۇنلار نوقۇسا تەۋرەمدىمەن ؟

بەختى كۆلمەكتە ۋەتەننىڭ ئەتىمىز ئاندىن گۈزەل ،
تۇرسا ئۇ بەرگەن كۆزۈم ، شۇ ئەتىنى كۆرمەمدىمەن ؟

ئۆز نىسىۋەمدەك قۇچاغلايمەن ئاشۇ گۈزەلنى مەن ،
ئاسرىغاچقا مەنمۇ جۇتلاردىن ئۇنى مەيدەمدىمەن .

شۇ ۋىسالدىن رىشتى ئۈزگەنلەرنى ئۇچراتسام شۇ چاغ ،
نىمىدەر ، ئىغۋاسىنى سالسام يۈزىگە شۇندىمەن ؟

بەختىيارمەن «مېھرىبان ئوغلۇم» دېدى مېنى ئانام ،
تاپقۇدەكمەن مۇندىن ئارتۇق قايسى بەختنى ئەمدىمەن ؟

بىر ئۆمۈر قوينىدا تەر تۆكسەم ئۇنى قىلسام رىزا ،
نە ئىمىشتۇر بىر ئۆمۈر ، مىليون ئۆمۈر خۇرسەندىمەن .

ئۆلمىدى دەڭلار مېنى ، ئۆلسەممۇ ، ياتسام كۆز يۇمۇپ ،
شۇ ئانا تۇپراقتا قېزىلغان ئەزىز قەبرەمدىمەن .

يۈكلىگىن يۈكنى ئانا ، مەن تاڭشۇرۇلغان تۇلپىرىڭ ،
سەن ئۈچۈن يۈتكەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمدىمەن .

بار ئۈچۈن سەن مەنمۇ بار ، سەنسىز ھاياتىم يوق مېنىڭ ،
چۈنكى مەن سېنىڭ بىلەن بىر جاندىمەن ، بىر تەندىمەن .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببە-تى خىلمۇخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . سىلەر بۇ شېئىرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تۆۋەندە بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار .

1 . بۇ شېئىردا قانداق مەركىزىي ئىدىيە ئىپادىلەنگەن ؟ شېئىردىن كونكرېت مىساللار كەلتۈرۈپ تەھلىل قىلىڭلار .

2 . بۇ شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ قايسى بەھرىدە يېزىلغان ؟

3 . بۇ شېئىردا قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلانغان ؟ سىلەر شېئىردىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ، ئۇنىڭ كونكرېت مىساللىرىنى تەرتىپلىك يېزىپ چىقىڭلار .

4 . «يۈكلىگىن يۈكنى ئانا ، مەن تاڭشۇر ۇلغان تۇلپىرىڭ ،
سەن ئۈچۈن يۈتكەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمدىمەن .» دېگەن مىسرالاردا قايسى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قوللىنىلغان ؟

5 . شېئىردىكى تۆۋەندىكى سۆزلەر نېمىگە سىمۋول قىلىنغان ؟

(1) ئانا —

(2) يولچى ـ رولچى —

(3) جەننەت —

(4) دوزاخ —

(5) تۇتىيا —

(6) زەمزەم —

(7) كولاھۇ ـ جەندە —

(8) كۆھىقاپ —

(9) تەتۈر قۇيۇن —

(10) جۇت —

6 . «ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم ،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۇلاھۇ ـ جەندىمەن .» دېگەن كۇپلېتتا قايسى ماقال ـ تەمسىل ئۆزلەشتۇرۇلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

7 . بۇ شېئىرنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇنلۇك ۋە ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىڭلار .

## 28 . مەن سېنى سېغىندىم، ئانا سەھرايىم

ئوسمانجان ساۋۇت[①]

مەن سېنى سېغىندىم ، ئانا سەھرايىم ،
ئەقلىم ۋە قەلبىمدىن چىقمىدىڭ بىردەم .
تاۋلىنىپ تۇرىسەن كۆزۈمدە دائىم ،
پەخىرلىك ھېسلىرىم ساڭا مۇجەسسەم
ۋەسلىڭدىن بۆلمىگەي مېنى خۇدايىم ،
تىنىقىڭ پۇچۇلغان يۈرىكىمگە ئەم .

يېلىقتىم بېقىيىت ، باغرى تاشلىقتىن ،
شاۋقۇنلار باغرىمنى قىلىشتى ئوچاق .
غەم بىلەن ئايرىلدىم گۈزەل ياشلىقتىن ،
ئالدىمدا كۈھىقاپ ئاچتى كەڭ قۇچاق .
ئاڭقىدى بەتبۇيلار قەلەم قاشلىقتىن ،
(ئېپىمىز كېلىشمەي ، پىشمىدى پۇرچاق . )

ئېسىمدە بۇلاقلار ئېيتقان ناخشىلار ،
ئېسىمدە ئۆرۈككە قونغان ھىلال ئاي .
ئېسىمدە خىزىردەك چىندىن ياخشىلار ،
ئېسىمدە گۈللەرگە تولۇپ كەتكەن ساي .
ئېسىمدە شورىلىق ئېسىل باغچىلار ،
ئېسىمدە ھەممىسى مۇھەببەتكە باي .

يوللاردەك ئاددىي ۋە ناندەك ئۇلۇغۋار ،
ئەي ، مېنىڭ جانجان قېرىنداشلىرىم .
سىلەردە سۇپسۈزۈك روھىي ئالەم بار ،
ئويلىسام يوقىلار تېڭىرقاشلىرىم ،
بىرنى بىر دېگەنگە تەڭرىم مىڭ باقار ،
ھەق دېگەن ھەق دېدىم ، ئاقتى ياشلىرىم .

---

① شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئوسمانجان ساۋۇت 1945 ـ يىلى ماناستا تۇغۇلغان . شائىرنىڭ ھازىرغىچە ، «ئالىمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ، «تاڭ لىرىكىلىرى» ، «تەڭرىتاغ شاماللىرى» ، «تۇن تىۋىشلىرى» ، «تاشلار بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ۋە نۇرغۇن شېئىر ، پوۋېست ، رومان ، ھېكايە قاتارلىق ئەدەبىي تەرجىمىلىرى نەشىردىن چىقتى .

بېزەكسىز تارايدۇ ئەكس سادالار ،
ھەيرانمەن بۇ تاغلار نېمانچە ھالال .
پۈركۈيدۇ ئىپارنى يىپەك يادالار ،
ياپراقلار لېۋىدىن تەپچىرەيدۇ بال .
ئۇندا يوق ھەسەتتىن پۈتكەن خاتالار ،
ئاسمىنى زېمىنغا باقار دائىم لال .

ئاجايىپ چىرايلىق ئۇندا ھەر سەھەر ،
ئىلھاملىق خورازلار ئاتقۇزغان چىللاپ .
قاش يارما ، قىزىلگۈل ياقۇت نەقەدەر ،
قۇلاققا قىسىدۇ قىزچاقلار خىللاپ .
ئېدىردىن ئەسكەن يەل پۈرقۈيدۇ كەۋسەر ،
پۈراقلار قىيام مەي ساقلانغان يىللاپ .

سۆيگۈدەك بۈيۈكسەن ، سۆيگۈدەك پاكىز ،
سۆيگۈنىڭ تەڭرىسى ، ئەي تەڭرى ئاتا .
چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك سەندىن قالغان ئىز ،
يۈزۈڭنى كۆرگەن تاش بولىدۇ دانا .
سەن تۆككەن شەپقەتلەر مەڭگۈ مىننەتسىز ،
مىننەتسىز شەپقەتلەر مەڭگۈ باشپاناھ .

دەريا بوپ ئاقىدۇ نۇردەك نىيەتلەر ،
جان ئۈچۈن تەسەددۇق ۋۇجۇدقا ھەرجان .
تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ دۇردەك ھىممەتلەر ،
شەپەقتەك توق قىزىل تومۇرلاردا قان .
تاغ كۆچەر ، كۆچمەيدۇ ئەسلى قىممەتلەر ،
ئۆزگىچە تەقلىدتە بۇ يەردە جاھان .

شېرىن بىر خىيالدەك چۈشىدۇ ئاخشام ،
تۈم قارا رەڭگىدە تىنار يۇمشاق تۈن .
ئانىنىڭ قارىندا تىپتىنچ ياتسام ،
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ پەرىلەردىن ئۈن .
جەننەتتەك چۈش قوينى دىلنى قىلار رام ،
جەننەتتە ئۆتكەندەك ئۆتىدۇ ھەر كۈن .

تورغايلار كۈيلىسە چىغلىق يانلاردا ،
ئۈپۈقتا تارايدۇ كۈمۈش رەڭ مانان .
قۇياشنىڭ جانلىرى باردۇر جانلاردا ،

ھەممەيلەن پەرىشتە ، ھەممەيلەن جانان .
ئەسىرنىڭ ۋەزنى بار ، ئۆتكەن ئانلاردا ،
تۇغۇلغان تۇيغۇلار سۆيگۇدۇر ھامان .

مەن سىنى سىغىندىم ئانا سەھرايىم ،
ئەقلىم ۋە قەلبىمدىن چىقمايسەن بىردەم .
چەلەنگۇش رەڭلەردىن چىكىندى رايىم ،
پۇراقسىز گۇللەردىن رەنجىدى دىل ھەم .
ئۇيقاشلىق يوق يەردە قىيامەت قايىم ،
سەن مىنىڭ مەدىنەم ، سەن مىنىڭ مەككەم .

1992 ـ يىلى ، ئۇرۇمچى .

## ئىزاھلار

مۇجەسسەم — جەملەنگەن ، يىغىلغان ، توپلانغان
يىلىقتىم — زىرىكىش ، بىزار بولۇش ، ئىچى پۇشۇش
بىقىيىت — رەھىمسىز ، كۆيۈمسىز
ئەم — چىچەك ۋە باشقا كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئىلىش ئۇچۇن تىرە ئارقىلىق بىرىلىدىغان سۇيۇقلۇق ، ۋاكسىنا
ئاڭقىدى — تارىدى ، چىچىلدى ، پۇرىدى
يادا — يامغۇر ـ يىشىن ، يامغۇر
رام — ئۆزىگە قارىتىش ، جەلپ قىلىش
مانان — تۇمان ، چاڭ ـ توزان
ئانلاردا — قىسقا بىر زامان ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتكەن ۋاقىت ، پەيت ، شۇئان
چەلەنگۇش — ئارىلىشاڭغۇ ، ئىنىقسىز
ئۇيقاش — ماس كىلىش ، ئۇيغۇنلۇق ، قاپىيىلىك

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . شائىر ئۆز شىئىرىدا بىر تەرەپتىن ، سەھرانىڭ يىقىملىق ساپ ۋە ئاددىي تەبىئىتىگە بولغان چوڭقۇر سىغىنىشى ھەم كۈچلۈك مۇھەببىتىنى نەپىس شىئىرىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، شۇ تىنچ ئىپتىخارلىق ماكانىنىڭ گۈزەل سىماسىغا تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قايىنىمىدا بىخ سۇرۇپ يامراۋاتقان ساختىپەزلىك ، چىرىكلىك ، يالغانچىلىق ۋە پەسكەشلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن بىزارلىق ھىسسىياتىنى ئىپادىلەپ ، ياش ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ، بىجىرىم بولۇپ يىتىلىشىنى ئۇمىد قىلىدۇ .

شىئىردا شىئىرىي دىتاللار يىڭى ، پىكىر چوڭقۇر ، ھىسسىيات قويۇق بولۇپ ، سىمۋوللاشتۇرۇش ، سىلىشتۇرۇش ، ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلغان ، شۇنداقلا كۆپ قاتلاملىق پىكىرلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىربىرىگە گىرەلەشتۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ساپلىق ۋە ئادىللىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىدىيىنى مەدھىيىلىگەن . سىلەر شىئىرنى تەكرار ئوقۇپ ، شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستىمال شەكلىگە

كىرگۈزۈلمەي قېلىۋاتقان بىر قىسىم سۆزلەردىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى، بۇ سۆزلەرنىڭ سەھراغا خاس گۈزەللىكىنى ئېچىپ بېرىشتە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى تەھلىل قىلىڭلار.

2. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى كونكرېت مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.

3. شائىر ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە تەبىئەت بىلەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھايات قاينىمىنى قانداق سۈرەتلىگەن؟ تەھلىل قىلىڭلار.

4. شېئىردىكى سىمۋوللۇق سۆزلەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇ ئارقىلىق شائىر تىلىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىڭلار.

5. شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتىدا ئىپادىلەنگەن شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىغا (ئەمەلىيەتتە ۋەتەنگە) بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى قانداق بەدىئىي ۋاستە بىلەن تەسۋىرلەنگەن؟ ئاخىرقى كۇپلېتتىكى «مەدىنە»، «مەككە» نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟

6. سىلەر بۇ شېئىرنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقىپ، شائىرنىڭ شېئىرىي تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

# 29 . ئالتۇن كەش[1]

بۇرۇندىن بۇرۇندىكەن ، يېتىم بۇلۇڭدىكەن ، تېرىق تۇلۇمدىكەن . شۇ زامانلاردا بىر يۇرتتا بىر ئۆگەي ئانا بار ئىكەن ، ئۇنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ ، چوڭ قىزى ئۆگەي ئىكەن ، كىچىك قىزى ئۆز ئىكەن . ئۆگەي قىزنىڭ ئېتى ھەجەرخان ، ئۆز قىزنىڭ ئېتى پاتىمخان ئىكەن .

ھەجەر قىز چىرايلىق ، ئىشچان ، تىرىشچان ئىكەن . پاتىمخان سەت ، ھۇرۇن ، ئۇرۇشقاق ئىكەن ؛ غىزاغا ، كىيىمگە بۇدۇشقاق ئىكەن . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۆگەي ئانا ئۆز قىزىنى ئارزۇلاپ ، ئۆگەي قىزىنى خارلاپتۇ . قارىما ، كۆزۈڭنى ئويىمەن ، سۆزلىمە ، تىلىڭنى كېسىمەن ، دەپ قىيناپتۇ ، غىزا ـ تاماق ، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قارىماپتۇ ، چاچلىرى چۇۋۇلسىمۇ تارىماپتۇ . بىچارە قىز ئاشقان ـ تاشقاننى كىيىپ ، ناننىڭ كۆيۈكىنى يەپ ، ئاشنىڭ سۇيۇقىنى ئىچىپ ، قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ چوڭ بوپتۇ . يەتتە ياشلارغا كىرىپتۇ . بىر كۈنى ئۆگەي ئانا :

— ھەي نان قېپى ، پىتلىق . . . قاچانغىچە كىچىك بولىسەن ، ئەمدى ساڭا بىكار نان نەدە ! ماڭ جۇگۇ ، ماۋۇ سېۋەتكە ئوتۇن ـ چاۋا ، تېزەك تەر ، ماۋۇ ماللارنى يىتتۇرمەي ، خەقنىڭ ماللىرىغا ئارىلاشتۇرماي بېقىپ كەل . مالنىڭ بىرەر ـ يېرىمىنى يىتتۇرسەڭ ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن ! — دەپ پادا باققىلى ساپتۇ .

قىز توققۇز يىلغىچە ئەتىگىنى جاڭگالغا چىقىپ ، كەچتە ئېغىلدا يۇرۇپ مال بېقىپتۇ . ئاخشىمى ئاش ئېتىپ ، كىر يۇيۇپ ، ئوتۇن كەسلەپ ، نان يېقىپتۇ . شۇنداق تىنماي ئىشلەپ يۇرسىمۇ ، يەنە تىل ـ دەشنەمدىن قۇتۇلماپتۇ .

بىر كۈنى ئۆگەي ئانا ھەجەر قىز مال بېقىۋاتقان يەرگە ئوغرىلىقچە بېرىپ مارىلاپتۇ ، شۇ ۋاقىتتا قىز «ئەمدى چۈش بولدى ، بىردەم ئارام ئالاي» دەپ ماللارنى بىر يارلىقنىڭ سايىسىگە ھەيدەپ قويۇپ ، ئۆزى جىگدىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋېتىپتىكەن ، ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ :

— ھە ! نېمىشقا ئوتۇن ـ چاۋىنى ئاز تېرىپ كېلىدىكىن دېسەم ، ئۇخلايدىكەنسەن ئەمەسمۇ ، ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان ئەزمە ، ھارام تاماق ! — دەپ جاڭگالنى غۇدۇر ـ سۇپۇر قىلىپ ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ، ئۇرۇپ ، چەيلەپ يېنىپ كەپتۇ .

ئەتىسى قاق سەھەردە ھەجەر قىز ماللارنى ئاچىقىپ كېتىۋاتسا ، ئۆگەي ئانا :

— ھوي ئەسكى ، نېمە بۈگۈن چېچەنلىكىڭ تۇتۇپ كېتىپتىغۇ ، توختا ! مال باققان يەردە ئۇخلاپ ياتماي ، ماۋۇ ئۇچنى (پىلتە پاختا ) ئېگەرگەچ كەل ! — دەپ بىر مۇنچە ئۇچ (پىلتە پاختا ) بېرىپتۇ . قىز گەپ ياندۇرالماي ، ئېلىپ مېڭىپتۇ . ئەمدى مال بېقىپ ، تېزەك تېرىشنىڭ ئۇستىگە يىپمۇ ئېگىرىپ كېلىدىغان بوپتۇ . كەچتە ھېرىپ ھالى قالمايدىغان بوپتۇ . ئۆيگە كەلسە يەنە ئىش . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆگەي ئانا : «ئۇ يېتىم ئوغلاققا ئارام ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ !» دەپ ئېگىرىپ كېلىدىغان ئۇچنى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيتىپتۇ . ئاخشىمى قوشنا ئۇستىغا شاگىرتلىققا سېلىپ ، كېيىنچە كەچتىمۇ بىكار قويماي ئەتلەس ،

---

① ئەخەت ھاشىم نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى 1 ـ توم» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ) دىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

شايى توقۇتىدىغان بوپتۇ . بىچارە يېتىم قىزغا ئەمدى ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇ يوق ، كۈندۈزى مال بېقىش ، تېزەك تېرىش ناھايىتى تەس كېلىدىغان بوپتۇ . يېپنى ئېگىرىپ ئۇلگۈرەلمەي ، كۈندە پادىدىن قايتقاندا تاياق يەپ ھېچ ھالى قالماپتۇ . كەچتە يەنە ھېلىقىدەك ئىشلار ، ئۇيقۇسى كېلىپ يىقىلغاندا ، پۇت - قولىنى سۇنغۇدەك ئورۇنمۇ يوق ، قىينىلىپتۇ . يېشى مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ، ياز كۈنلىرى دالادا ، ھويلىدا پاشا ، كۆمۈتنغا يەم بولۇپ ، شېغىلدا يېتىپتۇ . قىش كۈنلىرى قوي ، كالىلارنىڭ ئارىسىدا زەي - نەمدە سالجا ، كانىغا يەم بولۇپ ، ئېغىلدا يېتىپتۇ ، جەبىر - زۇلۇم كۆپىيىپ جېنىغا پېتىپتۇ . ئەمدى كېچىلىرى تىنماي ئۈنسىز يىغلاپ چىقىدىغان ، كۈندۈزلىرى ھېچكىم يوق جاڭگالدا يىغا بىلەن تولۇپ ناخشا ئېيتىدىغان بوپتۇ :

پا - پا ، پاشىنىڭ دەردى ،
سالجا ، كانىنىڭ دەردى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى .

نان بەرسە كۆيۈك بەردى ،
ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى .

بىر كۈنى ھەجەر قىز جاڭگالدا ئۈچنى ئېگىرىپ بولالماي : «كەچتە ئۆيگە بارغاندا تاياقتا ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ يىغلاپ ، شۇنداق ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرسا ، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ ، بىر قۇيۇن كەپتۇ - دە ، قىزنىڭ يېنىدىكى ئۈچلارنى كۆتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ . قىز : «ۋاي ، ئەمدى ئۆيگە بارغاندا نېمە دەرمەن ! . . .» دەپ يىغلاپتۇ . قۇيۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ :

— جېنىم قۇيۇن ئاكا ، ئاپام ئۇرىدۇ ، ئۈچۈمنى بېرىۋەتسىلە ، — دەپ يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ . قۇيۇن كېتىۋېرىپتۇ . قىزمۇ قوغلاۋېرىپتۇ . بىر چاغلاردا قارىسا ، قۇيۇن چۆرگىلەپ ئۇچقان يېتى بىر يارنىڭ كامېرىغا كىرىپ كېتىپتۇ . قىزمۇ ئارقىسىدىن كىرىپتۇ . كىرىپ قارىسا ، بىر بوستانلىق ھويلا ، ئوتتۇرىدا ئۆي ، يېقىنراق بارسا ، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر موماي كۆرۈنۈپتۇ . قىز ئاستا بوسۇغىغا كېلىپ :

— ئەسسالام ، چوڭ ئانا ، — دەپتۇ . موماي سالامنى ئىلىك ئېلىپ :

— كېلىڭ ، يۇقىرى چىقىڭ . . . بېشىڭىزغا نېمە كۈن چۈشتى ، قىزىم ؟ — دەپتۇ . قىز قول باغلاپ تۇرۇپ :

— قۇيۇن ئاكام ئۈچلىرىمنى ئېلىپ كەتتى . ئارقىسىدىن يۈگۈرسەم ، مۇشۇ ھويلىغا كىرىپ كەتتى ، — دەپتۇ . موماي :

— قورقماڭ بالام ، ئۈچىڭىز بار . سىز ئاۋۋال ماڭا توملۇقى بېلىڭىزدەك ، ئىنچىكىلىكىنى بىلىكىڭىزدەك كېسىپ بىر ئاش ئېتىپ بېرىڭ . سۈيۈقئاش سېغىنىپ قالدىم ، قىزىم ، — دەپتۇ . قىز :

— خوپ ، چوڭ ئانا ، — دەپ قوللىرىنى يۇيۇپ ، ئاشقا تۇتۇش قىپتۇ . بىردەمنىڭ

ئىچىدىلا خېمىرنى چاچتەك كېسىپ ، ناھايىتى مەززىلىك ئۈگرە ئاش ئېتىپ ، موماينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپتۇ . موماي ئاشنى ئىچىپ بولۇپ :

— قىزىم ، ئەمدى قازان - قومۇچنى يۇيۇپ ، يۇندىسىنى مورىغا ، ئۆينى سۈرۈپ ، ئەخلىتىنى تۆڭلۈككە تۆكىۋەتكىن ، — دەپتۇ . قىز دەررۇ قازان - قومۇچلارنى يۇيۇپ ، يۇندىسىنى ئەۋرەزگە ، ئۆينى سۈپۈرۈپ ئەخلىتىنى ھويلىدىكى ئورىغا تۆكۈپتۇ .

موماي :

— قاراڭ قىزىم ، تۇرۇپلا بېشىم قىچىشىدىغان بولۇپ قالدى ، چېچىمنى يۇلۇۋېتىڭ ، — دەپتۇ . قىز موماينىڭ بېشىنى يۇيۇپ ، تاراپ ، ئوبدان ئۆرۈپ قويۇپتۇ . موماي خۇش بولۇپ :

— رەھمەت ! ئەمدى ، قىزىم ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى كۈپتە ئۈچىڭىز بار . ئېلىپ ئۆيىڭىزگە ئىلدام كېتىڭ ، — دەپتۇ .

قىز كۈپنىڭ ئىچىگە بېشىنى شۇنداق تىقىپ قارىسا ، يوپيورۇق بىر ئۆي ، ئۈنچە - مارجان ، ئالتۇن- كۈمۈش . . . دۇنيا تۇرۇپ كەتكەن . قىز ھېچنېمىگە نەزەر كۆزىنى سالماي ، ئۆزىنىڭ ئۈچىنى ئېلىپ قارىسا ، ئۈچلار چىرايلىق يىپ بولۇپ ئېگىرىلىپ قاپتۇ . قىز كەينىگە يېنىپ شۇنداق ماڭاي دېسە ، بېشى ئېغىر تۇرغۇدەك ، سىلاپ باقسا ، بېشىغا ئالتۇن كوكۇلا ئۈنۈپ قاپتۇ . قىز مومايغا ئېگىلىپ ، رەھمەت - تەزىم ئوقۇپ ، خۇشلىشىپ ئارقىسىچە يېنىپتۇ .

موماي :

— توختاڭ قىزىم ، بېرى كېلىڭ ، بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە ، مۇشۇ چېچىمنى ئوتقا سالسىڭىز ، مۇشكۈل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ ، — دەپ بېشىدىن ئىككى تال ئاق چېچىنى يۇلۇپ بېرىپتۇ . قىز يەنە بىر تەزىم قىلىپ قايتىپتۇ . يولدا جاڭگالدىن سېۋەت ، چاقلىرىنى ئېلىپ ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ ، ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ . بارسا ئۆگەي ئانا :

— ھەي جۇۋاينىمەك ، بېشىڭدىكىنى نەدىن تاپتىڭ ؟ — دەپ ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسىنى قىزى بىلەن كېلىپ يۇلغىلى تۇرۇپتۇ . بىچارە قىز قورقىنىدىن يىغلاپ ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئۆگەي ئانا شۇنچە قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسىنى يۇلالماپتۇ . قورسىقىغا بىر ئوينى پۈكۈپ ، ئوشۇقچە گەپ - سۆز قىلالماپتۇ .

ئەتىسى ئۆگەي ئانا ئۆزىنىڭ قىزىنى قولىغا ئۈچ - چاقلارنى تۇتقۇزۇپ ، مال باققىلى چىقارتىپتۇ . ھەجەر قىز ھويلا - ئارامنىڭ ئىشىنى قىلىپ ، ئۆزىنىڭ باققان كۈچۈكى بىلەن چۈجىسىنى تويغۇزۇپ ، باشلىرىنى سىلاپتۇ . ئاندىن كېيىن ھويلىغا ئۆگىنىپ قالغان بىر جۈپ كەپتەرگە ئوغرىلىقچە دان چېچىپ بېرىپ ، باغقا چىقىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ كۈنى «ئانىسى» پاتما قىزىنى نېمە بولۇپ كېلەركىن ، دەپ يولىغا قاراپ ، ئۆيدىمۇ ئولتۇرماپتۇ .

ئەمدى گەپنى پاتمىخاندىن ئاڭلايلى :

پاتمەك ماللارنى ھەيدەپ ، چاقلارنى كۆتۈرۈپ جاڭگالغا بېرىپتۇ . ئىسسىققا چىدىماي ئانىسىنى تىللاپ ، ئۈچنى نېمە قىلىشنى بىلمەي ، بۇرنىنى تارتىپ يىغلاپ ئولتۇرسا ، تۇيۇقسىزدىن قويۇن كېلىپ ، كۆزلىرىگە توپا چېچىپ ، ئېتىكىدىكى ئۈچلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ . پاتمەك يىغلاپ :

— بېشىڭنى يەيدىغان قۇيۇنتاز . . . ، ئۈچۈمنى بەر . . . ، ئۈچۈمنى بەر . . .بەر ، ئۈچۈمنى بەر ! — دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ . قارىسا قۇيۇن بىر يارنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپتۇ . ئارقىسىدىن كىرىپ ، ئۆينى كۆرۈپ ، موماينىڭ يېنىغا بېرىپ چالۋاقاپ :

— هوي قىزى ، قۇيۇنتېزىڭ ئۈچۈمنى ئەكەتتى . ئېلىپ بەر . . . ! — دەپتۇ . موماي بېشىنى بىر- ئىككى چايقاپ قويۇپ :

— توختا ، چالۋاقىما ! ئولتۇر ! ئاۋۋال سەن مانا بىر ئاش ئېتىپ بېرىپ ، ئاندىن ئۈچۈڭنى ئال ، — دەپ ، خۇددى تۇنۇگۇن ھەجەر قىزغا بۇيرۇغان ئىشلارنى بۇيرۇپتۇ . پاتمەك قىلماي دېسە ، ئۈچۈمنى بەرمەمدىكىن ، دەپ غودۇڭشىپ يۈرۈپ ، ئەزمىلىك بىلەن ئاشنى ئېتىپتۇ . خېمىرنىڭ توملۇقىنى بىلىدەك ، ئەڭ ئىنچىكىسىنى بىلىكىدەك قىلىپ پىشۇرۇپتۇ . موماي ئاشنى ئىككى ئوتلاپ نېرى ئىتتىرىپ قويۇپتۇ . ئاندىن پاتمەك قازان- قومۇچنى جاقۇر - جۇقۇر سىلكىپ يۇيۇپ ، يۇندىنى موردىن ، ئۆينى سۈپۈرۈپ ، ئەخلەتنى تۆڭلۈكتىن تۆكۈپتۇ . كېلىپ دۈشكەلەپ ، مومايىنىڭ چېچىنى يۇلۇپتۇ . . . موماي ئىچىدە ئۆگەي ئانا بىلەن پاتمەككە لەنەت ئوقۇپ :

— ئاۋۇ بۇلۇڭتىكى كۆپتە ئۈچۈڭ بار ، ئېلىپ كەت ! — دەپتۇ . پاتمەك يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆپنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ ، شۇنداق قارىسا ، دۇنيا دېگەن تۇرۇپ كەتكەن . ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تىقىۋېلىپ ، ئۈچنى ئاپتۇ - دە ، ئارقىسىغا قارىماي ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ . يولدا ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ ، چاقنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارسا ، بېشى قىچىشىپتۇ : «ھە راستلا ، مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئالتۇن كوكۇلا ئۈندىمىكىن» دەپ بېشىنى سىلاپ باقسا ، بېشىنى قوماق بېسىپ ، چوققىسىدا بىر نېمە پۇلتىيىپ لۇمۇلدەپ تۇرغۇدەك . شۇ يەردىن ماللىرىغىمۇ قارىماي يىغلاپ مېڭىپتۇ . ئاڭغىچە ئالدىغا ئانىسى يېتىپ كېلىپ :

— ۋاي جېنىم قىزىم ، كەچ قالدىڭغۇ ؟ ! يائاللا ، نېمىگە يىغلايسەن ؟ نېمە بولدى ؟ بېشىڭنى نېمىشقا يۆگىۋالدىڭ ؟ ! — دەپ ئالدىراپ قىزىنىڭ بېشىنى ئېچىپتۇ ، قارىسا ، بېشى كەيمە تازىغا ئايلىنىپ ، ماڭلاي - چوققىسىغا بىر ئېشەك مەدىكى ئۈنۈپ قاپتۇ . ئۆگەي ئانا : «ۋاي ئۆلەي ، قانداق پەس ، بالامغا قىلغاندۇ قەست !» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ ، يىغلاپتۇ . قىزنى ئۆيىگە سولاپ پەرۋىش قىپتۇ ، قىلمىغان داۋا ، بارمىغان مازار ، ھېچنېمە قالماپتۇ . ھەممىسىلا ھېچ كارغا كەلمەپتۇ . قىزى مومايىنىڭكىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن پۇلدىن نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل چىقىم بوپتۇ ، ئورنىغا كەلمەپتۇ .

ئاي ئۆتۈپتۇ ، يىل ئۆتۈپتۇ . كۈنلەردىن بىر كۈنى شۇ شەھەردە بىر باي كاتتا توي قىلىپ ، يۇرتتا بىرمۇ ئۆينى قالدۇرماي تويغا چىللاپتۇ .

ئۆگەي ئانىنىڭ تويغا بارغۇسى كەپتۇ ، تويدىن زەللە ئالغۇسى كەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى قاق سەھەردە ، قاغا قاق دېمەستە ، ھەجەر قىز ماللىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتسا ، ئۆيدە يېتىپ :

— هوي ، ھەجە . . . ك ! مەيەرگە كەل جۇۋاينىمەك ! — دەپ توۋلاپتۇ .

ھەجەر قىز كىرسە :

— ھوي ئۆيقۇ سارىڭى قاسماق ، بۈگۈن ئەجەب بىر سەگەكلىكىڭ تۇتۇپ كېتىپتۇ-غۇ ! ؟ . . . بېرىراق كەل ، ما گېپىمنى ئاڭلا ، بۈگۈنچۇ ، بىز تويغا بارىمىز . سەن ئاۋۇ ماللىرىڭنى بىر ھەقەمسايىنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ ، ئىلدام كىر ، ئەزمە ! — دەپتۇ .

قىز ماللارنى قوشنىلارنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ ، يېنىپ كىرىپتۇ . كىرىپ ، ھوي-لا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈپتۇ ، قاپاقتا سۇ ئەكىرىپ ، بوش قاچىلارنى تولدۇرۇپتۇ . كۆچۈككىگە ئاداپ ئېتىپ بېرىپ ، پېشايۋاندا چۆجىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپتۇ .

ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆگەي ئانا بىلەن قىزى ياسىنىپتۇ . پاتمەك ياسىنىپ بولۇپ :

— ئاپا ، بىز كەلگۈچە ھەجەك سارالڭ بىكار ئولتۇرامدۇ ؟ — دەپتۇ . ئانىسى :

— ۋىيەي ، نېمە دېگىنىڭ ئۇ ، ئۆي ساقلىغانمۇ ئىشمۇ ! بىكار تۇرغۇزامدىغان ئۇ تىرىكتاپنى ، — دەپ قازناقتىن بىر چارەك ئاقئۇششاق بىلەن بىر چارەك تېرىقنى ئاچىقىپ ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۆۋە قۇمنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ ، ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ . ئاندىن كېيىن :

— ھەي نان قېپى ، بىز كەلگۈچە ، ئاقئۇششاقنى باشقا ، تېرىقنى باشقا ئايرىپ ، ئىككىسىنى ئىككى خۇرجۇنغا ئېلىپ قوي . بىر تېلىنى زايە قىلساڭ ، كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن . ئاندىنچۇ ، گۆرۈڭگە كىرىپ ، ئىككى تاقا ئەتلەس توقۇپ قويغىن . ھويلا - ئارامغا ئوبدان قارا ، قىل يىتسە ، بوينۇڭنى قۇشقاچنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزىمەن . بۇيرۇغان ئىشلىرىم چالا قالسۇنچۇ قېنى ، مەندىن نېمە كۆرىسەن . . . — دەپ پاتما قىزنى ئېلىپ تويغا كېتىپتۇ .

قىز «بۇ نېمدېگەن زۇلۇم !» دەپ قانداق قىلىشنى بىلمەي قېتىپ قاپتۇ . بىر ھازادىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ ، ھېلىقى مېھرىبان مومايىنى ئەسلەپتۇ . ئۇنىڭ بەرگەن چېچىنى قانداق بولاركىن دەپ ئوتقا ساپتۇ . شۇ زامانلا ھويلىدىكى دەرەخلەر شالدىرلاپ ، ئالەمنى قويۇن قاپلاپتۇ . قىز ھويلىدا بىر پىرقىراپتۇ ، قالغىنىنى بىلمەپتۇ . . . بىر ۋاقىتتا كۆزىنى شۇنداق ئاچسا ، ئوزاقى يىلى ئاش ئەتكۈزۈپ ، ئىككى تال چېچىنى بەرگەن موماي بېشىنى سىلاپ ئولتۇرغۇدەك . قىز چاچراپ قوپۇپ تەزىم قىپتۇ . يىغلاپ ئۆزىنى مومايىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ ، دەردى - ھالىنى ئېيتىپتۇ . موماي :

— بىلىمەن قىزىم ، بىلىمەن ، ئۆزىگە قىلىدۇ ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ! — دەپتۇ .

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قول باغلاپتۇ . موماي :

— يېتىمنىڭ كۆڭلى مېنىڭ كۆڭلۈم ، سىزنىڭ غېمىڭىزنى مەن قىلاي قىزىم ، مەڭ ماۋۇ ئاچقۇچنى ، ئاۋۇ ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئېچىڭ . تارتىنماي ئىچكىرى كىرىپ ئالتۇن كات ئۈستىدىكى بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىقىڭ ، — دەپتۇ . قىز ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپ قارىسا ، ئوتتۇرىدىكى يېشىل سىرلىق ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەۋەتمۇ قەۋەت گۈللۈك ئىشىكلەر ئارقا - ئارقىدىن جاراڭلاپ ئېچىلىپتۇ . قىز موماي دېگەن يەردىن بىر بوغچىنى ئېلىپ ، تەن - تېنىگە سىغماي خۇش بولۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ . موماي قىزنى يوغان تەشتەككە چۈشۈرۈپ سوپۇنلاپ يۇيۇپتۇ . ئەزالىرىنى پاكىز سۈرتۈپ ، باشلىرىنى تاراپ ، ھېلىقى بوغچىدىكى تۈرلۈك كىيىم - كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپتۇ . كىيدۈرگەندە ئۈستىگە ھوردەك يۇمشاق ، ئەينەكتەك سۈزۈك مەشۈت كۆڭلەك ، چىمەن گۈللۈك تاۋار كەمزۇل ، چىلتەك پەشلىك ، ئۇقا ياقىلىق كىمخاب چاپان ، ئەتىللا دوپپا كىيگۈزۈپتۇ ، دوپپىنىڭ ئۈستىگە ئۈنچە ، مارجان ، ياقۇت چېچىلغان يىپەك رومال ئارتىپتۇ . پۇتىغا ئالتۇن كەشلىك گۈلجاڭ مەسلەرنى كىيگۈزۈپتۇ . بىلەكلىرىگە قوش ئالتۇن بىلەزۈك ، قوللىرىغا گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك ، قۇلاقلىرىغا زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن زىرە سېلىپ ، ھۆر پەرىلەردەك ياساندۇرۇپتۇ . ئۈستىگە ياغلىق توقاچ ، ئەتلەس ، جانان چىنىلەر قويۇلغان پەتنۇس ھازىرلاپ ، يىپەك داستىخان بىلەن ئوراپ موماي قولىدا تۇتۇپتۇ - دە ، «يۇرۇڭ قىزىم» دەپتۇ . قىز بىر ياقتىن خۇش بولۇپ ، بىر ياقتىن ئەنسىرەپ :

— نەگە بارىمىز ؟ تېرىقلارنى قاچان ئادالاپ بولىمەن ، جېنىم موما ؟ ! — دەپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ . موماي كۆيۈنۈپ :

— بىچارە قىزىم ، غېرىب قىزىم ، ئەنسىرىمەڭ دېدىمغۇ قىزىم ، شۇ باغرى تاش ، قولى قان ئۆگەي ئانا بارغان تويغا سىزمۇ بارىسىز ، بارغاندا ئۇلاردىن ئارتۇق ئىززەت - ھۆرمەت

بىلەن توي كۆرۈپ ، كۆڭۈل ئېچىپ كېلىسىز ، سىز تويدىن يانغۇچە ، تېرىق ئايرىش ، ئەتلەس توقۇش ، ئۆي ساقلاش — جىمى ئىشلىرىڭىز بەجا بولۇپ تۇرىدۇ . قېنى ، قىزىم مومىڭىزغا ئىشىنىپ ، بىسمىللا دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاڭ ، — دەپتۇ .

قىز بوسۇغىدىن شۇنداق ئاتلىشىغا بىر چوكان كېلىپ ، قىزنى قولتۇقلاپ مەپىگە چىقىرىپتۇ . قىز قارىسا ، كىمخاب يوپۇقلۇق قوش ئات قوشۇلغان ئالتۇن مەپە جاراڭلاپ ، بىر مەپىكەش بوۋاي ئاتلارنىڭ بۇجىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك ، موماي ئىككى قولىنى كۆتۈ-رۈپ :

— يېتىمىنىڭ ئاھى ، مومايىنىڭ دۇئاسى ، يولۇڭلار راۋان بولسۇن ، دۈشمەن-لەر ھەيران بولسۇن ! . . . ئامىن ، ئاللاھۇ ئەكبەر ، — دەپ دۇئا قىپتۇ . . .

قىز بىر قۇيۇننىڭ كەلگەنلىكىنى ، مومايىنىڭ ھويلىسىدىكى گۈللەرنىڭ ئۆزگىچە تەزىم قىلىپ ئېگىلىپ ، دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئالىيېشىل كېپىنەك بولۇپ ئۇچقانلىقىنىلا بىلىپتۇ ، قالغان ئىشلارنى بىلمەپتۇ . . .

قىز شۇنداق ئېسىنى يىغىپ قارىسا ، مەپە ناغرا ، كاناي ، ناخشا ، ئۇسسۇل ، داغدۇغا بىلەن توي - مەرىكە بولۇۋاتقان ھويلىغا كىرىپ توختاپتۇ .

توي ئىگىلىرى ، ساھىبخانىلار :

— ۋاي ، ئېسىل مېھمان كەلدى ، تويىمىزنىڭ ھۆرمىتى ! — دەپ ، قىزنى پاياندازلارغا دەسسىتىپ ، خوتۇن خەقلەر قايىنىغان كەڭ سورۇنلۇق ياسىداق سارايغا باشلاپتۇ . چوڭ - كىچىك ھەممە ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە قوپۇپ ، كۆرۈشۈپ تۆرگە ئۆتكۈزۈپتۇ . تۆردىكى خوتۇنلارنىڭ بىرى :

— بۇ قىز قايسى شەھەرنىڭ مەلىكىزادىسىدۇ ؟ — دەپتۇ . يەنە بىرى :

— قايسى باينىڭ ئەركە قىزىدۇ ؟ — دەپ ھەيران بولۇشۇپ قاپتۇ .

ئاڭغىچە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇلۇپ ، داستىخان سېلىنىپتۇ . يەتمىش ياڭزا يەل - يېمىش ، قەنت - گېزەكلەر تىزىلىپ ، چاي قۇيۇلۇپتۇ . ئارقىدىن ھالۋا ، قايماق ، رىشالە ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇگرە ، قورداق ، كاۋاپ ، قويۇقئاشلار تارتىلىپتۇ . ھەجەر قىز سورۇنغا شۇنداق سەپسېلىپ قارىسا ، ئۆگەي ئانىسى قىزى بىلەن ئەڭ ئاياغدا — كەش بازىرىدا ئولتۇرغۇدەك . ئۇنىڭ بايلىقى ، ھال تارتقۇلۇقى بۇ چوڭ توي- تۆكۈنگە كەلگەن نى - نى باي ، ھال تارتقۇ خېنىملارنىڭ ئالدىدا نە - نەلەردە قاپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ھەجەر قىز ئالدىغا نېمە كەلسە ، «ئاۋۇ مېھمانغا سۇنۇۋېتىسلە ، خاپا بولماي . . .» دەپ «ئانىسى» بىلەن «سىڭلىسى» غا ئۆزىتىپ تۇرۇپتۇ ، «ئالسىلا ، قىزلىرىمۇ ئوبدانراق باقسۇن» دەپ تىنماي تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپتۇ . . .

كۈن خېلى ئېگىلىپ ، توي ئاياغلىشاي دەپ قاپتۇ . قىز ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇزاپتۇ . شۇنچە تۇتسا ئۇنىماپتۇ . ھەممە خوتۇن - قىزلار : «ئۆيگە يورۇقى چۈشكۈدەك ئەجەب چىرايلىق قىز ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمگەرچىلىكچۇ ! . . .» دەپ ئارقىسىدىن قارىشىپ قاپتۇ .

قىزنىڭ مەپىسى كەڭ چۆل ، جاڭگاللار بىلەن مېڭىپتۇ . بىر يەرگە كەلگەندە چىمەنلىك ئارىسىدا ئېقىۋاتقان چوڭ بىر سۇ بويىغا كەپتۇ . قىز بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۇچۇن سۇ بويىغا چۈشۈپتۇ . چىمەنلىك قىرغاقتا ئولتۇرۇپ ، سۇنى ئوچۇمى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ ، مارجان چاچما قىلىپ ئويناپتۇ ، سۇنىڭ مارجانلىرىغا قاراپ ، تېرىق ئېسىگە چۈشۈپ ، كۆڭلىنى ئەندىشە بېسىپتۇ . ئاڭغىچە مەپىكەش :

— ھەي قىزىم ، يىراقتىن ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋاتىدۇ . بۇ يەردىن ئىتتىكرەك كەتسەك قانداق ؟ — دەپتۇ .

قىز يۈگۈرۈپ مەيگە چىقىپتۇ . مەپە يولغا چۈشۈپ ، بىر قويۇن بىلەن غايىب بوپتۇ . شۇ ئالدىراشچىلىقتا ، قىزنىڭ بىر پاي ئالتۇن كەشى سۇ بويىدىكى چىمەنلىككە چۈشۈپ قاپتۇ .

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ئۆيىدىن ئاڭلايلى :

قىز تويغا ماڭغاندىن كېيىنلا قويۇن ئانا — مېھرىبان موماي ئۆگەي ئانىنىڭ ھويلىسىدا يەنە پەيدا بوپتۇ . شۇ زامانلا ھەجەر قىزنىڭ باققان كۈچۈكى ، چۈجىسى ، پېشايۋاندىكى بىر جۈپ كەپتەر مومايىنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ ئەركىلەپ ، پۇتلىرىنى چوقۇلىشىپ ، سۆيۈشۈپ كېتىپتۇ . موماي ئالىقىنىدىن بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ ، كۈچۈككە بىر چىشلەم ، خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە بىرنەچچە ئۇششاق كومىلاچ قىلىپ ئايرىپ تاشلاپ بېرىپتۇ . كۈچۈك خېمىرنى يەپلا سۆزگە كىلىپ :

— ئانا ، ھويلىغا ھېچ يەردىن ھېچكىمنىڭ كۆز — قىرىنى سالغۇزماي قارانچۇق بولىمەن ، — دەپ ، تام تۆپىلىرى ، دەرۋازىلارغا كۆز — قۇلاق بوپتۇ . خوراز سۆزگە كىلىپ ، ئۆگزىگە ئۇچۇپ چىقىپتۇ . ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ :

قى — قى — قىق !
ئارىلىشىپ كەتتى تېرىق . . .
ھەممىمىز ئولىشايلى ،
يېتىم قىزغا بولۇشايلى !
قى — قى — قىق!
قى — قى — قىق!

دەپتۇ . تەرەپ — تەرەپتىن ، تۇشمۇتۇشتىن قوشنا — قولۇملارنىڭ توخۇلىرى ھويلىغا يىغىلىپتۇ . كۈچۈك ئۆيدىن خۇرجۇننى چىشلەپ ئاچىقىپ بېرىپتۇ . توخۇلار ئولىشىپ چوقۇپ ، خۇرجۇننىڭ بىرىگە ئاقئۇششاقنى ، يەنە بىرىگە تېرىقنى ئايرىپ تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ . كەپتەرلەرمۇ سۆزگە كىلىپ :

— لەببەي ئانا ، خىزمىتىڭىزگە تەييار ، — دەپلا ئاسمانغا ئۇچۇپ ، غايىب بوپتۇ . بىردەمدىلا بىرمۇنچە كەپتەرلەرنى باشلاپ كەپتۇ . ئۇ كەپتەرلەر باغقا چۈشۈپ ، ھەربىرى بىردىن مېۋە دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، پەرى قىزلارغا ئايلىنىپتۇ ، باغدىن قاتار بولۇپ چىقىپ ، سۇپىدا ئولتۇرغان مومايىنىڭ ئالدىغا كىلىپ تىزلىپتۇ ، تەزىم قىلىپ جىم تۇرۇشۇپتۇ . موماي قىزلارنىڭ باشلىقىغا «كېلىڭ قىزىم» دەپ شەرەت قىلىپ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپتۇ . قىزلار دەررۇ دۇكانغا (ئەتلەس توقۇيدىغان ئۆيگە ) كىرىپ ، ئۈن — تىنسىز ، سىلىقلىق بىلەن ئىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ ؛ بىرى يىپلارنى بوياپتۇ ، بىرى ئۆرۈش تارتىپتۇ ، بىرى توقۇپتۇ ، بىرى پاتلاپتۇ ، بىرى قاتلاپتۇ ، شۇنداق قىلىپ ، ھەش — پەش دېگۈچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى تاغار ئەتلەس توقۇلۇپ ، ئۆگەي ئانىنىڭ ساندۇقى ئۈستىگە تىزىلىپتۇ .

ئاڭغىچىلىك توخۇلارمۇ تېرىقنى ئايرىپ ، خۇرجۇنغا قاچىلاپ بوپتۇ . موماي بىلەن خوشلىشىپ ، ئۆز جايلىرىغا تاراپتۇ .

قىزلارمۇ ئاقئۇششاق — تېرىقلارنى ئۆز جايىغا ئەكىرىپ ، دۇكان ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىپ ، ئىش — كۈشلىرىنى تۈگىتىپ ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلىپتۇ . موماي

ئالىقىنىدىن يەنە بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ ، بايىقىدەك كۈچۈك ، خوراز ، كەپتەرلەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ خوشلىشىپتۇ . ئاندىن كېيىن قىزلارنى باشلاپ ، باغقا كىرىپ غايىب بوپتۇ . . .

ئەمدى گەپنى يېتىم قىزدىن ئاڭلايلى :

ھەجەر قىز سۇ بويىدىن يولغا چىقىپ غايىب بولغانچە ، ئۆزىنى مومايىنىڭ ھويلىسىدا كۆرۈپتۇ . موماي :

— كېلىڭ قىزىم ، — دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ . قىز كېلىپ تويدىن ئېلىپ كەلگەن نان-توقاچلارنى مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . تويدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ بېرىپ :

— . . . چوڭ ئانا ، مەن تۆردە ئولتۇردۇم ، «ئانام» قىزى بىلەن پەگاھتا ئولتۇرۇپتۇ . يەل - يېمىش ، ئاش - غىزا مەندىن باشلاپ تارتىلدى . كىيدۇرگەن كىيىملىرىڭىز ، بولغان ئىززەت - ھۆرمەت ، مېھماندارچىلىقنىڭ خۇشاللىقىدىن گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى . ئالدىمغا كەلگەن مەزەلەرنى «ئانام» بىلەن «سىڭلىم» غا سۇنۇپ تۇردۇم . ئىچ - قارنىم ئېچىلىپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ ، ئويدان ئويناپ كەلدىم . سىلىگە كۆپتىن - كۆپ رەھ-مەت . . . — دەپ بىر نېمىدىن خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپتۇ .

— ئوبدان قىپسىز ، قىزىم ، «ئانىڭىز» نىڭ ئەقلى بولسا ئويلاپ قالار . . . بەختىڭىز ئېچىلسۇن . . . بىر كەشىنىڭ كارى چاغلىق . . . ئەمدى قىزىم ، ئۆز ئۆيىڭىزگە قايتىڭ ، — دەپ قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ئاستا بىر سىلاپتىكەن ، قىز ئۆزىنى ئۆز ھويلىسىدا كۆرۈپتۇ . قارىسا ھەممە ئىشلار قىلىنىپ بولغان . . .

ئاڭغىچىلىك ئۆگەي ئانىسى قىزى بىلەن دەرۋازىنى مۇشتلاپتۇ . ھويلىغا كۆرەڭلەپ ، ئالچاڭشىپ كىرىپ كەپتۇ . ئۆگەي ئانا كىرىپلا :

— ھوي يېتىم ئوغلاق . . . بۈگۈن ئەجەب پاكىز بولۇپ قاپسەنغۇ ! سۇنى بۇ-زۇپ . . . كۆرە بۇ چىرايلىق ئاشقنى ! — دەپ كېكىرىپ كالپۇكلىرىنى سەتلەشتۇرۇپ زاڭلىق ئېتىپتۇ . پاتمەكمۇ :

— باش - كۆزلىرىنى تاراپ ، ياسىنىشنى كىم قويۇپتۇ بۇ سەت ساقلاندىغا ! ھوي ، تېرىقلارنى ئادالىدىڭمۇ ؟ گەپ قىل ! — دەپ بارغان بويى ھەجەر قىزنىڭ بىرنەچچە يېرىنى ئۇزۇپ - چىمدىۋاپتۇ . قىز :

— ئىلغاپ بولدۇم ، ئەتلەسىنىمۇ توقۇپ قويدۇم . . . ئۇنىڭدىن كېيىن باش - كۆزۈمنى يۇيۇپ تارىۋالدىم ، — دەپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ ، ئاقئۇششاق ، تېرىق ئەتلەسلەرنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسىتىپتۇ . ئۆگەي ئانا ، ئىشنىڭ ئېپىنى ئەمدى تېپىپتىمەن ، دېگەندەك قىلىپ ، ئەتلەسلەرنى كۆرۈپ ، ھىجىيىپ - كالچاراپتۇ . ھەجەر قىز :

— ئانا ، توي قانداق ئۆتتى ؟ نېمە ئىشلارنى كۆرۈپ كەللە ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئۆگەي ئانا :

— ۋاي قوۋۇرغام ، ئاڭلىغۇڭ كەلدىمۇ ؟ ئاڭلا ئەمىسە ، — دەپ ھېكايىگە چۈشۈپتۇ ، — يۇرت يۇرت بولۇپ ، مۇنداق توي بولىغان . يۇرت تەۋرەپتۇ . نى - نى يۇرتلاردىن خېنىملار كەپتۇ . تويغا بىر يۇرتتىن بىر مەلىكىزات كەپتىكەن ، بىزمۇ بىر داستىخاندا بولدۇق . قارىساڭ ، بۇ پەرىزاتنى دۇنيادا بىرلا دەيسەن . ئۇ قىز شۇنچە خوتۇن خەقلەرنىڭ ئارىسىدا بىزگە ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن قارىدى . ئۇ قىز شۇنچە توق بېسىق ، چوڭ سۈپەت قىز ئىكەن . ئالدىغا نېمە كەلسە ، ماڭا سۇنۇپ تۇردى . مەن يېدىم ، سىڭلىڭ يېدى . توي دېگەندە ھەممە نېمە تۆكمە بولۇپ كەتتى . سىڭلىڭنىڭ تويىنى مەنمۇ شۇنداق قىلىپ بېرد-

مەن ! ــ دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ . ھەجەر قىز :
ــ ئانا ، مەن تۇرۇپ ، سىلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتتىڭىزغۇ ؟ ــ دەپ سېلىپ ، يەرگە قارىۋاپتۇ . ئۆگەي ئانا :
ــ ۋاي قوۋۇرغام . . . ئۆزۈڭ پادا باققان يەردە بىرىنى تېپىۋالارسەن ، ساڭا توي نەدە تۇرۇپتۇ ، ــ دەپتۇ . پاتمەك :
ــ بۇ نەس باسقان قاچانمۇ پېشانەمدىن ئېرا ؟ ! ــ دەپ تىللاپ ، ــ مە ، يەنە ساڭا ياخشىلىق قىلىپ ئالغاچ كەلدۇق ! ــ دەپ ، توينىڭ ئاشقان ـ تاشقان گۆرۈچ ، سۆڭەكلىرى سېلىنغان بىر يېلىم چۆچەكنى ھەجەر قىزنىڭ ئالدىغا دوققىدە قىلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ . ئۆگەي ئانا :
ــ ھوي ، يۇنداڭنى ئىتتىك ـ ئىتتىك ئىچىۋېلىپ ، خەققە قوشۇپ قويغان ماللارنى ئېلىپ چىق . ئاندىن گۆرۈڭگە كىرىپ ئەتلەسلىرىڭنى توقۇ ! ــ دەپ قىزى بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ .
قىز چۆچەكتىكى سۆڭەكنى كۈچۈككە ، گۈرۈچنى خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە چېچىپ بېرىپتۇ .
ئەتىسى ھەجەر قىز ماللارنى باققىلى چىقىپ كېتىپ بارسا ، ئۆگەي ئانا :
ــ ھوي توختا ، ماللارنى پادىغا قوشۇپ بېرىپ ، ئىلدام كىر . ئەمدى سەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ، ئەتلەس توقۇيسەن . تويدا جىق خوتۇنلارغا ئەتلەس سېتىپ بېرىدىغان بولۇپ ، نەرخىنى توختىشىپ كەلدىم . ھۇنەرگە سالغانمۇ مەن ! پادا بېقىشتىن قۇتقۇزۇپ ئۆيدە ئولتۇرغۇزغانمۇ مەن ! باشقا يەردە سەندەك شۇم قۇش ئېرىماسلارغا مۇنداق دۆلەت نەدە تۇرۇپتۇ ! بىلسەڭ مۇشۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ ، رەخىتلەرنى ئوبدان توقۇساڭ بولىدۇ ، ــ دەپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن قىز قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىپ ، بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر ئىشقا قاپتۇ . . .
ئەمدى گەپنى ھېلىقى چۇشۇپ قالغان بىر پاي ئالتۇن كەشتىن ئاڭلايلى :
شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بولۇپ ، ئۇنىڭ شاھزادە ئادىل دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن . ئۇ شاھزادە بالىغ بولغاندىن كېيىن ئەلچىلەر نى ـ نى كاتتا باي ، ۋەزىر ، پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىدىن لايىق كۆرسەتسە ، «ئۆزۈم تېپىپ ئالىمەن ، كۆڭلۈم چۈشكەننى ئالىمەن» دەپ ئۇنىماپتىكەن . ئۇ شاھزادىگە خىزىر يولۇققانىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، دادىسىغا قارىغاندا ، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىدىكەن ، قول ئاستىدىكى يۇرتلارغا ، تاغنىڭ ئارىلىرىغا يول ، دەر-يا ـ ئۆستەڭلەرگە كۆۋرۈك سالدۇرىدىكەن . . .
بىر كۈنى شاھزادە ئادىل شۇ يۇرتتىكى بىر چۆلگە سۇ چىقارغۇزماق بولۇپ ، ۋەزىر ـ يارانلار بىلەن ئاتلىق چۆلگە چىقىپتۇ . ماڭا ـ ماڭا كۈن قايرىلغان ۋاقىتلاردا تۇغان ئايرىيدىغان سۇنىڭ بويىغا بېرىپتۇ . شاھزادە چىمەنلىك بىلەن سۇنىڭ بويىغا قاراپ كېتىپ بارسا ، بىرنەرسە ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك . سۇدىن چىقىپ قالغان بېلىق ئوخشايدۇ ، دەپ ئاستا يېقىن بارسا ، بىر كەش . كەش بولغاندا بۇ ئىقلىمدا ھېچقانداق ئۇستىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر كەش . شاھزادە كەشنى مەيدىسىگە بېسىپ قېتىپ قاپتۇ . تاتلىق چۈشلەرگە ئوخشاش ھۇزۇرلۇق خىياللارغا پېتىپ قاپتۇ . بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ :
ــ ئاتامغا ئات چېپىڭلار . مۇشۇ كەشنى كىيگەن قىزغا كۆڭلۈم چۈشتى . خەۋەر قىلىڭلار . مەيلى ئۇ ئادەمزات بولسۇن ، مەيلى پەرىزات بولسۇن ، ئۇنى ئالماي مۇرادىمغا

يەتمگەيمەن . . . — دەپتۇ .
ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلايلى :
كۇنلەرنىڭ بىرىدە : «پادىشاھنىڭ ئوغلى بىر پاي ئالتۇن كەشنى كىيدۇرۇپ بېقىپ ، كىمنىڭ قىزىنىڭ پۇتىغا خوپ كەلسە ، شۇ قىز بىلەن توي قىلغۇدەك» دېگەن گەپ - سۆز ئۆگەي ئانىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپ كەپتۇ . شۇ يەردىن ئۆگەي ئانا پاتمەكنىڭ بېشىدىكى ئېشەك مەدىكىنى يەنە بىر قۇر كېسىپ تۈزلەپ ، بېشىغا چاچلارنى چاپلاپ ، ئۈستىگە يىپەك رومال ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەت تۇماق ، ئۇچىسىغا كىمخاب تاۋار ، پۇتلىرىغا گۈلچاك مەسلەرنى كىيگۈزۈپ ، ئۆزىچە گۇلدەك ياساندۇرۇپ ، تەييارلىنىپتۇ . ھەجەر قىز بولسا ، ئالتۇن كوكۇ-لىلىرىنى بېشىغا تېخىمۇ پۇكلەپ قاتلاپتۇ ، ئۈستىگە خېمىرلارنى چاپلاپ ، كېپەكلەرنى سۇ-ۋاپ ، ئەسكى لاتىلار بىلەن تېخىمۇ سەتلەشتۇرۇپ ئوراپ ، «كۆزۈمگە كۆرۈنمەي ئىشىڭنى قىل !» دەپتۇ .
ئاڭغىچە پادىشاھنىڭ يۇرت ئارىلاتقان ياساۋۇللىرى ، كەش كۆتۈرگەن كېنىزەكلىرى يېتىپ كەپتۇ . ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنى سۆرەپ ئاپىرىپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى تونۇرغا چۇشۇرۇپ ، ئۈستىنى كونا توقۇم بىلەن يېپىپ قويۇپ ، بىرىپ يەتمىش تەزىم بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپتۇ . كەلگەنلەر ھويلىغا كىرىپ ، قېنى ، قىزلىرىڭىزنى كۆرستىڭ ، دەپتۇ . ئۆگەي ئانا مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ ، پاتمەكنى ايناقلىتىپ تۇرۇپ كەشنى پۇتىغا كىيگۈزۈپ-تۇ ، پاتماپتۇ . ئۇنداق كىيگۈزۈپتۇ ، مۇنداق كىيگۈزۈپتۇ ، پاتماپتۇ . پۇتلىرىنى كېسىپ شىلىپ بېقىپتۇ ، يەنە پاتماپتۇ .
كېنىزەكلەر :
— ئوھۇش ! نېمانچىلا قىلىلا سەت قىزلىرىغا . . . كېتەيلى ! — دەپ مېڭىپتۇ . كېنىزەكلەر ھويلىغا چىقىشىغا ھېلىقى ئاق خوراز يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ پەشلىرىنى چوقۇپ - چوقۇپ :
— قى - قى - قىق ! قىز تونۇردا . . .
— قى - قى - قىق ! قىز تونۇردا . . . — دەپتۇ . كۈچۈكمۇ يۈگۈرۈپ تونۇر بېشىغا چىقىپ توقۇمنى چىشلەپ تارتىپ ، تونۇرنى ئېچىپ :
— ھوپ - ھوپ - ھوپ ! مېھمانلار كەلدى . . . جېنىم ئاچا ، ھوپ ! — دەپتۇ . كېنىزەكلەر ، بۇ نېمە ئىشتۇ ، بېرىپ باقايلى ، دەپ تونۇر بېشىغا يۈگۈرۈپتۇ . ئۆگەي ئانا :
— ۋاي ، ئۇ مېنىڭ ئۆگەي قىزىم . . . ئۇ تۇزلۇق باشنىڭ تېزى يۇقىدۇ ، بېرىشمىسىلا ! ۋاي ، ئۇ تومپاي ، توڭرىلىققا ئالتۇن كەش نەدە خوپ كەلسۇن . . . — دەپ قاقشاپتۇ .
كېنىزەكلەر تونۇر بېشىغا شۇنداق چىقىشىغا تونۇرنىڭ ئىچىدىن بىر قىز چىقىپتۇ . قارىسا ئەسكى لاتىلارنىڭ ئىچىدە بىر ئاي تۇرغۇدەك . باشلىرىدا ئالتۇن كوكۇلا . . . ئۆزى كۈلۈپ تۇرغۇدەك . كېنىزەكلەر كەشنى پۇتىغا شۇنداق كىيگۈزۈپتىكەن ، خۇددى قويۇپ قويغاندەك يارىشىپ كېتىپتۇ . نېرى - بېرى تۇرغان ياساۋۇللارنىڭ بىرى «سۆيۈنچە» دەپ شاھزادىگە يۈگۈرۈپتۇ . كېنىزەكلەر :
— ئۇكام ، سىزدە بۇ كەشنىڭ ھەمراھى بارمۇ ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، قىز نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەرگە قاراپتۇ . ئاڭغىچە پاتمەك كېلىپ :
— بۇ گادايدا ئالتۇن كەشنىڭ ھەمراھى نېمە قىلسۇن ! — دەپ تۇرۇشىغا ، دەرەخلەر-نىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ شامال كەلگەندەك بوپتۇ ؛ ھەممەيلەن ئۇيان - بۇيان قارىشىغا

ئالتۇن كەشنىڭ ھەمراھى ئۇچۇپ كېلىپ ، قىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ .
كېنىزەكلەر پاتمەككە قاراپ :

پاتمىخان پېتىپ تۇرۇڭ ،
باش قاشلاپ يېتىپ تۇرۇڭ .
سىزنىڭ خىلىڭىز باشقا ،
سەتلەشمەي كېتىپ تۇرۇڭ !
ھوپ . . . بەللى ، ھوپ !
خوپ . . . بولدى خوپ !

ــ ئىشىشە ! ئىشىشە ! ــ دەپتۇ بارماقلىرى بىلەن مەڭزىلىرىنى بېسىپ زاڭلىق ئېتىپ كۇلۇشۇپتۇ . ئاڭغىچە ياساۋۇللار مەپىنى ھويلىغا ئەكىرىپتۇ . قىزنى ئولاش ـ چولاش ئالتۇن گۈللۈك مەپىگە سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ . كۆچۈك مەپىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ . خوراز مەپىنىڭ ئارقىسىغا ، كەپتەرلەر بولسا مەپىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ قىز بىلەن بىللە كېتىپتۇ .
ئۆگەي ئانا بېشىنى مۇشتلاپ ، قىزى بېشىنى قاشلاپ ، ھۆڭگىرەك ئەتكەن بويى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغلىشىپ قاپتۇ .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . چۆچەكنى پىششىق ئوقۇڭلار . چۆچەك نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ بايان قىلىنغان ؟ ھەربىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار ھەمدە ئۇ بۆلەكلەرگە ئۆزۈڭلار كىچىك ماۋزۇ قويۇپ بېقىڭلار .
2 . بۇ چۆچەكتە ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ۋە يامانلىق روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان . ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەللىك شۇ قەدەر كۆركەم تىل ئارقىلىق مەدھىيىلەنگەن بولسا ، رەزىللىك ۋە يامانلىق رەھىمسىز تۇردە قامچىلانغان . چۆچەكتىن بۇنداق سېلىشتۇرمىلارنى تېپىپ چىقىڭلار ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشتە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .
3 . چۆچەكتە ھەجەر قىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئاق كۆڭۈل ، گۈزەل ، ئىشچان ئادەملەرنىڭ ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۆز بەختىنى تاپالايدىغانلىقى ئوبرازلىق تۇردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان . چۆچەكنىڭ فانتازىيىلىك تۈسى ئىنتايىن قويۇق ، بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن ۋەقەلەر كىشىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدۇ . چۆچەكتە فانتازىيە قىلىنغان جايلارنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىڭلار .
4 . چۆچەكنىڭ تىلى ئىنتايىن گۈزەل ، تەسۋىرلىرى ناھايىتى جايىدا . چۆچەك ئوقۇغان ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ . چۆچەكنى ئۆز تىلىڭلار بويىچە ئىخچام تۇردە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار .

## باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

دەرستىن سىرت ئوقۇش ئۈچۈن بېرىلگەن «ئالتۇن كەش» ناملىق بۇ بالىلار چۆچىكىدە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قارا كۆڭۈللۈك ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان . چۆچەكتە ھەجەر قىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، ئىشچان ئادەملەرنىڭ ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۆز بەختىنى تاپالايدىغانلىقى ئوبرازلىق تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان . چۆچەكنىڭ تىلى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان .

1 . سىلەر بۇ چۆچەكتە قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئايرىپ چىقىپ ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە بىر پارچە تەسىرات ماقالىسى يېزىپ كېلىڭلار .

2 . بۇ چۆچەكنىڭ فانتازىيىلىك تۈسى ئىنتايىن قويۇق ، چۆچەكتە فانتازىيە قىلىنغان جايلارنى تېپىپ چىقىڭلار .

3 . چۆچەكتە ھەجەر قىز بىلەن پاتمەكنىڭ خاراكتېرى قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن؟ كونكرېت مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار .

4 . يېزىقچىلىق مەشقى ئورنىدا ئوخشىتىش ، مۇبالىغە ، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەربىرىگە مىسال بولالايدىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ئىككى كۇپلېتتىن تاللاپ يېزىپ كېلىڭلار ۋە بۇ قوشاقلاردا قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار . (ھەربىرىڭلار جەمئىي ئالتە كۇپلېتتىن قوشاق تاللىساڭلار كۇپايە) .

# 7 ـ باسقۇچ

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

بۇ باسقۇچتا تەخمىنەن 850 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە 162 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇشۇ دەۋردە يۈز بەرگەن سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان. شۇڭا بۇ باسقۇچنىڭ ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۈيۈك ئەدىبلەرنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

## ئۆگىنىش تەلىپى

1 . قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش

2 . قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلىۋېلىش.

3 . ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇشۇش.

4 . بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق داستانى بىلەن تونۇشۇش.

5 . ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋېلىش.

6 . قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى چۈشىنىۋېلىش.

# ئاساس بىلىم

## قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

قاراخانىيلار خانلىقى X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە (كونكرېت ئېيتقاندا تەخمىنەن مىلادىيە 850 ـ يىلىدىن تەخمىنەن 1212 ـ يىلىغىچە) شىنجاڭنىڭ جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان ئىسلام خانلىقى بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. بۇ خانلىق دەسلەپ بالا ساغۇنىنى①مەركەز قىلغان بولسا، كېيىنچە قەشقەر (ئوردا كەنت) نى پايتەخت قىلغان. بۇ ھاكىمىيەت نامى «ئۇلۇغ»، «كەڭ» ۋە «شىمال» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «قارا» نامى بىلەن «قاراخانىيلار» دەپ ئاتالغان.

قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر سۇلالە بولۇپ، ئۇ كۈچاننىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە، شىمالىي تەرىپى ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھاكىمىيەتچىلىكىنىڭ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەركەزلەشكەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. قاراخانىيلار خانلىقى بولۇپمۇ XI ئەسىردە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. ئىقتىسادىي ئىگىلىك جەھەتتىن ئالغاندا، ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەر سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ قېلىش نەتىجىسىدە ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملىشىپ كەتتى. قەشقەر، بارچۇق (مارالبېشى)، بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەنت، شاش (تاشكەنت) يەكەن، خوتەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يىرىك ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھەمدە كۆپلىگەن يېزا بازارلىرى مەيدانغا كەلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. خانلىق تەۋەسىدىكى بۇ گۈللەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئەينى دەۋردىكى غەرب مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ چاغلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە يۇقىرى ئىلىم يۇرتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىدە سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ساجىيە مەدرىسىسى»، قەشقەر دۆلەتباغدا قۇرۇلغان «ھەمىدىيە مەدرىسىسى» ۋە قاراخانىيلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى يازلىق سەيلىگاھى بولغان قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئوپالدا قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە مەدرىسىسى» قاتارلىق مەدرىسلەردە ھەرقايسى يۇرتلاردىن مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ مەدرىسلەردە يالغۇز دىنىي ئىلىملار ئوقۇتۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئارىستوتېل، سوقرات، فارابى، ئىبنى سىنا،

---

① بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماق رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

خارازمى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپىلىرىمۇ ئوقۇتۇلغان .

XI ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە پەن ـ مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز گۈللىنىپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» شەكىللەندى . پەلسەپە ، ئاسترونومىيە ، ماتېماتىكا ، تېبابەتچىلىك ، گېئوگرافىيە ، تىلشۇناسلىق ، شەرھشۇناسلىق ، مۇزىكشۇناسلىق ، بىناكارلىق قاتارلىق پەنلەر ساھەسىدە يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى . جۈملىدىن بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى . بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويلىرىدا ياشىغان مەزگىللەردىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىدە ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى بولغان «خاقانىيە يېزىقى» تەڭ قوللىنىلغان بولۇپ ، بۇ ئىككى خىل ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن . ئەنە شۇ چاغلاردا ، قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە ئەبۇ ناسىرفارابى ، ئەبۇ رەيھان برونى ، مەھمۇد قەشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ، مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلار مەيدانغا كەلدى .

فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 870 ـ يىلى ) سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بولغان بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار ) شەھىرىنىڭ ۋاسىچ ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ ، ھىجرىيىنىڭ 339 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 950 ـ يىلى ) ماھى رەجەب ئېيىدا (12 ـ ئاي ) سۇرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەت ئىبنى تارقان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆز ئېتى مۇھەممەد فارابى .

فارابى نەسەب جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىگە ، ئېنىقراق ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ① ئىدى .

فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتى ئۆز يۇرتىدا ئۆتتى . ئۇ ئۆز يۇرتىدا گراماتىكا ، ئېستىلىستىكا ، ئېستېتىكا ، پەلسەپە ، ئەخلاق (دىداكتىكا ) ، ماتېماتىكا ، مۇزىكا ، فىزىكا ، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنى ، جۈملىدىن تاجىك ، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى پۇختا ئۆگەندى . فارابى ھاياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن 30 يىلى فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى .

فارابى 30 ياش ئەتراپىدا ئەينى زامان ئىسلام شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىي ئوچىقى بولغان باغدادقا كەلدى . ئۇ يەردە ئەرەب تىلى ئالىمى ئەبۇ بەكرى ئىبنى سىراجىدىننى ئۇستاز تۇتۇپ ئەرەب تىلىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى ، يەنە بىر تەرەپتىن باغدادتا ياشايدىغان مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى ، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى ، ئاتاقلىق خرىستىئان ئالىمى يۇھەننا بىننى ھەيلان جىلەدىن لوگىكا ، ئارىستوتېل پەلسەپىسى ، ماتېماتىكا ، نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكا پەنلىرىنى قېتىقىرقىنىپ ئۆگەندى . شۇنداق قىلىپ ئۇ X ئەسىرنىڭ 20 ـ ، 30 ـ يىللىرى باغدادتا شەرقنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى سۈپىتىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى . ئۇنىڭ بىر قاتار مۇھىم ئەسەرلىرى ئاشۇ چاغلاردا يېزىلغان .

---

① جۇڭ دىفۇ : «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىسىدىن ئوچېركلار» . مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 ـ يىلى ، خەنزۇچە ، 187 ـ بەت .

فارابى 941 ـ يىلى باغدادتىن ھەلەپ (شام) شەھىرىگە ، ئاندىن دەمەشققە بارغان ۋە دەمەشقتە 950ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋاپات بولغان . ئەبۇ ناسىر فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ئىدى . ئۆمرىدە 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر ۋە كۆپلىگەن نادىر شېئىرلارنى يازغان .

فارابىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، ئىنسانپەرۋەر-لىك ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق ، ئىلىم ـ پەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ، ئالەم توغرىسىدىكى ئۆزگىچە خاس سادىدا دىئالېكتىك قاراشلار ئوبرازلىق ۋە جانلىق ئەكس ئېتىلگەن . فارابى شېئىرلىرى چوڭقۇر مەنە ، گۈزەل شەكىلنىڭ ئاجايىپ ياخشى ئۈلگىسى بولدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنى شېئىرىي ھېكمەت-نامە دېيىش مۇمكىن . مەسىلەن ،

«ھەي قېرىنداش خالىي تۇر ، ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا ،
ھەق ـ ئادالەتنىڭ قېشىدىن سەن ماكان تۇت دائىما .
بۇ جاھان مەڭگۇ تۇرار ساڭا مەقام ـ جايمۇ ئەمەس ،
زەربى قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھېچكىممۇ يانا .

قالغۇسى مۆجىزە بولۇپ ئىخچام تەۋەررۇك سۆزلىرىڭ ،
بەخش ئېتىپ تۇرغان تىرەن مەزمۇن پاراسەتلەر ئاڭا .
بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە ،
تۇرىمىز ئوخشاپ تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا .»

فارابى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق پەلسەپىسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ئىدى . ئۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلەر ۋە «شېئىر كىتابى» ، «شېئىرىيەت قانۇنلىرى توغرىسىدا رىسالە» ، «شېئىر ۋە قاپىيىلەر توغرىسىدا سۆز» قاتارلىق شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە ئائىت خاس ئەسەرلەرنى يېزىشتىن تاشقىرى ، ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىملىق ئىلمىي ئەسىرى «ئىھسالۇل ئۇلۇم» ، «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى» ۋە «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ شېئىرىيەت توغرىسىدا توختالغان .

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1019/20 ـ يىللىرى بالاساغۇندا تۇغۇلغان . 1085/6 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ قەبرىگاھى قەشقەر شەھىرىنىڭ پايناپ دېگەن جايىدا .

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تارىخ ، پەلسەپە ، دىنشۇناسلىق ، جەمئىيەتشۇناسلىق ، قانۇنشۇناسلىق ، پېداگوگىكا ، دىداكتىكا (ئەخلاقشۇناس-لىق) ، تېبابەت ، جۇغراپىيە ، ئاسترونومىيە ، دىپلوماتىيە ، ھەربىي ئىلىم ، تىل ، ئەدەبى-يات ، فولكلور قاتارلىق ساھەلەردە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە يېتۈك ئالىم بولۇپ ، ئۇ 1069 ـ ، 1070 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ، تەخمىنەن 50 ياشلارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ، قەشقەردە «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ ، ئۇنى 1074/5—1102/3 ـ يىللىرى قاراخانىيلارنىڭ خانى بولغان ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان . بۇغراخان بۇ داستاننى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ ، شائىرغا «خاس ھاجىپ» (خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەت-

چىسى ) لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن ھەم ئۇنى ئوردا خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرغان . «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق . ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا ، قاھىرە ، پەرغانە (نەمەن-گان ) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت .

ۋېنا نۇسخىسى مىلادىيە 1439 - يىلى ھېرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈپ ، مىلادىيە 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىن بۇ نۇسخا ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا ئېلىپ كېتىلگەن . بۇ ھازىرمۇ شۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا . بۇ نۇسخا ھېرات شەھىرىدە كۆچۈرۈلگىنى ئۈچۈن ، ھېرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

قاھىرە نۇسخىسى ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب ھەرپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈل-گەن بولۇپ ، قاھىرەدىكى قىرال كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا .

پەرغانە نۇسخىسى ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب ھەرپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈل-گەن ۋە ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ ، بۇ نۇسخىنى تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى 1314 - يىلى پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىكى مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن ، بۇ نۇسخا ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان . يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كۆچۈرمە نۇسخىدا بېيىتلار سانى ھەر خىل بولۇپ ، كۆچۈرگۈچىلەردىن كەتكەن ئايرىم خاتالارمۇ بار ئىدى . كېيىن ، تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئارات يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن 1947 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق تېكىستىنى تۈرغۈزۈپ چىقتى . شۇ تېكىست بويىچە ئېيتقاندا ، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى 85 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ ، 6645 بېيىت ، يەنى 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان نەسرى ۋە نەزمى مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا ) . داستان ئايرىم تۆتلىكلەرنى ھېسابقا ئالمى-غاندا ، مەسنەۋى (ئىككىلىك ) شەكلىدە ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان . «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەجىم جەھەتتىن چوڭ ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ، شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭمۇ مۇجەسسەم قامۇسىدۇر .

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان ، ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇر ، پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن مەجازى (تەسۋىرىي ) ۋاستىلەر ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەردۇر .

ئاپتور بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق ئالغا سۈرمەكچى بولغان بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى ئەسەردە يارىتىلغان تۆت پېرسوناژ ، يەنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئېلىگ (ھۆكۈم-دار ) ، بەخت - سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر ) ، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈل-مىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى ) ، قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش (زاھىت ) ئارىسىدىكى دىراماتىك سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن ، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىرقاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ ، ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بىرقاتار ئىلغار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ شەخس بولسىمۇ ، جەمئىيەتتى-كى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن ۋە رېئاللىقنى پەردازلىماس-

تىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ
تاشلايدۇ ھەم سۆكىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا قارىتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياراتقان
غايىۋى پېرسوناژلار ئاغزىدىن ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش، بىلىم، ئەقىل - پاراسەت ۋە
ئەخلاقنى ئىززەتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
ئەنە شۇ نۇقتىلار بويىچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» باشقا بارلىق مۇنەۋۋەر كلاسسىك
ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ئوخشاشلا، روشەن خەلقچىللىق روھىغا ئىگە ئەسەردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بەدىئىيلىك جەھەتتىنمۇ كامالەتكە يەتكەن ئەسەر بولۇپ، تىل
ۋە شېئىرىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ XI ئەسىردىلا
خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» يېڭىدىن ئايىغى چىقىپ، تايىتىڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەت-
نىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى.
ئۇ ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم «سىياسەتنامە» ھەم
ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى
ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر بەدىئىي ئىلمىي ئەسەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۇ شەرق مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سەلتەنىتى تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە
ئەدەبىياتى تارىخىنى، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئېتىكا (ئەخلاق)، مائارىپ،
دىنىي ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە
ئىگە.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ۋەكىلى بۈيۈك تىلشۇ-
ناس مەھمۇد قەشقىرىدۇر.

مەھمۇد قەشقىرى تەخمىنەن XI ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەر كونا شەھەر
ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق (ھازىرقى «قۇمباغ» كەنتى) كەنتىدە قاراخانىيلار خان
جەمەتىگە مەنسۇپ فېئودال خانزادە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

مەھمۇد قەشقىرى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن
شەرق بويىچە مەشھۇر بىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە ئالغان. كېيىن ئۇ بۇخارا،
سەمەرقەنت، مەرۋى ۋە نىشاپور قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئۆز ئانا
تىلىنىڭ پېتۈك مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا
ئىگىلىگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادقا بېرىپ بىر مەزگىل ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت
بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، تەخمىنەن XI ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى ئەتراپىدا ئانا يۇرتى
قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، سەككىز يىلدىن كېيىن 97 يېشىدا ۋاپات بولغان. ھازىرقى
قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىگە جايلاشقان «ھەزرىتى موللام
مازىرى» مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەبرىگاھىدۇر.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد قاراخانىيلار خان جەمەتىدىن
يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، بارسخان شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغانىدى. تەخمىنەن
مىلادىيە 1056 - ، 1057 - يىللىرى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ
(يۈسۈپ قادىرخان) ئاكىسى سۇلايماننىڭ قولىدىن خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ، ئۇ تەختتە
ئاران 15 ئايلا ئولتۇرۇپ، 1058 - يىلى تەختنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە (مەھمۇد قەشقىرى-
نىڭ دادىسى) ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق
ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلى-

دۇ . نەتىجىدە ، مەھمۇد قەشقىرى ئۆز يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ ، باغدادقا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئۆز جەمەتىدىن بولغان تۇركەن خاتون (باغدادتا قۇرۇلغان سالجوقلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ ئايالى ) قېشىغا بارىدۇ ۋە تۇركەن خاتوننىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا ، باغدادقا بېرىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق قىلىپ قويغان «دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك » (تۈركىي تىللار دىۋانى ) ناملىق قامۇسى بىلەن «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋفى لۇغەتتىن تۈرك » (تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى ) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ تاماملايدۇ (كېيىنكى ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ) .

مەھمۇد قەشقىرى باغدادقا بېرىشتىن بۇرۇنلا «تۈركىي تىللار دىۋانى » نى تۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر ئىزدىنىشلەردە بولغان . ئۇ بۇ ھەقتە : «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن ، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن ، ئەڭ زېرەكلىرىدىن ۋە ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ، ئۇلار-نىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم . تۈرك ، تۈركمەن ، ئوغۇز ، چىگىل ، ياغما ، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى . مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم .

ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك › دەپ ئات قويدۇم[①] » دەپ يازىدۇ . ئاپتور كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە «دىۋان » نىڭ ئاخىرىدا «كىتابنى (ھىجرىيە ) 465 - يىلى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەنىدىم . تۆت قېتىم قايتا يېزىپ ، تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ ، 466 - يىلى جامادىيەل ئاخىرنىڭ 10 - كۈنى ، دۈشەنبە تۈگەتتىم »[②] دەيدۇ .

تۈركىيىلىك ئالىم ، پروفېسسور زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ مۇشۇ ھەقتىكى دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا ، «تۈركىي تىللار دىۋانى » مىلادىيە 1072 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 1074 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە يېزىلىپ تاماملانغان ۋە 1076 - ، 1077 - يىللىرى تەكرار تۈزىتىلىپ ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 - خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىنغان .

«دىۋان » ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان لۇغەت بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى ، كېلىپ چىقىشى ، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ، قەبىلە- ئۇرۇق ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ، ئېتنوگرافىيىسى ، فولكلور بايلىقلىرى ، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي ھاياتى ، ئەدەبىيات - سەنئىتى ، قانۇن - تۈزۈملىرى ، پەلسەپىۋى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ، تېبابەتچىلىك ، ئاسترونومىيىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل قامۇستۇر . «دىۋان » دا تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆز - ئىبارە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن 242 پارچە شېئىر - قوشاق ، 200 پارچىدىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر ، 20 پارچىغا يېقىن ئەپسانە - رىۋايەت ۋە تارىخىي قىسسىلەردىن پارچىلار كىرگۈزۈلگەن .

بۇ ئەدەبىي پارچىلار XI ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 - يىلى ئۇيغۇرچە ، I توم ، 2 - ، 3 - بەتلەر .
② يۇقىرىقى كىتاب ، III توم ، 611 - بەت .

ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىدىغان يېگانە مەنبەدۇر.

«دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى چوڭ جەھەتتىن نەسرىي پارچىلار (ئەپسانە ــ رىۋايەتلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قىسسىلەر) ۋە نەزمىي پارچىلار (شېئىر ــ قوشاقلار) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

نەسرىي پارچىلار ئىچىدە ئىلاھلار ۋە توتېملار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر، يەر ــ جايلارنىڭ نامى ۋە پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانە ــ رىۋايەتلەر، ئۇرۇق ۋە قەبىلە ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە ــ رىۋايەتلەر، ھەر خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر بار.

«دىۋان» دىكى شېئىرىي پارچىلارنى ئېپىك شېئىرلار ۋە لىرىك شېئىرلار تەشكىل قىلىدۇ. ئېپىك شېئىرلاردىن قەدىمكى ئېپوس ۋە داستان پارچىلىرىدىن ئۈلگىلەر بار. «دىۋان» دا لىرىك شېئىرلار بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنى مەزمۇنىغا قاراپ، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئەمگەك قوشاقلىرى، تەبىئەت تەسۋىرى قوشاقلىرى، مەرسىيىلەر، مۇنازىرە قوشاقلىرى، ھېكمەتنامە قاتارلىقلارغا ئايرىش مۇمكىن. «دىۋان» دىكى بۇ شېئىرىي پارچىلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق بۇ ئەسەر دۇنيا تىلشۇناسلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن تۈركىي تىلى (ئەينى دەۋردىكى «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى) بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسەر ئەدەبىيات ــ سەنئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، توپونومىيە (يەر ــ جاي ئىلمى)، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەت، تەنتەربىيە، بىئولوگىيە، دىنشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەر بۈنىڭدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ياشىغان بۇ ئۇلۇغ ئالىمى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يەنە بىر بۈيۈك ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى بولۇپ، ئۇ XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى تەخمىنەن 1110? — 1180? ـ يىللاردا ياشىغان. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى بولۇپ، شائىرنىڭ تولۇق تەرجىمىھالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. بىزگىچە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت بوسۇغىسى) ناملىق بىرلا ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. مەزكۇر داستانغا باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇمچە قىلىنغان شېئىرلاردىن ئۇنىڭ ئىسمى ئەھمەد، ئاتىسى مەھمۇد بولۇپ، قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يۈكنەك① دېگەن يەردىن ئىكەنلىكى ۋە كۆزىنىڭ تۇغما ئەما ئىكەنلىكى مەلۇم.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت بوسۇغىسى) 14 بابلىق چوڭ ھەجىملىك دىداكتىك (ئەخلاق ــ پەزىلەت) خاراكتېرىدىكى داستان بولۇپ، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىنرەك باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا، ھەممىسى بولۇپ 512 مىسراغا يەتكەن. بۇ داستان ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرى مۇسەممەن مەقسۇر ۋەزنى (يەنى پەئۇلۇن ۋەزنىنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشى ۋە پەئۇل ۋەزنىنىڭ

---

① بۇ يەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى تېخىچە ئېنىق ئەمەس.

قوشۇلۇشى ) دە يېزىلغان .

ئەسەرنىڭ بىزگىچە ئۈچ قولىيازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن . بىرى : قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا سەمەرقەنتتە كۆچۈرۈلگەن « A » نۇسخا .

ئىككىنچىسى ، ئىستامبولدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن « B » نۇسخا .

ئۈچىنچىسى ، ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن « C » نۇسخا بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھىرىدە ساقلانماقتا .

مەزكۇر داستاننىڭ ئالدىنقى تۆت باب كىرىش قىسمى ، كېيىنكى ئون بابى ئاساسىي مەزمۇن قىسمىدىن ئىبارەت . شائىر ئۆز ئەسرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان «كاشغەر تىلى» دە يازغان . بۇنى ئەدىب ئەھمەدتىن كېيىنرەك ئۆتكەن ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان① دېگەن كىشىنىڭ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يازغان ئىلاۋىسىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بىلگىلى بولىدۇ ،

تاماسى ئەرۇر كاشغەر تىلى بىلە ،
ئەيتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە .
ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى ،
بىلور ئول ئەدىبنىڭ نە كىم ئايمىشى .

بۇ ئەسەر چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن بايان قىلىنغان دىداكتىك داستان بولۇپ ، قويۇق لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە . شائىر ئەسىرىدە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتى ، بىلىملىك بولۇشنىڭ پايدىسى ، بەخت - سائادەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى ، بىلىملىكلەر- نى ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ، تىلنىڭ پەزىلىتى ، تىلغا پىششىق بولۇشنىڭ خاسىيە- تى ، راستچىل ، سەمىمىي بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ، سىر ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى ، شۇنداقلا ئادىللىق ، مەردلىك ، كەمتەرلىك ، كۆيۈمچانلىق ، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىس- لەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ ، بىلىمسىزلىك ، توخۇ يۈرەكلىك ، قاباھەتلىك ، تەكەب- بۇرلۇق ، ۋاپاسىزلىق ، ئاچ كۆزلۈك ، ئۈچ - ئاداۋەت ساقلاش قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى ئەيىبلەيدۇ ، شائىرنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋرگە بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى ئىپادىلىنىدۇ . بۇ ئەسەر جانلىق خەلق تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇ يالغۇز قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپلا قالماستىن ، بەلكى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاقىسى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى بىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئومۇمەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيا- تىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك بىر ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ، ئۇيغۇر پەلسەپە ، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى ئۆگىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

---

① بۇ كىشىنى بەزىلەر XV ئەسىردە ئۆتكەن تۆمۈرىلەر خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ۋە شائىرى بولۇپ ، «ئەتەبەتۇل- ھەقايىق» نى رەتلەپ ، كۆچۈرۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان ، دەپ ئېنىقلاپ چىققان .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. قاراخانىيلار دەۋرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ بۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

2. قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ تىلى نېمە ئۈچۈن «خاقانىيە تىلى» يەنى «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتالغان؟ بۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟

3. قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى كىملەر؟ ئۇلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.

1) قاراخانىيلار خانلىقى ______ ئەسىردىن ______ ئەسىرگىچە يەنى مىلادىيە ______ يىلىدىن مىلادىيە ______ يىلىغىچە ______ دا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنىڭ نامى.

2) قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى دەسلەپ ______ نى، كېيىنچە ______ نى پايتەخت قىلغان بولۇپ، ئۇ ______ نىڭ غەربىدىن ______ غىچە، شىمالىي تەرىپى ______ دىن تارتىپ، جەنۇبتا ______ خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

3) فارابى مىلادىيىنىڭ ______ يىلى ______ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ______ شەھىرىنىڭ ______ ھەربىي قەلئەسىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىيىنىڭ ______ يىلى سۈرىيىنىڭ ______ شەھىرىدە ______ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

4) «قۇتادغۇ بىلىك» ______ باب، ______ بېيىت، ______ مىسرادىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك ______ داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھ كۈنتۇغدى ______ غا، ۋەزىر ئايتولدى ______ كە، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ______ قا، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى ئودغورمىش ______ كە سىمۋول قىلىنغان.

5) مەھمۇد قەشقىرى ______ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ______ گە تەۋە بولغان ______ يېزىسىنىڭ ______ كەنتىدە تۇغۇلغان.

6) ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ______ ناملىق داستانىنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بىرى ______ يېزىقىدا ______ تە كۆچۈرۈلگەن «A» نۇسخا، ئىككىنچىسى، ______ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ______ دا ______ بىللە كۆچۈرۈلگەن «B» نۇسخا، ئۈچىنچىسى، ______ دا كۆچۈرۈلگەن «C» نۇسخا بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ______ دا ساقلانماقتا.

5. بىرىنى تاللاش

(تۆۋەندىكى ئۈچ خىل جاۋابنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرى توغرا، توغرىسىنى تېپىپ، ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە ئۇنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى يېزىڭلار)

1) قاراخانىيلار دەۋرىدە ( )

A. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان

B. ئەرەب ھەرپى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان

C . ئۇيغۇر ئورخۇن بويلىرىدا ياشىغان مەزگىللەردىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىدە ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى بولغان «خاقانىيە يېزىقى» تەك قوللىنىلغان

2 ) فارابىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت مۇھىم ئەسىرى : ( )

A . «ئىھسالۇل ئۇلۇم»

B . «شېئىر كىتابى»

C . «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى توغرىسىدا»

3 ) «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ( )

A . مىلادىيە 1069 ــ 1070 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا قەشقەردە يېزىلغان

B . مىلادىيە 1085 ــ 1086 ـ يىللىرى بالاساغۇندا يېزىلغان

C . مىلادىيە 1019 ــ 1020 ـ يىللىرى باغدادتا يېزىلغان

4 ) مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى ( )

A . مىلادىيە 1072 ــ 1077 ـ يىللىرى يۇرتى ئوپالدا يازغان

B . مىلادىيە 1074 ــ 1076 ـ يىللىرى باغدادتا يېزىپ تاماملىغان

C . مىلادىيە 1070 ــ 1072 ـ يىللىرى قەشقەردە يازغان

5 ) ئەھمەد يۈكنەكى ( )

A . قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۈيۈك ئەدىب

B . قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۈيۈك ئەدىب

C . قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۈيۈك ئەدىب

6 . ھۆكۈم قىلىش

A . (تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىپ ، توغرىسىنىڭ ئاخىرىغا «✓» بەلگىسىنى ، خاتاسىنىڭ ئاخىرىغا «✗» بەلگىسىنى قويۇڭلار )

1 ) قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلدى ( )

2 ) قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يېڭىچە ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى ( )

3 ) قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇردى ( )

4 ) «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ( )

5 ) فارابى ئۆمرىدە 150 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ ، بۇ ئەسەرلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان ( )

6 ) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىپ ، ئۇنى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان ( )

7 ) «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ «ۋېنا نۇسخىسى» قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن( )

8 ) «تۈركىي تىللار دىۋانى» خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان ( )

9 ) «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەدەبىي پارچىلار ماقال ـ تەمسىللەردىن ئىبارەت ( )

10 ) «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى «كاشغەر تىلى» يەنى «خاقانىيە تىلى» دا يېزىلغان ( )

## 30 . «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن ئۆرنەكلەر

### ئالتىنچى باب : ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى بايانىدا

148 . تۆرۈتتى ئۆدۈردى سەچۈ يالڭۇ قۇچ ،
ئاڭار بەردى ئەردەم بىلىك ئۆگ ئۇقۇچ .
149 . كۆڭۈل بەردى ھەم مە يورېتتى تىلىگ ،
ئۇۋۇت بەردى قىلىق ھەم قىلىنچى سىلىگ .
150 . بىلىك بەردى يالڭۇق بەدۈدى بۇ كۈن ،
ئوقۇش بەردى ئۆترۇ يازىلدى تۈگۈن .
151 . بايات كىمكە بەرسە ئوقۇش ئۆگ بىلىك ،
ئۆكۈش ئەد گۈلۈككە ئۇزاتتى ئەلىگ .
152 . بىلىكنى بەدۈك بىل ئوقۇشنى ئۇلۇغ ،
بۇ ئىككى بەدۈتۈر ئۆدۈرمىش قۇلۇغ .
153 . بۇ سۆزكە تانۇقى مۇنۇ كەلدى سۆز ،
بۇ سۆزنى ئەشتگىل سۆزۈڭ مۇندا ئۇز .
154 . ئوقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بۇلۇر ،
بىلىك كىمدە بولسا بەدۈكلۈك ئالۇر .
155 . ئۇلۇشلۇغ ئۇقار بول بىلىكلىگ بىلىر ،
بىلىكلى ئوقۇغلى تىلەككە تەگىر .
156 . بىلىك مەئىنىسى بىل نەگۈ تەربىلىك ،
بىلىك بىلسە ئۆترۇ يىرار ئەردەئىگ .
157 . بىلىكسىز كىشى بارچە ئىگلىگ بولۇر ،
ئىگىگ ئەملەمەسە كىشى تەرك ئۆلۈر .
158 . يورى ئاي بىلىكسىز ئىگىڭنى ئاتا ،
بىلىكسىز ئوتىن سەن ئاي بىلگە قۇتا .
159 . ئوقۇش ئول بۇرۇندۇق ئانى يەتسە ئەر ،
تىلەككە تەگر ئول تۈمەن ئارۇز يەر .
160 . ئوقۇش بولسا ئەركە كۆر ئاسغى ئۆكۈش ،
بىلىك بىلسە ئوترو بولۇر ئەر كۆسۈش .
161 . ئوقۇش بىرلە ئىشلە قامۇغ ئىش كۈدۈك ،
بىلىك بىرلە بەكلە بۇ بۇلمىش ئۆدۈگ .

## ئىنسان بالىسىنىڭ قەدرى بىلىم (ۋە) ئەقىل بىلەن بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ

148 . (خۇدا) ئىنسانىنى خىللاپ ، تالىلدى ۋە ياراتتى ،
ئۇنىڭغا پەزىلەت ، بىلىم ، ئەقىل ۋە پاراسەت بەردى .
149 . (ئۇنىڭغا) قەلب ئاتا قىلدى ھەم تىلىنى راۋان قىلدى ،
ھايا ھەم گۈزەل خۇلق ۋە قىلىق بەردى .

150 . بىلىم بەرگەنلىكى (ئۈچۈن) ئىنسان بوگۈنكى بۈيۈكلۈككە ئېرىشتى ،
پاراسەت بەرگەنلىكى (ئۈچۈن) تۈگۈنلەر يېشىلدى .

151 . خۇدا كىمگە ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم بەرگەن بولسا ،
(ئۇنىڭ) قولىدىن كۆپ ياخشىلىقلار كەلدى .

152 . بىلىمنى بۈيۈك ، ئىدراكنى ئۇلۇغ (نەرسە) دەپ بىل ،
بۇ ئىككىسى خىللانغان قۇل (بەندە) نىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ .

153 . بۇ سۆزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مۇنۇ سۆز كەلدى ،
بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن - دە ، سۆزۈڭنى شۇ يەردە توختات .

154 . قەيەردە ئىدراك بولسا ، ئۇلۇغلۇقا ئېرىشىدۇ ،
بىلىم كىمدە بولسا ، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ .

155 . پاراسەتلىك ئۇقالايدۇ ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ ،
بىلىملىك ، پاراسەتلىك تىلىكىگە يېتىدۇ .

156 . بىلىمنىڭ مەنىسىنى بىل ، بىلىم نېمە دەيدۇ :
بىلىم بىلگەن ئەردىن ھامان كېسەل يىراقلىشىدۇ .

157 . بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ ،
كېسەلنى داۋالىمىسا كىشى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ .

158 . يۈر ، ئەي بىلىمسىز ، كېسىلىڭنى داۋالا ،
ئەي ئالىم ، بىلىمسىز (لىك)نىڭ داۋاسىنى سەن ئېيتىپ بەر .

159 . پاراسەت بىر چۈلۋۈردۈر ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى
تۈمەنلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ تىلىگىنىگە يېتەلەيدۇ .

160 . قارا ، پاراسەتنىڭ كىشىگە پايدىسى كۆپ ،
بىلىم بىلگەندىن كېيىن كىشى ئەزىز بولىدۇ .

161 . ھەرقانداق ئىشنى پاراسەت بىلەن ئىشلە ،
ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەجىم جەھەتتىن چوڭ ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ، شۇ زامان ئەدەبىي تىلىنىڭمۇ مۇجەسسەم قامۇسىدۇر . ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن بىر ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر . ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان ، دراملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى ، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس (ئادەم ) خاراكتېرى ، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مىتافورا ) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان . لېكىن ئۇ مۇھەببەت داستانى ياكى قەھرىمانلىق داستانى ئەمەس ، شۇنداقلا ، بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ، نوقۇل پەند ـ نەسىھەت (دىداكتىكا ) كىتابىمۇ ئەمەس ، بەلكى بۇ ئەينى زامان ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەر-دۇر . «قۇتادغۇبىلىك» تىكى نۇرغۇن تەسۋىرلەردە رېئالىزم نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ ، مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرۇق پەند ـ نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ ، كونكرېت ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئارقى-لىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر پېرسوناژلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ھايات پەلسەپىسى ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ . مانا بۇ نۇقتا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى باشقا ھەرقانداق پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ .

دەرسلىككە تاللانغان تېكىست «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 6 ـ بابى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىنسان بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن .

1 . سىلەر بۇ تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ ، بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ قەدىر ـ قىممىتى توغرىسىدا ئۆزۈڭلارنىڭ چۈشەنچەڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار .

2 . شائىر 159 ـ بېيىتتا ئەقىلنى بۇرۇندۇق ( چۈلۋۈر ) غا ئوخشىتىدۇ . سىلەرچە شۇنداق دېيىشكە بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

3 . شائىرنىڭ ئوقۇش (ئەقىل ) ۋە بىلىك (بىلىم ) ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرى قانداق تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەنلىكىنى كونكرېت مىساللار بىلەن

چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار . (تېكىست ئىچىدىن مىسال كەلتۈرۈڭلار ) .

4 . ئەقىل ۋە بىلىم ھەققىدىكى بۇ بايانلارنىڭ بۈگۈنكى رېئال ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

5 . داستانغا نېمە ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم ) دەپ ئات قويغان ؟ ئۇنىڭدا بىلىم بىلەن قۇت (بەخت ـ سائادەت ) نىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى قانداق سۈرەتلەنگەن ؟ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

# 31 . «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىچىدىكى ئەدەبىي پارچىلاردىن ئۈرنەكلەر

## I شېئىر ـ قوشاقلار

### 1 . توڭائالىپ[1] ئەر توغرىسىدىكى مەرسىيەدىن پارچىلار

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ ،
ئەرسىز ئاژۇن قالدىمۇ ،
ئۆزلۈك ئۆچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلور .

خاقان ئەفراسىياپ ئۆلدىمۇ ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ ، يۈرەكلەر پارە ـ پارە بولماقتا .
(«دىۋان» I توم 59 ـ بەت )

بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ ،
مەڭزى يۈزى سارغارىپ .
كۆركەم ئاڭار تۇرتۇلۇر .

ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ دەيدۇ ، بەگلەر ئاتلىرىنى هارغۇزۇپ چېپىپ كېلىشـ
تى ؛ ئۇلارنى قايغۇ بېسىۋالدى ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى زەپىرەڭدەك سارغايدى .
(«دىۋان» I توم ، 633 ـ بەت )

ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ ،
سىقرىپ ئۇنى يۇنلايۇ
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر .

ئادەملەر ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىشىپ بۆرىلەردەك هۇۋلاشتى ، ئاه ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى ؛ بەزىدە مۇڭلۇق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى ، كۆپ يىغلاپ

① توڭائالىپ ئەر — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يولۋاسنى يەڭگۈچى باتۇر» دېمەكتۇر . ئۇ پارچە مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تارىخىي رىۋايەتلىك قەهرىمانى خاقان ئەفراسىياپنى كۆرسىتىدۇ .

كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى .
(«دىۋان» I توم ، 254 ـ بەت )

ئۆزلەك قامۇغ كۇفرەدى ،
ئەردەم ئارىغ سەۋرەدى ،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى ،
ئەردەم بەگى چەرتىلۇر .

زامان زەئىپلەندى ، ئەردەم ـ پەزىلەت ئازايدى ، بۇزۇق ـ يامان ئادەملەر تەۋرەپ باش كۆتۈردى ، پەزىلەت بېگى ، يەنى خاقان ئەفراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى .
(«دىۋان» I توم ، 139 ـ بەت )

كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى ،
پىتمىش باشىغ قارتادى ،
كەچمىش ئۇدۇك ئىرتەدى ،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۇر

ئۇنىڭ (ئەفراسىياپنىڭ ) مۇسىبىتى — يۈرەك ـ باغرىمنى كۆيدۈرۈۋەتتى ، ساقىيىپ پۈتۈپ بولغان يارامنى تاتىلاپ ئېچىۋەتتى ، ئۆتكەن ئىشلارنى — ئىشق ، سېغىنىشنى ئەسلەتتى ، زامان ئۆتكەنسېرى كۆڭۈل ئۇنى ئىزدەيدۇ .
(«دىۋان» I توم ، 326 ـ بەت )

ياغى ئوتىن ئۆچۈرگەن ،
تويدۇن ئانى كۆچۈرگەن ،
ئىشلار ئۇزۇپ كۆچۈرگەن ،
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈ .

ئۇ ئۇرۇش ئوتلىرىنى ئۆچۈرەتتى ، دۈشمەنلەرنى قارارگاھىدىن قوغلاپ چىقىراتتى ، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشنى ھەل قىلاتتى . ئۇنىڭغا زاماننىڭ ئۆلتۈرگۈچى ئوقى تەگدى .
(«دىۋان» I توم ، 677 ـ بەت )

## II مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن ئۆرنەكلەر

باردى كۆزۈم يارۇقى ،
ئالدى ئۆزۈم قونۇقى ،
قانداق ئەرنچ قانىقى ،
ئەمدى ئودىن ئوزغۇرۇر .

كۆز نۇرۇم (سۆيگەن يارىم ) كەتتى ، ئۇ مېنىڭ روھىمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ

كەتتى . ئەمدى ئۇ قەيەرلەردىكىن ؟ (ئۇنىڭ پىراقىدىن ) كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ .
( «دىۋان» I توم ، 65 ـ بەت )

ئۆدىك مەنى قۇمتتى ،
ساقىنچ ماڭا يۇمتتى ،
كۆڭلۈم ئاڭار ئەمتتى ،
يۈزۈم مەنىڭ سارغارۇر .

يارغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىم مېنى هاياجانغا سالدى ، قايغۇ ـ ئەلەملەر ماڭا توپلاندى ، كۆڭلۈم هەمىشە يارغا ئىنتىلىدۇ ، شۇڭا مېنىڭ يۈزۈم سارغايماقتا .
( «دىۋان» I توم ، 94 ـ بەت )

بۇلنار مەنى ئۇلاس كۆز ،
قارامەڭز قىزىل يۈز ،
ئاندىن تامار تۈگەل تۈز
بۇلناپ يانا ئول قاچار .

قارا مەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلىدۇ ، ئەسىر قىلىدۇ ـ دە ، قېچىپ كېتىدۇ .
( «دىۋان» I توم ، 82 ـ بەت )

ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز ،
ئايىق ئايىپ قايماڭىز ،
ئاقار كۆزۈم ئوش تەڭىز ،
تەگرە يۆرە قۇش ئۇچار .

مېنى ئوۋلىۋالغاندىن كېيىن تاشلىۋەتمەڭ ، قىلغان ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ . كۆز يېشىم دېڭىز سۈيىدەك ئاقماقتا ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ .
( «دىۋان» II توم ، 60 ـ بەت )

بەرىك ماڭا سۆزكىيە ،
مەڭلىگ قارا تۈز قىيا ،
يەلۋىن تۈتار كۆزكىيە ،
مۇڭۇم مەنىڭ بىلىگە .

ماڭا ۋەدە قىلىپ سۆز بېرىڭ ، ئەي قارا مەڭلىك ، سېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن ئوۋلايدىغان ، تىلى چۇچۇك ، گۈزەل ، مېنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتتىن تارتقان مۇشەققىتىم ، مۇڭ ـ زارىمنى بىلىڭ .
( «دىۋان» III توم ، 491 ـ بەت )

كۆگلەر قامۇغ تۇزۇلدى ،
ئۈرىق ئىدىش تىزىلدى ،
سەنسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى ،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم .

ھەممە ناخشىلار تۈزۈلدى ، ئۈرىق ، قەدەھلەر تىزىلدى ، كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ ، كەل ئەمدى ، كۆڭلۈمنى تىندۇرۇپ ئويناىلى .
(«دىۋان» Ⅲ توم ، 181 ـ بەت)

## Ⅲ پەندىنامىلەر ، ماقال تەمسىللەردىن ئۆرنەكلەر

△ ئۆچ كەك قامۇغ كىشىنىڭ يالڭۇق ئۆزە ئالىم بىل ،
ئەزگۈلۈكۈگ ئۇغانچا ئەلىكىڭ بىلە تەلىم قىل

ئۆچ ـ ئاداۋەت تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدىغان قەرزگە ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭدىن كەچ ، شۇنى بىلىپ ، چەتتىن كېلىپ قالغانلارغا ۋە مۇساپىرلارغا قولۇڭدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىل .
(«دىۋان» I توم ، 61 ـ بەت)

△ ئالغىل ئۇگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە ،
بويىرا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىكىڭ ئۆلە

ئەي ئوغلۇم ، مەندىن ئۇگۈت ـ نەسىھەت ئال ، پەزىلەت تىلە ، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش ، تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ ، ئەدەپ ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت تارات .
(«دىۋان» I توم ، 72 ـ بەت)

△ ئەردەم تىلە ئوگرەنىپەن بولما كۇۋەز ،
ئەردەمسىزىن ئۆگەنسە ئەڭمە گۇزە ئەڭەر .

ئىلىم ـ ھېكمەت ئىستە ، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە ، غادايما ، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ .
(«دىۋان» I توم ، 335 ـ بەت)

△ بىلگە ئەرىگ ئەزگۈ تۇتۇپ سوزىن ئەشت ،
ئەردەمنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا .

ئالىم ، دانىشمەن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا ، ئەردەم (پەزىلەت) لىرىنى ئۆگەن . ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت .
(«دىۋان» I توم ، 558 ـ بەت)

△ ئوغلۇم ، ساڭا قوزۇرمەن ئەردەم ئۆگۈت خۇمارۇ ،
بىلىگ ئەرىگ بولۇپ سەن باققىل ئانىڭ تابارۇ

ئوغلۇم ، ساڭا ئەدەپ ـ ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرمەن ، ئىلىملىك ، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ ، ئۇلارغا يېقىنلاش ، ئۇلاردىن پايدىلان .
(«دىۋان» Ⅲ توم ، 597 ـ بەت)

△ كۆڭۈل كىمنىڭ بولسا قالى يوق چىغاي ،
قىلىسا كۈچۈن بولماس ئانى توق باي .

يارىتىلىشتا قەلبىگە گادايلىق سىڭگەن كىشىنى باي قىلىش مۇمكىن ئەمەس .
(«دىۋان» Ⅲ توم ، 328 ـ بەت)

△ ئەشتىپ ئاتا ـ ئاناڭىنىڭ ساۋلارىنى قادىرما ،
نەڭ قۇت بولۇپ كۆۋەزلىك قىلىنىپ يانا قۇتۇرما .

ئاتا ـ ئاناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا ، ئۇلارغا سۆز ياندۇرما ، مال ـ مۈلۈك ۋە بەخت تاپساڭ ، ھەددىڭدىن ئېشىپ قۇترىما .
(«دىۋان» I توم ، 660 ـ بەت)

△ كىچىك بولۇپ ياغىنى يەرگۈ ئەمەس ،
ئەزگەر مەدىپ قۇدسائانى ئەلنى قۇنار .

دۈشمەن ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ ، ئۇنى مەنسىتمەسلىك لايىق ئەمەس ، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ، ئۇنى كۆزگە ئىلماي قويساڭ ، ئۇ ئەلنى سەندىن تارتىۋالىدۇ .
(«دىۋان» Ⅲ توم ، 38 ـ ، 39 ـ بەت)

△ تاغ تاغقا قوۋۇشماس ،
كىشى كىشىگە قوۋۇشار .
[تاغ تاغقا قوۋۇشماس
كىشى كىشىگە قوۋۇشار .]

يەنى ئىككى تاغ بىر ـ بىرىگە قوۋۇشمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار ئۆز جايلىرىغا ئورناپ كەتكەن ، كىشىلەر كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ . بۇ ماقال ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۆيگىنى بىلەن كۆرۈشكەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ .
(«دىۋان» Ⅱ توم ، 139 ـ بەت)

△ تىلىن تۇگمىشنى تىشن يازماس
[تىل بىلەن تۈگۈلگەن ، چىش بىلەن يېشىلمەس .]

يەنى تىل بىلەن تۇگكەن تۇگۇچنى چىش بىلەن يەشكىلى بولماس . بۇ ماقال ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ .

( «دىۋان » Ⅱ توم ، 26 ـ بەت )

△ ئۈلا بولسا يول ئازماس ،
بىلىك بولسا سۆز يازماس .
[بەلگە بولسا يولدىن ئازماس .
بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس .]

چۆلدە يول كۆرستىدىغان بەلگە بولسا ، يولدىن ئېزىپ قالمايدۇ ، كىشىدە بىلىم بولسا سۆزىدە يېڭىلىشمايدۇ .

( «دىۋان » I توم ، 123 ـ بەت . )

△ ئالپ چەرىكدە بىلگە تەرىكدە .
[باتۇر سەپتە سىنىلار ، دانا يىغىندا .]

ھەقىقىي باتۇر جەڭ مەيدانىدا ئايرىلىدۇ ، شۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقىي دانىشمەن ئالىممۇ نۇرغۇن ئالىم ـ دانىشمەنلەر يىغىلغان مۇنازىرە سورۇنىدا ئاندىن بىلىنىدۇ . بۇ ماقال ئۆزىنى ئالدىراپ بىلەرمەن كۆرستىدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ .

( «دىۋان » I توم ، 504 ـ بەت )

△ كېڭەشلىگ بىلىك ئۇز رەشۇر ،
كېڭەشسىز بىلىك ئۇپراشۇر .
[كېڭەشلىك ئىش ئۈزلىشار ،
كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار .]

كېڭەش بىلەن قىلىنىدىغان ئىش بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ ، كېڭەشسىز قىلىنغان ئىش بارغانسېرى بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتىدۇ . بۇ ماقال ئالدىرىماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ .

△ تىلكۇ ئۆز ئىنىگە ئۇرسە ئۇزۇز بولۇر .
[تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۆرسە قوتۇر بولار .]

بۇ ماقال ئۆز ئىلىدىن ، ئۆز ئۇرۇقىدىن ۋە ئۆز تىلىدىن تانغان يامان ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ .

( «دىۋان » I توم ، 76 ـ بەت )

△ ئىكى قوچڭار باشى بىر ئەشەچتە پىشماس .
[ئىككى قوچقارنىڭ بېشى ، بىر قازاندا پىشماس .]

( «دىۋان » Ⅲ توم ، 521 ـ بەت )

△ ئەمكەك ئەكىندە قالماس
[ئەمگەك بىكار كەتمەس .]

بۇ ماقال ئەمگەك سۆيۈشكە ۋە قەدىرلەشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» I توم ، 149 ـ بەت )

△ مەگۈگە ئەشىك ئارت بولۇر .
[ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنەر .]
( «دىۋان» I توم ، 59 ـ بەت )

△ كىشى ئالاسى ئىچتىن ،
يىلقى ئالاسى تاشتىن .
[ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە ، هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا .]

بۇ ماقال يېقىملىق كۆرۈنۈپ ، دىلىدىكى يامان نىيىتىنى يوشۇرغۇچىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» I توم ، 123 ـ بەت )

△ بىرىن ـ بىرىن مىڭ بولار ،
تاما ـ تاما كۆل بولار .
[بىرلەپ ـ بىرلەپ مىڭ بولار ،
تاما ـ تاما كۆل بولار .]

بۇ ماقال ئاز بولسىمۇ بىر نەرسىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» Ⅲ توم ، 492 ـ بەت )

△ قورقمىش كىشىگە قوي باشى قوش كۆرۈنەر .
[قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر .]

بۇ ماقال بىر نەرسىدىن قورققان ، ھەتتا شۇ نەرسىنى ئويلىغاندىمۇ ، قورقۇپ سەكرەپ كېتىدىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» Ⅲ توم ، 174 ـ بەت . )

△ ئاغىز يەسە كۆز ئۇيادۇر .
[ئېغىز يېسە ، كۆز ئۇيۇلار .]

بۇ ماقال بىراۋنىڭ بىرەر نەرسىنى يېگەن ياكى ئالغان ، ئەمما ئۇنىڭ هاجىتىدىن چىقالماي خىجالەتتە قالغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» I توم ، 77 ـ بەت )

△ قانىغ قان بىلە يۇماس .
[قانىنى ـ قان بىلەن يۇغىلى بولماس .]

يەنى جېدەلنى جېدەل بىلەن باسقىلى بولمايدۇ ، ياراشتۇرۇش بىلەن باسقىلى بولىدۇ .
( «دىۋان» Ⅲ توم ، 89 ـ بەت )

△ بۇغداي قاتىندا سارقاچ سوۋالۇر
[بۇغداينىڭ باھانىسىدا ، قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ .]

يەنى بۇغداينىڭ دۆلىتى ۋە بەرىكىتى تۈپەيلىدىن قارىمۇقمۇ سۇغىرىلىدۇ ، بۇ ماقال بىر كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» Ⅲ توم ، 330 ـ بەت )

△ كەڭ تون ئوپراماس ،
كەڭەشلىگ بىلىك ئارتاماس .
[كەڭ تون ئۇپرىماس ، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس .]

كەڭ تون يىرتىلمايدۇ ، كېڭەش بىلەن قىلىنغان ئىش بۇزۇلمايدۇ ، بۇ ماقال ئىش قىلغاندا باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» Ⅲ توم ، 489 ـ بەت )

△ قۇرۇق قاشۇق ئاغىزقا ياراماس ،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقىشماس .
[قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا يارىماس ،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس .]

بۇ ماقال بىر كىمدىن بىرەر ياردەم سورىماقچى بولغاندا ، ئۇنىڭغىمۇ بىرەر ياردەم ، پايدا يەتكۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ .
( «دىۋان» I توم ، 497 ـ بەت )

## ▲ ئون ئىككى مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

بارس ، يولۋاس . تۈرك خەلقلىرىدىكى ئون ئىككى خىل مۇچەلدىن بىرىنىڭ نامى . تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان ، ئۇلار باللارنىڭ ياشلىرىنى جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋرى قىلىشى ) بىلەن ھېسابلايدۇ . بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق :
تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان ، بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ قۇرۇلتايدا مۇنداق

دېگەن : «بىز بۇ تارىخنى ئىنقىلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق ، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرى-مىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ . شۇڭا ، بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ ، ھەربىر يىلغا بىر ئات قويايلى ، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن ، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۇ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن» . خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان . بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا ، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن . بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان . ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن . ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان . سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن . شۇڭا ، يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ چاشقان يىلى دېيىلگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان :

2 ) ئۇي يىلى (كالا يىلى )

3 ) بارس يىلى (يولۋاس يىلى )

4 ) توشقان يىلى

5 ) لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى )

6 ) يىلان يىلى

7 ) ئات يىلى

8 ) قوي يىلى

9 ) مايمۇن يىلى

10 ) توخۇ يىلى

11 ) ئىت يىلى

12 ) توڭگۇز يىلى

توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن ، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ .

مەھمۇد قەشقىرى ئېيتىدۇكى : بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز 466 ـ يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى بولۇپ ، يىلان يىلى كىرگەندى . بۇ يىل ئۆتۈپ 467 ـ يىلغا قەدەم قويغاندا ، ئات يىلى كىرىدۇ . يىل ھېسابى بىز كۆرسەتكەن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ .

تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەربىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ . مەسىلەن ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ئۇي يىلى كىرگەندە ، ئۇرۇش كۆپىيىدۇ . چۈنكى ، ئۇي بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان ھايۋان ، توخۇ يىلى كىرسە ئوزۇق ـ تۈلۈك كۆپىيىدۇ ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ ، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان ، توخۇ داننى تېپىش ئۇچۇن ئەخلەت ـ چاۋالارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ . لەھەڭ يىلى كىرىشى بىلەن ھۆل ـ يېغىن كۆپىيىپ ئاشلىق ئوخشايدۇ . چۈنكى ، لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ . توڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ . سوغۇق قاتتىق بولىدۇ ، پىتنە ـ پاسات كۆپىيىدۇ . تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا ، ھەر يىلى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ ، دەپ ئىشىنىدۇ . تۈركلەردە ھەپتىنىڭ يەتتە كۈننىڭ ئېتى يوق . چۈنكى ، «ھەپتە» دېگەن ئۇقۇم ئىسلامدىن كېيىن مەلۇم بولدى .

ئايلارنىڭ ئىسمىغا كەلسەك ، شەھەرلەردە ئەرەبچە ئاي ئىسىملىرى قوللىنىلىدۇ ، كۆچ-مەن تۈرمۇش كەچۈرىدىغان ، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ . يىلنىڭ ئۆتۈشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن ،

نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەيدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەيدۇ . چۈنكى ، بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئاي» دەيدۇ . چۈنكى ، بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ، بۇ چاغدا يەر ـ يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ مال ـ ۋارانلار سەمرىيدۇ ، سۈت كۆپىيىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش . كۆپ ئىشلىتىلمىگەچكە ، قالغان ئاي ئىسىملىرىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن . ئۆزۈڭ بىلىۋال .

(«دىۋان» I توم ، 449 ـ ، 450 ـ ، 451 ـ ، 452 ـ بەت )

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

جاھان ئىلىم ئەھلىگە تونۇش بولغان ئۇلۇغ تىلشۇناس ۋە ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۈيۈك قامۇسىدا X ــ XI ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي يىلى ، جۈملىدىن ئەينى زامان ئۇچۇن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغان «خاقانىيە تىلى» (يەنى ئۇيغۇر تىلى ) نىڭ مول ، بىباھا جەۋھەرلىرىنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە ، ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، ھاكىمىيەت ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ، ھۈنەر ـ سەنئەت ، تېبابەتچىلىك ، ئاسترونومىيە ، كالېندارچىلىق ، تارىخ ، ئەدەبىيات ، پەلسەپە ، بىئو ـ جۇغراپىيــە ، ئېتىكــا (ئەدەپ ـ ئەخلاق ) ، تېبابەتچىلىك ، دىن ، ئۆرپ ـ ئادەت ، كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك . . . قاتارلىق ئىنتايىن كەڭ مەزمۇنلارنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن .

«دىۋان» دا كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ۋە يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك بار ، ئۇ بولسىمۇ شېئىر ـ قوشاقلار ، پەندىنامىلەر ، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ، تارىخىي قىسسىلەردىن تەركىب تاپقان ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىدۇر . بۇ ئۈلگىلەر «ئوغۇزنامە» ھەمدە «مەڭگۈتاش» لار ئەدەبىياتى قاتارلىق قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ھازىرغا قەدەر تېپىلغان ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ، شۇنداقلا ئەڭ مول ، ئەڭ رەڭدار نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سىلەر «دىۋان» دىن تاللانغان بۇ تېكىستلارنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆنۈكمىلەرنى ئىشلەڭلار .

1 . تېكىستكە تاللانغان شېئىر ـ قوشاقلار ئىچىدىكى مەرسىيەنامە كىمگە بېغىشلانغان ؟ بۇ تارىخىي شەخس ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر ؟

2 . بۇ مەرسىيەنامىنىڭ قاپىيە شەكلىنى لاتىن ئالپاۋىتى بويىچە سخېمىلاشتۇرۇڭلار ۋە بۇ خىل قاپىيە شەكلى ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەڭلار .

3 . تۆۋەندە «دىۋان» دىن بىر كۇپلېت شېئىر تاللاپ بېرىلدى . سىلەر بۇ پارچىدا نېمە تەرىپلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

تۈرلۈگ چەچەك يازىلدى ،
بارچىن يادىم كەرىلدى ،
ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى ،

تۇملۇغ يەنە كەلگۈسۇز .

تۇرلۇك گۇللەر ئېچىلدى ، (يەر يۈزى ) گويا يىپەك گىلەملەر سېلىنغاندەك بولدى ، گويا جەننەت يەرى كۆرۈلدى ، ھاۋا ئىسسىدى ، سوغۇق بارسا كەلمەسكە كەتتى .
( «دىۋان» I توم ، 161 ـ بەت )

4 . يۇقىرىدا تېكىستكە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن ماقال ـ تەمسىللەر ھازىرمۇ تۇرمۇشىمىزدا ئەينەن ياكى قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ قوللىنىلماقتا . سىلەر بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ھازىرقى شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار .
5 . يىللارنى مۇچەل بويىچە ھېسابلاش قەدىمكى ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ، تارىخنى مۇچەل بويىچە ھېسابلاش خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن . سىلەر مۇچەل بويىچە يىل ھېسابلاشنى بىلەمسىلەر ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ قايسى مۇچەللىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بىلىۋېلىڭلار ۋە ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقلاڭلار .

# 32 . «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن پارچىلار

## ئەھمەد يۈكنەكى

ئەسلى

1 . بىلىگدىن ئۇرۇمەن ، سۆزۈمگە ئۇلا ،
بىلىگلىگكە يادوست ئۆزۈڭنى ئۇلا .

تەرجىمىسى

1 . بىلىمدىن سۆز ئاچىمەن ، سۆزۈمگە قۇلاق سال ،
ئەي دوستۇم ، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى يېقىن تۇت .

ئەسلى

2 . بىلىگ بىرلە بولنۇر سائادەت يولى ،
بىلىگ بىل ، سائادەت يولىنى بۇلا .

تەرجىمىسى

2 . سائادەت يولى بىلىم بىلەن قولغا كېلىدۇ ،
بىلىم ئال ، سائادەت يولىنى تاپ .

ئەسلى

3 . باھالىغ ھنار ئول بىلىگلىگ كىشى ،
بۇ جاھىل بىلىگسىز باھاسىز بېشى .

تەرجىمىسى

3 . بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىنار (تىللا ) ،
بىلىمسىز نادان قىممىتى يوق يارماق .

ئەسلى

4 . بىلىگلىگ بىلىگسىز قاچان تەڭ بولۇر ،
بىلىگلىگ تىشى ئەر ، جاھىل ئەر تىشى .

تەرجىمىسى

4 . بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز قاچان تەڭ بولالىسۇن ،
بىلىملىك ئايال ئەر ، بىلىمسىز ئەر بىر ئايال .

ئەسلى

5 . سۆڭەككە يىلىگتەگ ئەرەنكە بىلىگ ،
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىگ .

تەرجىمىسى

5 . ئادەمدىكى بىلىم سۆڭەكنىڭ ئىچىدىكى يىلىككە ئوخشاش ،
ئادەمنىڭ زىنىنىتى ئەقىل ، سۆڭەكنىڭ (زىنىنىتى ) يىلىك .

ئەسلى

6 . بىلگسىز يىلىگسىز سۆڭەكتەك ھالى ،

يىلىگسىز سۆڭەككە سۇنۇلماز ئەلىگ .

تەرجىمىسى

6 . بىلىمسىز ئادەم يىلىكسىز سۆڭەكتەك ئىچى قۇرۇق ،
يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ .

ئەسلى

7 . بىلىگ بىلدى بولدى ئەرەن بەلگۈلۈگ ،
بىلىگسىز تىرىگلە يىتۈك كۆرگۈلۈ .

تەرجىمىسى

7 . ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ ،
بىلىمسىز ئادەم تىرىك تۇرسىمۇ ئۆلۈكتەكلا (كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ)

ئەسلى

8 . بىلىگلىگ ئەر ئۆلدى ، ئاتى ئۆلمەدى ،
بىلىگسىز تىرىگ ئەركەن ئاتى ئۆلۈگ .

تەرجىمىسى

8 . بىلىملىك كىشى ئۆزى ئۆلسىمۇ ، نامى ئۆلمەيدۇ ،
بىلىمسىز تىرىك بولسىمۇ ، نامى ئۆلۈك .

ئەسلى

9 . بىلىگلىگ بىرىنگە بىلىگسىز مىڭىن ،
تەڭەگلى تەڭەدى بىلىگنىڭ تەڭىن .

تەرجىمىسى

9 . بىر بىلىملىك مىڭ نادانغا تەڭ كېلىدۇ ،
بىلىمنىڭ سالمىقى تەڭلەشتۇرگەندە ئايان بولىدۇ .

ئەسلى

10 . باقا كۆرگىل ئەدى ئۇقا سىنايۇ ،
نەنەڭ بار بىلىگتەگ ئاسىغلىغ ئۆڭىن .

تەرجىمىسى

10 . ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كۆرگىن ،
بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار ؟

ئەسلى

11 . بىلىگ بىرلە ئالىم يوقار يوقلادى ،
بىلىگسىزلىك ئەرنى چۆكەردى قودى .

تەرجىمىسى

11 . ئالىم بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۇرۇلدى ،
نادانلىق ئادەمنى تۆۋەنلەشتۇردى .

ئەسلى

12 . بىلىگ يىند ئوسانما بىل ئول ھەق رەسۇل ،
بىلىگ چىندە ئەرسە سىز ئارقاڭ تىدى .

تەرجىمىسى

12 . بىلىم ئىزدە ، ئېرىنمەي ئۆگەن ، خۇدانىڭ ئەلچىسى :

«بىلىمنى جۇڭگودا بولسىمۇ ، ئىزدەڭلار» دېدى .

ئەسلى

13 . بىلىگلىگ بىلىگنى ئەدەرگەن بولۇر ،
بىلىگ تاتىغىن ئەي دوست بىلىگلىگ بىلۇر .

تەرجىمىسى

13 . بىلىملىك دائىم بىلىم ئىزدەيدۇ ،
بىلىمنىڭ تەمىنى ، ئەي دوست ، بىلىملىك بىلىدۇ .

ئەسلى

14 . بىلىگ بىلدۇرۇر بىل بىلىگ قەدرىنى ،
بىلىگنى بىلىگسىز ئوتۇن نە قىلۇر .

تەرجىمىسى

14 . بىلىگنىكى ، بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىم بىلدۇرىدۇ ،
بىلىمسىز نادان ئادەم بىلىمنى نېمە قىلىدۇ ؟

ئەسلى

15 . بىلىگسىزگە ھاق سۆز تاتىغسىز ئەرۇر ،
ئاڭار پەند – نەسىھەت ئاسىغسىز ئەرۇر .

تەرجىمىسى

15 . بىلىمسىزگە ھەق سۆز تەمسىز بىلىنىدۇ ،
ئۇلارغا پەند – نەسىھەتنىڭ پايدىسى يوق .

ئەسلى

16 . نە تۇرلۇگ ئارىغسىز ئارىر يۇماقىن ،
جاھىل يۇپ ئارىماز ئارىغسىز ئەرۇر .

تەرجىمىسى

16 . ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ ،
جاھىلنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدۇ .

ئەسلى

17 . بىلىگلىك كىشى كۆر بىلۇر ئىش ئودىن ،
بىلىپ ئىتەر ئىشنى ئۆكۈنمەز كىدىن .

تەرجىمىسى

17 . قارا ، بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ ،
ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ ، كېيىن پۇشايمان قىلمايدۇ .

ئەسلى

18 . قاموغ تۇرلۇگ ئىش ئەرسە بىلىگسىز ئوڭى ،
ئۆكۈنچ ئول ئاڭا يوق ئوك ئاندا ئادىن .

تەرجىمىسى

18 . تۇرلۇك – تۈمەن ئىشلاردا نادانىنىڭ كۆرگۈلۈكى پۇشايمان ،
ئۇنىڭغا پۇشايماندىن باشقا قىسمەت يوق .

ئەسلى

19 . بىلىگلىگ كەرەگلىگ سۆزۈگ سۆزلەيۈر ،

كەرەكسىز سۆزىنى كۆمۈپ كىزلەيۇر .

تەرجىمىسى

19 . بىلىملىك كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ ،
كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ .

ئەسلى

20 . بىلىگسىز نە ئايسا ئايۇر ئۇقمادىن ،
ئانىڭ ئوز تىلى ئوز باشىنى يىيۇر .

تەرجىمىسى

20 . بىلىمسىز نېمىنى دېسە ئۇقماستىن سۆزلەيدۇ ،
ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ .

ئەسلى

21 . بىلىگ بىرلە بىلىنۇر تۆرۈتگەن ئىدى ،
بىلىگسىزلىك ئىچرە قەنى خەير يىدى .

تەرجىمىسى

21 . ياراتقۇچى ئىگەم بىلىم بىلەن تونۇلىدۇ ،
نادانلىقتا قېنى كىم ياخشىلىق كۆردى .

ئەسلى

22 . بىلىگ بىلمەگەندىن بىرئانچە بۇدۇن ،
ئېز ئەلگىن بۇت ئېتىپ ئىدىم بۇ تىدى .

تەرجىمىسى

22 . بىلىم بىلمىگەنلىكتىن بىرمۇنچە خەلق ،
ئۆز قولى بىلەن بۇت ياساپ ئىگەم دېدى .

ئەسلى

23 . بىلىگلىك سۆزى پەند ـ نەسىھەت ، ئەدەپ ،
بىلىگلىگنى ئۆگدى ئەجەم ھەم ئەرەب .

تەرجىمىسى

23 . بىلىملىكنىڭ سۆزى پەند ـ نەسىھەت ۋە ئەدەپ ،
بىلىملىكنى ئەجەم خەلقمۇ ، ئەرەبلەرمۇ ماختايدۇ .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز ئەسرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقىرى باشلاپ بەرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىزىدىن مېڭىپ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ دىداكتىكىلىق داستانىنى ياراتتى . داستاندا بىلىمنىڭ قىممىتى ، تىلغا پىششىق بولۇشنىڭ پايدىسى ھەمدە گۈزەل ئىنسانىي خىسلەتلەر ئوبرازلىق بايان قىلىنغان .

ئاپتور بىلىملىك بولۇشنى ئۇلۇغلاپ ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش يولى بىلىم ئارقىلىق تېپىلىدۇ ، دەيدۇ . بىلىمنىڭ قىممىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ ، ئادەمدىكى بىلىم

سۆھبەتتىكى يىلىككە ئوخشايدۇ ، سۆھبەتنىڭ كۆركى (قىممىتى ) يىلىك بولغىنىدەك ، ئادەم-نىڭ كۆركى ئەقىل (بىلىم ) دۇر ، بىلىمسىز ئادەم يىلىكسىز سۆھبەتتەك قۇرۇق بولىدۇ ، يىلىكسىز قۇرۇق سۆھبەتكە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ ، دەيدۇ . ئەھمەد يۈكنەكى تەشەببۇس قىلغان بۇ پەزىلەتلەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئىلغارلىق بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە .

1 . ئۆرنەك قىلىنغان بۇ تېكىستلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەزمۇننى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەم ئۆزۈڭلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش توغرىسىدىكى تونۇشۇڭلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

2 . مەزكۇر تېكىستلەردە قانداق تەسۋىري ۋاستىلەر قوللىنىلغان ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ-لار .

3 . ئەسلىي تېكىستنى تەرجىمىسى بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ ، تۆۋەندىكى سۆزلۈك-لەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ چىقىڭلار .

بىلىگ
ئۇرۇمەن
ئۇلا
دىنار
تىشى
ئەرەن
ئاسىغلىغ
يىند
ئوسانما
ئارىفسىز
ئۆكۈنچ
قامۇغ
بۇدۇن
ئۆگدى
تاۋار
ئىلىگ
تۇكۈنمەز

## باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

1 . تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار

| ئىسمى | تۇغۇلغان يېرى | تۇغۇلغان يىلى | ۋاپات بولغان يىلى | ۋەكىللىك ئەسىرى |
|---|---|---|---|---|
| فارابى | | | | |
| يۈسۈپ خاس ھاجىپ | | | | |
| مەھمۇد قەشقىرى | | | | |
| ئەھمەد يۈكنەكى | | | | |

2 . تۆۋەندىكى پارچىلارنى ئوقۇپ ، ئۇلارنىڭ قايسى ئەسەردىن ئېلىنغانلىقىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار :

1 ) «بىلىكنى بەدۆلەك بىل ئوقۇشنى ئۇلۇغ ،
بۇ ئىكى بەدۇتۇر ئۆدۈرمىش قۇلۇغ .» (                )

2 ) «ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە ،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىك ئولە .» (                )

3 ) «بىلىگلىك كىشى كۆر بىلور ئىش ئودىن
بىلىپ ئىتەر ئىشنى ئۆكۈنمەز كىدىن .» (                )

4 ) «سۆڭەككە يىلىگتەگ ئەرەنكە بىلىگ ،
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكىنىڭ يىلىگ .» (                )

5 ) «بىلىكسىز كىشى بارچە ئىگلىگ بولۇر ،
ئىگىگ ئەملەمەسە كىشى تەرك ئۆلور .» (                )

6 ) «بىلگە ئەرىگ ئەزگو تۇتۇپ سۆزىن ئەشت ،
ئەردەمنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا .» (                )

3 . تۆۋەندىكى پارچىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى دەرسلىكتىن تېپىپ يېزىڭلار :

1 ) بولنار مەنى ئۇلاس كۆز ،
قارا مەڭز قىزىل يۈز ،
ئاندىن تامار تۇگەل تۈز ،
بولناپ يانا ئول قاچار .

2 . ئوقۇش ئول بۈرۈندۈق ئانى يەتسە ئەر ،
تىلەككە تەگىرئول تۈمەن ئارزۇيەر .

4 . بۇ باسقۇچتا ئۆگەنگەن تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنىدىن هاسىل قىلغان چۈشەنچەڭلار ۋە تەسىراتىڭلارغا ئاساسەن ئۆزۈڭلار بىر تېما تاللاپ ، بۇ باسقۇچتا تونۇشتۇرۇلغان ئۇلۇغ ئالىملار ، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە مەشهۇر شائىرلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيىسىنىڭ هازىرقى رېئال ئەهمىيىتى ۋە بىلىم ئىگىلەشنىڭ ۋەتىنىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى مۇهىم رولى توغرىسىدا بىر پارچە قىسقا تەسىرات ماقالىسى يېزىڭلار . ماقالىنىڭ هەجمى 4 ـ 5 بەتتىن ئاشمىسۇن . يېزىلىدىغان تەسىرات قايسى خىل ژانىردا بولسا بولىۋېرىدۇ .

# 8 - باسقۇچ

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

بۇ باسقۇچتا ئاساسەن قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى يەنى XIII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەمدە مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تىپىك يازغۇچى - ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تىلى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا مەنسۇپ بولغاچقا، ئادەتتە «چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، يۈكسەك بەدىئىي غايىگە ئىگە بولدى. دۇنيا شېئىرىيەت گۈلزارىنىڭ تۈركىي تىل پاساھەتىدىكى ساھىبقىران ئۇستازى، شەرق مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مىسلىسىز تۆھپە ياراتقان مەشھۇر گۇمانىست شائىر ئەلىشىر ناۋائىي قاتارلىق بىر تۈركۈم يازغۇچى- شائىرلار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» بولۇپ قالدى.

## ئۆگىنىش تەلىپى

1. XIII ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقىنى بىلىۋېلىش.

2. بۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش.

3. بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىۋېلىش.

4. مۇشۇ دەۋردىكى ئىلغار ئەدەبىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش.

# ئاساس بىلىم

## *XIII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى*

ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XIII ئەسىردىن كېيىن يەنە ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى يول بىلەن راۋاجلاندى. مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۈكسەك بەدىئىي پەللە ياراتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ بۇ باسقۇچىدا ناسىرىددىن رابغۇزى، ئاتائى، سەككاكى، مەۋلانا لۇتفى ۋە ئەلىشىر ناۋائىي قاتارلىق جاھانشۇمۇل ئەدىبلەر مۇھىم ئورۇن تۇتتى. ئۇلار ياشىغان يىللار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان يىللار ئىدى.

ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل داللىرىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان چىڭگىزخان (1162 ــ 1227) ناھايىتى تېزلىكتە بىپايان ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىنى ئىگىلەپ، ئاخىرىدا ئوغۇللىرىغا بۇ زېمىنلارنى سۇيۇرغال (بۆلۈپ بېرىش) قىلىپ بەرگەنىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى باشقۇردى. چاغاتاي خانلىقى مىلادىيە 1224 ـ يىلى چىڭگىزخان ئىستېلا قىلغان بارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ، XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە چاغاتاي خانلىقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرى، قازاقىستاننىڭ قىسمەن جايلىرى، شۇنىڭدەك ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرى غەربىي چاغاتاي خانلىقىغا، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شۇنداقلا قازاقىستان-نىڭ يەتتە سۇ رايونى ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتالدى.[1] بۇ خانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزى ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى ئالمالىق شەھىرى ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللار بويىچە، چاغاتاي دەۋرى ئاساسەن مىلادىيە 1224 ـ يىلى چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ، چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بىۋاستە ھۆكۈمرا-نلىق قىلغان چاغاتاي ئۇلۇسى (1224 ــ 1309)، چاغاتاي خانلىقى (1309 ــ 1348)، تۇغلۇق تۆمۈرخان ھامىيلىقىدىكى موغۇلىستان خانلىقى (1348 ــ 1514) دەۋرىدىن يەركەن خانلىقى (1514 ــ 1680) دەۋرىگە قەدەر بولغان تۆت يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىللەردە چاغاتاي ئۇلۇسى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي ئىستېلاسىدا ۋەيران بولغان بۇ رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، ھەر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى بىر مەزگىل مۇقىملاشتۇردى. نەتىجىدە، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىدا

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 811 ـ بەت.

سۆزلەشكۈچى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ، جۇملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بىر گۈللىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى . يەنە بىر تەرەپتىن ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا (يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ) ئىشلىگەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە ئىقتىدارلىق زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى بىلەن بۇ خانلىقنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى . ئەنە شۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا بۇ دەۋردە موڭغۇل يېزىقى بارلىققا كەلدى .

چاغاتاي خان ھۆكۈم سۈرگەن يىللار ئۇزۇن بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئالاھىدە بىر تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھاكىمىيەت سورىغاچقا ، تارىختا بۇ دەۋر «چاغاتاي دەۋرى» دەپ ئاتالدى . بۇ دەۋردە قوللىنىلغان تىل «چاغاتاي تىلى» ، شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىپ قالدى . ئەمەلىيەتتە ، كېيىنچىرەك ياۋروپا تىلشۇناسلىرى تەرىپىدىن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ تىل ئەينى ۋاقىتتا «چاغاتاي ئۇلۇسى»[1] دائىرىسىدە ياشىغان مىللەت ۋە خەلقلەر ئىچىدە مەدەنىيىتى يۇقىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان يېزىق ئەدەبىي تىلىنى ، ناۋائىي تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، «ئۇيغۇر ئىبارەتى» (ئۇيغۇر ئىبارىلىرى ) نى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تىل ئىدى . «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ تىل يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىغا تايانغان بولۇپ ، قاراخانىيلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قويۇق تەسىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن بەزى ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . بۇ تىل ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھاكىمىيەت تىلى ۋە ئىجتىمائىي ، مەدەنىيەت ئالاقە تىلى قىلىنغان . بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ، تېخىمۇ بېيىپ ، خەلقنىڭ نىجادلىق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغىرىلغانلىقى ، فېئودال قائىدە ـ تۈزۈم ۋە ئەسەبىيلەشكەن دىنىي كۈچلەرگە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى ئىلمۇخىل مەجازى ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ، ئارۇز ۋەزنىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقى ، ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتىن ، رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكى ، ژانىر جەھەتتىن ، تېخىمۇ كېڭىيىپ ، غەزەلچىلىك ، روبائىيچىلىق ، «خەمسە» چىلىكنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىدىن باشقا ، يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئېستېتىكا قاتارلىق ساھەلەرگە ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ . شۇڭا ، مۇشۇ دەۋر دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا «ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى» دەپ ئاتالغان . بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بۈيۈك مۇتەپەككۇر ، شائىر ئەلىشىر ناۋائىيدۇر .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . XVI—XIII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى كىملەر ؟ ئۇلار شۇ دەۋر

[1] چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەۋە قىلىپ بېرىلگەن ، شەرقتە ئېۋۇرغول (قۇمۇل ) دىن غەربتە ئامۇ دەرياسى ۋە خەزىنىگىچە ، شىمالدا قورغاستىن جەنۇبتا دېھلىنىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلار «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالغان .

مەدەنىيىتىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن؟

2 . بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قايسى جەھەتلەردە گەۋدىلىنىدۇ؟

3 . «چاغاتاي تىلى» دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان؟

4 . تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىڭلار، توغرىسىنىڭ ئاخىرىغا «√» بەلگىسىنى خاتاسىنىڭ ئاخىرىغا «×» بەلگىسىنى قويۇڭلار.

1 ) چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى چاغاتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت يېزىقى ۋە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقە يېزىقى بولغان. (   )

2 ) «چاغاتاي تىلى» چاغاتاي خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان يېزىق تىلىدۇر. (   )

3 ) XIII ئەسىردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بىر مەزگىل توختاپ قالدى (   )

4 ) «چاغاتاي تىلى» ئەمەلىيەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «خاقانىيە تىلى» ياكى «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇ ئىزچىل ھالدا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلىپ كەلگەن. (   )

5 . چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان ئىدى. (   )

6 . «چاغاتاي ئۇلۇسى» پەقەت شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ. (   )

# مەۋلانا لۇتفى

لۇتفى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان نامايەندىلەر-نىڭ بىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلغان مەشھۇر سۆز سەنئەتكارى، شۇنداقلا كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى غەزەل ژانىرىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەۋلانا لۇتفى تەخمىنەن مىلادىيە 1367 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1466 - يىلى 99 يېشىدا ھېراتتا[1] ۋاپات بولدى. خوتەنلىك تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن ئىدىلەر»[2] دەپ يازغىنىغا قارىغاندا، لۇتفى ئەسلىدە موغۇلىستانلىق[3] بولۇپ، تىنچ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللى-نىشىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھېراتقا بېرىپ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى دېھى كانار دېگەن جايغا ماكانلىشىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇل-لانغانلىقى مەلۇم. يەنە بەزىلەر شائىرنىڭ:

يالغۇز ھىرىدا يوقكىم، ئانىڭ زولفى ۋە سىفىدە،
شېئىرىنىڭ شىئارى، لۇتفى خىتاۋۇ خوتەندە بار.

دېگەن شېئىرىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى خوتەن، دەپ قارىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار ساقلانمىغان.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، لۇتفى ئۆز ئۆمرىدە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. لېكىن ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى «دىۋان» ھالىتىدە ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «دىۋان لۇتفى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى، «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق لىرىك داستانى ۋە «مەشھونۇلھە قايىق» (ھەقىقەتلەر شەرھى) ناملىق ئەسەرلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇ يەنە شەرىفىدىن ئەلى يەزدى يازغان «زەپەرنامە» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

«دىۋان لۇتفى» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مۇكەممەل دىۋان (توپلام) بولۇپ، ئۇ 280 غەزەل، 2 قەسىدە، 18 قىتئە ۋە بىرقانچە تۇيۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ «دىۋان» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى تېپىلغىنى يوق، ئۇنىڭ كېيىن كۆچۈرۈلگەن بىرقانچە قوليازما نۇسخىلىرى ھازىر تاشكەنت، لېنىنگراد، ئۇلۇغ برىتانىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

«گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى 120 باب، 2400 مىسرا بولۇپ، ئۇ 1411 - يىلى

---

① ھېرات — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى شەھەر، XV ئەسىر خوراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان، چاغاتاي دەۋرىدىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى.

② «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 39 - بەت.

③ موغۇلىستان — چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلاشقان موڭغۇل يەرلىك ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى رايونلار مۇسۇلمان تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ.

يېزىلغان . لۇتفى بۇ داستاندا نەۋشاد ئېلىنىڭ پادىشاھى فەررۇخنىڭ ئوغلى نەۋرۇز بىلەن فەرخار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى مۇشكىننىڭ قىزى گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۇ- زەشتىلىرىنى تەسۋىرلىگەن . داستاندا نەۋرۇز ، گۈل ، بۇلبۇل ، بەھمەن ، سەۋسەن ، فەر- رۇخ ، موشكىن ، چىن خاقانى ، زەڭگى قاتارلىق لىرىك ئوبرازلار يارىتىلغان . بۇ ئوبرازلار- نىڭ خاراكتېرى ۋە ئېپادىلىنىش شەكلىگە قاراپ ، شائىرنىڭ بۇ داستاننى سىمۋولىزملىق تۇسكە ئىگە بولغان رومانتىك داستان دېيىشكە بولىدۇ . شائىر لۇتفى كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇر- دى . ئۆزىنىڭ لىرىك غەزەللىرىدە رېئال ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ، ئەركىنلىك ۋە ئادالەت- نى ، ھۆرلۈك ، سائادەتنى ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئاساسىي تېما قىلىدۇ ، ئۇ رېئال ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى خىيالىي جەننەتنىڭ مەئىشىتىدىن يۇقىرى قويۇپ مۇنداق يازىدۇ :

ئەگەر سەن بولماساڭ گۈلدەك چەمەندە ،
كىشى نېتكەي ئۇ شۇل بەيتۇلھەزەندە .

ساداقەت ۋە ۋاپادارلىققا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپ ، ۋاپاسىزلىققا نەپرەت بىلدۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ :

كىشى كىم يوقتۇر مېھرۇ - ۋافاسى ،
ئەگەر خورشىددۇر ئاندىن نە ھاسىل ؟ !

لۇتفى غەزەللىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى ، مەجازى ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاند- غانلىقى جەھەتتىن ئالغاندا ، XV ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقال- غان ۋە يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بـولـغان . شۇ سەۋەبتىن لۇتفى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تۈركىگۈيى (تۈركىي تىلد [redacted] ىلك ماھىرى ) دەپ قارالغان ، ئەينى دەۋردىكى ئاتاقلىق مۇتەپەك- كۇرلار ۋە مەشھۇر شائىرلار لۇتفىنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇنى زور ھۆرمەت بىلەن مەدھىيىلد- گەن . بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋائى لۇتفىنى ھۆرمەتلەپ ، دەۋرىنىڭ «مەلىكولكالامى» (سۆز پادىشاھى ) ، «ئۇيغۇر ئىبارەتىنىڭ فوسۇھاسى» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىسى ) ، «فە- سەھ ۋە بەلغ ئەدىب» (ئۆتكۈر ۋە كامالەتكە يەتكەن ئەدىب ) ، «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشى» ، «مېنىڭ ئۇستازىم» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن .

مەۋلانا لۇتفى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىيلەر ھۆكۈم سۈرگەن زۇلمەتلىك دەۋردە ياشاپ ئىجاد قىلدى . لۇتفىنىڭ ھاياتى گەرچە غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇ ئىجتىھات بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ، ئاز ئەمما ئىنتايىن ساز ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتتى . شائىرنىڭ ئىجادىي نەتىجىلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتى بىلەن بىۋاستە باغلاندى . شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . لۇتفىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

2 . لۇتفى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى نېمىدىن ئىبارەت ؟ ئۇنىڭ غەزەللىرىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن ؟

3 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار .

1 ) لۇتفى _____ ئەسىردىكى يىرىك شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان __________ ناملىق لىرىك غەزەللەر توپلىمى ، __________ ناملىق داستانى ۋە __________ ناملىق ئەسىرى بار .

3 ) ئەلىشىر ناۋائى لۇتفىنى مەدھىيىلەپ ، ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ __________ ، __________ ، __________ ، __________ دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن .

4 ) لۇتفى يەنە __________ نىڭ __________ ناملىق تارىخىي ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان .

5 ) «دىۋان لۇتفى» نامىلىق تـوپلامـغا __________ غەزەل ، __________ قەسىدە ، __________ قىتئە ۋە __________ تۇيۇق كىرگۈزۈلگەن .

6 ) «گۈل ۋە نەۋرۇز » داستانى __________ يىلى يېزىلغان بولۇپ ، __________ باب ، __________ دىن تەركىب تاپقان .

7 ) لۇتفى __________ ۋە __________ تىللىرىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ ، __________ تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن .

# ئەلىشىر ناۋائى

چاغاتاي بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ، ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر ، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋائى 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ 2ـ سۇلتانى شاھرۇھ مىرزىنىڭ پايتەختى ھېرات شەھىرىدە زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن بىرى بولغان غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلدى . ئەينى ۋاقىتتا ، ھېراتتا ئوقۇغان ۋە ئەلىشىر ناۋائىنىڭ ئۇلپەتلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر (1500 — 1551 ) يازغان «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق كىتابىنىڭ «مىرئەلىشىر زىكرى» دېگەن بابىدا بۇ ھەقتە : «مىر ئەلىشىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرى دىن تورۇر ، ئاتاسىنى كىچىككىنە باخشى ئاتار ئەردىلەر» (مىرئەلىشىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ ، ئۇنىڭ دادىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى ) دەپ يازغان . «باخشى» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مۇئەللىم ، ئۇستاز ، تېۋىپ ، دوكتور » مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان خاس ئىسىم ئىدى . بۇ كىشى ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چاغاتاي ئولۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئابرۇيى ، ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە ناھايىتى بىلىملىك ، ساخاۋەتلىك ۋە غەيرەت ـ شىجائەتلىك زات بولۇپ ، ئوغلى ئەلىشىرنىڭ بىلىملىك ، پەزىلەتلىك ، ياراملىق ئەر بولۇپ چىقىشىغا بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلغان . شۇڭا ، ئۆز زامانىسىدا بۇ ھۆرمەتلىك زات «باخشى» ، «كىچىك باھادىر» دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەنگەن . ناۋائىنىڭ دادىسى غىياسىددىن كىچىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان بولۇپ ، دەسلەپ تېمۇرىيلەر سارىيىدا خىزمەت قىلغان . 1447 ـ يىلى خوراسان پادىشاھى شاھرۇھ مىرزا ئۆلۈپ ، ھېراتتا تەخت ماجىرالىرى كۈچەيگەندە ، ناۋائى ئائىلىسى ئامالسىزلىقتىن ئىراقنىڭ تەفت شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى . بۇ يەردە ناۋائى 7 — 12 ياشقىچە (5 يىل ) تۇردى . 4 — 5 يېشىدىلا مەكتەپكە كىرگەن زېرەك ناۋائى تەفت شەھىرىدە ئوقۇشنى يەنە ئىزچىل داۋاملاشتۇردى . بۇ يەردە ياش ئەلىشىر «زەپەرنامە» نىڭ ئاپتورى ، مەشھۇر تارىخچى شەرفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ سۆھبەتلىرىگە نائىل بولىدۇ . ئارىدىن 3 يىل ئۆتۈپ ئوبۇلقاسىم بابۇر شاھ تەختكە چىقىپ خوراسان تىنجىغاندىن كېيىن ، ناۋائى ئائىلىسى يەنە ھېراتقا قايتىپ كېلىدۇ . ناۋائىنىڭ دادىسى غىياسىددىن كىچىك ئوبۇلقاسىم بابۇر سارىيىغا خىزمەتكە كىرىپ ، سەبزۋار شەھىرىگە ھاكىم بولىدۇ . (1452 — 1457 ) . بۇ ئارىلىقتا ئەلىشىر ناۋائى ھېراتتا ئوتتۇرا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى ھەمدە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇزىكىشۇناس خوجا يۇسۇپ بۇرھانىددىندىن مۇزىكىچىلىق تەلىم ئېلىشقا باشلىدى .

ئەلىشىر ناۋائى ھېراتتا دادىسى ۋە شائىر تاغىلىرى مىرسەئىد كابىلى ، مۇھەممەت ئەلى غەرىبىلەر تەسىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى شائىرلار ۋە ئالىملارنىڭ مۇشائىرە ۋە ئىلمىي سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىپ ، زور ئىلھاملار ئالدى . بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئەلىشىرنىڭ بالىلىق قەلبىدە ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەت ئىشتىياقى ئوت بولۇپ ياندى . نەتىجىدە ئۇ 10 — 12 ياشلىرىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ قالدى . ئۇ ھېراتتا ئەينى زامانىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى بىلەن تونۇشتى ، لۇتفى ناۋائىنىڭ

12 ياش مەزگىللىرىدىكى بەدىئىي ئىجتىھاتى ۋە شېئىرىي ماھارەتلىرىگە ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى . ئەلىشىر ناۋائىي دادىسىدىن يېتىم قېلىپ ، 15 ياشقا توشقاندىن كېيىن ، يېقىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئوبۇلقاسىم بابۇر سارىيىغا خىزمەتكە كىردى . ئوبۇلقاسىم بابۇر 1455 ـ يىلى مەشھەد شەھىرىگە يۆتكەلگەندە ، بۇ ئىككى ئىقتىدار- لىق ياشنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتتى ، ئۇلار مەشھەددە ئوقۇشىنى بىللە داۋاملاشتۇردى . 1457 ـ يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇر شاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ھۈسەيىن بايقارا تەخت مىراسخورى سۈپىتىدە مەرۋى شەھىرىگە بېرىپ ، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىنى باشلىدى . ئەلىشىر ناۋائىي شۇنىڭدىن كېيىن مەشھەددە 4 يىل ئوقۇشىنى يالغۇز داۋاملاشتۇردى . ئۇ لوگىكا ، پەلسەپە ، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئاساسىي ئىلىم سۈپىتىدە داۋاملىق ئۆگىنىشتىن تاشقىرى ، تاجىك ـ پارس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋ- سى ، شەيخ سەئىدى ، نىزامى گەنجەۋى ، خوسرەۋ دېھلەۋى قاتارلىقلارنىڭ داستانلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى . ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن ئەھمەد يۈكنەكى ، شەيخزادە ، ئاتائىي ، سەككا- كى ، لۇتفى قاتارلىقلارنىڭ ئۆز تىلىدا ياراتقان ئاجايىپ ماھارەتلىك شېئىر- داستانلىرىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭدىن زور تەسىر ئالدى . ئۇ مەشھەددە يەنە تاجىك ـ پارس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ، پەيلاسوپ ئابدۇرەھمان جامى (1414 ـــ 1492 ) بىلەن تونۇشۇپ ئۇنى ئۇستاز تۇتتى . نەقشىۋەنچىلىكنىڭ سادىق مۇرىتى ۋە ئىلغار تەسەۋۋۇپچى شائىر ئابدۇراھمان جامى 18 ـــ 19 ياشلىق ئەلىشىر ناۋائىينىڭ بىلىمى ۋە بەدىئىي ئىستېداتىغا زور ھەۋەس بىلەن مۇئامىلە قىلدى ۋە ناۋائىينىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى .

ھېراتنىڭ ۋەزىيىتى بىرقەدەر تىنچلانغاندىن كېيىن ، ناۋائىي 1459 ـ يىلى ھېراتقا قايتىپ كەلدى . ئەمما ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ يېقىنلىرىغا ئۆچمەنلىك نەزەرىدە قارايدىغان ھېراتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى خانى زالىم ئەبۇ سەئىد سۇلتان ناۋائىينى سەمەرقەنتكە سۈرگۈن قىلدى .

ئەلىشىر ناۋائىي سەمەرقەنتتە 9 ـــ 10 يىل ياشىدى . ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركەز- لىرىدىن بىرى بولغان سەمەرقەنتتىكى ھايات ياشلىق قۇرامىغا تولغان ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي يۈنىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . ناۋائىي سەمەرقەنتتە كۆپلىگەن ئالىملار ۋە ئەدىبلەر بىلەن تونۇشتى . شۇ ۋاقىتتىكى سەمەرقەنتنىڭ ھاكىمى «ۋەفائى» تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر ئەدىبى ئەھمەد ھاجىبەگ سۇلتان مالىك قەشقىرى ناۋائىيغا ھامىيلىق قىلدى . مەشھۇر ئالىم ، مۇدەررىس فەزلۇللا ئەبۇل لەيس ناۋائىينى ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا كۆرۈپ ، ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى .

ئەبۇ سەئىد سۇلتان جەڭدە يېڭىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن ، ناۋائىينىڭ دوستى ھۈسەيىن بايقارا خوراسانغا سۇلتان بولۇپ ، ھېراتتا تەختكە چىقتى . شۇنىڭ بىلەن ، 1469 ـ يىلى ناۋائىي يەنە ھېراتقا قايتىپ كەلدى .

ناۋائىي ھېراتتا ھۈسەيىن بايقارا باشچىلىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا كۈچەپ ئىشلىدى . ئۇ 1472 ـ يىلى 31 يېشىدا ئەمىر (ۋەزىر ) لىككە بەلگىلەندى . لېكىن ، ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن مەجدىددىن قاتارلىق بىر ئۇچۇم يامان نىيەتلىك كىشىلەر پىتنە ـ پاسات تېرىپ ناۋائىيغا ھۇجۇم قىلدى . ئوردا پىتنىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى ئۈچۈن ۋاقىت ئېھتىياجى تۈپەيلى ناۋائىي 1476 ـ يىلى ئەمىرلىكتىن ئىستېپا بەردى . ئوردا ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش مەقسىتىدە ، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ناۋائىينى 1487 ـ يىلى ئاستراباتقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى . ئوردا ئەمەلدارى مەجدىددىننىڭ سۈيىقەستىنى

چۈشىنىپ يەتكەن سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئاخىر مەجدىددىننى ئوردا ۋەزىرلىكىدىن ئېلىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەلىشىر ناۋائى ھېراتقا قايتىپ كېلىپ ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھېراتتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى . ئايىغى ئۈزۈلمىگەن تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ناۋائى ئائىلىسىگە كەلگەن بەختسىزلىكلەر ، ئوردىدىكى پىتنە - پاساتلار ۋە ئىجادىي ھارغىنلىق ناۋائىنى كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى . نەتىجىدە ، شەرق ئەدەبىيات گۈلزارىنىڭ ساھىبقىران ئۇستازى ۋە تەڭداشسىز تۆھپىكارى بولغان بۇ ئوت يۈرەك گۇمانىست شائىر 1501 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 60 يېشىدا ھېراتتا ئالەمدىن ئۆتتى .

ئۆز ئانا تىلى ئۇچۇن قاتتىق كۈرەش قىلغان ئەدىبلەرنىڭ پېشۋاسى ، تۈركىي ، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە مىسلىسىز چوڭ رول ئوينىغان بۇ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى نىزامىددىن ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتە ئادەتلەنگەن ئىسمى ئەلىشىر بولۇپ ، سۇلتان ھۇسەيىن بايقاراغا ئون يىللاپ ئەمىر بولغىنى ئۇچۇن ئىسمىغا ئەمىر ياكى مىر دېگەن ئەمەل نامىنى قوشۇپ ئاتىغان . شۇڭا ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلىشىر ياكى ئەمىر (مىر ) ئەلىشىر دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان . ئەلىشىرنىڭ ئۆزئانا تىلىدىكى ئىجادىيىتىدە قوللانغان تەخەللۇسى «ناۋائى» (ناۋا قىلغۇچى ) ، پارس تىلىدىكى ئىجادىيىتىدە قوللانغان تەخەللۇسى «فاني» (يوقالغۇچى ) ، تولۇق ئىسمى نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋائى ئىدى .

ئەلىشىر ناۋائى بالىلىق چاغلىرىدىلا ناھايىتى زېرەك ۋە ئەقىللىق بولۇپ ، بىر ئۆمۈر ئۆگىنىپ ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كامالەت تاپقان . ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا مېھنەتكەشلەرنى ھۆرمەتلىگەن . ئۇلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ياقلىغان ، ئەل - يۇرتنىڭ تىنچلىقى ۋە پاراۋانلىقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن ، خەلققە زۇلۇم - ستەم سالغۇچى زالىملارغا غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرگەن . ئۇنىڭ يۈكسەك خەلقچىل روھى بالىلىق دەۋرىدە يازغان بىر غەزىلىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن .

يار جەفا كەلسە ماڭا بىرقەتلە فەرياد ئەيلەمەن ،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا ، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەمەن .

مانا بۇ ئوتلۇق قەسەم شائىرنىڭ تۈپ دۇنيا قارىشى ئىدى . شۇ سەۋەبتىن كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ ئالىيجاناب ئىنساننى چەكسىز ئىززەتلىگەن ۋە ھۆرمەتلىگەن ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىنساپەرۋەر شائىرىنى ھېچكىم بىلەن تەڭ قىلمىغان ، ئەسىرلەر مابەينىدە بۇ پاساھەتلىك شائىرنى قەلب تۆرىدە ساقلاپ كەلگەن .

ناۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ، ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى . ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى بىلەن مەدرىسە - مەكتەپلەر ، شىپاخانا ۋە قونالغۇ سارايلار ، كۆۋرۈك ۋە يوللار ياسىدى ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر قازدۇرۇپ ، خەلقنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى . قىسقىسى ، دادىسىدىن قالغان پۈتۈن مال - مۈلكىنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا تەقدىم قىلدى . ئۇ دوست - بۇرادەرلىرىگە كۆيۈمچان ۋە ۋاپادار بولۇپ ، ئالىملار ، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھامىيسى ئىدى . شۇڭا ، ئاشۇ دەۋردىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ، ئالىملار ، سەنئەتكارلار ناۋائى ئەتراپىغا جەم بولۇپ ، ناۋائىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن . نەتىجىدە ، ناۋائى باشچىلىق قىلغان بۇ دەۋر ئەدەبىياتى شەرق ئەدەبىيات تارىخى ، جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى «ئالتۇن دەۋر» بولۇپ قالغان .

# ناۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى

ئەلىشىر ناۋائى 60 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 30 تومغا يېقىن غايەت زور ئىلمىي ۋە بەدىئىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يېڭى بىر مۇنەۋۋەر يۈكسەك پەللىنى يارىتىپ، جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى يۇقىرى پەللە بولۇپ، ژانىر جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە.

ئەلىشىر ناۋائى 12 يېشىدىلا شېئىر يېزىشنى باشلىغان بولۇپ، 15 يېشىدا ئىككى تىل (ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس تىلى) دا ئىجاد قىلغۇچى شائىر سۈپىتىدە ئەل ئىچىدە تونۇلۇش بىلەن، بەدىئىي ئىجادىيەتتە راسا ۋايىغا يېتىشكە باشلىدى. 1469 ـ يىلى تۇنجى دىۋانى «بەدائىئۇل ـ بىدايە» (باشلىنىش ئاجايىپلىرى) نى، 1480 ـ ، 1487 ـ يىللىرى ئىككىنچى دىۋانى «نەۋادىرۇن ـ نىھايە» (ئۆمۈرنىڭ كەم تېپىلىدىغان چاغلىرى) نى تۈزۈپ چىقتى. 1483 ـ يىلىدىن 1485 ـ يىلىغىچە «خەمسە» چىلىكتە نام ـ شۆھرەت قازانغان نىزامى گەنجەۋى، خوسرەۋ دېھلىۋىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ «ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى)، «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەئبەئى سەييار» (يەتتە سەييارە)، «سەددى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) دىن ئىبارەت بەش بۈيۈك داستاندىن تەركىب تاپقان «خەمسە ناۋائى» ــ شېئىرى رومانلار تۈركۈمىنى يېزىپ تاماملىدى. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە» ژانىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى بولغان «خەمسە ناۋائى» 50 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئالەمشۇمۇل نادىر ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ناۋائى ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى نامايان قىلدى. 1488 ـ يىلى ئىران پادىشاھلىرى تارىخىغا بېغىشلانغان «تارىخىي مۇلۇكى ئەجەم» ناملىق تارىخىي ئەسىرىنى، 1490 ـ يىلى «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر» (سەئىد ھەسەن ئەردەشىرگە مەكتۇپ) ناملىق ئەسىرىنى، شېئىرىيەتتىكى مۇئەمما (تېپىشماق) ژانىرى نەزەرىيىسىگە بېغىشلانغان «رىسالاتى مۇئەمما» (مۇئەمما رىسالىسى) نى، 1491 ـ يىلى زامانداشلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەتلىرى بايان قىلىنغان «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى، 1492 ـ يىلى شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە ئائىت «مىزانۇل ئەۋزان» ناملىق ئەسىرىنى ۋە ئۇستازى ئابدۇراھمان جامىغا بېغىشلانغان «خەمسە تۇلمۇتەييىرىن» نى، 1493 ـ يىلى يېقىن دوستى، مۇزىكىشۇناس، شائىر پالۋان مۇھەممەتكە بېغىشلانغان «ھالاتى پالۋان مۇھەممەت» نى يازدى.

ناۋائى 1492 ـ يىلىدىن 1498 ـ يىلىغىچە ئۇستازى ئابدۇراھمان جامىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلگىرى تۈزگەن ئىككى شېئىرى دىۋانىغا كىرگۈزۈلمەي قالغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ، 3132 غەزەل، 48803 مىسرادىن تەركىب تاپقان چوڭ تېپتىكى مۇكەممەل دىۋان ــ «خەزايىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزدى. ئارۇز ۋەزنىنىڭ 16 خىل بەھرىدە يېزىلغان بۇ توپلام «غەرايىبۇسسىفە» (بالىلىق ئاجايىباتلىرى)، «نەۋادىرۇش شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدائىئۇلۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋائىدۇلكىبەر» (قېرىلىق پايدىلىقلىرى) قاتارلىق تۆت دىۋاندىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن كېيىنچە «چاھار دىۋان» (تۆت دىۋان) دەپ ئاتالغان.

ناۋائى يەنە 1498 ـ يىلى «تارىخي ئەنبىيا ۋەلھۇكەما» ناملىق تارىخي ئەسىرىنى ھەمدە بالىلىق چاغلىرىدا سۆيۈپ ئوقۇغان، دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان فەرىدىددىن ئەتتار (1148 ــ 1229) نىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» داستانى ئاساسىدا «لىسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى يازدى. ئۇ يەنە «ۋەقفىيە» ناملىق ۋەسىقە ئەسىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، دوستلىرى ۋە كەسىپداشلىرىغا يازغان مەكتۇپلىرىنى رەتلەپ «مۇنشەئات» دېگەن توپلامنى تۈزدى. 1499 ـ يىلى تىلشۇناسلىقتا ئائىت مەشھۇر ئەسىرىنى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ تۈگەتتى. 1495 ـ يىلدىن باشلاپ يېزىشقا باشلىغان پارس تىلىدىكى شېئىرىنى توپلاپ 1500ـ يىلى «دىۋان فانى» نى تۈزدى. شۇ يىللاردا پەن، دىنىي، ئەخلاقى، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى توپلاپ «مۇراجىئەتنامە»، «سىراجول مۇسلىمىن» (مۇسۇلمانلىق نۇرلىرى)، «چېھل ھەدىس» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تۈزدى. ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلىدا «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» (كۆڭۈللەر سۆيگىنى) ناملىق يەنە بىر مۇھىم ئەسىرىنى يېزىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى يەكۈنلەپ مۇجەسسەملەشتۈردى. ئۇ يەنە ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا غەزەل، قەسىدىلەردىن تەركىب تاپقان «فۇسۇلى ئەربەئە» (تۆت پەسىل)، «لىتسەئى زەرۇرىيا» (ئالتە زۆرۈرىيەت) قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك توپلاملىرىنى تۈزگەنلىكى مەلۇم. ناۋائى ھاياتىدا ياراتقان 30 پارچىغا يېقىن يىرىك ئەسەرلىرىدىن يىگىرمە نەچچىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. ئەلىشىر ناۋائىنىڭ زادى قانچە پارچە ئەسەر يازغانلىقى ھەققىدە دۇنيادا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. تۈركىيە جۇمھۇرىيەتلىك تىل قۇرۇمى (ئاكادېمىيىسى) تەييارلىغان «مىزانۇل ئەۋزەن» نىڭ كىرىش سۆزىدە ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، ئەلىشىر ناۋائى يازغان 29 پارچە ئەسەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسەتكەن ۋە بۇ يىرىك ئەسەرلەرنى ژانىر ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، شېئىرىي دىۋانلار، خەمسە، تەزكىرىلەر، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلەر، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەر، تارىخي ئەسەرلەر، تەرجىمىھال ئەسەرلىرى، ۋەسىقىلەر، مۇنشائاتلار (مەكتۇپلار) قاتارلىق توققۇز تۈرگە بۆلگەن.①

XIX ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى 1854 ــ 1855 يىللىرى يازغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق كىتابىدا ئەلىشىر ناۋائى 63 پارچە كىتاب يازغان، دېگەن ئۇچۇرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.②

ناۋائىشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ناۋائى 200 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق نەزمىي ئەسەر ياراتقانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، نەسرىي يېزىلغان كۆپلىگەن ئىلمىي، تارىخي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى بار.

ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە ئادالەت غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەلسەپە، ئىلاھىيەت، بىلىم، ئىرادە ئەركىنلىكى، ئەخلاق، دۆلەت، خەلقلەر دوستلۇقى، گۈزەللىك، مۇھەببەت ۋە تەلىم ـ تەربىيە قاتارلىق مۇھىم ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر يورۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمان ۋە ئېپىك قەھرىمانلىرى مىللەت، رايون، دىن ۋە جىنس پەرقلىرىنى بۇزۇپ، گۇمانىستىك پىكرىنىڭ بەدىئىي دۇردانىلىرىنى گەۋدىلەندۈردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆلمەس پىرامىدا سۈپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن دۇنيا ئەدەبىياتىغا

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى، 4 ـ سان، ئىبراھىم مۇتىئى تەييارلىغان ماقالىلەرگە قاراڭ.
② مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 56 ـ بەت.

كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئەلىشىر ناۋائىي ئەسەرلىرىنى تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قوللانما قىلىپ كەلدى . بەش ئەسىردىن بۇيان ناۋائىي ئەسەرلىرىنى قولمۇقول كۆچۈرۈپ ، ھەربىر ئائىلە دېگۇدەك ، مۇقەددەس دەستۇر سۈپىتىدە ساقلاپ كەلدى ، شەرھشۇناسلار ئۇنىڭ بەزى پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىگە شەرھلەر يازدى . تارىختا بىر ئۆمۈر ناۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ، كۇللىيات (توپلام ) قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلار خېلى كۆپ . قىسقىسى ، ناۋائىي خەلقىمىز بىلەن ئەسىرلەر مابەينىدە ھەمنەپەس بولۇپ كەلدى . ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا جارىڭلاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام كۈيلىرىگە ناۋائىينىڭ 1253 مىسرادىن ئارتۇق شېئىر ـ غەزەللىرىنىڭ تېكىست قىلىنغانلىقى بۇنىڭ پولاتتەك دەلىللىدۇر . تارىختا قەشقەر ۋە خوتەندە كۆپ قېتىم ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ كۇللىياتى (تولۇق توپلاملىرى ) تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم . ئۇنىڭ ئىچىدە ، 1824 ـ ، 1830 ـ يىللىرى قەشقەردە ئابدۇرېھىم پازىل قەشقىرى دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تۈزۈلگەن «ناۋائىي كۇللىياتى» ئىچىگە ناۋائىينىڭ 19 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان كۇللىياتلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ كۇللىيات ھېسابلىنىدۇ . بۇ كۇللىيات ھازىر تاشكەنت ناۋائىيشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا . يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ناۋائىي ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئۆزبېك ، ئۇيغۇر تىللىرىدا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ نەشر قىلىنغاندىن باشقا ، يەنە رۇسىيە ، تۈركىيە ، ئىتالىيە ، گېرمانىيە ، فرانسىيە ، ئەنگلىيە ، ئامېرىكا ، پاكىستان ، ئافغانىستان ، ياپونىيە ، جۇڭگو ، مالايسىيا قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەردە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى . ئۇ دۆلەت ۋە مىللەتتىن ھالقىپ ، دۇنيا ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابى بولۇپ قالدى . دۇنيا ب د ت تەشكىلاتى ناۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1991 ـ يىلنى دۇنيا «ناۋائىي يىلى» دەپ بەلگىلەپ زور تەنتەنە قىلدى ھەمدە شۇ يىلى تۈركىيە ، ئۆزبېكىستان ۋە باشقا جايلاردا خەلقئارالىق ناۋائىينى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى . ئېلىمىزدە 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ناۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقى ، ۋاپاتىنىڭ 500 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پايتەختىمىز بېيجىڭدا مەملىكەت كۆلەملىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ۋە ناۋائىيشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى . ھازىر دۆلىتىمىزدە ، جۈملىدىن ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان ، تۈركىيە ، رۇسىيە ۋە باشقا ياۋروپا ئەللىرىدە ناۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ۋە كېڭەيمەكتە .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ناۋائىي كىم ؟ ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭلار .

2 . ناۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى ۋە تەسىرىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

3 . ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت ؟

4 . ناۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك نەمۇنىسى قايسى ئەسەردىن ئىبارەت ؟

5 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار .

1 ) «خەمسە» ________ يىللىرى يېزىلغان بولۇپ ، ئۇ ________ ، ________ ، ________ ، ________ قاتارلىق ________ داستاننى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ .

2 ) «خەزايىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى ) ناملىق شېئىرىي دىۋان __________ يىلى تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇ __________ ، __________ ، __________ ، __________ دىن ئىبارەت __________ توپلامدىن تۈزۈلگەن . شۇڭا ئۇ كېيىنچە __________ دەپ ئاتالغان .

3 ) ئەلىشىر ناۋائى __________ يىلى __________ ئاينىڭ __________ كۈنى __________ شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ، __________ يىلى __________ ئاينىڭ __________ كۈنى شۇ شەھەردە ۋاپات بولغان .

4 ) ناۋائى ئۆمرىدە __________ مىسرادىن ئارتۇق __________ ئەسەر __________ ياراتقانلىقى مەلۇم .

5 ) ئەلىشىر ناۋائى ئۆز ئانا تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە __________ تەخەللۇسىنى ، پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە __________ تەخەللۇسىنى قوللانغان .

6 . تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنىڭ توغرا - خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار

1 ) ناۋائى سۇلتان ئەبۇ سەئىد ھۆزۈرىدا 1482 - يىلى ئەمىر (ۋەزىر ) لىككە تەيىنلەن-گەن ( )

2 ) ناۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ، ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى . ( )

3 ) ناۋائى ئەسەرلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى يۇقىرى پەللە بولۇپ ، ژانىر جەھەتتىن كۆپ خىللىقتا ئىگە . ( )

4 ) ناۋائى 1491 - يىلى 300 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرى بايان قىلىنغان «مەجالسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى ) ناملىق ئەسىرى-نى يازدى . ( )

5 ) ناۋائى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلىدا ، يەنى 1500 - يىلى تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە بېغىشلانغان «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» (كۆڭۈللەر سۆيگىنى ) ناملىق ئەسىرىنى يازدى . ( )

6 ) ناۋائى ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئۇستازى ئابدۇراھمان جامىنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق داستانى ئاساسىدا «لىسانۇتتەيىر» ناملىق ئەسىرىنى يازدى . ( )

# *33 . غەزەل*

## لۇتفى

1 . نىگارا ، سەنسىزنى مەندىن نە ھاسىل ؟
ئەگەر جان بولمىسا تەندىن نە ھاسىل ؟
2 . چۇگۇلدىن رەڭ ئېمەس ، بۇلبۇلغا بۇيىيە ،
باھارۇ ، باغۇ ، گۇلشەندىن نە ھاسىل ؟
3 . جاپاۋۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇبسەن ،
مۇنىڭدەك ئىشۋە پۇرفەندىن نە ھاسىل ؟
4 . كىشىكىم يوقتۇرۇر مېھرۇ - ۋافاسى ،
ئەگەر خۇرشىددۇر ئاندىن نە ھاسىل ؟
5 . بۇ تۇرلۇك ھۆسن ئىلە لۇتفى قۇلۇڭغە ،
ئىنايەت قىلماساڭ ، سەندىن نە ھاسىل ؟

مەزمۇنى :

1 . ئەي نىگارىم ، سەن بولمىساڭ ، مېنىڭ
ھايات كەچۈرۈشۈمدىن نېمە پايدا ؟
ئەگەر جان بولمىسا ، تەننىڭ نېمە پايدىسى بار ؟
2 . گۇلنىڭ رەڭگى بولمىسا ، ئۇ بۇلبۇلغا
ئوت - چۆپكە ئوخشاش بىر نەرسە .
ئۇ چاغدا باھارنىڭ ، باغنىڭ ، گۇلشەننىڭ نېمە پايدىسى بار ؟
3 . جاپا بىلەن نازۇكەرەشمىنى ئۆزۈڭگە ھۈنەر قىلىۋاپسەن ،
مۇنداق ناز قىلىش بىلەن ھىيلىگەرلىكنىڭ نېمە پايدىسى ؟
4 . مېھرى ، ۋاپاسى يوق كىشى ،
قۇياش بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا ؟
5 . لۇتفى قۇلۇڭغا ئىلتىپات قىلمىساڭ ، قانچىلىك ھۆسن
بولغان بىلەنمۇ سېنىڭ بولغانلىقىڭدىن نېمە پايدا ؟

### مۇھاكىمە ۋە كۈنۈكمە

مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XV ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر رومانتىك لىرىك شائىرى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ «مەلىكۇل كالامى» . ئۇ تەخمىنەن 1367 ـ يىلى تۇغۇلۇپ ، 99 يېشىدا ھېرات شەھرىدە ۋاپات بولغان . ئۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس تىلىدا ياراتقان ئاجايىپ لىرىك شېئىرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا چوڭ شۆھرەت قازانغان .

لۇتفىنىڭ غەزەللىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى ، مەجازى ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن

پايدىلانغانلىقى ، لىرىكىلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى جەھەتتىن ئالغاندا XV ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ .

ئۇ ئۆزىنىڭ لىرىكىلىرىدا رېئال ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ، ئادالەتنى ، ھۆرلۈكنى ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ۋە باراۋەرلىكنى ئاساسىي تېما قىلغان . ئىنسانىي مۇھەببەت ، پىداكارلىق ، ساداقەت ، قەھرىمانلىق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇپ ، ۋاپاسىزلىق ، دىيانەتسىزلىك ياۋۇزلۇق ، زالىملىق ، ئىككى يۈزلىمىلىك قاتارلىق يامان قىلمىشلارنى قاتتىق قامچىلىغان .

دەرسلىككە تاللانغان مەزكۇر «غەزەل» دە شائىر ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئەخلاقى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن .

1 . سىلەر بۇ غەزەلنى پۇختا ئوقۇپ چىقىپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

2 . بۇ غەزەلدە قانداق مەجازى ۋاستە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كونكرېت مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىڭلار .

3 . بىرىنچى بېيىتتىكى «جان» ۋە «تەن» نېمىگە سىمۋول قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

4 . تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بېيىتتا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ بۇ ئىدىيە قانداق بەدىئىي ۋاستە بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار .

5 . بۇ غەزەلنى قائىدىسى بويىچە دېكلاماتسىيە قىلىڭلار .

## 34 . «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تىن پارچە

### ئەلىشىر ناۋائى

ئۆرگە نۇردىن قاچقان لەۋەندە ،
ئەمگەك تارتىپ ئىلىم ئۆرگەنگەن خىرەدمەند .

ئىلىم ئوقۇپ قىلمىغان ئەمەل مەقبۇل ،
دانە ساچىپ كۆرتەمەدى مەھسۇل .

ھەر كىمكى سۆزى يالغان ،
يالغانى زاھىر بولغاچ ئۇيالغان .

ھەلىم ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ فەۋاكىلىخ باغىدۇر ،
ئادەملىغ ئالەمىنىڭ جەۋاھىرلىغ تاغىدۇر .

ئەخلاق شەخسىنىڭ ئاغىر باھالىق لىباسىدۇر ،
ئۇمۇخالىخەت نەفسلەر سەرسەرى ئۇچۇرماغىدىن ئاسرىغۇچى ،
ۋە نامۇۋاپىق بولھەۋەسلەر تۇندبادى ساۋۇر ماغىدىن ساقلىغۇچى .

ئاخىرلىق ۋەزىندىندۇر سىپىلدىن ھەرايى تاغى ،
يەڭگىللىك فەرتىدىن بەرباد ئېرور قەمقاق ياپراغى .

ئىرانلار خىزمەتىدىن چېكمەگىل باش ،
ئەگەر باشىڭغە گەردۇندىن ياغارتاش .
گەرئول تاشلار بىلەن باشىڭ ئوشالغاي ،
سائادەت خەتتىدۇرگەر زەخمى قالغاي .

مەزمۇنى :

ئۆگىنىشتىن قاچقان نادان ،
جاپا چېكىپ بىلىم ئالغان ئەقىللىق .

بىلىم ئېلىپ ئىشلىتىشنى قىلمىغان قوبۇل ،
ئۇرۇق چاچتى ۋە لېكىن يىغمىدى ھوسۇل .

كىشىنىڭ سۆزى ئەگەر بولسا يالغان ،
پاش بولار ئۇ ، ئۇيالغىنى ئۇيالغان .

مۇلايىملىق ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ پاكلىق بېغىدۇر ،
ئادەمگەرچىلىك ئالىمىنىڭ گۆھەرلىك تېغىدۇر .

ئەخلاق شەخسنىڭ قىممەت باھالىق تونىدۇر ،
ئۇ بولمىغۇر نەفسلەر شاماللىرىنىڭ ئۇچۇرۇشىدىن ئاسرىغۇچى ،
ۋە نامۇۋاپىق قۇرۇق ھەۋەسلەر بورانلىرىنىڭ سورۇشىدىن ساقلىغۇچى .

ئېغىر بولغاچ غەم يېمەيدۇ كەلكۈندىن تاغ ،
يەڭگىللىكتىن توزۇپ كېتەر قامقاقتىن ياپراق .

كىشىلەر خىزمىتىدىن تارتمىغىل باش ،
پەلەكتىن ياغسىمۇ باشىڭغا گەر تاش .
ئەگەر شۇ تاش بىلەن باشىڭ يېرىلسا ،
بەختىنىڭ بەلگىسى بىل تاتۇقى قالسا .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

بۈيۈك سۆز سەنئەتكارى ئەلشىر ناۋائى 1500 ـ يىلى ، يەنى ۋاپاتىدىن بىر يىل ئىلگىرى پۈتكۈل ھاياتىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي قاراشلىرىنى ، ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى ۋە پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يەكۈنلەپ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ناملىق نادىر ئەسىرىنى يازدى . ناۋائى بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان چۈشەنچىسىنى ، ئەخلاق ، ئادالەت ، مەرىپەت ، مۇھەببەت ، ساداقەت توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ، تەلىم ـ تەربىيە توغرىسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى جەمئىيەت تەرەق-قىيات تەقەززاسىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئاجايىپ كۆركەم ۋە ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەردى . بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئىپادىلىدى . ئەسەرنى نەسرىي شېئىر شەكلىدە گۈزەل ، تەسىرلىك ، ئىخچام ۋە جانلىق ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ چىقتى .

«مەھبۇبۇل قۇلۇپ» مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن .

بىرىنچى قىسىمدا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

ئىككىنچى قىسمى ئەخلاق ، تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، سېخىيلىق ، ساداقەت ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدىكى توپ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

ئەسەرنىڭ 3 ـ قىسمى چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ماقال ـ تەمسىل ، ھېكمەت-لىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ قىسىم ئۆزىدە مۇجەسسەملەنگەن ئەقلىي خۇلاسىلەر ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە پەلسەپىۋى پىكىر ئارقىلىق ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ناۋائىنىڭ ھايات ۋە مەئىشەت توغرىسىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ .

1 . سىلەر «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ئەسىرىدىن بېرىلگەن بۇ پارچىدا قانداق پىكىرنىڭ ئالغا

سۇرۇلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

2 . بۇ پارچىدا بىلىمى بولسىمۇ ، لېكىن ، ئۇنى ئەمەلدە ئىشلەتمىگەن كىشلەرنى نېمىگە ئوخشاتقان ؟ تېكىستتىن مىسال ئېلىپ كۆرسىتىڭلار .

3 . شائىر شەخسىي ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقىنى قانداق تەسۋىرلىگەن ؟

4 . «ئېغىر بولغاچ غەم يېمەيدۇ كەلكۈندىن تاغ ،
يەڭگىللىكتىن توزۇپ كېتەر قامغاقتىن ياپراق . » دېگەن پارچىدا قانداق پىكىر ئالغا سۇرۇلگەن ؟

5 ـ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تىن تاللانغان بۇ پارچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۇپلېتى رۇبائىي بولۇپ ، سىلەر بۇ رۇبائىيدا قانداق پەلسەپۋى پىكىر ئالغا سۇرۇلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

# 35 . پەرھاد ـ شېرىن[1]

## (قىسقىچە مەزمۇنى )

## ئەلىشىر ناۋائى

### I

قەدىمكى زاماندا چىن (جۇڭگو ) مەملىكىتىدە بىر خاقان ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە قۇدرەتتە تەڭدىشى يوق ، خەزىنە ۋە مال ـ دۇنياسى تەرىپكە سىغماس ، لەشكەرلىرىنىڭ سان ـ سانىقى يوق ئىكەن .

لېكىن ، ئۇ ئاتمىشقا كىرگەن بولسىمۇ ، ئۆز ئورنىغا قالىدىغان پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى تەشۋىشلىنىدىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاقانىنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ . خاقان ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ ، ئەمىر ـ ئەمەلدارلارغا ۋە پۇقرالارغا زور توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ . ئوغۇلغا پەرھاد دەپ ئىسىم قويۇپتۇ . پەرھادنى دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپتۇ . يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ . پەرھاد ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن ئىلىم ئۆگىنىپتۇ . ئاخىر بارلىق ئىلىمدە تەڭداشسىز بىر ئالىم بولۇپ چىقىپتۇ . خاقان پەرھادقا ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپتۇ . پەرھاد بۇنىمۇ تېز پۇرسەتتە ئىگىلىۋاپتۇ . قىسقىسى ، پەرھاد ئەقىللىق ، بىلىملىك ، باتۇر ، ياخشى خۇلقلۇق يىگىت بولۇپ يېتىشىپتۇ .

بىراق ، پەرھاد چوڭ بولغانسېرى رەڭگى ساماندەك سارغىيىپ ئويۇن ـ كۈلكىنى ياقتۇرماي ، يۈزىدە مەيۈسلۈك ئالامىتى پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ . ئوغلىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بايقاپ قالغان خاقان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش چارىلىرىنى ئىزدەپتۇ ، زىياپەتلەر بېرىپتۇ ، مۇزىكا كېچىلىكى تەشكىل قىپتۇ . بىراق ، بۇلار نەتىجە بەرمەپتۇ .

خاقان باشقا چارە ئىزدەشكە باشلاپتۇ . ۋەزىر ـ ئەمىرلەرنى يىغىپ كېڭەشىپتۇ . كېڭەشچىلەر پەرھادنىڭ ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈشى ئۈچۈن تۆت پەسىلگە ماس كېلىدىغان ، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن تۆت يۈرۈش گۈزەل ئىمارەت سېلىشنى لازىم تېپىپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، خاقان ئۆزىنىڭ مۇلكارا دېگەن ۋەزىرىگە بۇ ئىشنى تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تاپشۇرۇپتۇ . ئىش باشلىنىپتۇ . ئىمارەت جۇڭگونىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇستىلىرى : نەققاشلىق ماھىرى ھەم ئىمارەت ئۇستىسى مانى ، تاشچى ئۇستا قارۇنلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە سېلىنىشقا باشلاپتۇ .

---

[1] داستاننىڭ ئەسلىي نۇسخىسى «چاغاتاي تىلى» دا نەزمىي شەكلىدە يېزىلغان . ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ يىرىك داستاننىڭ ئومۇمىي مەزمۇن ماھىيىتىنى ئىگىلىۋېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئابدۇسالام توختىنىڭ مەزكۇر داستانغا ئاساسەن نەسرلەشتۇرگەن بۇ ھېكايە شەكلى بۇ دەرسلىككە ئېلىندى .

پەرھاد قۇرۇلۇشنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، تاماشا قىلىش ئۈچۈن ھەمراھلىرى بىلەن قۇرۇلۇش مەيدانىغا كەپتۇ. تاشچىلار باشلىقى قارىۇننىڭ ھۈنىرى پەرھادنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ ۋە ئۇ قارىۇننىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان ئۇستىلارنىڭ قاتتىق تاشلارنى يۇمشاق مومدەك يونۇغانلىقىنى ۋە بەزىلىرىنىڭ تاشقا قىينالماستىنلا ماھىرلىق بىلەن گۈل ۋە نەقىشلەر چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قاپتۇ. پەرھاد قارىۇننىڭ مەخسۇس ئۇسۇل بىلەن تاشقا سۇ چېچىپ، يەنى تاشنى تاۋلاپ ئاسانلىق بىلەن يونۇش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۆزىمۇ شۇ يەردە تاش يونۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە باشلاپتۇ. كېيىن مانىدىن نەققاشلىق سەنئىتىنى ئۆگىنىپتۇ ھەمدە ئىمارەت پۈتكەنگە قەدەر نەققاش ھەم تاشچىلار بىلەن بىللە بوپتۇ.

ئاخىر رەڭمۇرەڭ سۈرەت ۋە نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بۇ تۆت ئىمارەتنى پۈتكۈزۈپتۇ. خاقان يۇرتقا قىرىق كۈن توي بېرىپ، ئويۇن - كۈلكە قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. پەرھاد ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن بۇ ئىمارەتلەر ۋە چاھار باغلاردا ۋاقىتنى تۇرلۇك ئويۇن - كۈلكىلەر ئىچىدە ئۆتكۈزسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا ئېچىلماپتۇ، چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىۋېرىپتۇ.

خاقان يەنە «مەن تىرىك ۋاقتىمدا تەخت ۋە دۆلەتنى پەرھادقا تاپشۇرسام، مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۆز بېشىغا چۈشسە، بۇ پەرىشانلىقنى تاشلاپ، پادىشاھلىق ئىشى بىلەن بەند بولۇپ كېتەر» دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا، بارلىق ۋەزىر ھەم ئەمىرلىرىنى يىغىپ، كېڭەش قىپتۇ ۋە پەرھادقا مۇنداق دەپتۇ: «ئوغلۇم پەرھاد، مەن ئەمدى قېرىپ قالدىم، ئۆمرۈم ئاخىرغا يەتتى. سەن بولساڭ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ھەركىمدە ئىلىم بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتمىسە پايدىسى يوق، ھەر كىمنىڭ قولىدا كۈچ ۋە ھۈنەر بولۇپ تۇرۇپ، ۋاقتىدا ئىشقا سالمىسا، بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ كىشى شاھزادە بولۇپ، دۆلەت ۋە تەختكە مۇناسىپ بولۇپ تۇرۇقلۇق تەختكە چىقمىسا نېمە پايدىسى بار؟ ئەگەر ئاي پېتىپ، قاراڭغۇ بولۇش پەيتىدە قۇياش چىقىپ ئالەمنى يورۇتسا، كىشىدە قانداقمۇ غەم - غۇسسە بولسۇن؟ مېنىڭدەك كىشىنىڭ سەندەك قابىلىيەتلىك ئوغلى بولۇپ تۇرۇقلۇق، قېرىلىقىدا قانداقمۇ غەم - قايغۇسى بولسۇن؟ مۇرادىم شۇكى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا تەختكە چىقىپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى ئۆز قولۇڭغا ئالساڭ! بىلمىگەنلىرىڭنى بىلدۈرسەم، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگەتسەم، ئۆلمەستىن بۇرۇن سېنى تەختتە كۆرسەم....»

پەرھاد خاقانغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ئەي پادىشاھىئالەم، ئەجەل تىغى قېرىلىق ۋە ياشلىققا قارىماس. چىمەندە ھەررەڭ گىياھلار ئۈنەر ھەم تېز غازاڭ بولار. لېكىن، سەرۋ يۈز يىل ئۆمۈر كۆرەر. سۆزلىگەنلىكىڭىزنىڭ ھەممىسى دۇرۇس. بىراق، مەن بۇ چاغقىچە ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئاۋارە بولۇپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ يولىيورۇقلىرىغا كۆز سالغىنىم يوق. بىرنەچچە ۋاقىت مۆھلەت بەرسىڭىز، دائىم خىزمىتىڭىزدە بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ئۆگەنسەم. كېيىن نېمىنى بۇيرۇسىڭىز، جان - دىل بىلەن قىلاي.»

خاقان پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، بىر يىل مۆھلەت بېرىپتۇ.

## II

بىر كۈنى خاقان پەرھادنى تاماشا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. خەزىنىدىكى ئاجايىپ نەرسىلەرنى تاماشا قىلىپ يۈرگەندە، نەقىش ۋە زىننەتلەر بىلەن بېزەل-

گەن بىر ساندۇق ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ . ساندۇق ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ ، خاقان ئوچۇق ئېيتىپ بەرمەپتۇ . پەرھاد ساندۇق ئىچىدە بىر ئاجايىپ نەرسە بارلىقىنى پاراسەت بىلەن چۈشىنىپتۇ ـ دە ، ئۇنى ئېچىپ كۆرۈش ئىستىكىنى بىلدۈرۈپتۇ . خاقان : «بۇنىڭ ئاچقۇچى يوق ، ئۇنى ھېچكىم ئېچىپ باققان ئەمەس ۋە ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرگەنمۇ ئەمەس » دەپ باھانە قىلسىمۇ ، پەرھادنى كۆندۈرەلمەپتۇ . ئاخىر ئاچقۇچنى ئەكەلدۈرۈپ ، ساندۇقنى ئېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ . ئۇنىڭدىن بىر ئەينەك چىقىپتۇ . ئەينەك كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ ، ئۈستىگە : «ھەر كىم بۇ ئەينەكنى ئېچىپ تاماشا قىلىشنى ئارزۇ قىلسا ، يۇنانىستانغا بارسۇن . يولىدا ئۈچ چوڭ خەتەر بار » دەپ يېزىلغانىكەن .

پەرھاد بۇ ۋەقەدىن ھەيران بولۇپ ، خەزىنىدىن چىقىپتۇ . بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشكە قىزىقىپتۇ . ئاتىسىدىن يۇنانىستانغا بېرىشقا رۇخسەت سوراپتۇ . دەرد ـ ئەلەمدە قالغان خاقان يۇنانىستانغا بېرىشقا رازى بولۇپ ، ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچىلەر بىلەن كېڭىشىپتۇ . كېڭەشنىڭ قارارى بويىچە يۇنانىستانغا بېرىش توغرىسىدا سۇھەيلا دېگەن بىر دانىشمەندىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ياشايدىغان غارىغا بېرىپتۇ . سۇھەيلا پەرھادقا يۇنانىستانغا بېرىش يولىنى ۋە يولدا ئۇچرايدىغان خەتەر ۋە ئاپەتلەرگە قارشى كۈرەش چارىلىرىنى ئۆگىتىپتۇ .

خاقان ۋە پەرھاد كۆپ لەشكەر بىلەن يۇنانىستانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ . چۆل ـ دەشتلەردىن ئۆتۈپ ، يۇنان تاغلىرىغا يېتىپ بېرىپتۇ . پەرھاد خاقان بىلەن لەشكەرلەرنى تاغ باغرىدا قالدۇرۇپ ، غار تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ . ئاغزىدىن ئوت ـ يالقۇن چاچقۇچى ئەجدىھا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ . پەرھاد ئوقيانى قولىغا ئېلىپ ، يىگىرمە ئوق بىلەن ئەجدىھانى ھالاك قىپتۇ ۋە ئۇ قوغداۋاتقان غارغا كىرىپتۇ ۋە ئۇ يەردىكى : «كىم ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ، غارغا كىرسە ، چوڭ يۇمىلاق تاشنى ئورنىدىن قوزغاتسۇن . ئۇنىڭ ئاستىدا خەزىنە بار ، خەزىنىدىكى بىر قىلىچ بىلەن قالقاننى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن كىشى ئالسۇن » دەپ يېزىلغان خەتلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ . پەرھاد تاشنى ئاغدۇرۇپ ، قىلىچ بىلەن قالقاننى قولىغا ئېلىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ .

كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈپ ، بىر قورقۇنچلۇق ئورمانغا يېتىپ بېرىپتۇ . بۇ يەردە ئەھرىمەن ناملىق بىر دىۋە ياشايدىكەن . پەرھاد ئۆزى يالغۇز دىۋىنى ئىزدەپ ، بىر قورغانغا كەپتۇ . دىۋە پەرھادنىڭ قورغانغا يېقىنلاشقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ ، غەزەپ بىلەن غاردىن چىقىپتۇ ـ دە ، ناھايىتى يوغان گۈرزىنى كۆتۈرۈپ پەرھادقا ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ . پەرھاد قىلىچ بىلەن گۈرزىنى پاچاقلاپ ، بۇ ھۇجۇمنى قايتۇرۇپتۇ . دىۋە قۇتراپ تاغدىنمۇ يوغان تاشلارنى قومۇرۇۋېلىپ ، پەرھادقا ئېتىشقا باشلاپتۇ . ئۇ پەرھادقا بىرەرمۇ تاشنى تەگكۈزەلمەي ئاخىر ناھايىتى چارچاپ يىقىلىپتۇ . پەرھاد پەيتتىن پايدىلىنىپ ، دىۋىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپتۇ . قورغانغا كىرىپ زور خەزىنىگە ئىگە بوپتۇ ھەم خەزىنىدىن سۇلايمان ئۈزۈكىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، خاقان باشلىق پۈتۈن لەشكەرلەر يەنە يولىنى داۋام قىلىشىۋېرىپتۇ .

تاغ ئېشىپ ، چۆل كېزىپ بىر چىمەنزارغا يېتىپ بېرىپتۇ . پەرھاد بۇ يەردە بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ . بوۋاي ئۇنىڭغا بىر قورغاننى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭدىكى تىلسىمنى ئېچىش يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ . پەرھاد بوۋاي ئۆگەتكەن يول بىلەن قورغانغا بېرىپتۇ . ئۇ يەردە پەرھادقا ناھايىتى يوغان بىر شىر ھۇجۇم قىپتۇ . سۇلايمان ئۈزۈكىنىڭ ياردىمى بىلەن شىرنى يېڭىپتۇ . ئۇ توققۇز يۈز قەدەم تاشلاپ ، بىر تاش تاختىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ . پەرھاد ئۇ

تاختىنى قاتتىق تەپكەنىكەن، قورغان ئىچىدىن قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپ دەرۋازا ئېچىلىپتۇ - دە، ناھايىتى كۆپ قورال‌لانغان تۆمۈر ئادەملەر بىلەن تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىكى بىر ئادەم چىقىپ پەرھادنى ئوققا تۇتماقچى بوپتۇ. پەرھاد قىلىچە قورقماستىن، ھېلىقى ھەيۋەتلىك ئادەمنىڭ كۆكسىدىكى ئەينەككە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ئۇنى يىقىتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قالغان ئوق ئاتقۇچىلارمۇ يىقىلىپتۇ. پەرھاد قورغان ئىچىگە كىرىپ، سانسىز مال - دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈپتۇ ۋە پۈتۈن دۇنيانى كۆرسىتىدىغان جاھاننەما (جامى جەمشىد) دەپ ئاتىلىدىغان ئاجايىپ ئەينەككە ئىگە بوپتۇ.

پەرھاد خاقاننىڭ يېنىغا قايتىپ، ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ئۇ قولغا كىرگۈزگەن مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىنى لەشكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ. كېيىن لەشكەرلەرنى چىمەنزاردا قالدۇرۇپ، بىرنەچچە كىشى سوقرات ياشىغان غارنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. كۆپ يول يۈرۈپ سوقرات تېغىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ تاغلاردا قاراڭغۇ، زۇلمەت، قورقۇنچلۇق غارلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلار سوقرات ياشىغان غارنى تېپىشتا قىينالغاندىن كېيىن، جاھاننەمانى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپتۇ. تاغلاردىكى غارلار ۋە ئۇلاردىكى دەھشەتلىك نەرسىلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈپتۇ. ئاخىر سوقرات تۇرغان غارنى تېپىپتۇ. خاقان، پەرھاد، ۋەزىر — ئۈچى غارغا كىرىپتۇ. غار ناھايىتى قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، جاھاننەما ئەينىكىنىڭ يورۇقى بىلەن غارنىڭ تۆرىگە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە سوقراتنى تېپىپتۇ. سوقرات ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئاپتۇ. خاقان بىلەن ۋەزىرگە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش داۋاسىنى بېرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. پەرھادنى يالغۇز ئېلىپ قېلىپ نەسىھەت قىپتۇ. پەرھادنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئاشىق بولۇشى ۋە ئاشىقلار ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى لازىملىقى توغرىسىدا سۆزلەپتۇ. پەرھادنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان تىلسىملىق ئەينەكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ: «ئەينەكنىڭ تىلسىمى ئېچىلدى. چۈنكى، ئىسكەندەر تىلسىمغا كېلىپ، قورغاندىكى تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن ئادەمنىڭ كۆكسىدىكى ئەينەكنى ئۆز قولۇڭ بىلەن تەشتىڭ. خاقان خەزىنىسىدىكى ئەينەك شۇ تىلسىم بىلەن باغلانغان. ئەمدى چىن (جۇڭگو) ئېلىگە بار، بۇ ئەينەكنى تاماشا قىل!» دەپتۇ. سوقرات شۇ سۆزلەرنى دەپتۇ - دە ۋاپات بوپتۇ. ئۇلار سوقراتقا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈپ، تەنتەنىلىك ھالدا يەرلىككە قويۇپتۇ ۋە ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشىپتۇ.

III

پەرھاد ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى تىلسىملىق ئەينەكنى كۆرۈش بوپتۇ. ئۇ خەزىنىدىكى ساندۇقنى ئېچىپ، ئەينەكنى تاماشا قىپتۇ. ئەينەكتە قاتتىق تاشلار بىلەن قاپلانغان بىر دەشت كۆرۈنۈپتۇ. بۇ دەشتتە بىر تۈركۈم ئادەملەر ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن تاشلارنى يونۇپ، ئۆستەڭ قېزىش بىلەن شۇغۇللانماقتا ئىكەن. بۇلار ئارىسىدا كېلىشكەن، قۇۋۋەتلىك بىر ياش يىگىت ئانچە قىينالمايلا ئۆستەڭ قېزىۋاتقۇدەكمىش. بۇ يىگىت خۇددى پەرھادنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايدىكەن، ئۇ دىققەت بىلەن قاراپ، ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزىدىن بۆلەك كىشى ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ. يەنە دىققەت بىلەن قارىغانىكەن، بىر تەرەپتىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاتلارغا مىنگەن بىرقانچىلىغان گۈزەل قىزلار يېتىپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆسن - جامالىدا يېگانە بىر قىز پەرھادقا ئوخشاش

گۈزەل يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ . پەرھاد ئەينەكتە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئۇ گۈزەل قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ .

خاقان ۋە باشقا بارچە ئادەملەر پەرھادنىڭ بۇ ئەھۋالىغا ھەيران قاپتۇ . بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پەرھاد ھوشىغا كېلىپ ، كۆزىنى ئېچىپتۇ ـ دە ، يەنە ئەينەككە قاراپتۇ . بىراق ، ئەمدى ئەينەكتە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ كۆڭلى گۈزەل قىزنىڭ ئىشقىدا ناھايىتى بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ . بۇ قىزنى تېپىش يولىنى ئويلاپتۇ . لېكىن ئۇ : «قاچسام ئىزدەپ تېپىۋېلىشلىرى ۋە مەن ئۈچۈن بىرقانچە ئادەملەرنىڭ قانلىرى ناھەق تۆكۈلۈشى مۇمكىن ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ماڭسام ، خاقاننىڭ مېنى قوغداش ئۈچۈن قويغان كىشىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا توغرا كېلىپ ، بۇ ئۇرۇشتا بىرمۇنچە گۇناھسىز ئادەملەر ھالاك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ، قىزنى ئىزدەشنى كېيىنگە قالدۇرۇپتۇ . بىراق ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ ، كېسەلگە دۇچار بولۇپ قاپتۇ .

پەرھادنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خاقان ۋەزىرلەر ھەم تېۋىپلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇنى دېڭىزدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك ، خۇش ھاۋا ، سالقىن بىر ئارالغا ئېلىپ بېرىشنى قارار قىپتۇ . بۇ قارارنى پەرھادمۇ ماقۇل كۆرۈپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇلار چوڭ تەييارلىقلار بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ . خاقان باشچىلىقىدىكى ۋەزىرلەر ، ئالىملار ۋە بىرقانچىلىغان خىزمەتچىلەر كېمىلەرگە چۈشۈپ ، ئارال تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ . بۇ چاغدا ، دېڭىزدا قاتتىق دەھشەتلىك دولقۇنلار پەيدا بولۇپ ، كېمىلەرنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ تاشلاپتۇ . بىرقانچە كېمە غەرق بولۇپتۇ . ئادەملەر قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەندىشە ھەم ئېغىر ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ . پەرھاد يالغۇز بىر قېيىقتا بولۇپ ، دولقۇن ئۇنىڭ قېيىقىنى خاقاننىڭ كېمىسىدىن ئاجرىتىپ ، بىر ياقلارغا ئېلىپ كېتىپتۇ . خاقاننىڭ كېمىسى ئەڭ كېيىن شەھەر تەرىپىدىكى بىر قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ . سالامەت قالغان ئادەملەر ھەر تەرەپتىن كېلىپ توپلىنىپتۇ ، لېكىن پەرھادتىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن ، نائىلاج شەھەرگە قايتىپ كېتىشىپتۇ .

ئەسلىدە دېڭىزدا قالغان پەرھادنىڭ قېيىقى قاتتىق ئۇرۇلغان دولقۇنلار زەربىسى بىلەن پاچاق ـ پاچاق بولۇپ كېتىپ ، ئۇ بىر تاختا ئۈستىدە بىھوش يېتىپ قالغانىكەن . دولقۇنلار بېسىلغاندىن كېيىن شۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقان سودىگەرلەر كېمىسىدىكى ئادەملەر بىر تال تاختا ئۈستىدە ياتقان پەرھادنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە ، ئۇنى دەرھال ئۆز كېمىسىگە ئېلىۋاپتۇ ھەم دورا ـ دەرمانلار بىلەن پەرھادنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ . پەرھاد سودىگەرلەرگە ئۆزىنى كېمىسى ھالاكەتكە ئۇچرىغان سودىگەر قىلىپ تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە قۇتقۇزۇۋالغانلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت بايان قىپتۇ . سودىگەرلەر پەرھادقا ياخشى مۇئامىلە ۋە غەمخورلۇق قىلىپ ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇپ كۈتۈپتۇ .

بىر كۈنى دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا ، بۇلارغا نەچچە قېيىقتا قاراقچىلار ھۇجۇم قىپتۇ . سودىگەرلەر بۇ قاراقچىلارنى كۆرۈپ ھاياتلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ، داد ـ پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ ، پەرھاد ھەيران بولۇپ ، داد ـ پەريادنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ . سودىگەرلەر : «بۇ كۆرۈنگەن قېيىقتىكىلەر قاراقچىلاردۇر . كېمىلەرنى نېفىت بومبا بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىدۇ . بۇلارنىڭ قولىدىن تىرىك قۇتۇلغىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

پەرھاد ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ ، ئوقيا بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ . قاراقچىلار يېقىن كېلىپ ، نېفىت بومبىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ ، سودىگەرلەر كېمىسىگە قارىتىپ ئاتاي دەپ تۇرغاند-

دا ، پەرھاد ئۇنى ئوق بىلەن ئېتىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ . يانغىن كۆتۈرۈلۈپ ، قاراقچىلارنىڭ ئۆز قېيىقلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، پەرھاد قاراقچىلارنىڭ قېيىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نېفىت بومبىلىرى بىلەن پاچاقلىۋېتىپتۇ ، ئامان قالغان قاراقچىلار قېچىپ كېتىشىپتۇ . كېمىدىكى سودىگەرلەر پەرھادنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىغا رەھمەت - ئاپىرىن ئېيتىشىپ ، ئۇنىڭغا ئۆز - مال دۇنيالىرىنى تەقدىم قىپتۇ . پەرھاد ئالماپتۇ .

بۇلار كەڭ دېڭىز ، ئۇلۇغ دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئاخىر يەمەن شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ . پەرھادمۇ سودىگەرلەر بىلەن بىللە يۈرۈپتۇ ، بىراق ، بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردى ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئەينەكتە كۆرگەن گۈزەل قىزنىڭ ئىشق - پىراقى ئۇنى ناھايىتى بىئارام قىپتۇ . سودىگەرلەر پەرھادنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ . سودىگەرلەر ئىچىدە شاپۇر ئىسىملىك دانا بىر كىشى بار ئىكەن . ئۇ كۆپ ساياھەتلەر قىلغان ، ياخشى - يامانني كۆپ كۆرگەن كىشى ئىكەن . نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى ، خۇسۇسەن رەسساملىق سەنئىتىنى ياخشى بىلىدىكەن . بۇ كىشى پەرھادنىڭ يوشۇرۇن دەردى بارلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ يۈرەتتىكەن ۋە تۈرلۈك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا ئۇرۇناتتىكەن . شاپۇر پەرھاد بىلەن گەرچە كۈندىن - كۈنگە ناھايىتى يېقىن دوستلىشىپ كېتىۋاتسىمۇ ، پەرھاد شاپۇرغا ئۆز سىرىنى ئېيتماپتۇ . بىر كۈنى شاپۇر پەرھادنى مەست قىلىپ ئۇنىڭ دەردىنى ، قەيەرلىك ۋە كىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ . پەرھاد ئۆزىنىڭ ئەينەكتە كۆرگەن ۋەقەلىرىنى «چۈشۈمدە كۆردۈم» دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ . لېكىن ، ئۆزىنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىنى ئېيتماپتۇ . شاپۇر پەرھادنىڭ چۈشىدە كۆرگەن جەزىرە ئەرمەن مەملىكىتىدە ئىكەنلىكىنى ، گۈزەل قىز بولسا شىرىن ئىكەنلىكىنى ، پەرھادنىڭ شۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ . پەرھادنىڭ شىرىنگە يېتىشى ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشنى ئويلاپتۇ . پەرھادقا : «چۈشىڭىزدە كۆرگىنىڭىز ئەرمەن مەملىكىتىدۇر ، مەن ئۇ يەرنى كۆرگەنمەن ، ئەگەر خالىسىڭىز ئۆزۈم ئېلىپ باراي ، مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز» دەپ دوستانە خىزمەت كۆرسىتىشكە ۋەدە بېرىپتۇ . پەرھاد شاپۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنمەپتۇ . شاپۇر تېزدىن ئەرمەن مەملىكىتىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ كۆرسىتىپتۇ . پەرھاد ئەينەكتە كۆرگەنلىرىنى بۇ سۈرەتتە يەنە بىر قېتىم كۆرۈپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىنلا شاپۇرغا ھەقىقىي ئىشىنىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئەرمەن مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ .

IV

شاپۇر بىلەن پەرھاد چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ ، تاغلاردىن ئېشىپ ، ئاخىر ئەرمەن مەملىكىتىگە يېتىپ بېرىپتۇ . بۇ يەردە ئىككى - ئۈچ كۈن تاماشا قىلىپ ، كېيىن بىر چۆلگە يېتىپ بېرىپتۇ . بۇ يەردە بىرمۇنچىلىغان ئادەملەر ئېغىر مېھنەت بىلەن تاش يونۇپ ، ئېرىق قېزىۋاتقانىكەن ، بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن پەرھادنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەكتە كۆرگەنلىرى جانلىنىشقا باشلاپتۇ .

پەرھاد تاش يونۇغۇچىلاردىن مۇنداق قاتتىق مېھنەتنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ . تاش يونۇغۇچىلاردىن بىرى : «بۇ مەملىكەت ئەرمەن مەملىكىتىدۇر . پادىشاھى كۆپ مەملىكەتلەردىن باج - خىراج ئالغۇچى مېھىنبانۇدۇر . ئۇنىڭ ھۆسىندە تەڭدىشى يوق بىر ھەمشىرىسى بار . شۇ گۈزەل قىز مانا بۇ تاغنىڭ بېشىغا بىر ئىمارەت سالدۇرماقچى بولغان . لېكىن ئۇ يەردە بىر تېمىم سۇ يوق . شۇ تاغقا سۇ چىقىرىش ئۈچۈن بۇ تاشلارنى قېزىشقا باشلىغىنىمىزغا

ئۇزاق ۋاقىتلار بولغان بولسىمۇ، ئازغىنا يەرنى قازدۇق. يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسەكمۇ، بۇ ئېرىقنى قېزىپ پۈتتۈرۈش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پەرھاد: «ھۈنەرنى ئاسراپ، گۆرگە باراتتىممۇ؟ بۇلارغا ياردەم بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە دوستى شاپۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئېرىق قېزىش ئىشىغا كىرىشىپتۇ. قارۇندىن ئۆگەنگەن ئۇسۇل بىلەن تاشلارغا سۇ چېچىپ قاتتىق تاشلارنى خۇددى مومنى ئويغاندەك ئاسانلا يونۇشقا باشلاپتۇ. تاش قازغۇچىلارنىڭ ئايلاپ قازغانلىرىنى پەرھاد بىر كۈندە قېزىپ بوپتۇ. تاشچىلار پەرھادنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. پەرھادنىڭ داڭقى پۈتۈن ئەرمەنىستانغا تارقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر مېھىنبانۇغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ خۇرسەن بولۇپ، بۇ خەۋەرنى شېرىنگە ئېيتىپتۇ. ئۇلار: «بىز بۈيرۇمىساقمۇ خىزمىتىمىزگە بەل باغلاپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بۇ يىگىتنىڭ بېشىدىن گۆھەر چېچىشىمىز كېرەك» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. پەرھادنىڭ ھۈنىرىنى تاماشا قىلماقچى بوپتۇ.

مېھىنبانۇ ۋە شېرىن باشلىق ساراي كىشىلىرى ۋە بىرقانچە گۈزەل قىزلار تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئېرىق قازغۇچىلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ. پەرھادنى كۆرۈپتۇ، ئۇ خەلق ماختىغاندەك ئاجايىپ ھۈنەر بىلەن ئىشلىمەكتە ئىكەن، ئۇلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە، قۇۋۋىتىگە، ھۈنىرىگە قايىل بولۇشۇپتۇ. مېھىنبانۇ بىلەن شېرىن: «ھەي كۈچ ـ قۇۋۋەتتە، ھۈنەردە يېگانە يىگىت! بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە بەل باغلاپ، ئۆز ھۈنىرىڭ بىلەن بىزنىڭ مۈشكۈل ئىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا قانچىلىك كۆپ رەھمەت دېسەك ۋە پۈتۈن خەزىنىمىزنى بېشىڭدىن چاچساقمۇ خىزمىتىڭگە باراۋەر بولماس» دەپ پەرھادنىڭ بېشىدىن ئالتۇن چېچىپتۇ. پەرھاد شېرىنىنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە، مېنى ئۆزىنىڭ ئىشقىغا باغلىغان گۈزەل قىز شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ تۇرغان چاغدا، بىردىنلا ئىللىق شامال كېلىپ، شېرىنىنىڭ چۈمبىلىنى ئېچىۋېتىپتۇ. پەرھادنىڭ كۆزى شېرىنگە چۈشۈپ ئەينەكتە كۆرگەن گۈزەلنى تونۇپ قاپتۇ ـ دە، «ئاھ! . . . . . . . » دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مېھىنبانۇ بىلەن شېرىنلەر پەرھاد ئۆلدى دەپ ئويلاپ قاپتۇ. خەلق بۇ ۋەقەگە ھەيران قاپتۇ. شاپۇر پەرھادنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئىختىيارسىز ياش تۆكۈشكە باشلاپتۇ. شاپۇرنىڭ بۇ قايغۇسى مېھىنبانۇ بىلەن شېرىنگە ئاجايىپ قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇلار شاپۇردىن پەرھاد توغرىسىدا مەلۇمات سوراپتۇ. شاپۇر بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پەرھادنىڭ بۇ ھالىدىن ھەممىسى قايغۇرۇپ، ئۇنى ساندۇققا سېلىپ ئاتقا ئارتىپ، ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى بىر تاختا ئۈستىگە ئۈچ كۈن ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن تۈن يېرىمىدا پەرھاد ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ياتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ خىيالغا چۆكۈپتۇ. شېرىن بىلەن سۆزلەشكىنى ۋە بىھوش بولغانلىقى ئېسىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۈيلىپ مېنى شۇنچە ھۆرمەت قىلغانلارغا جان پىدا قىلسام ئەرزىيدۇ، دەپ تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. مىتىننى قولىغا ئېلىپ ئىلگىرىكىدىن بىرنەچچە ھەسسە ئارتۇقراق كۈچ بىلەن ئىشلەشكە باشلاپتۇ. شېرىنىنىڭ كۆڭلىنى پەرھادنىڭ ئىشقى تامامەن ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىدىن شېرىن ئىنتايىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، بىراق پەرھادنىڭ دېرەكسىز كېتىپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ئادەم ئەۋەتىپ پەرھادنى ئىزدەتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ئېرىق قېزىش بىلەن يەنە مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قاپتۇ. پەرھادنى كۆرۈشنى خالىغان بولسىمۇ، مېنى كۆرۈپ يەنە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالارمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى شاپۇر ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇش بىلەن كۇپايىلىنىپتۇ. مېھىنبانۇنى تېز ـ تېز ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن

خەۋەر ئالدۇرۇپ تۇرۇپتۇ .
ئېرىق قېزىش ئىشى تېز ئارىدا تامام بوپتۇ . پەرھاد تاغ ئۈستىدە چوڭ كۆل قېزىش ۋە ئىمارەت سېلىش ئىشىغا كىرىشىپتۇ . تېز ئارىدا ئىمارەت ھەم پۈتۈپتۇ . شاپۇر ۋە پەرھاد بىنانىڭ تام – تۈۋرۈكلىرىنى نەقىش ۋە سۈرەتلەر بىلەن بېزەشكە كىرىشىپتۇ . تۈرلۈك نەقىش سۈرەتلەر پۈتۈپ ، ئىمارەت تەييار بوپتۇ . پەرھاد سۇ ئاچقىلى كېتىپتۇ . پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، تاماشاغا چىقىپتۇ . شىرىن ھەم سۇنىڭ ئېچىلىشىنى كۆرۈشكە چىقىپتۇ . شىرىنىنىڭ قۇلىقىغا سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن ، مېھىنبانۇ سۇنى ئېچىشنى بۇيرۇپتۇ . پەرھاد سۇنى ئېچىپتۇ . خەلق سۇنىڭ ئېقىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆل تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ . يولدا شىرىنىنىڭ ئېتى پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ . پەرھاد يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئۇنى ئات بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ، پاتقاقتىن چىقىرىپ قويۇپتۇ . خەلق پەرھادنىڭ كۈچىگە ھەيران قاپتۇ . سۇ باشلاش تەنتەنىسى تۈگىگەندىن كېيىن خەلق تارقاپتۇ .
مېھىنبانۇ پەرھادنىڭ شىرىننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە شىرىندىمۇ پەرھادقا مۇھەببەت تۇغۇلغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ – دە ، بۇلارنى كۆرۈشتۈرۈش يولىنى ئويلاپتۇ . ئۇ شىرىنگە : «بىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئايىماي ئىشلىگەن پەرھاد بىلەن شاپۇرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلساق نېمە دەيسەن ؟ ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئالتۇن چاچساقمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ . شىرىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، خۇشال بوپتۇ ۋە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ . ئۇلار زىياپەتكە تېزلىكتە تەييارلىنىپتۇ ۋە پەرھادقا كىشى ئەۋەتىپتۇ . پەرھاد خۇرسەن بولۇپ ، شاپۇر بىلەن بىللە كەپتۇ . مېھىنبانۇ بۇلارنى تەنتەنىلەر بىلەن كۈتۈپتۇ ، زىياپەت باشلىنىپتۇ ، ئويۇن – كۈلكە ، مۇزىكا ، قوشاقلار قىزىپ كېتىپتۇ . شىرىن پەرھادقا ئۆز قولى بىلەن شاراب تۇتۇپتۇ . بىر – بىرلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۆزئارا مۇڭدىشىپتۇ . مېھىنبانۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق زىياپەتلەر قىلىپ ، ئىككى ئاشىقنى بىر – بىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ تۇرۇپتۇ .

V

شىرىنىنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدىكى تەرىپلەر پۈتۈن مەملىكەتلەرگە تارقىلىپ كەتكەندەكەن . بۇ تەرىپ ئىران پادىشاھى خىسراۋغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ . ئۇ كۆپ خوتۇنى بولۇشىغا قارىماي ، شىرىننى ھەم قولغا كىرگۈزۈش كويىدا بوپتۇ ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شىرىنگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ . مېھىنبانۇ ئەلچىلەرنى ئىززەت بىلەن قوبۇل قىلىپ ، سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن كېڭىشىپتۇ . ۋەزىرلەر : شىرىنگە خىسراۋدەك كىشىدىن ئەلچى كەلگەن يەردە بىز قانداقمۇ ياق دەپ جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن ؟ دەپ مەسلىھەت بېرىشىپتۇ . مېھىنبانۇ شىرىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ خىسراۋدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ھەم ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ . شىرىن : «سىز شۇنداق قارارغا كەلگەن بولسىڭىز ، مەن ئۆزۈمنى ھالاك قىلىمەن . شاھلىق بىلەن ئىشق – مۇھەببەتنىڭ ئالاقىسى يوق . مەن پەرھادنى ياخشى كۆرىمەن . پەرھاد مېنى ياخشى كۆرىدۇ . مېنى ئىختىيارىمغا قويۇپ بېرىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . شىرىنىنىڭ بۇ سۆزلىرى مېھىنبانۇغا تەسىر قىلغانلىقى ئۈچۈن : «مەنمۇ سېنى خىسراۋغا بېرىشنى خالىمايمەن ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئەلچىنى ياخشى سۆز بىلەن يولغا سېلىش كېرەك» دەپ شىرىنىنىڭ يېنىدىن چىقىپتۇ . ۋەزىرلەر بىلەن ئەلچىلەرنى يىغىپ ئۇلارغا : «خىسراۋدەك ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ بىزگە كۈيئو-

غۇل بولۇشى بىز ئۈچۈن پەخىرلىك ئىشتۇر ، لېكىن شۇنىسى باركى ، شېرىن بۇ چاغقىچە ئوغۇل باللاردەك ئوۋ ئوۋلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۇردى ۋە ئەركە ئۆستى . تۇرمۇشقا چىقىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ھازىرغىچە سۆز قىلىشقا بولمايدۇ . بىر - ئىككى يىل سەۋر قىلسا ، بىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلساق ، ئەقلىگە كەلسە . . . » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . بۇ سۆزلەر بىلەن ئەلچىلەر قايتىپ كېتىپتۇ . ئەلچىلەر خىسراۋغا بېرىپ مېھىنبانۇنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ . خىسراۋ : «مەندەك كىشىنى ئۆزلىرىگە ئىززەت - ئابرۇي دەپ بىلمەي ، ئەرزىمەس باھانىلەر قىلىدىغان كىمكەن - ئۇ ! » دەپ غەزەپلىنىپتۇ ۋە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ . ئەلچىلەر يەنىلا ئاۋۋالقى جاۋابنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ . خىسراۋنىڭ ياۋۇز يۇرىكى غەزەپ ۋە دەھشەتكە تولۇپتۇ . ئۇ : «ئەمدى مەملىكەتلىرىنى ۋەيران ۋە ئۆزلىرىنى ئەسىر قىلىمەن ! » دەپ ۋارقىراپ يۇرۇپ ، قوشۇن توپلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ . مېھىنبانۇ- مۇ خىسراۋنىڭ قوشۇن بىلەن بېسىپ كېلىشىنى بىلىپ ، ئوزۇق - تۈلۈك زاپاسلىرىنى تەييارلاپ ، شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرغاندا ، خىسراۋ قوشۇنى شەھەرنى قامال قىلىۋاپتۇ . پەرھاد شەھەرنىڭ تېشىدىكى بىر تاغدا ھۇجۇم بولىدىغان مۇھىم يولنى قوغداپ تۇرغانىكەن ، خىسراۋ ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ قاپتۇ - دە ، «مېنىڭ دۈشمىنىم ئەنە شۇ يىگىت بولىدۇ ، ئاۋۋال شۇ دۈشمەننى يوق قىلىش كېرەك » دەپ يىگىرمە پالۋىنىغا پەرھادنى تىرىك تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ . ئۆز تەرىپىگە قاراپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگەن پەرھاد غەزەپ بىلەن : «ئىشق دەشتىدە مۇشەققەتلەر تارتىپ يۇرگەن كىشى مەن بولىمەن . ماڭا يېقىن كەلمەڭلار ، ۋاقتىسىز ھالاك بولىسىلەر ! » دەپ يوغان بىر تاشنى پالۋانلارغا قارىتىپ ئېتىپتۇ . تاشنىڭ شىددىتىدىن بەزىلىرى يۇمىلاپ كېتىپتۇ . تۆمۈر قالپاقلىرىنىڭ ئۈچىدىكى تۇغلىرى ئۈچۈپ كېتىپتۇ . پەرھادنىڭ بۇ ئىشىغا خىسراۋ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەيران قاپتۇ . پەرھاد خىسراۋغا قاراپ يەنە شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ :

— ئەگەر مەندەك گۇناھسىزغا قەست قىلساڭ ، قوشۇنىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قىرىسەن . ھازىرقى ئىشىمنى باش ئۈچۈرۈشقا دەلىل دەپ بىل ! قوشۇنىڭغا جەبىر قىلما ، كەلگەن يولۇڭغا قايت ! سەن ئاشىقمەن دەپ لاپ ئۇرىسەن . سۆيگىنىڭنىڭ ئۇستىگە قوشۇن تارتىپ كېلىش قايسى ئاشىقلىق رەسىم - قائىدىسىدە بار ؟

پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق ئىزا - ئاھانەتكە چۆمگەن خىسراۋ ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرالماستىن ئۆز چېدىرىغا قايتىپتۇ . ئۇ چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قاپتۇ . خىسراۋ- نىڭ بۇزرۇك ئۇمىد دېگەن ۋەزىرى پادىشاھنىڭ قايغۇدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن :

— تاغ خەلقى شۇنداق لاپچى بولىدۇ . دىۋانىلەر شۇنداق سۆز قىلىدۇ . بىزنىڭ شۇنچە قوشۇنىمىزغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرمىسىلا ، لېكىن بۇ شەھەر شۇنچىلىك مۇستەھكەمكى ، بىر يىل سوقۇش قىلساقمۇ ئالغىلى بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، باشقا چارە تېپىش كېرەك . مېھىنبانۇغا ئەلچى ئەۋەتەيلى ۋە «پەرھادتەك تېگى - تەكتى نامەلۇم كىشى بىلەن شېرىندەك ئېسىلزادە بىر قىزنىڭ ئاشىق - مەشۇق بولۇشى سىزگە نومۇس ئەمەسمۇ ؟ بىزدە نېمە كەمچىل ، پەرھادتا قانداق ئارتۇقچىلىق بار ؟ » دەيلى ، — دەپتۇ .

ۋەزىرنىڭ بۇ سۆزى خىسراۋغا يېقىپ كېتىپتۇ ھەم مېھىنبانۇغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ . ئەلچىلەر يەنە بۇرۇنقى جاۋابنى ئېلىپ كەپتۇ . بۇ خەۋەردىن غەزەپلەنگەن خىسراۋ لەشكەرلىرى- گە ئۇرۇش باشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ . قوشۇن شەھەرگە ھۇجۇم باشلاپتۇ . لېكىن پەرھاد تاغدىن يوغان - يوغان تاشلارنى قومۇرۇۋېلىپ دومىلىتىپ ۋە ئوق ئېتىپ ، ھېچكىم-

نىڭ شەھەر تەرەپكە ئۆتۈشىگە يول قويماپتۇ ۋە دۈشمەننىڭ سان ــ ساناقسىز ئادەملىرىنى ھالاك قىپتۇ . بۇنى كۆرگەن خىسراۋ يەنە قايغۇرۇپ چېدىرغا قايتىپتۇ . ۋەزىرلەر كېڭىشىپ شەھەرنى ئېلىشنىڭ باشقا يوللىرىنى تاپالماپتۇ .

لېكىن ، بىر سېھىرگەر خىسراۋنىڭ يېنىغا كېلىپ ، پەرھادنىڭ چارىسىنى قىلىش ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ . بۇنىڭدىن خۇشال بولغان خىسراۋ : «ئەگەر ئۇنىڭ چارىسىنى قىلساڭ ، بويۇڭغا باراۋەر ئالتۇن بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىپتۇ . سېھىرگەر ئۆزىنى ئاشىقلار قىياپىتىدە قىلىپ ، بىھوش قىلىدىغان دورا چېچىلغان گۈلنى قولىغا ئېلىپ ، پەرھاد تەرەپكە كەپتۇ . پەرھادقا يېقىنلاشقانچە ئۆزىنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭ يىغىسى پەرھادقا تەسىر قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ھال ــ ئەھۋال سوراپتۇ . سېھىرگەر : «مەن بىر گۈزەلگە ئاشىقمەن ، خىسراۋ دېگەن زالىم چىقىپ شەھەرنى قامال قىلىۋالدى . مەن بىچارە تاشقىرىدا قالدىم . شەھەرگە بارسام ، خىسراۋنىڭ خەۋەرچىسى ، دەپ ئۇرۇپ قوغلىۋېتىدۇ . خىسراۋغا بارسام ، ئۇ زالىممۇ مېنى قوغلايدۇ» دەپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاشنى باشلاپتۇ . پەرھادقا سېھىرگەرنىڭ ئاھۇ ــ پەريادى ناھايىتى تەسىر قىلىپ ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ . سېھىرگەر بۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭغا بىھوش قىلىدىغان دورا پۈركەپ ، تاغ ئېتىكىدە مۆكۈپ ياتقان خىسراۋ ئادەملىرىنى چاقىرىپتۇ . ئادەملەر كېلىپ ، پەرھادنىڭ قول ــ پۇتىنى باغلاپ ، خىسراۋ تەرەپكە ئېلىپ كەپتۇ . بۇ ۋەقەدىن كېچىكىپ خەۋەردار بولغان شاپۇر پەرھادنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ . بىراق ، سېھىرگەرنى بېشىغا تاش ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ .

## VI

خىسراۋنىڭ ئادەملىرى پەرھادنى ئېلىپ كەپتۇ . خىسراۋ خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغ-ماي ، ئۆلارغا نۇرغۇن سوۋغىلار ھەدىيە قىپتۇ . پەرھاد پۇت ــ قولى زەنجىر ــ كىشەنلەر بىلەن بەند قىلىنغان ھالدا ھوشىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ ــ دە ، خىسراۋ سوراققا تارتىپتۇ . پەرھاد ھېچ قورقماستىن دادىللىق بىلەن خىسراۋنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى ، سېھىرگەرلىك بىلەن ئىش كۆرگەنلىكىنى ، زالىملىقىنى يۈزىگە سېلىپ ، جاۋاب قايتۇرۇپتۇ . پەرھادنىڭ شۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرگەن خىسراۋنىڭ غەزىپى قايناپ ، ئۇنى تاشبوران قىلىپ ، دارغا ئېسىشقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇشقا بۇيرۇپتۇ . شۇ چاغدا ، پەرھاد خىسراۋنىڭ بۇيرۇقىغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلماي مۇنداق دەپتۇ :

— سەن زالىمنىڭ قولىدا ئۆلۈش مەن ئۈچۈن شەرەپ . چۈنكى ، شۇنچە كىشىنى بىلەن ماڭا كۈچۈڭ يەتمەي ، ھىيلە ــ مىكىر بىلەن بىھوش قىلىپ ، قول ــ ئايىغىمنى باغلاپ ، غەزەپ بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىڭنى پۈتۈن خەلق ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ . پۈتۈن گۇناھى سۆيگۈدىن ئىبارەت بولغان بىر يىگىتكە شۇنداق «باتۇرلۇق» ۋە «ئادالەت» بىلەن جازا بەرگىنىڭ ئۈچۈن خەلق ساڭا ، ئەلۋەتتە ، لەنەتلەر ئوقۇسا كېرەك . ئەگەر ھازىر مەن ئازاد بولغاندا ئىدىم ، سەندەك پادىشاھقا باتۇرلۇق ۋە مەردلىكتىن ئازغىنا ئۆگىتىپ قويغان بولاتتىم . مەيلى ئۆلتۈر . مەردلىك بىلەن ئۆلۈش — نامەردلىك بىلەن ياشاشتىن شەرەپلىك !

جاللاتلار پەرھادنى دار ئاستىغا ئېلىپ كەپتۇ . خەلق پەرھادتەك جاسارەتلىك ، باتۇر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئېچىنىپ ، خىسراۋغا لەنەتلەر ئوقۇپتۇ . خەلقنىڭ خىسراۋغا بولغان ئاچچىق غەزەپ ــ نەپرىتىنى سەزگەن بۇزرۇك ئۈمىد دېگەن ۋەزىر دەرھال خىسراۋنىڭ

يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ :

— پەرھاد تەنتەك ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئورۇنسىز . تەنتەكتە ئەقىل بولمايدۇ . ئەقلى بولسا ، ئۆلۈمدىن قورقاتتى . خەلق ئالدىدا ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى بىلىنىپ قالدى . كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئاسان ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى قاماش كېرەك . ئەقلىگە كەلسە ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرەيلى .

ۋەزىرنىڭ سۆزى خىسراغا يېقىپ ، بۇيرۇقىنى ئۆزگەرتىپتۇ . ئۇنى دارغا ئاسماستىن ، پۇت - قولىنى كىشەنلەپ بىر قورغانغا قاماپ قويۇپتۇ . كۆزەتكە نۇرغۇن ئادەملەرنى بەلگىلەپتۇ . پەرھاد پۇت - قولىغا سېلىنغان زەنجىر - كىشەنلەرنى ئۈزۈپ تاشلاپ ، قاماقخانىدىن تاشقىرىغا چىقىپ ، چۆل - جەزىرىلەرنى ئايلىنىپ ، يەنە قورغانغا قايتىپ كەپتۇ . بۇ ئىشنى ھەر كۈنى تەكرارلاشقا باشلاپتۇ . پەرھادنىڭ قورغاندىن چىقىپ يەنە قايتىپ قورغانغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان قاراۋۇللار ئۇنىڭدىن : «نېمە ئۈچۈن قاماقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ قاماققا چۈشىسىز ؟» دەپ سوراپتۇ ۋە «خالىسىڭىز ، كۆڭلىڭىز تارتقان يەرگە بېرىڭ . سىز ئۈچۈن خىسراۋ بىزنى نېمە قىلسا مەيلى» دېيىشىپتۇ . پەرھاد : «مەن ئۆز بېشىمدىكى ئۆلۈمنى نېمە ئۈچۈن سىلەرگە راۋا كۆرىمەن ؟ ئۆزۈمنىڭ ئامانلىقىم ئۈچۈن گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسەم ، بۇ تولىمۇ نامەردلىك بولمامدۇ ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

پەرھادنىڭ كىشەندىن ئازاد بولۇپ ، ئۆز خالىغىنىچە يۈرگەنلىكىدىن خىسراۋ خەۋەر تېپىپتۇ . ئۇ غەزەپلىنىپ ، قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن پەرھادنىڭ قورغان ئەتراپىدىن يىراققا كەتمىگەنلىكىنى بىلىپ ، كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ ، ئۆزىنى بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىمىغانغا ساپتۇ ۋە پەرھادنى يوقىتىشنىڭ باشقا چارىلىرىنى تېپىش كويىغا چۈشۈپتۇ .

* * *

مېھىنبانۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن شاپۇر پەرھادنىڭ خىسراۋ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ، پەرھادنى دارغا ئاسماقچى بولۇپ ، يەنە ئاسماي ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن پەرھادنىڭ تىرىكلىكى ياكى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ . شۇڭا ، پەرھاد ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق قايغۇرۇپتۇ .

ئۇلار پەرھادنىڭ خىسراۋ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى شېرىنگە بىلدۈرمىگەنىكەن . شېرىن ئۇنى شەھەر سىرتىدا قالدى دەپ ئويلاپتۇ ، شۇڭا ئۇ پەرھادنى كۆرۈش ئارزۇسىدا راۋاق ئۈستىگە چىققانىكەن ، ئۇنىڭغا مۇڭلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . خەلقلەر پەرھادنىڭ قەھرىمانلىقىنى ، خىسراۋدەك زالىمنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ قوشاق توقۇغانىكەن . بۇ قوشاقنى كىشىلەر ھەممە يەردە ئېيتىپ يۈرەتتىكەن . شېرىن دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ، پەرھادنىڭ خىسراۋغا ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ۋە ئاھ - پەرياد چېكىپ ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ بىھوش بولۇپ قاپتۇ . بۇ ئەھۋالدىن مېھىنبانۇ خەۋەر تېپىپتۇ . ئۇ شېرىننى ھوشىغا كەلتۈرۈش چارىسىنى كۆرۈپتۇ . شېرىن ھوشىغا كېلىپ ، كۆزىنى ئېچىپتۇ . شۇ پەيتتە ، شاپۇر پەرھادتىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ ، تۈن يېرىمىدا خىسراۋ قوشۇنى ئارىسىغا كەلگەنلىكىنى ، خەۋەر تاپالماي خىسراۋ ئوردىسىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ ، پەرھادنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ . بۇ خەۋەرنى

ئاڭلىغان مېھىنبانۇ بىلەن شېرىن خۇرسەن بولۇپ كېتىپتۇ . شېرىن ئۆزىنىڭ ھال- ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپتۇ ۋە ئۇنى شاپۇرغا تاپشۇرۇپتۇ . شاپۇر خەتنى ئېلىپ ، پەرھادنى ئىزدەپ كېتىپتۇ . كۆپ ئىزدەپ ئاخىر پەرھادنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، خەتنى تاپشۇرۇپتۇ . پەرھاد شېرىنىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ ھەددىدىن زىيادە خۇشال بوپتۇ . ئۇمۇ ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى بايان ئەيلەپ جاۋاب يېزىپتۇ .

VII

خىسراۋ پەرھادنى كىشىلەرگە بىلىندۇرمەستىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىش قەستىگە چۈشكەنىكەن ، شۇڭا ئۇ ئاخىر ئۆتۈپ كەتكەن ھىيلىگەر ئىپلاس ، بىر جادۇگەر موماينى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپلەپ مال- دۇنيا بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئىشقا ساپتۇ . موماي قارا كىيىم كىيىپ ، بېشىغا قارار رومال ئوراپ ، قولىغا ھاسا تاياق تۇتۇپ ، پەرھاد تۇرغان تاغقا بېرىپ ، پەرھادنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ . پەرھاد مومايدىن : «بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟» دەپ سوراپتۇ ، شۇ چاغدا بۇ قاقۋاش ماماي شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ :

— مەن تەركىدۇنيا بولغان مومايمەن ، ئىشىم تائەت - ئىبادەت . . . خىسراۋ دېگەن زالىم يۇرتىمىزنى قامال قىلىپ ، كۇنىمىزنى ناھايىتى تەس قىلدى . ھېچكىم چىن كۆڭلى بىلەن تائەت - ئىبادەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى . ھەممە ھەر تەرەپكە كەتتى . مېنىڭمۇ تىنچلىقىم بۇزۇلدى . ئادەم قەدىمى يەتمەيدىغان يەرگە بېرىپ ، ئىبادەت قىلىپ ياتاي ، دەپ بۇ تاغقا كەلگەنىدىم . بۇ يەردە سىزنى كۆرۈپ قالدىم . بۇ ئادەممۇ ئوخشاش تەركىدۇنيا بولغان ئادەم ئوخشايدۇ ، دەپ يېنىڭىزغا كەلدىم .

— خىسراۋ شەھەرنى ئالدىمۇ ؟

— شەھەر تالان - تاراج قىلىنىپ كەتتى . مېھىنبانۇ نائىلاج خىسراۋ بىلەن ئىناقلاشتى . مېھىنبانۇنىڭ شېرىن ئىسىملىك سىڭلىسى بار ئىكەن . ئۇنى خىسراۋغا نىكاھ قىلىپ بېرىپتۇ . خىسراۋ شېرىنىنى ئۆز ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىپتۇ . شېرىنىنىڭ پەرھاد ناملىق بىر ئاشىقى بار ئىكەن ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ، خىسراۋدەك زالىمغا گىرىپتار بولغۇچە ئۆلگىنىم ياخشىراق ، دەپ شېرىن ئۆزىنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ . ئۆلگەنگە قەدەر پەرھاد دېگەن ئىسمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەپتۇ . خۇدايىم ، شۇنداقمۇ سادىق ئاشىقلار بولىدىكەن - ھە ! — دەپ جادۇگەر موماي زار - زار يىغلاشقا باشلاپتۇ . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، ھەددى - ھېسابسىز ئازابلانغان پەرھاد بېشىنى تاشلارغا ئۇرۇپ يىقىلىپتۇ ۋە جان بېرىپتۇ .

پەرھادنى ئىزدەپ كەلگەن شاپۇر ئۇنى ئۆلۈك ھالەتتە تېپىپتۇ - دە ، دەرھال خەلققە خەۋەر بېرىپتۇ . مېھىنبانۇ پەرھاد ئۈچۈن ئۆز بالىسىدەك قايغۇرۇپتۇ . شېرىن باغرىنى پارە - پارە قىپتۇ . تاماق يېيىشتىن قاپتۇ . كۇندىن - كۇنگە زەئىپلىشىشكە باشلاپتۇ .

خىسراۋ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن مېھىنبانۇغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ . بەزىلەر مېھىنبانۇغا ئىلتىماس قىلىپ :

— شەھەر خەلقى خىسراۋنىڭ قامىلىدىن بىزار بولدى ، پەرھاد تىرىك بولغاندا ئىدى ، خىسراۋنى دېمەس ئىدۇق . دوست قولدىن كەتتى . خىسراۋ ياخشى سۆزلەر بىلەن بىزگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئۇنىماي ئىلاجىمىز يوق . ئۇنىمىساق شەھىرىمىزنى بېسىۋېلىپ ، بالا - چاقىلىرىمىزنى ئەسىر قىلىپ كېتىشى تۇرغان گەپ . كېيىنكى پۇشايماندىن پايدا يوق ، — دەپتۇ .

مېھىنبانۇ ناھايىتى خاپا بولۇپ، چارىسىز قالغان ھالدا شېرىنىنىڭ يېنىغا كىرىپ، بۇ سۆزلەرنى شېرىنگە بايان ئەيلەپتۇ. شېرىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناھكارمەن. مېنىڭ تۇپەيلىمدىن سىلەر يامان سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭلار. مېنىڭ تۇپەيلىمدىن شەھەر خىسراۋنىڭ قورشاۋىدا قالدى ۋە بەزى ئادەملەر خانىۋەيران بولدى. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا سۆزلەشكە تىلىم يوق. ئەمدى نېمىنى خالىسىڭىز، شۇنى قىلىڭ، — دەپتۇ.

شېرىنىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە مېھىنبانۇ خۇشال بولۇپ، ۋەزىرلەرنى يىغىپ، شېرىنىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئېيتىپتۇ. خىسراۋنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلىدىغان جاۋابنى مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە ئەلچىلەرگە:

— بىز خىسراۋنىڭ بەندىلىرى بىز. شېرىن خىسراۋنىڭ كېنىزىكىدۇر. شەھەر بىر قانچە زامانلاردىن بېرى قامالدا، شەھەرنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلغان. شېرىن بىتاب، تېۋىپلار شېرىننى خۇش ھاۋا يەردە دەم ئالدۇرۇشنى لازىم تاپماقتا. ئەگەر ماقۇل كۆرۈلسە، شېرىننى بىر خۇش ھاۋا يەردە بىرنەچچە كۈن دەم ئالدۇرساق، — دەپتۇ.

ئەلچىلەر بۇ سۆزلەرنى خىسراۋغا يەتكۈزۈپتۇ. خىسراۋ شەھەرنى كۈچ بىلەن ئالالماي تۇرغانىكەن. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئىچىگە خۇشاللىقنى سىغدۇرالماي قاپتۇ. مېھىنبانۇنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مېھىنبانۇ بارچە ئادەملەر بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، خىسراۋنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. خىسراۋ ئۇلارنى ھۆرمەت-لەپ، مېھمان قىلىپ يولغا سېپتۇ. ئەتىسى خىسراۋنى مېھىنبانۇ قوبۇل قىلىپ، ئۇمۇ زىياپەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

شېرىنىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. خىسراۋنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى زەھەر بىلەن تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، ئۇنى پەرھاد سۇ چىقارغان خۇش ھاۋا جايلاردا داۋالاشقا ئىجازەت بېرىپتۇ. شېرىننى پەرھاد سۇ چىقارغان جايغا ئۇزىتىش زور تەنتەنىگە ئايلىنىپتۇ. خەلق تاماشاغا چىقىپتۇ. خىسراۋنىڭ شىرۇيا دېگەن ئوغلىمۇ تاماشا قىلىپ تۇرغانىكەن، بىردىن شامال كېلىپ شېرىنىنىڭ يۈزىدىكى چۈمبىلىنى ئېچىۋېتىپتۇ. شىرۇيانىڭ كۆزى شېرىنگە چۈشۈپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

شىرۇيا ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن كېچىچە زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ، ئۇنىڭ خىيالىدىن شېرىن نېرى كەتمەپتۇ. ئۇ دادام ھايات تۇرغاندا، شېرىن ماڭا نېسىپ بولمايدۇ، دەپ دادىسىنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەپتۇ-دە، ئۆزىگە قاراشلىق بىر قانچە ئادەملەر بىلەن مەسلىھەت قىپتۇ. خىسراۋنىڭ زۇلۇمىدىن تويغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي يۈرگەن-لەرمۇ ئاسانلا شىرۇيا تەرەپ بوپتۇ. شىرۇيامۇ بۇلارغا چوڭ ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ. سۆزنى بىر قىلىۋېلىپ، كېچىسى خىسراۋنى قولغا ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، شىرۇيا ئۆز دادىسىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۇنىڭ تەختىنى ئىگىلەپتۇ. تەختكە چىقىش بىلەن تەڭ ئۆزى گۇمانلانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئىشەنچلىك كىشىلەرگە چوڭ - چوڭ مەنسەپلەر بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مېھىنبانۇغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى شېرىنگە شىرۇيانىڭ سۆزلىرىنى بايان قىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىنگە ھەقىقەتەنمۇ ئاشىق بولۇپ قالغان-لىقىغا ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپتۇ.

— مېنىڭ بىر شەرتىم بار، — دەپتۇ شېرىن، — شىرۇيا قوبۇل قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىمەن. شەرتىم شۇ: خىسراۋ جەبىر - زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرگەن سۆيگىنىم پەرھادنى كەلتۈرۈپ ھازىسىنى تۇتسام، دەپنە قىلسام.

ئەلچى بۇ سۆزلەرنى شىرۇياغا بايان قىپتۇ . شىرۇيا نائىلاج رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ . شاپۇر ۋە بىرقانچە كىشىنى پەرھادنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ . بۇلار پەرھادقا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ ياساندۇرۇپ ، ئەتىرلەر چېچىپ ، ساندۇققا سېلىپ ، تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ . شاپۇر بۇ تۆگىنى يېتىلەپ مېھىنبانۇنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ . پەرھادنىڭ جەسىتىنى مەخسۇس ياسىتىلغان سارايغا قويۇپتۇ . خەلق توپلىشىپتۇ . ھەممە چوڭقۇر ماتەم دېڭىزىغا چۆكۈپتۇ .

شېرىن مېھىنبانۇنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— مېنى دەپ جان بەرگەن مېھمىنىم كەلدى ، ئۇنى ئۇزىتىپ كېلىشىم كېرەك . دەسلەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزۈم يالغۇز كىرىمەن ، ھېچكىمنى كىرگىلى قويماڭ ، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ .

مېھىنبانۇ رۇخسەت بېرىپتۇ . شېرىن پەرھادنىڭ يېنىغا كىرىپ ، ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنى قۇچاقلاپتۇ ـ دە ، ھوشىدىن كېتىپتۇ . ئىشىك سىرتىدا تۇرغان خەلق شېرىننىڭ ئۇزاق ۋاقىت چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىشىكنى قېقىپتۇ ، لېكىن سارايدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقماپتۇ . سىرتتىكىلەر ئىشىكنى چېقىپ كىرىپتۇ ۋە ساندۇق ئىچىدە بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ — مەردانە كۆيئوغۇل بىلەن ساھىبجامال كېلىننىڭ مەڭگۈگە كۆز يۇمۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ . . .

پەرھادنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىدىن دېرەك ئالالماي ، ئۇنىڭ دەردىدە ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ . چىن تەختى پەرھادنىڭ ئىنىلدىشى بەھرامغا قاپتۇ . بەھرامۇ پەرھادتىن ھېچقانداق خەۋەر تاپالمىغانىكەن .

پەرھادنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر ، ئۇنىڭ خىسراۋنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى پۈتۈن مەملىكەتلەرگە تارقالغانىكەن . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بەھرام تېزلىك بىلەن ئەرمەنىستانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ . بەھرام يېتىپ كەلگەندە پەرھاد ، شېرىن ، مېھىنبانۇلار دۇنيادىن ئۆتكەنىكەن . بەھرام بۇلار ئۈچۈن بىرقانچە ۋاقىت ماتەم تۇتۇپتۇ .

بەھرام شىرۇياغا كىشى ئەۋەتىپتۇ . بىراق ئۇ قورقۇنچاقلىق قىلىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ . بەھرام خىسراۋنىڭ قورشاۋى دەستىدە ئەرمەنىستانغا كەلگەن بارلىق زىيانلارنى تۆلەشنى شىرۇيانىڭ زىممىسىگە ئارتىپتۇ ۋە ئۇنى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ . بەھرام خىسراۋ ۋەيران قىلغان يەرلەرنى تۈزەپ ، ئاۋات قىلىشقا كىرىشىپتۇ .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

«پەرھاد ـ شېرىن» داستانى ناۋائىي ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تىپىك ۋە تەسىرلىك داستان بولۇپ ، ئۇ 54 باب ، 5453 بېيىتتىن تەركىب تاپقان . بۇ داستاندا شائىرنىڭ گۇمانىزملىق ئىدىيىسى چىن ئېلىنىڭ شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ غايىۋانە مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ . داستاندا ناھايىتى تەبىئىي ۋە تەسىرلىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن بۇ ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك ، تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئوقۇرمەنلەردە كۈچلۈك ھېسداشلىق ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ .

مەلۇمكى ، پەرھاد ۋە شېرىن توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان مەشھۇر ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ ھېكايىنى ئەڭ دەسلەپ ، ئىران شائىرى

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «شاھنامە» گە كىرگۈزۈپ ، نەزمىگە ئايلاندۇرغان . كېيىن 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجەۋى خەلق ئارىسىدا تارقالغان شېرىن توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە «شاھنامە» دىكى نۇسخىغا ئاساسەن شېئىرىي يول بىلەن بىر يىرىك داستان يېزىپ چىقىپ ، پارس تىلىدىكى «خەمسە» سىگە كىرگۈزدى ۋە بۇ داستانغا «خىسراۋ ۋە شېرىن» دەپ ئات قويدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ داستان ئاساسىدا شائىر دېھلىۋى بۇ ھېكايىنى نەزملەشتۈرۈپ ، «شېرىن ۋە خىسراۋ» دېگەن نام ئاستىدا بىر داستان يېزىپ ، ئۆزىنىڭ «خەمسە» سى ئىچىگە كىرگۈزدى . لېكىن ، ھەر ئىككى شائىرنىڭ بۇ داستانىدا پەرھاد ئوبرازى گەۋدىلەنمىدى . ناۋائى بۇ ئىككى شائىرنىڭ بۇ تېمىدا يازغان داستانلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە يول تۇتتى . يەنى ناۋائى پەرھادنى باش قەھرىمان قىلىپ ، ئۆزىنىڭ گۇمانىزم ، خەلقپەرۋەرلىك ، مىللىي دوستلۇق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، تىنچلىقپەرۋەرلىك ، ئەمگەك سۆيەرلىك ، مەرىپەتپەرلىك ، ئىجادكارلىق قاتارلىق ئىلغار غايىلىرىنى مەركەزلىك ھالدا پەرھاد ۋە شېرىن ئوبرازلىرى ئارقىلىق روشەن ئەكس ئەتتۈردى . خىسراۋنى بولسا قانخور زالىم ، نادان شاھلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ناۋائى ئۆزىنىڭ بۇ داستانىغا «پەرھاد ـ شېرىن» دەپ ماۋزۇ قويۇپ ، شەرق ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تۈركىي تىلىدا «خەمسە» بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بەردى .

دېمەك ، ناۋائى پارس تىلى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ، ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت يۈكسەك مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەزكۇر «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يېزىپ چىقتى .

بۇ داستان باشتىن ـ ئاخىر «چاغاتاي تىلى» دا نەزمىي شەكىلدە (مەسنەۋى ـ ئىككىلىك ) يېزىلغان بولۇپ ، مەزكۇر دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن تېكىست شائىر ئابدۇسالام توختىنىڭ داستانىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نەسرلەشتۈرگەن ھېكايە شەكلى ھېسابلىنىدۇ . سىلەر بۇ ھېكايە ئارقىلىق داستانىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆنۈكمىنى ئىشلەڭلار .

1 . ئەسەرنى پىششىق ئوقۇپ چىقىپ ، ئۇنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئوبدان چۈشىنىۋېلىڭلار .

2 . پەرھاد ئوبرازى قانداق ئوبراز ؟ پەرھادنىڭ ئىلىم ، ھۈنەر ئۆگىنىشى ، مەردلىكى ۋە ئەمگەك سۆيەر روھى ئەسەردە قانداق تەسۋىرلەنگەن ؟

3 . شېرىن ئوبرازى قانداق ئوبراز ؟ ئەسەردە پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ مۇھەببىتىنى ئاساسىي ۋاستە قىلىش ئارقىلىق قانداق ئىدىيىۋى پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن ؟

4 . پەرھاد بىلەن شاپۇرنىڭ دوستلۇقى ئەسەردە قانداق بايان قىلىنغان ، بۇنىڭدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭلار ؟ تەسىراتىڭلارنى يېزىپ چىقىڭلار .

5 . تېكىستتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي قەھرىمانلارنى ئايرىتىپ تەھلىل قىلىڭلار .

6 . تۆۋەندىكى دىئالوگ ۋە مونولوگلارنى ئوقۇڭلار . ئۇلارنىڭ داستاندىكى قايسى پېرسوناژنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار .

1 ) «مېنى دەپ جان بەرگەن مېھمىنىم كەلدى ، مەن ئۇنى ئۆزىتىپ كېلىشىم كېرەك . دەسلەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزۈم يالغۇز كىرىمەن ، ھېچكىمنى كىرگىلى قويماڭ .»

( )

2) «مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناھكارمەن. مېنىڭ تۇپەيلىمدىن سىلەر يامان سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭلار. مېنىڭ تۇپەيلىمدىن شەھەر خىسراۋنىڭ قورشاۋىدا قالدى ۋە بەزى ئادەملەر خانىۋەيران بولدى. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا سۆزلەشكە تىلىم يوق. ئەمدى نېمىنى خالىسىڭىز، شۇنى قىلىڭ.» (        )

3) «مەن ئۆز بېشىمدىكى ئۆلۈمنى نېمە ئۈچۈن سىلەرگە راۋا كۆرىمەن؟ ئۆزۈمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشىم تولىمۇ نامەردلىك بولمامدۇ؟» (        )

4) «مەن تىرىك ۋاقتىمدا دۆلەتنى ۋە تەختنى پەرھادقا تاپشۇرسام، مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۆز بېشىغا چۈشسە، بۇ پەرىشانلىقنى تاشلاپ، پادىشاھلىق ئىشى بىلەن بەند بولۇپ كېتەر.» (        )

5) «بۇ كۆرۈنگەن قېيىقتىكىلەر قاراقچىلاردۇر. كېمىلەرنى نېفىت بومبا بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بۇلارنىڭ قولىدىن تىرىك قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.» (        )

6) «چۈشىڭىزدە كۆرگىنىڭىز ئەرمەن مەملىكىتىدۇر. مەن ئۇ يەرنى كۆرگەنمەن. ئەگەر خالىسىڭىز، ئۆزۈم ئېلىپ باراي. مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز.» (        )

7. تۆۋەندە بېرىلگەن جەدۋەلگە پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تېكىستتىن تېپىپ تولدۇرۇڭلار.

## باسقۇچ كۆنۈكمىسى ۋە يېزىقلىق مەشقى

1. مۇشۇ باسقۇچتا ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۇقۇملارغا قىسقىچە تەبىر بېرىڭلار ۋە ئۇنى تەرتىپلىك ھالدا مەشق دەپتىرىڭلارغا يېزىپ كېلىڭلار.

1) «چاغاتاي تىلى» —

2) «خەمسە» —

3) «خەمسە ناۋائى» نىڭ نىزامى گەنجەۋى ۋە دېھلىۋىلار يازغان «خەمسە» دىن تۈپ پەرقى —

4) گۇمانىزم —

5) خەلقچىللىق —

6) «گۇل ۋە نەۋرۇز» —

7) «بەدائىئۇل - بىدايە» —

8) «نەۋادىرون - نىھايە» —

9) «خەمسە تولىمۇ تەييرىن» —

10) «مەنتىقۇتتەير» —

2. تۆۋەندىكى ئىككى سخېما (جەدۋەل) نى تولدۇرۇڭلار:

A ناۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ژانىر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| تەۋە ئەسەرلەر نامى | تۈر ـ ژانىرلار |
|---|---|
| | شېئىري دىۋانلار |
| | خەمسە |
| | تەزكىرىلەر |
| | ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت |
| | دىنىي ، ئەخلاق ، پەلسەپىۋى ئەسەرلەر |
| | تارىخىي ئەسەرلەر |
| | تەرجىمىھال ئەسەرلەر |
| | ۋەسىقىلەر |
| | مۇنشائاتلار |
| | باشقىلار |

B «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنىڭ سۇژىت تەرتىپى (لىنىيىسى ) ۋە كومپوزىتسىيىسى (قۇرۇلمىسى ) توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى سخېمىنى تولدۇرۇڭلار .

| تەپسىلاتى (تېكىستتىكى مەزمۇن بۆلەكلىرى بويىچە ئايرىڭ ) | تەرتىپى |
|---|---|
| | مۇقەددىمە قىسمى |
| | تۈگۈن |
| | ۋەقە راۋاجى |
| | كۇلمىناتسىيە |
| | يېشىمى |
| | خاتىمە |

# 9 ـ باسقۇچ

## ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى

كىنو سەنئىتى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمى ئىچىدىكى ئەڭ ياش ۋە ئىستىقباللىق سەنئەت تۈرى بولۇپ ، ئۇنىۋېرساللىق بىلەن ئاممىۋىلىق ئۇلارنى باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسىي بەلگە ھېسابلىنىدۇ . كىنو سەنئىتى بىلەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەم ئۆزئارا ئوخشاشلىقى ھەم بەلگىلىك پەرقلەرگە ئىگە بولغان سەنئەتنىڭ ئىككى تۈرى .

بۇ باسقۇچتا ئۇقتىلىق ھالدا كىنو سەنئىتى بىلەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى ، ئۇلارنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە پەرقى ، بۇ ئىككى خىل سەنئەت تۈرىنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرى بايان قىلىنىدۇ .

## ئۆگىنىش تەلىپى

1 . كىنو سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ، كىنو سىنارىيىسى ھەم سىنارىيە ئىجادىيىتىگە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەرنى بىلىۋېلىش

2 . كىنو سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى ئىگىلىۋېلىش

3 . تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈنۈشىنى ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى بىلەن كىنو سەنئىتىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى بىلىۋېلىش

4 . ئۆگەنگەن ئاساس بىلىمدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى تېكىست بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، كىنو سەنئىتى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

# ئاساس بىلىم

## *كىنو سەنئىتى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە*

كىنو سەنئىتى ئەدەبىيات (كىنو سېنارىيىسى) ، تىياتىر ، مۇزىكا ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ، گۈزەل سەنئەت ، بىناكارلىق سەنئىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئەڭ مۇرەككەپ ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولۇپ ، ئۇ يەنە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلەن زىچ بىرلەشكەن . كىنو سەنئىتى ــ ئەمەلىي ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي رولى ناھايىتى كۈچلۈك بىر قورال بولۇپ ، ئاممىۋىلىقى جەھەتتە ، ئۇ ھەرقانداق سەنئەت تۈرلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ . كىنو باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە قارىغاندا بىرقەدەر ياش ، ئەمما ، تەرەققىياتى تېز سەنئەت بولۇپ ، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا غەربىي ياۋروپادا ئېلېكتر تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولۇشقا باشلىغان .

كىنو گرېكچە «kineo» يەنى «قىمىرلاش» ، «مىدىرلىتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . تۇنجى كىنو ئاۋازسىز بولۇپ ، ئۇنى فرانسىيىلىك ئاكا ـ ئۇكا لوئىس لومېيرلار كەشىپ قىلغان . 1894 ـ يىلى يازدا پارىژدىكى لومېير زاۋۇتىنىڭ باش ئىنژېنېرى چ مولسون لوئىس لومېيرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن دۇنيادىكى بىرىنچى سۈرەت ئېلىش ئاپپاراتىنى ياساپ چىققان . ۋە مۇشۇ ئاپپاراتتا ئاكا ـ ئۇكا لومېير «زاۋۇتنىڭ دەرۋازىسى» ناملىق فىلىمنى سۈرەتكە ئالدى . بۇ ئاۋازسىز فىلىم 1895 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارىژنىڭ كاپسىن كوچىسىدىكى 14 ـ نومۇرلۇق قەھۋەخانىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ئاشكارا قويۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ، دۇنيادا ئاكا ـ ئۇكا لومېيرلار كىنونىڭ تۇنجى كەشىپ قىلغۇچىسى بولۇپ قالدى .

كىنو ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى .

بىرىنچى باسقۇچ : تۇنجى كىنو ۋۇجۇدقا كەلگەن 1895 ـ يىلدىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1914 ــ 1918) غىچە بولغان ۋاقىت . بۇ باسقۇچتا دۇنياغا كەڭ تارقالغان «جانلىق فوتوگرافىيە» تېخنىكىسى راۋاجلىنىش ئاساسىدىكى ئاۋازسىز كىنو تەرەققىي قىلدى . ئۇزاق ئۆتمەي كىنو تېخنىكىسى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ بەدىئىي ، ھۆججەتلىك ۋە ئىلمىي ئاممىباب كىنو سەنئىتى دەپ ئۈچ ساھەگە بۆلۈندى . بۇ خىل تۈردىكى تۇنجى كىنولاردا ئىپادە قىلىنغان ۋەقە (كۆرۈنۈش) سۈرەت فىلىونكىسىغا چوڭ بۆلەكلەر بىلەن چۈشۈرۈلۈپ ، بىر ـ بىرلەپ ئاستىغا يېزىلغان تېكىستلەر ئارقىلىق ئۇلىنىپ ماڭغان . ئۇ مەزگىللەردە كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى قوزغالماي مۇقىم تۇرغان ، كىنو ئارتىسلىرى خۇددى درامىدەك سەھنىدە رول ئالغان ھالەتتە ئېكرانلاشتۇرۇلغان ، سەھنە سىرتىدىكى مۇرەككەپ تاشقى كۆرۈنۈشلەر تېخى ئېكرانلاشتۇرۇلمىغان . ئارتىسلار ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق كىنونىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلىگەن . شۇڭا بۇ باسقۇچ ئاۋازسىز كىنو سەنئىتى دەۋرى دېيىلىدۇ .

ئىككىنچى باسقۇچ : ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن 1930 ـ يىللارغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ ، بۇ باسقۇچتا كىنو ھەقىقىي مەنىدىكى بىر خىل سەنئەت تۈرىگە ئايلىنىپ ، ئۆزىنىڭ سەنئەت

ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى . شۇڭا بۇ باسقۇچنى ئاۋازسىز (گاچا) كىنونىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆنەر ـ سەنئەت سەنئەت بولۇپ شەكىللەنگەن باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ . بۇ باسقۇچتا كۆرۈنۈشلەرنى تەشكىللەش بىلەن سەزگۈ ئوبرازى يارىتىشتىن ئىبارەت مۇستەقىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى تېپىلدى . بۇ مەزگىلدە نۇرغۇنلىغان كىنو سەنئەتكارلىرى ۋە كىنو رېژىسسورلىرى بارلىققا كېلىپ ، كىنو سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى . بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە يېڭىدىن قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا كىنو سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ ، لېنىننىڭ «فىلىمنى ھۆججەتلىكتىن باشلاش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن ، ھۆججەتلىك فىلىملەرنى كۆپلەپ ئىشلەش ئارقىلىق سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى .

ئۈچىنچى باسقۇچ : 1930 — 1940 ـ يىللىرى ، دۇنيا كىنوچىلىقىدا كىنو فىليونكىسىغا ئاۋاز چۈشۈرۈش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى . ئاۋازلىق كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە كەڭ يول ئېچىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن ، ھەر خىل تېمىدىكى ھېكايە فىلىملەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى . ئەڭ بۇرۇنقى ئاۋازلىق بەدىئىي ھېكايە فىلىملەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ئۇچرىشىش» (1932 ـ يىلى) ، «چاپايېف» (1934 ـ يىلى) ، «ماكسىم توغـرۇلـۇق تريـلـوگىيـە» (1935 — 1939) ، «بىز گرانشتاتتىن» (1936 ـ) قاتارلىق فىلىملەردىن ئىبارەت . بۇ باسقۇچتا ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇش ئەسلىملىرىنى تېما قىلغان ئۇرۇش فىلىملىرى كۆپلەپ ئىشلەنگەندىن تاشقىرى ، دۇنيا كىنو چولپىنى ، ئەنگلىيىلىك مەشھۇر كىنو سەنئەتكارى چارلىز چاپلىن (1889 — 1977) نىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكى چىرىكلىكلەرنى پاش قىلىدىغان كومېدىيىلىك فىلىملىرىمۇ كۆپلەپ بارلىققا كەلدى .

تۆتىنچى باسقۇچ : 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ دۇنيادا رەڭلىك كىنو ئىشلەش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن ، قەدەممۇقەدەم رەڭلىك بەدىئىي ھېكايە فىلىملەر بارلىققا كەلدى . ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتى رەڭلىك بەدىئىي فىلىملەرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ ، تاماشىبىنلارغا تېخىمۇ روشەن چىنلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان ئىستلىق (ستېرېئولۇق) بەدىئىي فىلىملارمۇ ئىشلەندى . شۇنداق قىلىپ ، كىنو سەنئىتى پەيدا بولۇپ ، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا بىر ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىسى جەريانىدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ، پۈتۈن دۇنيادا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشتى . شۇنىڭ بىلەن ، كىنو سەنئىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ جانلىق ۋە قىزىقارلىق كارتىنىسى ۋە كۆزنىكى بولۇپ قالدى . كىنو سەنئىتى تۆۋەندىكىدەك مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

1 . ئاممىۋىلىق

كىنو پۈتكۈل سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئاممىۋىلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر خىل سەنئەت ھېسابلىنىدۇ . ئۇ كۆرۈش تۇيغۇسى ئاساس قىلىنغان سەنئەت بولغاچقا ، ئۇنىڭدىن ئومۇمەن كۆزى كۆرىدىغان ھەممە كىشىلەر تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ . شارائىت جەھەتتە كىنو فىلىمنى خالىغان ۋاقىتتا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، مەخسۇس كىنوخانىلاردىلا كۆرۈش شەرت قىلىنمايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، كىنو دۆلەت ۋە مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ، مۇئەييەن بىر تىلدا ئىشلەنگەن فىلىمنىڭ تىلىنى ئۇقمايدىغان كىشىلەرمۇ كۆرۈش تۇيغۇسىغا تايىنىپ ، مەلۇم ئىدىيىۋى تەسىراتقا ئىگە بولالايدۇ . بۇنداق كەڭ ئاممىۋىلىق خۇسۇسىيەت باشقا ھەرقانداق سەنئەت تۈرلىرىدە تېپىلمايدۇ .

2 . ئۇنىۋېرساللىق

ھەر خىل سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە كىنو ئۇنىۋېرساللىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر خىل سەنئەت . كىنو سەنئىتى ئېپىك ئەسەرلەر بىلەن دراماتورگىيىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى ئۇ يەنە دراماتورگىيە (تىياتىر سەنئىتى ) گە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولغان نۇرغۇن سەنئەت ساھەلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . ئۇ سېنارىست (كىنو سېنارىيىسىنى يازغۇچى ) ، رېژىسسور ، ئارتىسلار ، گۈزەل سەنئەت ئۇستىلىرى ، بىناكارلىق ئۇستىلىرى ، كومپوزىتورلار ، ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچىلار ، ئوپېرا- تور (سۈرەتكە ئالغۇچى ) قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ كوللېكتىپ ئەمگىكىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر . شۇڭا ، كىنو گەرچە بىر خىل سەنئەت تۈرى بولسىمۇ ، ئۇ يۇقىرى پەن - تېخنىكىغا بىۋاستە تايىنىدۇ .

3 . چىنلىق

دەرۋەقە چىنلىق پۈتكۈل ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ جېنى ، لېكىن ، كىنو كۆرۈش تۈيغۇسىغا تايانغان سەنئەت بولغاچقا ، باشقا ھەرقانداق سەنئەت تۈرلىرىگە قارىغاندىمۇ كىنونىڭ چىنلىق تەلىپى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ . ئادەتتە ھېكايە ، رومان قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەر- لەرنىڭ چىنلىقتىن چەتنەپ كەتكەن بەزى جايلىرىنى ئېھتىمال ، ئانچە ئوڭاي سېزىۋالغىلى بولماسلىقى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، رومان قاتارلىق يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەر كىشى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئوقۇيدۇ ، ھەتتا بەزى يەرلىرىنى ئوقۇغۇسى كەلمىسە ، ئوقۇماي ئاتلاپ كېتىۋېرىشىمۇ مۇمكىن . ئەمما ، كىنو «چاقچاق» سەنئەت بولۇپ ، بىر كىنو ئادەتتە بىر - ئىككى سائەت ئىچىدىلا قويۇلۇپ بولىدۇ ، ئاشۇ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە كوللېكتىپ تاماشىبىنلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ . شۇڭا ، بىر كىنودا چىنلىقتىن سەل - پەللا چەتنەپ كېتىلسە ، ئۇ ئاسانلا بىلىنىپ قالىدۇ - دە ، بۇ كىنو كۆزلىگەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ . شۇڭا ، كىنو تۇرمۇشقا ئەڭ يېقىن بىر سەنئەت بولغاچقا ، ئېكراندا كۆرۈنگەن پېرسوناژلار ۋە مۇھىتلار كونكرېت ۋە چىن بولۇشى ، ئۆز ئەتراپىدىكى رېئال تۇرمۇشتەك ھېس قىلىنىشى لازىم .

4 . كىنونىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرى

ۋەقەلىكنى بايان قىلىش ، مەنزىرىسىنى سۈرەتلەش ، ھەرىكەت ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش قاتارلىقلار كىنونىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى بولغان «كۆرۈنۈش» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . شۇڭا ، «كۆرۈنۈش» كىنو سەنئىتىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى ۋە جېنى ھېسابلىنىدۇ . كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى سۈرەتكە ئېلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ بىر توختىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇدا سۈرەتكە ئېلىنغان كىنو لېنتىسى بىر كۆرۈنۈش دېيىلىدۇ . بىر كىنو باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇنلىغان كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپىدۇ . رېژىسسورنىڭ قوماندانلىقىدا ئوپېراتور كۆرۈنۈشلەرنى يەككە - يەككە سۈرەتكە ئالغاندىن كېيىن ، رېژىسسور شۇ فىلىم- نىڭ ئېھتىياجى بويىچە بۇ كۆرۈنۈشلەرنى تاللاپ تەرتىپكە سېلىپ چىقىدۇ .

5 . كىنونىڭ كومپوزىتسىيىسى (بەدىئىي قۇرۇلمىسى )

كىنو فىلىيونكىسىدىكى پارچە كۆرۈنۈشلەرنى ئۇلاپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كىنودىكى بەدىئىي قۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق ئۇسۇل كىنو سەنئىتىدە «مونتاژ» دېيىلىدۇ . «مونتاژ» فرانسۇزچە سۆز بولۇپ ، «ئۇيۇشتۇرۇش» ، «سەپلەپ چىقىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . يەنى ، كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتىدا سۈرەتكە ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەرنى ئەسەرنىڭ مەقسەت ھەم ئېھتىياجىغا ، كىنو سۇژىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ، ۋاقىت ھەم بوشلۇق- نىڭ ئالمىشىشىغا ئاساسەن قايتىدىن تەشكىللەش ئارقىلىق ، كىنو ۋەقەلىكىنى بىر - بىرىگە

باغلاش ، سىستېمىلاشتۇرۇش ، كىنونىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىللەش «مونتاژ» دېيىلىدۇ . قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، مونتاژ ـــ كىنو ئىلىش ئاپپاراتىدا سۈرەتكە ئېلىنغان ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشلەرنى تۇرمۇش مەنتىقىسى ۋە ئىلمىي سەنئەت پرىنسىپى بويىچە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇشتۇر .

ئېپىك ئەسەرلەردە ئابزاس ، بۆلەك ، قىسىم ، بابلار بولىدۇ ، سەھنە ئەسەرلىرىدە كۆرۈنۈش ۋە پەردىلەر بولىدۇ ، كىنو ۋە كىنو سېنارىيىسىدە بولسا كۆرۈنۈش ھەم بۇ كۆرۈنۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان مونتاژ ، چاس ، سېرىيەلەر بولۇپ ، بۇ ئالاھىدە سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مونتاژنىڭ تۆۋەندىكىدەك رولى بار :

1 ) ۋەقەلىكنى تۇرمۇش مەنتىقىسى ۋە ئىلمىي سەنئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ چۈشەندۈرىدۇ .

2 ) بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل تۇرمۇش ياكى ئىككى شەيئىنى جەملەپ سېلىشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ماھىيەتلىك بولغانلىرىنى تاللىۋالىدۇ .

3 ) بىر ۋەقەدىن ئىككىنچى بىر ۋەقەگە سەكرەپ ئۆتۈپ ، تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ .

## كىنو سېنارىيىسى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەر

كىنو ئەدەبىياتى دېگەندە ، ئاساسەن كىنو سېنارىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن باشقا ئەدەبىي ژانىرلارغا ئوخشاش تىل سەنئىتى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ . كىنو ئەدەبىياتى كىنو سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ دۇنياغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان بىر خىل يېڭى ئەدەبىيات فورمىسى . لېكىن ، سېنارىيە ئاپتورلىرى كىنو ئەسىرىنى باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردەك كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى مۇھىمى ئۇنى كىنو قىلىپ ئىشلەش ئۈچۈن يازىدۇ . شۇڭا ، كىنو سېنارىيىسى كىنو ئوبرازىنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى ، كىنو سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك . سېنارىيە ئاپتورلىرى بۇنى بىلگەن ۋە ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى فىلىمگە ئېلىش خىزمىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىدۇ .

ئۇنداق بولسا كىنو سېنارىيىسى دېگەن نېمە ؟

سېنارىيە ئاپتورلىرىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان بىلىمى ، چۈشەنچىسى ھەم توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ژانىرلىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق كىنو سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا كىنو فىلىمى ئىشلەش ئۈچۈن يېزىپ چىققان ئەدەبىي ئەسىرى كىنو سېنارىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ . كىنو سېنارىيىسى ئىجادىيىتىگە تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەر قويۇلىدۇ :

1 ) كىنو ـــ ئوبرازلاشتۇرۇلغان سەنئەت بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوبرازلىرى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ . شۇڭا ، كىنو ئوبرازىنى كۆرۈش سەزگۈسى ئوبرازى دەپمۇ ئاتايدۇ . كۆرۈش سەزگۈسى ئوبرازىنىڭ ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ كونكرېت ، روشەن ، جانلىق ۋە ھەرىكەتچان بولۇشى ، شۇنداقلا تاماشىبىنلارنىڭ شۇ ئوبراز ئىپادىلىگەن ھەممە نەرسىلەرنى ئېكراندا ئوچۇق كۆرەلەيدىغان بولۇشىدۇر . شۇڭا ، كىنو سېنارىيىسىنىڭ ئوبرازلىرى ھەر-

قانداق ئابستراكت بايانلاردىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

2 ) كىنو سېنارىيىسىدە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى روشەن ۋە كۈچلۈك ئىپادىلىنىشى لازىم . چۈنكى ، ھەرىكەت پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرقاتار كونكرېت ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . كىنو سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەئەللۇق بولغان ، كۆز بىلەن كۆرگىلى ، ئېغىز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بەزى پسىخىك كەچۈرمىشلەرنى پەقەتلا پېرسوناژلارنىڭ ئېكراندىكى ئىما ـ ئىشارەتلىك ھەرىكەتلىرى ۋە سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ . كىنودا ھېكايە قىلىنغان پۈتكۈل ۋەقەلەر ۋە يانداش كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن بولۇپ ، كىنو ئوبرازىدا پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى مەركىزىي نۇقتا قىلىنىدۇ . جانلىق ھەرىكەتكە تايانمىغان كىنولار تاماشىبىنلارنى ئاسانلا زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ .

3 ) كىنو سېنارىيىسى ئوينىلىش ۋە قويۇلۇش جەھەتتىن ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا ، زىددىيەتلەرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى جەھەتلەردە ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكىگە ئوخشاش دىئالوگ ۋە مونولوگلارنى كۆپ قوللىنىشقا بولمايدۇ . يەنى ، كىنو سېنارىيىسىدە سۆز ئاز ، ھەرىكەت كۆپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . بۇ جەھەتتىن كىنو سېنارىيىسىنىڭ تېكىستى ھەتتا دراما تېكىستلىرىدىنمۇ ئاز ۋە ئىخچام بولىدۇ ،

4 ) كىنو سېنارىيىسىدە كومپوزىتسىيە خۇددى تۈگۈلگەن مۇشتەك ئىخچام ۋە پۇختا بولۇشى ، سۇژېت جانلىق ۋە مۇكەممەل بولۇشى لازىم .

كىنو ئەدەبىياتىنىڭ كومپوزىتسىيىسى فىلىمدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن بۆلەكلىرى ، بۆلەكلىرى بىلەن كىنو كۆرۈنۈشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ كىنو ئەدەبىياتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى . بەدىئىي قۇرۇلما كىنو سېنارىيەسىنىڭ باش تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ . كىنو ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەشكىللەش كىنونىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن ، شۇنداقلا يەنە تاماشىبىنلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ . كومپوزىتسىيە ئەسەرنىڭ سۇژېتىغا ئاساسەن تۈزۈلىدۇ . سۇژېت يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇش ئىچىدىن ئالغان ماتېرىيال ئاساسىدا تاللاش ۋە تاۋلاش ئارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىرقاتار ۋەقەلىك جەريانىدىن ئىبارەت بولغاچقا ، سېنارىيە ئاپتورلىرى كىنو ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ، كىنو سۇژېتىنىڭ جانلىق ۋە مۇكەممەل بولۇشىغا ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىش لازىم .

ئومۇمەن ، كىنو سەنئىتى سېنارىيە يازغۇچىلىرىدىن كىنو سەنئىتىنىڭ ئۈنىۋېرساللىق ، ئاممىۋىلىق ، كۆرۈش سەزگۈسىگە تايىنىش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇ چاغدىلا ، ئىجاد قىلىنغان كىنو ئەسىرى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدۇ .

# تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۈچقاندەك راۋاجلانغان ئېلېكترونلۇق پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى . خۇددى كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن كىنونىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئېلېكترونلۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى بارلىققا كەلگىنىگە ئوخشاش ، تېلېۋىزىيە پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى . ئىسمىدىن مەلۇم بولىدۇكى ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى سەھنە تىياتىرى بىلەن كىنو سەنئىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت . يەنى ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى سەھنە تىياتىرى بىلەن كىنو سەنئىتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر خىل سەنئەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ . تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .

1 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرى كىنو سەنئىتىگە قارىغاندىمۇ ئەڭ زور ئاممىۋىلىققا ئىگە . كىنونى ئالساق ، گەرچە بىر فىلىم بىرقانچە يۈز نۇسخا كۆپەيتىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىلسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرلا ۋاقىتتا ھەممە كىشىنىڭ تەڭ بەھرىمەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، پەقەت كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاستىدا ، ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرى چەكلىك ۋاقىت ۋە چەكلىك ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ . تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ جەھەتتىكى چەكلىمىلىكلەردىن خالىي بولىدۇ . ئومۇمەن ، ئۆيدە تېلېۋىزورى بولغان ھەرقانداق كىشى خالىغان ۋاقىتتا ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ كىنوخانا ، تىياتىرخانىلارغا جەم بولۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تارقىتىدىغان تېلېۋىزورلار كۆپ قاناللىق بولغاچقا ، تاماشىبىنلار ئۆزىنىڭ رايىغا ئاساسەن تېلېۋىزور تىياتىرلىرىنى تاللاپ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ .

2 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئىشلىنىشى تېز ۋە جانلىق بولىدۇ . بىر مۇكەممەل بەدىئىي كىنو فىلىمىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كۆپلىگەن تارىخىي جەريانلار ، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتلار تاللىنىپ ، تاماشىبىنلارغا ئەينەنلىك تۇيغۇسى بېرىش شەرت قىلىنىدۇ . بۇ رېئال كۆرۈنۈشلەرنى ئوپېراتور سۈرەتكە ئېلىش ۋە رېژىسسور ئۇنى مونتاژغا ئايرىپ كىنو بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىللەش ئۈچۈن خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ . تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەشتە گەرچە كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى ئىشلىتىلسىمۇ ، لېكىن ، ئۇنىڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالى ئادەتتىكى سىنئالغۇ بىلەن سىپىرلىق خاتىرىلەش ئاپپاراتىدىن ئىبارەت . ئۇنىڭدا قوللىنىلىدىغان سۈرەت خاتىرىلەش تېخنىكىسى مۇنداق ئارتۇقچىلىققا ئىگە : تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا سۈرەتكە تارتىش ۋە سۈرەتنى خاتىرىلەش تېخنىكىسى ئارقىلىق نەق مەيداندىلا ئۇنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ۋە تېخنىكىلىق سۈپىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ . ناۋادا ، تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىسا ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كېرەكسىز قىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ ، كېرەكلىك سۈرەتنى قايتا خاتىرىلەپ ئېلىشقا بولىدۇ ، شۇنداقلا تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا سۈرەتنى خاتىرىلەش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاۋاز مەسىلىسىنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ھەل

قىلغىلى بولىدۇ ، كىنو سەنئىتىدە ئۇنداق قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق . شۇڭا ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئىشلىنىشى كىنو فىلىمىگە قارىغاندا ۋاقىت جەھەتتىن تېز ، نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان بەزى دۆلەتلەر نەچچە كۈندىلا بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەپ چىقالايدۇ .

3 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ پېرسوناژلىرى ، مۇھىت ۋە كۆرۈنۈشلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا سۇژىتىنىڭ ئېپادىلىنىشى كىنو سېنارىيىسىگە قارىغاندا تەرتىپلىك ۋە تەپسىلىي بولىدۇ . تېلېۋىزور بىلەن كىنو ئېكرانىنىڭ كۆرۈش ئارىلىقى ، ئېكرانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا كۆپىنچە كۆرۈش ئارىلىقى يېقىن بولغان كۆرۈنۈشلەر ، يەنى ئوتتۇرا مۇساپىلىك كۆرۈنۈش ، يېقىن كۆرۈنۈش ۋە ئالاھىدە كۆرۈنۈشلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ . شۇڭا ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا پېرسوناژلار ۋە مەيدان يىغىنچاق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، پۈتكۈل تىياتىرنىڭ قۇرۇلۇشىدا جىددىي ۋە ئېھتىياتچان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئىشلەش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا ، ئادەتتىكى بىر سائەتلىك تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا ئاساسىي پېرسوناژلاردىن 4 دىن 5 كىچە ، مۇھىت كۆرۈنۈشى 4 دىن 6 گىچە بولسا كۇپايە بولىدۇ .

4 ) فىلىمگە ئېلىش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا ، ئالاھىدە كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئېلىش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ كىنودىن پەرقلىنىدۇ . كىنو ئېكرانىدىكى ئالاھىدە كۆرۈنۈشتە پېرسوناژنىڭ چىرايى ياكى كۆزى ئادەتتىكى ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولىدۇ . تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئاساسىي كۆرۈنۈشلەر ئەسلىي ھالىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچقا ، كىنوغا قارىغاندا بىرقەدەر تەبىئىي ۋە ئېنىق كۆرۈنىدۇ ، باشقا تېخنىكىلىق تەلەپلىرىمۇ كىنوغا قارىغاندا ئاددىيراق بولىدۇ .

5 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرى تېلېۋىزورنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا ھەجىم ۋە ۋاقىت جەھەتتىن كىنوغا ئوخشاش مۇئەييەن چەكلىمىگە ئىگە بولمايدۇ . ئادەتتە ھەرقانداق كىنو بىر ياكى ئىككى سېرىيە (قىسىم ) لىق ، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئايرىم كىنولار ئۈچ سېرىيەلىك بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە تاماشىبىنلاردا ھارغىنلىق ۋە زېرىكىشلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ . ئەمما ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى بۇ جەھەتتىكى چەكلىمىلىكلەردىن خالىي سەنئەت تۈرى بولغاچقا ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ قانچە قىسىمدىن تۈزۈلۈش كېرەكلىكى ھەققىدە ھېچقانداق چەك يوق . بۇنداق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بەلگىلەنگەن قانالدا ھەر كۈنلۈكى بىر ياكى ئىككى قىسىمدىن ئۇلاپ كۆرسىتىلىدۇ . بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى قانچە قىسىملىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ مەزمۇن ۋە تېما جەھەتتىن بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشى ۋە بىر گەۋدىلىك بولۇشى كېرەك . تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇپ ، جەلپ قىلارلىق بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولسىلا ، ئۇنىڭ قانچە قىسىملىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، تاماشىبىنلار ئۇنى ئۇلاپ كۆرۈشتىن زېرىكمەيدۇ .

6 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ، تېخنىكىلىق مۇلازىمەتلىرى ، كېتەرلىك ۋاقىت ۋە خىراجەتلىرى كىنو ئىشلەشكە قارىغاندا ھەسسىلەپ ئاز بولىدۇ . شۇڭا ، بىر سېرىيىلىك كىنو ئىشلەشكە كېتىدىغان ۋاقىت ۋە خىراجەت بىلەن نەچچە ئون قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلەش مۇمكىن . شۇنداق بولغاچقا ، بۈگۈنكى دۇنيادا تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ بازىرى كىنوغا قارىغاندا ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېۋىزورنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ۋە خەلقئارا تورلىشىشىغا ئەگىشىپ ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ تاماشىبىنلىرىمۇ كۈنسېرى كۆپەيمەكتە . بۇ ھال تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئۆز ئوبيېكتىغا نىسبەتەن كىنوغا قارىغاندا ھەقىقەتەن ئەۋزەللىككە ۋە قولايلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

7 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن كۆزەتكەندە ، ئۇنى ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن : ۋەقەلىكنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا ، ئۇنى كومېدىيە خاراكتېرلىك تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ، تراگېدىيە خاراكتېرلىك تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ، تۇرمۇش تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە ، سۇژېت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئالغاندا ھازىرقى زامان تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ، تارىخىي تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ، ئۇرۇش تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ، رازۋېدكا تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ، مۇھەببەت تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ، پەن ـ تېخنىكا تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن . كۆرۈش ئوبيېكتى جەھەتتىن ئالغاندا چوڭلار تېلېۋىزىيە تىياتىرى ، باللار تېلېۋىزىيە تىياتىرى قاتارلىقلارغا ، ھەجمى جەھەتتىن ئالغاندا بىر قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ .

دېمەك ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى رېئال تۇرمۇشنى بىرقەدەر تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكى ۋە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ .

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . كىنو سەنئىتى قانداق سەنئەت ؟ ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار .

2 . كىنو سەنئىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ؟

3 . كىنو سېنارىيىسى دېگەن نېمە ؟ ئۇ ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن قايسى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ ؟ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق جاۋاب بېرىڭلار .

4 . كىنو سېنارىيىسى بىلەن تېلېۋىزىيە سېنارىيىسىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ ؟ سىلەر ئۆزۈڭلار ياقتۇرۇپ كۆرگەن بىر كىنو بىلەن بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى سېلىشتۇرۇپ ، كونكرېت مىساللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈڭلار .

5 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار .

1 ) كىنو گرېكچە ______ يەنى « ______ » ، « ______ » ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

2 ) كىنو باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە قارىغاندا ياش سەنئەت بولۇپ ، دۇنيادا تۇنجى كىنونى ______ لىك ______ لار ______ يىلى كەشپ قىلغان .

3 ) دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئاشكارا قويۇلغان كىنونىڭ نامى ______ بولۇپ ، بۇ كىنو ______ يىلى ، ______ ئاينىڭ ______ كۈنى ______ نىڭ كاپىسىن كوچىسىدىكى ______ نومۇرلۇق ______ نىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە قويۇلغان .

4 ) دۇنيادا رەڭلىك كىنو ئىشلەش تېخنىكىسى ______ يىللاردىن كېيىن سىناق قىلىندى .

5 ) كىنو سەنئىتى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئوخشاشلا تاماشىبىنلارنىڭ ______ گە تايىنىدىغان سەنئەت تۈرلىرىدۇر .

6 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرى ______ بىلەن ______ نىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت .

7 ) ________ كەشىپ قىلىنىشى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى .

6 . تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىڭلار .

1 ) 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا كىنو فىلىيونكىسىغا ئاۋاز چۈشۈرۈش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى . ( )

2 ) «مونتاژ» فرانسۇزچە سۆز بولۇپ ، «ئۇيۇشتۇرۇش» ، «سەپلەپ چىقىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ( )

3 ) كىنودىكى ھەربىر پارچە كۆرۈنۈشلەر «مونتاژ» دېيىلىدۇ . ( )

4 ) كىنودىكى پارچە كۆرۈنۈشلەرنى ئۇلاپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى «مونتاژ» دېيىلىدۇ . ( )

5 ) كىنو ئوبرازىنى يارىتىشتا سىمۋوللۇق ۋاستىلەرگە تايىنىلىدۇ . ( )

6 ) كىنو سېنارىيىسى بىر خىل بەدىئىي ئىجادىيەت بولۇپ ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن دراماتورگىيە بىلەن بىردەكلىككە ئىگە . ( )

7 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . ( )

8 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ پېرسوناژلىرى ۋە مۇھىت كۆرۈنۈشلىرى كىنوغا قارىغاندا ھەسسىلەپ كۆپ بولىدۇ . ( )

9 ) تېلېۋىزىيە پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى . ( )

10 ) تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەشكە كېتىدىغان ۋاقىت ۋە خىراجەت كىنو ئىشلەشكە قارىغاندا ھەسسىلەپ كۆپ بولىدۇ . ( )

# 36 . نەسرىن ئەپەندى[①]

## (كىنو سېنارىيىسى )

### ۋاڭ يۈيخۇ

### 34

— پۈتۈن شەھەردىكى پۇقرالار ، قۇلاق سېلىڭلار ! مەن ھازىر خاقاننىڭ يارلىقىنى جاكارلايمەن ، — خاقاننىڭ جارچىسى چوڭ مەسچىت ئالدىدىكى ئېگىز سۇپىدا تۇرۇپ كۆپچىلىككە خىتاب قىلىدۇ . ئاندىن يۈگەكلىك يـارلىقـنى سـۆيۈپ ئۇنـى ئېچىپ ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ :

«مەنكى قۇرەيشخان ، ئەجدادلىرىمنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، خۇدايىتائالانىڭ قول-لىشى بىلەن شۆھرىتىم ھەريانغا تارالدى ، دۆلىتىم كۈچىيىپ ، خەلقىم ئاسايىشلىققا ئېرىش-تى . مېنىڭ قولغا كەلتۈرگەن تۆھپىلىرىمنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . بۈگۈن قوشنا خاقانىنىڭ دۆلىتىدىن ئۈچ ئەلچى كەلدى . بۇلار گەپكە چېۋەر ئادەملەر بولۇپ ، ئوردىدىكى ئەمەلدارلار تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى . مەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلانماقتىمەن . ھازىر پۈتۈن شەھەردىكى پۇقرالارغا مۇراجىئەت قىلىمەنكى ، كىمكى بۇ ئەلچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلىسە ، دەرھال ئوردىغا كەلسۇن . سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلىگەنلەرگە يۇقىرى مەرتىۋە ئىنئام قىلىمەن ، تىلىگىنىنى بېرىمەن . »

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئەپەندى خۇش بولۇپ كېتىدۇ . نۇرىغا شەرەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ جارچىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ . ئەپەندى ئېگىز سۇپىغا چىقىپ جارچىغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ :

— بېگىم ، ئوردىغا مەن باراي ، — دەيدۇ .

جارچى ئەپەندىگە باشتىن - ئاخىر كۆز يۈگۈرتۈپ :

— سەن ؟ — دەيدۇ .

— مەن ئاشۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەرقانداق قىيىن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلەيـمـەنغۇ دەي-مەن ، — دەيدۇ ئەپەندى .

### 35

ھەشەمەتلىك ئوردىنىڭ ئىچىدە ، تەخت ئالدىدا ۋەزىر ۋە لەشكەر باشلىقلىرى قاتار تۇرىدۇ . ئالتۇنبەگ بىلەن پۇلباي مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا بار .

---

① بۇ «نەسرىدىن ئەپەندى» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدىن پارچە بولۇپ ، «ئەدەبىي تەرجىملەر» ژۇرنىلىنىڭ 1980- يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى .

خاقان تەختتە ئولتۇرۇپ قوشنا دۆلەت ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن سېرىك ئويۇنلىرىنى كۆرمەكتە . ئۇنىڭ يېنىدا خانىش ، شاھزادە ۋە مەلىكىلەر بار .

سېرىك ئويناۋاتقان بىر يۇنان قىزىقچىسى يۈزىگە نىقاب تارتىپ يۇگۈرمەكتە ، تاخلىماقتا ، تۈرلۈك كۈلكىلىك ھەرىكەتلەرنى ئوينىماقتا . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يۈز نىقابىنى ئېلىۋېتىپ ئاغزىدىن ئوت چىقىرىدۇ ، موللاق ئاتقان بويىچە خاقانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەر سۆيۈپ تاۋاپ قىلىدۇ .

تەخت ئەتراپىدا كۈلكە ۋە مەدھىيە سادالىرى كۆتۈرۈلىدۇ . يالغۇز خاقان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خامۇش ئولتۇرىدۇ .

قوشنا دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ئىشارە ئارقىلىق بايىقى قىزىقچىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە ئوردىنىڭ يان ئىشىكىگە قاراپ قول ئىشارىسى قىلىشى بىلەن تەڭ بىر توپ ئىسپان ئۇسسۇلچى قىزلىرى يۇگۈرۈشۈپ كىرىدۇ . ئۇلار ئۆزۈن كۆڭلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ، تىزلىرىنى ئېگىپ خاقانغا سالام بېرىدۇ . ئاندىن قوللىرىدىكى داپلىرىنى ئوينىتىپ كىشىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ .

خاقان يەنىلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خامۇش ئولتۇرىدۇ .

جارچى كىرىپ تەختكە يېقىنلاپ ، خاقانىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلايدۇ .

خاقان دەرھال قول ئىشارىسى قىلىپ ، ئويۇن توختالسۇن ، دەپ ۋارقىرايدۇ .

قىزغىن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلار ئۇسسۇلىنى دەرھال توختىتىدۇ .

— چىقىپ كېتىڭلار ، — دەپ ۋارقىرايدۇ خاقان . ئۇسسۇلچىلار ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ .

ھەممە ئادەم ھەيران بولىدۇ . ئۆي ئىچىنى جىملىق باسىدۇ .

جارچى دەرھال سۆزلەيدۇ :

— خاقانىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئەلچىلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكۈچى دانىشمەن يېتىپ كەلدى !

كۆپچىلىك قىزىقىپ ئىشىك تەرەپكە قارايدۇ . ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئەپەندىنى ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئېشەك يېتىلەپ كېلىۋاتقان نۇرنى كۆرىدۇ .

ئوردا ئىچىدە دەرھال غۇلغۇلا كۆتۈرۈلىدۇ . ئادەملەر بىر - بىرىگە قارىشىپ پىچىرلىشىدۇ ، بولۇپمۇ ئالتۇنبەگ بىلەن پۇلباي ئىنتايىن ھەيران بولىدۇ :

— بۇ ھېلىقى ئادەم ! — دەيدۇ ئۇلار پىچىرلىشىپ .

ئەپەندى ئالتۇنبەگ بىلەن پۇلبايىنى كۆرىدۇ . قىلچە چاندۇرمايدۇ . ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئەتەي باش لىڭشىتىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ . ئاندىن تەخت يېنىغا بېرىپ خاقانغا سالام قىلىپ :

— كەمىنە سادىق قۇلىڭىز ھۇزۇرىڭىزغا كەلدى ، — دەيدۇ .

— خوپ ، بۇياقتا تۇرغىن ، — دەيدۇ خاقان .

— رەھمەت خاقان ، — دەيدۇ ئەپەندى .

— ئۈچ ئەلچى مەرھەمەت قىلسۇن ، دۆلىتىمىنىڭ دانىشمىنى ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قىيىن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ ، — دەيدۇ خاقان .

ئۈچ ئەلچى ئەپەندىنىڭ قېشىغا مەغرۇرانە يېقىنلاپ كېلىدۇ . ئۇلار جاي ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ، بىرىنچى ئەلچى سوئال قويىدۇ :

— مەن سىزدىن سوراي ، يەرنىڭ مەركىزى قەيەر ؟

— ئېشكىمىنىڭ سول پۇتى تۇرغان يەر ، — دەيدۇ ئەپەندى .
— قانداق ئاساسىڭىز بار ؟ — دەيدۇ بىرىنچى ئەلچى .
— ئىشەنمىسىڭىز چەرخى ئالەمنى ئۆلچەپ چىقىڭ ، ئەگەر يەرنىڭ مەركىزى مەشە بولمىسا ، قۇلىقىمنى كېسىپ بېرەي ، — دەيدۇ ئەپەندى .

ئەلچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ ، ئۇ لام - جىم دېيەلمەيدۇ - دە ، بىر قەدەم چېكىنىدۇ . ئىككىنچى ئەلچى :

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ ، ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانى قانچە ؟ — دەپ سورايدۇ .
— ئېشكىمىنىڭ تۈكى قانچە بولسا ، ئاسماندىكى يۇلتۇز شۇنچە ، — دەيدۇ ئەپەندى .
— ئۇنداق ئەمەستۇ ؟ — دەيدۇ ئىككىنچى ئەلچى .
— ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ساناپ كۆرۈڭ ، — دەيدۇ ئەپەندى .
— ئېشەكنىڭ تۈكىنى قانداق سانىغىلى بولىدۇ ؟ — دەيدۇ ئىككىنچى ئەلچى .
— ئېشەكنىڭ تۈكىنى سانىغىلى بولمىسا ، ئاسماندىكى يۇلتۇزنى قانداق سانىغىلى بولسۇن ؟ — دەيدۇ ئەپەندى .

ئىككىنچى ئەلچىمۇ مەيۇسلىنىپ بىر قەدەم چېكىنىدۇ . ئۈچىنچى ئەلچى سەل خاپا بولغان هالدا ئۆزىنىڭ قويۇق ساقىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— ئاسماندىكى يۇلتۇزنى سانىغىلى بولمىسا ، مېنىڭ ساقىلىمنىڭ قانچە تال ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ باقسىڭىز قانداق ؟ — دەيدۇ .

ئەپەندى دەرهال ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ :

— سىزنىڭ ساقىلىڭىز ئېشكىمىنىڭ قۇيرۇقچىلىك بار ، — دەيدۇ .
— سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپلا قارىسىغا سۆزلەۋاتىسىز ، — دەيدۇ ئۈچىنچى ئەلچى .
— قېنى ، ئالدى بىلەن كۆزىڭىزنى چوڭقۇراق ئېچىپ ساقىلىڭىزنى ساناڭ ؛ ئاندىن ئېشكىمىنىڭ قۇيرۇقىنى ساناڭ . ئەگەر بىرەر تال ئارتۇق - كەم چىقسا ، كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن ، — دەيدۇ ئەپەندى .

ئۈچىنچى ئەلچىمۇ يېڭىلىپ لاسىدە بولۇپ باشقا ئىككى ئەلچى بىلەن بىرلىكتە ئوردىدىن چىقىپ كېتىدۇ .

خاقان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ ، ئۇ ئىنتايىن خۇش بولۇپ ماختايدۇ :

— دۇرۇس ، دۇرۇس ! ئەپەندى ، سەن ھەقىقەتەن گەپ - سۆزنىڭ پېشۋاسى ، ئەقىللەرنىڭ خەزىنىسى ئىكەنسەن . سەن دۆلىتىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردۈڭ . سەن گويا شاهانە تاجدىكى يېگانە گۆھەرگە ئوخشايسەن ، مەن سېنى ئوردىغا پىرى مۇئەززىم قىلىپ تەيىنلەيمەن . بۇنىڭدىن كېيىن خاقانغا ھەمراھ بولۇپ ئوردا ئىشلىرىغا قاتنىشىپ مەسلىھەتلىرىڭنى بەرگىن .

— رەھمەت ، خاقان جانابلىرى ، — دەيدۇ ئەپەندى .
— ساڭا يېڭى تون كىيگۈزسۇن . قايتىپ كەلگىنىڭدە چارباغدا زىياپەت بېرىمەن . سېنى ئۆزۈم مۇكاپاتلايمەن ، — دەيدۇ خاقان .
— رەھمەت ، خاقان ، — دەيدۇ ئەپەندى .
— ھەممىڭلارنىڭ كېتىشىڭلارغا ئىجازەت ، — دەيدۇ خاقان ۋە تەختتىن چۈشۈپ ئارقا ئىشىككە قاراپ ماڭىدۇ .

ئالتۇنبەگ بىلەن پولباي چىرايى جىددىيلەشكەن هالدا خاقاننى قوغلايدۇ .

ئەپەندى دەرهال ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇيدۇ - دە :

— بۇرادەرلەر ، سىلەرنىڭ كېنىزەك ساتقان ، خاقاننى ھاقارەتلىگەن قىلمىشىڭلارنى مەلۇم قىلىپ قويايمۇ ، قانداق ؟ — دەپ شۇئىرلايدۇ .
ئىككىسى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ . ئالتۇنبەگ ھودۇقۇپ :
— ياق ، ياق ! بىزنىڭ يەنىلا ئەپ بولۇپ قالغىنىمىز ياخشى ، — دەيدۇ .
— دۇرۇس ، دۇرۇس . ھەممىمىز كونا بۇرادەرلەر . ئارازلاشمىغىنىمىز ئوبدان ، — دەيدۇ پۇلباي .
ئەپەندى ئىككى بىسلىق قىلىپ :
— ئىككىڭلار خاتىرجەم بولۇڭلار . سىلەرنىڭ مېھىر - شەپقىتىڭلارنى ئۇنتۇمايمەن ، — دەيدۇ .

## 36

چارباغ . ئەپەندى بىلەن خاقان ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى قىممەت باھالىق گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ . كېنىزەكلەر مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان مېۋىلەرنى ۋە يېمەكلىكلەرنى تىزىدۇ ، ئەڭ ئاخىرىدا مايلىرى پارقىراپ تۇرغان غاز كاۋىپىنى ئېلىپ كېلىدۇ . خاقان ئەپەندىگە مۇنداق دەيدۇ :
— ئەپەندى ، بۇ غاز كاۋىپىنى بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزگە قاراپ ئائىلىمىزدىكىلەرگە ھەم ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بېقىڭ ، — دەيدۇ .
ئەپەندى ئويلىنىپ تۇرۇپ ، قولىغا پىچاقنى ئېلىپ غازنىڭ بېشىنى كېسىدۇ :
— جانابلىرى ، سىز بۇ دۆلەتنىڭ بېشى ، شۇڭلاشقا غازنىڭ بېشى سىزگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك ، نام - شۆھرىتىڭىز زىيادە بولغاي ، — دەيدۇ .
ئەپەندى غازنىڭ بېشىنى خاقانغا بېرىپ ، غازنىڭ بوينىنى خاقاننىڭ خوتۇنىغا (خانىشقا ) سۇنۇپ :
— شاھ — يۇرتنىڭ بېشى بولسا ، خانىش — يۇرتنىڭ بوينى ، سىز بىلەن خاقاننىڭ باشتىن - ئاخىر مېھىر - شەپقىتىڭىز ھەممىگە چېچىلغاي ! — دەيدۇ . ئاندىن غازنىڭ ئىككى قانىتىنى كېسىۋېلىپ مەلىكىلەرگە سۇنۇپ :
— مەلىكىلەر ، سىلەر پات ئارىدا ئۇچۇرما بولۇپ چىقىپ كېتىسىلەر . سىلەرنىڭ ئۆز جۈپتىڭلار بىلەن پارلاق ئىقبالغا قۇشتەك ئۇچۇشۇڭلارنى تىلەيمەن ، — دەيدۇ . ئاندىن ئۇ غازنىڭ ئىككى پۇتىنى كېسىۋېلىپ شاھزادىلەرگە سۇنۇپ : شاھزادىلەر ، سىلەر تەختىنىڭ ۋارىسلىرى ، دۆلىتىڭلار زىيادە بولغاي ، — دەيدۇ . ئاخىرىدا ئەپەندى غازنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :
— بۇ غاز بەك سېمىز ئىكەن . ئەپسۇسكى ، بۇنى كىمگە بېرىشنى بىلەلمىدىم . ياخشىسى ، بۇ غاز نامرات ئۆسكەن ئەپەندىگە قالغاي ، — دەيدۇ .
خاقان بەك رازى بولۇپ ماختايدۇ :
— گېپىڭ ئورۇنلۇق بولدى ، قېنى ئالغىن !
ئەپەندى بىر پارچە گۆشنى كېسىۋېلىپ ھوزۇر قىلىپ چاينايدۇ .
خاقان ۋە ئۇنىڭ ئۆي ئىچىدىكىلەر نائىلاج لەۋلىرىنى يالىشىپ قالىدۇ .
بىر چەتتە تۇرغان كېنىزەكلەر يوشۇرۇنچە كۈلۈشىدۇ .

ئەپەندى خاقاننىڭ ئۆي ئىچىدىكىلىرى بىلەن بىرلىكتە باغنى سەيلە قىلماقتا.
باغ ئىچىدە بىر كۆل بولۇپ، ئۇ خۇددى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدۇ، كۆل بويىدا مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنىدۇ.
خاقان كۆل بويىغا كېلىپ:
— ئەپەندى، ئېيتىپ باققىنا، بۇ كۆلنىڭ سۈيى قانچە چېلەك چىقار؟ — دەيدۇ.
— ئەگەر ئۇ چېلەك مۇشۇ كۆلدەك چوڭ بولسا، بىر چېلەك سۇ چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ چېلەك بۇ كۆلنىڭ يېرىمىدەك بولسا، ئىككى چېلەك سۇ چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ چېلەك مۇشۇ كۆلنىڭ ئوندىن بىرىدەك بولسا، 10 چېلەك سۇ چىقىدۇ، — دەيدۇ ئەپەندى.
— قالتىس جاۋاب بەردىڭ، قالتىس جاۋاب بەردىڭ، — دەيدۇ خاقان.
— سىز ھېسابقا بەك ئۇستا ئىكەنسىز. ئەگەر سىز خەزىنىنى باشقۇرسىڭىز، مۇشۇنداق ئىنچىكە ھېسابىڭىز بىلەن نۇرغۇن بايلىق توپلىغۇدەكسىز، — دەيدۇ خانىش.
— ياق، خەزىنە ۋەزىرى ئالتۇنبەگ ھېساباتقا ئۇستىكەنغۇ؟ — دەيدۇ ئەپەندى.
— بۇ قېرى قاقۋاشنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، ئۇنى ئالىقاچان يۆتكىۋېتىدىغان ئىش ئىدى، — دەيدۇ شاھزادە.
خانىش:
— ئوغلۇمنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس. بۇ قېرى قاقۋاش ئىككى پۇتلۇق چاشقانغا ئوخشايدۇ. ھە دېسە خەزىنىنى ئۆزى ئوغرىلاپ يەنە ئىزا تارتماي، ئەمەلدارلار ئازراق جاپا تارتسا ھېچ گەپ يوق، دەيدۇ.
— ھازىر ئوردا ئىشلىرىنى سۆزلەش ۋاقتى ئەمەس. بۈگۈنكى كۈن كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان كۈن. مېنىڭ قولۋاقتا ئۈزگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەيدۇ خاقان.
— ئاتا، سىز ئادەتتە كۆلنىڭ سۈيىدىن بەك قورقاتتىڭىز، قانداقچە بۈگۈن... — دەيدۇ مەلىكە.
— ئەپەندى ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرغان يەردە ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدىغىنىغا ئىشىنىمەن، — دەيدۇ خاقان.
ئەپەندى ماقۇللاپ باش لىڭشىتىدۇ. خاقاننى يۆلەپ بىر قولۋاققا چىقىرىدۇ. خانىش قاتارلىقلارمۇ قولۋاققا چىقىدۇ.
قولۋاق قىرغاقتىن يىراقلاپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارىدۇ. خاقان تىترەپ كېتىدۇ، چىرايى ئۆڭىدۇ. ئەپەندىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:
— ئەپەندى، ھېلىتىنلا يۈرىكىم سېلىۋاتىدۇ. مېنى قورقۇتمايدىغان بىرەر چارەڭ بارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.
— چارىغۇ بار. بىراق، جانابلىرى خاپا بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن، — دەيدۇ ئەپەندى.
— ياق، پەقەت مېنى قورقۇتمايدىغان قىلساڭلا قانداق چارە بولسا مەيلى، — دەيدۇ خاقان.
— ئۇنداق بولسا ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، — دەيدۇ ئەپەندى.
خاقان مىڭ بىر تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئەپەندى ئۇنى تۇيۇقسىز كۆلگە ئىتتىرىۋېتىدۇ.

خاقانىنىڭ كۆلگە چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، خانىش قاتارلىقلارمۇ چۆچۈپ كېتىدۇ .

خاقان جان تالىشىپ : «مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار !» دەپ ۋارقىرايدۇ . ئۇ خانىش قاتارلىقلا-رنىڭ هاڭۋېقىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەپەندىگە قاراپ :

— ئەپەندى ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال ، — دەيدۇ .

ئەپەندى تېنىمەي - تەمتىرىمەي خاقانغا قولىنى سوزىدۇ . كۆچەپ تۇرۇپ قولۋاقىقا تارتىپ ئاچىقىدۇ . هوشىنى يوقىتىپ قوياي دېگەن خاقان چىچاڭشىپ :

— قانداق دېگەن ئەپەندىسەن ؟ مۇشۇنداقمۇ قىلامسەن ؟

— مەن دېدىمغۇ ئاچچىقلىرى كېلىدۇ دەپ . ئالدى بىلەن ، مەيەردە ئولتۇرسىلا ، — دەپ خاقاننى ئولتۇرغۇزىدۇ .

— كونىلارنىڭ زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باهارنىڭ قەدرىنى بىلمەس ، پىيادە يۈرمىگەن ئادەم ئاتنىڭ قەدرىنى بىلمەس ، دېگەن سۆزى بار . سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ، كۆلدىكى سۇنىڭ تەمىنى تېتىمىغان بولسىڭىز ، بۇ قولۋاقنىڭ ياخشىلىقىنى - قەدرىنى بىلمەيتتىڭىز .

خاقان ئەپەندىنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ ، باش لىڭشىتىپ ماقۇللايدۇ ، بايىقى هودۇقۇشىمۇ تۈگەيدۇ .

— خاقان جانابلىرى ، كەيپىڭىز قانداق ؟ — دەيدۇ ئەپەندى .

— زادىلا قورقماپتىمەن . بۇ قولۋاق سۇغا قارىغاندا ئىنتايىن بىخەتەر ئىكەن ، — دەيدۇ خاقان .

ئەپەندى ۋە خانىش قاتارلىقلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشىدۇ ، قولۋاق ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ .

## 38

ئەپەندىنىڭ ئۆيى .

ئەپەندى كەيپى ئۇچقان نۇرىنى كۆرۈپ :

— نۇرى ، نېمە بولدۇڭ ؟ — دەپ سورايدۇ .

— سىز بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى خاقان بىلەن بىللە ئويناپ - كۈلۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ هەدەم بىلەن مۇسا ئاكامنىڭ زىنداندا يېتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز ، — دەيدۇ نۇرى .

ئەپەندى :

— بايا ، مۇشۇ ئىشقا كەيپىڭ ئۇچقانمىدى ؟ خاتىرجەم بول ! بىز شۇلارنى دەپ كەلگەن تۇرساق ، قانداقچە ئۇنتۇپ كېتەي . لېكىن ، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ ، بەش قولنى ئېغىزغا بىراقلا سالغىلى بولمايدۇ . ئالدىمىزدا قۇربان هېيت كېلىۋاتىدۇ ، بىز ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارە - ئامالىنى تېپىپلا قالماي ، خەزىنىنى ئېچىپ كەمبەغەللەرگە نە-زىر - سەدىقە قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك . سەن دەرهال بېرىپ هېلىقى سېهىرگەرلىك هاسىسىنى ئەكەل ، هەممە تىللانى ئېلىۋال . بىز باغقا ئالتۇن تېرىيمىز ، — دەيدۇ .

— ئالتۇن تېرىيمىز ؟ — دەپ سورايدۇ نۇرى .

— دۇرۇس ، بۇ ئالتۇن ئاچقۇچ بولمىسا ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى بولمايدۇ .

ئۇردىنىڭ بېغى . رەڭمۇرەڭ گۈللەر مەيىن شامالدا جىلۋىلىنىپ ، قۇشلار سايراپ ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان .



ئەپەندى بىلەن نۇرى كۆپكۆك چىمەنلىككە بىر - بىرلەپ تىللا كۆممەكتە .

باغدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن خانىش ، شاھزادە ۋە مەلىكە ھەيران بولۇپ ، بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىدۇ .

— ئەپەندى ، نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ — دەپ سورايدۇ خانىش .

— مۇھتەرەم خانىش ، ئالتۇن تېرىۋاتىمەن ، — دەيدۇ ئەپەندى .

— ئالتۇننىمۇ تەرگىلى بولامدۇ ؟ — دەپ سورايدۇ خانىش .

— ياراتقان ئىگەمگە شۈكرى . ھەممە ھېكمەت مانا بۇ ھاسىدا ، — دەيدۇ ئەپەندى كۈمۈشتىن ياسالغان بىر ھاسىنى كۆرسىتىپ ، — مەن بۇ يەرگە بىر تىللا تېرىسام ، بۇ ھاسىدا خالىغان تەرەپنى كۆرسەتسەم ، ئۇ يەردىن يۈز تىللا يىغىۋالىمەن .

— سىز بۇ ھېكمەتنى بىزگە بىر كۆرسىتىپ باقسىڭىزچۇ ، — دەيدۇ خانىش .

— ماقۇل ، — دەيدۇ ئەپەندى . ئاندىن ھاسىنى كۆتۈرۈپ ، — ئەي كارامەتلىك خۇدا ، ھېكمەتلىرىڭنى ئايىماي توپىلارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغايسەن ، — دەيدۇ - دە ، ھاسىسى بىلەن يېقىنلا يەردىكى چىمەنلىكنى كۆرسىتىدۇ .

شاھزادە بىلەن مەلىكە قىزىقسىنىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ قولى بىلەن كولايدۇ . دېگەندەك بىرنەچچە پارقىراق تىللا چىقىدۇ . شاھزادە بىلەن مەلىكە خۇشاللىق بىلەن تىللانى سانايدۇ . كېيىن مەلىكە خانىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئانا ، ئازمۇ ئەمەس ، كۆپمۇ ئەمەس ، توپتوغرا يۈز تىللا ، — دەيدۇ .

— بۇنى دەرھال ئاتامغا مەلۇم قىلايلى ، خەزىنىدىكى ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى تېرەيلى . مۇشۇنداق قىلساق ، ئالتۇنبەگىنىڭ خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالدى ، دېگەن سۆزىدىنمۇ قۇتۇلدىمىز ، — دەيدۇ شاھزادە .

— شۇنداق قىلايلى . ئەپەندى ، سىز ھەقىقەتەن ئەۋلىيا ئىكەنسىز ، — دەيدۇ خانىش .
— ياق . ھەممە ئىش مۇشۇ ھاسىدا ، بۇ ھاسا توپىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپلا قالماي ، ئۆلگەننىمۇ تىرىلدۈرىدۇ ، ئۆمۈرنى ئۇزاق قىلىدۇ ، — دەيدۇ ئەپەندى .
— قېنى ئەمىسە ، بىز ئۆلگەننى تىرىلدۈرىدىغان بۇ ھېكمەتنى بىر كۆرۈپ باقساق بولاتتى ، — دەيدۇ خانىش .
— بۇنى ئەلـۋەتـتە قىلغىلـى بولىدۇ ، — دەيدۇ ئەپەندى ۋە نۇرىغا بۇرۇلۇپ ، — نۇرى بېرى كەل ، — دەيدۇ . نۇرى سەل چۆچۈپ :
— سىز نېمە قىلاي دەۋاتىسىز ؟ — دەيدۇ .
ئەپەندى نۇرىنىڭ كېلىشكە جۈرئەت قىلماۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنى قوغلاپ بېرىپ ھاسا بىلەن مۇرىسىگە ئۇرىدۇ . نۇرى ھاسىنى تۇتۇۋېلىپ نالە قىلىدۇ :
— ئەپەندى ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن . سىز خانىشنى ئالدىغان بىلەن مېنى تىرىلدۈرەل-مەيسىز ، — دەيدۇ .
ئەپەندى قىلچە رەھىم قىلماي ھاسىنى قايتۇرۇۋېلىپ نۇرىنى ئۇرىدۇ . نۇرى داد - پەرياد كۆتۈرىدۇ . بېشى قاناپ يەرگە يىقىلىدۇ ، خانىش قاتارلىقلار قورقۇپ قېتىپلا قالىدۇ . ئەپەندى ئىنتايىن خاتىرجەملىك بىلەن ھاسىدىكى قان داغلىرىنى ئاستا سۈرتۈپ ، قانداقتۇر بىر ئايەتنى ئوقۇيدۇ :
— ئى پاك پەرۋەردىگار ، ھەممەتلىرىڭنى ئايىمىغىن . ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرگىن ، — دەيدۇ ۋە ھاسىسى بىلەن بىلەن نۇرىنى بىر ئىشارەت قىلىدۇ . نۇرى ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرى-نى پارقىرىتىپ :
— مەن نېمە بولدۇم ، نېمىشقا بۇ يەردە ياتىمەن ؟ — دەپ سورايدۇ .
نۇرى ئورنىدىن تۇرىدۇ . خانىش قاتارلىقلارنىڭ تېخىمۇ ئېتىقادى ئاشىدۇ .
— ياراتقان ئاللاغا شۈكرى ، بۇ ھەقىقەتەن كارامەت ھاسىكەن ، — دەيدۇ خانىش .

## 40

ئوردا ھەرەم . خاقان پارقىراق تىللالارنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ، زوقلانغان ھالدا :
— بارىكاللا ، ھەقىقەتەن ئالتۇننى تېرىشقا بولىدىغان بولسا ، بىز دۇنيا بويىچە ئەڭ باي پادىشاھ جەمەتلىرىدىن بولۇپ قالىمىز - دە ! ئەمرىمنى يەتكۈز ، ئالتۇنبەگ كەلسۇن ، مەسلىھەتلىشىمىز ، — دەيدۇ .
— پادىشاھىم ، مېنىڭچە ئەپەندىنى قوشۇمچە خەزىنە ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەپ ، ئالتۇن-بەگ دېگەن قېرىنى ئەمەلدىن قالدۇرايلى ، — دەيدۇ شاھزادە .
— ياق . ئۇ ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن پېشقەدەم ۋەزىر . ھازىر دۆلەت ۋەزىيىتى خارابلىشى-ۋاتىدۇ . ئۇ مۇشكۈللۈكتە باشقۇرۇۋاتىدۇ . تىل قىيىنچىلىقىمۇ بار ، — دەيدۇ خاقان .
— نەدە تىل قىيىنچىلىقى بولسۇن . مېنىڭچە دۆلەت ۋەزىيىتىنى خارابـلاشـتۇرۇۋاتـقان — دەل مۇشۇ گالۋاڭ قېرىنىڭ ئۆزى ، — دەيدۇ شاھزادە .
— «گۆدەك بىلمەس ھېچنېمە ، بىلمىگەندىكىن سۆزلىمە» ، — دەيدۇ خاقان .
شاھزادە ئەيىبلەنگەنلىكىدىن جىم بولۇپ قالىدۇ .

## 41

ئارقا ئوردىدىكى بىر ئېغىز كىچىك ئۆيدە ئالتۇنبەگ خاقانغا :

— جانابلىرى ، سىلە ھەرگىزمۇ ئەپەندىنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ كەتمىسىلە . ئۇ بىلىمى بار دانىشمەن ئادەم ئەمەس ، بەلكى باغدادتىن كەلگەن مۇساپىر ئالدامچى ، — دەيدۇ .

— سەن قانداق بىلدىڭ ؟ — دەپ سورايدۇ خاقان .

— بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ، مەن پۇلباينىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغىنىمدا ، ئۇنىڭ قازىنىنىڭ تۇننى كىيىپ ھېكمەتلىك قۇش تەقدىم قىلغان بولۇپ ، پۇلباينىڭ قورۇسىغا كۆز بوياپ كىرىۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىم .

— بۇ خىل ئىشلارمۇ بار دېگىنە ، — دەيدۇ خاقان .

— ئۇ ئاغزىدا يوقلىغىلى كەلدىم ، دەپ قويۇپ ، ئەمەلىيەتتە بىر قىز قۇلنى قاچۇرغىلى بارغان . ئۇ يەنە بىر ئوغرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، مېنىڭ ئېتىمنى ئوغرىلاپ كەتكەن . ھازىر ئۇ ئوغرى بىلەن قۇل قىز قولغا ئېلىنىپ ، جانابلىرىنىڭ زىندانىغا تاشلاندى ، — دەيدۇ ئالتۇنبەگ .

— دەۋاتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راستمۇ ؟ — دەيدۇ خاقان .

— ئەزىبىرايى خۇدا ، ھەممىسى راست . پۇلباي ئەر - خوتۇن ئىككىسىمۇ شۇ يەردە بار ئىدى . جانابلىرى ئىشەنمىسىلە ئۇلار گۇۋاھچى بولۇپ ئوردىغا كەلسۇن ، — دەيدۇ ئالتۇنبەگ .

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئەمرىمنى يەتكۈز ، ئەپەندىنى چوڭ سارايغا يالاپ ئەكەلسۇن . بۇ مۇساپىر ئالدامچىنى شەخسەن ئۆزۈم سوراق قىلىمەن ، — دەيدۇ خاقان .

— خوپ ، — دەيدۇ ئاللتۇنبەگ .

## 42

چوڭ سارايدا ۋەزىر ۋە لەشكەر باشلىقلىرى تۇرىدۇ . ئالتۇنبەگ ۋە پۇلباي ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆرۈنەرلىك جايدا تۇرىدۇ .

كىشەنلەنگەن ئەپەندىنى قاتتىق سوراق قىلىدۇ :

— ئەپەندى ، سەن ئالدامچىلىق قىلىپ ھەتتا مېنىمۇ ئالدىدىڭ ! گۇناھىڭنى بىلەمسەن ؟ — دەيدۇ خاقان .

— جانابلىرى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆھمەت . مېنىڭ بىرنەچچە ئېغىز ئەھۋال ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا ، — دەيدۇ ئەپەندى .

— ئېيتە ، قېنى ! — دەيدۇ خاقان .

— بەگ تەقسىر ، بايا سىز مېنى ئوغرى بىلەن بىرلىشىپ ئېتىمنى ئوغرىلاپ كەتتى ، دېدىڭىز . ئۇ ئاتنىڭ ئوغرىلانغان ئورنى قەيەر ؟ — دەپ سورايدۇ ئەپەندى .

— پۇلباينىڭ باغچىسىنىڭ ئارقا ئىشىكىنىڭ تېشىدا ، — دەيدۇ ئالتۇنبەگ .

— قاچان ؟ — دەپ سورايدۇ ئەپەندى .

— يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ، — دەيدۇ ئالتۇنبەگ .

— باشقا ئاتلارمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ ئەپەندى.
— يوق، — دەيدۇ ئالتۇنبەگ.
— بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش. سىز ۋەزىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، يېرىم كېچىدە يالغۇز ئۆزىڭىز خەقنىڭ باغچىسىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە بېرىپ نېمە قىلماقچى ئىدىڭىز؟ — دەيدۇ ئەپەندى.
ئالتۇنبەگ يۈرىكى پوكۇلداپ، جاۋاب بېرەلمەي قالىدۇ.
— ئەگەر سىز ئېيتالمىسىڭىز، خاقان ۋە خانىش ئالدىدا مەن جاۋاب بېرەي، — دەيدۇ ئەپەندى، — بۇ ھېلىقى قول قىزنىڭ (كېنىزەكنىڭ) گۈزەللىكىگە ئاشىق بولۇپ، ئاشۇنداق رەزىل قىلمىشلارنى ئىشلىگەن.
— ۋەزىرنىڭ مۇنداق ئىشلارنى قىلىشى ھەقىقەتەن نومۇسسىزلىق، — دەيدۇ خانىش.
— بۇغۇ كىچىك ئىش. زادىلا كەچۈرگىلى بولمايدىغىنى ئۇ پۇلباي بىلەن بىرلىشىپ پادىشاھنى ئالدىماقچى بولدى، — دەيدۇ ئەپەندى.
— نېمە؟ ئۇلار... — دەيدۇ خاقان.
ئەپەندى:
— ئۇلار جانابلىرىنىڭ قانۇنىغا قارىماي، قىزلارنى چەت ئەللەرگە سېتىۋاتىدۇ. يەنە جانابلىرىغا تۆھمەت قىلىپ، پۇل ھەميانىمىزدىن ئايرىلىپ قالسا، بىچارە دىۋانە بولۇپ قالىدۇ، دەپ يۈرىدۇ. ئەمما بۇنىڭ رەپىقىسى گۇناھسىز. ئۇ، جانابلىرىغا تىل تەگكۈزمەسلىك ھەققىدە بەگنى ئاگاھلاندۇرسىمۇ قۇلاققا ئالمىدى. خانىم، مەن بۇ يەردە ياخشى ئادەمگە تۆھمەت قىلمىغاندىمەن، — دەيدۇ ئەپەندى.
چوڭ خوتۇن پايدا - زىياننى مۆلچەرلەپ ئالدىراپ:
— ياق، ياق، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست گەپ، — دەيدۇ.
خاقان قاتتىق غەزەپلىنىپ:
— ھوي ئىتنىڭ بالىلىرى، سەنلەر ئۆكتەملىكتە شۇ دەرىجىگە يەتتىڭلارمۇ! بۇلارنى باغلاڭلار!
ياساۋۇللار بۇيرۇقنى ئاڭلاش بىلەنلا ئالتۇنبەگ ۋە پۇلباينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارغا ئېغىر كىشەنلەرنى سالىدۇ.
ئۇلار ئىككىسى تەمتىرەپ:
— جانابلىرى، جانابلىرى... — دەپ تىز پۈكۈپ يالۋۇرىدۇ.
خاقان:
— زىندانغا تاشلا! — دەپ بۇيرۇيدۇ.
ياساۋۇللار ئالتۇنبەگ ۋە پۇلباينى دەرھال چوڭ سارايدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىدۇ.
— ئەپەندى! مەن بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ كۆز بويامچىلىقىغا ئىشىنىپ ساڭا ئۇۋال قىلغىلى تاس قاپتىمەن، — دەيدۇ خاقان ۋە:
— كىشەندىن بوشىتىڭلار! — دەيدۇ.
ياساۋۇللار ئەپەندىنى كىشەندىن بوشىتىدۇ.
— ئەپەندى، سېنى ئازاد قىلدىم. قوشۇمچە خەزىنە ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەيمەن، ئوردىغا بارغىن، — دەيدۇ خاقان.
— جانابلىرىغا رەھمەت، — دەيدۇ ئەپەندى.

## مۇھاكىمە ۋە كۆپۈكمە

1 . «نەسىردىن ئەپەندى» ناملىق بۇ كىنو سېنارىيىسى ئۆزىدىكى يارقىن بەدىئىي ئوبراز، كومېدىيىلىك ئەپچىل قۇرۇلما ئارقىلىق كەڭ تاماشىبىنلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، قىزغىن ئالقىشقا ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى . ئەسەر ئاپتورى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي چىنلىقنىڭ بىرلىكى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، ئەسلىدىكى بىر - بىرىگە چېتىشماي، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى مەزمۇندىكى ماھىيەتلىك بىرلىكلەر بويىچە مەنتىقىلىق، ئورگانىك تۈردە بىر - بىرى بىلەن باغلاپ، ئوبراز، ۋەقە، ئۇسلۇب جەھەتلەردە زور دەرىجىدە ئىجادىي مېھنەت سەرپ قىلغان . سېنارىيىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر فېئودال خانلىق دۆلىتىدە ئەپەندىنىڭ ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ھۆكۈمران سىنىپ ۋەكىللىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەشلىرى قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئەپەندى ئېزىلگۈچى مېھنەتكەشلەرگە ھېسداشلىق قىلىش، ئادالەتپەرۋەرلىك، زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلۈشكە جۈرئەت قىلىشتەك ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن خاقان ئوردىسىغىچە ۋە يەنە ئوردىدىن خەلق ئارىسىغىچە بولغان ئۇزاق، جاپالىق، ئەگرى - توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاماشىبىنلار قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ .

ياخشى ۋەقەلىك، قىزىقارلىق كۆرۈنۈش، كۈچلۈك ھەرىكەتچانلىق، پۇختا قۇرۇلما بولمىسا، كىنو سېنارىيىسى تاماشىبىنلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ . ئەپەندى خاراكتېرىدىكى تىنىم تاپماسلىق، بارمايدىغان جاي، يېشەلمەيدىغان قىيىنچىلىقنىڭ يوقلۇقى سېنارىيە ۋەقەلىكىنىڭ ئەگرى - توقاي بولۇشىنى، دۇچ كېلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ كۈتۈلمىگەن بولۇپ چىقىشىنى بەلگىلىگەن . سېنارىيە ۋەقەلىكى ئەپەندىنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى بىلەن باشلىنىپ، ئاددىي، بىراق يۇمۇرلۇق كارتىنىلار ئارقىلىق كۈلكە سادالىرى ئىچىدە تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلىدۇ . بەگدىن ياغ ئۆتنە ئېلىش، شۇ ياغنىڭ كۈنجۈرىسىدە ياسالغان دورىدا بەگنىڭ چىش ئاغرىقىنى داۋالاش، ياقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ، بىر يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئالا ئۆكۈزىنى نامرات مەدىكارلارغا سويۇپ بېرىش، قوشنا دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ قىيىن سوئاللىرىغا ئەقىل بىلەن جاۋاب بېرىپ خاننىڭ قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، غاز گۆشىنى ئۆلەشتۈرۈش ئارقىلىق خاننى مەسخىرە قىلىش، ئالتۇنبەگ بىلەن پۇلباينىڭ چېقىمچىلىقى تۈپەيلىدىن نەزەربەند قىلىنغان ئەپەندىنىڭ خاننىڭ سىناق نەزەرلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ ئىككى بەگنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى، خاقاننى ئەخمەق قىلىپ تۈرمىدىكى لەيلى، مۇسا قاتارلىق بارلىق بىگۇناھ مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىشى، خانىشنى كولدۇرلىتىپ خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ قۇربان ھېيت كۈنى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى پۇقرالارغا تارقىتىپ بېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تەبىئىي ۋە قىزىقارلىق ھالدا بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، سېنارىيە قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەل كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە قىلىدۇ . ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئۆزىگە خاس كەچۈرمىش، ئۆزىگە خاس خاراكتېر، ئۆزىگە خاس قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . يەنى، ئەپەندىنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىكلىكى، قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى تەۋرەنمەسلىكى، مۇسانىڭ باتۇر، لەيلىنىڭ ۋاپادار، باجگىرنىڭ زالىم، قازىنىڭ پارىخور، پۇلباينىڭ ئاچ

كۆز ، ئالتۇنبەگنىڭ چىرىك ، خاقاننىڭ ئەخمەقلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق ، تۇرمۇش چىنلىقىغا يېقىن ، ئەستە قالغۇدەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ .

سىلەر سىنارىيىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقىپ ، ئۇنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار ۋە ئەپەندىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەمگەكچى خەلقنى ياقلاپ سۆزلەيدىغانلىقىنىڭ ، ئىش يۈرگۈزىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى يېشىپ بېرىڭلار .

2 . نەسىردىن ئەپەندى قانداق ئوبراز ؟ ئۇ قانداق ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ بۇ پارچىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە ؟

3 . سىنارىيىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىنىڭ ھەربىر كۆرۈنۈشىدە قانداق ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ئايرىم - ئايرىم تېزىس قىلىپ يېزىڭلار ھەم ۋەقەلىكنى شۇ تېزىستىن پايدىلىنىپ قايتا بايان قىلىڭلار .

4 . بۇ تېكستنى كىنو سەنئىتى ۋە كىنو سىنارىيىسى توغرىسىدا ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئەدەبىي بىلىمگە بىرلەشتۈرۈپ پۇختا ئۆگىنىپ ، كىنو سىنارىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭلار .

5 . ئىمكانىيەت يار بەرسە «نەسىردىن ئەپەندى» ناملىق كىنو فىلىمىنى كۆرۈپ ، بۇ تېكىست توغرىسىدىكى چۈشەنچەڭلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇڭلار .

# 37 . تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل[1]

## (تېلېۋىزىيە تىياترى )

## مۇھەممەت روزى يارقىن

### 2 ـ قىسىم

كۈندۈز ، ئۈرۈمچى شەھىرى .
ئاۋات كوچىدا كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللار .
قەد كۆتۈرگەن ئېگىز بىنالار .
كېتىۋاتقان ئادەملەر . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەلى كۆرۈنىدۇ .

*　　*　　*

كۈندۈز ، ئاقسۇ كونا شەھىرى .

كوچىدا كېتىۋاتقان ئېشەك هارۋىلىرى . ئادەملەر . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى رازىيە بوغجۇما كۆتۈرگەن هالەتتە كۆرۈنىدۇ ، ئۇ چوڭ بىر مەسچىت ئالدىدىن ئۆتۈپ ، تار كوچىغا كىرىدۇ . بىر قورۇ ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرىدۇ . بىر كىشى چىقىدۇ . رازىيە بىر نېمىلەرنى دەيدۇ . ئۇ كىشى «يوق» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقايدۇ . رازىيە ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا كېتىپ قالىدۇ .

كۈندۈز . تېببىي (مېدىتسىنا ) ئىنستىتۇتىنىڭ مەلۇم سىنىپى .

مۇئەللىم ئادەم ئىسكىلىتىنى سۆزلىمەكتە . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەلى تىڭشىماقتا .

*　　*　　*

گۇگۇم ۋاقتى .

كوچىدا رازىيە تولغاق ئازابى چەكمەكتە . يولدا كېتىۋاتقان خەلچىخان رازىيەنى كۆرۈپ تېزلىك بىلەن كېلىپ ئۇنى يۆلەيدۇ ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان هارۋىلىق تاھىرغا قولى بىلەن شەرەتلەپ بىرنېمە دەيدۇ . تاھىر كېلىدۇ . ئۇلار رازىيەنى هارۋىغا سالىدۇ .

---

[1] «تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل» 1988 ـ يىللىق «تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى» ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تېلېۋىزىيە تىياترى . دەرسلىككە بۇ تېلېۋىزىيە تىياترىنىڭ 2 ـ قىسىمىدىن بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

* * *

كۇندۇز ئىنستىتۇت باغچىسى .

ئەلى بىرنەچچە ساۋاقداشلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ كۇلۇشمەكتە .

كېچە ، رازىيەنىڭ ئۆيى .

پەگاھتا داس ، داسقا چىلانغان كىر . داس ئەتراپىدا بىرمۇنچە كىيىم ـ كېچەك . رازىيە يىغلاۋاتقان بالىنى پەپىلىمەكتە .

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر ئۈستىگە فىلىم ئىسمى ۋە فىلىم ئىشلىگۈچى خادىملارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى چىقىدۇ .

## 1

كۇندۇز ، مەكتەپنىڭ خەۋەرلىشىش بۆلۈمى ئالدىدىكى يول .

ئەلى كېتىۋاتقاندا خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ دېرىزىسىدىن ياشانغان بىر ئادەمنىڭ بېشى چىقىدۇ .

— ۋۇي ئەلى ، ساڭا پۇل بىلەن خەت كەلدى .

ئەلى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئىككى تەرىپىگە قارىۋېتىدۇ ـ دە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ خەت بىلەن چەكنى ئالىدۇ ۋە پۇرلاپلا يانچۇقىغا سالىدۇ .

ئەلى پەلەمپەيدىن چىقىپ ياتىقىغا كىرىدۇ . چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ خەت بىلەن چەكنى ئالىدۇ . ئاۋۋال چەككە قارىۋېتىپ ئاندىن خەتنى ئاچىدۇ .

«قەدىرلىكىم ئەلى ، يازغان جاۋاب خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ نەچچە ياندۇرۇپ ئوقۇ-دۇم . كۆڭلۈم بەكمۇ خۇرسەن بولدى . سىز خېتىڭىزدە باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆپ ئەۋەتمەڭ ، ئەۋەتسىڭىزمۇ سىزگە غەمخورلۇق قىلغان خەلچىخان چوڭ ئانىنىڭ نامىدا ئەۋەتىڭ دېگەن بولغاچقا شۇنداق قىلدىم . مەن سىزنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن ھەممە تەلەپلىرىڭىزنى ئورۇندايمەن .

قەدىرلىكىم ئەلى ، بەلكىم ئوغلىڭىز ئېرشاتنى كۆرگۈڭىز كېلىدىغاندۇ؟ ئۇ ھازىر تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ چۈچۈك تىلى ، تاتلىققىنا ھەرىكەتلىرى مېنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىم ئورنىغا خۇشاللىق ، ھارغىنلىقىم ئورنىغا ئاراملىق ئېلىپ كەلدى . مەن ئۇنىڭغا رەسىمىڭىزنى كۆرسىتىپ : «بۇ سېنىڭ داداڭ ، دادا دەپ چاقىر» دەپ ئۆگەتتىم . ئۇ ھەر قېتىم «دادا ، دادا» دېگىنىدە ۋۇجۇدۇمنى چەكسىز بەخت ئىلكىگە ئالىدۇ . گويا سىز يېنىمدا تۇرغاندەك ئۆزۈمنىڭ ھاياجىنىمنى باسالماي قالىمەن . ئەمما ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشىلەرگە بىلدۈرمەيدىغان تاغ بولغاچقا ، يەنە غەمگە پاتىمەن . لېكىن ، ئامال قانچە؟ خەير ، بۇ سىرلىق ھىجران كۈنلىرىمۇ ئۆتۈپ كېتەر ، بىزگىمۇ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ، بۇ مېنىڭ بالام ، دەيدىغان كۈنلىرىمىز يېتىپ كېلەر .

ئەلى ، بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم . كەچۈرگەيسىز . سىزگە 20 سوم پۇل ئەۋەتتىم . ئاز بولسىمۇ ئىشلىتەرسىز . خەير ـ خوش . سىزگە ئۇتۇق تى-لەپ — رازىيە .»

ئەلى چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ خەتنى پۈكلەپ چامادانغا سېلىپ قويىدۇ . ئاندىن پۇل

چېكىگە قايتا نەزەر تاشلايدۇ ــ دە ، كۈلۈمسىرەيدۇ . چەكنى يانچۇقىغا سالىدۇ ، چاپىنىنى كىيىپ چىقىپ كېتىدۇ .

## 2

كۈندۈز . خەلچىخاننىڭ قورۇسى .

قورۇدا 15 چە توخۇ دانلاپ يۈرۈشمەكتە . نېرىدا خەلچىخان چوڭ ئانا گازىر سورىماقتا . رازىيە كىچىك سېۋەتتىكى توخۇلارنى سانىماقتا .

ئېرشات كاتەكتىن بىر تۇخۇمنى ئېلىپ ، مېڭىپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ .

ــ ئاپا ماۋۇ بى تۇخۇم ، ماڭا پۇشىيىپ بىيە .

ــ ياق بالام ، ئەكەل ئۇنى ، ــ رازىيە تۇخۇمنى ئېرشاتنىڭ قولىدىن ئېلىۋالىدۇ . ئېرشات دومسىيىپ تۇرۇپ يىغلايدۇ .

ــ يىغلىما بالام ، ــ دەيدۇ رازىيە ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ ، ــ مەن ساڭچۇ كېيىن پىشۇرۇپ بېرەي ، هازىرچۇ بۇنى سېتىپ پۇلنى داداڭغا ساقلاپ قويايلى ، بولامدۇ ؟

خەلچىخان چوڭ ئانا سۆزگە ئارىلىشىدۇ .

ــ پىشۇرۇپ بەرسەڭىز نېمە بولاتتى ، كىچىككىنە بالىنى يىغلاتقىچە .

رازىيە تۇرۇپ قېلىپ خىجىل بولغان هالدا تۇخۇمنى قايتا ئېرشاتقا بېرىدۇ .

ــ مە بالام ، ساڭا پىشۇرۇپ بېرەي .

ئېرشات تۇخۇمنى ئالىدۇ ، ئەمما تۇرۇپ قېلىپ تۇخۇمنى ئاپىسىغا سۇنىدۇ .

ــ مە ئاپا ، مەن يېمەيمەن ، دادام كەلسە پىشىيۈپ بە .

ئېرشاتنىڭ سۆزى رازىيەگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ . ئۇ ئېرشاتنى باغرىغا باسىدۇ ، كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشىدۇ .

## 3

كۈندۈز . ئۈرۈمچىدىكى ئاۋات كوچا .

ئاپتوموبىللار ئۆتۈشمەكتە . ئادەملەر يۈرۈشمەكتە .

كېتىۋاتقان ئەلى كۆرۈنىدۇ . ئەلى پىيادىلەر ئۆتىدىغان جايغا كېلىدۇ ــ دە ، ئۆتمەكچى بولىدۇ . ئەلىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر قىز كېلىۋاتقان بولكۋايغا قارىمايلا يولدىن ئۆتىدۇ . ئەلى ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ قىزنى تارتىۋالىدۇ . بولكۋاي قاتتىق تورمۇز قىلىدۇيۇ ، ئەمما يول سىزىقىدىن ئۆتۈپ توختايدۇ .

شوپۇر بېشىنى كابىنكىدىن چىقىرىپ ئاچچىق بىلەن :

ــ كۆزىڭىز يوقمۇ ؟ ــ دەپ توۋلايدۇ ــ دە ، كېتىپ قالىدۇ .

ــ خۇدايىم ساقلىدى سىزنى ، ــ دەيدۇ ئەلى .

قىز هالسىز تۇرقىنى ئوڭشاپ :

ــ رەھمەت سىزگە ، ــ دەيدۇ .

ــ يۈرۈڭ ئەمدى ئۆتەيلى .

ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ بىللە ماڭىدۇ .

ــ نېمىنى ئويلاپ ئۇنچە ئالدىراپ ماڭدىمكىن ــ تاڭ . سىز بولمىغان بولسىڭىز ،

ئالىقاچان ئۇ دۇنياغا كەتكەن بولار ئىدىم، — قىز مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن ئەلىگە قارايدۇ، — ئىسمىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟

— ئىسمىم ئەلى.

— مېنىڭ ئىسمىم يۇلتۇز. ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيمەن.

— ئارتىسمۇ سىز؟

— ناخشىچىمەن.

— ناخشىڭىزنى ئاڭلايدىكەنمىز - دە.

— خالىسىڭىز بىزنىڭ سارايغا بېرىڭ. تۆۋەنگە چۈشۈپ ئويۇن قويغان ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا بىز شۇ يەردە. ئاخشاملىرى تانسا بولىدۇ، بىز ناخشا ئورۇندايمىز.

— مەن ئۇنداق سورۇنلارنى كۆرۈپ باقمىغان.

— قارىغاندا بۇ يەرلىك ئەمەسكەنسىز - دە.

— مەن باشقا جايدىن تېببىي ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا كەلگەن.

— ئۆزىڭىز ئوقۇغۇچى دەڭ، بۇ ياخشى گەپكەن. كەلگۈسىدە ئەلى ئىسىملىك بىر دوختۇرىمىز بولىدىكەن - دە.

ئۇلار كۈلۈشىدۇ.

ماشىنىلار ئۆتۈشىدۇ.

**4**

كۈندۈز، كىنوخانا ئالدى.

رازىيە بىرقانچە ئىستاكان چاي قويۇلغان كىچىك شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇپ چاي ساتماقتا. شىرەدىكى بىر تەخسىگە تۇخۇم قويۇلغان. ئېرشات كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ رەسىملىك كىتاب كۆرمەكتە. رازىيەنىڭ يېنىدا خەلچىخان چوڭ ئانا گازىر سېتىپ ئولتۇردۇ.

بىر ئادەم چاي ئىچىپ بولۇپ، بەش تىيىن پۇل تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. بىر مەست ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرىدۇ ۋە چاينى ئېلىپ ئىچىدۇ - دە، بىزەڭلىك بىلەن رازىيەگە قارايدۇ. رازىيە ئوڭايسىزلىنىپ چەتكە قارىۋالىدۇ.

— چوكان قىز، — دەيدۇ مەست ھىجىيىپ، — ماڭا بىر قاراپ قويسىڭىز نەچچە چۆگۈن چاي پۇلى تاپىسىز ئەمەسمۇ؟ ھا... ھا... ھا.

— ئاكا، بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، مېنى تىنچ چاي ساتقىلى قويۇڭ.

— گەپ قىلسام نېمە بولىدۇ - ھە، — مەست بىگىز بارمىقىنى رازىيەنىڭ ئېڭىكىگە تەگكۈزىدۇ.

رازىيە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئېرشات ئاپىسىغا يېپىشىدۇ.

— قورقما بالام، قورقما، — دەيدۇ رازىيە ئېرشاتنى تۇتۇپ.

— ھە... مەن ئادەم يېمەيمەن، — مەست رازىيەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۇتىدۇ، — ئولتۇرۇڭ چوكان قىز.

— قولۇڭنى تارت، — دەيدۇ رازىيە غەزەپ بىلەن.

مەست پىسەنت قىلمايدۇ. رازىيەنىڭ كۆڭلىكىنى تېخىمۇ قاماللايدۇ. ئېرشات بىردىن تەخسىدىكى تۇخۇمنى ئالىدۇ - دە، مەستنىڭ كۆزىگە ئاتىدۇ. مەست كۆزىنى تۇتقىنىچە

«ۋايجان» دەپلا كەينىگە يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئادەملەر توپلىنىدۇ.
— ۋۇ، هارامزادە، — مەست ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرشاتقا ئېسىلماقچى بولغاندا خەلچە-خان ئوتتۇرىغا كىرىدۇ.
— ۋۇ لۈكچەك، نېمە قىلماقچىدىڭ، ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكەننى ئاز دەپ يەنە خەقنى بوزەك قىلماقچىدىڭمۇ؟
— نېرى تۇر قېرى، — مەست خەلچىخاننى ئىتتىرىۋېتىدۇ - دە، ئېرشاتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىدۇ. تاھىر ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ - دە، مەستنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ.
— ئەگەر ياۋاش بولمىساڭ... — ئۇ تۈگۈلگەن مۇشتۇمىنى مەستنىڭ بۇرنىغا ئىتتىرىدۇ.
مەست ئالاقزادە بولىدۇ. تاھىر ئۇنى قويۇۋېتىدۇ. مەست ئارقا - ئالدىغا قارىماي تىكىۋېتىدۇ. كىشىلەر كۈلۈشىدۇ.

**5**

تانسا زالى. چىراغلار چاقناپ تۇرىدۇ.
ياشلار قىزغىن تانسا ئوينىماقتا. ئەلى بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ يۇلتۇزغا ھەۋەس بىلەن باقىدۇ. يۇلتۇز ئېلېكترونلۇق مۇزىكا چالغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا مىكروفون تۇتۇپ ناخشا ئېيتىدۇ.
ناخشا ئارىلىقلىرىدا ئەلى بىلەن يۇلتۇزنىڭ ئۇچراشقان كۆزلىرى، ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى كۆرۈنىدۇ.

**6**

كۈندۈز، قۇرۇلۇش مەيدانى.
سېمونت لاي هارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان ئىشچىلار، قۇم چۇشۇرۇۋاتقان ئاياللار.
ئېرشات قۇم دۆۋىسىنىڭ بىر چېتىدە قۇم ئويناپ ئولتۇرىدۇ.
رازىيە هارۋىغا خىش باسىدۇ.
مەيداننى ئايلىنىپ يۈرگەن قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى جامال بىلەن قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قادىرلار رازىيەنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. جامال رازىيەگە قاراۋېتىپ:
— قادىراخۇن، ياپياشلا بىر ئايالنى مۇشۇنداق ئېغىر ئىشقا سېلىپ قويغىنىڭ نېمە-سى، — دەيدۇ.
— ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلدى، — دەيدۇ قادىر جاۋابەن.
— نېمىشقا؟
— بۇ ئىشنىڭ ھەققى يۇقىرى.
— ھە، مۇنداق دېگىن. پۇلغا ئېھتىياجى بار ئىكەن - دە. شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ. كۆرمىدىڭمۇ، ئۇنىڭ قوللىرى قاپىرىپ تىتىلىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئۇنى ماشىنىغا يۆتكەپ قوي. پۇلنى ئوخشاش بېرەيلى.
— بولىدۇ ھۆددىگەر.
ئۇلار كېتىپ قالىدۇ.

رازىيە ھەيران بولغىنىچە ئۆلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالىدۇ .

## 7

كۈندۈز ، خەلچىخان چوڭ ئانىنىڭ ئارقا قورۇسىدىكى باغ .

ئېرشات ئەلىنىڭ جازىغا ئېلىنغان ئالتە سۈگلۈق رەسىمنى كۆتۈرۈپ باغدىن چىقىپ كېتىدۇ . رازىيە ئۆزۈم تەكلىرىنى سۇغىرىدۇ . خەلچىخان ئۆزۈملەرگە قاراپ :

— بۇ يىل ئۆزۈم تازىمۇ ئوخشايدىغان بولدى ، — دەيدۇ ۋە بىردىن ھەسرەت بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ، — سەن بولمىغان بولساڭ ، تەكلەر نېمە بولۇپ كېتىدىكىن - تاڭ . ئۆزۈم يالغۇز ئۇنىڭغا قارىغۇچىلىكىم قالمىغانىدى .

— بۇ يىل ئۆزۈمدىن 1000 سوم پۇل تاپىلا چوڭ ئانا .

— تەك مېنىڭ بولغان بىلەن ئەمگەك سېنىڭ قىزىم . يوقنى بار قىلغان ئۆزۈڭ . بۇنىڭ پۇلىنى قانداقمۇ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالاي قىزىم .

رازىيە خەلچىخانغا مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن باقىدۇ .

— بېشىمغا ئېغىر كۈلپەت چۈشكەن شۇ كۈنلەردە ماڭا غەمخورلۇق قىلدىلا چوڭ ئانا ، ئۆي بەردىلە ، مۇشۇ كەمگىچە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى ئالمىدىلا . مۇشۇنىڭ ئۆزى يەتمەمدۇ چوڭ ئانا .

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن قىزىم ، سەن كېلىپ يالغۇزچىلىقتىن قۇتۇلدۇم ، نېنىمنى يېقىپ ، كىرىمنى يۇيۇپ بېرىۋاتىسەن . ئۆزۈمنىڭ قىزىدەكلا كۆيۈنۈۋاتىسەن .

— بۇ گەپلەرنى قويايلى چوڭ ئانا ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ .

— نېمە ئىش ئۇ قىزىم ؟

— ئەگەر سىلى ماقۇل دېسىلە ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا يەنە ئازراق پۇل قوشۇپ ئونچە قوي ئېلىپ باقساقمىكىن ، دەيمەن .

— ئەقلىڭگە باركاللا قىزىم ، قوي دېگەننىڭ يۈڭى تېخى پۇل ، ئۆزى تېخى پۇل ، لېكىن قىزىم ، جاپا تارتىپ كېتەرسەننمىكىن .

— جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق ، چوڭ ئانا .

## 8

تانسا زالى . رەڭگارەڭ چىراغلار دىسكو مۇزىكىسىغا ماس ھالدا ئۆچۈپ - يانماقتا . چالغۇچىلار بېرىلىپ چالماقتا . ئەر ناخشىچى مىكروفون تۇتۇپ ناخشا ئېيتماقتا . ياشلار دىسكو ئوينىماقتا . ئەلى بىلەن يۇلتۇز بىر - بىرىگە قارىشىپ ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش نامايان بولىدۇ .

— مەن ئۇسسىدىم ، — دەيدۇ يۇلتۇز بىر چاغدا .

— پىۋا ئىچەيلى ، — دەيدۇ ئەلى .

## 9

قەھۋەخانا ، لەرزان مۇزىكا چېلىنىپ تۇرىدۇ .

ئەلى بىلەن يۇلتۇز كىرىپ كېلىدۇ. بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا بېرىپ قارىمۇقارشى ئولتۇرىدۇ.
— ئىككى قۇتا پىۋا بېرىڭ، — دەيدۇ ئەلى كۈتكۈچىگە.
كۈتكۈچى ئىككى قۇتا پىۋا بىلەن ئىككى چوڭ رومكىنى پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. پىۋىنى ئېچىپ ئۇلارغا قۇيۇپ بېرىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەلى بىلەن يۇلتۇز ئىچىدۇ. ئەلى رومكا ئاستىدىن يۇلتۇزغا قارايدۇ. يۇلتۇزنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭغا چۈشىدۇ. ئۇلار رومكىنى قويىدۇ. ئەلى يۇلتۇزدىن كۆزىنى ئۈزمەيدۇ.
— نېمىشقا بۇنداق قاراۋېرىسىز؟ — دەيدۇ يۇلتۇز تارتىنىش بىلەن.
ئەلى جاۋاب بېرىش ئورنىغا يۇلتۇزنىڭ ئۈستەل ئۈستىدىكى قولىنى ئاستا تۇتىدۇ. ئېكراندا ئىككى قولنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن يۇلتۇزنىڭ يەنە بىر قولى كۆرۈنىدۇ.

## 10

كۈندۈز، قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى قۇرۇلۇشقا خىش، سېمونت چىقىرىش ماشىنىسىنى باشقۇرىدىغان كىچىك ئۆي.
رازىيە ماشىنا باشقۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئىشىك تۇۋىدە ھۆددىگەر جامال پەيدا بولىدۇ.
— بۇ ئىشقا ئۆگىنىپ قالدىڭىزمۇ؟
— سىزگە رەھمەت جامالكا، ئۆگىنىپ قالدىم.
— ئاڭلىسام سىز 10 - سىنىپنى پۈتتۈرگەن ئىكەنسىز، سىزگە بۇ ئىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. مەن سىزنى ئۆزۈمگە كاتىپ قىلىۋالايمىكىن، دەيمەن.
رازىيە سەل تۇرۇپ قېلىپ جاۋاب بېرىدۇ.
— بۇ ياخشىلىقىڭىز يېتىدۇ جامالكا. مەندە كاتىپ بولغۇدەك قابىلىيەتمۇ يوق.
— بار - يوقلۇقىنى بىلىدىغان ئادەممەن. مېنىڭچە مەن دېگەندەك بولسۇن.
— مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن جامالكا، — دەيدۇ رازىيە قەتئىيرەك قىلىپ.
توساتتىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلىدۇ.
— بۇ كىمنىڭ بالىسى، خىش بېسىۋالدى.
رازىيە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. يۈگۈرۈپ ئادەم توپلانغان جايغا بارىدۇ. ئېرشات پېشانىسىدىن ۋە قولىدىن قان سىرغىپ ئاققان ھالەتتە ياتىدۇ. بىر ئىشچى خىشلارنى يۆتكىمەكتە.
رازىيە:
— جېنىم بالام، مەن قانداق قىلاي، — دېگىنىچە ئېرشاتقا ئۆزىنى ئاتىدۇ.
— دوختۇرغا ئاپىرايلى، چاپسان دوختۇرغا ئاپىرايلى، — دېگەن جىددىي خىتاب ئاڭلىنىدۇ. رازىيە يىغلىغىنىچە ئېرشاتنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرەيدۇ. كەينىدىن ئىككى ئىشچىمۇ بىللە يۈگۈرەيدۇ.
جامال توپنىڭ ئىچىدە كۆرۈنىدۇ. ئۇ دەسلەپتە سەل جىددىي تۇس ئالىدۇ، كېيىن مەنىلىك كۈلۈمسىرەيدۇ.

## 11

كۈندۈز ، باغچا كۆلى .

ئەلى بىلەن يۈلتۈز قولۋاقتا . ئەلى پالاق ئۇرىدۇ ، يۈلتۈز سۇرەتكە تارتىدۇ . يۈلتۈز پالاق ئۇرىدۇ ، ئەلى سۇرەتكە تارتىدۇ .

## 12

دوختۇرخانا .

ئېرشاتقا ئاسما ئوكۇل قويۇلغان . ئېرشات باش - يۈزى تېڭىلغان هالدا كۆزىنى ئاچماي ياتىدۇ . چۆرىسىدە رازىيە ، خەلچىخان ، تاھىرلار تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدۇ .

## 13

ئەتىگەن . سىنىپ .

مۇئەللىم كىرىپ كېلىدۇ ، ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇرىدۇ ، ئوقۇتقۇچى مۇنبەرگە چىقىپ :

— ئولتۇرۇڭلار ، — دەيدۇ . ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرىدۇ .

مۇئەللىم لېكسىيە دەپتىرىنى ئاچىدۇ - دە :

— هازىر دەرسىمىزنى باشلايمىز ، — دەيدۇ . ئىشىك چېكىلىدۇ .

— كىرىڭ ، — دەيدۇ مۇئەللىم .

ئەلى كىرىپ كېلىدۇ .

— سىز يەنە كېچىكتىڭىز ئەلى . قارىغاندا ئورنىڭىزدىن هازىرلا تۇرغاندەك كۆرۈنىسىز . بۇ ياخشى ئەمەس ، دىققەت قىلىڭ ، ئولتۇرۇڭ .

ئەلى بېرىپ ئورنىغا ئولتۇرىدۇ .

— ساۋاقداشلار ، بىز بۈگۈن ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ھەققىدىكى ئىككىنچى لېكسىيىمىزنى باشلايمىز .

## 14

كۈندۈز ، دوختۇرخانا ياتىقى .

ئېرشات ئۆرە ئولتۇرىدۇ . رازىيە ئېرشاتقا قوشۇق بىلەن تاماق يېگۈزىدۇ . سىرتتىن سېسترا كىرىپ كېلىدۇ . رازىيە ئورنىدىن تۇرىدۇ .

— ئولتۇرۇۋېرىڭ ، — دەيدۇ سېسترا مۇلايىملىق بىلەن . ئۇ گرادۇسنى چىقىرىپ ئېرشاتنىڭ قولتۇقىغا تىقىپ قويىدۇ ، — ھەرنېمە بولسا بالىڭىز تېز ياخشى بولۇپ كەتتى .

— سىلەرگە رەھمەت ، ياخشى داۋالىدىڭلار .

سېسترا كۈلۈپ سۆزلەيدۇ :

— دوختۇر ئەتە چىقىپ كەتسە بولىدۇ ، دەيدۇ .

رازيەنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئېتىدۇ . سىستىرا :
— بالىنىڭ تامىقىنى يېگوزۇۋېرىڭ ، — دەيدۇ - دە ، چىقىپ كېتىدۇ .
رازيە تاماقتا قوشۇق سالىدۇ . ئەمما ، چىرايىدىكى خۇشاللىق غەمكىنلىككە ئۆزگىرىدۇ .

## 15

كوندۇز ، كوچا .
كوچىدا كېتىۋاتقان رازيە كۆرۈنىدۇ .
كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە تاھىر ھارۋىسىنى توختىتىدۇ . كىرا قىلغانلار ھارۋىدىن چۈشۈپ تاھىرغا پۇل بېرىدۇ . تاھىرنىڭ كۆزى رازيەگە چۈشىدۇ .
رازيە بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋىۋىسكىغا قارايدۇ . ۋىۋىسكىدىكى «زەرگەر دۇكىنى» دېگەن خەت كۆرۈنىدۇ ، رازيە كىرىپ كېتىدۇ . . .

## 16

زەرگەر دۇكىنىنىڭ ئىچى .
رازيە ياغلىققا ئورالغان بىر جۈپ ھالقىنى ئېلىپ زەرگەرگە سۇنىدۇ . زەرگەر ھالقىنى ئېلىپ ئۆرۈپ- چۆرۈپ قارايدۇ . ئاندىن :
— نەچچىگە ساتىسىز ؟ — دەيدۇ .
— ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ ، تالىشىپ ئولتۇرمايمەن .
— قارىغاندا خىجالەتچىلىك تارتىپ ئەكەلگەندەك قىلىسىز ، 150 سوم بەرسەم ، سىز زىيان تارتمايسىز .
— مەيلى .
زەرگەر ھالقىنى قويۇپ پۇل ئالىدۇ ۋە سانايدۇ . ئۇستىگە تاھىر كىرىپ كېلىدۇ . رازيە چۆچۈپ كېتىدۇ .
— سىز . . .
تاھىر ئەھۋالنى چۈشىنىپ :
— بۇنى ساتمىسىڭىزمۇ دوختۇرغا تۆلىگۈدەك پۇل مەندە بار ئىدىغۇ ، — دەيدۇ - دە ، زەرگەرنىڭ ئالدىدىكى ھالقىنى ئېلىپ رازيەگە بېرىدۇ . ئاندىن يېنىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ رازيەگە سۇنىدۇ . زەرگەر پۇلنى تۇتۇپ قالىدۇ .
رازيە بىر ھالقىغا ، بىر پۇلغا قارايدۇ ، ئاندىن :
— سىزگە رەھمەت تاھىر ، بۇ ھالقىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق ، — دەيدۇ - دە ، ھالقىنى زەرگەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ .
زەرگەر خۇشال ھالدا پۇلنى رازيەگە بېرىدۇ . رازيە چىقىپ كېتىدۇ .
تاھىر ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن بېشىنى چايقايدۇ . زەرگەر ھالقىنى قولىغا ئېلىپ قارىۋېتىپ تاھىرغا :
— سىزنىڭ ئۇ قىزغا كۆڭلىڭىز چۈشۈپ قاپتىكەن - دە ؟ — دەيدۇ .
تاھىر ئاچچىق بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ زەرگەرگە قارايدۇ :
— نېمە دەپ ئالجىۋاتىسىز ؟

تاھىر قولىدىكى پۇلنى زەرگەرنىڭ ئۈستىلىگە جاققىدە قويىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ قولىدىكى ھالقىنى تارتىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ . زەرگەر قولىنى سۇنغىنىچە تۇرۇپلا قالىدۇ .

## 17

كۇندۇز ، دوختۇرخانىنىڭ پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ئورنى .

رازىيە پۇلنى تەڭلەپ :

— پۇلنى ئېلىپ كەلدىم ، — دەيدۇ .

ھېساباتچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايدۇ ـ دە :

— سىزمىدىڭىز ، كېچىكىپ قاپسىز ، بايا بىرى كېلىپ پۇلنى تاپشۇرۇۋەتتى ، — دەيدۇ .

رازىيە چۆچۈپ سورايدۇ .

— كىم ئۇ ؟

— جامال ئىسىملىك بىر كىشى .

رازىيەنىڭ چىرايىدا ئاللىقانداقتۇر بىر جىددىيلىك ئەكس ئېتىدۇ .

. . . . . .

## 22

قەھۋەخانا ، ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇرۇشقان قىزلار ۋە ئەرلەر .

بىر چەتتە ئولتۇرغان يۇلتۇز تەقەززالىق بىلەن بىردەم ـ بىردەم ئىشىككە قارايدۇ ، سائىتىگە قارايدۇ . ئۇنىڭ يېنىدىن بىر ياش ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارايدۇ . ئۇ پوكەيگە بېرىپ ئىككى قۇتا پىۋا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يۇلتۇزغا يەنە قارايدۇ ، ئارقىدىنلا كەينىگە تېزلا ئۆرۈلىدۇ ـ دە :

— كەچۈرسىز ، — دەپلا يۇلتۇزنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرىدۇ . يۇلتۇز پەرۋا قىلماي ئىشىككە قارايدۇ . ھېلىقى ياش پىۋىنىڭ كىچىككىنە ئاغزىنى تارس قىلىپ ئاچىدۇ ـ دە ، يۇلتۇزنىڭ ئالدىغا قويىدۇ .

— مەرھەمەت قىلىڭ .

يۇلتۇز نارازىلىق بىلەن پىۋىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ .

— بۇ . . . بۇ . . . — دەيدۇ ھېلىقى ياش .

نېرىدىن ئېگىز بوي ، گەۋدىلىك ، تاقىر باش بىرى كېلىپ ھېلىقى ياشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ . ھېلىقى ياش ئۇنىڭغا شۇنداقلا قارىۋېتىپ ھولۇقۇپ يالغان ھىجىيىدۇ ۋە پىۋىلىرىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ نېرى كېتىدۇ . تاقىر باش ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ . يۇلتۇز ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مېڭىشىغا تاقىر باش قولى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى تورىۋالىدۇ .

— ئەمدى خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭ ، — دەيدۇ ئۇ .

دەل شۇ پەيتتە ، ئەلى كىرىپ كېلىدۇ ـ دە ، ئەھۋالنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ بارىدۇ .

— سەن نېمە قىلماقچى ، ۋۇ لۈكچەك ، — دەيدۇ ئەلى مۇشتۇمىنى تۈگۈپ . تاقىر باش قولىنى تارتىۋالىدۇ ، ئەمما ئەلىگە قاراپمۇ قويمايدۇ .

— شۇنچىۋالامۇ كېچىكەمسىز ؟ — دەيدۇ يۇلتۇز زەردە بىلەن .
— مېنىڭ سىزنىڭ نومۇسىڭىزنى قوغداش مەجبۇرىيىتىم بار ، — دەيدۇ ئەلى ئەسەبىيلەشكەن هالدا ۋە شۇئانلا تاقىر باشنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ ، تاقىر باش غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋېتىدۇ . ئەلى سەنتۈرۈلۈپ بارغىنىچە پوكەينىڭ تۇۋىگە چۈشىدۇ . پوكەي ئىتتىرىلىپ بېرىپ ئىچىملىكلەر تىزىلغان تىزگاهقا تېگىدۇ . بوتۇلكىلار تاراڭشىپ كېتىدۇ . هېلىقى ياش بىردىن جانلىنىدۇ :
— قورقما ، قورقما ، ئۇرە ئۇنى ، بوتۇلكا بىلەن ئۇر .
ئەلى چاچراپ ئورنىدىن تۇرىدۇ - دە ، تىزگاهتىكى بوتۇلكىلارنى ئاتىدۇ . بوتۇلكىنىڭ ئىككىسى تامغا تېگىپ پارچىلىنىدۇ - دە ، هاراقلار چاچرايدۇ . ئەتراپتىكىلەر قىيا - چىيا قىلىشىدۇ . قەهۋەخانا خوجايىنى ۋە كۆتكۆچى قىز بىر چەتتە قاراپ تۇرىدۇ . يۇلتۇز :
— ئۇرۇشماڭلار ، بولدى قىلىڭلار ، — دەپ توۋلايدۇ . هېلىقى ياش :
— ئۇر ، مېڭىسىگە سال ، — دەپ توۋلايدۇ . ئەلى ئاتقان ئاخىرقى بىر بوتۇلكا تاقىر باشنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ پارچىلىنىدۇ . ئۇنىڭ پېشانىسىدىن قان چىقىدۇ . تاقىر باش قاننى تۇتۇپ كۆرۈپ ئۇن - تىن سۇرمەي چىقىپ كېتىدۇ .
— يارايسەن ئاغىنە ، — دەيدۇ هېلىقى ياش خۇشال بولۇپ ، — ياخشى قىلدىڭ ، ئۇ مېنى دائىم بوزەك قىلىدۇ .
دۇكان خوجايىنى بوش خىتاب قىلىدۇ :
— ئۇرۇشۇپ بولدۇڭلارمۇ ؟
ئۇلار خوجايىنغا قارىشىدۇ .
— ساقچىغا تېلېفون بېرىمىزمۇ ياكى هەق تۆلىۋېتەمسىلەر ؟
ئەلى يالت قىلىپ يۇلتۇزغا قارايدۇ - دە :
— تۆلەيمەن ، — دەيدۇ .
خوجايىن كۆتكۆچى قىزغا قارايدۇ . كۆتكۆچى قىز :
— ئىككى بوتۇلكا ناپولېئون ماركىلىق هاراق 150 سومدىن 300 سوم . ئىككى بوتۇلكا ۋىسكى 10 سومدىن 20 سوم ، جەمئىي 320 سوم .
ئەلىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ ، يۇلتۇزمۇ ئوڭايسىزلىنىدۇ .
— هە ، پۇلۇڭ يوقمىدى ئاغىنە ، — هېلىقى ياش ، — هېچقىسى يوق ، مەندە بار ، پۇل تاپقاندا قايتۇرۇۋېتەرسەن .
ئۇ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كۆتكۆچى قىزغا بېرىدۇ ۋە ئەلىگە :
— چوڭ گەپ يوق ، بىز تونۇشۇپ قويايلى ، مېنىڭ ئىسمىم ئەكبەر ، — دەيدۇ .
— رەهمەت ساڭا بۇرادەر ، — دەيدۇ ئەلى .
ئىككىسى قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ . يۇلتۇز بىلەن ئەلى چىقىپ كېتىدۇ .

## 23

كۈندۈز ، خەلچىخانىنىڭ كەينى قورۇسىنىڭ بىر چېتى چىتلانغان بولۇپ ، رازىيە ئون نەچچە قويغا يەم بېرىۋاتقان هالەتتە كۆرۈنىدۇ .
توساتتىن ماشىنىنىڭ «دۈت - دۈت» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ . رازىيە سېۋەتتىكى

يەمنى تۆكۈپلا ئالدىراپ ماڭىدۇ .

## 24

خەلچىخاننىڭ قورۇسى ئالدى . بىر يۈك ئاپتوموبىلى توختىتىلغان ، ئىچىدىن تاھىر چۈشىدۇ . قورۇدىن رازىيە ، خەلچىخان ۋە ئىرشاتلار چىقىدۇ .

ــ ۋۇي ، مۇبارەك بولسۇن بالام ، ــ دەيدۇ خەلچىخان خۇشال ھالدا ، ــ ئالتە چاقنى ئاخىر ئېلىپسەن ـ دە ؟

ــ شۇنداق بولدى ، بۇ ئىشەك ھارۋىسىنىڭ خاسىيتى دېسىلە چوڭ ئانا ، ــ دەيدۇ تاھىر .

ئىرشات قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا ماشىنىنى تۇتۇپ :

ــ دۇ ـ دۇ ـ دۇت ، دۇ ـ دۇ ـ دۇت ، ــ دەيدۇ .

ــ دۇ ـ دۇ ـ دۇتنى ھەيدەمسەن ؟ ــ دەيدۇ تاھىر .

ــ ھەيدەيمەن ، ھەيدەيمەن .

تاھىر ئىرشاتنى كۆتۈرۈپ كابىنكىغا سېلىپ قويىدۇ . ئىرشات رولىنى ئۇياق ـ بۇياق قىلىپ :

ــ ۋۇ ـ ۋۇ ، دۇ ـ دۇ ـ دۇت ، ــ دەپ ئوينايدۇ .

ئۇچەيلەن قورۇغا كىرىدۇ ، تاھىر باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ .

ــ ھارۋىڭىزنى قانداق قىلدىڭىز ؟ ــ دەپ سورايدۇ رازىيە .

ــ بىكار قالدى .

ــ ئۇنى ئەمدى سېتىۋەت ئوغلۇم ، ــ دەيدۇ تاھىرغا خەلچىخان ئوچاق بېشىدا چاي تەييارلاۋېتىپ .

ــ بىز سېتىۋالايلى چوڭ ئانا ، ــ دەيدۇ رازىيە .

ــ نېمە دەۋاتىسەن قىزىم ، بىزگە نېمە كېرىكى بار ئۇنىڭ .

ــ سىلىمۇ گازىر سېتىشنى قويسىلا چوڭ ئانا ، ياشىنىپ قالدىلا ، ئۆيدە ئىرشات بىلەن ئولتۇرسىلا ، مەن كىراكەشلىك قىلاي .

ــ نېمە دەۋاتىسىز رازىيە ، ــ دەيدۇ تاھىر ھەيران بولۇپ ، ــ سىز بىر ئايال كىشىغۇ ؟ !

ــ ئايال بولسا نېمە بوپتۇ .

ــ قىزىم ، بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئەلمىساقتىن تارتىپ ئايال كىراكەش بولمىغان .

ــ بولمىغان بولسا ئەمدى بولسۇن .

خەلچىخان چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ . تاھىر ئىچىنىش بىلەن بېشىنى سىلىپ يېنىك چايقايدۇ .

## 25

كۈندۈز ، سىنىپ .

ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارىي مۇزاكىرە قىلماقتا .

ئەلى كىتابىنى ئېچىپ تىكلەپ قويۇپ بىر خىلدا ئۇخلايدۇ . سىرتتىن بىر ئوقۇغۇچى

كىرىپ كېلىدۇ .

— ئەلى ، سىزنى مۇدىر چاقىرىۋاتىدۇ ، — دەيدۇ ئۇ .

ئەلى ئاڭلىماي ئۇخلاۋېرىدۇ . ئوقۇغۇچىلار پاراققىدە كۈلۈشىدۇ . ئەلى چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپىغا جىددىي قارىۋېتىدۇ ، كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ .

— ئەلى مۇدىرنىڭ سىزگە سۆزى باركەن ، — دەيدۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچى .

ئەلىنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كېتىدۇ - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ .

## 26

مۇدىر ئىشخانىسى .

ئەلى ئورۇندۇقتا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىدۇ . مۇدىر سۆزلەيدۇ .

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىزگە پىكرى كۆپ يولداش ئەلى ، قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك . بىر ئادەمنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى دېمىسەممۇ بىلىسىز . يىللىق ئىمتىھاندا بىر پەندىن ئۆتەلمىدىڭىز . ئۇنى ئاز دەپ ھەپتىدە 3 - 4 قېتىم كەچلىك مۇزاكىرىگە قاتناشمايدىكەنسىز ، ياتاققا كەچ قايتىپ كېلىدىكەنسىز ، بۇ ئاڭلىق بىر ئوقۇغۇچى قىلىدىغان ئىش ئەمەس . بۇنداق كېتىۋەرسە كېيىن ياخشى بولمايدۇ . . . سىزنىڭ دەيدىغان گېپىڭىز بارمۇ ؟

ئەلى زۇۋان سۈرمەيدۇ .

— گېپىڭىز بولمىسا ، چىقىپ ئوبدانراق ئويلىنىڭ .

ئەلى چىقىپ كېتىدۇ .

## 27

كۈندۈز ، كوچا .

ھارۋىدا ئولتۇرغان يولۇچىلار . رازىيە ھارۋا ھەيدىمەكتە . ھارۋا بىر دوقمۇشقا كېلىپ توختايدۇ ، يولۇچىلار چۈشىدۇ . رازىيەگە پۇل بېرىدۇ .

نېرىدا تاھىرنىڭ ماشىنىسى . تاھىر كابىنكىدىن چۈشۈپ رازىيەنىڭ قېشىغا كېلىدۇ .

— ياخشىمۇسىز رازىيە ؟

— ياخشىمۇسىز تاھىر ؟

— بىر يىل بولاي دېدى ، ھېچ ھاردىم - تالدىم دېمەيسىزغۇ ؟

— بۇ ئىش كىشىنى ھارغۇزمايدىكەن .

— بىزنىڭ يۇرتنىڭ قىشى ئاز ، كىراكەشلىك ئاقىدىغان ئىش .

— شۇنداقكەن ، مەن ئويلاۋاتىمەن ، بۇلتۇرقى 12 قوينىڭ يۇڭى 600 سومدىن كۆپرەك پۇل بوپتۇ . ئۇلارنىڭ ئۇنى تۆللەپ قوي چوڭ - كىچىك 22 بولدى . توخۇلارمۇ قورۇنى بىر ئالدى . بۇ يىل ئۇزۇمدىنمۇ 1000 سومدىن ئوشۇق كىرىم كىرىدۇ . قوي - توخۇلارنى ساتسام ، كىراكەشلىكتىن تاپقان پۇللار بىلەن ئالتە مىڭ سومغا يېتىپ قالىدىكەن . بۇنىڭغا كونا بولسىمۇ بىر كىرا ماشىنىسى ئالايمىكىن دەيمەن ، بۇ پۇل يېتەرمۇ ؟

— مەن سىزنىڭ ھارۋىنى ئالغان چېغىڭىزدىلا ئاخىر شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى

بىلگەن ، سىز ئويلىغىنىڭىزنى قىلىدىغان ئادەم . بۇ ياخشى گەپ ، بىرنەچچە يىل ھەيدەلگەن بولكىۋايلارنى ئۈرۈمچىدە ئالتە- يەتتە مىڭ سوملارغا ئالغىلى بولىدۇ . يەتمىگەن يېرىگە مەن قوشۇپ قوياي ، قانداق بولامدۇ ؟

— مەن ياردىمىڭىزنى قايتۇرىمەن .

ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشىدۇ .

ھارۋىغا يولۇچىلار چىقىدۇ . رازىيە ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭىدۇ ، تاھىر كەينىدىن قاراپ قالىدۇ .

## 28

قىمار ئوينىلىۋاتقان ئۆي .

ئەكبەر بىلەن ئەلى كىرىپ كېلىدۇ . ئەلى قىمار ئويناۋاتقانلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ .

— سەن مېنى نەگە باشلاپ كەلدىڭ ، — دەيدۇ ئەلى ئاچچىقلىنىپ .

— قىزىقسەندە ئاداش ، 320 سومغا بىر يىل بولدى ، تېخىچە بېرەلمىدىڭ . سېنى قەرزدىن قۇتۇلسۇن ، دەپ ئېلىپ كەلدىم . . .

— مەن بۇنداق ئويۇننى ئويناپ باقمىغان .

— ئويناپ باقمىغان ئادەمنىڭ تەلىيى بەك كېلىدۇ ، كېلە ، كېلە ، مانا ماۋۇ 500 سوم ، — ئەكبەر يېنىدىن بىرمۇنچە پۇل چىقىرىدۇ ۋە ئەلىنى تارتىپ تاۋكاغا ئەكېلىدۇ ، — نېرى تۇرۇڭلار ئاغىنىلەر ، نېرى تۇرۇڭلار ، بىزگە ئورۇن بېرىڭلار .

قىمارۋازلار بىر چەتنى بوشىتىدۇ . ئۇلار تىقىلىدۇ .

— قولۇڭغا ئال بۇ پۇلنى ، تىكە ، — دەيدۇ ئەكبەر .

ئەلى پۇلنى قورقۇمسىراپ ئالىدۇ ۋە پۇلنىڭ يېرىمىنى بىر چەتكە تىكىدۇ .

— دەتتىكام ، — دەپ ئاتىدۇ بىرى ، ئوشۇقنىڭ ئۇچى چىك چۈشىدۇ ، بىرى تىك تۇرىدۇ .

— ئوھوي ، ئۇتتۇڭ مانا ، ئەسلى پۇلنىڭ ھەممىسىنى تىكسە بولاتتى ، ئەكېلىڭلار ئاغىنىلەر ، ئەكېلىڭلار ، — ئەكبەر باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى پۇلنى يىغىپ ئەلىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىدۇ . ئەلى بىردىن ھاياجانلىنىدۇ ۋە پۇلنىڭ ھەممىسىنى قويىدۇ - دە ، ئوشۇقنى ئېلىپ ئاتىدۇ .

— ھەييى ، — دەيدۇ ئەكبەر ، — ئۇتتۇرۇۋەتتىڭ .

پۇل باشقا بىر قىمارۋازنىڭ ئالدىغا كېتىدۇ . ئەلىنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كېتىدۇ .

ئەكبەر يېنىنى ئاختۇرىدۇ - دە ، پۇل چىقىرىپ سانايدۇ .

— مانا 180 سوم باركەن ، تەلىيىڭنى يەنە بىر سىنا .

ئەلى بۇ قېتىم پۇلنى قورۇنمايلا ئالىدۇ - دە ، جاققىدە قويىدۇ .

— دەتتىكام ، — دەيدۇ يەنە بىر قىمارۋاز . ئوشۇقنىڭ تۆتىلىسى تىك تۇرىدۇ .

— ئاپلا ، — دەيدۇ ئەكبەر ، بۇمۇ كەتتى .

ئەلى تۇرۇپلا قالىدۇ .

— تازىمۇ تەلەيسىز نېمىكەنسەن ، ئىسىت .

ئەلى مىختەك تۇرىدۇ .

— نېمىگە تۇرسەن، پۇل قالمىدى، ماڭە.
ئەكبەر ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 29

كۇندۇز، سودا بازىرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى.
دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىگە تۆۋەندىكى ئېلان چاپلانغان.
«كۆرۈشكە ئالدىراڭلار، ئۇرۇمچى ئىشتىن سىرتقى ياشلار سەنئەت ئۆمىكى بوستان كىنو - تىياتىرىدا زامانىۋى ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى كۆرسىتىدۇ. ۋاقتى: 22 -، 23 -، 24 - چېسلا كەچ سائەت 7 دە».
ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئوقۇيدۇ.

## 30

سودا بازىرىنىڭ ئىچى، كىشىلەر مال ئېلىشماقتا، مال كۆرۈشمەكتە، بازار ئايلىنىپ كۆرۈشۈۋاتقان بىرنەچچە ئارتىس ئىچىدىن يۇلتۇز كۆرۈنىدۇ.

## 31

بازار ئالدىدىكى يول، يول بويىدا بىر بولكىۋاي توختىتىلغان.
يۇلتۇز قاتارلىق ئارتىسلار بازاردىن چىقىپ بولكىۋاي تۇرغان يەرگە كېلىدۇ.
— بۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ئۇياقتىكى بازارغا بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى، — دەيدۇ يۇلتۇز باشقىلارغا.
— شوپۇرى يوقكەن، — دەيدۇ بىرى.
يۇلتۇز كابىنكىغا قارايدۇ. كابىنكىدا ئېرشات ئەلىنىڭ رەسىمىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ئولتۇ-رىدۇ.
— شوپۇر قېنى ئۇكام، — دەيدۇ يۇلتۇز.
— ئاپام ماڭا ئالما ئالغىلى كەتتى، — دەيدۇ ئېرشات.
— ئاپىڭىز شوپۇركەن - دە، — دەيدۇ يۇلتۇز ۋە بىردىن ئېرشاتنىڭ قولىدىكى رەسىمگە كۆزى چۈشىدۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ رەسىمنى ئالىدۇ - دە، قارىۋېتىپ:
— ۋۇي، بۇ ئەلىنىڭ رەسىمغۇ، — دەيدۇ.
— ھە، شۇ، سىز تونۇمسىز ئاچا؟ — دەيدۇ ئېرشات.
— ھە، تونۇيمەن ئۇكام.
— ئەنە ئاپام كەلدى، — دەيدۇ ئېرشات قولى بىلەن كۆرسىتىپ.
يۇلتۇز قارايدۇ. رازىيە قولىدا بىر بولاق نەرسە كۆتۈرگەن ھالدا خۇشال يېتىپ كېلىدۇ.
يۇلتۇز خۇشال ھالدا:
— سىز ئەلىگە تۇغقان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورايدۇ.
رازىيە تۇرۇپ قېلىپ:

— سىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەنمۇ؟ — دەيدۇ.
— ھە، مەن ئۈرۈمچىدىن كەلدىم.
رازىيە ئەنسىرىگەن ھالدا ئالدىراپلا:
— ھە، توغرا، بىز ئەلىنىڭ تۇغقىنى، — دەيدۇ.
— بۇ ياخشى گەپ بولدى، بارغاندا كۆرۈشكەنلىكىمنى ئېيتىمەن.
رازىيە ھەيران بولۇپ سورايدۇ.
— سىز كىم بولىسىز؟
— مەن... يۇلتۇز كۆلۈپ تۇرۇپ تۆۋەن قارىۋالىدۇ. ئارتىسلارنىڭ بىرى:
— بۇ ئەلىنىڭ سۆيگىنى، — دەيدۇ.
— ھە؟ — رازىيەنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، بېشى قىيىپ بولغۇچىنىڭ چاقى تۆۋەنگە سىيرىلىپ يىقىلىدۇ.
— سىزگە نېمە بولدى، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەيدۇ يۇلتۇز. قىزلار چۆرقىرىشىپ رازىيەنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئېرشات كابىنكىدا:
— ئاپا، ئاپا! — دەپ تاقەتسىزلىنىدۇ.
رازىيەنىڭ قولىدىكى بولاق يېشىلىپ ئىچىدىن ئىككى ئالما دومىلاپ چۈشىدۇ. بىرى تاش تۆۋەدە توختايدۇ، بىرى ئېرىقتىكى سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كېتىدۇ.

## 32

كېچە. قارا بۇلۇتلار قۇترىغان دالا ئاسمىنى.
رازىيە ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ.

بۇلۇت يايرايدۇ ئاسماندا،
ئۆچەرمۇ يۇلتۇزۇم ئەمدى؛
قېنى پاتماس قۇياش نەدە،
كېچەدۇر كۈندۈزۈم ئەمدى؛

قېنى دەريا، قېنى شەبنەم،
چېچەكلەرمۇ يېگانە گۈل؛
نە بولغاي تەقدىرى ئاخىر،
كۈلەرمۇ شۇ يېگانە گۈل.

## 33

كەچقۇرۇن، باغچىدىكى كۆل بويى.
يۇلتۇز دەرەخقە بېشىنى قويۇپ بوش يىغلايدۇ.
— مەن سىزگە قەسەم بېرەي، سىز ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەڭ، ئىشقىلىپ...
ھەيىي... يۇلتۇز سىز مېنى توغرا چۈشىنىڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن...
يۇلتۇز شىددەت بىلەن كەينىگە ئۆرۈلىدۇ.

— بولدى سۆزلىمەك ، مەن سىزنىڭ قانداق ئادەملىكىڭىزنى بىلدىم . شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم ماڭا ۋاپا قىلالامتىڭىزمۇ ؟ شۇ تاپتا سىزنى بىر كاچات ئۇراي دېگەنتىم ، لېكىن سىزنى مەن ئەمەس خۇدا ئۇرسۇن .

يۇلتۇز يۇگۇرگىنىچە كېتىپ قالىدۇ ، ئەلى :

— يۇلتۇز ، يۇلتۇز ، — دېگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن بىردەم چاپىدۇ ۋە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا چېچىنى چاڭگاللاپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ .

## 34

كۇندۇز ، مۇدىر ئىشخانىسى .

ئەلى ئىشىك تۈۋىدە بېشىنى سالغىنىچە ئۆرە تۇرىدۇ ، مۇدىر ئۆرە تۇرۇپ چېچىلغان ھالدا قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلەيدۇ .

— بۇ قېتىم يەنە ئىككى پەندىن قالدىڭىز ، ئۇنى ئاز دەپ مەكتەپكە ھاراق ئىچىپ مەست كېلىپسىز ، قەھۋەخانىلاردا ، كوچا - كويلاردا خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن يۈرۈپسىز ، سىزنىڭ نەرىڭىز ئوقۇغۇچى . بىز بۇنداق ئادەملەرنى مەكتەپتە ئوقۇتالمايمىز ، مەكتەپ تەشكىلى سىزنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈشنى قارار قىلدى ، چىقىپ رەسمىيىتىڭىزنى ئۆتەڭ .

ئەلى بىردىنلا يىغلامسىراپ يېلىنىدۇ .

— مۇدىر ئۇنداق قىلمىسىڭىز ، مەن بۇنىڭدىن دىققەت قىلىمەن .

— قۇرۇق گېپىڭىزنى قويۇڭ . ئۇنداق ۋەدىنامىلەردىن بىر ئەمەس ئىككىنى يېزىپ بولدىڭىز .

ئەلى لاسىدە بولۇپ سالپىيىپ چىقىپ كېتىدۇ .

## مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە

1 . ئەسەر قەھرىمانى رازىيە بىلەن ئەلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مۇھىتتىكى ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى بىرلا ۋاقىتتا تېلېۋىزور ئېكرانىدا سېلىشتۇرما قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ . بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە قانداق رولى بار ؟

2 . رازىيە قانداق ئوبراز ؟ ئەلىچۇ ؟ ئەلى نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ كەتتى ؟

3 . بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا جەمئىيەتتىكى قانداق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى يورۇتۇپ بېرىلگەن ؟ سىلەر ئۇلاردىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭلار ؟

4 . بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا نېمە ئۈچۈن «تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل» دەپ ئىسىم قويۇلغان ؟ ئۇنىڭ ئەسەر مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن قانداق باغلىنىشى بار ؟

5 . بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن ئېلىنغان پارچىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە ؟ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى كىچىك دېتاللارنىڭ ئەسەر مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە قانداق رولى بار ؟

6 . بۇ تېكىستنى تېلېۋىزىيە تىياتىرى توغرىسىدىكى ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئەدەبىي بىلىمگە بىرلەشتۈرۈپ ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە

قىلىڭلار .

7 . ياشلار قانداق غايىگە ئىگە بولۇشى ۋە قانداق ئۆگىنىشى كېرەك ؟ بۇ پارچىدىن ئالغان تەسىراتىڭلارغا بىرلەشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

8 . ئىمكانىيەت يار بەرسە ، «تاش ئۇستىدە ئېچىلغان گۇل » ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرۈپ ، تېكىست توغرىسىدىكى چۈشەنچەڭلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇڭلار .

## باسقۇچ كۈنۈكمىسى ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

1 . مۇشۇ باسقۇچتا ئۆگەنگەن ئاساس بىلىمگە تايىنىپ ، سىنىپ بويىچە كىنو سەنئىتى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە بىر قېتىملىق سېنارىيە ئۇيۇشتۇرۇڭلار . بۇ سېنارىيە ئۇچۇن ھەربىرىڭلار تۆۋەندىكى تېمىلار ئاساسىدا تېزىس تەييارلاپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

1 ) سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە كىنو فىلىمى ئىشلەشتە ھەممىدىن مۇھىم ئامىل نېمە ؟ نېمە ئۇچۇن ؟

2 ) سىلەر ھەممىدىن قايسى تۈردىكى كىنو فىلىمى ياكى تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا قىزىقىسىلەر ؟ بۇ نېمە ئۇچۇن ؟

3 ) سىلەر نۆۋەتتە قانداق مەزمۇندىكى كىنو ياكى تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا ئېھتىياجلىق ؟

4 ) سىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىنو فىلىمى ياكى تېلېۋىزىيە تىياتىرى قايسى ؟ ئۇنىڭدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن ؟

5 ) ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەنگەن (شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن ) فىلىملەر ئىچىدە ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان ئەڭ ياخشى فىلىملەر قايسى ؟ سىلەر ئۇ فىلىمدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭلار ؟

6 ) سىلەر «ئارتىس بولمايدىغان قىز » ناملىق كىنونى كۆرگەنمۇ ؟ ئۇ كىنودا قانداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ؟ قانداق ئوبرازلار يارىتىلغان ؟

7 ) نېمە ئۇچۇن «غەربكە ساياھەت » ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ھەممە كىشى ياقتۇرۇپ كۆرىدۇ ؟ بۇنىڭدىكى سىر قەيەردە ؟

2 . ئەگەر شارائىتىڭلار يار بەرسە يېزىقچىلىق مەشقى ئورنىدا بالىلار تۇرمۇشىغا ئائىت ئەڭ قىزىقارلىق بىر تېمىنى تاللاپ ، بىر قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىپ چىقىڭلار . سەھىپىسى ناھايىتى ئىخچام ، تىلى يۇمۇرلۇق ، ۋەقەلىكى جىددىي بولسۇن ، پېرسوناژلىرى 2 ـ 3 دىن ئاشمىسۇن . شەكلى جەھەتتىن بالىلار قونچاق تىياتىرى بولسىمۇ بولىدۇ .

مەسئۇل مۇھەررىرى :  مەريەم مەمتىمىن
رەنا ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتورى :
ئارزۇگۈل ئابدۇكېرىم

ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى
(سىناق نۇسخىسى)

# ئەدەبىيات

(3 - قىسىم)

تۈزگۈچى : ئابدۇكېرىم راخمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
ئۈرۈمچى دوستلۇق كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى : 889×1194 مىللىمېتىر 1/16  باسما تاۋىقى : 23.25
2002 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1—5,000
ISBN7—228—07516—1/G・2120
باھاسى : 29.50 يۈەن

بۇ كىتابنىڭ بېسىش - تارقىتىش ھوقۇقى بىزدە، ئۈرۈمچى دوستلۇق كى-
تاب تارقىتىش شىركىتى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە سېتىلىدۇ. باشقا ئورۇن ياكى
شەخسلەر بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى بېسىپ تارقاتسا، قانۇني جاۋابكارلىقى
سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

پاش قىلىش تېلېفونى: 0991 — 2873172

ئۈرۈمچى دوستلۇق كىتاب تارقىتىش شىركىتىنىڭ دائىملىق زاكاز قوبۇل
قىلىش تېلېفونى: 0991—2881874, 2862426, 8550134

这批套书专有印刷发行权。乌市友谊图书发行公司批发，零售，其他单位或个人擅自印刷发行这批书,追究法律责任。

举报电话:0991 — 2873172

乌市友谊图书发行公司常年订书电话：

0991 — 2881874，2862426，8550134

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

MORTOM

ISBN 7-228-07516-1

9 787228 075164 >

ISBN7-228-07516-1
G.2120 (民文)定价: 29.50元